ئادىل ئابدۇللا بەئيار



# باتۇر تەڭرىقۇت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

باتۇر تەڭرىقۇت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد
خەتتات : ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى



باتۇر تەڭرىقۇت

ISBN 978-7-228-09821-7
9 787228 098217 >
（民文）定价:33.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئادىل ئابدۇللا بەئيار

# باتۇر تەڭرىقۇت

(رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

冒顿单于：维吾尔文/阿迪力·阿布都拉著.—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.2
ISBN 978—7—228—09821—7

Ⅰ.冒… Ⅱ.阿… Ⅲ.冒顿(？～前174)—生平事迹—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K828.712

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第009733号

| | |
|---|---|
| 著　　者 | 阿迪力·阿布都拉 |
| 责任编辑 | 孜来哈·艾则孜 |
| 责任校对 | 米丽古丽·吾布力卡斯木 |
| 封面设计 | 木拉丁·阿比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆金版印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米　1/32 |
| 印　　张 | 17.25 |
| 版　　次 | 2007年5月第1版 |
| 印　　次 | 2007年5月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—6100册 |
| 定　　价 | 33.00元 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب بۆرە سىياقلىق بالا ........................ 1

ئىككىنچى باب باتۇر ئالىپ ........................ 112

ئۈچىنچى باب ھونلار تەس كۈندە ........................ 183

تۆتىنچى باب بارىمتاي........................ 255

بەشىنچى باب تەقدىر ........................ 346

ئالتىنچى باب سۇباشى ........................ 411

يەتتىنچى باب بۈيۈك مەقسەت يولىدا ........................ 475

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# بىرىنچى باب

# بۆرە سىياقلىق بالا

## 1

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 235 ـ يىلى.

چۆللۈكنىڭ[①] شىمالىدىكى هون ئۆگۈز[②] بويلىرىغا، چۆللۈكتىكى بوستانلىقلار ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى چۇغاي، بۆرە، قۇلان تاغلىرى[③] ئېتەكلىرىگە، ئۆگۈز ئەگمىسى ۋادىسى[④] ۋە ئوردۇس يايلاقلىرىغا[⑤]، چۇغاي تاغلىرىنىڭ شەرقىدىن نۇرۇلغۇ تېغى[⑥] ئېتەك-

① چۆللۈك — گوبى، چوڭ چۆللۈك. ئۇ شەرقتە چوڭ ھىنگان تاغلىرىنىڭ غەربىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ، غەربتە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي ئېتەكلىرىگىچە سوزۇلغان. جەنۇبتىن شىمالغا ئەڭ كەڭ يېرى 2200 چاقىرىم، ئەڭ تار يېرى 1200 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇنىڭ شىمالىي قىسمى هازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى، جەنۇبىي قىسمى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە.

② هون ئۆگۈز — هون دەرياسى، يەنى تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئورخۇن دەرياسى. [چېن بوچۈەن تۈزگەن: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىل 10 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نۇسخىسى) دېگەن كىتابتا بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىلگەن.]

③ چۇغاي تاغلىرى — يىنشەن، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى ۋۇيۈەندىن كۆكخوتقىچە سوزۇلغان. بۆرە تاغلىرى — لاڭشەن، چۇغاي تېغىنىڭ غەربىدە. قۇلان تاغلىرى — خېلەنشەن، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

④ ئۆگۈز ئەگمىسى ۋادىسى — خېتاۋ، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بىلەن نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى خېلەن تېغىنىڭ شەرقى، لاڭشەن بىلەن يىنشەن تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە خۇاڭخې دەرياسى ئەگمىسى بويىدىكى رايونلار قەدىمدە ئومۇمەن خېتاۋ، يەنى دەريا ئەگمىسى دەپ ئاتىلاتتى.

⑤ ئوردۇس يايلىقى — گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقى، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى ئوردۇس ئېگىزلىكىنى (خۇاڭخې دەرياسى ئەگمىسى ئىچىدە) ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلار ئومۇمەن ئوردۇس رايونى دەپ ئاتىلىدۇ.

⑥ نۇرۇلغۇ تېغى — خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالى بىلەن ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋە لياۋنىڭ ئۆلكىسى چېگرىلىنىدىغان جايلاردا.

لىرىگىچە بولغان سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى مەنزىرىلىك تاغ ـ
جىلغىغا، ئۆگۈز ـ ئېقىن بويلىرى ۋە ئوت ـ چۆپى مول يايلاقلا-
رىغا كۆچمەن چارۋىچى، هون ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرىنىڭ سانسىزلى-
غان ئاق كىگىز ئۆيلىرى خۇددى كۆكتىكى يۇلتۇزلاردەك تارقالغا-
نىدى. ئۇلار بۇ پايانسىز، مۇقەددەس زېمىندا قەدىمكى ئەجدادى
چۇنۋېيلار[1]دىن تارتىپ گاھى ئاۋۇپ كۆچىپ، گاھى
ئازلاپ ـ ئاجىزلاپ، تارقاق هالەتتە ياشاپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ئاساسلىق پائالىيەت مەركىزى چۇغاي
تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى «تۇمەن» دېگەن يەردە ئىدى. شەرق-
تىن غەربكە مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان بۇ يەر تارام-
تارام ئۆگۈز ـ ئېقىنلارغا تولغان، قويۇق ئورمان، بولۇق
ئوت ـ چۆپلەر بىلەن قاپلانغان، قۇشلار ۋە ئوۋ هايۋانلىرى كۆپ،
هاۋاسى ساپ، مۆتىدىل، شارائىتى ئەۋزەل، مەنزىرىسى گۈزەل
بىر مۇنبەت يايلاق بولۇپ، ئۇ هون تائىپىسى ئىچىدىكى تۇغ ئۇرۇق
لەۋەنتلەرگە[2]قاراشلىق ئىدى. لەۋەنت ئۇرۇقىنىڭ بېشى، هون
تەڭرىقۇتى[3]تۇمەنخان مانا مۇشۇ يايلاقتىكى تۇمەنبالىقتا[4] تۇراتتى.

تۇمەنبالىق چۇغاي تېغىدىن باشلىنىپ جەنۇبقا قاراپ ئاقىدىغان
ئىككى ئۆگۈز[5]ئارىلىقىدىكى ئوچۇق، كەڭرى، ياپيېشىل بىر تۆ-
پىلىككە جايلاشقان بولۇپ، ئاۋات، قايناق قۇنۇم[6]ئىدى. قۇنۇم-
نىڭ شەرقىدىن بىر نەچچە چاقىرىم، غەربىدىن ئون نەچچە چاقىرىم

---

① [چۇنۋېيلار — شياخۇشى، يەنى شياخۇ ئۇرۇقىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، هونلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى هېسابلىنىدۇ. ئۇلار (هونلار) جۇڭگونىڭ تاڭ، يۇ زامانلىرىدىن بۇرۇن شەنرۇڭلار (تاغ رۇڭلىرى)، شۈنيۈلەر؛ شيا سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2197 — 1766 ـ يىللار) چۇنۋېيلار؛ يىن سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1766 — 1122 ـ يىللار) گۈيفاڭلار؛ جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1122 — 771 ـ يىللار) شيەنيۈنلەر؛ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 771 — ـ يىللار) ۋە چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 ـ يىلىدىن كېيىن) شيۇڭنۇلار، يەنى هونلار دەپ ئاتالغان.] «خەننامە» — «24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى — 2» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى) نىڭ 94 ـ جىلد «هونلار هەققىدە قىسسە — I » دە، چۇنۋېيلارغا ئۇچ خىل ئىزاهات بېرىلگەن.

② لەۋەنت — هون تائىپىسى ئىچىدىكى تەڭرىقۇتلار چىقىدىغان ئېسىل نەسەبلىك، ئالىي مەرتىۋىلىك باش ئۇرۇق.

③ تەڭرىقۇت — تەڭرىنىڭ ئوغلى، تەڭرى قۇت بەرگەن كىشى، خان، پادىشاھ.

④ تۇمەنبالىق — تۇمەن شەھىرى، هونلارنىڭ قەدىمكى شەھەرلىرىدىن بىرى، دەسلەپكى پايتەختى. ئورنى هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى چۇغاي تېغىنىڭ جەنۇبىدا، باۋتۇ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

⑤ ئۆگۈز — دەريا، ئېقىن.

⑥ قۇنۇم — يۇرت، قونالغۇ، ئولتۇراق جاي.

www.uyghurkitap.com

يىراقلىقتىكى يايلاقلاردىن ئېقىپ ئۆتىدىغان، قىرغاقلىرىنى قويۇق چاتقال، ئوت ـ چۆپلەر قاپلىغان ئۆگۈزلەردىن تۆت پەسىلدە ئوخشاشلا سۈپسۈزۈك تاغ سۇلىرى تاشتىن تاشقا سەكرەپ ئويناقلاپ ئېقىپ تۇراتتى. بۇ سۇلار كۈز ۋە قىشتا سەل تارتىلىپ تېخىمۇ سۈزۈلۈپ ئاقسا، باھار ۋە يازدا ئۇلغىيىپ شاۋقۇنلايتتى.

قۇنۇمنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر قورغان بار ئىدى. ئەتراپىنى ئېگىز، قېلىن، مۇستەھكەم چاسا شەكىللىك سېپىل قورشاپ تۇراتتى. سېپىللار ياغاچ ـ تاشتىن ئالاھىدە پۇختا قىلىپ سوقۇلغان بولۇپ، چوڭ ـ چوڭ قۇچۇرا① غوللىرىدىن ياسالغان دەرەخ بويى ئېگىزلىكىدىكى قوش ياغاچ تام ئارىلىقىغا توشقۇزۇلغان لاي ـ قۇم ئارىلاش شېغىل تاشلار ئۈستىدە ئاتلىق ۋە پىيادە بىمالال قاتنىغىلى بولاتتى. سېپىلنىڭ سىرتىغا ئۈچ رەت چوڭقۇر خەندەك كولانغان، خەندەكلەرنىڭ قىرىغا، تېگىگە ئۈچلۇق، يوغان قوزۇقلار قېقىلغان، ئەڭ چەتتىكىسىگە بولسا لىپمۇلىپ سۇ توشقۇزۇۋېتىلگەنىدى.

قورغاننىڭ ئىككىلا كىرىش ـ چىقىش ئېغىزى بار ئىدى: كۈنچىقىش تەرەپتىكىسى «كۈن قاپاغ»② ، كۈنپېتىش تەرەپتىكىسى «تۈن قاپاغ» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ قوۋۇقلاردا ۋە سېپىل ئۈستىدىكى كۈنگۈرىلىك قاراۋۇلخانا، ياغاچ مۇنارلاردا قوراللىق ئەرلەر كېچە ـ كۈندۈز قاراۋۇللۇقتا تۇرۇپ كۆزەتچىلىك قىلاتتى.

قورغان ئىچىنىڭ تېگىگە چىرىماس قىيا تاشلاردىن ئىككى قەۋەت ئۇل قويۇلۇپ، ئۇل تاشلار ئۈستىگە تۈز ھەم مەزمۇت ياغاچ تۈۋرۈكلەر تىكلىنىپ، تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىسى سېغىز لاي بىلەن تولدۇرۇلۇپ، قاڭ بىلەن چىڭداپ تام قوپۇرۇپ سېلىنغان، ئىشىك ـ پەنجىرىلىرى كۈنچىقىشقا قارىتىپ ئېچىلىپ، ئۆگزىلىرى لىم ياغاچ ۋە ۋاسا ـ بالالار بىلەن يېپىلغان، تام ـ تورۇسلىرى سېغىز لاي بىلەن سىلىقلىنىپ، كۆركەم گۈل ـ نەقىشلەر بىلەن

---

① قۇچۇرا — قارىغاينىڭ بىر خىلى.
② قاپاغ — قوۋۇق، دەرۋازا.

بېزەلگەن ئۆي ـ ئىمارەتلەر بار ئىدى. بۇ ئۆي- ئىمارەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ھەشەمەتلىكى تەڭرىقۇتنىڭ ئۆيى ـ ئوردىسى، ئەڭ كاتتا ۋە ھەيۋەتلىكى ئىلاھىي تەڭرىلىك① ئىدى. تەڭرىقۇتنىڭ يې- قىن تۇغقانلىرى، ئوردىدىكى يابغۇ②، قۇتقۇ③، ئېلقۇساي④، سان- غۇنلار⑤ ۋە باشقا ئۇلۇغ ئاتلىغ⑥ ھون ئېسىلزادىلىرىنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرى ئوردا ئالدىدىكى سەينادىن باشلىنىپ ئىككى ئوقتام⑦ يىراقلىقىچە سوزۇلغان، ئاخىرى قورغان مەركىزىدىكى چوڭ چىملىق مەيدانغا تۇتىشىدىغان شېغىل تاشلىق كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىغا جايلاشقانىدى. چىملىق مەيداننىڭ ئۆپچۆرىسىدە ۋە بۇ مەيداندىن باشلىنىپ تەرەپ- تەرەپلەرگە سوزۇلغان، ئاياغ ئۇچلى- رى سېپىل تۇۋىگە بېرىپ تاقىشىدىغان كىچىك كوچا ـ يوللارنىڭ بويلىرىدا يەنە نۇرغۇنلىغان تام، كىگىز ئۆيلەر، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئامبارلار، ئاتخانا، ئىشخانا، قۇشخانىلار بار بولۇپ، چوڭ، ئازادە ئۆيلەردە مالدار ھەم قۇلدار بايلار، زېمىندار ئاقسۆڭەكلەر، سودى- گەرلەر؛ كىچىك، ۋەيرانىلىرىدە بولسا ئاددىي مالچىلار، كاسىپ ـ ھۇنەرۋەنلەر ۋە قۇللار تۇراتتى. يىراقتىن كەلگەن مېھمانلارغا، چەت ئەللىك سودىگەر، ئەلچى، جاھانكەزدىلەرگە زۆ- رۇر تېپىلغان بوش يەرلەرگە يېڭىدىن يەنە چېدىر ياكى كىگىز ئۆيلەر تىكىلەتتى.

قورغان سىرتىدىكى ئوتلاق ۋە ئىككى ئۆگۈز بويلىرىغا يەنە ئالدى ئىشىكلىرى كۈنچىقىشقا قارىتىلغان نۇرغۇنلىغان ئاق كىگىز ئۆيلەر تىكىلگەنىدى. چارۋىچى قارا بودۇنلارنىڭ⑧ قاتار تىزىپ قو- يۇلغان ئاق بۆكلەرگە ئوخشىشىدىغان بۇ ئاددىي، كىچىك ئۆي ـ چېدىرلىرى قورغاننى خۇددى ئاي ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلاردەك ئوراپ

---

① تەڭرىلىك — ئىبادەتخانا.
② يابغۇ — ئەمەل نامى. ھونلاردا باش ۋەزىرگە تەڭ.
③ قۇتقۇ — ئەمەل نامى. تەڭرىقۇتقا ياردەملىشىدىغان، ئوردا ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان ۋەزىر.
④ ئېلقۇساي — ئەمەل نامى، ۋەزىر.
⑤ سانغۇن — سەركەردە، لەشكەر بېشى، گېنېرال.
⑥ ئۇلۇغ ئاتلىغ — ئوقۇمۇشلۇق، ئابرۇيلۇق، ئاتاقلىق، ھۆرمەتكە سازاۋەر.
⑦ ئوقتام — بىر ئوق يېتىم ئارىلىق.
⑧ قارا بودۇن — قارا خەلق، ئاۋام، ئاھالە.

www.uyghurkitap.com

تۇراتتى.

ئىللىق قۇياش نۇرى، ساپ - مۆتىدىل هاۋا، مۇنبەت تۇپراق ۋە چۇغاي تاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان تارام - تارام ئۆگۈز-ئېقىن سۇلىرى تۇمەنبالىققا كۆركەم هۆسن - زىننەت ۋە مول بايلىق، نېمەت ئاتا قىلغانىدى. يەر يۈزىنى — تاغ ئۇستى ۋە قاپتاللارنى، قىر - دالا، ئۆگۈز - ئېقىن بويلىرىنى ئورمان، چاتقاللىق، قويـۇق ئوت - چـۆپ، ئاق، قىزىـل، هال، سېرىق گۈل - چېچەكلەر خۇددى رەڭدار ئۇدۇن زىلچىسىدەك قاپلاپ تۇراتتى. جىلغا - جىرالاردا، ئوتلاق - ئېكىنلەردە سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئاقاتتى. يايلاقلاردا يىلقا ئۈيۈرلىرى، قوي، كالا، قوتاز سۈرۈگلىرى[1] ئاياس كۆكتىكى چوڭ - چوڭ بۇلۇت پارچىلىرىدەك توپ - توپـى بىلەن ئوتـلاپ يۈرۈشەتتى. مەيىن شامال دەل - دەرەخلەرنى، ئوت - چۆپ، گۈل - گىياهلارنى لەرزان ئۇسسۇلغا سېلىپ، نەم، خۇشبۇي هىدلارنى هەريانغا تارقىتاتتى. بۇلبۇل، تورغاي، بۆدۈنە، سېغىزخانلار دەرەخ شاخلىرىغا، ئېگىز ئۆسكەن ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۇچلىرىغا قونۇۋېلىپ، شوخ، يېقىملىق ئاۋازلىرى بىلەن بەجايىكى مىسلىسىز گۈزەل كۈيدەك خەندان ئۇرۇپ سايرىشاتتى. كېپىنەكلەر، هەسەل هەرىلىرى گۈل - چېچەكلەرگە قونۇپ ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. ئەتراپتىكى ئاۋۇل - قىشلاقلاردىن، قىر - دالا، ئوتلاقلاردىن مالچىلارنىڭ مال توسۇپ ئۇشقىرتقان، قامچىلىرىنى قارسىلداتقان، ئات مىنىپ كېتىۋېتىپ، قىر - تۆپە ئۇستىدىكى مەخمەلدەك چىمەنلىكتە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ يالغۇزەك[2]، قوبۇز[3]، باربىت[4]، بورىـيـا[5]

---

① سۈرۈگ — پادا، هايۋانلار توپى.

② يالغۇزەك — نەي، هونلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى پۈۋلىمە چالغۇلىرىدىن بىرى بولۇپ، دەسلەپتە قومۇش، قوزا - ئوغلاقلارنىڭ پايخۇن سۆڭىكى (پۇت ئۇستىخىنى) نىڭ تەبىئىي نەيچە هالىتىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان.

③ قوبۇز — قۇبۇس، قومۇز، غېجەككە ئوخشىشىپ كېتىدىغان كامالچىلىق تارلىق چالغۇ.

④ باربىت — پىپا، ئات ئۇستىدە كېتىۋېتىپ چالىدىغان تارلىق چالغۇ.

⑤ بورىيا — ئىسقىرت. «هون بورىياسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خەنزۇچە «جۇجيا» دېيىلىدۇ. ئۇ هازىرقى زاماندىكى بالامانغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. قومۇشنىڭ يۇمران يوپۇرمىقىدىن لېپىر سېلىنغان قومۇش - بورا چالغۇسى بولغاچقا بورىيا دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن مۇڭلۇق هەم يېقىملىق بولغاچقا، «مۇڭ بورىياسى» دەپمۇ ئاتالغان.

چېلىپ ناخشا ـ قوشاق ئوقۇشقان، چاپىتكەش بالىلارنىڭ سەركە قوچقارلارغا مىنىۋېلىپ، كالا قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ خۇشال ئويناپ ـ كۈلۈپ چۇرقىراشقان، قوزا ـ ئوغلاقلارنىڭ مەرەشكەن، تاي ـ قۇلۇنلارنىڭ كىشنەشكەن، توخۇلارنىڭ چىللاشقان، ئىتلارنىڭ هاۋشىغان، يەنە قەيەردىندۇر بۆرىلەرنىڭ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇپ هۇۋلاشقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئوغلاق ئېيىنىڭ[1] هاۋا ئوچۇق بىر كۈنى، تۇمەنبالىقتىكى هون تەڭرىقۇتىنىڭ ئوردا هەرىمىدە پېشانىسىگە ئاجايىپ ـ غارايىپ تەقدىر ـ قىسمەتلەر پۈتۈلگەن بىر يېڭى جان قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن بۇ يورۇق هەم گۈزەل دۇنياغا كۆز ئاچىدىغان ۋاقتى توشۇپ، هايات دەرۋازىسىنى قېقىشقا باشلىدى. ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ بارلىقىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاچچىق تولغاق يەپ ئۆزياش[2] ـ ئۆلۈم ئارىلىقىدا جان تالىشىۋاتقان ئانا شانۇ شەۋكەتلىك هون تەڭرىقۇتى تۇمەنخاننىڭ قۇياندى ئۇرۇقى[3] ئىچىدىن تاللىنىۋالغان ئايـ قاغان ئىسىملىك چوڭ ئالچىسى[4] بولۇپ، ئۇ يېشى ئەمدىلا يىگىرمىگە يەتكەن، ئايدەك چىرايلىق، كۈندەك نۇرلۇق ياش چوكان ئىدى. بۇ چاغدا ئوردىدىكى يابغۇ، قۇتقۇ، ئېلقۇساي، سانغۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالچى، قۇنچۇي[5]، كۈمۈشتېكىنلىرى[6]، تۇمەنبالىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاۋۇل ـ قىشلاقلارنىڭ ئەركەكلىرى تەڭرىنىڭ يېگانە ئوغلى بولمىش تۇمەنخانغا ئەگىشىپ چۇغاي تاغلىرىدا بىرنەچچە هەپتە داۋاملىشىدىغان كۈزلۈك ئوۋ ـ شىكارغا كېتىشكەن بولۇپ، ئوردىدا — چوڭ ئالچى ئايقاغاننىڭ يېنىدا پەقەت ئۇنىڭ خاس قىرقىن ـ قىرناقلىرى[7] ۋە بىر قىسىم تاپىغچى[8] ـ مۇلازىملارلا قالغانىدى.

---

① ئوغلاق ئېيى — 10 ـ ئاي.
② ئۆزياش — ئۆمۈر، هايات.
③ قۇياندى ئۇرۇقى — هونلارنىڭ ئالىي نەسەبلىك ئېسىل ئۇرۇقلىرىدىن بىرى. ئادەتتە ئوردا ئەمەلدارلىرى، ۋەزىرلەر مۇشۇ ئۇرۇقتىن چىقاتتى.
④ ئالچى — خوتۇن، خانىش.
⑤ قۇنچۇي — بانۇ.
⑥ كۈمۈشتېكىن — كۈمۈش تەنلىك كېنىزەكلەر.
⑦ قىرقىن ـ قىرناق — چۆرە ـ دېدەك، قۇل ـ چۆرە.
⑧ تاپىغچى — چاكار، مالاي، ئەر مۇلازىم.

www.uyghurkitap.com

سەھەر پەيتى، كۈز ھاۋاسى سوغۇق ئىدى. چۈغاي تېغى باغرىدىن سالقىن شامال ئۆرۈلاتتى. بىردىنلا شامال كۈچىيىپ، قورغان دەرۋازىسى ئۈستىدىكى كۆك بۆرىنىڭ بېشى چۈشۈرۈلگەن ئۈچ بۇرجەك توققۇز بايراقنى لەپىلدىتىپ، ئوردا ھەرىمىنىڭ گۈل-چىمەنلىك قورۇسىدا بوش قويۇنداپ، ئايقاغان تولغاق يەپ پەرياد ئۆرۈپ ياتقان خاس خانىنىڭ نېپىز ھال رەڭ يىپەك پەردىلەر تارتىلغان پەنجىرىسىگە ئۆرۈلدى.

— توڭلاۋاتىمەن ... — دەسلەپ تۇتقان ئاچچىق تولغىقى سەل پەسىيىپ ۋاقىتلىق ئارام تاپقان چوڭ ئالچى ھالسىز ئىڭىردى.

— توڭلىغانسەن، ئالچىم، ئوغلاقئاي سەھىرى ئەمەسمۇ. تالادىمۇ سوغۇق شامال ئەدەۋاتىدۇ، ئوغلاقئاي كىردى، يېتىمنىڭ كۆنى كەتتى ئەمدى، — دېدى قېرى قام[1] ئۈنى تېرە يوتقانغا ئوبدان ئوراۋېتىپ.

— ۋايجان! ... يەنە ئاغرىشقا باشلىدى، ئاھ! ... — ئايقاغاننىڭ تولغىقى يەنە تۇتتى.

— چىدا، بەرداشلىق بەر، ئالچى بىكە، بۇ ھەرقانداق تۆلبوغاز[2] ئايالنىڭ بېشىغا كېلىدىغان كۈن... قاتتىق كۈچە، ئىنجىقلا، تۇغۇتقا كۈچ كېتىدۇ، قەيسەر، چىدامliq بول. قورقما ... — قېرى قام مەدەت بەرگەچ ئۈنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئۆتتى-دە، تەڭرىگە سېغىنىپ ئامانلىق ۋە ئاسانلىق تىلىگەچ ئۆز ئىشىغا كىرىشتى.

— ۋايجان! ... بىرنېمە مېڭىپ كەتتى، سۇ ... قانمۇ-يە؟ ...

— ياق، قان ئەمەس، باش سۈيى، قورقما، ئالچىم، بۇمۇ نورمال ئىش. بالا تۇغۇلىدىغان بولدى، شادلان، تەڭرىگە

---

① قام — ئايال پېرىخون، ئايال تېۋىپ، تۇغۇت ئانىسى.
② تۆلبوغاز — ھامىلىدار، ئېغىر ئاياغ.

سىغىن...

— ۋاي ... ئا! ... جاننى ئالامدۇ نېمە...

— چىدا، كۆچە، ئالچىم، قاتتىق ئىنجىقلا. ھە، مانا شۇنداق... تەڭرىگە سىغىن، مەدەت تىلە. تەڭرىم قۇت[1] بەرسە ئاسانلا يەڭگىيسەن، پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغسەن...

— ئا! ... ئىھ! ...

چوڭ ئالچىننىڭ نالە - پەريادى كۆچىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تۇغۇتى بارغانسېرى قىيىنلىشىۋاتاتتى. ئاھ تەڭرىم! بالا تۇغۇش نېمىدېگەن تەس! ... ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەمدىلا ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرغان ياش ئايقاغان ھامىلىدار بولۇش، قورساق كۆتۈرۈش، سىڭ-ىزىك تارتىش، تولغاق يېيىش، بالا تۇغۇش دېگەنلەر توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلەتتى دەيسىز؟ ئۇنىڭغا بالا تۇغۇش ئۇنچىۋالا قىيىن، قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەس، دەپ ئېيتىشقانىدى. ئۇلار بىلىپ ئېيت-تىمۇ ياكى بىلمەي ئېيتتىمۇ، ئىشقىلىپ، بالا تۇغۇش ئۇنىڭغا بەكمۇ تەس، ئازابلىق، ئۆلۈم ئالدىدىكى سەكراتتەك بىلىنىۋاتات-تى. ئۇ ھەر قېتىم ۋايجانلاپ تولغانغاندا، چىرقىراپ نالە قىلغاندا، ئىنجىقلاپ ئىڭرىغاندا، قارا تەرگە چۆمۈلۈپ جان تالاشقاندا، قېرى قام ھەم قورقاتتى، ھەم ئۈمىدلىنەتتى. چۈرىسىگە نېپىز يىپەك پەردىلەر تارتىلغان تۆشەك ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇشۇۋاتقان قىرقىن - قىرناقلار بولسا نېمە قىلىشلىرىنى بىلمەي ھودۇقۇپ، چوڭ ئالچىننىڭ ئازابىغا ئېچىنىپ، تەڭلىك تارتىپ، پەرۋانىدەك تېپىرلاپ كېتىشەتتى. ئۇلاردىن ئىككىسى قېرى قامنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئايقاغاننىڭ بۇركۇتىنىڭ تىرناقلىرىدەك كېرىلىپ ھەر تەرەپ-كە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. بىرى ئۇنىڭ تەرلىرىنى سۈرتتى، يەنە ئىككىسى نېمە قىلىشنى ئۇقالماي بىر - بىرىنىڭ بىلەكلىرىگە ئېسىلىشىپ، باشلىرىنى مۈرىلىرىگە

---

[1] قۇت — بەخت، ئامەت.

www.uyghurkitap.com

قويۇشقىنىچە مىچىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئەي مۇقەددەس كۆك تەڭرى! ئۇلۇغ تۆز[1]كۆك قۇرت[2]! ئالچى بىكەگە ئاسانلىق بەر. ئۇنىڭغا چىدام - غەيرەت، كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىل. ئۇ ئەسەن - تۈكەل[3]يەڭگىۋالسۇن. تامامىي مەدھىيە ۋە ھەمدۇسانالىرىم ساڭا مەنسۇپ، تەڭرىم! بۇ بىچارە ناتىۋانغا رەھىم قىل، ئۇنىڭغا ئوغۇل، كۆك بۆرەك[4] ئاتا قىل! ...

قىرى قام چوڭ ئالچىنىڭ پۇتلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ تىلاغغا[5]تەلمۈرەتتى، ئىغىزىدا بولسا توختىماي دۇئا ئوقۇپ تىلەك تىلەيتتى. بىراق ئۇنىڭ دۇئاسى، تىلەكلىرى ئايقاغاننىڭ تولغاق ئازابىنى ئازراقمۇ يېنىكلىتەلمەيتتى. پەقەت تەسەللى ۋە مەدەت بېرىپ، چىداشقا، كۈچەشكە، بەرداشلىق بېرىشكە ئۈندەيتتى. ئايقاغاننىڭ بارماقلىرى ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي يەنە كېرىلىپ تارمۇشتەك تارتىشتى - دە، ئۆزىنى بېسىپ تۇرغان قىرقىنلارنىڭ بىلەكلىرىنى مەھكەم قاماللاپ ئامبۇردەك قىستى. چىشلىرى تولا چىشلەۋېرىپ قاناپ كەتكەن لەۋلىرىنى چىشلەپ يەنە كىرىشتى. قىرقىنلار بىلەكلىرى ئاغرىپ ۋاي دەۋېتىشكە تاس قالدى. ئۇلار چىدىيالمايۋاتقان يەردە ئايقاغان قانداق چىداۋاتقاندۇر شۇ ئاغرىق ئازابىغا؟! ... دۇرۇس، ئىنسان بالىسىنىڭ تۆرەلمىكى، ئاپىرىدە بولمىقى ئاسان. بىراق تۇغۇلمىقى، يېتىلمىكى، ئىنسان بولمىقى مانا مۇشۇنداق بەسىي مۇشكۈل. ۋەھالەنكى، تەڭرى بۇ شەرەپ ۋە بۇرچنى، مۇشكۈلچىلىكنى، ئازاب - ئوقۇبەتنى ئانىلارغا يۈكلىگەن. شۇڭلاشقا، ئانىلار قەدىرلىك، ھۆرمەتلىك، ئانىلار ئۇلۇغ، بۈيۈك، ئانىلار مۇقەددەس! ...

---

① تۆز — ئەسئەت سۇلايماننىڭ «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابىدا، « ‹توتېم› ئىندىئانچە سۆز بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ‹تۆز› دېيىلىدۇ» دېيىلگەن.

② كۆك قۇرت — كۆك بۆرە. ھونلار بۆرىنى تۆز بىلىپ ئۇلۇغلىغاچقا، ئۇنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە ئاتىماي «قۇرت» دەپ ئاتايتتى.

③ ئەسەن - تۈكەل — ئامان - ئېسەن، ساق - سالامەت.

④ كۆك بۆرەك — ئەركىلەتمە سۈپەت سۆزى بولۇپ، ھونلار ئوغۇل بالىلىرىنى شۇنداق دەپ ئاتىغان.

⑤ تىلاغ — ئىچ - باغىر، ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

ياش ئانا دەممۇ دەم ئىنجىقلايتتى، ئىڭرايتتى، ھاسىراپ -
ھۆمۈدەپ ئۇتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىناتتى، قومۇش ئىچىدىكى
نالدەك①تىترەيتتى. تۇغۇلغىنىغا، ئايال بولۇپ يېتىلگىنىگە، قور-
ساق كۆتۈرگىنىگە، ئانا بولۇپ قالغىنىغا مىڭبىر پۇشايمانلارنى
قىلىپ، ئاغرىققا، ئازابقا چىدىماي گاھ بېشىنى چايقاپ، چاچلىرى-
نى يۇلۇپ پەرياد كۆتۈرسە، گاھ بېشىنى كەينىگە تىرەپ، بوينىنى
قىسماقتەك ئېگىپ تولغىنىپ، پۇچىلىنىپ، بوغۇق ئاۋازدا ئىڭراپ
نالە قىلاتتى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى، بويۇنلىرى، قول - پۇتلى-
رى، پۈتۈن بەدىنى قارا تەرگە چۆمۈلگەن، چۇۋۇلغان، ھۆل
بولۇپ كەتكەن چاچلىرى پېشانىسىگە، مەڭزلىرىگە، بويۇنلىرىغا
چاپلىشىپ يۆگىشىپ كەتكەن، كىرىشكەن چىشلىرى ئارىسىدىمۇ
شۇ يىرىك چاچلار گىچىرلايتتى…

ئايقاغاننىڭ تۇنجى تۇغۇتىكى بۇ ئۆزياش - ئۆلۈم ئېلىشىشى
ساق بىر كېچە - كۈندۈز داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ نەچچە
ئۆلۈپ - تىرىلدى، تولغاقنىڭ، تۇغۇشنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارت-
تى، بالا تۇغۇشنىڭ، ئانا بولۇشنىڭ نەقەدەر تەس ئىكەنلىكىنى
ئېنىق ھېس قىلدى. ئەتىسى سۇبھى دەمدە «ئا! …» دەپ ئېچى-
نىشلىق نالە قىلغان ئاۋازى خاس خانىدا، ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئوردا
ھەرىمى ئىچىدە ئەكس سادا پەيدا قىلىپ ياڭراش بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ
كۆزىمۇ ئاخىر يورۇدى. دەل مۇشۇ چاغدا قەيەردىندۇر بىر يەردىن
بۆرىنىڭ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇپ ھۇۋلىغان يۈرەكنى تىترەت-
كۈچى سىرلىق ھەم سېھىرلىك ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى. ئۇنىڭ ھۇۋلى-
شى ئايقاغاننىڭ تۇغۇت ئازابىدا جان تالاشقان نالە - پەريادىغا
بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى. قېرى قام بۆرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ
روھلاندى، شادلاندى. «قۇرت! … قۇرتنىڭ ئاۋازى! ئۇلۇغ تۆز
كۆك قۇرت مەدەت بېرىۋاتىدۇ! …» دەپ شىۋىرلاپ تەڭرىگە
شۈكۈر - سانا ئېيتتى. ئاندىن يېنىدا قاراپ تۇرۇشقان قىرقىنلارغا
چىڭقىلىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

① نال — قومۇش نەيچىسى ئىچىدىكى ئاق، نېپىز نەرسە.

www.uyghurkitap.com

— ھەي ئىڭەس ـ ئاڭقالار[1]، نېمە مۇگدەپ تۇرۇشىسەن! ئۆيىقۇڭنى ئېچىش، بۇ ياقا كېلىپ ماڭا ياردەملەش! ... سەن مۇرىسىدىن يۆلە، سەن پۇتىنى كۆتۈر، بىرىڭ بېرىپ سۇ ئەكەل، چاپسان بولۇش! ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىسۇن، ھوشىدىن كېتىپ قالمىسۇن! ... ئى تەڭرىم، ئۇنىڭغا رەھىم قىل، ئاسانلىق بەر! ... بىردەم چىدا، بەرداشلىق بەر، ئالچىم. ئاز قالدى، بالا تۇغۇلاي دېدى، مانا... يەنە بىر كۈچە، ئاخىرقى قېتىم...

قىرقىنلار چۆچۈپ ھودۇقۇشقان پېتى ئايقاغانغا يېپىشتى، بېشىنى يۆلەپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى، سۇ ئەكېلىپ ئىچۈرۈشتى، ئايىغىغا ئۆتۈپ پۇتلىرى بىلەن ھەپىلەشتى. ئۇ يېرىم ھوشسىز ھەم ئىنتايىن ھالسىز ئىدى، لېكىن ھەممىنى سېزىپ، ئاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ ئۇلۇغ تۆز كۆك بۆرىنىڭ سىرلىق ھەم خاسىيەتلىك ئاۋازىنى ئاڭلىدىمىكىن؟ ئۇنىڭ ئۆزىگە قۇت ـ مەدەت بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىمىكىن؟ ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىسا، ھوشىدىن كېتىپ قالمىسا، يەنە بىردەم چىدىسا، بەرداشلىق بەرسە بولاتتى. شۇنداق قىلسا، قىلالىسا، ھەممە ئىش — ئازاب، ئاغرىق، قورقۇش، ۋەھىمە، بىدارلىق، ھارغىنلىق... ھەممىسى ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۈمىد قۇياشى پارلاپ، ئارزۇ بېغى يورۇيتتى. ئۇ يېڭى ھاياتلىققا، تىنچلىق، خۇشاللىق ۋە قۇت ـ بۇيانغا[2] ئېرىشەتتى. ئاھ! ... ئۇ ئىڭراپ نالە قىلاتتى، چاچلىرى ئارىسىدىن پېشانە ـ ماڭلايلىرىدىن، بويۇنلىرىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلاتتى. ئاۋازىمۇ، ئۆزىمۇ بارغانسېرى زەئىپلىشىپ، ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ چىداپ، بەرداشلىق بېرىپ جانسۆرە[3] كۈچىمەكتە، قانسىراپ، ئۇسساپ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ، سېزىمى، ھېس ـ تۇيغۇسى سۇسلاشماقتا. ئۇيقۇ ئىلاھى — مەڭگۈلۈك تىنچلىقنىڭ ئەلچىسى ئۇنى چاقىرماقتا...

ئۇ يېرىم ھوشسىز ھالەتتە يېتىپ كىندىكئانىسى قېرى قام-

---

① ئىڭەس — ھاڭۋاقتى. ئاڭقا — يارىماس، بوشاڭ، بىكارتەلەت.
② قۇت ـ بۇيان — بەخت ـ سائادەت.
③ جانسۆرە — جان بەدەلدە، جان تالىشىپ.

نىڭ شادلىنىپ، ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، «پاھ، ئاجا-
يىپ! ؟ ... نېمىدېگەن چوڭ، ئەتلىك! كۆكسىنىڭ، مۈرىلى-
رىنىڭ كەڭلىكى، پۇت - قوللىرىنىڭ چوڭلۇقىچۇ تېخى!
شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاناڭنى بىر كېچە - كۈندۈز قىيناپتىكەنسەن -
دە، كۆك بۆرەك!» دېگەن سۆزنى ئاران، غۇۋا ھېس قىلدى ۋە
ئاڭلىدى. بۇ ئاۋاز، بۇ سۆزلەر يەر تېگىدىن، كۆك قەرىدىن،
تولىمۇ يىراق، باشقا بىر ئالەمدىن كېلىۋاتقاندەك ئىنتايىن ئاجىز،
سۇس، غۇۋا ئاڭلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يەنىلا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ
بېغىشلىدى. ئۇ ئويغانغاندەك، ھوشىغا كەلگەندەك، روھلانغاندەك
بولۇپ كۆزلىرىنى ئېچىشقا، ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇشقا، يېڭى
تۇغۇلغان بالىسىنى كۆرۈشكە ئىنتىلدىيۇ، ئەمما پەقەتلا مىدىرلى-
يالمىدى. ئەكسىچە پۇتۇن بەدىنى تېخىمۇ بوشىشىپ روھى چىقىپ
كەتكەندەك بولدى - دە، كۆزلىرى ئاستا - ئاستا يۇمۇلۇپ پۈتۈن-
لەي ھوشىدىن كەتتى.

## 2

چۈش بولاي دېگەن بولسىمۇ، كۆكتە قۇياش كۆرۈنمەيتتى.
ھاۋا ئۆزگىرىپ، بوران - چاپقۇن، يامغۇر - يېشىندىن بېشارەت
بېرىپ، قارامتۇل، چوڭ - چوڭ بۇلۇتلار ئەگىپ يۈرەتتى. شا-
مالمۇ كۈچەيمەكتە ئىدى... ئايقاغان ئۈشتۈمتۈت جۆيلۈپ:
«قۇرت... كۆك قۇرت! ... ئاخىر كەلدىڭ، يېنىمدا قال ئەمدى...
ھاي، نەگە بارىسەن؟ توختا، كەتمە! ... بالامنى بەر، يەنە ئېلىۋا-
لامسەن؟ قوي ئۇنى، قويۇپ كەت، ئۇ مېنىڭ! ...» دەپ ۋارقىراپ
ھوشىغا كەلدى.

— ھالىڭ نېچۇك، ئالچى بىكە؟ — دېدى قېرى قام ئۇنى
يوتقانغا ياخشىلاپ ئورىغاندىن كېيىن، پېشانىسىنى تۇتۇپ، سېكد-
لەك چاچلىرىنى قايرىپ.

— ئېھ! ...ۋايجان...

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئايقاغان كۆزلىرىنى ئاچتى. قىرقىنلارمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى، بېشىنى يۆلەپ، يۇمشاق قوللىرىنى مەڭزلىرىگە يېقىپ كۆڭۈللىرىنىڭ ئەمىن تاپقىنىنى، شادلانغىنىنى ئىپادىلەشتى. ئاي-قاغان نۇرى ئۆچۈپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن چوڭ - چوڭ كۆزلىرىنى مىدىرلىتىپ ئۇلارغا، قېرى قامغا تەلمۈردى، چىرايىدا زەئىپ، ئەمما تولىمۇ يېقىملىق، تەسىرلىك بىر تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. ئۇ قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋىدى، قېرى قام ئۇنى سۆزلەتمىدى.

— مىدىرلىما، تەزگەنمە، ئالچىم، ئۈزۈلۈپ قالىسەن... بىلدىم، كۆڭلۈڭنى توق تۇت، تەڭرىگە تېۋىن، تەڭرىگە سېغىن، شۈكۈر - سانا ئېيت. ئۇ بىزنى يۆلەپ كەلگەن، يەنە يۆلىدى. ساڭا، تەڭرىقۇتقا، پۈتكۈل ھونغا قۇت بەردى. چوپچوڭ، ئەتلىك، ساغلام، پاقلاندەك بىر ئوغۇل، كۆك بۆرەك ئاتا قىلدى!

— مۇبارەك بولسۇن، ئالچى بىكە! — دېيىشتى قىرقىنلار ئۇنى مۇبارەكلەپ.

— مۇبارەك بولسۇن! — دېدى قېرى قاممۇ، — سەن ئەمدى ئانا بولدۇڭ!

قېرى قام گېپىنى تۈگىتىپلا يۆگلۈق تېرە يۆگەك ئى-چىدە يۇت - قوللىرىنى تېپىرلىتىپ، كۆزلىرىنى مۆل - مۆل ئېچىپ قاراپ ياتقان بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ، قىرقىنلارنىڭ ياردى-مىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ يېرىم ئۆرە بولۇپ ياتقان ئايقاغانغا بەردى. ئايقاغان قېرى قامنىڭ بايىقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ روھلانغان، شاد-لانغانىدى. ئەمما ئۇ بالىنى قۇچىقىغا ئېلىشقا، ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ كەتمىدى، ئورنىدا جىم يېتىپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، چىن ئىخلاسى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەڭرىگە، ئۇنىڭ بايا چۈشىگەكىرىپ بالىسىنى تالاشقان يەر يۈزىدىكى سىيما-سى بولمىش ئۇلۇغ تۆز كۆك بۆرىگە تېۋىندى، ئۇنىڭ ئۆزىگە يېڭى ھاياتلىق بەرگىنىگە شۈكۈر - سانا ئېيتتى... «ئانا! نېمىدېگەن يېقىملىق، ئۇلۇغۋار ئاتاق بۇ! ئاھ! مەن ئانا بوپتىمەن!... ئەي

مۇقەددەس كۆك تەڭرى، ساڭا مىڭلاپ تەشەككۇركىم، مەن ئالچى ئايقاغان ئۇلۇغ ھوننىڭ قۇياندى ئۇرۇقىدىن تۇغۇلۇپ، ساغلام، ئايدەك چىرايلىق، ئەقلۇ پەزىلەتلىك چوڭ بولدۇم. تۇمەنلىگەن قىز - چوكانلار، ئالچى، قۇنچۇي، كۇمۇشتېكىنلەر ئارىسىدىن تاللىنىپ، شانۇ شەۋكەتلىك ھون تەڭرىقۇتى تۇمەنخانغا چوڭ ئالچى بولۇپ ئوردىغا كىردىم. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېتىبارىغا، سۆيۈشىگە، قەدىرلىشىگە، ئەلكۈنىنىڭ[①]ھۆرمەتلەپ ئۇلۇغلىشىغا ئېرىشتىم. بۇلار مەن ئۈچۈن بېشىم كۆككە يەتكۈدەك زور خۇشاللىق، قۇت - بۇيان ئىدى. مانا ئەمدى سەن يەنە ماڭا تېخىمۇ زور خۇشاللىق، قۇت - بۇيان ۋە شان - شەرەپ بەردىڭ. ماڭا، ئۇلۇغ تۇمەن تەڭرىقۇتقا، بۈيۈك ھونغا كەلگۈسى ئۇلۇغۋار ئىشلارنىڭ ۋارىسى، ئىزباسارى، ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچىسى بولمىش بىر تەلەيلىك ئوغۇل ئاتا قىلدىڭ. بۇ مەن ئۈچۈن ئالەمچە شادلىق، چەكسىز قۇت، يۈكسەك شان - شەرەپ ئەمەسمۇ!… ئانا بولدۇم، بىر ئوغۇلغا، تەڭرىقۇتنىڭ پۇشتىپاناھى، تەگىن ئۆگەسىگە[②]، پۈتكۈل ھونغا ئۇلۇغ ئانا بولدۇم! ئاھ!…»

ئايقاغان بىر جۈپ ئالمىدەك تولغان كۆكسى چىڭقىلىپ بوش سىرقىرىغاندىلا ئاندىن ئۆزىگە كېلىپ كۆزلىرىنى ئاچتى. دەرمانسىز تېنىدە تىنىمسىز تېپچەكلەپ قانلىرىنى ئۇرغۇتۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ توختاۋسىز دۈكۈلدەشلىرىنى تەستە بېسىپ، ئاجايىپ بىر خىل شادلىق، سۆيۈنۈش، ئىپتىخار ۋە ئىنتىزارلىق بىلەن بالىسىنى ئاۋايلاپقىنا قۇچىقىغا ئالدى. مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ قۇچىقى، قەلبى يەنە باشقىدىن ئالەمچە شادلىق ۋە مېھىر - مۇھەببەتكە تولغاندەك بولدى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى غەم - تەشۋىش، ئازاب - ئوقۇبەت، پۇشايمان ۋە ھالسىزلىق، ماغدۇرسىزلىقلىرى قاياقلارغىدۇر يوقىلىپ، ئۆزىنى خۇشال، روھلۇق، قۇشتەك يېنىك، كۆڭلىنى كۆكتەك ئازادە ھەم يورۇق ھېس قىلدى. ئۇ

① ئەلكۈن — ئەل - خالايىق، ئاۋام.
② تەگىن ئۆگە — تەخت ۋارىسى، ۋەلىئەھدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن ۋە ئاخىرىدا بىر قېتىملىق ئۇزىياش ـ ئۆلۈم ئېلىشىشى ئارقىلىق تەۋەللۇت قىلغان تۇنجى ئارزۇلۇق پەرزەنتىنىڭ يۈزىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ، تاقەتـ ـسىز تەلپۈنۈش ۋە ھاياجان بىلەن تېرە يۆگەكنى ئاۋايلاپقىنا ئاچتى. بىراق ئۇ يۆگەك ئىچىدىكى بوۋاقنى كۆرۈپلا يۈرىكى ئىختىيارسىز ئېغىپ پۇلاڭلاپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىـ ـيىپ: «ۋايداد، تەڭرىم!…» دەپ ۋارقىراپ ھوشىدىن كېتىشكە تاس قالدى. ئەنسىرىگەن ئىشنىڭ ئاخىر يۈز بەرگىنىنى كۆرگەن قېرى قام بىلەن قىرقىن ـ قىرناقلار نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئەيىبكارلاردەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، لەۋلىرىنى چىشلەشتى… ئايقاغان نېمىنى كۆردى؟ نېمىدىن شۇنچە قاتتىق چۆچۈپ، قورقۇپ كەتتى؟ ئۇنىڭ كۆرگىنى، كۆرىدىغىنى بىر بوۋاق، ئۆزى تۇغقان، تېخى ھېلىلا قورسىقىنى يېرىپ چۇشۇپ بۇ دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان بىر ئىنسان بالىسىغۇ ئاخىر؟! لېكىن ئۇنى كۆرۈپ، نېمىشقا شۇنچە قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىدۇ؟ ئۇ تۇغۇتىدا بەك قىينىلىپ، ئازابلىنىپ، قانسىراپ، ماغدۇرسىزلىنىپ ھالىدىن كەتكەچكە، باشلىرى قېيىپ، كۆزلىرى تورلىشىپ، سەزگۈلىرى خاتالىشىپ، يېڭى تۇغقان بالىسى كۆزلىرىگە باشقا بىرنېمە، قورـ ـقۇنچلۇق غەلىتە بىر مەخلۇق بولۇپ كۆرۈندىمىكىن؟ يا تەڭرى ئۇنى سىناپ، ئالداپ بالىسىنى باشقا بىرنېمىگە، سۇرلۇك بىر بۆرە كۈچۈكىگە ئايلاندۇرۇۋەتتىمىكىن؟ ياكى بالا ئۆلۈكمىدۇر؟… يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق دېگەن ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چۇشۇپلا يىغلايدـ ـتى. ئاشۇ يىغىسى بىلەن تىرىكلىكىنى، نورمال، ساغلام، تېتىكـ ـلىكىنى، ئۆزىنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلاتـ ـتى. نىمجان ئانىسىنى ئويغىتىپ، روھلاندۇرۇپ، سۆيۈندۇرۇپ، ئۆزىگە تاقەتسىز تەلپۈندۇرۇپ ھاياجانغا سالاتتى. ھاردۇقىنى چىقىدـ ـرىپ، ئازابىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، خۇشاللىق ۋە تىنچلىق ئاتا قىلاتتى… ئەپسۇس، بوۋاق ساداسىز، لېكىن ئۇ تىرىك!…

ئايقاغان قاتتىق چۆچۈپ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەچكە، قۇچىقىدـ

ـدىكى بالا تېرە يۈگەك بىلەن قوشۇلۇپ سىيرىلىپ، دومىلاپ چۇ-
شۇپ كېتىشكە تاس قالدى. لېكىن ئۇ ئۇنى قويۇۋەتمىدى، بەلكى
شۇئان يەنە ھوشىغا كېلىپ مەھكەم قۇچاقلىدى. ئۆزىگە، كۆزلىـ-
رىگە ئىشەنمىگەندەك ئۇنىڭغا يـەنە قـارىدى، ئەيمىنىپ تـۇرۇپ،
ھەيرانلىق، تەئەججۇپ بىلەن سەپسالدى... خاتا ئەمەس، ئۇنىڭ
ھېلى كۆرگىنى ھازىرمۇ شۇ، بىر بوۋاق، ئىنسان بالىسى، ئۆزى
تۇغقان بالا. ئۇنى تېخى بايىلا چەكسىز ھاياجانغا سېلىپ شادلاندۇر-
غان، تۇنجى ئانىلىق مېھىر - مۇھەببىتىنى ئويغىتىپ ئۆزىگە
تاقەتسىز ئىنتىزار قىلغان يېڭى جان، كەلگۈسىدە ئۆزىگە چەكسىز
قۇت - بۇيان، يۈكسەك شان - شەرەپ ئاتا قىلغۇچى تەلەيلىك
بوۋاق ئۇنىڭ قۇچىقىدا. ئۇ پۇت - قوللىرىنى تېپىرلىتىپ، كۆز-
لىرىنى مۆل - مۆل ئېچىپ ئانىسىغا، يورۇق دۇنياغا تويماي قاراپ
ياتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ باشقا ئىنسان بالىلىرىغا، نورمال، ساغلام
بوۋاقلارغا پەقەتلا ئوخشاشمايدۇ، يىغلىمايدۇ!...
ئايقاغان قاراۋېرىپ يەنە ئەيمەندى، قورقتى، ھەزەر ئەيلىدى.
ئەمدى قاراۋەرسە ھوشىدىن كېتىپ قالىدىغاندەك كۆزلىرىنى چىڭ
يۇمۇۋالدى، ھېچنېمىنى كۆرمەسلىككە، ئويلىماسلىققا تىرىشتى...
تووۋا!... ئاجايىپ!... ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغىنى، تېنىدە تۆرەل-
دۇرۇپ، قورسىقىدا يېتىلدۈرۈپ، توققۇز ئاي توققۇز كۈن قور-
ساق كۆتۈرۈپ يۈرۈپ تۇغۇشقا، دىدارىنى كـۆرۈشكە، مېـھرىگە
قېـنىشقا ئىنتىزار بولغىنى پۇت - قوللىرى، يەتتە ئەزاسى ساق،
بەدىنى لىغىرلاپ تۇرغان قاندەك قىپقىزىل، كۆزلىرى چوڭ،
قاڭشارلىق، ئاغزى ئويماقتەك، يۈزى قوشۇقتەك بىر ئوماق،
چىرايلىق بوۋاق ئىدى. بىراق ئۇنىڭ تۇغقىنى، كۆرگىنى ئۆڭى
كۆك، ئۆزى غارىپ، چوپچوڭ، ئەتلىك، بەدىنى تۈكلۈك بىر
بوۋاق، بەئەينى بۆرە كۈچۈكى!... ھەئە، ئۇ كۆك بۆرىدەك بىر
ئوغۇل كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان، سېزىكىدىمۇ كۆك بۆرىگە ئاشىق
بولغان. ئايقاغانلا ئەمەس، پۈتكۈل ھون شۇنداق ئارزۇ قىلىدۇ.
تەڭرىدىن ئۆزلىرىگە شۇنداق بىر پەرزەنت ئاتا قىلىشنى تىلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

چۇنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى كۆكتىن تېمىپ، يەردىن ئۈنۈپ ئاپىرىدە بولغان، كۆك سىرتلىق[1] ئەركەك بۆرىدىن تۆرىلىپ، پەرى سۈپەت ئايال ئىنساندىن تۇغۇلۇپ ھاياتلىققا ئېرىشكەن، ئاۋۇغان دەپ بىلىدۇ. ئەسلىنى، نەسلىنى، خۇي - پەيلىنى بۆرىگە باغلاپ، بۇ دۇنياغا بۆرە بىلەن تەڭ كەلگەن، زېمىنغا بۆرە بىلەن تەڭ ئاياغ باسقان، يەر يۈزىدە بۆرە بىلەن تەڭ ياشاپ ئۆزارغان، دەپ قارايدۇ. كۆك بۆرىنى مۇقەددەس كۆك تەڭرىنىڭ يەر يۈزىدىكى سىيماسى، ئۇلۇغ تۆز، دەپ بىلىدۇ. قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، مۇشكۇلاتقا دۇچ كەلگەندە، بۆرە بىزگە يول باشلىغان، ياردەم قىلغان، قۇتقۇزغان ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ، ئوغۇللىرىنىڭ، ئەۋلادلىرىنىڭ كۆك بۆرىدەك چىداملىق، كۈچلۈك، چەبدەس، تۈيغۇن، قەھرىلىك، قايتماس، جەسۇر بولۇشىنى، «ئەتە نېمە بولىدۇ؟» دەپ تەشۋىشلەنمەي، تەمرىتىمەي ياشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. قورقىسىمۇ، ھەزەر ئەيلىسىمۇ، پات - پات توقۇنۇشۇپ، تۇتۇشۇپ قالسىمۇ، زىيان - زەخمىتىگە ئۇچرىسىمۇ بۆرىلەرگە نەپرەتلەنمەيدۇ، چېقىلمايدۇ، زىيان سالمايدۇ، ئۆلتۈرمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭ تۇرقىغا، كۆرك - ھەيۋىتىگە، چاققان، چەبدەس، تۈيغۇن، كۈچلۈكلۈكىگە ھەۋەس قىلىپ، ئۇنى ئۇلۇغلاپ، مۇقەددەس بىلىپ، يايلاقتىن مال چارۋىلىرىنى ھەيدەپ قايتقاندا، ئوۋدا، سوقۇشتا ئولجا - غەنىيمەت ئالغاندا، بۆرىلەر ئۈچۈن، دەپ نۇرغۇن ئىزۇق[2] تاشلاپ قايتىدۇ. غىزالانغاندا، نەزىر - چىراغ، قۇربانلىق قىلغاندا، مەرىكە - مۇراسىم، سۇرجەك[3]، تويلاردا بۆرىلەرگە رىزقى - نېسىۋە ئايرىيدۇ. ئاياس كۆكنىڭ، ئۇنىڭغا تەققاس كۆك بۆرىنىڭ رەڭگىنى — كۆك رەڭنى مۇقەددەس بىلىپ ئۇلۇغلايدۇ... ۋەھالەنكى، ئايقاغان ئۆز بالىسىنىڭ رەڭگىرويى،

---

[1] سىرت — قىل، يال، بۆرىنىڭ رەڭگى، سىرتى.
[2] ئىزۇق — ئىگىسى بىرەر ئىشقا ئاتىغان، سۈتى سېغىلمايدىغان، يۈڭى قىرقىلمايدىغان، يۈك ئارتىلمايدىغان مال.
[3] سۇرجەك — بەزمە، مەشرەپ، ئولتۇرۇش، زىياپەت.

تۇرقى ـ سىياقىنىمۇ پۇتۇنلەي كۆك بۆرىگە ئوخشاش كۆكۈچ ئۆڭ، تۈكلۈك، سۇرلۇك، ئۆزگىچە ھەم ئالاھىدە تۇغۇلۇشىنى ئارزۇ قىلمىغان، ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

— قورقما، ئەلەمزادە بولما، ئۇلۇغ ئالچىم، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال. بۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئارىق[1] بول، — قىرى قام ئۇنىڭ مۈرىلىرىنى تۇتۇپ، يۈزلىرىنى سىلاپ تەسەللى ۋە مەدەت بەردى، — مەنمۇ بالىنى دەسلەپ كۆرگەندە ساڭا ئوخشاشلا ھەيران بولۇپ قاتتىق چۆچۈگەنىدىم. لېكىن كېيىن چۈشەندىم، پەرىشتىلەر دىلىمغا سالدى. چۈنكى تەڭرىنىڭ ئىرادىسىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، ئالچىم. بۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، قۇدرىتى، مۆجىزە ـ كارامىتى. تەڭرىگە تېۋىن، تەڭرىگە سېغىن، شۈكۈر ـ سانا ئېيت، شەكلەنمە. بالا ئۆزگىچە سىياقتا بولغىنى بىلەن، يەتتە ئەزاسى ساق. بىر خىسلەت بار ئۇنىڭدا، بۇ ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ئەمەس، ئۇ ئۆزگىرىدۇ، ئوڭشىلىدۇ. چوڭ بولغاندا، جەسۇر، سۇمباتلىق بىر ئالىپ چەۋەندازغا[2] ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇلۇغ تۆزنىڭ جېنى كىرگەن، روھى سىڭگەن، خالاس. ئەجەبلەنگۇدەك، قورققۇدەك ھېچ ئىش يوق. سەن ھەرگىز پۇشانما[3]، دەرگۇمان بولما. بولمىسا، تەڭرى ئالدىدا گۇناھكار بولىسەن... كۆزۈڭنى ئاچ، ئارىق بول، ئوغلۇڭغا قارا...

ئايقاغان كۆزلىرىنى ئېچىپ، «دېگەنلىرىڭ راستمۇ؟» دېگەندەك قىرى قامغا ئۈمىد بىلەن تەلمۈردى. قىرى قام ئىشەنچ بىلەن ئىللىق كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى. بۇنى كۆرۈپ ئايقاغاننىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن قەردۇدەك[4] سۈزۈك ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقتى ـ دە، قېنى قاچقان مەڭزىنى بويلاپ يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك دومىلاپ چۈشتى. شۇ تاپتا ئۇ كۆكسىنىڭ چىڭقىلىپ سىرقىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بوۋىقىنىڭ ھاياتبەخش ئوزۇققا

---

① ئارىق — ئويغاق، ئويغانغۇچى، بىلىپ تۇرغۇچى، سەگەك.
② ئالىپ چەۋەنداز — باتۇر سەركەردە، قەھرىمان يول باشلىغۇچى.
③ پۇشىنىش — رەنجىش، نارازى بولۇش، ئىچى پۇشۇش.
④ قەردۇ — ئۇششاق مۇز پارچىسى، قاردەك مۇز.

www.uyghurkitap.com

— ئۆزىنىڭ باتۇر سۈتىگە تەشنا بولۇۋاتقانلىقىنى يادىدىن چىقىرىپ قويغاندەك قىلاتتى. نىھايەت ئۇ ئاستا - ئاستا ئۆزىگە كەلدى. تەقدىرگە تەن بېرىپ، قۇچىقىدىكى بالىنى ئاۋايلاپقىنا يېنىغا قويۇپ، ئۆزىنى ئوڭشاپ يېتىپ ئىمىتمەكچى بولدى. دەل مۇشۇ چاغدا، بالا قۇچىقىدىن ئاجراش بىلەن تەڭ ئۇ قانداقتۇر بىر قىممەتلىك، قەدىرلىك نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك، ۋۇجۇدىدىكى قانداقتۇر بىر مۇھىم ئەزاسىدىن ئايرىلىپ ئاجىزلاپ، ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۆزى غېرىبلىقتا يالغۇز - يېگانە، پۇشتىپاناھسىز قالغاندەك، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ ئاران تەستە ئامان قالغان ئەزىز جېنىمۇ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك بىر ھېسسىياتقا كېلىپ قاتتىق شۈركۈندى - دە، ئەمدىلا قويغان بالىسىنى يەنە شاپپىدە قۇچىقىغا ئېلىپ باغرىغا مەھكەم باستى.

— ياق! ئۇ مېنىڭ! ... ھەرنېمە بولسىمۇ مېنىڭ بالام، يۈرەك پارەم! ...

ئايقاغان ئويغاندى، بالىسىنى بوغۇزىغا تېڭىپ، يۈزىنى تېرە يۆگەك ئىچىگە تىقىپ، ئۇنى سۆيۈپ - ھىدلاپ كەتتى، ئاندىن يۈرەكلىك ھالدا يۆگەكنى پۈتۈنلەي ئېچىپ ئۇنىڭغا باشقىدىن، ھەقىقىي ئانىلىق مېھىر - مۇھەببەت بىلەن زوقلىنىپ، ئەجەبلىنىپ سەپسالدى.

ئۇنىڭ بوۋىقى ئادەتتىكى بوۋاقلاردىن خېلىلا چوڭ، ئەتلىك، تېنىك ھەم ساغلام بولۇپ، پۇت - قوللىرى، بەدىنى، چاچلىرى، چىرايى تۇغۇلغىنىغا بىرنەچچە ئاي بولغان بالىدەك چىڭ، بۇدرۇق، كۈچلۈك، نۇرلۇق ھەم ئوماق ئىدى. ئۇ پۇت - قوللىرىنى تىنىمسىز تېپىرلىتىپ، بۇ غوۋغاسى ۋە جەبىر - جاپاسى تولا، ئەمما يورۇق ھەم تولىمۇ گۈزەل دۇنيانى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ كەتكەندەك چوڭ - چوڭ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئالىقانلىرىدا بىر نەرسە تۇتۇۋالغاندەك ياكى بىرەر ئىشقا غەزەپلەنگەن كىشىدەك مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگۈپ، ئانىسىغا، ئەتراپقا تويماي قاراپ بېلىقتەك پىلتىڭلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۆڭى كۆك بۆرىنىڭ سىرتىدەك

كۆكۈچ ئىدى. چاچلىرى، قاشلىرى قويۇق، ئۆسكىلەڭ ھەم قۇن-
دۇزدەك قاپقارا، پېشانىسى كەڭ، چېھرى نۇرلۇق، كۆزلىرىنىڭ
تېگى سۈزۈك بۇلاقتەك تىنىق، قاڭشىرى پىچاقنىڭ بىسىدەك،
لەۋلىرى، ئېغىزى، تىلى يېلىنجاپ تۇرغان چوغدەك قىپقىزىل
ئىدى. پۈتۈن بەدىنىدە يۇمران، قويۇق كۆكۈچ تۈكلەر مويدەك
پارقىراپ تۇراتتى. تۇرقىدىن ئۇ بەئەينى بىر تۈكلۈك، سۈرلۈك
كىچىك مەخلۇققا — بۆرە كۈچۈكىگە ئوخشايتتى. ئايقاغان ئۇنىڭ
غېرىپ سىياقىغا، كۆپكۆك كۆزلىرىگە قاراپ سىرلىق ھاياجانغا
چۆكتى.

— قۇرت ... كۆك قۇرت! مېنىڭ كۆك بۆرەم!... — دېدى
ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، — مۇشۇنداق بالىنى بەرگىنىڭگە
پۇشاندىم، ئىشەنمىدىم. ئالدىڭدا گۇناھكارمەن، تەڭرىم! قاتتىق
تۇۋا قىلدىم، مېنى كەچۈر!...

ئاندىن ئۇ چەكسىز سۆيۈنۈش، چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت
ۋە سىرلىق ھاياجان بىلەن تۇرغان-پۈتكىنى بەئەينى كۆك بۆرىگە
ئوخشىشىدىغان، سىياقىدىن، ئەپتىدىن، ۋۇجۇدىدىن، كۆزلىرى-
دىن قەيسەرلىك، جەسۇرلۇق، قايتماس روھ، ۋاپادارلىق ۋە ئاجا-
يىپ بىر خىل ئۇلۇغۋارلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرغان
بالىسىنى قايتىدىن باغرىغا مەھكەم باستى. بالىنىڭ بەدىنىدىكى
يېڭى ئۈنگەن مايسىدەك يۇمشاق، پارقىراق، قويۇق موي-تۈكلەر
ئۇنىڭ قېنى قېچىپ تاتارغان يۈزىنى، بويۇنلىرىنى يېقىملىق غى-
دىقلاپ، ئوتتەك كۆيدۈرۈپ، ئاجايىپ شېرىن راھەتلەندۈرۈۋىدى،
ئۇنى تېخىمۇ چىڭ، ئەمما ئاۋايلاپ قۇچاقلاپ، چاچلىرىنى، يۈزلى-
رىنى ھىدلاپ، قورساقلىرىغا، ساغرا-چاتراقلىرىغا يېنىش-
يېنىشلاپ سۆيۈپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ تۇغۇت ئانىسى قېرى قام
«ئۇھ!» دەپ يېنىك تىن ئالدى. قىرقىن-قىرناقلارمۇ بىر-
بىرىگە قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرەشتى.

www.uyghurkitap.com

## 3

ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ بۇ خۇشاللىقى، خاتىرجەملىكى ئۇزاققا بارماي يەنە ھەيرانلىق ۋە تەئەججۇپكە ئايلاندى. چۈنكى، ئايقاغان ئەمدى بالىسىدىن باشقا بىر ئېۋەن ـ نۇقسان تاپقاندەك ئۇنىڭغا يېڭىۋاشتىن ئەجەبلىنىپ قاراپ شەكلەپ كېتىۋاتاتتى.

— قام ئانا ...— دېدى ئۇ بىر ھازاغىچە ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە بالىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

— ھە، مانا مەن، ئالچىم، — دېدى قېرى قام ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— ئەجەبا، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق دېگەن تىلاغ يېرىپ چۈشۈپلا يىغلايتتىغۇ؟...

— شۇنداق، يىغلايدۇ.

— ئەمىسە بۇ بالا نېمىشقا يىغلىمايدۇ؟ ... يىغلاپ توختىدىمۇ ـ يا؟

— بۇ ... بۇ... راستتىنلا غەلىتە ئىشقۇ! ؟...

قېرى قام ئايقاغانغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىمۇ ئايقاغاننىڭ قۇچىقىدىكى بۆرە سىياقلىق بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇپ يەرگە چۈشكەندىن بېرى پەقەتلا يىغلاپ باقمىغانلىقىنى ئەمدى ئېسىگە ئېلىپ ھەيران قېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، كۆڭۈللىرى ئەمدىلا ئەمىن تاپقان قىرقىنلارنىڭمۇ يەنە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— غەلىتە... ئاجايىپ ئىشقۇ بۇ؟ ! ... — دېدى ئايقاغان نەچچە بالا تۇغۇپ چوڭ قىلغان تەجرىبىلىك ئانىدەك بالىسىغا دىققەت بىلەن سەپسېلىپ.

ئاندىن ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلەشكىلى تۇردى. شۇ تاپتا ئۇ بالىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن دۇنيادا ھەممىدىن يېقىملىق ھەم تەسىرلىك يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاشقا قانچىلىك

ئىنتىزار ـ ھە! ... ئۇ ئاۋۋال بالىسىنىڭ قىيپاش تاشنىڭ قىرىدەك
قاڭشىرىنى يېنىك چىمدىدى. بالا ئاغرىق ھېس قىلىپ بېشىنى
چايقاپ تېپچەكلىدىيۇ، زۇۋان سۈرمىدى. ئۇ تېخىمۇ قاتتىق چىم-
دىدى، مەڭزلىرىنى، ساغرىسىنى... بىراق بالا يەنىلا ئۈن
چىقارمىدى. بۇ قانداق ئىشتۇر ئەمدى؟! ... ئۇنىڭ يەتتە ئەزاسى
ساقمىدۇر؟ ... ئۇ نېمىشقا يىغلىمايدىغاندۇر؟ قورسىقى ئاچمىغانمى-
دۇر؟ ... ئۇنىڭ زۇۋانى يوقمۇ نېمە؟ ... ئۇنىڭ تۇرق ـ سىياقى
نېمانداق غارىپ، خۇي ـ پەيلى ئۆزگىچىدۇر؟ ... ئاھ! سۆيۈملۈك
بوۋىقىم، يۈرەك پارەم، كۆز قاراغىم! نېمە بولساڭ مەيلى، بىر
يىغلىساڭ، ئىنسان بالىسىدەك ئۈن چىقىرىپ ئىڭگەلىگەن ئاۋازىڭ-
نى ئاڭلىسام! ماڭا تەلپۈنسەڭ، قۇچىقىمغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ،
باغرىمغا بېسىپ پەپىلەپ، ئېغىزىڭغا ئەمچىكىمنى سالسام!
قاتتىق ـ قاتتىق شوراپ مېنى ئەمسەڭ، ئىسسىق قانلىرىمدىن
ئايرىلغان سۈتلىرىمنى ئايرىپ سېنى ئوزۇقلاندۇرسام! ھېچبولمىسا
بۆرە كۈچۈكىدەك غىڭشىساڭمۇ مەيلىدى! ... ئەجەبا، ئۇ نېمىشقا
قوللىرىنى ئاچماي مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگۈۋالىدىغاندۇر؟ ئۇ-
نىڭ قوللىرى بارماقسىز ياكى بارماقلىرى يەملەش، چولاقمى-
دۇر ـ يا؟ ... ئاۋۋال ئۇنىڭ قوللىرىنى ئېچىپ ئالىقانلىرىنى
كۆرۈپ باقايچۇ...

ئايقاغاننىڭ دىققىتى بىردىنلا بالىنىڭ مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈل-
گەن قوللىرىغا بۇرۇلدى. ئۇ ئەمدى ئۇنىڭ بۇدرۇق، كۈچلۈك
قوللىرى بىلەن ھەپىلەشكىلى تۇردى. ئۇ دەسلەپ ئاۋايلىدى، كې-
يىن كۈچىدى، بىراق قانچە قىلىپمۇ بالىنىڭ قولىنى ئاچالمىدى.
قارىغاندا بۇ كىچىك قوللارنى ئېچىشقا كۈچ ئەمەس، پەم كەتسە
كېرەك. ئايقاغان شۇنداق ئويغا كېلىپ بالىسىنىڭ چاچلىرىغا،
كۆكسى يۈزلىرىگە، قىزىق لەۋلىرىگە سۆيۈپ ـ ھىدلاپ،
ئۆتتەك تىنىقى بىلەن ئۇنىڭغا ئىسسىق ـ ھارارەت ئۆتكۈزدى.
تۈكلۈك بەدىنىنى بوش، يېقىشلىق سىلاپ مېھرىنى بىلدۈردى.
ئاندىن كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ بارماقلىرىنى ئاستا ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاستا ئاۋايىلاپ، ئەپچىللىك بىلەن قايىردىشقا باشلىدى. ئاھ!... مەھكەم كىرىشىپ چىڭ تۈگۈلگەن بارماقلار ئاجراپ، بالىنىڭ كەلگۈسى تەقدىر ـ قىسمىتى ۋە قۇت ـ بۇياندىن بېشارەت بەرگۈچى ئالىقان ئاخىر ئېچىلدى.

— ھە! ؟...

بوۋاقنىڭ ئالىقىنىنى كۆرۈپ قېرى قامنىڭ چىرايى ئىپادىسىنى يوقاتتى. قىرقىنلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ۋارقىراپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن قوللىرى بىلەن ئېغىزلىرىنى توسۇۋېلىشتى. ئايىقاغاننىڭ يۈرىكى ئېغىپ، ۋۇجۇدىغا دەھشەتلىك ۋەھىمە ئولاشتى. ئۇ بىر ھازاغىچە داڭقېتىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئالاقزادىلىك بىلەن بالىنىڭ يەنە بىر قولىنىمۇ ئاچتى... يا تەڭرىم!...

بالىنىڭ ھەر ئىككى ئالىقىنىدا تاشتەك قېتىپ قالغان قىپقىزىل قان ئۇيۇلمىسى تۇراتتى. بالا ئۇنى غەيرىي كۆرۈپ چىڭ تۇتۇۋالغان بولسا كېرەك. ۋەھالەنكى، ئۇ ئايىقاغان ۋە باشقىلارغىمۇ ئوخشاشلا غەيرىي كۆرۈندى. غەيرىيلا ئەمەس، تولىمۇ قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك!... بالىنىڭ ئالىقىنىدا قان بار تۇغۇلۇشى ھەرگىزمۇ قۇتتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇ بىر شۇملۇق، بەختسىزلىكنىڭ، قورقۇنچلۇق بالايىئاپەتنىڭ بېشارىتى...

ئايىقاغان يۈرىنىغا قان ھىدى يۈرىغاندەك سەسكىنىپ شۈركۈنۈپ كەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سوغۇق تەر، تىترەك باستى... «يا تەڭرىم! بۇ زادى قانداق ئالامەتتۇر؟... ئەي مۇقەددەس كۆك تەڭرى، ھەممە مۆجىزە ـ كارامەتلىرىڭنى بىر ماڭىلا كۆرسىتەمسەن؟ مېنى ھەيران قالدۇرۇپ، چۆچۈتۈپ، قورقۇتۇپ جېنىمنى ئالاي دەمسەن؟...»

شۇنداق پەيتتە، تۈگۈلگەن مۇشتلىرى ئېچىپ تاشلىنىپ سىرى ئاشكارا بولغان بوۋاق بىردىنلا قاتتىق ۋارقىراپ يىغلىۋەتتى. ئاھ! ئۇ ئاخىر يىغلىدى!... ئايىقاغان يەنە ھەممىنى ئۇنتۇدى. بوۋاقنىڭ سەل بومراق كەلگەن سەبىي، كۈچلۈك ئاۋازى ئۇنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى، خاس خانىنىڭ يىپەك پەردىلىرىنى تىترىتىپ

خېلى يىراقلارغىچە ئاڭلىنىۋاتاتتى. بەكمۇ تەستە ئانا بولۇش سالا-
ھىيىتى ۋە شەرىپىگە ئېرىشكەن ياش ئانا تۇنجى ئارزۇلۇق پەرزەنتى-
نىڭ دەسلەپكى يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ چەكسىز شادلىقتا چۆمۈ-
ۋاتاتتى… «ئاھ! ئۆرگۈلەي ئاۋازىڭدىن! نېمىدېگەن سەبىي، كۈچ-
لۈك، نېمىدېگەن يېقىملىق، تەسىرلىك! ئانا ئۈچۈن باغرىنى
يېرىپ چۈشكەن بالىسىنىڭ تۇنجى يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاشتىنمۇ ئار-
تۇق ھۇزۇر – لەززەت، بەخت – شادلىق بارمۇ ئالەمدە!…»

بوۋاق چىڭقىلىپ، كۆكىرىپ يىغلايتتى. ئۇ ئاۋۋال تېلىقىپ،
تېپىچەكلەپ، تۇكلۇك گەۋدىسىنى تىترىتىپ، چىرقىراپ يىغلى-
دى، كېيىن ئاۋازى بارا – بارا پەسىيىپ بىر خىل رىتىم ھاسىل
قىلىپ ئىڭگەلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ،
چوغدەك قىزىل، ئويماقتەك كىچىك ئېغىزىنى چىرايلىق ئېچىپ،
تېپىچەكلەپ، ئىڭگەلەپ يىغلىشى ئايقاغاننى قەۋەتلا سۆيۈندۈرۈپ،
ۋۇجۇدىنى شۇررىدە ئېرىتىۋەتتى. بوۋاقنىڭ يىغلىشى ئۇنىڭ نور-
مال، ساغلام، تېتىك ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، ئانىسىنى ئىزدىگى-
نى سېغىنغىنى، چاقىرغىنى، ئۇنىڭغا تەلپۈنگىنى ئىنتىزار بولغى-
نى. ئۇ بالىنىڭ ئانىغا بولغان مېھىر – مۇھەببىتى، ۋاپا –
ساداقىتى، ئۇنىڭ جان – تېنىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ئىككى
ئارىدىكى ئۈزۈلمەس رىشتىنىڭ چىڭ باغلانغىنى!…

ئايقاغان تۇنجى بولۇپ بالىسىنىڭ زۇۋانى توغرىسىدىكى ئەندى-
شىسىدىن خالاس بولدى. ئۇ تومۇز تاشقىنىدەك دەۋرەۋاتقان ئانى-
لىق مېھىر كۈچىنىڭ تەسىرىدىن باشقا ھەممىنى — بۇ دۇنياغا
يېڭى كۆز ئاچقان بالىسىنىڭ غارىپ، سۇرلۇك بۆرىگە ئوخشاش
تۇرق – سىياقىنى، ئۇنىڭ نورمال بوۋاقلاردىن روشەن پەرقلىنىدى-
غان چوڭ، ئەتلىك، چىڭ، قوپال، تۈكلۈك بەدىنىنى، ئالىقانلى-
رىدا چىڭ تۇتۇۋالغان قىپقىزىل قان ئۇيۇلمىلىرىنى، يېڭى تۇغۇل-
غاندا يىغلىماي، كېيىن، كۆن ئۆتكەندە، سىرى ئاشكارا بولغاندا
ئاندىن يىغلاپ تېلىقىپ كەتكىنىنى؛ ئۆزىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن
بۇيانقى ئازاب، پۇشايمان، غەم – تەشۋىش، ھەيرانلىق، تەئەج-

جۇپ، چۆچۇش، ۋەھىمە، ئىزتىراپ ۋە ھارغىنلىق، ماغدۇرسىز-لىقلىرىنى ئۇنتۇپ، بالىسىنى ئاۋايلاپ قۇچىقىغا ئالدى. بالىنىڭ تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان قوللىرى نېپىز ئارتىغ[1] ئۈستى-دىن سۈت تولۇپ چىڭقىلىپ كەتكەن كۆكسىگە تېگىپ كېتىۋىدى، ئۇ تېخىمۇ ئاجايىپ بىر شېرىن لەززەت ھېس قىلىپ، تومۇرلىرى-دىكى قانلار ئۇرغۇپ، پۈتۈن جىسمى شۈرۈرىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ ئارتىغنى قايرىپ ئەمچىكىنى چىقاردى. بۇنى كۆرۈپ بىر - بىرى بىلەن كۆز بېقىشىپ ئۆلگۈرگەن قىرقىنلار شەپە چىقارماي چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار بالا ئېمىتىدىغان ئانىغا كۈچ - مادار، سۈت - ئوزۇق بولىدىغان قۇۋۋەتلىك غىزالارنى تەييارلىشى كېرەك ئىدى. ھېلىمۇ چوڭ ئالچىنىڭ بىرنېمە يېمى-گىنىگە، ئارام ئالمىغىنىغا بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالدى ئە-مەسمۇ... ئايقاغانغا پەقەت قېرى قاملا ھەمراھ بولۇپ قالدى. ئۇ چەكسىز ھاياجان، تەلپۈنۈش ۋە تەقەززالىق ئىچىدە ئەمچىكىنىڭ توپچىسىنى بالىسىنىڭ قىزىق، يۇمشاق ئېغىزىغا سالدى. ئاھ!... يېڭىچە غىدىقلىنىش، شېرىن لەززەت، قىياندەك مېھىر، ئۈزۈلمەس رىشتە، ئانىلىق بۇرچ، ئۆزىنى بېغىشلاش روھى، چەك-سىز پەخىر - ئىپتىخار، ئۇلۇغۋار ئارمان، پارلاق كەلگۈسى، يۈكسەك شان - شەرەپ!... ئايقاغان كۆزلىرىنى يۇمدى.

بوۋاق ئۇنىڭ ئەمچىكىنى ئاجايىپ تەشنالىق بىلەن شورىدى. شۇئان ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا ئىسسىق قانلار، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىققان ئاپئاق سۈت لۆمىشىپ، مەۋج ئۇرۇپ، شۇرقىراپ ئاقتى - دە، كۆكسىنى تاتلىق غىدىقلاپ، جىسمىنى راھەتلەندۈ-رۈپ، شېرىن مەستخۇش قىلىپ سىرغىپ چىقىپ بوۋاقنىڭ ئېغى-زىغا قۇيۇلدى. ئاندىن بوۋاقنىڭ تىل، تاڭلايلىرىنى بويلاپ ئې-قىپ، يۈرەك - باغرىنى ياشارتىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمىغا ھارا-رەت، كۈچ - قۇۋۋەت، ئىنسانىي غۇرۇر، ئۆلمەس روھ، ۋاپا -

---

① ئارتىغ — ئايالچە جىلىتكە، يېپىنچا كىيىم.

ۋىجدان ۋە تۈگىمەس ـ پۈتمەس ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. شۇ
دەقىقىدە بوۋاقمۇ، ئانىمۇ تەبىئىي ھالدا بىر ـ بىرىگە مەھكەم
يېپىشىپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندى. بوۋاقنىڭ بۇدرۇق، تىنىم-
سىز قوللىرى ئانىسىنىڭ سەزگۈر كۆكسىنى تۇتۇپ مۇجۇۋۇ-
دى، ياش ئانا «ئىھ!...» قىلىپ ئىڭراپ تاشلىدى، تۇمشۇقىنى
بوۋىقىنىڭ قويۇق، يۇمشاق چاچلىرى ئارىسىغا تىقىپ، ئۇنى سۆ-
يۈپ ھىدلاپ باغرىغا تېخىمۇ چىڭ تاڭدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ
مەست ـ بىھوش بولدى، ئانا بولۇشنىڭ نەقەدەر تەس، مۇشكۈل،
ئەمما تولىمۇ ئۇلۇغ، شەرەپلىك، لەززەتلىك ھەم پەخىرلىك،
ئىپتىخارلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلدى.

ئەپسۇسكى، چوڭ ئالچى ئايقاغاننىڭ بۇ پەخىرلىك ھېسسىيا-
تى، خۇشاللىق ھاياجىنى ۋە مەست ـ بىھوش راھەت ـ ھۇزۇرى
ئۇزاققا بارماي يەنە يوقالدى. چۈنكى، بوۋاق ئۇنىڭ ئەمچىكىنى
شۇ بىرلا قېتىم ئېمىپ، قايتا ئەممىدى. بەلكى ئەمچەكنى ئېغىزى-
دىن چىقىرىۋېتىپ، يۈزىنى ئانىسىنىڭ كۆكسىدىن يىراقلاشتۇ-
رۇپ، ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك تەئەججۇپ ئىلكىدە قېتىپ قالغان
كۆزلىرىگە، ئىپادىسىنى يوقىتىشقا باشلىغان چىرايىغا قاراپ پى-
سىڭىدە كۈلدى ۋە پۈت ـ قوللىرىنى تېپىرلىتىپ بېلىقتەك
پىلتىڭلىدى. ئايقاغان ئۇنىڭ كۈلۈشلىرىگە، پىلتىڭلاشلىرىغا قا-
راپ سۆيۈندى. مەستلىكى، زوقى كېلىپ ئىختىيارسىز ھالدا جىل-
ۋە قىلدى، ئاندىن «بۇ ئەمچىكىمدىن سۈت چىقمىغان بولسا كې-
رەك» دەپ ئويلاپ، يەنە بىر ئەمچىكىنى ئۇنىڭ ئېغىزىغا سالدى.
بوۋاق بۇ ئەمچەكتىنمۇ شۇ ئوغۇز سۈتىنىلا شوراپ قايتا ئەممىدى،
يەنە كۈلدى، پىلتىڭلىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ تىنىق بۇلاق سۈيىدەك
كۆپكۆك كۆزلىرى ئاجايىپ بىر ئۇچقۇنلارنى چاچرىتىپ چاقناپ
كەتتى. چىرايىمۇ قىزىرىپ، پارقىراپ، نۇرلىنىپ، ۋىلىق ـ
ۋىلىق بولۇپ كەتتى. ئايقاغان ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ، زوقلىنىپ
سىرلىق ھاياجانغا تولدى. ئۇنى قايتا تويغۇچە ئېمىتىشكە ئۇرۇن-
دى. لېكىن بوۋاق ئۇنى زادىلا ئەمگىلى ئۇنىمىدى، ھەتتا ئېغىزىنى

www.uyghurkitap.com

يۇمۇۋېلىپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قوللىرىدا ئىتتىرىپ، پۇتلىرىدا تېپىپ قارشىلىق قىلدى. تۇغۇلۇپ ئانىنىڭ ئوغۇز سۈتىنى ئېمىۋې-لىپلا ئانىسىغا بويۇنتاۋلىق قىلدى... ئاھ، توۋا! بۇ قانداق قىلغى-نى ئۇنىڭ؟ ئۇ ھېلىتىن بۇنداق قىلغىلى تۇرسا، كېيىن چوڭ بولغاندا قانداق قىلار؟...

ئايقاغان بىردىنلا رەللە بولۇپ پۇشنىپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئوغلىنى ئۆزىنىڭ ئاپئاق، غۇبارسىز، مېھنەتسىز سۈتى بىلەن بېقىپ تويغۇزۇشى، ئۇنى ساغلام، تېتىك، بەقۇۋۋەت، جەسۇر چوڭ قىلىشى، ھەر ئىشقا يارىغۇدەك، ئەلكۈنگە ئەرزىگۈدەك، ھونغا تۇغ - باش بولغۇدەك ئالىپ چەۋەنداز قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشى كېرەك - دە. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەڭ ئاۋۋال ئانا سۈتىنى تويغۇچە ئەمسە، ئۇنىڭدىن ئوزۇق، ئۇدۇم ئالمىسا قانداق بولى-دۇ؟ لېكىن بۇ بالا تازىمۇ بىر...

ئايقاغاننىڭ تۇرۇپلا يەنە جەھلى قاتتى، بوۋاقنى زورى بىلەن كۆكسىگە تېڭىپ، ئەمچىكىنى ئېغىزىغا كەپلەپ، ئۇنى ئېمىشكە زورلىدى. لېكىن بوۋاق يەنىلا ئەمگىلى ئۇنىمىدى، تېپىچەكلەپ، قوللىرىدا ئانىسىنىڭ كۆكسىنى مۇجۇپ - مورلاپ، ئاخىر بولالماي چىرقىراپ يىغلىۋەتتى. ئايقاغان ئامالسىز ئۇنى ئۆزىدىن نېرى قىلدى. ئەمما قانداق قىلىشنى بىلەلمەي زەردىگۈش بولۇپ تۇرغاندا، ئۇشتۇمتۇت خاس خانىنىڭ پەنجىرىسىگە «گۈچ!» قى-لىپ بىر نەرسە ئۇرۇلدى - دە، ئۆي ئىچىنى قاراڭغۇلۇق باستى. بوران!... شىددەتلىك بوراننىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئېنىق ئاڭلاندى. ھايال ئۆتمەي بوران تېخىمۇ كۈچەيدى. كۆككە چاپ-چىغان تىزگىنسىز دولقۇندەك كۈچ بىلەن ئۇرۇپ، يەر - جاھاننى لەرزىگە سېلىپ گۈركىرىدى. بۇ چاغدا زېمىن خۇددى مەغرىبتىن مەشرىققىچە يېرىلغاندەك قاتتىق تىترىدى. ئارقىدىنلا ئاسمان ئۆرۈلۈپ يەر بىلەن سوقۇلغاندەك، يۇلتۇزلار چېچىلىپ يەر يۈزىگە تۆكۈلگەندەك ھاۋا گۈلدۈرلەپ، خانىنىڭ تېشىدىلا يېشىن چاقنىدى، پۈتۈن ئالەم ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالغاندەك بولدى. دەل

مۇشۇ پەيتتە، يەنە قەيەردىندۇر سانسىزلىغان بۆرىلەرنىڭ
ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈنغا سوزۇپ ھۇۋلىغان يۈرەكنى ئەزگۈدەك ئەلەم-
لىك ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى! ... ئەجەبا، تەبىئەتتىكى بۇ مەزگىلسىز
ئۆزگىرىش ـ ئالامەتلەر ياش ئايقاغاننىڭ تولغاق ئازابىدا جان تالاش-
قان ھالىتىگە بەكمۇ ئوخشىشىپ كەتتىغۇ! ؟ شىددەتلىك بوراننىڭ
ئۇشتۇمتۇت بېسىپ كېلىشى ئۇنىڭغا دەسلەپ تۇتقان ئاچچىق تول-
غاقنىڭ، يەرنىڭ تەۋرىشى، ھاۋادا گۈلدۈر ـ قاراسلاپ يېشىن
چاقنىشى ئۇنىڭ تولغاق ئازابىدا تولغىنىپ، ئاغرىققا چىدىماي كۆز-
لىرىدىن ئوت چاقناپ كەتكىنىنىڭ، بۆرىلەرنىڭ ئەلەملىك ھۇۋلى-
شى ئۇنىڭ ئازابقا چىدىماي ئېچىنىشلىق نالە ـ پەرياد ئۇرغىنىنىڭ
تىمسالى ئەمەسمۇ؟ ! يا بولمىسا تەبىئەتمۇ — يەر، ئاسمان، كۈن،
ئاي، يۇلتۇزلارمۇ بىرەر مۆجىزىگە ھامىلىدار بولۇپ تولغاق يەۋا-
تامدىكىن؟ ...
بوۋاق بىردىنلا يىغىسىدىن توختىدى، ۋەھىي ئاڭلاۋاتقاندەك
قۇلاقلىرى بىلىنەرلىك مىدىرلاپ، كۆزلىرى كۆكتىكى يارقىن
يۇلتۇزدەك چاقناپ كەتتى. بۆرىلەرنىڭ ئاۋازى كېلىۋىدى، ئۇ
ۋىلىقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى. ئانا بۇ ئالامەتلەردىن تېخىمۇ سىرلىق
ھاياجانغا تولدى... يا تەڭرىم! بۇ قۇتنىڭ بېشارىتىمۇ ياكى بالا ـ
قازانىڭ؟ ... ئۇ ئىختىيارسىز قورقۇپ ۋەھىمە ئىچىدە قالدى.
خۇددى بىرى قۇچىقىدىكى بالىسىنى ئەكېتىدىغاندەك، زورلۇق بى-
لەن تارتىۋالىدىغاندەك، بالامنى ئەكەتمەكچى بولساڭ مېنىمۇ، ئە-
كەت، دېگەندەك ئۇنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ پاناھىغا ئالدى. ئۇ
ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا، قورقۇنچىنى بېسىشقا تىرىشىپ كۆزلىرىنى
يۇمدى ـ دە، تەڭرىلەردىن مەدەت تىلەشكە باشلىدى...
«ئەي مۇقەددەس كۆك تەڭرى، خاسىيەتلىك يەر تەڭرى،
قۇدرەتلىك ياشىق[1]، يالچىق[2]، يۇلتۇز تەڭرىلەر! بالامنى ۋە مېنى

① ياشىق — كۈن، قۇياش.
② يالچىق — ئاي، ئاي شارى.

ئۆز پاناھىڭلارغا ئېلىڭلار، بالامغا ئەسەنگۈلۈك[1]، ساغلاملىق ئاتا قىلىڭلار. ئۇنىڭ ئۆزياشىنى ئۇزۇن، قۇت - بۇيانىنى ئوك قىلىڭلار! تامامىي مەدھىيە ۋە ھەمدۇ - سانالىرىم سىلەرگە مەنسۇپ، تەڭرىلىرىم! سىلەرگە سېغىنىمەن، سىلەرگە تېۋىنىمەن، سىلەردىن شەپقەت تىلەيمەن! ...»

ئەزەلدىن تېرىم - تىكىم بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ باقمىغان، تام ئۆي، شەھەر - بازارلاردا ئولتۇرۇپ ئادەتلەنمىگەن، ھەمىشە سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، قىر - دالا، چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ، ئات ئۈستىدە ياشاپ كېلىۋاتقان كۆچمەن چارۋىچى تائىپە كىشىلىرى سىرلىق مۆجىزە - كارامەتلەرگە باي تەبىئەتنى تولىمۇ كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، ئۆزلىرىنى بولسا ئىنتايىن ئاجىز ھەم بىچارە ھېسابلايتتى. دۇنيادىكى تۈرلۈك ئىشلار قانداقتۇر ئالەمدىن سىرتقى بىر ئىلاھىي قۇدرەت تەرىپىدىن بەجا كەلتۈرۈلىدۇ، دەپ قارايتتى ۋە بۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىپ، تەبىئەت ۋە ئۇنىڭدىكى ئادەتتىن تاشقىرى ھادىسىلەرگە چوقۇناتتى. ئۆز ئۇرۇق - تائىپىسىنىڭ مۇشۇ خىلدىكى ساددا ئەقىدە ئېتىقادى دىلىغا مەھكەم ئورنىشىپ كەتكەن ياش ئايقاغان شۇ تاپتا تەبىئەتتە يۈز بەرگەن بۇ ئۈشتۈمتۇت ئۆزگىرىشنىڭ سىر - ئەسرارىنى چۈشىنەلمەي، ئۇنى تەبىئەتنى تەشكىل قىلىپ تۇرغان يەر، ئاسمان، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، تەڭرىلەرنىڭ زېمىندىكى كىشىلەرگە، جۈملىدىن ئۆزىگە ۋە بۇ دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان بالىسىغا بەرگەن قانداقتۇر ياخشى ياكى يامان بېشارىتى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، تەگسىز تەئەججۈپ ۋە سىرلىق ھاياجانغا تولۇپ، قورقۇپ، تەشۋىشلىنىپ ياتاتتى.

«بىلىمەن، سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن، — دەپ نىدا قىلاتتى ئۇ تەڭرىگە، — ئەي مۇقەددەس كۆك تەڭرى، خاسىيەتلىك يەر تەڭرى! ئوغلۇم سىلەرنىڭ يېگانە مۆجىزەڭلار، ياراتمىشىڭلار. سىلەر

---

① ئەسەنگۈلۈك — ئامانلىق، بەختەرلىك، تىنچلىق.

ئۇنى مەن ئارقىلىق تەۋەللۇت قىلىۋاتىسىلەر! ئەي قۇدرەتلىك
ياشىق تەڭرى! ئوغلۇم سېنىڭ يورۇق ھەم ئىللىق نۇرۇڭ، سەن
ئۇنى مەن ئارقىلىق ئالەمگە تۆكۈۋاتىسەن! ئەي خىسلەتلىك يال-
چىق، يۇلتۇز تەڭرىلەر! ئوغلۇم سىلەرنىڭ زېمىندىكى سېيمايىڭ-
لار، سىلەر ئۇنىڭ سىياقىدا نامايان بولۇۋاتىسىلەر!… ئى مۇقەد-
دەس، شەپقەتلىك تەڭرىلىرىم! ماڭا رەھىم قىلىڭلار، ئوغلۇمغا
قۇت بېرىڭلار، بىزنى يۆلەپ ئۆز پاناھىڭلارغا ئېلىڭلار!…»

## 4

ئايقاغان ھارغان، چارچىغان، قانسىراپ ھالسىزلانغان، كۈچ
ماغدۇرىدىن كەتكەنىدى. شۇڭا قېرى قام ئۇنى قويىنىڭ يۇمشاق
پىشۇرۇلغان كاللا - پاچىقى، تۇخۇم چېقىپ ئۆرلىتىلگەن كالا
سۈتى، سىڭىشلىك ئۇلار، كەكلىك، قىرغاۋۇل، جەرەن گۆشلىرى
بىلەن غىزالاندۇردى. ئايقاغان بۆرىگە نېسۋە ئايرىپ تەڭرىگە تې-
ۋىنغاندىن كېيىن، يېنىدىكى تېرە يۆگەك ئىچىدە تاتلىق ئۇيقۇغا
كەتكەن بالىسىغا قاراپ ئولتۇرۇپ غىزالىنىۋاتقاندا، داستىخاندىكى
نېمەتلەردىن لوقما سۇنۇپ بېرىپ ئولتۇرغان قېرى قام ئۇنىڭ
ئېسىگە يەنە مۇھىم بىر ئىشنى سالدى.

— تەڭرىقۇتقا ئارقىش① ئەۋەتمىدۇق تېخى…

— دۇرۇس ئېيتىسەن، بالدۇرلا ئەۋەتىش كېرەك ئىدى،
ئۇنتۇپلا كېتىپتىمىز، — دېدى ئۇ سەل جىددىيلىشىپ، —
سېنىڭچە، قام ئانا، كىمنى ئەۋەتسەك بولار؟ ئوردىدا تاپىغچىلار-
دىن بۆلەك تۇزۇك ئەر كىشىمۇ يوق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭرىقۇت-
قا ئەگىشىپ ئوۋغا كېتىشتى ئەمەسمۇ.

— شۇنداق، ئالچىم… لېكىن بىر كىشى بار، مېنىڭچە شۇنى
ئەۋەتسەكمىكىن؛

① ئارقىش — خەۋەرچى.

تۇغقۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— كىم ئۇ؟
— ئۇردا ئاتخانىسىدىكى باش يىلقىچى①.
— ھە راست، ئۇ ئۇۋغا بارمىغان... لېكىن ئۇ بىر ياشانغان كىشىغۇ، ئىشقا يارارمۇ؟ ناۋادا...
— ئەنسىرىمە، ئالچىم، مەن ئۇنى ئوبدان بىلىمەن، ئۇ يارايدۇ.
— ئۇنداق بولسا مەيلى، شۇنى ماڭدۇرايلى، ئۆزۈڭ ئورۇنلاشتۇر بۇ ئىشنى. لېكىن شۇنى تاپىلا، ئۇ ئەڭ تېز چاپىدىغان ئۇچقۇر ئاتنى مىنىپ تېز يولغا چىقسۇن.
— خاتىرجەم بول، ئالچىم، ئۇ ھايالشىمايلا تەگرىقۇتنى باشلاپ كېلىدۇ.
قېرى قام قىرقىنلارغا چوڭ ئالچىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەسلىكنى تاپىلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئايقاغان غىزاغا تويۇپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن سوزۇلۇپ ياتتى. ئۇنىڭ بالىسى يېنىدا يېنىك پۇشۇلداپ تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. بۇ تۇغۇتلۇق ئانا ئۈچۈن كەم تېپىلىدىغان پۇرسەت. ئۇ بىردەم ئارامىدا يېتىپ ئۇخلىۋالسۇن... لېكىن ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمىدى. ئۇ نېمىدىندۇر ئەنسىرىگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ بالىسىغا قارىدى، تىن ئالماي ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىغا قۇلاق سالدى. بالا شېرىن ئۇيقۇدا، نەپسى راۋان ئىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە قارىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك پىسسىڭىدە كۈلدى. ئۇنىڭغا قاراپ ئايقاغانمۇ كۈلدى. ئۇ مانا شۇ چاغدا ئاندىن تىنچلىنىپ، ئۇخلاش ئۈچۈن كۆزلىرىنى يۇمدى.
بىراق ئۇنىڭ كۆزىگە يەنىلا ئۇيقۇ كىرمىدى. چۈنكى ئۇنى كۆز ئالدىدىن، خىيالىدىن يېڭى تۇغقان بالىسىنىڭ بۆرە كەبى تۇرق - سىياقى بىردەممۇ كەتمەيتتى. ئۇ ھامان ئۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ، ئەجەبسىنىپ، تەگسىز تەئەججۇپكە چۆكەتتى. قانداقتۇر بىر ئىشلاردىن ۋايىم يەپ، تەشۋىشلىنىپ، ئىزتىراپ چېكەتتى، ۋەھىمە

① يىلقىچى — ئات باقار، مىراخور.

ھېس قىلاتتى.

شۇ تەرزدە ئارىدىن يەنە بىر كۈن ئۆتتى. بۇ جەرياندا بوۋاق بىرنەچچە قېتىم ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ يەنە ئۇخلىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئانىسىنى بىر مەھەل ھاياجانلاندۇرۇپ شۇ بىرلا قېتىم ئەمگىنى قالدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچتى ھەرقاچان، ئەمدى ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئېمىشى كېرەك. بولمىسا ئۇ قانداق ياشىيالايدۇ؟... لېكىن ئۇ بۇنىڭغا ئىنتىلمىدى. ئايىغانىنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا بىكارغا كەتتى. ئەمما ئۇ ئەتىسى ئەتىگەنكى غىزادا ئانىسىنى تېخىمۇ ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغۇدەك روشەن ھەرىكەتلەر بىلەن داستىخانغا، داستىخاندىكى غىزاغا ئىنتىلىپ، تەلپۈنۈپ، قوللىرىنى سوزۇپ تېپىرلاشقا، يىغلاشقا باشلىدى...

«ئاھ، توۋا! ... بۇ ئۇنىڭ گۆش، ئاش تەلەپ قىلغىنى ئەمەسمۇ؟! ... ئۇ گۆش بەرسەم يۇتالارمۇ، ئاش بەرسەم يېيەلەرمۇ؟ سىڭىرەلەرمۇ؟ ئەجەبا، ئۇ شۇنچە كىچىك تۇرۇپ؟!...

مەن زادى نېمە تۇغقاندىمەن؟... ئۇ نېمىشقا يېڭى تۇغۇلغان باشقا بوۋاقلارغا ئوخشاشمايدىغاندۇر؟ تۇرقى ـ سىياقىغۇ مەيلى، لېكىن ئەمچىكىمنى نېمىشقا ئەممەيدىغاندۇر؟ ئوغۇز سۈتۈمنىلا ئېمىۋېلىپ ماڭا قارىمايدىغاندۇر؟ تۇكلۇك، كۆكۈچ بۆرە سىياقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇ يەنىلا قاش ـ كۆزى جايىدا، يەتتە ئەزاسى ساق، زۇۋانى ئوچۇق بىر ئىنسان بالىسىغۇ؟... ئۇنىڭ قورسىقى ئاچمىغانمىدۇر؟... ئاچىدۇ، ئاچقاچقا، ئوزۇقلۇققا موھتاج بولغاچقا شۇنداق قىلىۋاتامدۇ! لېكىن بۇ... ئۇ قانداق چوڭ بولار؟ چوڭ بولغاندا، ئەر يەتكەندە، قانداق كىشى ياكى مەخلۇق بولار؟ ئۇ چوڭ بولغاندا مەخلۇققا ئوخشاپمۇ قالارمۇ؟!...

ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇت ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ ئۇنى كۆرسە نېمە دەر؟ قانداق ئويلاردا بولار، قانداق قىلار؟ ھەيرانلىقتا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالارمۇ ياكى قورقۇپ، ھەزەر ئەيلەپ، نومۇس قىلىپ يېنىدىن قاچارمۇ؟ ۋە ياكى قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئىزا ـ ئەلەمگە

www.uyghurkitap.com

پايلىماي «سەن نېمە تۇغدۇڭ؟ بۇ قانداق مەخلۇق؟ ھونزادەم[1] قېنى؟... »، دەپ مېنى سوراقلاپ، ئەيىبلەپ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرەرمۇ؟... ئۇ كەلسە نېمە دەرمەن؟ ئەھۋالنى قانداق چۈشەندۈرەرمەن؟ ئۇ مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنەرمۇ؟ ئوغلىنى تەن ئالارمۇ؟... ئەلكۈن بىلىسچۇ؟ ئۇلار مەندىن گۇمانلانسىچۇ؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر ـ سەۋەب بار دەپ قارىسىچۇ؟ ... مەندە نېمە سىر بولسۇن، مەن گۇناھسىز! ... بىراق ئەلكۈن دېگەن ئاق قۇشقاچ، بىرى نېمە دېسە قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى دورايدۇ، ئەگىشىدۇ. ئۇلار چوقۇم ئۈستۈمدىن گەپ تاپماي قويمايدۇ. ئۇ چاغدا مەن قانداقمۇ قىلارمەن؟ ئۆزۈمنىڭ ئەيىبلىك ئەمەسلىكىمنى، گۇناھسىزلىقىمنى قانداق چۈشەندۈرىمەن؟ ئۇلارنى قانداق قايىل قىلىپ، قانداق ئىشەندۈرىمەن؟ ! ...

... ۋاي تەڭرىم! ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ ئەمدى! تۇغۇلغىنىغا بىرنەچچە كۈن بولمىغان بوۋاقنىڭ بەدىنىدىكى تۈكلەر ئۆسۈپ، قويۇقلىشىپ، يىرىكلىشىشكە باشلاپتىغۇ! رەڭگىمۇ ئۆزگىرىپتۇ، بەئەينى كۆك قۇرتنىڭ سىرتىدەك! ... يا تەڭرىم! ...»

چوڭ ئالچى ئايقاغان ئېرى تۇمەن تەڭرىقۇت ئۆۋدىن قايتىپ كەلگۈچە ئەنە شۇنداق تەشۋىشلىك تەئەججۈپ ۋە قورقۇنچلۇق ئوي ـ خىياللاردىن بىردەممۇ خالىي بولالماي، كۆڭلىرىنى غەم ـ ئەندىشە ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك، بوۋاقتا يەنە يېڭىدىن ـ يېڭى، غەلىتە ئۆزگىرىشلەر، كۈتۈلمىگەندە، ھەيران قالارلىق ھادىسىلەر يۈز بېرىپلا تۇردى. ئۇ ئانىسى بەرگەن گۆش، ئاشنى بىمالال يەپ ـ يۇتۇپ سىڭىرىپلا قالماي، يەنە ئىشتىھاسىمۇ بارغانسېرى يوغىناشقا باشلىدى. پۇت ـ قوللىرى، بەدەنلىرىمۇ ناھايىتى تېز ھەم ساغلام تەرەققىي قىلىپ چوڭىيىپ، كۈچلىنىپ، بىردىنلا مەخلۇقتەك تۆت پۇتلۇق ئۆمىلەشكە باشلىدى. ئاۋازى تېخىمۇ ئو-

---

[1] ھونزادە — ھون ئوغلى، ھون تەڭرىقۇتزادىسى، شاھزادە.

چۈقلىشىپ، تىلى تاۋۇش ئىپادىلەپ ھەم تاۋۇشلىرى كۆپىيىپ گۈڭرايدىغان، تەلپىنى، ئېھتىياجىنى خېلى ئېنىق ئۇقتۇرالايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھال ياش ئايىقاغاننى ھە دېگەندىلا يەنە گاڭگىرىتىپ، تەمتىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. ئۇ ھامان بالىسىدىن ئەجەبسىنىپ سىرلىق، مۇڭلۇق ئوي - خىيالغا چۆكەتتى. ئۇنى باشقا بالىلارغا سېلىشتۇرۇپ تەئەججۈپلىنەتتى، قورقاتتى، كېيىنكى ئىشلارنى ئويلاپ كۆڭلى زادىلا ئارام تاپمايتتى، تىنچلىنالمايتتى. ھالبۇكى، ئۇ ئېرى تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەن، ئۆزى قورسىقىدا توققۇز ئاي توققۇز كۈن كۆتۈرۈپ، يېتىلدۈرۈپ، بىر قېتىملىق ئۆزياش - ئۆلۈم كۈرۈمىدە تەۋەللۇت قىلغان بىر بوۋاق — ئوغۇل بالا ئىكەنلىكىنىلا ئويلاپ يېتەلەيتتى. باشقىسىغا ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارغا بولسا پەقەتلا ئەقلىنى يەتكۈزەلمەي ئىزا تارتاتتى، ئىزتىراپ چېكەتتى... «مەن زادى نېمە تۇغقاندىمەن؟ مەخلۇقـمـۇ يا ئىنسان؟ ئۇنىڭدا زادى قانداق خىسلەت باردۇر؟...»

ھە راست، ئۇ يېڭى ھامىلدار بولغان كۆك بۆرىگە — ئۇنىڭ كۆركىگە، تۇرقىغا، يۈگۈرۈشلىرىگە، ھۇۋلاشلىرىغا... سېزىك بولغان. ئۇنى كۆرۈش، ئوۋ قىلىشلىرىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن نەچچە كۈنلەپ قىر - دالا، تاغ - ئورمان، جىلغا - جىرا ۋە قىيا تاشلار تۈۋىدە يۈرگەن، تۈنىگەن. ئىنىغا بېشىنى تىقىپ پۇرىقىنى ھىدلاپ كۆرگەن، ھۇۋلاشلىرىغا قۇلاق سېلىپ كېچىلىرى كۆز يۇممىغان، نەچچە قېتىم خىرىس - خەۋپىگىمۇ يولۇققان. ئەگەر ئۇ يىرتقۇچ ھەم ياۋايى بولمىغىنىدا، يېنىغا، ئۆيىگە ئەكېلىۋېلىپ بېقىشنى، ئەركىلىتىپ ئوينىتىپ، قۇچاقلاپ يېتىشنىمۇ ئارزۇ قىلغان. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بۇ غەلىتە سېزىكىگە ھەيران بولۇپ ياقىلىرىنى چىشلەشكەن، سىرلىق ھاياجانغا تولۇپ ئۇنى كۆك بۆرىدەك بىر خىسلەتلىك ئوغۇل تۇغسا كېرەك، دەپ ئويلاشقان ھەم سۆيۈنۈشكەن. ئېرى تۇمەن تەڭرىقۇتمۇ، ئۆزىمۇ شۇنداق ئارزۇ - ئارمانلارغا بۆلىنىپ ئەللەيلەنگەن... بىراق بۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

راست ـ ئەمەلىيەت بولۇپ قېلىشىنى، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر بۆرە كۈچۈكىدەك ئوغۇل تۇغۇشىنى ئۇ پەقەتلا ئويلاپ باقمىغان. چۈنكى بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ئەقىلگە قانداقمۇ سىغسۇن؟ ...

ئۇ ھەممىدىن بەك ئېرى تۇمەن تەكرىقۇتتىن قورقاتتى. ئۇنىڭ ئۇۋدىن قايتىپ كېلىپ ئارزۇلۇق ئوغلىنى — ھونزادىسىنى كۆرگەندىن كېيىن قانداق ئويلاردا بولىدىغانلىقىدىن، ئۆزىدىن نېمىلەرنى سورايدىغانلىقىدىن، ئوغلى ۋە ئۆزىگە قانداق قاراشتا، قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىدىن تەشۋىشلىنىپ، ۋايىم يەپ، چوڭقۇر غەم ـ ئەندىشە ۋە ئوي ـ خىيالغا چۆمەتتى. ئارىدا قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئۇقالماي ئەلەملىك ئىزتىراپ چېكەتتى. ئوغلىدا بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق غەيرىي، غەلىتە ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىدىن، ئۇنىڭ قانداق چوڭ بولۇشىدىن، چوڭ بولغاندا قانداق كىشى ياكى مەخلۇق بولۇپ چىقىشىدىن، ئۇنىڭ ساق تۇرالايدىغان ـ تۇرالمايدىغانلىقىدىن، ھاياتىدىن، تەقدىرىدىن ئەنسىرەيتتى. «ئى شەپقەتلىك تەكرىم! ئوغلۇمغا ئەسەنگۈلۈك، ماڭا ئاسانلىق ئاتا قىلغايسەن! ...» دەپ كۈنۈتۈن تەڭرىگە سېغىنىپ مەدەت تىلەيتتى.

## 5

ئوتتۇز ياشتىن ھالقىغان تۇمەن تەكرىقۇت بىلەكلىرى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە، قەلبى ئىنسانىي غۇرۇرغا تولغان، ۋۇجۇدىدىن ئۆزىنىڭ قىرانلىق دەۋرىگە خاس جۇشقۇنلۇق، غەيرەت ـ جاسارەت، ھىممەت ـ شىجائەت ۋە باھادىرلىق ئۇرغۇپ تۇرغان، بۇغىدەك تازا، قىزىل قۇچۇرىدەك تۈز ھەم ئېگىز، قويۇق قارا ساقاللىق كىشى ئىدى. ئۇ ھەر تاڭدا سەھەر تۇراتتى، ئۆيىدىن چىقىپ ئەتراپقا، يىراقلارغا نەزەر سېلىشنى، تاڭ سەھەرنىڭ ساپ ـ سالقىن ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىشنى، ئەتىگەنكى قۇياشنىڭ ئۆپۈقتىن

كۆتۇرۇلۇپ چىقىشىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇنىڭغا — ياشىق تەڭرىسىگە چوقۇنۇشنى بىر كۈنمۇ قازا قىلمايتتى.

مانا بۈگۈنمۇ ئۇ جىلغا بويلاپ سوزۇلغان كىچىك تارام بويىدى-كى ياپيېشىل تۆپىلىككە تىكىلگەن ئېگىز كەرگىلىك كۆك چېدىر-دىن چىقىپ كۈز كۈنلىرىنىڭ ئەتىگەنكى ساپ - سالقىن ھاۋا-سىدىن قېنىپ - قېنىپ سۈمۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاخشامقى سۈرجەكتە ئىچكەن مەينىڭ تەسىرى كەتمەي ئېسىلىپ تۇرغان كال-لىسى بىردىنلا سەگەكلەشتى - دە، تېنى راھەتلىنىپ، روھى ئۇرغۇدى. ئۇ قوللىرىنى سوزۇپ كېرىلدى، ئاندىن ئۆز چېدىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوۋچىلار بارگاھىغا نەزەر سېلىپ، بارگاھ ئالدىدىكى كىچىك تارامنىڭ سۈبھى دەمدە ئۈزۈن ئاپئاق شايىدەك يىلان باغرى سوزۇلۇپ ئېقىۋاتقان سۈيىنى تاماشا قىلىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، نەزىرىنى يۇقىرىغا، سول يېنىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان چۇغاي تېغىغا تاشلىدى.

شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، جەنۇبتىن شىمالغا كېڭەيگەن، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىكى كۈز يامغۇرىدا يۇيۇلۇپ باشقىچە بىر پاكىز، گۈزەل تۇسكە كىرىپ قالغان چۇغاي تېغى تاڭ سەھەرنىڭ ئوچۇق ھاۋاسىدا مۇقەددەس ئانا زېمىننى قۇچاقلاپ، سىرت - ياللىرى پارقىراپ تۇرغان غايەت زور، ھەيۋەتلىك كۆك بۆرىدەك كېرىلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆكنى تىرىگەن ئۇچلۇق، ئاق باش چوققىلىرىدىن ئاللىقانداق بۇيۇكلۇك، پۇكۇلمەس جەسۇرلۇق، سۇنماس قەتئىيلىك، ئۆلمەس ئەبەدىيلىك، بوككىدە يېشىللىققا پۇركەنگەن بەل - پاقتال، جىلغا - جىرالىرىدىن مۆجىزىسىمان گۈزەللىك نامايان بولۇپ تۇراتتى. تۇمەن تەڭرىقۇت ئۇنىڭ شەرق ئۇپۇقىدىن كۆتۈرۈلۇش ئالدىدا تۇرغان قۇياشنىڭ شەپەق نۇرلىرىدا نەيزىنىڭ ئۇچلىرىدەك پارقىراشقا باشلىغان ئېگىز، ئاق باش چوق-قىلىرىغا قاراپ ئىختىيارسىز ھاياجانغا چۆمدى... نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىكى يامغۇر چوققىلارغا قار بولۇپ چۈشۈپتۇ - دە! ... پاھ، تۇنجى قاردىن بېشى ئاقارغان مويسىپىت چوققىلار، يامغۇردا يۇيۇ-

www.uyghurkitap.com

نۇپ ياشنىغان ياپيېشىل تاغ ـ ئورمان! نېمىدېگەن كۆركەم ـ ھەيۋەتلىك، نېمىدېگەن گۈزەل، نازپەرى! … ئەپسۇس، ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي پەسلى[1] كىردى. بۇ گۈزەللىك، بۇ يېشىللىق ئەمدى ئۇزاققا قالماي سولىشىپ ئۇششۇيدۇ، ھەننىۋاسى توزۇپ، قۇرۇپ، قېلىن قار ئاستىدا قېلىپ يوقىلىدۇ. سولماي، ئېگىلمەي ئۆز پېتى قالىدىغىنى، كۆركىنى، ھەيۋىتىنى يوقاتمايدىغىنى پەقەت كۆككە بوي سوزغان ئاشۇ ئېگىز چوققىلار! …

ئۇ ھېسسىياتىغا بېرىلىپ خۇرسىنىپ قويدى. يېشىللىق ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكى نېمىدېگەن جەلپكار، قەدىرلىك ـ ھە! بىراق، قىشنىڭمۇ، ھەممىنى كۆمۈپ تاشلايدىغان قارنىڭمۇ ئۆزگە يارىشا خىسلەت ـ خاسىيىتى، گۈزەللىكى بار. ئۇ چاغدا ئوۋ تېخىمۇ قىزىيدۇ… دەل مۇشۇ پەيتتە، ئۇنىڭ كۆزلىرى تاڭ سەھەرنىڭ قىزغۇچ ئاسمىنىدا، ئاق باش چوققىلارنىڭ ئۈستىدە، ناھايىتىمۇ ئېگىز ھەم يىراقتا ئۇچۇپ ـ ئەگىپ يۈرگەن بىر ئۇچارقاناتنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، يۈرەكلىرى ئويناپ، قەلبى باشقىدىن ھاياجانغا تولدى. بۈركۈت! … ئۇنىڭ كۆرگىنى ئاشۇ كۆك تىرىگەن ئۈچلۈق ئېگىز چوققىلاردىن ھالقىپ ئۆتمەكچى بولغاندەك پايانسىز ئاسماننىڭ قەرىدە قاناتلىرىنى كەڭ ئېچىپ سالماق، ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان بىر بۈركۈت ئىدى… «تاڭ سەھەردىلا ئوۋ ـ ئولجا ئىزدەپ چىقىپتۇ ـ دە، قارا ئۇنىڭ جەسۇر، قەيسەرلىكىگە! … ئاجايىپ قۇش ـ دە بۈركۈت دېگەن! جۈغى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ قاناتلىرى ئۇزۇن ھەم ئەپچىل، پۇتلىرى مەزمۇت، كۆزلىرى ۋە تىرناقلىرى ئۆتكۈر، ئۆزى شۇنداق جەسۇر، چاققان، كۈچلۈك ھەم جۈرئەتلىك. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئۆزىدىن چوڭىغا ئىككىلەنمەي ھۇجۇم قىلىدۇ. ئېگىز ئاسماندىن شەپە چىقارماي، كۆلەڭگىسىنى كۆرسەتمەي ئۇشتۇمتۇت شۇڭغۇيدۇ ـ دە، ياۋۇزدەك[2] سالماق بىلەن ئوقتەك تېز ئۇچۇپ ئولجىسىغا تاشلىنىد-

① ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي پەسلى — كۈز پەسلى.
② ياۋۇز — ئېگىز (تاغ) دىن دومىلاپ چۈشكەن تاش.

دۇ. ئۇلجا ئۇنى سېزىپ، كۆرۈپ ئۈلگۈرگۈچە ئۇ ئۇنى توسۇپ، قاناتلىرى بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ، يۈز - كۆزلىرىنى چوقۇپ - چاڭگاللاپ، بوغۇزىدىن قاماللىۋالىدۇ - دە، ئۆتكۈر تۇمشۇقى بىلەن گۆرەن تومۇرىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ ياكى بوينىنى قايرىپ سۇندۇرۇۋېتىدۇ. ئاندىن ئۇنى بېسىپ - چاڭگاللاپ، قاناتلىرىنى قېقىپ ئولتۇرۇپ ئالدىرىماي بويسۇندۇرىدۇ ياكى قانسىرىتىپ، ھالسىرىتىپ، تېپىرلىتىپ جېنىنى ئالىدۇ. ئاخىرىدا ئەتلىرىنى سوۋۇتماي مەززە قىلىپ يەۋېتىدۇ. ئۇ باشقا يىرتقۇچلاردىن كىچىك بولغىنى بىلەن شۇنداق ئۆتكۈر، چەبدەس، جەسۇر ھەم ۋەھشىي!

لېكىن ئۇ كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ، خىرىس قىلمايدۇ. شۇڭمۇ كىشىگە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك، چىرايلىق ھەم يېقىملىق كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ كۆركىدىن، ھەيۋىتىدىن، جەسۇرلۇقىدىن كىشى چۆچۈيدۇ ھەم زوقلىنىدۇ. ئۇ قۇشلارنىڭ سەركىسى، كۆكنىڭ ئەركىسى. ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتى، ئەۋزەللىكى ئاشۇ بىر جۈپ تالماس قانىتى بىلەن ئۆتكۈر كۆزلىرىدە. ئۇ كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلىپ، ھەممىدىن ئېگىزدە، يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، بىپايان زېمىننى، زېمىندىكى ھەممە مەۋجۇداتلارنى بىمالال كۆرەلەيدۇ، كۆزىتەلەيدۇ. خالىغان يېرىگە خالىغان ۋاقىتتا ئۇچۇپ بارالايدۇ. ئېگىز تاغلاردىن، چوڭقۇر ھاڭلار، ئىسسىق - سوغۇق، بوران - چاپقۇنلار ئۇنى توسۇپ قالالمايدۇ. ئۇنىڭ يولى تۈز، ئۇدۇل ھەم ئوغۇر[1]!...

ئەپسۇس، مەنمۇ بىر تەڭرىقۇت، يەر يۈزىدىكى نۇرغۇنلىغان ئۇرۇق - قەبىلە، ئۇلۇس - ئىلەتلەرنىڭ[2] ھۆكۈمرانى. تەلىم - تەسىم[3] مال - يىلقا، يەر - سۇنىڭ يېگانە خوجىسى. تەڭرىنىڭ ئوغلى، كىشىلەر ئارىسىدىكى سەركە ھەم ئەركە. بىراق

---

① ئوغۇر — ئاق، ئوچۇق، داغدام.
② ئۇلۇس - ئىلەت — يۇرت - ئايماق، قوۋم - مىللەت.
③ تەلىم - تەسىم — سان ساناقسىز، ھەددى - ھېسابسىز، نۇرغۇن.

مەن ئۆزۈمگە قاراشلىق يۇرت ـ زېمىنلارنىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ كۆرۈپ كېلەلىگىنىم يوق. ئاشۇ بىپايان، تۇز داللاردا، قىر ـ تۆپە، تاغ ـ جىلغىلاردا تىزگىن سىيرىتىپ ئات چاپتۇرغىنىم، ئۆگۈز ـ ئېقىنلاردا غۇلاچ تاشلاپ ئۈزگىنىم يوق. ئاشۇ باغرى ئىسسىق ئارسال① تۇپراقلاردا، مەخمەلدەك يۇمشاق، ياپيېشىل ئوتلاقلاردا ئېغىناپ يېتىپ، يەر تەگرى ئاتا قىلغان ھۇزۇر ـ راھەت ۋە ئەركىنلىكتىن قانغۇدەك بەھرىلەنگىنىم يوق. ئۇرۇقداشلىرىمنىڭ، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىمنىڭ، ئەلكۈنىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھال ـ كۈنىنى كۆرۈپ، مۇڭ ـ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ سىرداشقىنىم، ئۇسسۇل ـ سامالىرىنى تاماشا قىلىپ شادلانغىنىم يوق. ئۇلارغا تەگرىقۇتلۇقنىڭ — ھون قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى، شان ـ شۆھرىتىنى تونۇتۇپ، مېھىر ـ شەپقىتىنى يەتكۈزگىنىم يوق. ياۋۇ ياتلارغا كۈچ ـ ھەيۋە كۆرسىتىپ يىراقلارغا ئات سالغىنىم، يۇرۇش ـ سوقۇشلارنى قىلىپ شان ـ زەپەرلەر قۇچقىنىم يوق. ئەدناسى ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىگە بولۇپ، ئەركىن ـ ئازادە ياشاپ باققىنىم، كېچىلىرى تىنچ ئۇخلىغىنىم يوق. شۇنداق... چۈنكى مەندە بۈركۈتنىڭكىدەك تالماس قانات، ئۆتكۈر كۆز يوق. مەن ئۇنىڭغا قارىغاندا كۆپ ئاجىز. ئەگەر مەندىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر جۈپ قانات بولغان بولسا...!

مېنى كەچۈر، تەگرىم، ھېسسىياتقا بېرىلىپ ناشۈكۈرلۈك قىلدىم، ئالدىڭدا گۇناھكارمەن. ئۆۋىلاندىم، ماڭا رەھىم قىل، مېنى يۆلە!... سەن مېنى بۈركۈتتەك بىر جۈپ قانات بېرىپ كۆككە كۆتۈرمىگىنىڭ بىلەن، ئۇلۇغ تۈز كۆك قۇرتتەك ساغلام، كۈچلۈك تەنگە، خورىماس ئەقىل ـ پاراسەت ۋە تاغنى تالقان قىلغۇدەك ھىممەت، شىجائەتكە ئىگە قىلدىڭ. ماڭا، قېرىنداشلىرىمغا، ئۇرۇقداشلىرىمغا كەڭرى، مۇنبەت زېمىن، مول ئوت ـ

① ئارسال — قوڭۇر.

سۇ، ھېسابسىز مال - يىلقا ۋە تىنچ - خاتىرجەملىك ئاتا قىلدىڭ. چۇغاي تېغى گۇۋاھ، سېرىق ئۆگۈز[1] گۇۋاھ. بىز ھون ئۇرۇق - قەبىلىلىرى بۇ مۇقەددەس زېمىندا قەدىمدىن، ئۇرۇغ - تارىغىمىزدىن[2] تارتىپ گاھى ئاۋۇپ - كۆچىيىپ، گاھى ئازلاپ - ئاجىزلاپ، بەزىدە بىرلىشىپ قۇدرەت تېپىپ، بەزىدە ياتلىشىپ قۇمدەك چېچىلىپ، تارقاق ھالەتتە ياشاپ - ئۇزىراپ كېلىۋاتىمىز. بىراق شۇنى تەن ئالماي تۇرالمايمەنكى، بىز ھونلار ئۆتمۇشتىكى ھەرقانداق بىر ۋاقىت - زاماندىن بۈگۈنكىدەك ئاۋۇپ ھەم ئۇيۇشۇپ قۇدرەت تېپىپ باقمىغان. بۈگۈنكىدەك باياشات، تىنچ - خاتىرجەم ياشاپ باقمىغان. ئۆتمۇشتىكى ھەر قانداق بىر تەڭرىقۇتمۇ ماڭا ئوخشاش شۆھرەت قازىنىپ سەلتەنەت سۈرمىگەن، ئۇلۇغ ئاتالمىغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ شەپقىتىڭ، يۆلىشىڭ بىلەن بولغان، تەڭرىم!...

ھالبۇكى، مەن يەنە شۇنى كۆرۈپ يېتىشىم كېرەككى، بىز ھونلار يەنە كۆپىيىۋاتىمىز. كۆرۈپ تۇرۇپسەن، تەڭرىم، چۇغاي، بۆرە، قۇلان تاغلىرى ئېتەكلىرى، ئۆگۈز ئەگمىسى ۋادىسى، ئوردۇس، ئۆتۈكەن[3]، ئىرسىن[4] يايلاقلىرى، كۈنچىقىشتىكى قاتمۇقات تاغ - ئېدىرلار... بىزگە تارلىق قىلىۋاتىدۇ، بىزنى باقالمايۋاتىدۇ. كۆچەيلى، كېڭىيەيلى، يېڭى ئوت - سۇ ئىگىلەپ، يېتەرلىك مال - بايلىققا ئېرىشىپ، ھال - كۈنىمىزنى ياخشىلايلى، تېخىمۇ ئۇيۇشۇپ كۈچىيەيلى، قۇدرەت تاپايلى دېسەك، ياۋۇياتلار ئەتراپىمىزنى توسۇپ، بىزگە خىرىس قىلىۋاتىدۇ. كۈنچىقىشتا — شارمورۇن، لوخا ئۆگۈزلىرى[5] بويلىرى ۋە چوڭ ھىنگان تاغلىرىنىڭ[6] كۈنگەي تەرەپلىرىدە ئېيىقتەك قارام ۋە كۈچ-

---

① سېرىق ئۆگۈز — سېرىق دەريا، خۇاڭخې دەرياسى.
② ئۇرۇغ - تارىغ — ئەجداد، مەنبە، يىلتىز.
③ ئۆتۈكەن يايلىقى — ھازىرقى موڭغۇل جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇرخۇن دەرياسىنىڭ بويىدا، خاڭغاي تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدە.
④ ئىرسىن — گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىدىكى يايلاق.
⑤ شارمورۇن، لوخا ئۆگۈزلىرى — ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ لياۋنىڭ ئۆلكىسى بىلەن چېگرىداش قىسمى ئىچىدىكى شارمورۇن دەرياسى بىلەن لوخا دەرياسى.
⑥ چوڭ ھىنگان تېغى — ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى داشىڭئەنلىڭ تېغى.

لۇك توڭگۇسلار[1] بار. ئېگىزلىكتىكى[2] بايقال كۆلىنىڭ[3] كۈنپېتىش ۋە تۆۋەن تەرەپلىرىدە، ئورخۇن، سېلېنگا ئۆگۈزلىرى[4] بويلىرىدا تۇرالار[5]، ئاناساي ئۆگۈزىنىڭ[6] يۇقىرى ئېقىنلىرى بويلىرىدا خاككاسلار[7]، ئالتاي تاغلىرىنىڭ يۇقىرى تەرەپلىرىدە چىپار ئاتلار[8] ياشايدۇ. كۈنپېتىشتا — چىلان تاغلىرى[9] ئېتەكلىرىدە ياۋۇز توخرىلار[10]، چىلان تېغى بىلەن دۇخان[11] ئارىلىقىدا ئۇيسۇنلار[12]، كۆكنۇر[13]، تىبەت[14] ئەتراپلىرىدا چياڭلار[15] ياشايدۇ. تەڭرىتاغلىرىنىڭ كۈنگەي تەرىپى بىلەن ئالتاي تاغلىرىنىڭ تەسكەي تەرىپى ئارىلىقىدا تۇركلەر، چۆچەك، زايسان كۆلى[16] ئەتراپلىرىدا باتۇرلار[17]، بالقاش كۆلى[18] ئەتراپلىرىدا ساكلار[19] ياشايدۇ. تۆۋەن ئىقلىمدا — سېرىق ئۆگۈزىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بولسا سېرىق ئۆگۈزنى، سەددىچىنىنى پاسىل قىلغان خۋاشيا بەگلىرى[20] بار. مانا بۇلار بىزنىڭ قۇنشىلىرىمىز[21].

---

① توڭگۇسلار — قەدىمكى تائىپە. تارىخىي كىتابلاردا غۇز (خۇ)، شەرقىي غۇزلار (دۇڭخۇ) دەپ يېزىلغان. ئۇلار (توڭگۇسلار) هازىرقى موڭغۇل ۋە مانجۇ مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى ئەجدادى هېسابلىنىدۇ. توڭگۇسلار ئېيىقنى توتېم قىلغان.

② ئېگىزلىك — بۇ يەردە شىمالىي ئېگىزلىك، يەنى موڭغۇل دالىسى كۆزدە تۇتۇلغان. ئۇ چوڭ خىنگان تاغلىرىنىڭ غەربى، جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ جەنۇبى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقى، چۇغاي، بۆرە تاغلىرى ۋە شەرقىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

③ بايقال كۆلى — تارىخىي كىتابلاردا «شىمالىي كۆل» دەپمۇ يېزىلغان، ئورنى هازىرقى روسىيە تەۋەسىدە.

④ ئورخۇن، سېلېنگا ئۆگۈزلىرى — موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى ئورخۇن دەرياسى بىلەن سېلېنگا دەرياسى.

⑤ تۇرالار — تارىخىي كىتابلاردا دىڭلىڭ (تۇغلۇق) دەپ يېزىلغان. ئۇلار (تۇرالار) هونلار بىلەن بىر مەنبە، يىلتىزداش بولۇپ، هونلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى جۇنۇبىلار دەۋرىدە «دى، دىلار، گۇيفاڭلار» دەپ ئاتالغان. كېيىن دىڭلىڭلار (تۇغلۇق، تۇرالار)، قاڭقىللار (گاۋچې، ئېگىز هارۋىلىقلار)، دىلار، تىلىلار، چىلىلار دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان.

⑥ ئاناساي ئۆگۈز — روسىيە تەۋەسىدىكى يېنىسەي دەرياسى.

⑦ خاككاسلار — قەدىمكى تائىپە، هازىرقى قىرغىز مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئەجدادى.

⑧ چىپار ئاتلار — قەدىمكى قوۋم. ئالتاي تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە ياشىغان.

⑨ چىلان تاغلىرى — گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى چىلىيەنشەن.

⑩ توخرىلار — قەدىمكى تائىپە. توخار، يۈچى، ياۋچى دەپمۇ يېزىلىدۇ.

⑪ دۇخان — دۇنخۇاڭ.

⑫ ئۇيسۇنلار — قەدىمكى تائىپە. ئاسىيۇ، ئاسىيانى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. هازىرقى ئىلى قازاقلىرىنىڭ قەدىمكى ئەجدادى.

⑬ كۆكنۇر — چىڭخەي كۆلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ.

⑭ تىبەت — چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكى.

⑮ چياڭلار — قەدىمكى قوۋم. هازىرقى زاڭزۇ مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئەجدادى.

⑯ زايسان كۆلى — هازىرقى قىرغىزىستان تەۋەسىدىكى ئىسسىقكۆل.

⑰ باتۇرلار — قەدىمكى قوۋم. تۇرالار بىلەن تۇغقان.

⑱ بالقاش كۆلى — هازىرقى بالقاش كۆلى.

⑲ ساكلار — قەدىمكى تائىپە.

⑳ خۇاشيا — خەنزۇلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى.

㉑ قۇنشى — قوشنا.

بىراق تۇرالاردىن باشقىلىرى بىزگە يات، دۈشمەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە كۆز ئالايتىپ، خىرس قىلىپ، ھونلارنى تالان ـ تاراج قىلسام، ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرىنى بۆلۈپ ـ پارچىلاپ يۇتۇۋالسام، ئوت ـ سۇ، زېمىنلىرىنى تارتىۋېلىپ، كىشىلىرىنى قۇل قىلسام، يوقاتساملا دەپ تۇرىدۇ. لېكىن مەن بىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپى بىزدىن تەپ تارتىدۇ، قورقىدۇ، ئېھتىيات قىلىدۇ. ئەمما تەپ تارتقان، قورققان، چېلىشىشقا پېتىنمىغان بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نىيىتى بۇزۇق، چىشى بىلەكلىك. ئۇلار بىزنىڭ ئاجىزلىقلىرىمىزنى بىلىدۇ، تېخى تولۇق بىرلىشىپ كېتەلمىگەنلىكىمىزنى، ئارىمىزدىكى غۇم ـ غۇدۇرات، تەپرىقە ـ تىرىكچىلىقلارنى ئوبدان بىلىدۇ. پۇرسەت تاپسىلا بىزگە ھۇجۇم قىلىشنى، بىزنى تەپرىقە تېرىقىغا تېپىلدۇرۇپ يىقىتىپ، يانجىپ تاشلاشنى ئويلايدۇ، كۈتىدۇ. مانا بۇ بىز ئۈچۈن تەھدىت، تەھلىكە، خەۋپ! ...

شۇڭا بىز جىم ياتساق بولمايدۇ. ئۇلاردىن ھوشيار تۇرۇپ، ئۆزىمىزنى قوغدىمىساق، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇيۇشۇپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرمىساق، ئۆز رىزقىمىزنى ئۆزىمىز تېپىپ يېمىسەك بولمايدۇ.

ئەي تەڭرىم! نىدالىرىم، خىتابلىرىم دەرگاھىڭغا يەتتىمۇ؟ دېگەنلىرىم، تەلەپلىرىم ئورۇنسىز ئەمەستۇر؟ ... مەن سەن تەرەپتە تۇرۇپ سۆزلەۋاتىمەن، ساڭا ئىشىنىپ، ساڭا سېغىنىپ، سەندىن مەدەت تىلەپ شۇنداق دەۋاتىمەن، تەڭرىم. چۈنكى ھەق ـ ئادالەت، مۇتلەق ھەقىقەت، كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ھىدايەت سەن تەرەپتە، سېنىڭ ئىلكىڭدە! ...»

تۇمەن تەڭرىقۇت خىيال ئەيلەپ، ئۈنسىز خىتاب قىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، يېنىغا شەپىسىز، يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولغان داستىخانبەگ[1] ئۇنى غىزاغا تەكلىپ قىلىپ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى.

---

① داستىخانبەگ — ئەمەل نامى. ھونلاردا ئوردا، بارگاھ غوجىدارىغا تەڭ.

www.uyghurkitap.com

جەسۇر بۇركۇت ھېلىھەم كۆك قەرىدە ئۇچۇپ ـ ئەگىپ يۇرەتتى. تۇمەن تەگرىقۇت بۇركۇتكە، ئۇنىڭ نەزەر ـ پەرۋازى ئاستىدىكى قارلىق چوققا، يېشىل تاغلارغا يەنە بىر نەزەر سالغاندىن كېيىن، ئوتقاشتەك تاۋلانغان كۇنچىقىشقا يۇزلەندى. ئەتىگەنكى قۇياش چۇغاي تېغى ئېتىكىدىكى پايانسىز ئوتلاقنىڭ چېتىدىن چىراي ئاچقاندى. ئۇ يېڭى چىققان قۇياشقا — ياشىق تەگرىسىگە تېۋىنىپ، چىن ئىخلاسى بىلەن چوقۇندى، كۆڭلىدە بايىقى ئۇنسىز خىتابلىرىنى تەكرارلاپ، ئۇنىڭدىن قۇت ـ مەدەت تىلىدى، ئاندىن يەنە نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ، سۇنىڭ تېگىدە ئۇزاق تۇرۇپ چىققان كىشىدەك چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ خۇرسىنىپ قويدى ـ دە، ئاستا كەينىگە بۇرۇلۇپ چېدىرىغا ماڭدى.

ئەتىگەنلىك غىزادىن كېيىن، يېڭى ئوۋغا ئاتلىنىشتىن بۇرۇن، تەگرىقۇتنىڭ كۆك چېدىرىدىكى يىغىلىشتا تەگرىقۇت بىلەن يابغۇلار، سانغۇنلار ئوتتۇرىسىدا ئوۋ قىلىشنى توختىتىش ـ توختاتماسلىق توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش يۇز بەردى. بۇ تالاش ـ تارتىشنى تەگرىقۇت ئۆزى كەلتۇرۇپ چىقاردى. ئۇ كېچىدە چۇش كۆرگەنىدى. چۇشىدە ئوۋ قوغلاپ ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. تۇساتتىن بىر كۆك بۆرە پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇدى. بۆرىنىڭ كۆزلىرى ۋىل ـ ۋىل ياناتتى، سىرت ـ ياللىرى پارقىرايتتى. لېكىن ئۇ ئۇنىڭغا خىرىس قىلمىدى، ئۇنىڭغا تىكىلىپ، قۇيرۇقىنى سىلىپ، قۇلاقلىرىنى تىك قىلىپ، ئالدىنى توسۇپ تۇرۇۋالدى. تەگرىقۇت ئۇنىڭدىن قورقتى، ئۇنىڭغا چېقىلماي ئەگىپ ئۆتۇپ كەتمەكچى بولدى. بىراق بۆرە ئۇنىڭغا يول قويمىدى. تەگرىقۇت يەنە پەرۋا قىلماي ئېتىنى چاپتۇرۇپ مېڭىۋىدى، بۆرە بىردىنلا غايىب بولۇپ كۆك نۇرغا، كۆكۇچ تۇمانغا ئايلاندى ـ دە، ئۇنى ئورىۋالدى، ھېچنېمىنى كۆرگىلى، ھېچ يەرگە ماڭغىلى قويمىدى. تەگرىقۇت ئامالسىز كەينىگە ياندى. بۇ چاغدا بۆرە يەنە پەيدا بولدى ـ دە، ئۇنىڭ ئالدىغا چۇشۇپ يول باشلىدى. ئۇ تۇمەنبالىققا قاراپ كېتىۋاتاتتى... تەگرىقۇت

بىلىپ ـ بىلمەي بۇ چۈشىنى بايان قىلىپ، باشقىلارنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. بۇنىڭسىزمۇ ئۇلار ئۇۋدىن يېنىپ قېلىشقانىدى، ئۆيلىرىنى سېغىنىپ، تۇمەنبالىققا قايتىپ كېتىش ئۈچۈن باھانە ـ سەۋەب ئىزدەپ يۈرۈشەتتى.

— چۈشۈڭدىكى كۆك قۇرتنىڭ ئالدىڭنى توسۇپ ئېتىڭنى ئۈركۈتۈشى، پەرۋا قىلمىغىنىڭدا كۆك نۇرغا، كۆپكۆك تۇمانغا ئايلىنىپ سېنى ئورىۋېلىشى، ھېچ ياققا ماڭغىلى قويمىغانلىقى مۇقەددەس كۆك تەڭرىنىڭ سېنى ئەمدى ئوۋ قىلىشنى توختات دېگىنىدىن بېشارەتتۇر، — دېدى پايتەختتىكى ئىلاھىي تەڭرىلىك-نىڭ باش قامانى[①]، يابغۇ ئىنچۇنقان ئاچارى[②] ئۇنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىپ.

— دۇرۇس، — دېدى سول قول قۇتقۇبەگ[③] ئۇنىڭ سۆزىنى قوللاپ، — ھېلىمۇ بىر ئايغا يېقىن، سەككىز مەيدان ئوۋ قىل-دۇق. ئېرىشكەن ئولجىلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ ئەكېتىشمۇ بىر ئىش. بەس، يېتەر ئەمدى. ئوۋ ـ كېيىكلەرنىڭ نەسلى قۇرۇپمۇ كەتمىسۇن.

— ھەي قۇتقۇ، سەن بىلمەيدىغان ئوخشىمامسەن، بىلسەڭمۇ خۇپىسەنلىك قىلىۋاتامسەن ـ يا، ھوندا «توققۇز» مۇقەددەس ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئوۋدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتقان تەڭرىقۇت ئۆزى تاپقان بالاغا ئۆزى دەۋا ئىزدەپ، قۇتقۇبەگكە ھەيۋە قىلىپ، — ئۆزۈڭ دېدىڭ، سەككىز مەيدان ئوۋ قىلدۇق دەپ، دېمەك، يەنە بىر مەيدان ئوۋ قىلىشىمىز بار. تەڭرى بىزگە ئاتىغان ئوۋ كېيىكلىرىمۇ تۈگەپ كەتكىنى يوق تېخى... سەن ئۆزۈڭچە كېچە كۆرگەن چۈشۈمنى يامىنىغا ئۆرۈپ ئوۋنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىلداغ-لىق[④] قىلىۋاتىسەن؟ بۇ سېنىڭ ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان

---

① قامان — پېرىخون، باخشى، شامان دىنى موللىسى.
② ئاچارى — ھەزرەت.
③ سول قول قۇتقۇبەگ — ھۇنلاردىكى ئەمەل نامى، سول قول ۋەزىر. ئادەتتە ئوڭ قول قۇتقۇدىن سول قول قۇتقۇنىڭ دەرىجىسى چوڭ بولاتتى.
④ تىلداغ — باھانە، باھانە ـ سەۋەب.

ئۇدۇم ـ ئادەتنى يوققا چىقارغىنىڭ ئەمەسمۇ؟ سەمىڭگە سېلىپ قوياي، چۈشكە ئۈنچە ئىشىنىپ كەتمە، ئۆزۈڭنى بىلىپراق سۆزلە!

— توغرا، چۈشكە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ، — دېدى يۈرتۈغ سانغۇنى[1] بۆرىبەگ ئوتتۇرىغا چىقىپ.

تەڭرىقۇت ئۇنى مەن تەرەپتە تۇرۇپ سۆزلەۋاتىدۇ دەپ ئويلىدى.

— بىراق، — دېدى ئۇ كۈتمىگەندە، — بەزىدە ئۇدۇم ـ ئادەت دەپلا ئۆتۈۋەرگىلىمۇ بولمايدۇ، تەڭرىقۇت، سەن ئەلكۈنىڭ تۈغى، تەڭرىقۇتى، بىلگە ـ دانىش[2] سەن. شۇڭا سالماقلىق بىلەن ئوبدان ئويلىنىپ بېقىشىڭ كېرەك، ھەۋسىڭگە بېرىلىپ تەڭرىنىڭ بېشارىتىگە سەل قارىساڭ بولمايدۇ... ھېلىمۇ ئوۋنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، يۈخادىن چىققۇدەك قىلدۇق. ئۆيلىرىمىزدىن، ئاۋۇلدىمىزدىن ئايرىلغىلىمۇ بىر ئايدەك بولدى. يۈتۈن ئوغلاق ئاي پەسلىنى بۇ يەردە ئۆتكۈزگىلىمۇ بولمايدىغۇ ئاخىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە...

— ھە، سەن يەنە نېمە دېمەكچى؟ — تەڭرىقۇت يۈرتۈغ سانغۇنىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئۇنىڭغا ئالايدى.

— مەن دېمەكچى، — دېدى بۆرىبەگ دادىللىق بىلەن، — نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا قاتتىق بوران چىقىپ، يامغۇر ياغدى. يامغۇر بۇ يەردە چوققىلارغا قار بولۇپ چۈشتى، قاپتاللاردا سەل بولۇپ ئاقتى. ئۇ بەلكىم تۈمەنبالىقتىمۇ خېلى چوڭ ئاپەتكە ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن. قىرغاۋۇل ئوۋلايمەن دەپ ئۆيدىكى توخۇدىن قۇرۇق قالساق بولماس... ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەن ئۆزۈڭمۇ ئىككى كۆڭۈل شۇ تاپتا، تۆلبوغاز چوڭ ئالچىدىن ئەنسىرەپلا تۇرسەن يا ئۇنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويدۇڭمۇ؟ مانا شۇلارنى ئويلا، تەڭرىقۇت، ئەمدى ئوۋ قىلىشنى توختات...

---

① يۈرتۈغ سانغۇنى — تەڭرىقۇتقا ھەمراھ بولۇپ ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان قوغدىغۇچى قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى.

② بىلگە ـ دانىش — بىلىملىك، ئۆلىما، ئابرۇيلۇق، ھۆرمەتكە سازاۋەر.

بۆربەگ يامان يەردىن تۇتتى، نەق گەپنى قىلىپ تۇمەن تەگرىقۇتنى ئويغا سېلىپ قويدى. دۇرۇس، ئۇلارنىڭ دېگىنىمۇ ئورۇنلۇق، ئولجىلارنى يىغىشتۇرۇپ قايتىدىغان چاغمۇ بولۇپ قالدى. بىراق تۇمەنخان ئوۋخۇمار كىشى. ئوۋ قىلىشقۇ هون ئەرلىرىنىڭ ئىشى. لېكىن ئۇنىڭ ئوۋغا بولغان ئىشتىياقى ئالاهىدە كۈچلۈك. ئۆزىمۇ مەرگەن، ئالغۇر ئوۋچى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، تەبىئەتنىڭ مۇشۇنداق مول نېمەتلەرگە تولغان قۇلاي، باياشات پەسلىدە ئوۋ ئوۋلاپ قېنىۋالمىساق، قاچان، قەيەردە قىلىسەن شۇ ئوۋنى؟ قىش كىرسە سوغۇق چۈشۈپ، قار يېغىپ، ئوۋ ئوۋلاش تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كەتمەمدۇ؟... نەدىن كىردى شۇ كۆك بۆرە ئۇنىڭ چۈشىگە؟... هەي، تولىمۇ ئەپسۇس! ... قارىغاندا باش قامانىڭ دېگىنى توغرا ئوخشايدۇ، ئۇ ئوۋنى توختىتىپ ئۆيگە قايتمىسا بولمىغۇدەك. بىراق قاچان يولغا چىقسا بولار؟ ئەتىگە ئۇلگۈرەلەرمۇ؟ ئوۋ قوشۇنى ئاز ئەمەس، قوزغالمىقىمۇ تەس. يەنە ئوۋ ئولجىلىرىمۇ بار تېخى، ئۇلارنى يىغىشتۇرۇپ ئەكېتىشمۇ بىر ئىش يا ئۆگۈنلۈككە ماڭسا بولارمىكىن؟...

تۇمەن تەگرىقۇت كۆڭۈل توختىتىپ بىر قارارغا كەلمەستە، شاهانە چېدىرغا كۈتۈلمىگەن بىر مېهمان رۇخسەتسىزلا ئۇسۇپ كىرىپ، تەكەللۇپسىزلا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

«ئوردىنىڭ باش يىلقىچىسى... نېمە ئىش قىلىدۇ ئۇ بۇ يەردە؟ تۇمەنبالىقتا ئاتلارغا قاراپ قالمىغانمىدى؟... تەلپىكىنى ئېلىپ سالام بېرەيمۇ دېمەي... ئەدەپسىز، قاپ يۈرەكلىكىنى ئۇنىڭ، نېمىسىگە ئىشىنىپ... بۆربەگ ئېيتقاندەك، بىرەر شۇم خەۋەر ئەكەلگەن بولمىسۇن يەنە...»

— سۆيۈنچە... ماڭا سۆيۈنچە بەر، تەگرىقۇت، ساڭا خۇش خەۋەر! ...— دېدى ئۇ قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

تەگرىقۇت شۇئان پەيلىدىن ياندى، كۆڭلى قانداقتۇر بىر ئىشلارنى تۇيۇپ هاياجانلاندى.

— ساڭا بىر سۇرۇگدىن قوي - كالا، بىر ئۇيۇر يىلقا بېرەي.

www.uyghurkitap.com
تۇيغۇر كىتاب تورى

باش يىلقىچىنىڭ خۇش خەۋىرى شاھانە چېدىرنى چايقىتىۋەت-تى. يابغۇلار، سانغۇنلار، قۇتقۇلار، ئېلقۇسايلار ئورۇنلىرىدىن دۇررىدە تۇرۇشۇپ ئالقىشلىرى بىلەن تەڭرىقۇتنى قۇتلۇقلىدى. تەڭرىقۇت خۇشاللىق ھاياجىنىنى باسالماي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ خەۋەرچىنى قۇچاقلىۋالدى.

— ئانا - بالا ئىككىلىسى ئەسەن - تۇكەلمۇ؟ — سورىدى تۇمەن تەڭرىقۇت.

— ساق، ئەسەن - تۇكەل! — دېدى خەۋەرچى.

— قۇت! قۇت!...— دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ.

— مۇبارەك بولسۇن! مۇبارەك بولسۇن!...— دەپ چۇقان سېلىشتى باشقىلارمۇ.

— ھازىردىن باشلاپ قايتىشقا تەرەددۇت قىلىنسۇن! — دېدى ئۇ بۇيرۇق قىلىپ، — ئەتىلا يولغا چىقىمىز! ھەي داستىخانبەگ، سەن ئاۋۋال بۇ خەۋەرچىنى غىزالاندۇر. باشقىلار دەرھال ئۆز ئىشلىرىغا بېرىڭلار...

تۇمەنخان ئەمدى قايتىشقا ئالدىراپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قويۇق ساقال - بۇرۇت باسقان يۈزىدە بايىقى سۇر - غەزەپتىن ئەسەرمۇ قالمىغان، خۇشاللىق ھاياجىنىدىن قىزىرىپ، پارقىراپ كەتكەنىدى. ئۇ ئوۋچىلارنىڭ قىزغىن مۇبارەك سادالىرى ئىچىدە چەكسىز بەختىيارلىققا چۆمۈۋاتاتتى، چىرايىدا بولسا پەخىر - ئىپتىخار ۋە مەغرۇرلۇق كۆلكىسى جىلۋە قىلاتتى. ئۇ تۇرۇپلا يەنە بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى.

— ھەي خەۋەرچى، — دېدى ئۇ ئەمدىلا داستىخانغا ئولتۇرغان باش يىلقىچىنىڭ يېنىغا بېرىپ، — سەندىن بىر ئىشنى سوراشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— قېنى سورا، تەڭرىقۇت، قۇلىقىم سەندە، — دېدى خەۋەر-چى ئورنىدىن تۇرۇپ.

— بالا بىلەن ئانىسى ساق، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق...

— ئۇنداقتا، ئۇ قۇرت تېرىسىگە ئېلىنىدىمۇ؟
— بۇ... بۇ... مېنى كەچۈر، تەخرىقۇت، بىلمەيمەن. لېكىن، ئوردىدا قۇرت ئۇۋلىغۇدەك ئەر قالغانمۇ؟...

«دۇرۇس، ئوردىدا، ھەتتا پۈتكۈل تۇمەنبالىقتا ئەر قالماي بۇ يەرگە كەلگەن تۇرسا، كىم بۆرە ئۇۋلايدۇ ئۇ يەردە؟ دېمەك، ئانا ـ بالا تېخى بۆرە تېرىسىگە ئېلىنمىغان...» تەخرىقۇت سەل تۇرۇۋېلىپ ئويلانغاندىن كېيىن، يۇرتۇغ سانغۇنى بۆربەگنى چاقىردى.

— ھاي بۆربەگ، قېنى سەن؟
— مانا مەن، تەخرىقۇت...

بۆربەگ ئاسماندىن چۈشكەندەك شۇئان ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. ئادەتتىمۇ ئۇ ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى، ۋەزىپىسى يۇرتۇغنى باشلاپ تەخرىقۇتنى قوغداش ئىدى.

— تېز بول، قانىتىم، يىگىتلىرىڭنى يىغ! — دېدى تەخرىقۇت، — قۇرت ئۇۋلاشقا چىقىمىز!

بۇيرۇقنى ئاڭلاپ يۇرتۇغ سانغۇنى قېتىپلا قالدى. بۆربەگلا ئەمەس، چېدىر ئىچىدىكى ھەممە كىشى قاتتىق چۆچۈدى، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، يۈرەكلىرى ئېغىپ، چىرايلىرى تاتاردى. بۆرە ئۇۋلاش!... بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئۆتۈپ ـ تېشىپ ئەمدى بۆرە ئۇۋلىماقـ چىمۇ؟ قانداق ھەۋەس، قاپ يۈرەكلىك بۇ؟... بىراق زۆرۈر تېپىلـ غاندا، ئامال بولمىغاندا ئۇنى ئۇۋلىمايمۇ بولمايدۇ، بولۇپمۇ ھازىرـ قىدەك چاغدا. چۈنكى ئۇ تەخرىقۇتقا — تەخرىنىڭ ئوغلىغا لازىم. ئۇنىڭ تېرىسى، گۆشى، ئېغىزى، چىشى، ئوشۇق ـ ئۇستىخانلىـ رى ئۇنىڭ تۇغۇلۇق چوڭ ئالچىسىغا، يېڭى تۇغۇلغان ھونزادىسى، ئىزباسارى، تەگىن ئۆگەسىگە، كەلگۈسىدىكى تۇغ ـ تەخرىقۇتقا لازىم. بۇمۇ كىچىك ئىش ئەمەس. چۈنكى ئۇلار بۆرە گۆشىدە ئوزۇقلانمىسا، بالا بۆرە ئېغىزىدىن ئۆتكۈزۈلمىسە، بۆرە چىشى، ئوشۇقىنى تۇمار قىلىپ ئاسمىسا بولمايدۇ. قىسقىسى، ئۇلار ھەر

www.uyghurkitap.com

جەھەتتىن كۆك تەڭرىنىڭ پاناھىغا ئۆتۈشى كېرەك، بولۇپمۇ بالا، شۇندىلا ئاندىن ئۇ ھەقىقىي ھون بالىسى، ھونزادە بولالايدۇ. بۇ ئەجدادلارنىڭ يوسۇنى، قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن مۇقەددەس ئادەت! ...

بۆرىبەگ ئېسىگە كەلگەندە، تەڭرىقۇت ئاللىقاچان ئوقياسىنى ئېلىپ چېدىردىن چىقىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ئۇۋغا ماھىر چەۋەندازلىرىنى يىغىپ تەڭرىقۇتقا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى.

## 6

«مەن ئاتا بوپتىمەن! تەڭرى ماڭا كۆك قۇرتتەك بىر ئوغۇل ئاتا قىپتۇ، ئاھ! ... مېنىڭ ئەمدى پۇشتىپاناھىم، ئىزباسارىم بار بولدى. ئۇ مېنىڭ تۇنجى ئوغلۇم، ئۈمىد - ئىشەنچىم، قۇت بۇيانىم! مېنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ھوننىڭ ئۈمىدى، قۇتى، ئۈلتىرىقى![①] ... ئۇ قانداقراق تۇغۇلدىكىن؟ چىراي - تۇرقى ماڭا تارتتىمىكىن؟ خەۋەرچى ئېيتقاندەك، كۆك قۇرتقا ئوخشاش تۇغۇلدىمىكىن - يا؟ ... بۇ چوقۇم ماڭا ئوخشىغان، كۆك قۇرتتىن ئۈدۈم ئالغان. چوڭ بولۇپ ئەر يەتكەندىمۇ ماڭا ئوخشاش باھادىر، بىلگە - دانىش، كۆك قۇرتتەك جەسۇر، سۇباتلىق[②] ئوغلان بولۇپ يېتىشىدۇ. ئەلكۈننىڭ پەخىر - ئىپتىخارىغا، ئوتلاقنىڭ غورۇرىغا، ھوننىڭ شان - شەرىپىگە ئايلىنىدۇ! ...»

تۈمەن تەڭرىقۇت يول بويى ئەنە شۇنداق شېرىن خىياللار بىلەن يۈكسەك ئارزۇ - ئارمانلارنى قىلىپ، ئوغلى تۇغۇلۇپ ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەن كۈنى تۈمەنبالىققا قايتىپ كەلدى. تۆلبوغاز چوڭ ئالچىننىڭ ئوغۇل تۇغقانلىق خۇش خەۋىرى تۈمەنبالىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاۋۇل - قىشلاقلارغا ئاللىقاچان پۇر كەتكەن-

① ئۈلتىرىق — ئۇل تۈۋرۈك، يۆلەنچۈك، تايانچ.
② سۇبات — قايىتماس، ئۆز سۆزلۈك، ئىرادىلىك.

دى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى توپلىشىپ ئالدىغا چىقىپ، نەي، قوبۇز، بارىبىت، بورىيا، غىلاپ دۇمباق[1]، تىزما مىس قوڭغۇراق[2]لارنى چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپ، يولىغا، ئۇستۋاشلىرىغا گۈل تاشلاپ، ئالقىش - تەنتەنە قىلىپ قارشى ئېلىشتى.

— مۇبارەك بولسۇن، شانۇ شەۋكەتلىك تەڭرىقۇت!

— ئۆز ياشىڭ ئۇزۇن، بۇيانىڭ ئوڭ بولسۇن!

— باي بول، ئۇرۇق بېشى، ئاي - كۈندەك ئابام - ئۇلۇغ ياشا!...

قۇنۇم چېتىدىكى ئاۋۇل ئېغىزىدا باشلانغان بۇ ئالقىش - تەنتەنە، ئالقىش سادالىرى قورغان ئىچىدىكى ئوردا ئالدىغا كەلگۈچە ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇردى. تەڭرىقۇت ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدىكى سەينادا ئاتتىن چۈشكەندىمۇ ئۇنى يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئوردۋېلىشتى.

— سىلەر ئۇدىكامغا[3] كىرىپ ساقلاپ تۇرۇڭلار! — دېدى ئۇ ھونىنىڭ چوڭلىرىغا تەنتەنە بىلەن خىتاب قىلىپ، — مەن ئاۋۋال ئوغلۇم بىلەن ئالچىمنى كۆرۈپ چىقاي، ئاندىن ھەممىمىز بىرلىكتە ئوغلۇمغا ئات قويۇش كېڭىشى ئۆتكۈزىمىز، سۇرجەك قۇرۇپ تەبرىكلەيمىز. ئەتە بولسا چوڭ توي!...

خالايىق ئۇنىڭ سۆزىگە يەنە تەنتەنە قىلىشتى. ئۇنىڭغا، ئوغلىغا ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە بەخت - سائادەت تىلەشتى. تەڭرىقۇت ئۇلارغا تەشەككۈر ئېيتىپ ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن، باش قامان ئىنچۇنقان ھەزرەت بىلەن يۇرتۇغ سانغۇنى بۆرىبەگنى ئەگەش-

---

① غىلاپ دۇمباق — ئۇدارلىق ھون چالغۇسى. چوڭ مۇراسىم، ھەربىي يۈرۈشلەردە ئىشلىتىلگەن.

② تىزما مىس قوڭغۇراق — ئون ئالتە دانە مىس قوڭغۇراقتىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا ئۇدارلىق چالغۇ. ئۇ ئات باغلايدىغان دار شەكىللىك ياغاچقا ئورنىتىلىپ توقماق بىلەن ئۇرۇپ چېلىناتتى. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئارقىلىق ئۇنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇاشيا (خەنزۇ) لارمۇ ياساپ ئىشلەتكەن تىزما مىس قوڭغۇراقتىن روشەن پەرقلىنىدىغانلىقى، يەنى ھونچە ئالاھىدىلىكى بارلىقى بايقالغان ۋە ھونلارنىڭ ئۆزى ياساپ ئىشلەتكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

③ ئۇدىكام — زال، كۆلۈب، ساراي، كېڭەش ئۆيى.

تۇرۇپ ئوردا ھەرىمگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ ھەرەمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ئالچىسىنى قانداق قۇتلۇقلاشنى، ئۇنىڭغا نېمىدەپ تەسەللى ۋە مەدەت بېرىشنى، ئۇنى قانداق خۇشال قىلىشنى ئويلاپ بىردەم توختىۋالدى، ئاندىن تەڭرىگە تېۋىنىپ ھاياجىنىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئىنچىۋقان بىلەن بۆربەگنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، ئۆزى يالغۇز خاس خانىغا كىرىپ كەتتى.

— مۇبارەك بولسۇن، ئالچىم! ... — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا، ئاندىن خانىنىڭ تۆردىكى قات - قات كىگىز ۋە تېرە ياپغۇتلۇق[1] تۆشەكتە ياتقان ئايقاغانىنىڭ يېنىغا بېرىپ قېشىدا ئولتۇردى - دە، ئۇنىڭ ماغۇقتەك يۇمشاق، ئۇقاردەك ئاپئاق قوللىرىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ، ئېگىلىپ تۇرۇپ پېشانىسىدىن سۆيدى، — تەڭرى قۇت بېرىپ ئەسەن - تۇكەل يەڭگىپسەن، مۇبارەك بولسۇن ساڭا!

— ئېيتقىنىڭ كەلسۇن، تەڭرىقۇت ... — دېدى ئايقاغان ھودۇقۇپ پەس، تىترەك ئاۋازدا.

— ئەسەنمۇ سەن، مەڭىزلىگىم[2]... ھالقىلىق پەيتتە يېنىمدا بولالمىدىم، مېنى كەچۈر...

ئايقاغان ئۈندىمىدى. بۇنىڭ بىلەن خانا ئىچىنى بىردىنلا سۈكۈت باستى. سۈكۈت ئەمەس، ئېغىر جىمجىتلىق! قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك بۇرۇقتۇرمىلىق! ساراسىمە! ... يۈرەكلەر ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى، دۈپۈلدىگەن ئاۋازى قۇلاقلارغا ئاڭلىناتتى. قىرقىنلار كۆكۈنەكتىن ئۈركۈگەن قۇشقاچلاردەك تەڭرىقۇتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ نېرى تۇرۇشاتتى، قېرى قام ئەيىبكاردەك بېشىنى تۆۋەن سالغان، ئايقاغان بولسا تامدەك تاتىرىپ لاچىن سوققان كەپتەردەك تېپىرلايتتى... تەڭرىقۇت كۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېلىپ يېنىدا ياتقان بالىغا قارىدى...

---

[1] ياپغۇت — كۆرپە، سېلىنچا.
[2] مەڭىزلىگ — ئۈز، چىرايلىق، گۈزەل.

دەرۋەقە، ئۇ ئوغلىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران بولدى. بىراق، ئالچى ئايقاغان نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قورقۇپ ـ ئەنسىرەپلا كەلگەندەك ئۇنداق قاتتىق چۆچۈپ، ھودۇقۇپ كەتمىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ بىر ئەركەك، ئاتا كىشى ـ دە، بىر بالىنىڭ ئەمەس، لەۋەنتىنىڭ، پۇتكۇل ھونىنىڭ ئاتىسى، باشپاناھى!··· ئۇ دەسلەپتە ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، بىر پەسكىچە داڭقېتىپ تۇردى، كېيىن سەل ئۆزىگە كەلگەندەك بولۇپ، «بۇ نېمە؟ قانداق مەخلۇق؟ مېنىڭ ئوغلۇم قېنى؟···» دېگەندەك ئالچىسىغا قارىدى. ئايقاغانىنىڭ قورقۇپ ـ تاتىرىپ، قومۇش ئىچىدىكى نالدەك تىترەپ تۇرۇپ تەستە ئېيتقان «ئوغلىمىز مۇشۇ!···» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي يەنە بىر پەسكىچە تېڭىرقىدى، تەرلىدى، ئاندىن نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، گاڭگىرىغان پېتى خانىدىكىلەرگە بىرمۇ بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن، نىھايەت ئاستا ـ ئاستا ئۆزىگە كېلىپ يەنە بالىغا قارىدى ـ دە، ئەيمىنىپقىنا قولىنى سوزۇپ ئۇنىڭغا يېپىلغان تېرە يۆگەكنى پۈتۈنلەي ئېچىۋەتتى. ئايقاغانىنىڭ يېنىدا ئۇ ئويلىغاندەك، تەسەۋۋۇر قىلغاندەك قىپقىزىل، كىچىككىنە بوۋاق ئەمەس، بەلكى چوپچوڭ، ئەتلىك، ئۆڭى كۆك، بەدىنى تۈكلۈك غەلىتە بىر بالا تىنىق كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، پۇت ـ قوللىرىنى تېپىرلىتىپ، يېقىملىق گۇڭراپ ياتاتتى··· ئۇ ئۇنىڭغا باشقىدىن، ئەيمىنىپ تۇرۇپ، ھەيرانلىق، تەئەججۇپ بىلەن سەپسېلىپ يەنە بىر پەس قاراپ تۇردى، ئاندىن ئىختىيارسىز ھالدا قوللىرىنى ئاستا ئۇزىتىپ ئۇنى ئاۋايلاپ تۇتتى ـ دە، قولتۇقلىرىدىن كۆتۈرۈپ قۇچىقىغا ئالدى.

بۇ چاغدا ئۇ ئۇلۇغ ھونىنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك تەڭرىقۇتىغا پەقەتلا ئوخشىماي قالغانىدى. ئۇنىڭدىكى تاغنى تالقان قىلغۇدەك غەيرەت ـ جاسارەت، جۈرئەت ـ شىجائەت، كىشىنى تەمتىرىتىپ قويىدىغان سۈر ـ سالاپەت، سالماقلىق، سوغۇق قانلىق، تاشنى تىترىتىدىغان سەۋر ـ تاقەت، ھېچنېمىگە تىز پۈكمەيدىغان باتۇرلۇق قاياقلارغىدۇر يوقالغان، ئۇنىڭ ئورنىنى ھەيرانلىق، تەئەج-

www.uyghurkitap.com

جۈپ، مەيۈسلۈك، ئۈمىدسىزلىك ۋە كىشىنى تەڭلىكتە قويىدىغان بىچارىلىك ئىگىلىگەنىدى. چىرايى بولسا ئىپادىسىنى يوقىتىپ، لەۋلىرى بۇرۇتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ توختىماي تىترەيتتى. ئۇ ھېلى بالىغا، ھېلى ئانىسىغا قارايتتى، يەنە كىملەردىندۇر مەدەت تىلىگەندەك ئەتراپقا، كۆككە بېقىپ قوياتتى.

مۇشۇنداق پەيتتە، قۇچىقىدىكى بالا بىردىنلا قوللىرىنى سۇ-نۇپ ئۇنىڭ يۈزىگە ئاپاردى ـ دە، ساقاللىرىنى بارماقلىرى ئارىسىغا ئېلىپ قاماللاپ تۇتۇپ تارتتى. تەڭرىقۇت ئاغرىق ھېس قىلىپ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئەمما ئۇ مۇشۇ چاغدا، مۇشۇ سەۋەبلىك بىردىنلا ھوشىغا كەلدى… ئۇ ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قولى تۈكلۈك، يۇمشاق، بۇدرۇق ئىدى. ئۇ بايىقى قىلىقىدىن خۇشال بولدىمۇ ياكى ئاتىسى قولىنى تۇتۇپ تۇرغاچقا ئۇنى تونۇپ ئەركىلىدىمۇ، چوغدەك ئېغىزىنى چى-رايلىق ئېچىپ، جامدەك كۆزلىرىنى قىسىپ پىسسىڭىدە كۈلدى ۋە تېپىرلىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ ئاشۇ كۆپكۆك كۆزلىرىدىن، كۆكۈچ چىرايىدىن يەنە ئاللىقانداق بىر نۇر چاقنىغاندەك بولدى. بۇ نۇر تەڭرىقۇت ئۆۋدىكى ۋاقتىدا چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى كۆك بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان نۇرغا بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇ يەنە ئوغلىنىڭ چىرايىدا ئۇلۇغ تۆز كۆك بۆرىنىڭ سىيماسىنى ۋە يەنە قانداقتۇر بىر سىرلىق خىسلەت ۋە ئۇلۇغۋارلىقنىڭ شول-ىسىنى كۆرگەندەك بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىدىكى گاڭ-گىراش ۋە گۇمانىي تۇيغۇلار شۇئان يوقىلىپ، قەلبى ۋاللىدە يورۇدى ـ دە، پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ كۈچلۈك ۋە يېقىملىق بىر يېڭى تۇيغۇ پەيدا بولدى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇنىڭدىكى تۇنجى ئاتىلىق مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئىدى.

ئۇ ئەمدى ئوغلىغا باشقىدىن، زوق ـ ھەۋەس، مېھرى بىلەن باقتى. بايا ئۇنى تونۇماي، ئېتىراپ قىلماي، تەقدىرگە، تەڭ-رىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە ئىشەنمەي، ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىپ، ھەزەر ئەيلەپ، ئۇياتلىق، گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغىنىنى ھېس

قىلىپ خىجىل بولدى.

— تەڭرىگە شۈكۈر، ئەسەن - تۆكەل يەڭگىپسەن، — دېدى ئۇ ئالچىسىغا سەمىمىيلىك بىلەن، — بالىمۇ ساق، بىجىرىم ئى- كەن. مەن سىلەرنى كۆرۈپ خۇش بولدۇم، خاتىرجەم بولدۇم...

ئاندىن ئۇ ئالچىسىنىڭ كۆز ئالدىدا ئوغلىنى پېشانىسىدىن سۆيدى. بىراق ئايقاغان ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى. «ئۇ مېنى ئاياپ شۇنداق دەۋاتىدۇ، قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە بالىنى ئالغۇسى يوق...» دەپ ئويلاپ مىچىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. دېمىسىمۇ ئۇ- نىڭدا نېمە ئەيىب؟ نېمە گۇناھ؟ بەلكىم تەڭرىقۇتمۇ ئۇنداق ئويلاردا بولمىغاندۇر، ئالچىسىنى ئەيىبلەپ، ئوغلىدىن تانمىغاندۇر. چۈن- كى بۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، ئورۇنلاشتۇرۇشى - دە... تەڭرىقۇت بالىنى ئايقاغانغا بېرىپ، ئۇنى بەزلىدى.

— پۇشانما، ئۆكۈنمە، ئالچىم، تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ، بۇنىڭغا بىزدە نېمە ئامال؟ نېملا بولمىسۇن ئۇ بىزنىڭ ئوغلىمىز، پۇشتىپاناھىمىز، بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، ئىشەنگەن تېغىمىز. ئۇنى ئوبدان باق، سالام، بەقۇۋۋەت چوڭ قىل. ئۇ تېخى كىچىك، بۇ ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ئەمەس. ئۇ ئۆزگىرىدۇ، ئوڭشىلىدۇ، ساڭا ئوخشاش قەيسەر، چىدامىلىق، ماڭا ئوخشاش چوغچام[1]، باھا- دىر چوڭ بولىدۇ... يىغلىما، شادلان، مەڭزىلىكىم، ئۇ بىزنىڭ پەخرىمىز، قۇت - بۇيانىمىز...

ئاندىن ئۇ بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ، بىر چەتتە قاراپ تۇرغان قېرى قامغا بۇيرۇق قىلدى:

— سەن چىقىپ بۆرىبەگكە ئېيت، قام ئانا، قۇرتنى سويۇپ تېرىسىنى ئەكىرسۇن.

— خوپ.

قېرى قام تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. تەڭرىقۇت ئالچىسىغا ھەمراھ بولۇپ قالدى. ئۇ ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈر-

---

① چوغچام — كۈچ - قۇدرەتلىك، ھەيۋەتلىك، جەسۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توپ قويدى، قوللىرىنى تۇتۇپ پېشانىسىگە، مەڭزلىرىگە سۈيدى. شېرىن ـ سۇخەن سۆزلەر بىلەن تەسەللى ۋە مەدەت بېرىپ كۆڭلى-نى ئاۋۇندۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىگە ئىشەندۇرۇشكە تىرىشتى.

هايال ئۆتمەي يۇرتۇغ سانغۇنى بۆرىبەگ بىلەن باش قامان ئىنچۇنقان هەزرەت باشتىن قۇيرۇققىچە تولۇق سويۇۋېلىنغان ئىك-كى پارچە بۆرە تېرىسىنى بىردىن كۆتۈرۈپ خاس خانىغا كىرىپ كەلدى. تەڭرىقۇت ئورنىدىن تۇرۇپ هۆرمەت ـ ئېهتىرام بىلەن باش قاماننىڭ قولىدىكى بۆرە تېرىسىنى قولىغا ئالدى ـ دە، بەلۋېغىغا ئېسىقلىق غىلاپتىكى خەنجىرى بىلەن ئۇنىڭ باش تەرىپى-دىكى ئېغىز ئەتراپى قىسمىنى ئىنچىكە، چەمبەرسىمان قىلىپ كېسىۋالدى. ئۇنىڭغىچە بۆرىبەگمۇ يەنە بىر تېرىدىكى بۆرە ئېغىزى-نى كېسىۋالدى. بۆرە ئېغىزلىرى كېسىۋېلىنىپ تېرىلەر سوۋۇپ كەتمەستە يالىڭاچلانغان بالا بىلەن ئانىغا يېپىلدى. ئايقاغانغا بۆرە تېرىسىنى قىرقىنلار بىلەن قېرى قام تۆشەك پەردىسى ئىچىدە ياپتى. بالىنى بولسا تەڭرىقۇت ئۆز قولى بىلەن بۆرە تېرىسىگە ئالدى. بۇ ئىشلار تاماملىنىپ تۇرۇشىغا مويسىپىت باش قامان تەڭرىگە تېۋىنىپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى.

— هون بالىلىرى يېڭى تۇغۇلغاندا يەرگە ئەمەس، قىزىق قۇرت تېرىسىگە چۈشىدۇ، بۇ ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئۇدۇم، — دېدى ئۇ دۇئادىن كېيىن تۇغۇتلۇق ئانا بىلەن بوۋاقنىڭ بۆرە تېرىسىگە ئېلىنىشىنىڭ خىسلەت ـ خاسىيىتى ۋە پايدا ـ مەنپەئەتلىرىنى يېڭىدىن ئاتا ـ ئانا بولـۇشـقـانلارغا چۈشەندۈ-رۈپ، — شۇنداق بولغاندا تۇغۇتلۇق ئانا تېز، تولۇق ئەسلىگە كېلىدۇ. بالا بولسا ئەت ئالىدۇ، كۈچلىنىدۇ. قۇرتتىن ئۇدۇم ئېلىپ قورقۇمسىز، قايتماس، جەسۇر هەم قەيسەر چوڭ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ هون ئەرلىرى تەڭداشسىز باهادىر هەم جەڭگىۋار-دۇر. ئۇۋنى، ياۋنى كۆرسە، ئىككىلەنمەي ئېلىشىدىغان، يەڭمىگۈ-چە، غالىب كەلمىگۈچە قايتمايدىغان ئالىپ چەۋەندازلاردۇر!...

باش قاماننىڭ بۇ سۆزلىرى تەڭرىقۇتنى، ئايقاغاننى ۋە خانىدا-

كى باشقا ھەممە كىشىنى سىرلىق ھاياجانغا سېلىپ، كەيپىياتنى كۆتۈردى. تەگرىقۇت بۆرە تېرىسىگە ئورالغان ئوغلىنىڭ چىرايىغا باشقىدىن نەزەر سالدى. بالا بايا قان ھىدى پۇراپ تۇرغان قىزىق بۆرە تېرىسىگە ئورالغاندا سەل قورۇنغاندەك، چۆچۈگەندەك قىلـ. غان، مانا ئەمدى تىنچلىنىپ ۋىلىق ـ ۋىلىق كۈلمەكتە، تېپىرلىـ. ماقتا… ئۇ ئۇنىڭ تېگى كۆك، ئېقى ھال رەڭ، جىيەكلىرى قىزىل كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ مۇنۇ سۆزلەرنى قىلدى:

— ئورالغىنىڭ قۇرت تېرىسى ئەمەس، ئۇنىڭ روھى، ئوغـ. لۇم. جىسمىڭنى ئىللىتقىنى، يۈرىكىڭنى ياشارتقىنى ئۇنىڭ قېنى ھەم جېنى. قۇرت بول، قۇرتتەك ياشا! … ئېسىڭدە بولسۇن، چوڭ بولۇپ ئەر يەتكەندە قۇرت بىلەن ئويناشما، ئۇنىڭغا چېقىلما، زىيان سالما. زۆرۈرىيىتى بولمىسا ئۇنى ئوۋلىما، ئۆلتۈرمە. ئۇنى ئاناڭدەك ئۇلۇغ، تەگرىدەك مۇقەددەس بىل. ئۇ سېنى يۆلەيدۇ، قوغدايدۇ، ئالىپ قىلىدۇ، غالىب قىلىدۇ، ئوغلۇم! …

تەگرىقۇتنىڭ بۇ سۆزلىرى تېخىمۇ چوڭ تەسىر قوزغىدى. بولۇپمۇ ئايىغانغا ھەممىدىن بەك تەسىر قىلدى… ئاھ تەگرىم! ئۇ ئاخىر ئوغلىنى تونۇدى، ئېتىراپ قىلدى! … ئۇ بالىسىنى ئېرىنىڭ قولىدىن ئېلىپ باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

تۇمەن تەگرىقۇت يەنە تۆشەكتە، ئالچىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇ. رۇپ، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئارزۇلۇق ئوغلىنى بايا كېسىۋېلىنغان بۆرە ئېغىزىدىن ئۈچ قېتىم ئۆتكۈزدى.

— قۇرتنىڭ ئېغىزىدىن كىردىڭ، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ تىلەك تىلەپ، — ئۇنىڭ قېنىدىن ئوزۇق ئال، روھىنى سىڭدۈر، يۈرىكىدە يۈر، ئالىپ بول! …

تەگرىقۇتنىڭ بۇ سەمىمىي تىلەكلىرى ئايىغاننى تېخىمۇ خۇ. شال قىلىۋەتتى. ئۇ بالىنى قۇچاقلىغان پېتى ئۇنىڭ قۇچىقىغا قىيسايدى ـ دە، يەنە ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدى. يىغا خاپىلىقـ. نىڭ ئىپادىسى، دەرد ـ ئەلەم، ھەسرەت ـ نادامەتنىڭ پارتلاپ

چىقىشى. بىراق ئايقاغاننىڭ ھازىرقى يىغىسى تامامەن بۇنىڭ ئەكـ
سىچە. ئۇ شادلانماقتا، سۆيۈنمەكتە، پەخىر - ئىپتىخار ۋە بەختىـ
يارلىقتا چۆممەكتە. ئۇ بۇلارنى ئىچىدىن قانداق چىقىرىشنى،
قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەي يىغلىماقتا...

— بولدى، مەڭىزلىگىم، يىغلىما، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدـ
دۇ، ئۆزگىرىدۇ، ئىزىغا چۈشىدۇ. ئەمدى خاتىرجەم يېتىپ ئارام
ئال، — دېدى ئۇ ئالچىسىنى بەزلەپ، — بالىنى ماڭا بەر،
ئۇنىڭغا ئات قويىمىز...

## 7

ئوردا كىشىلەر بىلەن لىق تولغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى
تەڭرىقۇتنىڭ يېقىن كىشىلىرى — خان - بەگلىرى، يابغۇلىرى،
سانغۇنلىرى، مەھرەملىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ
خوتۇن - بالىلىرى ئىدى. ئۇلار ئۈنلۈك ئاۋازدا غۇلغۇلا قىلىـ
شىپ، ئوردىنى ھەرە ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. تەڭرىقۇت
كىرىپ كېلىۋىدى، ئۇلار ئوتى تارتىۋېتىلگەن قازاندەك جىپپىدە
توختاشتى ۋە ئۇنىڭغا يول بېرىشتى. تەڭرىقۇت كىشىلەر توپىنى
يېرىپ ئۆتۈپ، تۆردىكى توققۇز پەشتاقلىق پەچكۇم[1] ئۈستىگە چىقـ
تى ۋە ئۇ يەرگە قويۇلغان ئالتۇن تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن
نېمىشقىدۇر ھودۇقۇپ تىترەپ قالدى، ھەرىكەتلىرى قولاشمىدى،
ئېغىزىغا گەپمۇ كەلمىدى. بەلكىم ئۇ بۆرە سىياقلىق ئوغلىنى
كىشىلەرگە كۆرسىتىشتىن نومۇس قىلىۋاتسا كېرەك. لېكىن بۇـ
نىڭغا يەنە نېمە چارە؟ بۇ ئۇنىڭ سەۋەنلىكى ياكى ئەيىبى ئەمەس.
يەنىلا شۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، ئورۇنلاشتۇرۇشى، تەقدىر ... ئۇ
بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ،
گەپمۇ قىلماي ئوغلىنى بۆرە تېرىسىدىن چىقاردى - دە، ئۇنى
بېشىدىن ئېگىز قىلىپ كۆتۈردى.

---

① پەچكۇم — سۇپا، ئېگىز سەھنە.

— هو ! ...
— يا تەڭرىم! ...
— ئاھ! ...
بۆرە سىياقلىق بالىنى كۆرۈپ كىشىلەر ئېغىزلىرىنى قۇش-قاچىنىڭ كامېرىدەك ئېچىپ، ياقىلىرىنى چىشلىشىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. يىغلاڭغۇ تەبىئەتلىك، يۈرىكى ئاجىز كىشىلەر، ئاياللار ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپمۇ چۈشتى. قورقۇپ تاتىرىپ، ۋارقىراپ تاشلىغان، قاراشتىن ئەيمىنىپ كۆزىنى ئېتىۋالغان، نومۇس قىلىپ يەرگە قارىۋالغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئەمما، تەڭرىقۇت ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە، ھېچقانداق ئىشىغا پەرۋا قىلمى-دى. ئۇ ئوغلىنى بىـېشــىدىن ئېگىــز قىلىپ كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ ۋە مەردانىلىك بىلەن:
— ئــۇرۇقداشلار، تــۇغقانلار! ... — دەپ ئــۈنلۈك خىتاب قىلدى، — مۇقەددەس كۆك تەڭرى ئۆز قۇدرەت - كامالىنى نامايان قىلىپ ماڭا ئۇلۇغ تۆز كۆك قۇرتتەك بىر ئوغۇل ئاتا قىپتۇ. مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن ھەم خۇشال بولدۇم! ... كۆرۈپ تۇ-رۇپسىلەر، تۇغقانلار، ئۇرۇقداشلار، ئوغلۇم مانا مۇشۇنداق غا-رىپ، بۆرە سىياقلىق تۇغۇلۇپتۇ. تۇغۇلغاندىن كېيىن ئوغۇز سۈ-تىنىلا ئېمىپ، گۆش، ئاش يەپ چوڭ بوپتۇ. مەن بۇنىڭدىن ھەيران قالمىدىم ھەم شەكلەنمىدىم. چۈنكى بۇمۇ كۆك تەڭرىنىڭ مۇقەددەسلىكىدىن، قۇدرەت - كامالىنىڭ، خىسلەت - خاسىيىتى-نىڭ تەڭداشسىزلىقىدىن، ئۇلۇغلۇقىدىن بولغان! شۇڭا مەن تەڭ-رىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ ئىككىلەنمەي، نومۇس قىلماي ئۇنى بۇ يەرگە، سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا ئەكەلدىم... مەن ھازىر شۇنى جاكارلىماقچىمەن، بۇ مېنىڭ تۇنجى ئوغلۇم، پۇشتىپاناھىم، تەخ-تىمنىڭ تەگىن ئۆگەسى! ئۇ چوڭ بولۇپ ئەر يەتكەندە مېنىڭ ئىزىمنى باسىدۇ، تەختىمگە ۋارىسلىق قىلىپ سىلەرگە تۇغ - تەڭرىقۇت بولىدۇ! ئۇ ئەلنى ئاۋۇتۇپ روناق تاپقۇزىدۇ، يۇرت - زېمىننى كېڭەيتىپ باياشاتلىق ۋە خاتىرجەملىك يارىتىدۇ، ئۇلۇغ

هون تەگرىقۇتلۇقىنىڭ سەلتەنىتىنى بۇيۇكلۇككە كۆتۈرۈپ مەڭگۈ داۋاملاشتۇرىدۇ!... ئۇرۇقداشلار، تۇغقانلار! ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار. ئۇنى كەلگۈسىدىكى تۇغ ـ تەگرىقۇتىمىز دەپ بىلىڭلار. ئۇنىڭغا يۈزياش ۋە قۇت ـ بۇيان تىلەڭلار!

تەگرىقۇتنىڭ ياڭراق خىتابى ۋە تەنتەنىلىك جاكارى كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «مۇقەددەس كۆك تەڭرى ماڭا ئۇلۇغ تۆز كۆك قۇرتتەك بىر ئوغۇل ئاتا قىپتۇ» دېگەن سۆزى ۋە بۇنىڭ نەق ئىسپاتى سۈپىتىدە قولىدا پىلتىڭلاپ تۇرغان بۆرە سىياقلىق بالىسى ئۆزلىرىنى «بۆرە نەسلىدىن بىز» دەپ قارايدىغان ۋە بۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىدىغان بۇ كىشىلەرگە قاتتىق تەسىر قىلدى ۋە ئۇلارنى سىرلىق ھاياجانغا سېلىپ تەۋرىتىۋەتتى، دەۋرىتىۋەتتى. ئۇلار كۆككە يۈزلىنىپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تەگرىگە تېۋىنىشتى ۋە چۇقان كۆتۈرۈپ تەگرىقۇتنىڭ خىتابىغا تەنتەنە، جاكارىغا ئالقىش ياڭرىتىشتى.

— سىلەرگە ئىشىنەتتىم، تۇغقانلىرىم، قېرىنداشلىرىم!...— دېدى تەگرىقۇت مەمنۇن بولغىنىدىن ھاياجانغا تولۇپ، — سىلەر ئۇنى قوبۇل قىلدىڭلار، پۈشتىپاناھىمىز، كەلگۈسىدىكى تۇغىمىز دەپ ئېتىراپ قىلدىڭلار. بۇ مەن ئۈچۈن كاتتا مۇكاپات، زور شان ـ شەرەپ! سىلەر ئۈچۈن، پۈتكۈل ھون ئۈچۈنمۇ توغرا تاللاش، چەكسىز قۇت! — ئاندىن ئۇ ئوغلىنى بۆرە تېرىسىگە قايتا ئورىغاندىن كېيىن، كىشىلەرگە يەنە، — تۇغقانلار، ئۇرۇقداشلار، بىلگە ـ دانىشلار! ئەمدى ئوغلۇمغا ئات قويۇڭلار! — دېدى.

— ئۇنىڭ ئېتى باتۇر بولسۇن!...

بىكېكەش، بىتالاش ھەم ئۈشتۈمتۇت ياڭرىغان بۇ بوم، كۈچلۈك، ھەيۋەتلىك ئاۋازنى ئاڭلاپ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك تەگرىقۇتنىڭ دانىشمەن يابغۇسى، ئوردىنىڭ ئەم ـ ئېرەمچى[1]،

① ئەم — ئەمچى، تېۋىپ، دوختۇر. ئېرەمچى — پالچى، تەدبىرچى، پېرىخون.

ئاتاساغۇنى[1] ، پايتەختتىكى ئىلاھىي تەڭرىلىكنىڭ باش قامانى ئىنـ
چۇنقان ھەزرەتكە قاراشتى. بۇ ئىسىمنى ئەنە شۇ كىشى ئويلاپ
تاپقان ھەم تۇنجى بولۇپ جاكارلىغانىدى. باتۇر! ... ئاجايىپ،
مەنىلىك ھەم يېقىملىق ئاتقۇ بۇ! ئۇ يەنە ئىلاھىي قـۇدرەتتەك
سىـرلىق ھـەم سېھىرلىك! ... دېمىسىمۇ بۇ ئاتنىڭ ئىگىسى
ئانىنىڭ ئوغۇز سۇتىنىلا ئېمىپ قايتا ئەمىگەن. ئۇنىڭ تۆرىلىـ
شى، يېتىلىشى، تۇغۇلۇشى، تۇرقى ـ سىياقى، خۇي ـ پەيلى
ۋە باشقا ئىشلارغا بولسا كىشىنىڭ زادىلا ئەقلى يەتمەيدۇ. بۇ
تەڭرىنىڭ قۇدرەت ـ كامالى، خىسلەت ـ خاسىيتى بولماي نېمە؟
كىشىنىڭ ئىسمى تەڭرىنىڭ دەرگاھىدىن چۈشىدۇ، دېگىنى بىكار
ئەمەسكەن. شۇنداقـمۇ ماس كەلـدى، ياراشـتى بۇ ئىسىم ئۇنىڭـ
غا! ... قېرى قامان قاچـانلاردا، قەيەرلەردە يۈرۈپ، قـانداق
ئـويلاپ تاپقاندۇر بۇ ئىسىمنى؟! يا تەڭرىـلەر ۋەھـىـي قىلدىمىـ
كىن؟! ... كىشىلەر تېخىمۇ سىرلىق ھاياجانغا چۆمۈشتى. تەڭرىـ
قۇتمۇ ئىختىيارسىز ھالدا قۇچىقىدىكى ئوغلىغا قاراپ «باتۇر!»
دەپ خىتاب قىلىپ تاشلىۋىدى، ئۇلار:

— باتۇر، ئىسمىڭغا مۇبارەك! — دەپ تەبرىكلەشتى.

شۇنداق قىلىپ بۆرە سىياقلىق بالا باتۇر دەپ ئاتالدى. ئەلۋەتـ
تە، بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا مۇنداقلا قويۇلغان ئەمەس، ئۇ سىرلىق
سەۋەب ۋە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. ئۇنىڭغا ئاشۇ تەڭرىگە تەڭـداش
ئۇلـۇغ ئانىنىـڭ ھاياتبەخش ئوغۇز سۇتىدىكى پاك ـ ھالاللىق،
كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە مېھىر ـ مۇھەبـبەت، غۇرۇر، ۋىـجـدان،
ئۈمىد ـ ئىشەنچ ۋە ئەرلىك جاسارەت سىڭگەن. ئۇنىڭغا ھون
ئۇچۇن سەپ تارتالايدىغان يولباشچى بولۇش، ھون ئۇچۇن بەخت
يارىتالايدىغان، ھون ئۇچۇن قۇربان بېرەلەيدىغان قـەھرىمانغا ئايـ
لىنىش ئارزۇسـى ۋە ئىـشەنچى مۇجەسسەملەنگەن! ... ئۇ يەنە
سىرلىق، ۋەھىملىك تۇس ئالغان.

① ئاتاساغۇن — باش تېۋىپ، ئوردا تېۋىپى.

تۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 8

باتۇر تۇغۇلۇپ قىرىق كۈنلۈك بولغاندا، يەنە ئانىسى ئايقاغان-نى، ئاتىسى تۇمەن تەگرىقۇتنى ۋە ئۆزىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان باشقا كىشىلەرنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مېڭىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى — يۈزى، مۇرىسى، مەيدىسى، دۈمبىسى، بىلەكلىرى ۋە پۇتلىرىنى قويۇق موي - تۈكلەر قاپلاپ كەتكەن، بوي - جۇغى ئۆسۈپ - يوغىناپ، پۇت - قوللىرى تەرەققىي قىلىپ خېلىلا كۈچلىنىپ قالغان، تېگى كۆك كۆزلىرى، قاڭشارلىق بۇرنى، قىپقىزىل ئېغىزى، كۆكۈچ ئۆڭى ۋە يۈزى بەئەينى كۆك بۆرىگىلا ئوخشىشىپ كېتىۋاتاتتى. توۋا، ئاجايىپ ئىش! ئۇنى ئۆزگىرىدۇ دېيىشكەندى. لېكىن ھېچ ··· سۈت ئەممىگەچكە، گۆش، ئاش يەپ چوڭ بولغاچقا شۇنداق بولۇۋاتامدۇ - يا؟ ئۇ بارغانچە بۆرىگە ئوخشىشىپ كېتىۋاتىدۇ دېسە! بۆرە كۈچۈكىمۇ سۈت ئېمىدۇ، خام گۆشمۇ يەيدۇ، لېكىن بۇنداق تېز چوڭ بولمايدۇ. يا شۇنداق بولامدىغاندۇر - يە؟ بۇ بالا··· زۇۋانىنى ئاڭلىسا، پۇت - قوللىرىغا قارىسا، ئىنسان بالىسىغا ئوخشىشىدۇ، بۆرىدەك غىڭشىمايدۇ، ھۇۋلىمايدۇ، ئىككى پۇتلاپ، ئۆرە بولۇپمۇ ماڭىدى مانا. بىراق تۇرقى - سىياقى، خۇي - پەيلى···؟!

ئۇ ناھايىتى ساغلام، تېتىك، ئۆتكۈر ھەم ئەقىللىق ئىدى. دائىم ئاتا - ئانىسى ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇلار ئويلاپ باقمىغان، ئەقىلگە سىغمايدىغان، ئەمما زوق - ھەۋەسنى قوزغايدىغان ئىشلارنى قىلاتتى. ئۇ شۇنداق شوخ، زېرەك ھەم كەپسىز ئىدى. ئايقاغان ھامان ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى، ئۇنى توسۇپ، قوغداپ، يېتەكلەپ ئارام تاپمايتتى. ئۇنىڭ بولسا ھەر قانداق ئىشنى قىلىپ باققۇسى، ئەتراپىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەر قانداق نەرسىگە چېقىلغۇسى، ئۇنى بۇزغۇسى

كېلىپ تۇراتتى ۋە مۇشۇ ۋەجىدىن كۆزى كۆرگەنگە ئىنتىلىپ،
بويى يەتكەنگە ئېسىلاتتى، لېكىن ئۇ بۇنىڭلىق بىلەنمۇ قانائەت
تاپمايتتى، بەلكى يېڭىدىن - يېڭى، ئۆزگىچە گۇمانىي ئىنتىلىش
ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىلگىرىكىگە ئوخشاشمايدىغان، كىشىنىڭ
خىيالىغا كىرىپ - چىقمىغان غەلىتە قىلىقلارنى چىقىراتتى. ئايقا-
غان ئەتىدىن كەچكىچە ئۇنىڭ كەينىدىن يۈرەتتى، ئۇنى توسۇپ
بولالماي، باشقۇرۇپ بولالماي ھېرىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى
قاتتىق، ئىشتىھاسىمۇ ئالاھىدە، تىل تاۋۇشلىرىمۇ بارغانسېرى
ئوچۇقلىشىپ، گەپ - سۆزلىرىمۇ كۈندىن - كۈنگە كۆپەي-
مەكتە... كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى، ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئايقاغان-
مۇ ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالدى. ئۇنىڭ سىياقىدىن ئەجەبلەنمەيدى-
غان، ئۆزگىچە خۇي - پەيلىدىن چۆچۈمەيدىغان، قىلىق -
ھەرىكەتلىرىگە، گەپ - سۆزلىرىگە ھەيران قالمايدىغان بولدى.
«بۇ ئۇنىڭدىكى تۇغۇلما ئۆزگىچىلىك ۋە سىرلىق خىسلەت» بولسا
كېرەك دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا چوڭ بالىلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك
ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، قىلماقچى بولغانلىرىغا ئېرىنمەي
ياردەملىشىپ، بىلمەكچى بولغانلىرىنى زېرىكمەي ئۆگىتىشكە
باشلىدى.

شۇ تەرزدە ئايلار ئۆتتى، يىللارمۇ ئۆتتى. كىچىك باتۇر
ئاسمىنى كەڭ بىپايان يايلاقتا ھۆر - ئەركىن، خۇشال - خاتىرجەم
ئويناپ - كۈلۈپ، ساغلام، تېتىك ئۆسۈپ چوڭ بولدى ۋە
ھەش - پەش دېگۈچە بەش ياشقىمۇ كىرىپ قالدى. بۇ چاغدا ئۇ
ئاللىقاچان سەركە قويغا مىنىپ مەزمۇت ئولتۇرالايدىغان، كىچىك
ئوقيا، سالغا[1]، تۆفەك[2]لەر بىلەن قۇشقاچ ئېتىپ، توشقان ئوۋ-
لىيالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئەسلىي ھەربىر ھون بالىسى
مۇشۇ يېشىدا ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈشكە تېگىشلىك سىناق - ئەمە-
لىيەت ۋە يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك كۈچ - قابىلىيەت بولسىمۇ،

---

① سالغا — بىر خىل قورال.
② تۆفەك — بىر خىل قورال.

ئەمما ئۇ بۇ جەھەتتە ھەممە قۇرداشلىرىدىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇ شۇنداق كۈچلۈك، ئۆتكۈر، چاققان، چەبدەس ۋە شوخ - زېرەك ئىدى. ئۇنىڭ دائىم نەلەرگىدۇر يۈگۈرۈپ چاپقۇسى، بىرەر ئىشلارنى قىلغۇسى، بىر نەرسىلەرنى بۇزۇپ - چاققۇسى ۋە قايتىدىن ياسىغۇسى كېلىپ تۇراتتى. ئۇنى قانداقتۇر بىر خىل چەكسىز كۈچ ۋە ئۆكۈشلۈك①قۇترىتىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچىنى قەيەرگە قويۇشنى بىلمەي ھېرىپ كېتەتتى. ئۇ ئاچچىقى كېلىپ خۇيى تۇتقاندا يا قۇرداشلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ - سوقۇشۇپ ئېغىز - بۇرنىنى قانغا بوياپتتى، يا سەركىگە مىنىۋېلىپ، ئۆزى ئۈچۈن مەخسۇس ياسىتىپ بېرىلگەن ئوقياسىنى كۆرگەنلا نەرسىگە ئېتىپ، نەيزىسىنى سانجىيتتى. ئۇمۇ بولمىغاندا، ئېگىز تاملارغا يامىشىپ، ئۈچلۈق چېدىرلارغا ئېسىلىپ، تىككىدە ئۆسكەن دەرەخلەرگە چىقىپ بىر نەرسىنى بۇزاتتى ياكى قۇش ئۇۋىلىرىنى چۇۋۇپ، چۈجىلىرىنى ئۆلتۈرەتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ چەكسىز كۈچ، ئۆكۈش - قاراملىق ۋە قىزغىنلىق، ناھايىتى تېز ھەم مۇكەممەل يېتىلىۋاتقان قابىلىيەت ۋە ماھارەتلەر تۇمەن تەگرىقۇت بىلەن ئالچى ئايقاغاننى ۋە ئۇنىڭغا دىققەت قىلىدىغان باشقا كىشىلەرنى ھەم قورقۇتۇپ ئەندىشىگە سالاتتى، ھەم ھەيران قالدۇرۇپ زوق - ھەۋىسىنى قوزغايتتى.

«كۆك قۇرت! ... ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كۆك قۇرتقا ئوخشاشمايدۇ. شۇنداق كۈچلۈك، ئۆتكۈر، چاققان، چەبدەس، ئۆكۈش ھەم سۇباتلىق! ئۇ چوڭ بولۇپ ئەر يەتكەندە، باھادىر ئالىپ چەۋەندازغا، ئەلكۈنىنىڭ ئىپتىخارى، ئوتلاقىنىڭ غۇرۇرىغا، ھونىنىڭ پەخرى ۋە شان - شەرىپىگە ئايلىنىدۇ! » دەيتتى ئايقاغان ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ زوقلانغان ھالدا.

«دۇرۇس ئېيتىسەن، ئالچىم! — دەيتتى تۇمەن تەگرىقۇتمۇ سىرلىق ھاياجانغا تولۇپ، — ئۇ كەلگۈسىدە ھونىنىڭ ئىشەنچى، تەگرىقۇتلۇقىنىڭ ئۇلتىرىقىغا ئايلىنىدۇ. مەندىن كېيىن تەخت -

① ئۆكۈش — توسۇن، قارام.

سەلتەنەتتە ئولتۇرۇپ هوننىڭ تۇغى ـ تەڭرىقۇتى بولىدۇ. ئالىپ چەۋەندازلارنى باشلاپ يۇرۇش ـ سوقۇشلارغا ئاتلىنىدۇ، شان ـ زەپەر قۇچىدۇ. ئۇ مېنىڭ ئۇمىد ـ ئىشەنچىم، يۆلەنگەن تېغىم! ...»

تۇمەن تەڭرىقۇت راست دېگەندەك، ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، ئوغلى باتۇر يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئۇنى رەسمىي يوسۇندا تەختى هوننىڭ تەگىن ئۆگەسى قىلىپ بېكىتىپ، پۈتۈن ئەلگە ئوچۇق جاكارلاپ يارلىق چۈشۈردى. مانا بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئوغلى باتۇرغا بولغان ئۇمىد ـ ئىشەنچىنىڭ نەقەدەر چوڭ، مېهىر ـ مۇهەببىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر هەم كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. هالبۇكى، ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، يەنى باتۇر توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ سۈبېندى ئۇرۇقى[1]دىن بولغان جانئايىقىن — باشقا بىر كىچىك ئالچىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئىككىنچى پەرزەنتى بولمىش يەنە بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىشى بىلەن ئەهۋالدا بىردىنلا چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

تۇمەن تەڭرىقۇت ئىككىنچى ئوغلىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىنمۇ ناهايىتى خۇشال هەم خۇرسەن بولدى هەمدە ئۇلۇغ ئاتلىغ بىلگە ـ دانىشلىرى بىلەن كېڭىشىپ ئۇنىڭغا يۈيۈك دەپ ئات قويدى. يۈيۈك كىچىك باتۇرغا ئوخشاش ئۇنداق غەلىتە، سۈرلۈك هەم ئالاهىدە ئەمەس، بەلكى باشقا باللارغا ئوخشاش ئادەتتىكىچە، ساغلام، تېتىك، تولىمۇ ئوماق هەم بېجىرىم ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇ ئاتىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، قىلىق ـ هەرىكەتلىرى، بوي ـ جۇغى، ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىمۇ ئادەتتىكىچە، نورمال ئىدى. بالا دېگەن ئەسلىي مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك ـ دە ... ئۇ كىشىنىڭ زوق ـ هەۋىسىنى قوزغاپ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. ئۇنى هەرقانداق كىشىنىڭ قۇچىقىغا ئالغۇسى، سۆيۈپ ئەركىلەتكۈسى، باغرىغا باسقۇسى كېلەتتى. تەڭرىقۇتمۇ ئۇنىڭغا قەۋەتلا ئامراق هەم مېهرىبـ

---

[1] سۈبېندى ئۇرۇقى — هونلارنىڭ ئالىي نەسەبلىك ئېسىل ئۇرۇقلىرىدىن بىرى.

مەن ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئانىسى جانئايىقىننى ئىنتايىن ياخشى
كۆرەتتى، ئۇنى چىن دىلىدىن، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن سۆيەتتى. باشقا
ھەممە ئالچى، قۇنچۇي، كۇمۇشتېكىنلىرىدىن، ھەتتا چوڭ ئالچى-
سى ئايقاغاندىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ ئەتىۋارلايتتى، ئۇنىڭغا
دائىم ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈپ كۆيۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ
ھەرقانداق تەلەپ - ئارزۇلىرىنى جان دەپ قوبۇل قىلىپ، تولۇق
بەجا كەلتۈرەتتى. كىچىك ئالچى جانئايىقىنىمۇ ئۇنىڭ كۆيۈشىگە،
ئەتىۋارلىشىغا مۇناسىپ تەڭداشسىز گۈزەل چوكان ئىدى. ئۇنىڭ
پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوتلاقنىڭ ياۋا گۈلىگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ھەربىر
بېقىشى، ناز - خۇلقى، ھەربىر ئېغىز گەپ - سۆزى تەڭرىقۇتنى
ئوتتىن ئېلىپ ئوتقا تاشلايتتى...

بەلكىم مۇشۇ سەۋەبتىن ياكى بولمىسا چوڭ ئوغلى باتۇرنىڭ
غەلىتە تۇرقى - سىياقى، ئۆزگىچە خۇي - پەيلى، ئۆكۈش،
تۇرگۇن، ياۋايى مىجەزى ۋە قارام، چاپقىكەشلىكى سەۋەبىدىن
بولسا كېرەك، يۈيۈك تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ باتۇرغا بول-
غان مۇئامىلىسى، مېھىر - مۇھەببىتى، كۆيۈنۈش ۋە مەس-
ئۇلىيىتىدە روشەن ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇ گەرچە بۇنى تېخى
ئوچۇق - ئاشكارا ئىپادىلىمىگەن، چوڭ ئالچىسى ئايقاغانغا سەزدۈ-
رۈپ قويۇشتىن ۋە باشقىلار ئالدىدا چاندۇرۇپ قويۇشتىن ئېھتىيات
قىلىپ يۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ چوڭ ئوغلى باتۇرنى يوقلاش ئۈ-
چۈن ئايقاغاننىڭ يېنىغا دائىم كېلىپ تۇرمايدىغان، كۆپىنچە ھال-
لاردا سىرتلاردا، ئەل ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ قېلىپ چولى-
سى تەگمىگەندەك ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ۋە بۇنىڭغا باھانە تېپىپ
يالغان ئېيتىدىغان، گاھى بىر چاغلاردا يوقلاپ كىرگەندىمۇ ئالچى-
سىنىڭ، ئوغلىنىڭ يېنىدا ئۇزاق تۇرمايدىغان، باتۇرنى بۇرۇنقى-
دەك ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان، ئۇنى «كۆك بۆرەك، ئىشەنگەن
ھەم يۆلەنگەن تېغىم!...» دەپ ماختاپ ئەركىلەتمەيدىغان، ئۇنىڭ
كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئەقىل - پاراستىگە،
كۈچ - ماھارىتىگە ئېرەن قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھال

ئېرىنىڭ كۆڭلىدە جىن بارلىقىنى ئاللىقاچان كۆرۈپ ھەم ھېس قىلىپ يەتكەن زېرەك، تۇيغۇن چوڭ ئالچىغا قاتتىق ئار كېلىپ ئەلەم قىلدى ۋە قەلبىدە رەشك، ھەسەت، ئۆچمەنلىك، غەزەپ - نەپرەت پەيدا قىلىپ، ئۇنى چىدىغۇسىز ئىزا - ئاھانەت ۋە غەم - تەشۋىشكە گىرىپتار قىلدى.

ھالبۇكى، ئايقاغاننىڭ بۇنىڭغا ھېچقانداق ئامالى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ نەپرەت كۆزى بىلەن قاراۋاتقىنى، ئۆزىنى ۋە ئوغلىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغىنى باشقا بىرى ئەمەس، دەل ھۇننىڭ تۇغى، شانۇشەۋكەتلىك تەڭرىقۇتى تۇمەنخان. ئۇ ھېچكىمگە تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان ئۇلۇغ ئاتلىق، ھوقۇق ئىمتىيازلىق كىشى. ئۇ نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ، قانداق قىلغۇسى كەلسە شۇنداق قىلىدۇ، بۇنىڭغا ھېچكىم، ھېچقانداق كۈچ ئارا تۇرالمايدۇ. ئۇ قايسى ئالچىنى بەكرەك ياخشى كۆرۈشنى، سۆيۈش ۋە ئەتىۋارلاشنى، قايسى ئالچىسىنى ياخشى كۆرمىسىمۇ ئىززەتلەپ ھۆرمىتىنى قىلىپ قويۇشنى، ئۇنى يوقلاش - يوقلىماسلىقنى ئۆزى بىلىدۇ، ئۆزى خالايدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى. يەنە كېلىپ ئۇ بىر ئاتا بولۇش سالاھىيىتى ۋە نوپۇزى بىلەن شۇنچە كۆپ چوڭ - كىچىك ئالچىلىرىدىن، قۇنچۇي، كۇمۇشتېكىنلىرىدىن، ھەتتا بەزىبىر قىرقىن - قىرناقلىرىدىن بولغان بالىلىرىغا يا ئۇنداق، يا مۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا ھەقلىق، ھوقۇقلۇق. ئەڭ بولمىغاندىمۇ بىر ئاتىنىڭ بىرنەچچە بالىسىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى، كۆيۈنۈش، مۇئامىلىسىنىڭ تامامەن ئوخشاش ياكى پۈتۈنلەي پەرقلىق بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس - دە. بۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان سەۋەب - ئامىللار بولىدۇ... شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭغا ئالدىراپ بىرنېمە دېگىلى ياكى قارشى چىققىلى، جېدەللەشكىلى بولمايتتى. شۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ بۇنىڭ قانچىلىك پايدىسى بولسۇن؟ ئاقىۋىتى ئۆچ - ئاداۋەتتىن باشقا يەنە نېمە بولاتتى؟... ئۆسمۈر باتۇر بۆلاردىن مۇستەسنا ھەم پەرۋاسىز ھالدا ھېچ غېمى يوق ئۆز بالىلىقىنى قىلىپ ئويۇننى ئوينايتتى، ئەلۋەتتە. بۆلار ئۇنىڭ

ئۇچۇن ئەھمىيەتسىز، ئانچە مۇھىم ئەمەس، ئەڭ بولمىغاندا ھازىر-
چە شۇنداق. ئەمما چوڭ ئالچى ئايقاغانغا نىسبەتەن ئۇنداق ئەمەس،
چۈنكى بۇ ئۇنىڭ ئارزۇلۇق ھونزادىسىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى
ۋە تەقدىر - قىسمىتىگە، قۇت - بۇيانىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ،
مۇھىم ئىش - دە! ... مۇشۇنداق كېتىۋېرىپ، تەگرىقۇت ئاشۇ
ئەرسەگ[1]، ئازغۇن ئەشقىنىڭ[2] كەينىگە كىرىپ، كۆڭلەرنىڭ بىرى-
دە ئوغلى باتۇردىن تېنىپ ياكى ئۇنى چەتكە قېقىپ، تەگىن ئۆگە-
لىك ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىستىقبالىنى نابۇت قىلى-
ۋەتمەس - ھە؟...

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چوڭ ئالچى ئايقاغاننىڭ كاللىسىغا مۇ-
شۇنداق ئىزا - ئاھانەتلىك، غەم - تەشۋىشلىك، ھەسرەت -
نادامەتلىك ئوي - خىياللار دائىم كىرىۋالىدىغان، ئۇنى تىنچ قوي-
ماي ئىزتىراپقا سالىدىغان بولۇۋالدى. بىراق ئۇ قانچە باش قاتۇ-
رۇپمۇ بۇ خىياللىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى، چىگىچ، مۇرەككەپ
سوئاللىرىغا جاۋاب تاپالمىدى. «بولدىلا، بۇنىڭدىن ۋايىم يەپ
تەشۋىشلىنىشنىڭ نېمە پايدىسى؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ ئاخىرى-
دا، — ئوغلۇم باتۇر نېملا بولمىسۇن ئۇنىڭ پۇشتى، تۇنجى
ئوغۇل پەرزەنتى. تۇغۇلۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدىمۇ ئۇ ئۇنى ھېچ
ئىككىلەنمەي، شۈبھە - گۇمان قىلماي ئېتىراپ قىلغان، ياقتۇ-
رۇپ مېھرىنى بەرگەن. شۇنچە كۆپ ھون خان - بەگلىرى ۋە
ئېسىلزادىلەر ئالدىدا ئۇنى تەختىمىنىڭ تەگىن ئۆگەسى، دەپ جا-
كارلىغان، كېيىن ئەلكۈنگە يەنە رەسمىي يوسۇندا يارلىقمۇ چۈشۈر-
گەن. مەن ئۇچۇن، ئوغلۇم ئۇچۇن مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە.
چۈنكى ئۇ دېگەن تەگرىنىڭ ئوغلى، ئەلكۈننىڭ تۇغى، ئۇنىڭ
ھەربىر نەپسى، ھەربىر ھەرىكىتى تەگرىنىڭ ئىرادىسى. ھەربىر
ئېغىز سۆزى دەخلىسىز يوسۇن، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ھون تەختىگە
بۇرۇندىن تارتىپ تەگرىقۇتنىڭ چوڭ ئوغلى مىراسخور بولۇپ كەل-

---

① ئەرسەگ — ئەرسىرىگەن، بۇزۇق ئايال.
② ئەشىق — تېگى پەس، ئەرزىمەس، نائەھلى، تۆۋەن - پەس.

گەن، ئۇ ئۆزىمۇ شۇنداق قىلغان. بۇمۇ بىر ئۆزگەرمەس، دەخلى-
سىز ئادەت! ئۇ ھەرنېمە قىلسىمۇ، ھەرقانداق قىلسىمۇ تەڭرىنىڭ
ئىرادىسى بىلەن قارشىلاشماس. يوسۇن ـ ئادەتنى بۇزۇپ، قىلغان
سۆزىدىن، ۋەدىسىدىن يېنىۋالماس؟! ... دۇرۇس، ئوغلۇم باتۇر-
نىڭ تەگىن ئۆگەلىكى، ئاتىسىدىن كېيىن ھون تەختىگە ئولتۇرۇپ
تەڭرىقۇت بولۇشى مۇقەددەس تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، ئورۇنلاشتۇرۇ-
شى. بۇنىڭغا ھېچكىم ھەرقانداق كۈچ ۋە سەۋەب بىلەن قارشى
چىقالمايدۇ. بۇنىڭدىن شەكلىنىشنىڭ، تەشۋىشلىنىشنىڭ ھاجىتى
يوق. ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ئىش ئوغلۇمنى ئوبدان بېقىپ ئۆستۈ-
رۈش، ياخشى تەربىيىلەپ چوڭ قىلىش، باتۇر، قەيسەر، جاسارەت-
لىك ئالىپ چەۋەنداز، تۈيغۇن، پاراسەتلىك بىلگە ـ دانىش قىلىپ
يېتىشتۈرۈپ چىقىش. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ھەممە ئىش
ئىزىغا چۈشۈپ ئۆز يولىدا راۋان يۈرۈشىدۇ. باتۇرمۇ ئۆز ئەركىنى
ئۆز قولىدا تۇتالايدۇ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ، ئۆز كېلە-
چىكىنى، ئىستىقبالىنى ئۆزى يارىتالايدۇ، يورۇتالايدۇ. ئۇ چاغدا
ئاتىسىمۇ ئۇنىڭغا قايىل بولماي، يول قويماي تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭغا
تەئەللۇق ھەرقانداق نەرسىنى تارتىۋالالمايدۇ، باشقا بىرىگە ئېلىپ
بېرىشكە پېتىنالمايدۇ! ...» ئۇ ئاخىرىدا ئەنە شۇ خىياللاردىن ئۆزى-
گە تەسەللى ۋە مەدەت تاپتى ھەمدە قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ پۈتۈن
زېھنىي كۈچى ۋە ئىشتىياقى بىلەن باتۇرنى بېقىپ ـ تەربىيىلەپ،
يارامىلىق كىشى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا بەل باغلىدى.
ئۆتكۈر ھەم چېچەن باتۇرمۇ ئانىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشى-
نىپ يەتكەندەك، ئۆسۈپ چوڭ بولغانسېرى ئۇنىڭ كۈتكەن يېرىدىن
چىقىپ، ۋاپاسىز ئاتىسىنى ھەيران قالدۇرۇپ تەمتىرىتىپ قويۇشقا
باشلىدى. ئۇ ئون ياشقا كىرگەندە، يېتىلگەن ھون چەۋەندازلىرىغا
ئوخشاش ئۇچقۇر ئاتنىڭ ئۈستىدە قۇرغۇيدەك قونۇپ ئەپلىك ھەم
مەزمۇت ئولتۇرالايدىغان، كىرىچى چىڭ ئوقيادا ئالدىدىكى نىشانغا
چەنلەپ قانداق ئوق ئۈزسە، كەينىدىكى نىشانغىمۇ شۇنداق تېز ھەم
دەل ئۈزەلەيدىغان، تۈلكە، توشقانلارنى بىمالال ئوۋلاپ، بۆرە،

www.uyghurkitap.com

يىلپىزلارغا ھۇجۇم قىلالايدىغان، ئات چاپتۇرۇش، قىلىچ جەۋلان قىلىش، نەيزە شىلتىش ۋە تاشلاش، قالقان تۇتۇپ مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ھۇجۇمغا ئۆتۈش قاتارلىق لەشكىرىي ھەملىلەرنى مۇكەممەل ئورۇندىيالايدىغان مەرگەن، ماھىر چەۋەندازغا ئايلاندى. ئەقلىمۇ، بىلىشىمۇ يېشىغا ماس ھالدا ئۆتكۈرلەشتى ۋە ئاۋۇپ باردى. لېكىن ئۇ مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ يەنە ئۆزىنىڭ «بۆرە سىياقلىق··· نۇقسانلىق ئوغۇل» ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ سەۋەبلىك ئاتىسىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى ۋە كۆيۈنۈشىگە، ئەتىۋارلاپ ماختىشىغا ئېرىشەلمەي بىر چەتكە قايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، باشقىلار تەرىپىدىنمۇ «بۆرە كۈچۈكى! ···» دەپ كەمسىتىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. بۇلار ئۇنىڭغا قاتتىق ئىزا ۋە ئەلەم بولاتتى، قورسىقىنى كۆپتۈرۈپ، غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغايتتى. ئۇ بۇنىڭغا ئاچچىقلىناتتى، مەيۈسلىنەتتى. ئۆزىنى مەنسىتمىگەنلەردىن، مازاق قىلغانلاردىن، كەمسىتكەنلەردىن، چەتكە قاققانلاردىن ئۆچ ئالغۇسى، شۇنداق دەپ ئارىغا ئالمىغانلارنى بۆرىنى ـ قۇلىقىغىچە تويغۇزۇپ قويغۇسى كېلەتتى. ئۇ ئۆز قەلبىنىڭ ئىنسانىي غورۇرىغا، بىلەكلىرىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ھېچبىر سەۋەبسىزلا قورسىقىنى كۆپتۈرۈپ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغايدىغان بۇ ئۆچمەنلىك، ئىنتىقام تۇيغۇلىرىغا ئەركىنلىك بېرىپ، ياقتۇرمايدىغانلارغا تۈگەل چىراي ئاچمايدىغان، يېقىن يولىمايدىغان، ئۇلارنىڭ پات ـ پات دەككىسىنى بېرىپ، ئۇرۇپ ـ ئۇچۇقلايدىغان بولدى. دەككىسىنى يېگەن قۇرداشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىمۇ بۇنىڭغا ئاچچىقلىناتتى. ئۇنىڭ يوقىلاڭ ئىشلارغا پۇشقۇنۇپ ئاچچىقلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى تېخىمۇ كولدۇرلىتىپ قىينايتتى. لېكىن ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا دەككىسىنى ھەسسىلەپ يەپ ئارام تاپاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە، ئۇ چوڭ بولغانسېرى قۇرداشلىرىنىڭ ئېغىزىدا «ئۆكۈش، ياۋۇز كاللا كېسەر···» دېگەندەك گەپلەر تەكرارلىنىدىغان بولدى. بۇنداق گەپ-

لەرنى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ۋە باشقا چوڭلارمۇ تەكرارلايتتى.
ئۆسۈپ چوڭ بولغانسېرى باتۇرنىڭ كۆڭلىگە قاراداغ ئورناش-
تى. ئۇ گاھىدا چۈشكۈنلۈككە بېرىلىپ شۈكلەپ قالسا، گاھىدا
قاشانى بۇزۇپ قاچقان ئۆكۈش يىلقىدەك قۇتراپ تەلۋىلىك قىلاتتى.
بۇنداق چاغلاردا ئۇ ھەقىقەتەن ئۆزىگە ياقمىغان بالىسىنى بوغۇپ
ئۆلتۈرىدىغان يىرتقۇچقا، ساغرىسىنى سىلاتمايدىغان يولۋاسقا، باغ-
رىغا باسقاننى ئۆلتۈرمەي قويمايدىغان بۇغرىغا، تىرىك جاننى يال-
ماپ يۇتمىغۇچە كۆڭلى تىنمايدىغان يالماۋۇزغا، ئوت بىلەن ئوينى-
شىدىغان ئىبلىسقا، جۇت كۈنى قۇترايدىغان چىلبۆرىگە، ئۆزىنىڭ
گۆشىنى ئۆزى يەيدىغان ئىتقا ئوخشىشىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۆز
قۇرداشلىرى ئارىسىدا بويى خادىدەك ئېگىز، ئەقلىمۇ باشقىلارنىڭ-
كىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ئېغىر ـ بېسىق، چىقىشقاق ئەرقىل
دېگەن دوستى ۋە ئۇنىڭ شوخ، زېرەك، ئاق كۆڭۈل چىرايلىق
سىڭلىسى سۈجۈكتىن باشقا بىرمۇ يېقىن كىشىسى يوق ئىدى.
ئاتىسى، ئۆگەي ئانىلىرى، قانداش تۇغقانلىرى، ئاتاغا[1]، ئاناغا[2]
لىرى ئالدىدىمۇ ئۇ ئۆزىنى يېتىم، يېگانە، غېرىب ھېس قىلاتتى.
ئۇنى پەقەت ئۆزىنىڭ ئانىسى — چوڭ ئالچى ئايقاغانلا ناھايىتى
ئوبدان چۈشىنەتتى ۋە ياخشى كۆرەتتى، بۈركۈت بالىسىنى قانات
ئاستىغا ئېلىپ ئاسرىغاندەك ئۇنى ھىمايىسىگە ئېلىپ قوغدايتتى،
تەڭرىلەردىن ئۇنى يامان كۆز، ئۆسەك سۆز ۋە كۆرۈنەر ـ كۆرۈن-
مەس بالا ـ قازالاردىن ئامان ساقلاشنى تىلەيتتى.

ئاتىسى تۈمەن تەڭرىقۇت ئوچۇق ـ ئاشكارا چەتكە قاقمىسىمۇ،
تۇرقىغا، خۇي ـ پەيلىگە قاراپ، باشقىلارنىڭ تەسىرىگە بېرىلىپ،
ئۆزىنىڭ بۇ «ئۆكۈش، ياۋۇز، كاللاكېسەر» ئوغلىغا ئوبدانلا ئاچ-
چىقلىناتتى ياكى ئۇنىڭ بىلەن پەقەتلا كارى بولمايتتى. ئۇ ئۆزىنى
ئاتىسىنىڭ ئالدىدا نەزەردىن قالغان، تاشلىۋېتىلگەن يېتىم ئوغۇل
ھېسابلايتتى. دېمىسىمۇ ئۇ كىچىك ۋاقتىدىكى چۈشكە ئوخشاش

---

① ئاتاغا — ئاتىسىنىڭ ئاكىسى، تاغا.
② ئاناغا — ئانىسىنىڭ ئاكىسى، تاغا.

www.uyghurkitap.com

غۇۋا ئەسلىمىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەقلى ئېشىپ ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندىن بېرى ئاتىسىنى تۇزۇك كۆرۈپ باقمىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرەر كۈن بىللە ئويناپ كۈلمىدى. ئۇنىڭ ماختاشلىرىنى ئاڭلاپ مېھرىگە قانمىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرەر نۆۋەتمۇ ئوۋغا چىقىپ باقمىدى...

ئۇ بەزىدە ئۆزىنى ئۇشتۇمتۇت چوڭ بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. كۆڭلىدە، ئارزۇ ـ تىلەكلىرىدە يېتىلىپ قالغاندەك سېزەتتى. ئۆزىنى چوڭلارغا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلار قىلغان ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدىغان ھەقىقىي ئەركەك سانايتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ باشقىلاردىن نەرى كەم؟ ئۇ ئاتىسىنىڭ پات يېقىندا ئەر يەتكەن يىگىت بولۇپ قالىسەن، دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغىنىدا، راستتىنلا چوڭ بولۇپ قالغاندەك خۇشاللىقتىن بېشى كۆككە يەتكۈدەك بولۇپ كېتەتتى. شۇنداق، ئۇ ئۆسۈۋاتىدۇ، چوڭ بولۇۋاتىدۇ. پات يېقىندا ئەر يەتكەن يىگىت سانىلىدۇ، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ قاتارغا قېتىلىدۇ. ئۇ چاغدا كىشىلەرمۇ ئۇنى ئارىغا ئالغۇسى، ئاتىسىمۇ ئۇنى يېنىغا تارتقۇسى، كېڭەشلەرگە، ئوۋ ـ سوقۇشلارغا قاتناشتۇرغۇسى! ... ئۇ يەنە ساۋۇتلۇق چەۋەندازلار قوشۇنىغا قاتنىشىدۇ، قاراۋۇللۇقتا، كۆزەتتە تۇرىدۇ، ئات چاپتۇرۇپ ئوۋغا چىقىدۇ، يۈرۈشلەرگە ئاتلىنىپ جەڭگە كىرىدۇ، ئوۋدا، سوقۇشتا غەلىبە ـ نۇسرەت قازىنىپ، نۇرغۇنلىغان ئولجا ـ غەنىيمەتلەرگە ئېرىشىدۇ! ...

چوڭ بولغاندا ئاتىسى ئۇنى راستتىنلا يېنىغا تارتارمۇ؟... ئەگەر شۇنداق بولسا ئاتىسى ئۇنى نېمە قىلار؟ يۈز بېشىمۇ، مىڭبېشىمۇ، يۈرتۇغ سانغۇنمۇ؟... تەگىن ئۆگە دېگەن قۇرۇق نام، مېۋىسىز بىر شاخ. ئۇ ئۇنداق قۇرۇق نام بىلەن بىكار يېتىشنى خالىمايدۇ. سۇباشى[1] قىلىپ تەيىنلەرمۇ ـ يا؟... ياق، ئۇ سۇباشى بولۇشقا تېخى ياشلىق قىلىدۇ. قائىدە بويىچىمۇ ياشلار بۇنداق زور ئىشلارغا تەيىنلەنمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ بولۇش، نۇر-

---

① سۇباشى — ئەمەل نامى. چوڭ قوشۇننىڭ باشلىقى، باش قوماندان.

غۇن ئىشلارنى كۆرۈپ ـ بىلىپ، نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ يېتىلگەن، بېلى قاتقان بىر قىران ئەركەككە ئايلىنىش، يۇرۇشلەرگە ئاتلىنىپ سوقۇشلارغا قاتنىشىش، جەڭ-لەردە باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ ئەجىر ـ تۆھپە يارد-تىش، ئۆزىنىڭ تۇيغۇن، قەيسەر، سالماق، قابىل ھەم پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش كېرەك. يا ئاتىسى ئۇنى ئەلچىلىككە تەيىنلەپ قوشنا ئەل ـ تائىپىلەرگە ئەۋەتەرمىكىن؟ شۇنداق قىلسى-غۇ بەك ياخشى بولاتتى، ئۇ چاغدا ئۇ كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان چەت ئەللەردە، يات تائىپىلەر ئارىسىدا كۆڭۈللۈك، مەنىلىك سەيلە ـ زىيارەتتە بولاتتى، يېڭى، ئۆزگىچە نەرسىلەرنى، غەلىتە، قىزىقارلىق ئىشلارنى كۆرۈپ، تېتىپ باقمىغان غىزالارنى يەيتتى! ••• يا ئاتىسى كۈچلۈك بىر قوشۇن تەشكىللەپ ئۇنى توخرد-لار ئۈستىگە ئاتلاندۇرامدىكىن؟ توخرىلار ئىككى گەپنىڭ بىرىدە بىكاردىن ـ بىكار يامانلاپ تىلغا ئېلىنمايدىغاندۇر؟••• يا بولمىسا تۆۋەن ئىقلىمدىكى خۇاشيا بەگلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىشقا ئەۋە-تەرمىكىن؟ مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلارمۇ ھازىر ئۆزئارا ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىشىپ يېغا قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتكەنمىش. پۇرسەت دېگەن مانا شۇ ـ دە. خۇاشيا بەگلىگى ناھايىتى باي، يېرى كەڭ، پاراۋان ئەل، ئەمما ھازىر تەپرىقە ھالەتتە. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنى تالان ـ تاراج قىلماق ئاسان ھەم ناھايىتى نۇرغۇن ئولجا ـ غەنىي-مەت ئېلىپ قايتقىلى بولىدۇ!••• ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەرنىڭ كىشىلىرى گۆش ـ ئاش، سۈت ـ قېتىقلارنى ئىستېمال قىلغاندىن سىرت، يەنە مال يەيدىغان ئوت ـ چۆپلەرنىمۇ «كۆكتات» دەپ يەرمىش••• ئاتىسى خالىسا، بۇيرۇسا، ئۇ ياۋۇز توخرىلار ئۈستىگە ئىككىلەنمەي يۈرۈش قىلغان بولاتتى. ئۇلارنى سۈر ـ توقاي قىلىپ، ئالچى تاغلىرىنى[1]قايتۇرۇۋالاتتى. ئۇلارنىڭ ئاۋۇل ـ قىشلاقلىرىنى، ئۇلۇس ـ ئايماقلىرىنى، ھەتتا چىدلان

---

① ئالچى تاغلىرى — بۇگۈنكى گەنسۇ ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى يەنجىسەن ۋە ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالشا ئېگىزلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

تېخى ئېتىكىدىكى پايتەختىنىمۇ تۇپتۇز قىلىپ ئۆرتەپ تاشلايتتى. ئەرلىرىنى، ئەسكەرلىرىنى تىك قىيالاردىن چوڭقۇر ھاڭلارغا تاشلىۋېتەتتى. ئۇ پەقەت توخرى قىزلىرىغىلا ئىچ ئاغرىتقان بولاتتى. ئۇلارنى ئەسىر ئېلىپ تۇمەنبالىققا ئەكېلەتتى ـ دە، زىلۇ[1]ياكى قىرقىن قىلىۋالاتتى… تۆۋەن ئىقلىمدىكى خۇاشيا بەگلىرىگە باستۇرۇپ بارسىچۇ تېخى، ۋاي ـ ۋۇي ئۇ يەردىكى ئالتۇن، كۈمۈش، يورۇقتاش[2]، فارفور، تاۋار ـ دۇردۇن، ئاشلىق، مەي ـ شاراب دېگەنلەرنى!… ئۇ ھېچنېمىدىن قورقۇپ قالمايتتى. جەسۇر بۆركۈتتەك ئۈنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۈپ قارا بوراندەك باستۇرۇپ باراتتى ـ دە، قۇنۇم ـ قورغانلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، بايلىق، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك دېگەنلەرنى يەتكۈچە ئېلىپ قايتاتتى. يەنە تېخى خۇاشيا قىزلىرىمۇ بار. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇلار ياپىلاق يۈزلۈك، قىيپاش قارا كۆزلۈك، سۈزۈك چىراي، چىرايلىق، سىپايە، ساز چېلىپ غەزەل ئوقۇشقا ماھىر كېلەرمىش. ئاتىسى ئۇلارنى كۆرسە، ناخشا ـ غەزەللىرىنى ئاڭلىسا، خۇشال بولۇپ باتۇرنى ماختاپ كېتەر!…

ئۆسمۈر باتۇر پات ـ پات ئەنە شۇنداق خىياللارغا بېرىلىپ ئاجايىپ ئارزۇ ـ ئارمانلارنى قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسىر ئېلىنغان توخرى قىزلىرىنى، خۇاشيا سەنەملىرىنى، ئولجا ئالغان مال ـ بايلىقلىرىنى ئېلىپ تۇمەنبالىققا قايتىپ كەلگىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە يۈرەكلىرى ئويناپ، قانلىرى ئۇرغۇپ ھاياجانلىنىپ كېتەتتى. بىراق، خىيال قىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۆز ئالدى بىردىنلا غۇۋالىشاتتى ـ دە، خىياللىرى چېچىلىپ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى توزۇپ، كېيىن قانداق قىلىشنى، قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەي قالاتتى. ئاخىرىدا ئۇنىڭ بارلىق شېرىن خىياللىرى ۋە ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى پەقەت بىرلا ئىشقا — ئەر يەتكەن يىگىت بولۇشقىلا مەركەزلىشەتتى. ئۇ مۇشۇ

① زىلۇ — ھونچە سۆز بولۇپ، قۇل دېگەن مەنىدە.
② يورۇقتاش — ئۈنچە ـ مارجان، گۆھەر ـ ياقۇت، ياندىغان تاش.

ئارزۇسىغا يەتسىلا قانداقتۇر ھەممە ئىش ئۆزگىرىپ باشقىچە بولى-
دىغاندەك، ئاتىسى ئۇنىڭغا كۈلۈپ بېقىپ قۇچاق ئاچىدىغاندەك،
قۇرداشلىرى، تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا ھەۋەس - ھۆرمەت قىلىدىغان-
دەك، ھەممەيلەن ئۇنى ئارىغا ئېلىپ ئالقىشلايدىغاندەك، بارلىق
ئىشلار ئۇنىڭ ئويلىغىنىچە بولىدىغاندەك ھېس قىلاتتى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ بۇ ئارزۇلىرىغا يەتكەندەكمۇ
بولدى. مانا، ھەش - پەش دېگۈچە قوزىلار تۆل بولۇپ، يەنە
بىرنەچچىدىن تۆللىدى. تاي - قۇلۇنلار بېلى قاتقان، پۇتلىرى
چېنىققان يۈگۈرۈك ئاتلارغا ئايلاندى. باتۇرمۇ چوڭ بولۇپ ئون
بەش ياشقا كىرىپ قالدى. بويى ئۆسۈپ ئات بىلەن تەڭلەشكەن،
كۆكۈچ يۈزىنى قويۇق، قاپقارا ساقال - بۇرۇت باسقان، بوينى
بۇقىنىڭ گەدىنىدەك، مۇرىلىرى قارا بۇلغۇن مۇرىسىدەك، كۆك-
سى ئېيىقنىڭكىدەك، بېلى ئەركەك بۆرىنىڭ بېلىدەك، مېڭىشى
يولۋاستەك، تۇرۇشى تىك چوققىدەك، قەددى - قامىتى زەبەر-
دەس، تەقى - تۇرقى چوغچام، ئارسلاندەك چەبدەس، قاپلاندەك
كۈچتۈڭگۈر بىر يىگىتكە ئايلاندى. جانبازلىق، چەۋەندازلىق، كا-
ماندازلىق، قىلىچۋازلىق، نەيزە شىلتىپ قالقان تۇتۇش قاتارلىق
لەشكىرىي ھەملىلەر ۋە ئوۋ ئوۋلاش، بۇقا كۆتۈرۈش، چېلىشىش
قاتارلىق تەبىئىي كۈچ - ماھارەتلەردىمۇ كامالەتكە يېتىپ، تەڭ-
تۇشلىرى ئارىسىدا ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتتى. كىشىلەرمۇ
ئۇنىڭدىن چۆچۈيدىغان، تەپ تارتىدىغان ۋە ھەۋەس قىلىدىغان بو-
لۇشتى. ھالبۇكى، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىدا، تۇرمۇشىدا
ئۆزى ئويلىغاندەك، ئارزۇ قىلغاندەك ئۇنچە چوڭ ئۆزگىرىش بول-
مىدى. ئۇنىڭ بۆرە سىياقى، قارام، تەلۋە، جاھىل مىجەزى يەنىلا
ئۆزگەرمىگەن، بەلكى تېخىمۇ سۈرلۈك، ئاچچىقى يامان، دەرغە-
زەپلىك بولۇپ كەتكەنىدى. بۇرۇنقى ئۆچمەنلىك، ئىنتىقام تۇيغۇ-
لىرى ئاغرىنىش، ئاداۋەت ۋە غەزەپ - نەپرەتكە، بالىلىق ئۆكۈش-
لۈكى، تەلۋىلىكى ياشلارچە قىزىققانلىق ۋە قاپ يۈرەكلىككە، جا-
ھىللىقى، سۇباتى تەۋرەنچىسىز ئىرادىگە ئالماشقان. ئۇ ھېلىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى ئاتىسى ۋە تۇغقانلىرى، تەڭتۇشلىرى، چوڭلار ئالدىدا نۇقسانلىق، كەمسىتىلىۋاتقان، چەتكە قېقىلغان ھېسابلايدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىچى ئۆرتىنىدۇ ۋە غېرىبسىنىپ خورلۇق ھېس قىلىدۇ. ئۇ گەرچە بۇلارغا پەرۋا قىلماي، ھېچكىمگە تىز پۈكمەي، ساغرىسىنى سىلاتماي، قۇيرۇقىنى تۇتقۇزماي، قىلىمەن دېگىنىنى قىلىپ، ئۆز خاھىشى، ئۇسۇلى بويىچە ھۆر، مۇستەقىل ياشاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئاتىسى تۇمەن تەگرىقۇت ئۇنىڭغا يەنىلا سىڭار كۆزدە قارايدۇ. ئانىسى ئايىغاندىن بىرئاز ئەيمەنسىمۇ، ئەمما ئۇنى كىچىك ئالچىسى جانئايىقىنىنى سۆيگەندەك سۆيمەيدۇ، ھەقىقىي ھۆرمەتلىمەيدۇ، كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئۆزىنى بولسا ئوچۇقتىن - ئوچۇق چەتكە قېقىپ، نەزەر كۆزىدىن پۈتۈنلەي ساقىت قىلىۋەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما قانداش ئىنىسى يۈيۈكنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرمەيدۇ، ئەتىۋارلىمايدۇ، يوقلىمايدۇ. ئاندا - ساندا كۆرۈشكەندىمۇ ھالىڭ نېچۈك؟ دەپ سوراپ قويمايدۇ، سىرلىق، ئېھتىياتچان مۇئامىلە قىلىدۇ. دېمەك، ئارىدا يەنىلا كۆرۈنمەس بىر چوڭقۇر ھاڭ بار. ھەممىدىن يامىنى، ھەممىدىن مۇھىمى مانا مۇشۇ ھاڭ. مۇشۇ ھاڭ يوقالسا، ۋۇجۇدتىن ۋۇجۇدقا، قەلبتىن قەلبكە يول ئېچىلسا، ئاندىن ھەممە ئىش ئەسلىگە قايتىدۇ ياكى ئىزىغا چۈشىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئاندىن ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ تەسكىن تېپىپ شادلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، چوڭ بولۇشقا، كۈچ - ئەقىلگە تولۇشقا ئەگىشىپ بەزىبىر ئۆزگىرىشلەرمۇ بولماي قالمىدى. ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ ساغلام، بەقۇۋۋەت ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلىگۈدەك بىر جەسۇر يىگىتكە ئايلانغانلىقى، جىسمىنىڭ كۈچ - قۇدرەتكە، قەلبىنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرغا تولۇشقا باشلىغانلىقى، كۆڭلىدە مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنىڭ بىخلانغانلىقى، تەڭتۇش دوستى ئەرقىل بىلەن ئۇنىڭ ئوماق سىڭلىسى سۈجۈكنىڭ ئۆزىگە تېخىمۇ ئېجىل، تۇغقاندىن چارە بولۇپ كەتكەنلىكى، باشقا تەڭتۇشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق كەمسىتىشتىن،

كولدۇرلىتىشتىن ئەيمىنىشكە، تەپ تارتىشقا ئۆتكەنلىكى، بەلكى بەزىبىرلىرىنىڭ ئۆزىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ ئېتىراپ قىلىشقا، قايىللىقىنى ئىپادىلەپ دوست بولۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى، ھەتتا ئاتىسى تۇمەن تەگرىقۇتنىڭمۇ ئۆزىدىن سەل تەپ تارتىپ ھەم ئېھتىيات قىلىپ مۆتىدىل مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، سالماق، ئېھتىياتچان مۇئامىلە بىلەن قوللاپ مەدەت بېرىشلىرى، يول قويۇشلىرى ئىدى. مانا بۇلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ ئىشەنچىنى ئاشۇراتتى. چوڭ ئالچى ئايقاغانمۇ بۇلاردىن خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىق ھېس قىلاتتى، پەخىر ـ ئىپتىخارغا چۆمۈپ، ئوغلىدىن زور، يۈكسەك، ئۇلۇغۋار ئۈمىدلەرنى كۈتەتتى. بىراق ئۇ ئانىلىق سۆيگۈسى، ئاياللىق تەبىئىتى ۋە تۇرمۇشتىكى رەشك، كۈنداشلىق سەۋەبىدىن يەنىلا بەزىبىر تەشۋىشلىك خىياللاردىن خالىي بولالمايتتى. ئۇنىڭ ھامان ھەممىنى ئۆزگەرتكۈسى، ئەسلىگە قايتۇرغۇسى، ئۆز ئىزىغا سالغۇسى كېلەتتى. ئەمما بۇنىڭغا يەنە نېمە چارە؟… شۇڭا ئۇ كۆپ ھاللاردا تەگرىلىككە بېرىپ ئىبادەت قىلاتتى، تەگرىلەرگە سېغىنىپ ئوغلىغا ئامانلىق ۋە قۇت ـ بۇيان، ئېرىگە ئىنساپ ـ دىيانەت ۋە تەۋپىق ـ ھىدايەت تىلەيتتى. ئېرىنى غالىس نىيەت، ۋەسۋەسە ۋە تۇيۇق يولدىن قايتۇرۇشقا، ئوغلىغا، ئائىلىسىگە، ئۇرۇقىغا، ئەل ـ تائىپىسىگە ۋاپادار، كۆيۈمچان ھەم مەسئۇلىيەتچان قىلىشقا تىرىشاتتى.

ھالبۇكى، باتۇر ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ ئالتۇندەك ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويۇۋاتقان، قەلبى ئىنسانىي غۇرۇرغا، ۋۇجۇدى كۈچ ـ قۇدرەتكە تولۇپ، ئوي ـ تەپەككۇرى ئېچىلىپ ئەقلى ئېشىۋاتقان، كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر ـ ۋاپا، نومۇس ـ ھايا، ۋىجدان ـ مەسئۇلىيەت، مۇھەببەت ـ نەپرەت ۋە ئەل ـ تائىپە، تەخت ـ سەلتەنەت، شان ـ شۆھرەت، مۇقەددەس بۇرچ، كەلگۈسى ئىستىقبال دېگەنلەرنى ئەمدى چۈشىنىپ ھېس قىلىشقا باشلىغان مۇشۇ مەزگىلدە، تۇنجى قېتىملىق ئەڭ چوڭ خىرىس ۋە مۇھىم تاللاشقا دۇچ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 9

تۆرئاۋۇل ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق تۆر پىنهان، مەنزىرىلىك، تىنچ قونۇم ئىدى. ئۇنىڭ يۇقىرىسى چۇغاي — ياپپېشىل، بوك ـ باراقسان تاغ ـ ئورمانلىق، تۆۋەن تەرىپى بولسا چېكى ئۇپۇققا تۇتاشقان بېغىر كۆپمە دۆڭلۈك پايانسىز يايلاق، يايلاقنىڭ ئوت ـ چۆپى بۇلۇق، سۈيى ئەلۋەك، تاغ ـ ئورمانلىقنىڭ قۇشلىرى، ئوۋ كېيىكى كۆپ ئىدى. تۆر ئاۋۇلنىڭ مالچىلىرىمۇ باي بولۇپ، ئۇلار ئاران ئەللىك نەچچە تۈتۈن، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ئىككى يۈزگە يېقىن ئاهالىدىن تەركىب تاپاتتى. ئەمما، مال ـ يىلقىسى نەچچە مىڭدىن ئاشاتتى. ئازادە قورۇلغان ئېگىز كەرىگىلىك ئاق كىگىز ئۆيلىرىمۇ بىسات ۋە ئوۋ غەنىيمەتلىرىگە لىق تولغانىدى. ئۇلار ھونىنىڭ لەۋەنت ئورۇقىدىن بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ مۇشۇ ئەتراپتىكى ئوت ـ سۈيى مول يايلاق ۋە بوكلىشىپ كەتكەن ئىپتىدائىي ئورمانلىقنىڭ چەتلىرىدە مال ـ چارۋا بېقىپ، ئوۋ ئوۋلاپ، ئەۋزەل شارائىتلىق مۇقىم كاپالەت بىلەن باياشات ۋە تىنچ ـ خاتىرجەم ياشاپ كەلگەنىدى.

بىراق، ھازىر ئۇلار قىيىن كۈنگە قالغانىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ باياشات ۋە تىنچ ـ خاتىرجەم تۇرمۇشىغا خۇددى تەڭرىلەرنىڭ كۆزى قىزىرىپ بېخىللىقى كەلگەندەك، يېقىندىن بۇيان ئېغىر تەھلىكە ۋە دەخلى ـ تەرۇز يەتكەچكە، ئۇلار ھازىر ئۆزياشىدا دۇچ كېلىپ باقمىغان ئاپەت خەۋپى ئاستىدا نالە قىلماقتا ئىدى.

تۆر ئاۋۇلنىڭ قايناق ھاياتىي كۈچىنى بوغۇپ، تىنچلىقىنى بۇزغان، مالچىلارنى پاراكەندە قىلىپ ئېغىر ئەنسىزچىلىككە سېلىۋاتقان بۇ ئاپەت قانداقتۇر كىشىلەر ئىلگىرى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان شىددەتلىك سەل ـ قىيان ياكى ئاچچىق جۇت ـ شىۋىرغان ئاپىتى ئەمەس، دەھشەتلىك قۇرغاقچىلىق ھالاكىتى، ئېچىنىشلىق

قەھەتچىلىك، ۋابا قاباھەتى ياكى ئاچلىقتىن قۇترىغان يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تەھدىتىمۇ ئەمەس، باشقا ئۇرۇق - ئايماق ياكى يات تائىپىلەر بىلەن بولغان تۈگىمەس ئۆچ - ئاداۋەت، ئايىغى چىقماس سوقۇش - جېدەل پاراكەندىچىلىكىمۇ ئەمەس، بەلكى تاغ - ئورمانلىقىدىكى ياۋايى قەبىلە — تانيۆلەر[1]نىڭ خىرىس خەۋپى. پۈتۈن ئەزايىنى تۈك، باش - يۈزىنى چاچ - ساقال، كىر - قاسماق باسقان، يالىڭاچ، قوپال، بەتبەشىرە تۇرقى - سىياقلىرى تولىمۇ يىرگىنىشلىك ھەم قورقۇنچلۇق بىر توپ يىرتقۇچ ھايۋان تەبىئەتلىك ياۋايى كىشىلەرنىڭ چېكىدىن ئاشقان زورلۇق - زومبۇلۇق، ئۆكۈش - ياۋۇزلۇقلىرى!

تانيۆلەرنىڭ ئۇرۇغ تارىخىمۇ ھون تائىپىسىدىن ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ قايسى زامانلاردىن بۇيان بۇ خىلۋەت ھەم ناتونۇش ئېپتىدائىي تاغ - ئورمانلىقتا باشقا ئۇرۇق - قەبىلىلەردىن ئايرىلىپ پىنھان، ياۋايىلارچە ياشاپ كېلىۋاتقانلىقى، سىرتقى دۇنياغا — چۇغاي تېغى ئېتەكلىرىدىكى بوزقىر، ئاۋۇل - قىشلاقلارغا قاچانلاردا چىقىشقا باشلىغانلىقى ياكى بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇچراتقانلىقى نامەلۇم. ئۇلار دەسلەپ بوزقىرلاردا، ئاۋۇل - قىشلاق ئەتراپلىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغاندا سانى كۆپ ئەمەس، خۇي - پەيلىمۇ ئۇنچە يامان، ياۋۇز ئەمەس ئىدى. ئورمانلىقنىڭ چەتلىرىدە، چاتقاللار ئارىسىدا، دۆڭ - قىرلارنىڭ دالدىسىدا تارتىنچاق بالىلاردەك، قورقۇنچاق توشقانلاردەك، ئېھتىياتچان تۈلكىلەردەك يوشۇرۇنۇپ مارىلاپ يۈرۈشەتتى. پەقەت مالچىلار دىققەت قىلمىغان، كۆرمەي قالغان چاغلاردىلا يايلاقتىكى سۈرۈگىدىن ئايرىلغان قوي - قوزىلارنى تۇتۇۋېلىپ قېچىپ كېتىشەتتى. ئەمما كېيىن ئۇلار خۇددى ئۇۋۇسىغا سۇ كىرىپ كەتكەن ئېتىز چاشقانلىرىدەك بىردىنلا كۆپىيىپ كەتتى ۋە خۇي - پەيلىمۇ يامانلىشىپ، چىلبۆرىلەردەك قۇتراپ غالجىرلىشىپ، يايلاقتىكى مال - ۋارانلارغا مالچىلارنىڭ كۆزىچىلا

[1] تانيۆلەر — ھون قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

www.uyghurkitap.com

خىرىس ـ ھۇجۇم قىلىدىغان، ئالدىنى توسۇپ، قارشىلىق كۆرسىتىپ، مال ـ يىلقىسىنى قوغداپ قېلىشقا ئۇرۇنغان مالچىلارنى بولسا ئۇرۇپ ـ يىقىتىپ، ھەتتا ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈ- رۈۋېتىپ مېلىنى بۇلاپ كېتىدىغان بولۇۋېلىشتى. مانا ئۇلار ئارا كۈندە بىر دېگۈدەك ئورمانلىقتىن چىقىپ، يايلاۋاتقان سۈرۈگلەرگە ھۇجۇم قىلىشىدۇ. مالچىلارغا پسەنت قىلماي، گاھى مال ـ ۋارانلارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تۇتۇپ ـ ھەيدەپ كېتىشسە، گاھى ئاۋۇلغىچە باستۇرۇپ كېلىپ، ساغىرلارغىمۇ چاڭ سېلىشىدۇ. ئۇلار تاغ ـ ئورمانلىقنىڭ يىرتقۇچ ھايۋانلىرىدىنمۇ كۆپ، ئۇلار- دىنمۇ چاققان، چەبدەس، كۈچلۈك ھەم ۋەھشىي. ئۇلار ئورمانلىق- تىن چىقىپ، ئورمانلىققا قاچىدۇ. قانداق تېز، ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولسا، قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ يەنە شۇنداق تېز، ئىز ـ دېرەك- سىز يوقىلىدۇ. ئۇلار گويا قۇترىغان بوران، تاشقان قىيانغا ئوخ- شىشىدۇ، توسۇۋالغىلى، تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇلار بەئەينى ئېزىتقۇ ـ ئەرۋاھلارنىڭ ئۆزى. كېلىپ ـ كېتەرىنى بىل- گىلى، ئىزىنى ئىزدەپ تاپقىلى ياكى زەربە بەرگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ماكانى، پاناھگاھى تاغ ـ ئورمانلىق — ناتونۇش، قاراڭغۇ، خەتەرلىك ھەم قورقۇنچلۇق بىر سىرلىق دۇنيا. تۆر ئاۋۇلنىڭ كىشىلىرى ئۇ يەرنى بىلمەيدۇ. ئۇ يەرگە ئىچكىرىلەپ كىرىشكە پېتىنالمايدۇ. پېتىنسىمۇ، كىرسىمۇ ھېچنېمە قىلالماي- دۇ. ئۇلار بۇنى ئاللىقاچان بىلىپ يەتكەن، ئۆزلىرىنىڭ سىرلىق تەبىئەت، ۋەھشىي ياۋايىلار ئالدىدا ھەقىقەتەنمۇ ئامالسىز ھەم بىچا- رە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. شۇڭا ئۇلار قاتتىق خەۋپسىرەشمەك- تە. ماللىرىنىڭ، جانلىرىنىڭ غەم ـ قايغۇسىدا ئېغىر ئەنسىزلىك ۋە ھالاكەت ۋەھىمىسىگە چۈشۈپ زار ـ زار قاقشىماقتا.

— ئاھ تەڭرىم! بۇ بىزگە نېمە كۈن، نېمە كۆرگۈلۈك؟... ماللىرىمىزنىڭ، جانلىرىمىزنىڭ ئاپىتى بولدىغۇ بۇ ياۋايىلار!

— ئەجەب بىر قىيىن كۈنگە قالدۇق. ئامان قالغان ماللىرى- مىز بىلەن خوتۇن ـ بالىلىرىمىزنى ئېلىپ بۇ يەردىن كەتمىسەك

بولمىدى.
— شۇنداق، كۆچۈپ كېتەيلى، قېچىپ قۇتۇلايلى بۇ ئاپەت-تىن، بولمىسا پۈتۈنلەي ۋەيران بولغۇدەكمىز.
— لېكىن كۆچۈپ قەيەرگە بارىمىز، تۇغقانلار؟ باشقا يەردە بىزگە بۇنداق ئوت - سۇيى مول، ئوۋ - كېيىكى كۆپ مۇنبەت يايلاق نەدە تۇرۇپتۇ؟
— دۇرۇس، يەنە ئاڭلاشلارغا قارىغاندا باشقا جايلارمۇ تىنچ ئەمەسمىش، ياۋايىلار چۇغايىنىڭ ھەممە تەرىپىدە قۇتراپ كېتىپتۇ-دەك.
— بۇ بەتبەشىرىلەرگە نېمە بولغاندۇر زادى، ئەجەب ماكانىغا پاتماي قۇتراپ كېتىشتا؟
— ئاپەت، ئاپەت! تەڭرىنىڭ غەزىپى، بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمىزنىڭ جازاسى بۇ! ··· توۋا قىلايلى. تەڭرى-گە تېۋىنىپ شەپقەت تىلەيلى.
— ئەي تەڭرىم! بىزگە رەھىم قىل، بىزنى يۆلە، بىزگە باشپاناھ بول. يۇرتىمىزنى، ئۇرۇقىمىزنى، مال - ۋارانلىرىمىزنى ياۋايىلارنىڭ ئاپىتىدىن ساقلا. بىزگە توۋا قىلىش، تىنچ ياشاش پۇرسىتى بەر. بىزنى سەرسانچىلىقتا سالما! ··· تامامىي ھەدىيە ۋە ھەمدۇسانالىرىمىز ساڭا مەنسۇپ، تەڭرىم!
— ياق! تەڭرى ئادىل ئەمەس. بولمىسا بىزنى بۇنداق كۈنگە قويامتى؟ بىزنى بۇنچە ئېغىر جازالىغۇدەك ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدۇق زادى؟! ··· مېنىڭ تۆگەل چىدىغۇچىلىكىم قالمى-دى. ياش جېنىمنى تىكتىم. ياۋايىلار بىلەن ئېلىشمەن. ئۇلارنى توسىمەن، قىرىپ يوقىتىمەن. بۇنداق قورقۇپ ياشىغۇچە، قېچىپ سەرسانلىق تارتقۇچە، ئېلىشىپ ئۆلگەن ئەلا!
— توغرا ··· ئېلىشايلى!
— ياق، توسۇپ توختاتقىلى، ئېلىشىپ يەڭگىلى، قىرىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ ئۇلارنى! ··· ئۆزىمىزنى ئايايلى، خوتۇن - باللىرىمىزنى، مال - ۋارانلىرىمىزنى ئويلايلى، تەقدىرگە تەن

www.uyghurkitap.com

بىرەيلى. بۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، تەقدىرنىڭ ھۆكمى، بېشىمىزغا كەلگەن قارا بالا. ئەڭ ياخشىسى قېچىپ قۇتۇلايلى، باشقىسى بىكار. تەڭرىنىڭ غەزىپىدىن يىراق تۇرۇش ئەڭ ياخشى چارە.

— ياق، قېچىشقا بولمايدۇ. بۇ ئۇچىغا چىققان چاناچلىق① !... مەن قاچمايمەن. بۇ يەرنى تاشلاپ كەتمەيمەن. ھون يىگىتى ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ. مەن ئېلىشىمەن. ئۇرۇقۇم ئۈچۈن، يۇرتۇم ئۈچۈن، ھونىنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق!

كۆچۈش — ھايات قېلىش، تىنچلىنىش، ياخشى كۈن كۆرۈش ئۈچۈن باشقا يەرگە يۆتكىلىش لەۋەنتلەر ئۈچۈن، ھون ئۈچۈن يات، ئاھانەتلىك ئىش ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار ئەزەلدىن ئوت - سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈپ ياشاپ كەلگەن... بىراق، تۆر ئاۋۇلدىكىلەرنىڭ بېشىغا كەلگىنى باشقا بىر ئىش، باشقا بىر كۈن. ئۇلار ئىلگىرى بۇنداق كۈننى كۆرمىگەن، بۇنداق ئىشقا دۇچ كېلىپ باقمىغان. ئۇلارنىڭ ئاشۇ ياۋايى تانيۆلەرنى دەپ، ئۇلارنىڭ ئۆككۈش، ياۋۇزلۇقىدىن قورقۇپ بۇ يەردىن كەتكۈسى، ئۆزۈندىن بىرى ماكانلىشىپ ياشاپ كەلگەن ئانا يۇرتىدىن ئايرىلغۇسى يوق. بۇنداق قىلىش بىر ھېسابتا راستىنىلا ئۇچىغا چىققان چاناچلىق، باشقا ئۇرۇق - ئايماقتىكىلەرگە دېگىلى بولمايدىغان نومۇس، ئاھانەتلىك ئىش. چۈنكى باشقىلارنىڭ نەزىرىدە تاغ - ئورمانلىقتىكى ياۋايىلار ئۇنچىۋالا خەۋپلىك، قورقۇنچلۇق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار كۆچكەن، قاچقان، تەڭرىنىڭ غەزىپىدىن يىراق كەتكەن بىلەن يەنە قەيەرگە بېرىپ تىنچىيدۇ؟ باشقا يەردە بۇنداق ئوت - سۈيى مول، ئوۋ - كېيىكى كۆپ مۇنبەت يايلاق نەدە تۇرۇپتۇ ئۇلارغا؟... ھالبۇكى، رېئاللىق رەھىمسىز. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە، ئارزۇسىغا باقمايدۇ. مانا، تەھدىت، غەم - قايغۇ، ئەنسىزلىك، ۋەھىمە ئۇلارنى كېچىلىرى ئۇيقۇ - ئارامدىن بىدار

① چاناچ — ئاجىز، ئىقتىدارسىز، قورقۇنچاق، جۈرئەتسىز.

قىلسا، كۈندۈزلىرى تالا - تۈزگە چىقالماس، يۈرەكئالدى قىلىپ قويماقتا. مال - يىلقىلار بولسا يايلاقتىن يىغىۋېلىنىپ ساغىرلارغا سولاقلىق. ئوتلىيالمىغاچقا، قاشانىڭ سىرتىدىلا كۆكىرىپ - پۇراپ تۇرغان يېڭى، يۇمران ئوت - چۆپلەرنى يېيەلمىگەچكە، ئورۇقلاپ، ئاجىزلاپ ئۆلمەكتە، ئازايماقتا. ساق تۇرۇۋاتقانلىرىمۇ يەنە شۇ ئاچ كۆز ياۋايىلارنىڭ خىرىس - خەۋپىدىن خالىي ئەمەس. بوزقىر قوۋملىرى ئۈچۈن مال - چارۋا ھەممىدىن مۇھىم، ھەممىدىن ئەلا. چۈنكى، چارۋىچىلىق ئۇلارنىڭ بىردىنبىر تىرىكچىلىك يولى. مال - چارۋا بولسا بىردىنبىر ھاياتلىق كاپالىتى، بايلىق، كۈچ - قۇدرەتنىڭ مەنبەسى. مۇبادا ئۇلار ئاشۇ مال - چارۋىسىدىن ئايرىلىپ قالسا قانداقمۇ قىلار؟ قانداق ياشار؟... شۇ تاپتا، تۆر ئاۋۇلدىكىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئېغىر كۈنلەر ئەگەر تاشنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بولسا، تاش جېنىدا چىدىيالماي ۋاككىدە يېرىلغان بولاتتى.

ئەنە، يىرگىنچلىك مەخلۇقلار بۈگۈن ئەتىگەنمۇ قاق سەھەردىلا يەنە تۆر ئاۋۇل ئەتراپىدا پەيدا بولۇپ، تاپىنى كۆرگەن قۇزغۇنلاردەك لەكىلدەشكە باشلىدى. ئورمان ياقىسىدىكى دەرەخ تۈۋىلىرىدە، چاتقاللىق، ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا، دۆڭ - قىرلارنىڭ كەينىدە... ھەممىلا يەردە ئۇلارنىڭ قارىسى، ھەيۋىسى. ئۇلار قاچان ئۆزىنى ئاشكارىلاپ تۆر ئاۋۇلغا باستۇرۇپ كېلەركىن؟!... قورقۇپ - ئەنسىرەپ ئۆي - چېدىرلىرىغا مۆكۈنۈۋېلىشقان بىچارە مالچىلارنىڭ كاللىسىدا شۇ بىرلا قورقۇنچلۇق ئوي، يۈرىكىدە بولسا ئەنسىز ۋەھىمە. لېكىن ئۇلار بۇ چىلبۆرىلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى، مال - ۋارانلىرىنى، ئۆزلىرىنى قانداق قوغداپ قېلىشنى بىلمەيدۇ. چۈنكى، ياۋايىلار ھەم كۆپ، قاراقاغىلار ھەم قارام، ۋەھشىي، تاغ - ئورمانلىقنىڭ ياۋۇز يىرتقۇچلىرىدەك، ئۇلارنى توسۇپ توختاتقىلى، ھەيۋە قىلىپ قوغلىۋەتكىلى ياكى ئېلىشىپ يەڭگىلى، قىرىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر كۆڭلىگە ئىنساپ بەرمىسە، قورقۇنچ سالمىسا، ئۇلار ھامان قىلغۇلۇقىنى

قىلىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟… تۆر ئاۋۇلنى تولىمۇ ئەنسىز، مۇدھىش كەيپىيات قاپلىدى!…

لېكىن ياۋايىلار بۇگۈن نېمىشقىكىن ئالدىراپ ھەرىكەت قىلمىدى يا تۆر ئاۋۇلغا باستۇرۇپ كېلىپ ساغىرلارغا تېگىش قىلمىدى، يا نىيىتىدىن يېنىپ ئورمانلىققا كىرىپ كېتىشمىدى. ئەكسىچە كۈن بويى ئەنە شۇنداق مارىلاپ، تىمىسقىلىشىپ، كەچ كىرىپ كۈن ئولتۇراي دېگەندە جىم ـ جىملا كۆزدىن غايىب بولۇشتى. بۇنى كۆرۈپ، غەم باسقان مالچىلار ئېغىر يۇكتىن قۇتۇلغاندەك «ئۇھ!» دەپ يېنىك تىن ئېلىشتى. ۋاقتىلىق بولسىمۇ كۆڭۈللىرى جايىغا چۈشۈپ، خەۋپتىن قۇتۇلغىنىغا شۈكۈر قىلىشىپ، ئەتىكى تىرىكچىلىكىنىڭ غېمىدە بىر ـ ئىككىدىن تالاغا چىقىپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. لېكىن بىر قىسىم سەگەك، تۈيغۇن، ئېھتىياتچان مالچىلار بۇنىڭ تامامەن ئەكسىچە، خۇددى ھېلى قاراڭغۇ چۈشكەندە كۈتۈلمىگەن بىر قورقۇنچلۇق پاجىئە يۈز بېرىدىغاندەك تېخىمۇ ئېغىر ئەنسىزلىك ۋە غەم ـ ئەندىشىگە چۆكتى. تۈقىش ئوغلان ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. چۈنكى ئۇ، ياۋايىلار مۇشۇ ئەتراپتا پەيدا بولۇپ پاراكەندىچىلىك سېلىشقا باشلىغاندىن بېرى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە خۇي ـ پەيلىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ بايقاپ كەلگەن. ئۇ ئۇلارنى خۇددى مۇشۇ ئەتراپىنىڭ چىلبۆرىلىرىنى بىلگەندەك ئوبدان بىلىدۇ، ئوبدان چۈشىنىدۇ. دېمىسىمۇ قاراڭغۇ ئورماندا ياشاپ كۆنگەن بۇ ياۋايىلارنى كېچىسى ھەرىكەت قىلمايدۇ، ئاۋۇلغا ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كېلىپ ئىش تېرىمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟… ئۇنىڭ كۆڭلى تۈيۈپلا تۇراتتى. يۈرىكى قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن خەۋپنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك ئىزتىراپ ئىچىدە ئەنسىز تېپىرلايتتى.

— بۇ ھەرگىزمۇ ئىزگۈلۈكنىڭ بېشارىتى ئەمەس! — ئۇ تۆر ئاۋۇلنىڭ ئىككى ئوقتام يۇقىرىسىدىكى بىر قىر تۆپىسىدە تاغ باغرىدىكى قاراڭغۇ ئورمانلىقنى كۆزىتىۋېتىپ، يېنىدىكى ئىككى ياش ھەمراھىغا شۇنداق دېدى.



تۇيغۇن كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— دۇرۇس ئېيتىسەن، تۇقىش ئوغلان. ئۇلار چوقۇم بىر ئىش تېرىيدۇ، — دېيىشتى يىگىتلەرمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ.

ئۇلار شۇ تاپتا، ياۋايىلار ھېلى قاراڭغۇ ئورماندىن ئۇشتۇمتۇت، شەپىسىز يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، ئاۋۇلغا باستۇرۇپ كېلىدىغاندەك، مال - ۋارانلارنى تالان - تاراج قىلىپ، كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، يارىلاندۇرۇپ، ئېغىر پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرىدىغاندەك ئەنسىزلىك ۋە خەۋپ - خەتەر ھېس قىلىپ، قاتتىق جىددىيلىشىۋاتاتتى.

— سىلەر بېرىپ تۆر ئاۋۇلدىكىلەرگە خەۋەر قىلىڭلار، — دېدى تۇقىش ئوغلان جىددىي تۇستە يىگىتلەرگە بۇيرۇق قىلىپ، — ئەرلەر دەرھال يارىغلىنىپ[1] يۇمۇرلانسۇن[2]!

— خوپ! — دېيىشتى يىگىتلەر ۋە قىردىن چۈشۈپ، پەستىكى ئاتلىرىنى مىنىشتى - دە، ئاۋۇل تامان چېپىپ كېتىشتى.

كۈن ئولتۇرۇپ كائىناتنى كۆكۈم قاراڭغۇلۇقى قاپلاشقا باشلىدى. ئۈستى - ئېتەكلىرىنى بۈككىدە ئورمان قاپلىغان چوغاي تېغى كەچكى شەپەقنىڭ ئاداققى يورۇقىدا كېرىلىپ ياتقان غايەت زور ئېيىقتەك يىراقتىن قارىيىپ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. تۇقىش ئوغلان ئەنە شۇ تىنچسىز، سىرلىق تاغ - ئورمانلىقنى دىققەت بىلەن كۆزىتەتتى ۋە ئۇ يەردىن كېلىش ئېھتىمالى بولغان خەۋپ - خەتەردىن ئەنسىرەپ، ئىزتىراپ چېكەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز، ئۆزگە ئاڭلانغۇدەك قاتتىق سوقاتتى، كاللىسىنى بولسا مۇرەككەپ، قورقۇنچلۇق ئوي - سوئاللار قوچۇيتتى. ئۇ تۇرۇپ خىيالغا بېرىلسە، تۇرۇپ غەزەپلىنىپ مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگەتتى.

ئۇ بىر ئىزىدا تۇرالمايتتى، ھېلى قىرنىڭ ئۇ تەرىپىگە بېرىپ، تاغ - ئورمانلىقتىكى شەپە - ئاۋازلارنى تىڭشاپ، قارا كۆلەڭگىلەرنى كۆزەتسە، ھېلى بۇ تەرىپىگە كېلىپ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن

---

① يارىغلىنىش — قوراللىنىش، ھازىرلىنىش.
② يۇمۇرلىنىش — توپلىنىش، ئاتلىنىش.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئانا ئاۋۇلغا نەزەر سالاتتى. تۆر ئاۋۇل ئەنسىز، تاغ - ئورمانلىق سۈرلۈك، ئەتراپ بارغانچە قاراڭغۇلىشىپ ئېغىر جىمجىتلىققا چۆكمەكتە!... نېمە قىلغىنىدۇر بۇ ئۇلارنىڭ؟ ئەجەبا، بۇ ئۆكۈش ياۋايىلار بۈگۈن ھېچ ئىش چىقارماي جىم - جىملا يوقىلىشتا؟ خۇددى تۆر ئاۋۇلغا تېگىشكە جۈرئەت قىلالمىغاندەك؟... ئۇلار راستىنىلا قورقۇپ قېلىشتىمۇ - يا؟ تۆر ئاۋۇلدىكى يىگىتلەرنىڭ غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىگە جان تىكىپ تاقابىل تۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ھەر ۋاقىت ھوشيار ھەم تەييار تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ قېلىپ شۇنداق قىلدىمىكىن؟... ياق، بۇ ھەرگىز ئۇنداق ئىش ئەمەس. ئۇلار بۇ مالچىلاردىن قورقمايدۇ ھەم قورقۇپمۇ باقمىغان. ئۇلار دېگەن بىر توپ ياۋايى مەخلۇقلار. ئەقىلسىز، نادان، يىرتقۇچ ھايۋاندەك قارام، ۋەھشىي، ياۋۇز كىشىلەر. ئۇلار ئۆزىنى ئاياش، قورقۇش، رەھىمدىللىك دېگەنلەرنى بىلمەيدۇ. ئۆزىدىن باشقا ھەرقانداق جاننى رىزىق، ئولجا - ئوزۇق دەپ بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىككىلەنمەي خىرىس - ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ۋەھشىيلەرچە ئېلىشىدۇ، رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرىدۇ، تالان - تاراج قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار بۈگۈن نېمىشقا تۆر ئاۋۇلغا تەگمەيدۇ؟ كۈن بويى مارىلاپ، تىمىسقىلىشىپ يەنە ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ كېتىشىدۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى بۇنداق قىلىپ باقمىغان. ھامان ئۆكۈش، ياۋۇز تەبىئىتىنى ئاشكارىلاپ، بىرەر ئىش — پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپلا كەلگەن. بۈگۈن ئۇنچە ئېچىرقاپ كېتىشمىدىمۇ - يا؟ شىر - يولۋاسلارمۇ شۇنداق چاغدا ياۋاشلاپ مۇلايىملىشىپ قالىدۇ، ئولجا كۆز ئالدىدا تۇرسىمۇ پىسەنت قىلماي تاماشا كۆرۈپ يېتىشىدۇ... ياق، بۇنداق بولۇشى ناتايىن. بولمىسا ئورمانلىقتىكى ئۇۋا - ماكانلىرىدا يېتىشماي بۇ يەرلەرگە چىقىپ نېمىگە تىمىسقىلاپ يۈرۈشىدۇ ئۇلار؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار؟... قارىغاندا ئۇلار ئۇنچىۋالا ئەقىلسىز، نادان، قارام ئەمەستەك قىلىدۇ. دېمىسىمۇ ئۇلار ياۋايى بولغىنى بىلەن يەنىلا ئىنسان — تۆر ئاۋۇلنىڭ مالچىلىرىغا ئوخشاش كىشىلەر - دە.

يەنە كېلىپ ئۇلار بىلەن تۇغقان تېخى. ئۇلاردىمۇ ئەقىل بار، پەم
بار. ئۇلارنى بىرەر ئىش تېرىمايدۇ دەپ ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇلار
بەلكىم تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ چوڭ ئولجا ـ ئوزۇق كۆزلەۋاتسا
كېرەك. ئۇنىڭغا بىراقلا، ئاسانلا ئېرىشمەكچى بولۇۋاتسا
كېرەك... شۇنداق. ئۇلارنىڭ نىيىتى شۇ. شۇڭا كۈندۈزى تېگىش
قىلماي مارىلىشىدۇ، كۆزىتىشىدۇ، پۇرسەت كۈتۈشىدۇ! ...
يىگىتلەر نېمىشقا شۇ چاغقىچە يېتىپ كەلمەيدىغاندۇر؟ تۆر ئاۋۇلدا
بىرەر ئىش، تالاش ـ تارتىش يۈز بەردىمىكىن ـ يا؟ بۇنداق چاغدا
تالىشىپ ئولتۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى؟

تۇقىش ئوغلان يىگىرمە بەش ياشتىن ھالقىغان، بويى ئېگىز،
بوينى، بىلەكلىرى بۇقىنىڭكىدەك توم، مۇسكۇللىرى بۆرتۈپ چىق-
قان ھەم تاشتەك قاتتىق، كۈچتۈڭگۈر، تۈرگۈن يىگىت ئىدى.
ئۇنىڭ بەستلىك قەددى ـ قامىتى، سالماق سۆز ـ ھەرىكىتى ۋە
قويۇق قوشۇما قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ ئوي كۆزلىرىدىن
ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىغا خاس جۇشقۇنلۇق، باھادىرلىق، كۈچ ـ
قۇۋۋەت ۋە غەيرەت ـ جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ يەنە يېتىشكەن
چەۋەنداز، ماھىر كاماندار ئىدى. جانبازلىق، نەيزە ـ قىلىچۋاز-
لىق، چېلىشىش، بۇقا كۆتۈرۈشلەردىمۇ ئايماقتىكى ئەرلەرنىڭ
ئىچىدە ئۇنىڭغا يېتىدىغىنى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرالايدىغىنى يوق
ئىدى. شۇڭا ئايماقتىكى قېرى ـ ياش ھەممىسى ئۇنى «تۇقىش
ئوغلان» دەپ ھۆرمەتلىشەتتى. ئادەت بويىچە ئائىلىدىكى ئىشلاردا،
ئايماقنىڭ كىچىك ئىشلىرىدا ئانىلارغا، ئاياللارغا بويسۇنغاندىن
سىرت، ئۇرۇق ـ ئايماقنىڭ چوڭ ئىشلىرىدا — كۆچۈش، يۈ-
رۈش، سوقۇشلاردا ئۇنى چوڭ، تۈغ ـ باش بىلىپ سۆزىنى ئاڭلايد-
تى، بۇيرۇقىغا، ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇناتتى. بولۇپمۇ ياۋايى
قەبىلە كىشىلىرى بوزقىرلاردا پەيدا بولۇپ، مال ـ چارۋىلارغا
خىرىس قىلىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشقا باشلىغاندىن بېرى
ئۇلار ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىشىنىدىغان ھەم تېخىمۇ كۆپ تايىنىدىغان
بولۇشتى. تۇقىش ئوغلان ئۆزىمۇ باتۇر، قەيسەر، قابىل ھەم

www.uyghurkitap.com

تەدبىرلىك يىگىت ئىدى. ئادەتتە كىشىلەر بىلەن ئۇنچە كۆپ ئارىلاشماي، ئۇششاق ئىشلار بىلەن كارى بولماي قاپىقىنى تۈرۈپ بىپەرۋا يۈرگىنى بىلەن، ئۇرۇقداشلىرىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە ھەرگىز قاراپ تۇرمايتتى. ئۇلارغا ھىماتچى، پاسىبان بولۇشقا تىرىشاتتى، ھەتتا بىرەرىنىڭ قوزىسىنى تۈلكە سوقسىمۇ، ئۇ شۇ تۈلكىنى ئوۋلاپ تۇتۇپ تېرىسىنى تەتۈر سويمىغۇچە بولدى قىلمايتتى. ئۇ ئىلگىرى تۆر ئاۋۇلنىڭ يىگىتلىرىنى باشلاپ يۈرۈش - سوقۇشلارغا قاتناشقان، ئوۋ - شىكارغا چىقىپ ھەر - ھەر يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ بويسۇندۇرغان. ئۇ ياۋايى تانيولەر بىلەنمۇ كۆپ ئۇچراشقان، ئۇلار بىلەن نەچچە رەت ئېلىشقان، يەنە نەچچە ئون ياۋايىنى بازغاندەك مۇشتى ۋە ئۆتكۈر بوكتاسى بىلەن ئۇرۇپ - چېپىپ يەر چىشلەتكەن. ئۇنىڭ باتۇرلۇقى، جەسۇر، قەيسەرلىكى يىراق - يېقىنغا مەشھۇر، تىللاردا داستان ئىدى.

ئۇ شۇنداق جەزم قىلدى. ياۋايىلارنىڭ كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ تېخىمۇ جىددىيلەشتى... كەچكى شەپەقنىڭ ئاداققى نۇرلىرىمۇ تارقىتىلدى. ئەتراپنى سۇرلۇك تۈن قاراڭغۇلۇقى قاپلىدى. بىر پەستە ئۇ ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن، خارتىلدىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ دىققەت قىلدى. «يىگىتلەر! ...» ئۇ ئاتلىقلارنىڭ تۆر ئاۋۇلنىڭ ئەرلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ خۇشال بولدى. لېكىن يەنە نېمىدىندۇر ئېھتىيات قىلغاندەك، ئىختىيارسىز ھالدا قوي تېرىسىدىن يۆگى ئىچىگە قىلىپ تىكىلگەن پىنجىكى ئۈستىدىن باغلىۋالغان تاسما سىدرىمىغا ئېسىقلىق غىلاپتىكى بوكتاسىنى سۇغۇرۇۋالدى - دە:

— كىم! — دەپ ۋارقىرىدى.

— بىز، تۆر ئاۋۇلنىڭ يىگىتلىرى! ئوغلانمۇسەن؟

تۇقش ئوغلان تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ بوكتاسىنى غىلىپىغا سالدى، ئاندىن قىر تۆپىسىدىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى.

— ھەممىڭلار كەپسىلەر! ... — دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ.

— ھەئە، يىگىتلەر تولۇق كەلدۇق. ياشانغانلار بىلەن ئاياللار

باللار بىلەن ماللارغا قاراپ قالدى، — دېيىشتى ئۇلار.
— ياخشى... قېنى، يېقىن كېلىپ سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار...
يىگىتلەرنىڭ بەزىلىرى ئېتىدىن چۈشۈپ، بەزىلىرى ئاتلىرىنى دېۋىتىپ كېلىپ تۇقىش ئوغلاننى چۆرىدەپ تۇرۇشتى. ئۇلار يەتمىشتىن ئارتۇق، ھەممىسى ئەلتېرە ساۋۇتلۇق قوراللىق چەۋەندازلار ئىدى. تۇقىش ئوغلان قاراڭغۇدا ئۇلارنىڭ چىرايلىرىنى ئېنىق كۆرەلمىسىمۇ، ھەممىسىگە تەكشى نەزەر سېلىپ، ئۇنلۇك ئاۋازدا خىتاب قىلدى:
— ئۇرۇقداشلار، قېرىنداشلار، تۆر ئاۋۇلنىڭ ئالىپ چەۋەندازلىرى! ... بۇگۈن ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇڭلار. تاغ - ئورمانلىقتىكى ياۋايىلار يەنە ئۇۋىسىدىن چىقىپ قۇتراشتى. ماللىرىمىزغا خىرىس قىلىپ، ئاۋۇلغا تەھدىت سالدى. لېكىن ئۇلار ھېچنېمىگە چېقىلمىدى، بىرەر ئىشمۇ تېرىمىدى. ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ، جىم - جىملا كۆزدىن غايىب بولۇشتى. ئېيتىڭلارچۇ، بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ نېمىدىن بېشارەت؟... بىلىمەن. بۇنى كۆرۈپ، كۆپىنچىڭلار «تەڭرى بىزگە رەھىم قىپتۇ، بىزنى يۆلەپ، ياۋايىلارنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ ساپتۇ، ئىنساپ بېرىپتۇ. شۇڭا ئۇلار بىزگە چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالماي چېكىنىپ كېتىشتى» دەپ ئويلاشتىڭلار. شۇنداقتۇر بەلكىم. كۆك تەڭرى راستىنلا بىزنى يۆلەۋاتقاندۇر. لېكىن مەن ئۇنداق ئويلىمىدىم. چۈنكى بۇ ھەرگىز ئۇنداق ئىش ئەمەس، ئەزگۈلۈكنىڭ بېشارىتى ئەمەس. مەن بىلىمەن ئۇ بىباش ياۋايىلارنى، ئۇلار ھەرگىز بىزدىن قورقمايدۇ. تەڭرىنىمۇ تونۇمايدۇ. كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ شۇ تاپتا. ئۇلار چوقۇم بىرەر ئىش تېرىيدۇ. يەنە كېلىپ بۇگۈن تۈندە، پات يېقىندا، ئىلگىرىكىدىنمۇ چوڭ، قورقۇنچلۇق بىر ئىش! پەرىزىمچە ئۇلار توپلىنىشىپ، بىزگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلماقچى، مال - ۋارانلىرىمىزنى، ئاۋۇلنى تۇگەل تالان - تاراج قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئولجا - غەنىيمەتكە بىراقلا، قارشىلىقسىز ئېرىشمەكچى، بىزنى بۇ يەردىن قوغلىۋەتمەكچى! مانا بۇ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي

مەقستى... شۇڭا بىز ھەرۋاقىت ھوشيار ھەم تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك، تىغ ئۇستىخانغا يەتتى، ئۆزياش ـ ئۆلۈم قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالدى، قېرىنداشلار!... مەن ھازىر سىلەرنى بىرنەچچىدىن بۆلۈپ، ئاۋۇل ئەتراپىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرۇشقا بۇيـ. رۇيمەن. بىز تۈن بويى ئويغاق، ھوشيار، جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرۇپ ئاۋۇلنى مۇھاپىزەت قىلىمىز. يۇرتىمىزنىڭ ئامانلىقىنى قوغداپ، ئاتا ـ ئانىمىزنى، خوتۇن ـ بالىلىرىمىزنى، مال ـ چارۋىلىرىمىزنى ياۋايىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلايمىز. بۇ ئىشنى ئۇلارنى توسۇپ توختاتقۇچە، ئېلىشىپ يوقاتقۇچە داۋاملاشتۇرىمىز! قېنى، سىلەر بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟

— سەن باتۇر ھەم قەيسەر يىگىتسەن، تۇقىش ئوغلان. تۇيـ. غۇنلۇق، پاراسەت ۋە كۈچ ـ قۇدرەتتىمۇ ھېچقايسىمىز ساڭا يەتمەيـ. مىز. سەن بىزگە تۇغ ـ باش، پاسىبانسەن، شۇڭا ھەممىمىز سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلايمىز. قېنى، بۇيرۇقۇڭنى بەر. بىز ساڭا بويسۇنىمىز، ساڭا ئىشىنىمىز!

— سەن بىلەن ئۆلۈم ـ كۆرۈمدە تەڭ تۇرىمىز!

— مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئېلىشىمىز!

— ئاپەتنى يوقىتىشقا تەييارمىز!

— ئۆلۈپ كەتسەك رازى بىز!...

يىگىتلەر بىر ئېغىزدىن ئوران[1]توۋلىشىپ ئىتائىتىنى، ئىرا. دىسىنى نامايان قىلىشتى. تۇقىش ئوغلان قاتتىق تەسىرلىنىپ پەخىرلىك ھاياجانغا تولدى. ئۇ ئېيىقنىڭكىدەك كەڭ كۆكسىنى راسا تولدۇرۇپ بىر نەپەس ئالغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى جىددىي ھالىتىگە قايتتى ـ دە، ئويلاپ قويغىنى بويىچە يىگىتلەرنى بۆلەك. لەرگە ئايرىپ، قاراۋۇللۇقتا تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىدى.

تۈن قاراڭغۇلۇقى مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئەتراپ ئوق ئۆزسىمۇ ئۆتمەيدىغان زۇلمەت ئىچىگە غەرق بولغانىدى. كېچە تولىمۇ سۈرلۈك، ئەنسىز ھەم سوغۇق ئىدى. ئىزغىرىن شامال

---

① ئوران — شوئار، جەڭگىۋار چۇقان.

توختىماي سوقۇپ تۇراتتى. تۆر ئاۋۇل تەرەپتىن ئاچ كالىلارنىڭ
مۆرەشلىرى، قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشلىرى، ئاتلارنىڭ كىش-
نەشلىرى، ئىتلارنىڭ هاۋشىشلىرى ئاڭلىناتتى. تاغ ـ ئورمانلىق-
تىن بولسا هۇۋقۇش ـ مۇشۇكياپىلاقلارنىڭ سۆرۈن سايراشلىرى،
كېچىسى هەرىكەت قىلىدىغان يىرتقۇچلارنىڭ سۇرلۇك هۆركىرەش-
لىرى، بۆرىلەرنىڭ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇپ ئەلەملىك هۇۋ-
لاشلىرى ۋە يەنە ئاللىقانداقتۇر قورقۇنچلۇق شەپە ـ ئاۋازلار كېلەت-
تى. بۇ ئاۋازلار تۆر ئاۋۇلنى ياي شەكلىدە مۇهاسىرىگە ئېلىپ،
ياۋايى تانىيۆلەرنىڭ هۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈپ قاراۋۇللۇقتا تۇ-
رۇۋاتقان يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىگە سۇر ـ ۋەهىمە سېلىپ، ئۇيقۇسى-
نى قاچۇراتتى. ئۇلار بەزىدە بىر ـ بىرىنى ئۈنلۈك چاقىرىشىپ
خەۋەر بېرىشسە، بەزىدە ناخشا ـ قوشاق توۋلاپ سۈرەن سېلىشات-
تى. يەنە بەزىدە ياۋايىلارنى ئېغىزىغا كەلگەن گەپلەر بىلەن
تىللاپ ـ قارغاپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىشاتتى. ئۇلار مۇشۇنداق
قىلىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن روهىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ
ئويغاق هەم سەگەك، هوشيار هەم تەييار ئىكەنلىكىنى نامايان
قىلىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ياۋايىلارغا هەيۋە كۆرسىتىپ، ئۇلارنى
چۆچۈتمەكچى، چېكىندۈرمەكچى بولۇشاتتى.

ۋاقىت مۇساپىرنىڭ خىيالىدىكىدەك ئېغىر هەم ئېزىلەڭگۈ
قەدەملىرى بىلەن تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە... نەۋاخ بولغانلىقى نامە-
لۇم، بەلكىم تۈن نىسپىدىن ئاشقان چاغ بولسا كېرەك، ئەتراپ
بىردىنلا جىمىپ كەتتى. تۆر ئاۋۇل تەرەپتىنمۇ، تاغ ـ ئورمانلىق-
تىنمۇ هېچقانداق شەپە ـ سادا يوق. قاراۋۇل يىگىتلەرمۇ غەپلەت
ئۇيقۇسىغا كەتكەندەك شۈكلەپ كېتىشكەن. پەقەت توختىماي سو-
قۇپ تۇرغان ئەتىيازنىڭ ئىزغىرىن شامىلىلا ئېگىز ئۆسكەن
ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۇچلىرىدا ئۇشقىرتىپ هۇۋۇلدايتتى. بۇ هال
هېلىهەم ئويغاق هەم سەگەك تۇرۇۋاتقان تۇقىش ئوغلانىنىڭ دىققى-
تىنى قوزغاپ، ئۇنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. ئۇيقۇ — ئۆلۈم-
نىڭ مۇقەددىمىسى، كىشىنى مۇشۇنداق چاغدا غەپلەت باسىدۇ، ئۇنىڭغا

ئەگىشىپ پالاكەت ۋە ھالاكەتمۇ يېتىپ كېلىدۇ!… ئۇ بىردىنلا جىددىيلەشتى، ۋەھىمە، خەۋپ - خەتەر ھېس قىلدى. پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ، تىن ئالماستىن ئەتراپىنى تىڭشىدى، كۆزەتتى، ئاندىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھاي!… ھوي!… ئويغاقمۇ سىلەر، يىگىتلەر! ئويغاق بولساڭلار تۇۋلاڭلار! ئۇخلاپ قالغانلارنى ئويغىتىڭلار! ھوشيار تۇرۇڭلار!…

— بىز ئويغاق!…

— بىز تەييار!…

يىگىتلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تۇۋلاپ خەۋەر بېرىشتى. مۈگدەك باسقانلار، غەپلەت ئۇيقۇسىغا كەتكەنلەرمۇ چۆچۈپ ئويغىنىشتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى تاغ - ئورماندا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، جىمجىت كېچىدە يىراق - يىراقلارغىچە ياڭرىدى. تۇقىش ئوغلان مانا شۇ چاغدا ئاندىن سەل خاتىرجەم بولدى. ئۇ تاغدىن تاش غۇلىغاندەك ھەيۋەتلىك ئاۋازى بىلەن يىگىتلەرگە ئۇخلاپ قالماسلىقنى، ئەتراپنى كۆزىتىپ ھوشيار تۇرۇشنى جېكىلىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، جەڭگىۋارلىقنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەل ئارىسىدا ئومۇملاشقان ھەم ئۆزى ياقتۇرىدىغان مۇڭلۇق قوشاقنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى:

ئەلكۈنۈمگە، تەڭرىمگە، ئاتاق، ئاتاق[1]!
يەر، سۇ، ئورمان، ئوتلاقغا، ئاتاق، ئاتاق!
ئۇلۇغ چۇغاي، تۈمەنىمگە[2] ئاتاق، ئاتاق!
ھون بودۇن، ئۇرۇقۇمغا، ئاتاق، ئاتاق!

قوشاقنىڭ تەسىرىدە يىگىتلەر ھاياجانلىنىپ، تۇقىش ئوغلانغا جور بولدى. ئاتەش يۈرەكلەردىن ئۇرغۇپ چىققان، ئەل - خەلق،

---

① ئاتاق — شان - شەرەپ، مەدھىيە مەنىسىدىكى سۆز.
② تۈمەن — چۇغاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تۈمەن يايلىقى.

كۆكتىكى تەڭرى، يۇرت ـ ماكان، ئۇرۇق ـ ئەجدادلار مەدھىيە-
لەنگەن بۇ شوخ، ياڭراق، جەڭگىۋار ناخشا چۇغاي تېغى باغرىدا
شۇنداق كۈچلۈك ھەم ھەيۋەتلىك سادا پەيدا قىلدىكى، پۈتۈن ئەت-
راپ بوران چىققاندەك گۈركىرەپ، بىپايان كۆك چاقماق چاققاندەك
لەرزىگە كەلدى.

تۆر ئاۋۇلنىڭ يىگىتلىرى ئەنە شۇ تەرزدە تولىمۇ ئۇزۇن،
چاپقۇنلۇق، ئەنسىز بۇ باھار تۈنىنى بەكمۇ تەستە تاڭغا ئۇلىدى.
تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن تۈن بويى ھېچقانداق ئىش يۈز
بەرمىدى. شەرق ئاسمىنى خەسىدەك ئاقىرىپ، غۇۋا چىمىرلاپ
تۇرغان ئاندا ـ ساندا يۇلتۇزلار يورۇقلۇققا سىڭىپ يوقىلىشقا
باشلىغان سۇبھى دەمدە يىگىتلەر ھارغىنلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن
كۆزلىرى قىزىرىپ ئولتۇرۇشۇپ، ئاچلىقتىن قورساقلىرى كور-
كىراپ، سوغۇقتىن تىترەشكەن ھالدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە
قىر ـ تۆپە ئۈستىگە چىقىشىپ، غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىشقاندەك
بىر ـ بىرىنى چاقىرىشىپ سۈرەن ـ چۇقان سېلىشتى. بەزىلىرى
خۇشاللىق ھاياجىنىدا تەلپەكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىپ سەكرەپ
كېتىشتى. سوغۇقتىن توڭلاپ ـ تۈگۈلۈپ، چوغچام بەستى سەل
مۈكچەيگەن تۇقىش ئوغلانمۇ تاڭ يورۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ
خۇشال بولدى. تۈن بويى داۋام قىلغان جىددىي كەيپىيات بېسىد-
قىپ، ئۆزىنى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يېنىك، ئازادە
ھېس قىلدى. ئۇھ! ... تەڭرىنىڭ يۆلىشى، يىگىتلەرنىڭ تىرىشى-
شى بىلەن ئەنسىز تۈن تىنچ تاڭغا ئۇلاندى. خەۋپ ـ خەتەر ۋاقىت-
لىق بولسىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ غەلىبە! ...
يىگىتلەر ئەمدى قايتىپ كېتىشسۇنمىكىن يا بىر قىسمى قېلىپ
كۆزەت مۇداپىئەنى داۋاملاشتۇرسۇنمىكىن؟ قانداقلا بولمىسۇن بى-
خۇدلۇق، بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. ياۋايىلار ھەرچاغ ئۇش-
تۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن...

تۇقىش ئوغلان ئەنە شۇلارنى ئويلاپ، نۆۋەتتىكى ئىشلارغا باش
قاتۇرۇۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت يېقىنلا يەردىكى دۆڭ ئۈستىدە تۇرغان

www.uyghurkitap.com
تۇتۇمۇر كىتاب تورى

بىرىنىڭ «ئىس! ··· ئوت! ··· ئاۋۇل···» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ چۆچۈگەن ھالدا ئاۋۇلغا قارىدى. تېخى تولۇق سۈزۈلمىگەن‌تۆر ئاۋۇل ئاسمىنىنى راستتىنلا قاپقارا ئىس ــ تۈتەك قاپلىغانىدى. بۇ ھەرگىزمۇ تۆر ئاۋۇلنىڭ يېڭى بىر سەھىرىنى، نورمال تۇرمۇشىنى نامايان قىلىدىغان ئىس ــ تۈتەك ئەمەس! ··· بۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چوققىسىدىنمۇ ئىس ــ تۈتەك چىققاندەك بولدى. «ۋۇ يەر يۈتقۇر ياۋايىلار، ئاۋۇلغا ئاخىر تېگىش قىپتۇ ــ دە! ···»

تۇقىش ئوغلانىنىڭ جەزم ــ پەرەزلىرى ئومۇمەن خاتا ئەمەس ئىدى. ياۋايىلار يېقىندىن بېرى پاراكەندىچىلىك چىقارماي جىمىپ كەتكەندەك، قورقۇپ، يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكەندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ چوڭ ئولجا ــ ئوزۇق كۆزلەپ، ئۇنى بىراقلا قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ كۆزىتىپ كەلگەنىدى. بولۇپمۇ تۈنۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن تۆر ئاۋۇلنى مارد-لاپ، ھۇجۇم قىلىشنىڭ قۇلايلىق پەيتىنى ئىزدىگەن ھەمدە كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئورمانلىقنىڭ چېتىدە توپلىنىپ ھەرد-كەتكە كەلگەن. بىراق، تۆر ئاۋۇلدىكى مالچىلارنىڭ بۇنى سېزىپ قالغانلىقىنى، يىگىتلەرنىڭ قوراللىنىپ ئۆزلىرىگە تاقابىل تۇ-رۇشقا ئاتلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئامالسىز يەنە پەيت ــ پۇرسەت كۈتۈپ يېتىشقا مەجبۇر بولغان. ئەمما تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇلارنىڭ تاقىتى تۈگەپ ئەسەبىيلىكى قوزغالغان ــ دە، يەنە ھەرىكەتكە كې-لىپ، تۆر ئاۋۇلنىڭ غەرب تەرىپىدىكى قويۇق چاتقاللىق ئارقىلىق يىگىتلەرنىڭ مۇداپىئە سېپىنى تۇيدۇرماي ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تۆر ئاۋۇلغا ئارقىدىن تۇيۇقسىز تېگىش قىلغان.

تۇقىش ئوغلان باشچىلىقىدىكى يىگىتلەر ئاتلىق ھەم پىيادە يۈگۈرۈپ يېتىپ كېلىشكەندە، تۆر ئاۋۇل ئىچىدە قىيامەت قايىم دەھشىتى ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. تەلۋىلەرچە قۇترىغان نۇرغۇنلىغان ۋەھشىي ياۋايىلار تەرەپ ــ تەرەپتە تالان ــ تاراجنى باشلىۋەتكەن. چېدىر ــ قوتانلار كۆيۈپ ئۆرۈلمەكتە. ئۈركۈگەن ئاتلار چاپ-

چىپ ـ كىشنىشىپ، قوي ـ كالىلار پىتىراپ قاچماقتا. تۆر ئاۋۇلدا قالغان ئاياللار، بالىلار ۋە قېرىلار داد ـ پەرياد ئۇرۇپ ئۆتتۈر كەلگەن تەرەپكە جېنىنى ئېلىپ قاچماقتا ۋە نېمىلەرگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلماقتا. بەزى جۇرئەتلىك، جىگەرلىكلىرى ياۋايىلار بىلەن ئېلىشماقتا، تىركەشمەكتە. ياۋايىلار بولسا ئۇلارنى ئۇرۇپ، يىقىتىپ ئۆلتۈرمەكتە، مال ـ ۋارانلارنى ئورمانغا ھەيدىشىپ، تېرە ـ تەرسەك، كىگىز ـ كېچەكلەرنى سۆرەشمەكتە!...

تۇقىش ئوغلان تۆر ئاۋۇلغا كېلىپ ياۋايىلارنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ھەم ۋەھشىي ئىكەنلىكىنى كۆردى، دەماللىققا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قاپلاندەك ھۆركىرەپ ئۆزىنى ئۇيان ـ بۇيان ئۇردى. شۇنداق پەيتتە، ئۇ تۆر ئاۋۇلنىڭ سىرتىغا قاراپ قېچىۋاتقان بىر قىز بالا بىلەن ئۇنى كەينىدىن قوغلاپ قولىدىكى چوماق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان بىر ۋەھشىي ياۋايىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ياۋايىنى توسۇپ ئۇلگۇرمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، چاققانلىق بىلەن مۇرىسىدىكى قۇرمان[1]دىن ئوق سۇغۇرۇپ ياسىنى بەتلەپ، ئۇنىڭ كەينىدىن چەنلەپ ئاتتى. كېرىچى چىڭ ئوقيادىن زەرب بىلەن ئۇزۇپ چىققان ئوق ھاۋادا ۋىشىلداپ بېرىپ، نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلغان قىزنى ئۇرماقچى بولغان ياۋايىنىڭ دۇمبىسىدىن دەل يۇرىكىگە سانجىلدى. ياۋايى قاتتىق ئىڭراپ كەينىگە ئېگىلدى ـ دە، قولىنى دۇمبىسىدىكى ئوققا ئۇزاتقىنىچە موللاق ئېتىپ يىقىلدى. تۇقىش ئوغلان ئەمدى ئۆزىگە كېلىپ، غەزەپتىن قېنى قىزىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىغان ھالدا جەڭگە كىرىشمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا ئۇنىڭ يېنىدا قاۋۇل بىر ياۋايى پەيدا بولدى ۋە قولىدىكى تاش پالتىسىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. تۇقىش ئوغلان چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ياۋايى تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ، سەت ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭغا يەنە ئېتىلدى. تۇقىش ئوغلان بۇ قېتىم ئۇنىڭ زەربىسىنى بوكتاسى بىلەن توسۇدى ۋە قايتۇرما زەربە بەر-

---

[1] قۇرمان — ئوقلۇق، ئوقدان، ساداق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دى. ياۋايى يارىلاندى، ئەمما تېخىمۇ ۋەھشىيلىك بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. تۇقىش ئوغلان پەيتنى تېپىپ، بوكتاسىنى ئۇنىڭ مۇرىسىگە توغرىلاپ ئۇردى. كۈچ بىلەن ئۇرۇلغان بوكتا خۇددى يوقاتقان كالانپاي ياۋايىنىڭ دەل مۇرىسىگە پاتتى ـ دە، ئۇنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلىدى. تۇقىش ئوغلان قانغا بويالغان بوكتاسىنى ياۋايىنىڭ تېنىدىن ئاجرىتىۋېتىپ، ئۆزىنى ئوڭشاپ تۇرۇشىغا، قاياقتىندۇر يېتىپ كېلىشكەن بىرنەچچە ياۋايى ئۇنىڭغا تەڭلا ھۇجۇم قىلدى...

تۆر ئاۋۇلنىڭ يىگىتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن جەڭگە كىرىپ، يۇرتى ئۈچۈن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، مال ـ چارۋىلىرى ئۈچۈن ياۋايىلار بىلەن قەھرىمانلارچە ئېلىشتى. ئۇلار دۈبۈلغا ـ ساۋۇتلۇق، قوراللىرى خىل ھەم ئۆتكۈر، ھەممىسى جەڭ ياكى مەشىق كۆرگەن ئالىپ چەۋەندازلار ئىدى. ھالبۇكى، ياۋايىلار سان ۋە قاراكۈچتە ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ، كۈچلۈك ھەم ۋەھشىي بولغاچقا، ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا بەرداشلىق بېرەلمىدى.

تۆر ئاۋۇلدىكى قانلىق جەڭ ۋە تالان ـ تاراج كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگۈچە داۋام قىلدى. جۇت كۈندىكى چىلبۆرىلەردەك قۇتۇرغان نەچچە يۈز ياۋايى تۆر ئاۋۇلدىكى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش ھەممە كىشىنى تاش ـ توقماقلار بىلەن سۇۋۇرى ئۇرۇپ ـ يىقىتىپ، تۆر ئاۋۇلنى بۇزۇپ، مال ـ ۋارانلارنى پۈتۈنلەي بۇلاپ كېتىشتى. تېخى تۈنۈگۈنلا ھايات قايناپ تۇرغان تۆر ئاۋۇل مانا بۈگۈن جەسەتلەرگە لىق تولۇپ، قاغا ـ قۇزغۇن ۋە بۆرىلەرنىڭ جەننىتىگە ئايلاندى.

## 10

كىچىك ئالچى جانئايقىن ئوردا ھەرىمىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى پېشايۋىنى پەچكۈم ـ سالاسۇنلۇق، ئەتراپى گۈلچىمەنلىك ئاق قەسىردە تۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا، قەسىرنىڭ تۆرىدىكى خاس خانىسىدا

ئېرىنى — تەڭرىنىڭ يېگانە ئوغلى بولمىش شانوشەۋكەتلىك تومەن-
خاننى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى. روجەكتىن شۇڭ-
غۇپ كىرگەن كەچكى شەپەق نۇرى ھەشەمەتلىك بېزىلىپ پۈزۈر
سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، ئىپار - زەپەر، ئالچى[①]ھىدى گۈپۈلدەپ
پۇراپ تۇرغان خانا ئىچىنى ئاجايىپ سىرلىق ھەم سېھىرلىك تۈسكە
كىرگۈزگەنىدى. ئىشىك - روجەكلەرنىڭ هال رەڭ يىپەك پەردى-
لىرىگە، نەقىشلىك تورۇسقا ئېسىلغان ئالتۇن قەندىلـلـەرگــە،
تەكچە - ئويۇقلاردىكى ئالتۇن بۇت - ھەيكەللەرگە تەسەۋۋۇرغا
سىغمايدىغان ئاجايىپ بىر خىل سېھرىي كۈچ ۋە جەزبىدارلىق
يوشۇرۇنغانىدى... كىچىك ئالچى يەنە مىس ئەينەك ئالدىغا باردى.
ئۇ تېخى ھېلىلا گۈل سۈيىدە يۇيۇنۇپ، بۇ مىس ئەينەك ئالدىدا
ئولتۇرۇپ كۆڭۈل قويۇپ ياسانغان، قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرىنى
تاراپ بېشىنىڭ ئۈستىگە تۇرمەكلەپ، ئۇنىڭغا چىرايلىق ھەم خا-
سىيەتلىك قۇش پەيلىرىنى قىستۇرۇپ، ئالتۇندىن ياسىلىپ ياقۇت-
تىن كۆز قويۇلغان كىمسەن[②]تاقىغان، يۈزىگە خۇش پۇراق ئالچى
ئۇپىسى سۈرتۈپ، كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىپ، چىرايلىق لەۋلىرىنى
گۈل بەرگى چىشلەپ تېخىمۇ قىزارتقان، قۇلاقلىرىغا ئالتۇن تول-
غاچلىرىنى[③]سېلىپ، بوينىغا مارجان ئېسىپ، بىلەك - بارماقلى-
رىغا كۈمۈشتىن ياسالغان ئۈزۈك - بىلەزۈكلەرنى تاقىغان... ئۇ
مىس ئەينەكتىكى غۇۋا ئەكسىگە تەپسىلىي قاراپ چىقتى، قۇلاقلى-
رىدىكى تولغاچلىرىنى تۈتۈپ، چېكىسىدىكى سېكىلەك چاچلىرىنى
تۈزەشتۈردى. ئاندىن ئۆز - ئۆزىگە قانائەت ھاسىل قىلىپ مەمنۇ-
نىيەت بىلەن تەبەسسۇم قىلغاندىن كېيىن، خانىنىڭ تۆرىگە قويۇل-
غان بۇلغۇن تېرىسى ياپقۇتلۇق تۆشەكتە بېرىپ ئولتۇردى.

جانئايقىن — سۇبېندى ئۇرۇقىنىڭ دانىشمىنى، ئوڭ قول
بىلگە يانبېيقاننىڭ قىزى ئىدى. ئۇ كۆكسى ۋە يوتا - ساغرىلىرى

---

① ئالچى — ھونلار ئۆزلىرى ياساپ ئىشلەتكەن بىر خىل گىرىم بۇيۇمىنىڭ نامى. ئۇ ئالچى تاغلىرىدىن چىقىدىغان خۇش پۇراق گۈللەردىن ئىشلەنگەچكە شۇنداق ئاتالغان.

② كىمسەن — ھون ئاياللىرى زىننەت ئۈچۈن دوپپا ياكى باش كىيىم ۋە چاچلىرىغا تاقايدىغان ئالتۇن قاداق، بۇلاپكا.

③ تولغاچ — قۇلاققا تاقايدىغان ھالقا، زىرە، سۆكە.

ۋايىغا يېتىپ تولغان، ئۆتكى مەي باغلاپ پىشقان ئاق ئۈزۈمنىڭ دانىسىدەك سۈزۈك، قاشلىرى ئوتلاقنىڭ قىياقلىرىدەك، كۆزلىرى جىلغىنىڭ بۇلاقلىرىدەك، قاڭشىرى بوكتانىڭ قىرىدەك، ئېغىزى تاڭدا ئېچىلغان قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك، سەرۋى ـ قامەتلىك، ئايدەك چىرايلىق ياش چوكان. ئۇ تۆشەكنىڭ لېۋىدە نېپىز، ئاپئاق يىپەك كىيىملەرگە ئورىنىپ، بويىنى ئاق قۇدەك سوزۇپ، نازۇك قوللىرىنى سېھىرلىك يوتىسىغا قويۇپ، كۆكتىن چۈشكەن پەرىلەردەك گۈزەل ھەم جەلپكار قىياپەتتە، روجەكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قىزغۇچ ئاسمانغا قىيا بېقىپ، يېقىملىققىنا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرماقتا...

«ئۇ نېمىشقا شۇ چاغقىچە يېتىپ كەلمەيدىغاندۇر؟...»

كىچىك ئالچى جانئايىقىن تەڭرىقۇتنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈپ ئوردىغا كىرگەندىن بېرى ئۇنى مۇشۇنداق كۈتۈپ ـ ساقلاپ ئادەتلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، كەچ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەنە تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۈگۈنكى ئۇچرىشىش ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىلگىرىكى چاغلاردىكىگە ئوخشاشمايدۇ. بۇنىڭدىن غۇ پەۋقۇلئاددە بىر سەۋەبمۇ يوق. پەقەت ئۇنىڭ خىلىدىن بېرى تەڭرىقۇتقا دېيىشنى ئويلاپ كېلىۋاتقان، ئەمما دەرقەمتە تۇرۇپ ئوچۇق دېيىشكە جۈرئەت ۋە پۇرسەت تاپالمىغان بىرنەچچە ئېغىز يۈرەك سۆزى بار. ئۇ بۈگۈن تەڭرىقۇتقا ھونزادىسى يۈيۈك توغرۇلۇق ئېغىز ئاچماقچى، ئۇنىڭغا بۇ ھەقتىكى ئوي ـ ئارزۇسىنى ئوچۇق ئىزھار قىلىپ، تەلىپىنى كەسكىن قويماقچى، چۈنكى تەڭرىقۇت ئۇنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىدى، ۋەدىسىدە تۇرمىدى، خۇددى ھېچ ئىش يوقتەك خىرامان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ كۆڭلىدىكىنى ئاشكارا قىلمىدى. ئۇ بۇنداق كېتىۋەرسە، ئىككىنچى ئوغلى يۈيۈكنى ئۇنتۇپ قالسا، يەكلىسە، تاشلىۋەتسە بولمايدۇ. ھونزادە يۈيۈك ئەمدى ئۆزىگە تەئەللۇق ھەممە نەرسىگە ئېرىشىشى كېرەك. بۇنى ئۇنىڭغا پەقەت ئاتىسىلا ئاتا قىلالايدۇ. لېكىن ئۇ نېمە ئۈچۈن تا مۇشۇ كەمگىچە بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمايدىغاندۇر؟ نېمىشقا تېزرەك



www.uyghurkitap.com

بىر قارارغا كېلىپ، ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇراي دېمەيدىغاندۇر؟
ئۇ ئېغىزىدا شۇنداق دەپ يۈرگىنى بىلەن كۆڭلىدىكى ئۆيى باشقى-
چىمىدۇر - يا؟... ئەجەبا، ئۇ چوڭ ئوغلى باتۇرنى راستتىنلا
ياقتۇرامدىكىن؟ ئۇنىڭغا ئىشىنەمدىكىن؟ ئۇنىڭ بىر بۆرە سىياق-
لىق، يىرتقۇچ تەبىئەتلىك تەلۋە مەخلۇق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە ۋە
ئەلكۈنگە ۋاپا - ساداقىتى يوقلۇقىنى، نىيىتىنىڭ دۇرۇس ئەمەس-
لىكىنى... بىلمەمدىكىن؟ بايقىمىدىمىكىن؟ مۇبادا ئۇ هون تەختىگە
ئولتۇرۇپ تەڭرىقۇت بولىدىغان بولسا، ئەدناسى يەنە بىرنەچچە يىل
ئۆتۈپ ئەر يەتسە، جاهاننى مالىمانچىلىق قاپلاپ، دۇنياغا قاباهەت-
نىڭ هۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىنى، ئۇ چاغدا ئەلكۈنگە، هەتتا
ئۆزىگىمۇ ياخشى كۈن يوقلۇقىنى ئويلاپ يەتمىدىمىكىن؟! ئۇ نې-
مىشقا ئۇنى يېنىدىن نېرى قىلمايدىغاندۇر؟ تېزرەك كۆزىدىن يو-
قاتمايدىغاندۇر؟... تەڭرىقۇتنىڭ قەلبى ئاق قەسىرگە تەلپۈنۈپلا
تۇراتتى. هەر دائىم بۇ يەرگە بالدۇرلا كېلەتتى، هەتتا بەزى
چاغلاردا هەپتە - ئون كۈنلەپ بۇ يەردىن كەتمەيتتى. لېكىن بۈگۈن
ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇر؟... ئەجەبا ئۇ بۈگۈن كىچىك ئالچىنىڭ
يېنىغا كەلمەي قويارمۇ؟... ئۇنداقتا ئۇ قايسى ئالچىنىڭ يېنىغا
بارار؟... ئۇنىــڭ كۆڭلـى راستتىنلا جانئايقىندىن سوۋۇپ كەت-
تىمۇ - يا؟ ... ياق، هەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇ كىچىك ئالچىسى-
نى هۆرمەتلەيدۇ. ئۇنى چىن دىلىدىن، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن سۆيە-
دۇ، هەممە نەرسىدىن، هەتتا جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈپ ئەتىۋارلاي-
دۇ، ئاسرايدۇ. ئۇ هەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ، تانالمايدۇ.
چۈنكى ئۇ هون خان - بەگلىرى ئارىسىدا يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە
ئۇلۇغ ئاتلىغ بىلگە - دانىش ئوڭ قول بىلگە يانبېيقاننىڭ قىزى،
ئوتلاقنىڭ يېگانە گۈزىلى، هوننىڭ پەخىر - ئىپتىخارى، ئېسىل
نەسەبلىك مەرتىۋىلىك ئالچى. ئوردىدا هېچكىم ئۇنىڭ ئورنىنى
باسالمايدۇ، ئۆزىنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرالمايدۇ، هەتتا چوڭ ئالچى
ئايقاغانمۇ شۇنداق. ئۇ دېگەن كىمتى؟ ئۇرۇق - نەسەبى جانئايقىن-
دىن قېلىشمىغىنى بىلەن ياشلىق، گۈزەللىك، پاراسەت ۋە نازا-

www.uyghurkitap.com

كەتتە يەنىلا ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ. تەڭرىقۇتقا تۇغۇپ بەرگىنىمۇ بىر بۆرە كۈچۈكىغۇ تايىنلىق، تەڭرىقۇتمۇ ئۇنى ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ، جانئايىقىنىنى سۆيگەندەك سۆيمەيدۇ، پەقەت يوسۇن ـ ئادەت يۈزىسىدىن ئاز ـ تولا ئىززىتىنى قىلىپ قويىدۇ، خالاس. ئۇ پەقەت «چوڭ ئالچى» دېگەن قۇرۇق ئاتاقىلا لايىق. ئەمەلىيەتتە تەڭرىقۇتنىڭ ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغىنى، چىن دىلىدىن، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن سۆيىدىغىنى، بېشىغا گۈل قىلىپ قىسىپ ئەتىۋارلايدىغىنى، قەلب دۇنياسىنىڭ ھەقىقىي ۋە يېگانە ھۆكۈمرانى يەنىلا شۇ كىچىك ئالچى جانئايىقىن!...

ئۇ خىيال ئەيلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئىختىيارسىز ھاياجانغا تولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. خىيالىنى ئىسپاتلىماقچى، ئۆزىنى نامايان قىلماقچى بولغاندەك يەنە مىس ئەينەك ئالدىغا باردى. ئاندىن خانا ئىچىدە لەرزان قەدەملەر بىلەن ئۇياق ـ بۇياق چامداپ، شېرىن خىيالىنىڭ داۋامىنى سۈردى.

بىر پەستە، ئۇ ھېلى تەڭرىقۇت بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى ئويلاۋېتىپ، بىردىنلا ئاتىسى يانبېيقاننى ئەسلەپ قالدى ۋە ئۇنىڭ بىرنەچچە ئاي بۇرۇن ئۆزىنى ئاتايىن يوقلاپ كېلىپ، مەخپىي يوسۇندا ئېيتقان سۆزلىرى يادىدىن كەچتى.

«ئالچى قىزىم، سۆزۈمگە قۇلاق سال ھەم ئېسىڭدە ساقلا، — دېگەنىدى ئاتىسى ئۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتا قانداقتۇر بىر چوڭقۇر ئەلەم ۋە ھەسرەت بىلەن ئېغىر خورسىنىپ، — بوۋاڭنىڭ بوۋىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئىلگىرىكى زامانلاردا ھون تائىپىسىنىڭ نەچچە ئون ئۇرۇق ـ قەبىلىسى بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تەۋە يەر ـ سۈيى ۋە مال ـ چارۋىسى بار بولۇپ، مىڭ يىللار مابەينىدە بىر ـ بىرىگە بېقىنماي، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل، تارقاق ياشاپ كەلگەنىكەن. ئەمما كىم كۈچلۈك ۋە باي بولسا، شۇ ئابرۇيلۇق ھەم ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىكەن... ئېرىڭ تۇمەنخاننىڭ ئەسلىي ئەجدادى لەۋەنت ئۇرۇقىنىڭ

ئاقساقاللىرى ئىكەنمىش. لەۋەنت ئۇرۇقمۇ ئەينى چاغلاردا ھون
تائىپىسىگە تەۋە ئۇرۇق - قەبىلىلەر ئىچىدىكى ئادەتتىكى بىر
كىچىك ئۇرۇق ئىكەن. ئەمما بىز سۆيۈندىلار بولساق، ئەزەل
ئەزەلدىن چوڭ، كۈچلۈك ھەم باي ئۇرۇقلارنىڭ بىرى ئىكەنمىز.
كېيىن لەۋەنتلەر بىردىنلا باش كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ ۋە
باشقا بىرمۇنچە كىچىك ئۇرۇقلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ كۈچلىنىپ-
تۇ. بىراق ئۇلار ۋە ھون تائىپىسىگە قاراشلىق باشقا ئۇرۇقلار
ئەتراپتىكى يات ئەل - تائىپىلەرگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا تارقاق،
تەپرىقە ھەم ئاجىز ئىكەنمىز. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار بىزنى دائىم
تالان - تاراج قىلىدىكەن. زېمىنىمىزغا بېسىپ كىرىپ يەر -
سۈيىمىزنى، مال - ۋارانلىرىمىزنى تارتىۋېلىپ، كىشىلىرىمىزنى
قىلىۋالىدىكەن. شۇڭا يېقىندىن باش كۆتۈرگەن لەۋەنتلەر باشقا
ئۇرۇق - قەبىلىلەرنى ئىتتىپاقلىششقا، ياۋغا بىرلىشىپ تاقابىل
تۇرۇشقا چاقىرىتىپتۇ. بۇ ئەينى شارائىتتا ھاجەت ۋە زۆرۈر بول-
غاچقا، كۆپلىگەن ئۇرۇق - قەبىلىلەر ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز
قوشۇپ بىرلىشىپتۇ. ھازىرقى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئەڭ دەسلەپتە
ئەنە شۇنداق بارلىققا كەلگەنىكەن. ئىتتىپاق بارلىققا كەلگەندىن
كېيىن ئۇنىڭغا يەنە تۇغ - باش تىكلەش زۆرۈر بوپتۇ. ئەمما قايسى
ئۇرۇقتىن كىمنى تۇغ - باش قىلىش ئىشىغا كەلگەندە، ئارىدا
تالاش - تارتىش يۈز بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئۇرۇق
ئاقساقاللىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە ئاخىر-
دا تەڭ - باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ سايلاش ئارقىلىق ئىتتىپاققا
تۇغ - باش تىكلەپتۇ. ئۇ چاغلاردا تۇغ - تەگرىقۇتلار ئەنە شۇنداق
ئادىل ۋە ھەققانىي ئۇسۇلدا سايلاپ چىقىلىدىكەن. بۇ ئىش خېلى
بىر زامانغىچە يوسۇن تەرىقىسىدە داۋاملاشقانىكەن. بىراق تەق-
دىر - پەلەك چۆرگىلەپ، ھوما قۇشى لەۋەنت ئۇرۇقىدىكىلەرنىڭ
بېشىغا قونغاندا، ئەھۋالدا بىردىنلا چوڭ ئۆزگىرىش بوپتۇ. ئۇلار-
نىڭ ئاقساقىلى تۇغ - باش بولغاندىن كېيىن باشقا ئۇرۇقتىكىلەرنى
كۆزگە ئىلماپتۇ. ئۇلارغا ھەيۋە قىلىپ تەگسىز ھەم شەپقەتسىز

مۇئامىلە قىپتۇ. نارازى بولغانلارنى، بويۇن تولغىغانلارنى، قارشى چىققانلارنى ئۆزىنىڭ تۇغلۇق ئورنى ۋە كۆچ ـ بايلىقىغا تايىنىپ قاتتىق باستۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ باشقا ئۇرۇق ـ قەبىلە-لەر ئاستا ـ ئاستا مۇستەقىللىقىنى، تەڭ ـ باراۋەرلىك ئورنىنى يوقىتىپ ئۆز ئەركىدىن مەھرۇم قاپتۇ ۋە خۇددى ھازىرقىغا ئوخ-شاش ئۇلارنىڭ پەقەت نامىلا ساقلىنىپ قېلىپ، باشقا تەرەپلەردە پۈتۈنلەي لەۋەنتلەرنىڭ بېقىندى ھامىيسىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئېرىك تۇمەنخانىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ئەسلىي ئەنە شۇنداق ئۇسۇلدا پۈتكۈل ھون تائىپىسىگە باش بولۇۋالغان... ئۆتمۈشتىكى ئىشلار مانا شۇنداق، قىزىم. ئەسلىدە تۇغ ـ تەڭرىقۇت دېگەنلەر ئاشۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش ھەرقايىسى ئۇرۇق ـ قەبىلە باشلىقلىرى تەرىپى-دىن تەڭ ـ باراۋەر ئاساستا كېڭىشىپ، ھەققانىي يوسۇندا سايلاپ چىقىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ھاياتتا، تۇرمۇشتا ھەققانىيەت كۆپىنچە ھاللاردا ھەقلىقلەر تەرىپىدە ئەمەس، بەلكى كۈچلۈكلەر-نىڭ قولىدا بولىدىكەن. تەختى ھون سەلتەنىتى لەۋەنتلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن دەل مۇشۇنداق بولدى. شۇنچە كەڭ زېمىنغا، شۇنچە كۆپ ئۇلۇس ـ ئايماقلارغا ئۇلار ئىگە بولۇ-ۋالدى. ئوۋ ئولجىلىرىنى، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى ئۇلار تەقسىم-لەپ، ئۆزلىرى كۆپ ئالدى. ھون تەختىمۇ ئۇلارنىڭ مىراس مۈلكىگە ئايلىنىپ، ئاتىسىدىن بالىسىغا مىراس قالىدىغان بولدى... مانا ھازىرمۇ ئېرىك تۇمەنخانىنىڭ كۈندىشىنىڭ ئايىقاغاندىن تۇغۇلغان چوڭ ئوغلى باتۇر تەختى ھوننىڭ تەگىن ئۆگەسى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن ئۇ بۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس، قىزىم. ئۇ پەقەت بىر لەشكىرىي چەۋەنداز بولۇشقا لايىق. تەگىن ئۆگەلىككە، ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ تەخت ۋارىسلىقىغا مېنىڭ تۇرۇنۇم①، سېنىڭ ئوغلۇڭ ھونزادە يۇيۇكلا ھەقىقىي مۇناسىپ. چۈنكى ئۇ لەۋەنت ئۇرۇقىنىڭ پۇشتىدىن تامغان، ئەسلىي ئېسىل، نەسەبى ئالىي مەرتىۋىلىك سۇبېندى ئۇرۇقىدىن تۇغۇلغان. ئۇ-

① تۇرۇن — نەۋرە.



www.uyghurkitap.com

زىمۇ ئۇرۇق ـ ئەجدادىدەك قەيسەر، باتۇر، ھىممەت ـ شىجائەت-
لىك، چوغچام ۋە سۇمباتلىق. ئۇنىڭدا ھەقىقىي ھونزادىلەر-
گە خاس تۇرق ـ سالاپەت، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە غەيرەت ـ جاسارەت
بار. ئەپسۇسكى، ئېرىك تۇمەنخان بۇنى بايقىمايۋاتىدۇ، چۈشەنمەي-
ۋاتىدۇ. ئەكسىچە ھون تەختىنى تېگى پەس قۇياندى ئۇرۇقىنىڭ
پۇشتىغا، بۆرە سىياقلىق، يىرتقۇچ تەبىئەتلىك بىر ياۋايى مەخلۇققا
بەخشەندە قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ دانالىق ھەم ئادىل-
لىق ئەمەس!… ساڭا دېمەكچى بولغىنىم، قىزىم، سەن ئېرىك
تۇمەنخانغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى بۇ ئەخمىقانە قارارىدىن ياندۇر.
باتۇرنى تەگىن ئۆگەلىكتىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلۇڭ
يۇيۇكنى — ئۇمىد ـ ئىشەنچىمىز ۋە پۇشتىپاناھىمىزنى يۆلەپ
چىقار. بۇ ساڭىمۇ، ماڭىمۇ ۋە باشقا ئۇرۇقداشلىرىمىزغىمۇ پايدى-
لىق. يۇيۇك ساڭا قۇت ـ بۇيان، شان ـ شەرەپ ئاتا قىلىدۇ.
سۇبېندى ئۇرۇقىغا يۇقىرى ئورۇن، چەكسىز ئىمتىياز ۋە بايلىق
ئەكېلىدۇ، يۇكسەك، ئۇلۇغۋار شان ـ شەرەپلەر ياغدۇرىدۇ. سۇ-
بېندىلار ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان بۇ بايلىق ۋە شان ـ شەرەپلەر
ئۇچۇن سەندىن مىننەتدار بولىدۇ، قىزىم. ئەگەر باتۇر ھون تەخ-
تىگە ۋارىسلىق قىلىپ تەڭرىقۇت بولىدىغان بولسا بۇ دۇنياغا ئاپەت
بولىدۇ. ئۇ چاغدا بىزنىڭ كۇن ـ جايىمىز نە بولغاي؟!… قىزىم،
بۇ ئىش سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدۇ. سەن تۇمەن تەڭرىقۇتقا تەسىر
كۆرسىتەلەيسەن. ئۇنى گېپىڭگە كىرگۇزەلەيسەن. ئۇ سېنىڭ ئۇ-
مىدىڭنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ… ئۇنىڭ ئۇستىگە، تۇرۇنۇم
يۇيۇكنىڭ تەختى ھوننىڭ تەگىن ئۆگەسى بولۇشى يوسۇن ـ ئادەت-
كىمۇ مۇخالىپ ئەمەس. چۇنكى ئۇمۇ تۇمەنخاننىڭ ئوغلى، تەختى
ھوننىڭ مىراسخورى!»

«دۇرۇس، ھونزادە يۇيۇك شانۇ شەۋكەتلىك تۇمەن تەڭرىقۇت-
نىڭ ئوغلى، ھون تائىپىسى ئىچىدىكى تۇغ ـ باش ئۇرۇق لەۋەنت
بىلەن سۇنبېيدىنىڭ پۇشتى، تەختى ھوننىڭ مىراسخورى. بۇنى
ھېچكىم، ھەرقانداق كۇچ ئىنكار قىلالمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدا ئىگە بولۇشى كېرەك! ...

كىچىك ئالچى بۈگۈن بۇلارنى تەگرىقۇتقا ئوچۇق ئېيتىدۇ، سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. ھونزادىسىنى باتۇرنىڭ ئورنىغا تەگىن ئۆگە قىلىپ بېكىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەگرىقۇتمۇ بەلكىم غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلار. چۈنكى ئۇ ئەمەلىيەتتە چوڭ ئوغلى باتۇرنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇنىڭ تېگى - تەكتىدىن گۇمانلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىدۇ، ھەزەر ئەي- لەيدۇ، خەۋپسىرەيدۇ. ئۇنى تېزرەك يېنىدىن نېرى قىلىشنى ئوي- لايدۇ. بۇنىڭ تامامەن ئەكسىچە، ئىككىنچى ئوغلى يۈيۈكنى بولسا ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ، قەدىرلەيدۇ، ئۇنىڭدىن زور، ئۇلۇغۋار ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ. ئۇنىڭ تەختى ھونىنىڭ تەگىن ئۆگەسى بولۇ- شىنى، ئۆزىدىن كېيىن تەخت - سەلتەنەتتە ئولتۇرۇپ دەۋران سۈرۈشىنى ئارزۇ قىلىدۇ... لېكىن ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ ئارزۇسىغا ئىنتىلمەيدىغاندۇر؟ ئۇ يەنە نېمىگە ئىككىلىنىدىغاندۇر؟ نېمى- دىن ئېھتىيات قىلىدىغاندۇر؟ ئۇ دېگەن تەڭداشسىز تەگرى- قۇت تۇرسا؟...»

شۇنداق پەيتتە، كىچىك ئالچىنىڭ قۇلىقىغا تاشقىرىدىن كې- لىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ خىيالى ئۈزۈلدى. ئۇ دىققىتى چېچىلىپ، كېلىۋاتقان كىشىنىڭ كىملىكىنى جەزملەشتۈرۈپ بول- غۇچە، ئىشىكتە خاس قىرقىنى پەيدا بولدى.

— تەگرىقۇت كېلىۋاتىدۇ، ئالچىم.

كىچىك ئالچى نېمىگىدۇر ھودۇقۇپ، خانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردەملىك تېڭىرقىدى، ئەمما ئۇ شۇئان يەنە ئۆزىگە كەلدى - دە، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان قىرقىنغا ئالتۇن قەندىللەردىكى شاملارنى يورۇتۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزى يەنە ئەينەك ئالدىغا باردى، ئاندىن تۆشەككە چىقتى - دە، ماموق ياستۇققا يۆلىنىپ، بىر قولىدا نازۇككىنە ئېڭىكىنى تىرەپ، يەنە بىر قولىنى نېپىز يىپەك كىيىم ئىچىدىن روشەن نامايان بولۇپ تۇرغان سېھرىلىك يوتىسىغا قو-

يۈپ، تىزلىرىنى سەل ئېگىپ يانپاشلاپ ياتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى گۈزەل، جەزبىدار قىياپىتى ۋە خىيالغا بېرىلگەندەك تىنچ، نازاكەت-لىك ھالىتى كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىپ ئۆزىگە پۈتۈنلەي رام قىلىۋالاتتى.

بەستلىك تەگرىقۇت سالماقلىق چامداپ خانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭغان شاملار خانا ئىچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئۇ تۆشەكتە ياتقان گۈل بەدەن، پەرى سۈپەت ئالچىسىنى كۆرۈپ ۋە ئۇنىڭدىن تارقالغان خۇش پۇراقلارنى ھىدلاپ شادلاندى، ھېسلىرى ئويغىنىپ ئۇنىڭغا ئىنتىلدى. ئەمما كىچىك ئالچى ئۇنىڭ كىرگىنىنى تۇيمىغاندەك، ئەتەي ھەسرەتلىك خىيالغا بېرىلگەن قىياپەتتە خىرامان يېتىۋەردى. تەگرىقۇت ئۇنىڭ يېنىغا، تۆشەكنىڭ باش تەرىپىگە بارغاندا، ئاندىن ئۇ چۆچۈپ ئېسىگە كەلگەندەك ئىتتىك ئورنىدىن قوپۇپ تۆشەكتىن چۈشتى - دە، تەگرىقۇتقا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تىنچلىق سورىغاندىن كېيىن، بىر چەتكە ئۆتۈپ پەرىشان قىياپەتتە يەرگە قاراپ تۇردى. بايا بۇياققا كېلىۋېتىپ، ئامراق ئالچىسىنى ئۆزىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرغان قىياپەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرگەن ھامان «كەلدىڭ-مۇ، باتۇرۇم!» دېگىنىچە بۇغا بالىسىدەك يەڭگىل ھەرىكەت بىلەن ئاق قۇدەك ئۇمتۇلۇپ كېلىپ، بويىنىغا ئېسىلىشىنى ئارزۇ قىلغان تەگرىقۇت ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ سەل ئەجەبلەندى.

— نېمە بولدۇڭ، مەڭزىلىگىم؟ پەرىشان كۆرۈنىسەن، تاۋۇڭ يوقمۇ، نېمە؟ — دېدى ئۇ تۆشەككە ئولتۇرۇۋېتىپ.

— ياق، ھېچ ... ھېچنېمە بولمىدىم ... — كىچىك ئالچى كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزمەي، ھېلى يىغلىۋېتىدىغاندەك قىياپەتتە چىرايلىق لەۋلىرىنى ئۈمچەيتىپ جاۋاب بەردى.

— ئۇنداقتا... پۇشۇنۇپ قالدىڭمۇ - يە؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس...

— ئەمىسە بىرەر ئىش پىسەنتىڭگە ياقماي قالغان ئوخشىما-دۇ؟ قارىسام كۆڭلۈڭ تازا ئارامىدا ئەمەستەك قىلىدۇ.

— ھەئە، كۆڭلۈم پاراكەندە ... — كىچىك ئالچى ئاخىر كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاپ نازلىق دوق قىلدى.

— ئوھوي، نېمىدەپ ئەمدى؟ — دېدى تەڭرىقۇت، — قېنى دېگىنە، ساڭا زادى نېمە بولدى؟ سېنى بۇنچە بىئارام قىلغان قانداق ئىش ئۇ؟

— شۇ... سېنىڭ غېمىڭ، ئەلكۈنىڭ غېمى...

— نېمە؟ مەن ساپساق تۇرۇپتىمەنغۇ مانا، ئەلمۇ تىنچ... ھە، چۈشەندىم، سەن ئەسلىي تاغ - ئورمانلىقتىكى ياۋايى تانيۆلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ئەنسىرەپ كېتىپتىكەنسەن - دە، قارا سېنى، بۇ دېگەن بىز ئەر خەقلەرنىڭ ئىشى تۇرسا، سەندەك مەڭىزلىگ نازىنىنلار باش قاتۇرۇپ نېمە كەپتۇ. ئەنسىرىمە، ئالچىم. ئۇلار بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. نى - نى ياۋلار بىر تال مويىمىزنى تەۋرىتەلمىگەن يەردە، ئۇ ياۋايىلار قانچىلىك نېمىلەرتى بىزنىڭ ئالدىمىزدا.

كىچىك ئالچى تەڭرىقۇتنىڭ ھە دېگەندە گەپنى باشقا ياققا ئەكېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تىت - تىت بولۇشقا باشلىدى.

— ئۇغۇ شۇنداق ... — دېدى ئۇ گەپنى ئەسلىي تېمىغا چۈشۈرۈشكە تىرىشىپ، — لېكىن... مېنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنىم باشقا بىر ئىش ئەمەس. ئەلكۈنىڭ باشقا بىر غېمى...

— نېمە، ئەلكۈنگە نېمە بوپتۇ؟ — دېدى تەڭرىقۇت ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن يېڭىلىق ھېس قىلىپ بىرئاز جىددىيلەشكەن ھالدا.

ئاندىن ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى - دە، ئالچىسىدىن يەنە سورىدى، — ئەمىسە قېيناتامغا، ئۆيۈڭدىكىلەرگە بىرەر ئىش بولغان ئوخشىمامدۇ؟ ئۇلار ياۋنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا ئۇچراپتۇمۇ - يا؟ ... جوۋژانغار[1] ئەزەلدىن تىنچىماي كېلىۋاتىدۇ. بۇ قېتىم يەنە ئىش چىققان بولسا، ئۇ چوقۇم ئاشۇ تېرىسىگە سىغماي كۆرەڭلەپ كېتىشكەن توخرىلارنىڭ ئىشى! ...

— ياق، ئۇنداق ئىش ئەمەس. ئۇنداق ئىش يۈز بەرگىنى

---

[1] جوۋژانغار — غەرب تەرەپ، تەڭرىقۇتلۇقنىڭ ئوڭ قانات زېمىنى.

يوق...

كىچىك ئالچى ئالدىراپ - تېنەپ تەگرىبقۇتنىڭ سۆزىنى بۆلـ-
دى. لېكىن ئۇ كېيىن نېمە دېيىشنى بىلمەي ئۆز گۆشىنى ئۆزى
يېگۈدەك تىت - تىت بولۇپ تۇرۇپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ تەگرىقۇت-
نىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك بىردىنلا ھەيرەتلىك تەئەججۈپكە ئاي-
لاندى.

— ماگا قارا، ئالچىم، — دېدى ئۇ بىر پەستىن كېيىن
ئالچىسىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېنىغا تارتىپ، — ساگا زادى نېمە
بولدى؟ قېنى دېگىنە، سەن زادى نېمىدىن غەم قىلىسەن؟ سېنى
بۇنچە بىئارام قىلىپ، خاتىرجەمسىزلەندۇرگۈدەك ئەلكۈننىڭ قاذ-
داق چوڭ ئىشى ئىدى ئۇ؟

— باتۇرۇم... باشپاناھىم ... — كىچىك ئالچى ئۆزىنى تۇتۇۋې-
لىپ، تەمكىن ھالدا مەقسىتىنى ئاشكارىلىدى، —مەن ... مېنىڭ
ئەنسىرەيدىغىنىم سەن. سېنىڭ تەخت - سەلتەنىتىڭ ...
باتۇر ئۇ ... تەگىن ئۆگەلىككە مۇناسىپ ئەمەس!

— ھىم ... شۇ ئىشمىدى؟ ! — تەگرىقۇت ئورنىدىن تۇرۇپ
كەتتى، — بۇنىڭدىن ئۇنچىۋالا ئەنسىرەپ كېتىش نە ھاجەت؟ —
دېدى ئۇ كەيپى ئۇچقان ھالدا، — ۋاقتى كەلگەندە يارلىقنى بىكار
قىلىپ، يۇيۇكنى تەگىن ئۆگە دەپ جاكارلىساملا پۈتىدىغان ئىشقۇ
بۇ.

ئاندىن ئۇ ئېغىر كەيپىياتقا چۆكۈپ، ئاستا چامداپ خانىنىڭ
روجىكى ئالدىغا باردى. تالادا كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكەنىدى.
ئۇ قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ، پەردىسى قايرىۋېتىلگەن روجەكتىن
يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىغان تىنىق ئاسمانغا قاراپ خىيالغا
پاتتى.

— لېكىن بۇنىڭ ۋاقتى زادى قاچان؟ ! — كىچىك ئالچى
ئەلىمگە چىدىماي تەگرىقۇتقا سوئال قويدى، — بۇ يا ئۇنداق سەل
قاراپ كەينىگە سوزۇۋېرىدىغان ئىش بولمىسا! ...

— بىلمەن، — تەگرىقۇتنىڭمۇ جەھلى قاتتى، — بۇ ئۇنداق

www.uyghurkitap.com

ئالدىراپ كېتىدىغان ئىش ئەمەس!
تەڭرىقۇت رەنجىپ قالدى. بۇنى ئاللىقاچان ھېس قىلىپ
يەتكەن كىچىك ئالچى ئۇنىڭ غەزەپلىنىشىدىن، ئۆزىنى خاتا چۈشى-
نىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئالاقزادە بولدى. لېكىن ئۇ ئۆزىگە ۋە
تەڭرىقۇتقا زىيادە ئىشەنچ قىلىدىغان بولغاچقا، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ
يۈرەكلىك ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى:
— دۇرۇس، بۇ دېگەن ئوردىنىڭ، تەڭرىقۇتلۇقنىڭ چوڭ
ئىشى، — دېدى ئۇ مۇلايىم، ئەمما جىددىي تەلەپپۇزدا، — بىراق
مەن سېنىڭ ئالچىڭ، ھونزادەڭ يۇيۇكنىڭ ئانىسى. شۇنداق بول-
غاچقا، مەن بۇ ئىشتىن زادىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن. نېمىشقى-
كىن، كۆڭلۈم قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنى، بەختسىزلىكنى
سەزگەندەك بىر قىسمىلا تۇرىدۇ… ساڭىمۇ ئايان، تەڭرىقۇت،
مېنىڭ بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشۈم، سېنىڭ ئىشلىرىڭغا ئارىلى-
شىشىم ھەرگىزمۇ ئۆزۈم ئۈچۈن ياكى بىرەر پايدا ـ مەنپەئەتكە
ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەس. چۈنكى مەن سېنىڭ ئەمرىڭگە ئۆتۈپ
ئوردىغا كىرگەندىن بۇيان كۆپتىن ـ كۆپ قەدىرلىنىشىڭگە، ياخشى
كۆرۈپ ئەتىۋارلىنىشىڭغا نائىل بولۇپ كېلىۋاتىمەن ۋە بۇنىڭدىن
ئۆزۈمنى تولىمۇ تەلەيلىك، بەختلىك ھېس قىلىمەن. لېكىن مەن
بۇلارغا قانائەت قىلىپ، ئۆزۈمنىلا ئويلاپ، سېنى، سېنىڭ
قۇت ـ بۇيانىڭنى، تەخت ـ سەلتەنىتىڭنىڭ ئەسەنگۈلۈكىنى، ئەل-
نىڭ تىنچلىقى ۋە تەڭرىقۇتلۇقنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلىماي تۇرال-
مايمەن. ساڭا ۋە ئەلكۈنگە بولغان ساداقىتىمنى، مەسئۇلىيىتىمنى
ئۇنتۇپ قالالمايمەن، — ئۇ تەڭرىقۇتنىڭ سوكۇتكە چۆككەنلىكىنى
كۆرۈپ، گەپنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىگە يۆتكىدى، — سەن
دېگەن ئەلكۈننىڭ تۇغى، تەڭرىقۇتى، نۇرغۇنلىغان ئۇلۇس ـ ئىلەت-
لەرنىڭ پاسىبانى، غەمگۇزارى، تەڭرىقۇتلۇقنىڭ ئۇلتىرىقى. ئەل-
كۈن ساڭا تايىنىدۇ، ساڭا ئىشىنىدۇ، ساڭا سېغىنىدۇ. سەندىن
كېيىنمۇ ساڭا ئوخشاش بىر قابىل پاسىباننىڭ ئۆزلىرىگە باشپاناھ
بولۇشىنى، ئۆزلىرىنى پارلاق ئىستىقبالغا يېتەكلىشىنى ئۈمىد

قىلىدۇ. شۇڭا سىنىڭ ئىشەنچلىك ھەم ئىقتىدارلىق بىر ئىزباسا-
رىڭ بولمىسا بولمايدۇ، تەڭرىقۇت. ئۇلۇغ ئەجدادلىرىڭ بەرپا قىل-
غان بۈيۈك ئىتتىپاق ۋە تەخت ـ سەلتەنەت سىنىڭ قولۇڭغا ئۆتكەن-
دىن كېيىن تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، روناق تېپىپ گۈللەندى.
كۈچ ـ قۇدرىتى ئېشىپ، شان ـ شۆھرىتى پۈتۈن ئىقلىمغا پۇر
بولدى. ئۇ ھېلىمۇ ساڭا تايىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ساڭا موھتاج، ساڭا
ئېھتىياجلىق. ئەمما بۇ ساڭا مەڭگۈ باقىمەندە ئەمەس. ئۇ سەندىنمۇ
ئۇزاق ياشايدۇ، تەڭرىقۇتلۇق مەڭگۈ داۋام قىلىشى كېرەك. بىراق
ئۇ باتۇرنىڭ قولىغا قالىدىغان بولسا، چوقۇم زاۋال تاپماي، گۇم-
ران بولماي قالمايدۇ. چۈنكى باتۇر ئىشەنچلىك ئەمەس. ئۇنىڭدىن
ساڭا ۋاپا كەلمەيدۇ. بۇنى ھەممە بىلىپ بولدى. ئۇ سىنىڭ كۆتكەن
يېرىڭدىن چىقمايدۇ. ئەلكۈننىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالمايدۇ. مەن
ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىدىن، ساڭا ۋە ئەلكۈنگە بولغان ساداقىتىدىن
قاتتىق گۇمانلىنىمەن، ئەلپازىدىن قورقىمەن، ھەزەر ئەيلەيمەن.
ئۇ بىر بۆرە سىياقلىق، ھېسسىياتسىز مەخلۇق، قارام، تەلۋە،
ياۋۇز، قاپ يۈرەك، كاللا كېسەر بىرنېمە. ئۇ تەختىڭگە ۋارىسلىق
قىلىپ تەڭرىقۇت بولىدىغان بولسا، شۈبھىسىزكى ئەجدادلى-
رىڭنىڭ تەۋەررۇكى ۋە سىنىڭ ئەجىر ـ تۆھپەڭ سۇ يۈزىدىكى
كۆپۈكتەك يوقىلىپ قالمايدۇ. مەن بۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد
قىلمايمەن، تەڭرىقۇت. بۇ ئادىللىق ئەمەس. شۇڭا تەگىن ئۆگەنى
قايتىدىن بېكىتىش ئىشىنى ئەمدى كەينىگە سۈرمىگىن··· كۆرۈپ
تۇرۇۋاتىسەن. ھونزادىمىز يۈيۈك كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈپ چوڭ
بولۇۋاتىدۇ. ئۇ پۈتۈنلەي سىنىڭ ئۇدۇمۇڭنى ئالدى. شۇنداق ئۆت-
كۈر، قەيسەر، باتۇر ھەم زېرەك، تۈيغۇن. ئۇ سىنىڭ ئىزباسارىڭ
بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ. ھەرقايسى خان ـ بەگلەر، ئۇرۇق ـ قەبىلە
ئاقساقاللىرى ۋە قارا بودۇنلارمۇ ئۇنىڭ سىنىڭ ئىزىڭنى بېسىپ،
تەختى ھوننىڭ تەگىن ئۆگەسى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەنمۇ
ئانىلىق سالاھىيىتىم، ئالچىلىق ھەققى ـ ھۆرمىتىم ۋە سەن بىلەن
ئەلكۈنگە بولغان ساداقىتىم يۈزىسىدىن ئۇنى تەگىن ئۆگە قىلىپ

بېكىتىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن!

كىچىك ئالچى سۆزىنى شۇ يەردە توختاتتى، ئاندىن ئۇنىڭ تەڭرىقۇتقا بولغان تەسىرىگە تەقەززا بولۇپ، ئىنتىراپلىق سۈكۈتكە چۆكتى. تەڭرىقۇت روجەك ئالدىدا ئالچىسىغا كەينىنى قىلىپ جىم-جىتلىقتا خىيال سۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، قانداق ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بەلكىم ئۇ شۇ تاپتا چوڭ ئالچىسى ئايىغان بىلەن تەگىن ئۆگەسى باتۇرنى ئويلاپ ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتقان، تەڭلىك تەقەززاسىدا قانداق قىلىشنى بىلەلمەيۋاتقان ياكى ئەلنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى ۋە ئىستىقبالىنىڭ بىر ئۆزىنىڭ كۈچىگىلا تايانمايدىغانلىقىنى، ئەلنى ئەجدادلارنىڭ يوسۇنى تۇتۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، باتۇرنى تەگىن ئۆگەلىكتىن قالدۇرۇشنىڭ يوسۇننى بۇزغانلىق، ۋاپاسىزلىق قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى، بۇنداق قىلىشنىڭ تەڭرى ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئىكەنلىكىنى... ئويلاپ، ئىككىلىنىۋاتقان، قورقۇۋاتقان بولسا كېرەك.

— بىلىمەن، — دېدى ئۇ خېلىغىچە شۇنداق ئويغا پېتىپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا كەينىگە بۇرۇلۇپ، — دېگەنلىرىڭ ئورۇنلۇق... بىراق ھازىر مېنىڭ بۇ ئىشلارغا باش قاتۇرغۇدەك ۋاقتىم يوق. ئۆزۈڭ بىلىسەن، مۇشۇ تاغ ـ ئورمانلىقتىكى ياۋايىلار يېقىندىن بېرى ھەممىلا يەردە قۇتراپ كېتىۋاتىدۇ. خان ـ بەگلەر، ھەتتا قارا بودۇنلارمۇ ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ ياۋايىلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ھېچبىر ياخشى ئامالى تېپىلمايۋاتىدۇ. مۇشۇنداق چاغدا مەن تەگىن ئۆگەنى يەڭگۈشلەيمەن دېسەم قانداق بولىدۇ؟ بۈگۈنمۇ ئەتىگەندىن بېرى كېڭەشتە بولدۇم، ھېرىپ ـ چارچاپ ھالىمدىن كېتەي دېدىم. مانا ئەمدى بىر ئاز ئارام ئالاي دەپ يېنىڭغا كەلسەم، سەنمۇ بېشىمنى ئاغرىتىپ بۇ ئىشنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتىسەن.

كىچىك ئالچى تەڭرىقۇتنىڭ تېخى بىر قارارغا كېلەلمىگەنلىكىنى، شۇڭا بۇ ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ باھانە ـ سەۋەبلەرنى



www.uyghurkitap.com

كۆرستىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئارامسىزلاندى. ئۇنى ئىچىدە «بو-شاڭ، قورقۇنچاق» دەپ تىللىدى. لېكىن ئۇ ئۇنىڭ ماھىيەتتە ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئارزۇدا ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقانلىقىنى، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇتنى چۇخچىلاۋەر-سە ئۆچۈپ قالغاندەك، ئۇنى قىستاۋېرىپ جەھلىنى قاتۇرۇپ قويسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەنە پەسكويغا چۈشتى. «دۇرۇس، ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى - پەيتى بار. ئۇ ھامان بىر قارارغا كېلىدۇ، ئامال تاپىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەنە پۇرسەت بېرى-شىم كېرەك».

— مېنى كەچۈر، تەڭرىقۇت. ئالدىراش ئىكەنلىكىڭنى بىلمەي نادانلىق قىپتىمەن، — دېدى ئۇ بىردىنلا مۇئامىلىسىنى ئۆزگەر-تىپ، تەڭرىقۇتنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەكلىرىگە ئې-سىلىپ، — مەن پەقەت ··· دۇرۇس، ھازىرقى جىددىي ئىش ياۋايى تانيۈلەرگە تاقابىل تۇرۇپ ئەلكۇننى ئاپەت غېمىدىن خالاس قى-لىش. تەگىن ئۆگەنى قايتىدىن بېكىتىش ئىشىنى كېيىنچە ئويلاش-ساڭمۇ كېچىكمەيسەن، پەقەت ئىككىنچى ئوغلۇڭنى ئېسىڭدىن چى-قىرىپ قويمىساڭلا بولدى. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ئەسلى مۇشۇ.

— ھەي، نېمە دېگىنىڭ بۇ، ئالچىم، — دېدى تەڭرىقۇتمۇ بىردىنلا يۇمشاپ، — ئۇ دېگەن مېنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلۇم، ئىشەن-گەن تېغىم تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي، — ئاندىن ئۇ ئالچىسى-نى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى، — ماڭا قارا، مەڭىزلىكىم. ھونزادىمىز يۇيۇك تەختىمىنىڭ ۋارىسى بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ. مەن بۇنى بىلىمەن. سەنمۇ شەك-لەنمە، خاتىرەڭنى جەم قىل. ئەمما ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى - پەيتى بولىدۇ. بۇنىڭغا يەنە بىر مەزگىل كېتىدۇ. ھونزادىمۇ كىچىككۇ تېخى. ئۇنىڭغا ئۆسۈپ يېتىلىش پۇرستى بېرىشىمىز كېرەك. باتۇردىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. ۋاقتى كەلگەندە يارلىقنى بىكار قىلسامىلا ئىش تامام. ئۇ بۇنىڭغا نېمە دېيەلەيتتى؟

— بۇ سۆزۈڭنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم خېلىلا تەسكىن تېپىپ قال-
دى، — دېدى كىچىك ئالچىمۇ نازلىق ئەركىلەپ، — مەن سېنىڭ
ۋەدەڭدە تۇرىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن ھەم سېنى ھۆرمەتلەيمەن...
بولدى، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى ئەمدى. قېنى بۇياققا كەل،
قاپلىنىم...

كىچىك ئالچى تەگرىقۇتنى تۆشىكىنىڭ يېنىغا ئەكەلدى، ئاد-
دىن سېھىرلىك ناز - كەرەشمىلەر بىلەن ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ
ئەركىلىدى ...

# ئىككىنچى باب

# باتۇر ئالىپ

## 1

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 220 ـ يىلى. بۇغدايبېشى ئېيىنىڭ[①] ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى تاڭ سەھەردە، باتۇر ئانىسى ئايقاغاننىڭ يېنىدىن چىقىپ ئۇدۇللا ئوردا ئاتخانىسىغا باردى. باش يىلقىچى تېخى ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىققانىدى. ئۇ باتۇرنى كۆرۈپ سالام قىلدى.

— تىنچلىقمۇ، ھونزادە.

ئەمما باتۇر ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالمىدى، ئۇنى كۆرمىگەندەك گەپمۇ قىلماي، قاراپمۇ قويماي ئۇدۇل ئاتخانىغا كىرىپ كۆزىگە چېلىققان بىرىنچى ئاتنى مىندى ـ دە، ئۆيلىرىدىن چىقىپ يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا يۈزلىنىپ ياشىق تەگرىسىگە چوقۇنۇۋاتقان كىشىلەرگە، قورغان سىرتىدىكى ئۆگۈزلەردىن تېرە ـ تۇلۇم ۋە ساپال كوزىلاردا سۇ ئېلىپ قايتىۋاتقان خوتۇن ـ قىزلارغا پاسكىنا سۇ، پاتقاق، شېغىل تاشلارنى چاچرىتىپ، باللارنى، يول بويىدىكى ئىت، توخۇلارنى ئۈركۈتۈپ، ئېتىنى قامچىلىغان پېتى كۈن قاپاغقا قاراپ چاپتى.

ئۇ بۇ يىل ئون بەش ياشتا ئىدى. ئەمما تۇغۇلما ئۆزگىچىلىك

① بۇغدايبېشى ئېيى — 6 ـ ئاي.

سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ئۇ چوپچوڭلا بىر ئەر يەتكەن يىگىت كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بويى ئېگىز، بەستلىك، كۆكرىكى كەڭ، چوغ-چام ئىدى. چىراي ـ تۇرقىدىن ئۆز ئۇرۇق ـ تائىپىسىنىڭ ئالاھى-دىلىكلىرى تولۇق گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى قويۇق، ئۆسكىلەڭ، قوڭۇر بولۇپ، مۈرىلىرىگە چۈشۈپ تۇراتتى. پېشانى-سى كەڭ، بۇرنى قاڭشارلىق ھەم قىيانىڭ قىرىدەك تۈپتۈز ئىدى. قويۇق ھەم سىياھتەك قاراقاشلىرى ئېگىز قاڭشىرىنىڭ يۇقىرىسى-دىن باشلىنىپ تۈپتۈز سوزۇلاتتى ـ دە، چېكىسىگە بارغاندا قۇيرۇقلىرى سەل پەسكە ئېگىلەتتى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى كەڭ، كۆزلىرى چوڭ ھەم چوڭقۇر، كىرپىكلىرى تال ـ تال، كۆزىنىڭ قارىچۇقى كۆك، ئېقى ھال رەڭ، جىيەكلىرى قىزىل، ئېغىزى يوغان، كالپۇكلىرى قېلىن، يۈزى كەڭ ھەم سوزۇنچاق، ئۆڭى كۆكۈچ ئىدى. پېشانىسى ۋە كۆز ئەتراپىدىن باشقا يۈزىنىڭ ھەممە يېرىنى، ھەتتا بويۇنلىرىنىمۇ قويۇق تۈك ـ ساقال قاپلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىلەكلىرى، پۇتلىرى توم، ئۇزۇن، كۈچلۈك ئىدى. بۇل-جۇڭ گۆشلىرى بۆرتۈپ تۇراتتى. ئۇ يول يۈرگەندە مەزمۇت، سالماقلىق، چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلايتتى. ئات مىنگەندە بېشىنى تىك، قەددىنى رۇس تۇتۇپ، تەڭرىنىڭ يېگانە ئوغلىدەك مەغرۇر ئولتۇراتتى، كۆزلىرى ئەتراپقا، كىشىلەرگە جىددىي، ئۆتكۈر تى-كىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، كىشىلەرگە تەكەب-بۇر كۆرۈنىدىغان مەردانە قىياپىتى چىراي ـ تۇرقى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىن ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ جەسۇر، باتۇر، سۇباتلىق ھەم قىزىق قان، ئۇرۇشخۇمار ئىدى، ھەرقانداق ياۋغا، ئوۋغا ئىككىلەنمەي ئېتىلاتتى، قىلىمەن دېگىنىنى قىلماي قويمايتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى ۋە ھەرىكىتىنى كونترول قىلىشنى بىلەتتى. ئۇ ئۆزىگە ئېھتىياجى چۈشكەنلەرنى ھىمايىسىگە ئالاتتى، قوغدايتتى، ئۇلارغا رەھىم قىلاتتى ھەم كۆيۈنەتتى. ئەمما دۈشمىنىگە زادىلا يۈز ـ رەھىم قىلمايتتى. ئۇنىڭ تۇرقى تولىمۇ سۈرلۈك ئىدى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى كۆرسە ئەيمىنەتتى،

قورقاتتى.

ئۇ بۇگۇن سوقۇشقا تەييارلىنىپ چىققاندەك تولۇق كىيىنىپ قوراللانغاندى. بېشىدىكى جەز دۇبۇلغا، ئۇچىسىدىكى ئەلتېرە[1] ساۋۇت، سىدىرىمغا ئېسىلغان بوكتاسى ۋە مىنىۋالغان چاپقۇر ئېتى ئۇنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك، ئالىپ چەۋەنداز قىلىپ كۆرسەتتى.

قورغان دەرۋازىسىدىكى قوۋۇقچى سىپاھلار ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپلا تونۇۋالدى ۋە ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ يولىنى بوشىتىشتى. ئۇلار ئادەتتە ھەرگىز بۇنداق قىلمايتتى. دەرۋازىدىن كىرىپ - چىقىدىغان ھەرقانداق كىشىنى، مەيلى ئۇ تونۇش ياكى ناتونۇش بولسۇن، ھەتتا تەگىن ئۆگە ياكى تەڭرىقۇت بولسۇن، تەكشۈرۈپ سۈرۈشتۈرمەي دەرۋازىدىن كىرگۈزمەيتتى ياكى قويۇپ بەرمەيتتى. بۇ بىر قاتتىق يوسۇن ئىدى. لېكىن ئۇلار باتۇرنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى ئۇلار تۈنۈگۈن ئەتىگەن ئۇنى توسۇپ تەكشۈرمەكچى بولغاندا قاتتىق ئەدىپىنى يەپ قورقۇپ كېتىشكەنىدى.

باتۇر تۈنۈگۈنمۇ مۇشۇنداق چاغدا، مۇشۇنداق ئەلپاز بىلەن باشقا بىر ئاتنى تۇتۇندەك چاپتۇرۇپ دەرۋازىغا كەلگەن. دەرۋازىغا قارايدىغان قوراللىق سىپاھلار ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ تونۇغان ۋە ئالدىنى توسۇپ تەكشۈرمەكچى بولغان، ئەمما باتۇر نېمە بولدىكىن ئۇلارغا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، ئالدىنى توسۇغان ۋە ئېتىنىڭ يۈگىنىگە قول ئۇزاتقان ئىككى سىپاھنى قامچىسى بىلەن قاتتىق ئۇرۇپ يارىلاندۇرغان، ئاندىن باشقا سىپاھلارغا «نېرى كېتىش، يولنى بوشىتىش، بولمىسا ھەممىڭنى چېپىپ تاشلايمەن!» دەپ بوكتاسىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ھەيۋە قىلىپ، دەرۋازىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتكەن. كەچقۇرۇنلۇقى، قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە بولسا سوقۇشتا يېڭىلگەن چەۋەندازدەك ھېرىپ - ئېچىپ، سالپىيىپ، ئېتىنى كاردىن چىقىرىپ قايتىپ كەلگەن...

— يا تەڭرىم، بىزنى كىشى قاتارىدا كۆرمەيدۇ بۇ تەل-

① ئەلتېرە — كۆن كىيىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە!— دېدى بىر سىپاھ تۇنۇگۇن قامچا تىلىۋەتكەن سول يۈزىنى تۇتۇپ ئېچىنغان هالدا.

— ئازغۇن! بىباش!... يوسۇننى ئىلىككە ئالمايدۇ. ئاتىسىدىنمۇ تەپ تارتمايدۇ!— دېدى يەنە بىر سىپاھ نالە قىلىپ.

— شۇ تۇرقىدا ئېتىدىن يىقىلىپ بويىنى سۇنۇپ ئۆلسىچۇ! — دېدى بىرىنچى سىپاھ ئۇنىڭ ئۇستىدىن قارغاپ.

— هونزادىگە تىل تەگكۈزۈشكە قانداق پېتىندىڭ؟ — دېدى ئۇچىنچى بىر سىپاھ باتۇرنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، — ئۇ دېگەن تەگىن ئۆگە جۇمۇ.

— تەگىن ئۆگە بولسا نېمە بوپتۇ، تىللىيەن قانداق؟ — دېدى يۈزى يارىلانغان بىرىنچى سىپاھ قاقشاپ ئەزۋەيلەپ، — مەن ئۇنى ئەرز قىلىمەن تېخى، ئوردىغا، ئاتىسىغا دادلايمەن، ئۇرۇقداشلارغا جار سالىمەن. كىشىلەرنى قاقشاتقان ئىتنىڭ كۈچۈكى! تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا كەتسىدى ئۇ! پۇت - قولىنى ئاتقا سۆرىتىپ، چاترىقىنى يىرىپ، تېنىنى پارچىلاپ ئۆلتۈرسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ ئۇ ئۆكۈش هايۋاننى!

— ياق، ئەرز قىلالمايسەن، دادلىيالمايسەن، باشقىلارغىمۇ تىنالمايسەن، — دېدى ئۇچىنچى سىپاھ ئۇنىڭغا، — كالا مۈزىيىنى دەسسىمەيدۇ. كۆككە قاسۇق[1] قاققىلى بولمايدۇ. ئەرز قىلساڭ، ئۇنى ئەيىبلىسەڭ، ئۆزۈڭمۇ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا كېتەرسەنمىكىن. گۇناهلىرىڭمۇ يېتىپ ئاشىدىغۇ سېنىڭ...

قاپاغچى سىپاھلار قاقشاپ قارغاۋاتقاندا، باتۇر ئاللىقاچان ئېتىقىن كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ بولغانىدى. ئۇ ئېقىن بويىدىكى ئاۋۇللارنى ئارىلاپ بىردەم يۈرگەندىن كېيىن، سولغا بۇرۇلۇپ ئېتىنى يۇقىرىغا قارىتىپ قويۇۋەتتى. تۇمەنبالىقنىڭ يۇقىرى چېتى تاغ - ئورمانغا ئورالغان كەڭرى يايلاق ئىدى. ياپيېشىل يايلاقتا، تاغ باغرىدىكى ئورمان ياقىلىرىدا يىلقىلار، قوي - كالىلار توپ - توپى بىلەن ئوتلاپ يۈرۈشەتتى. ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۇچلىرىدا، ياپراقلى-

---

[1] قاسۇق — مىخ.

ىردا، ياۋا گۈللەرنىڭ بەرگىدە سۈپسۈزۈك شەبنەم يالتىرايتتى.
قۇشلار يېڭى تاڭنى كۈيلەپ خەندان ئۇرۇپ سايرىشاتتى. سەھەردى-
كى ياز ئەسنى① كىشىگە ئارامبەخش ھۇزۇر بېغىشلايتتى. پۈتۈن
ئەتراپ شۇقەدەر ساپ، تازا، گۈزەل، كۆركەم ۋە يېقىملىق ئىدى.
ھالبۇكى، باتۇرنىڭ بۇلارغا ھەپسىلىسى يوقتەك، كەيپىياتىمۇ نور-
مال ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇنداقتا ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىنە؟ تاڭ
سەھەردە مەنزىرىسى گۈزەل، ھاۋاسى يېقىشلىق بۇ جەننەت كەبى
گۈزەل ئوتلاقتا نېمە مەقسەتتە كەلدىكىنە؟
ياش ئوغلان بىر يەردە تۇرالمايتتى، ھېچنېمىگە ھەۋەس قىل-
مايتتى. ئېتىنى بىردەم ئۆز خىيالى تېزلىكىدە قاراتەرگە چۆمۈل-
گۈچە چاپتۇرۇپ ئۆكۈشلۈك قىلسا، بىردەم ئۆز مېڭىشىغا قويۇۋې-
تىپ ياۋاشلاپ قالاتتى. بەزىدە ئېتىنىڭ يۈرۈشتىن توختاپ ئوتلاش-
قا باشلىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئېگەرگە چۆككىنىچە ئېزىلىپ ئول-
تۇرۇپ مۇڭلۇق خىيالغا بېرىلىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ
چىرايىنى مەيۈسلۈك، بىچارىلىك، قايغۇ - ھەسرەت قاپلىۋالاتتى.
كۆزلىرى ھەرىكەتتىن، سېزىمدىن توختاپ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىد-
چە قېتىپ قالاتتى. ئۇ دەمۇدەم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ چوڭقۇر،
ئەلەملىك خۇرسىناتتى. ئېسىگە كەلسىلا چۆچۈپ ئەتراپقا، ئورمان
ياقىلىرىغا تەلمۈرەتتى، قانداقتۇر بىر ئۈمىد - ئىنتىزارلىق بىلەن
كىمنىدۇر ئىزدەيتتى، تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. بىراق كۈتكى-
نى، ئىنتىزار بولغىنى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن يەنە سولىشىپ،
ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ خۇرسىناتتى - دە، بىچارە ھالەتتە ئازاب-
لىق، ئىزتىراپلىق خىيالنىڭ داۋامىغا بېرىلەتتى. ئۇ گاھىدا قان-
داقتۇر بىر ئىشلارنى ئويلاپ غەزەپلىك ھاجانلىناتتى، قۇترايتتى.
بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ ھال رەڭ كۆزلىرىگە قان تولۇپ تېخىمۇ
قىزىراتتى - دە، چىشلىرى غۇچۇرلاپ، كۆكۈچ يۈزلىرى لىپىل-
داپ، چىرايى قەھرلىك، قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرەتتى.
شۇ تەرزدە ئۇ تۈمەنبالىقنى، ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئاۋۇل-

① ئەسنى — سەلكىن، يۇمشاق شامال.

www.uyghurkitap.com

قىشلاقلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، تاغ باغرىدىكى خىلۋەت، جىمـ
جىت، ياپيېشىل بىر تۆپىلىككە كېلىپ توختىدى ۋە مۇشۇ يەردە
ئېتىدىن چۈشۈپ، سىدىرىمنى يېشىپ بوكتاسىنى ئېلىپ تاشلاپ،
دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۆزىنى يان باغرىدىكى مەخـ
مەلدەك چىمەنلىك ئۈستىگە تاشلىدى، ئاندىن پۇتلىرىنى سوزۇپ،
بېشىنى بىر قولىدا جەينەكدەپ تىرەپ، يەنە بىر قولىدا ئالدىدىكى
يۇمران كوكاتلارنى ئۈزۈپ چىشلەپ، يانپاشلاپ ياتقىنىچە خىيالغا
بېرىلدى… ئۇ ئەسلىدە خالىي ھەم خىلۋەت بىر جاينى تېپىپ،
يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈش مەقسىتىدە بۇ يەرگە كەلگەنىدى.
بۇ يەر بولسا دەل ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ۋۇجۇدى تەڭرىلەر بىلەن
قوشۇلۇپ كەتكۈچە خىيال سۈرسىمۇ مۇقەددەس سۈكۈتلىرىنى بۇـ
زۇپ، خىياللىرىنى ئۈزىدىغان ھېچقانداق كىشى ياكى باشقا تەسىر
يوق خىلۋەت، تېپتىنچ بىر جاي ئىدى.

ئۇ بىر پەسكىچە شۇنداق خىيال سۈرۈپ يانپاشلاپ ياتتى.
ئۇنىڭ خىياللىرى تەگسىز، تۈگەلسىز، ئەلەملىك ھەم ئازابلىق
ئىدى. بىر چاغدا قولى تالدىمۇ ياكى دىققىتى چېچىلىپ خىيالى
ئۈزۈلۈپ قالدىمۇ، ئۇ سۇنىڭ تېگىدە ئۇزاق تۇرۇپ چىققان كىشىـ
دەك چوڭقۇر تىنىپ ئېغىر خۇرسىندى ـ دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ،
چۆپلۈك ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئوڭدىسىغا سوزۇلۇپ ياتتى ۋە
بېشىنى كىرىشتۈرۈلگەن ئالىقانلىرى ئۈستىگە ئېلىپ كۆككە تىـ
كىلدى. بىپايان كۆكتە ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق، ئاياس ئىدى.
ئۇنىڭ شەرقىي چېتىدە نۇرلۇق قۇياش غايەت زور ئالتۇن تاۋاقتەك
پارلاپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئانچە ئېگىز بولمىغان بوشلۇقتا كۆكـ
نىڭ ئەركىسى ھەم سەركىسى بولغان لاچىنلار قاناتلىرىنى كەڭ
ئېچىپ ئۇچۇپ ـ ئەگىپ يۈرەتتى. ياش يىگىت ئېغىزىدىكى كوكاتـ
نى يېنىك چىشلەپ، لەۋلىرى بىلەن ئۇيان ـ بۇيان مىدىرلىتىپ،
كۆزلىرىنى قىسقىنىچە لاچىنلارغا تىكىلىپ يېتىپ يەنە بىر پەس
خىيالىي دۇنياسىنى كەزدى. بىر چاغدا ئۇ نىمە بولدىكىنتاڭ،
بىردىنلا غەزەپلىك ھاياجانلىنىپ، ئازابلىق تولغاندى ـ دە، ئېغدـ

ـزىدىكى كوكاتنى كۆچەپ تۆكۆرۈۋېتىپ، يېنىغا ئۆرۈلۈپ، ئېچىدـ
ۋېتىلگەن تۆكلۈك مەيدىسىنى تېخى شەبنىمى قۇرۇپ بولالمىغان
سوغۇق چۆپلۈككە يېقىپ، غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ دۈم ياتتى ۋە
ئوتلۇق نەپەسلىرىنى يالقۇن كەبى پۈركۈپ پۈشۈلداپ، سوغۇق
يەرنى باغاشلاپ تولغاندى. ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئۆزلەت[1]،
ئوسال مىجەزىنى ۋە شۇ تاپتىكى تىنچسىز، ئىزتىراپلىق ھالىتىنى
كۆرگەن كىشى شەكسىزكى، ئۇنى بىرەر گۈزەل قىزغا ئاشىق
بىقارار بولۇپ، ئىشق ـ مۇھەببەت ئوتىدا پۇچىلىنىپتۇ، دەپ
ئويلاپ قالاتتى. دېمىسىمۇ ئۇ شۇ تاپتا ئايدەك كۆرگۈلۈك، كۈندەك
نۇرلۇق، قارلىغاچ تىللىق ئامراق سىردىشى سۈجۈكنى ئويلاپ
ئازابلىنىۋاتاتتى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ سالماقلىق خىيالى پەقەت
سۆيگىنى سۈجۈكتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى كۈپكۈندۈزدە، ئويناۋاتـ
قان يېرىدىن خۇددى بۈغا بالىسىنى تۇتۇۋالغاندەك تۇتۇۋېلىپ قاـ
راڭغۇ ئورمانغا ئەكىرىپ كېتىشكەن ياۋايى تانيۆلەر ۋە ئۇلارنىڭ
يېقىندىن بۇيانقى ئۆكۈش ـ ياۋۇزلۇق، زورلۇق ـ پاراكەندىچىلىكـ
لىرى، شۇنداقلا ئۇ بىباش ياۋايىلارغا تاقابىل تۇرۇپ ئەلكۈننى
غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلالمايۋاتقان ئاتىسى تۇمەن تەگرىقۇت
ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى خان ـ بەگ، سەركەردە ـ سانغۇنلاردا
ئىدى.

تانيۆلەر چۇغاي تاغلىرىدىكى قاراڭغۇ ئورمانلىقلارنىڭ ئىچكىـ
ـرىسىدە، جىلغا ـ جىرالاردىكى پىنھان غار ـ ئۆڭكۈرلەر ۋە
خىلۋەت كەپە، قىيا تاشلار تۈۋىدە ياشايتتى. ھەر خىل ھايۋانلار
ۋە قۇشلارنى ئوۋلاپ ھايات كەچۈرەتتى. ئۇلار چاچ ـ ساقاللىرىنى
ئالمايتتى، كىيىم كىيىشنى بىلمەيتتى. پەقەت قىش ـ زىدـ
ـمىستانلاردىلا ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ تېرىسىنى سويۇپ يېپىنىۋاـ
لاتتى... شۇڭا ئۇلار ئىنتايىن بەتبەشىرە، ۋەھشىي، ياۋۇز، كۈچـ
لۈك ھەم بىباش ئىدى. ۋەھالەنكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، زاماننىڭ
ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇلارمۇ باشقا ئىنسان توپلىرىغا ئوخشاش ناھايىتى

---

① ئۆزلەت — يالغۇزلۇقنى خالايدىغان، كىشىلەردىن ئايرىلىپ يالغۇز ياشاشقا ئادەتلەنگەن.

تېز ئاۋۋدى ۋە ئەسلىدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇۋا ـ ماكانلىرىغا سىغىشماي قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوۋ ـ ئولجىلارنى، ئوۋ دائىرىسىنى ۋە باشقا ھاياتلىق مەنبەلەرنى تالىشىپ، ئۆزئارا توقۇ-نۇشۇپ، قىرغىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئۇلار ۋەھشىي-لىك، ياۋۇزلۇق ۋە قانخورلۇقتا ئورمانلىقتا ئۆزلىرى بىلەن بىللە ياشايدىغان يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشىشىپ قېلىشقاند-دى. ئەمما كېيىن ئۇلار ياشاش ئېھتىياجى تۈپەيلى تېخىمۇ يىراق، ناتونۇش جايلارغا بېرىپ، ئولجا ـ ئوزۇق، ئۇۋا ـ ماكان ئىزدەش جەريانىدا ئۇشتۇمتۇت سىرتقى دۇنيانى كۆرۈپ قالدى ۋە بۇ قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن كەڭرى دۇنياغا قىزىقىشقا، ئىنتىلىشكە، بۇ يەرلەردىكى نېمەت، ئەۋزەل شارائىتلارنى كۆزلەپ ئاستا ـ ئاستا، بىر ـ ئىككىدىن قاراڭغۇ ئورماندىن چىقىپ، تاغ ـ ئورمانلىق ياقىلىرىغا ماكانلاشقان باشقا ھون قەبىلىلىرىگە تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. مانا ھازىر ئۇلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئاللىقاچان مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشقا قەدەم قويغان ۋە بىرقەدەر مۇقىم، تىنچ ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئاشۇ قەبىلىلەرگە نىسبەتەن چوڭ بىر ئاپەت ھەم خەۋپكە ئايلانغانىدى.

«سۇجۇك... سۇجۇكۇم، ئاھ بىچارە باچكام! سەن نەدە؟ نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىسەن؟ ھاياتمۇسەن؟ ! ...» باتۇر ئېچىنىشلىق نالە قىلىپ سوغۇق يەرنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى، ئىسسىق كۆز ياشلىرى بىلەن تۇپراقنى نەمدەپ، يۇمران ئوت ـ چۆپلەرنى سۇغار-دى. ھەي ياشلىق، ھەي بەختىياشلىق. ئەينى چاغدا ئۇ نەدىكى بىر گەپلەرنى قىلىپ سۇجۇك بىلەن چىقىشمىغان، ئۇنى خاپا قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ سەبىي، شېشىدەك نازۇك، غۇبارسىز كۆڭلىگە ئازار بەرمىگەن بولسا، ئۇنى چۈشەنگەن، يول قويغان بولسا، ئۇ قېيىداپ كېتىپ قالمىغان، ياۋايىلارغىمۇ يولۇقۇپ قالمىغان بولاتتى. سۇ-جۇكنىڭ يوقىلىپ كېتىشىگە، ياۋايىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قىلد-شىغا ئۇ سەۋەبكار، ئۇ گۇناھكار. ئۇ ئەمدىلا ئېچىلىپ خۇش پۇراق چېچىشقا باشلىغان بىر نازۇك، ياۋا گۈل غۇنچىسىنى پەرۋىش

قىلالمىدى. ئەمدىلا قانات ـ قۇيرۇقى تەكشىلىپ ئۇچۇرما بولغان
بىر چىرايلىق باچكىنى قوغداپ قالالمىدى. ئۇنى نابۇت قىلدى.
بۇ نىمىدېگەن بىغەرەز، ئەقىلسىزلىق، نىمىدېگەن يارامسىزلىق!
شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن كۆڭۈل سوراپ كەينىدىن قوغلاپ بارمىغىنىچۇ
تېخى. شۇنداق قىلغان بولسىمۇ كاشكى! ھەي… ! ئۇ سۇجۇكىدىن
ئايرىلدى. بىردىنبىر سىرداش دوستىدىن، ئىلھامبەخش باچكىسى-
دىن، خۇش پۇراق غۇنچىسىدىن، ئامراق سۆيگىنىدىن، ھايات
يىلتىزىدىن ئايرىلدى. ئۇنى ياۋايىلارغا تارتقۇزۇپ قويۇپ چىدىغۇ-
سىز ئىزا ـ ئاھانەت، باش كۆتۈرگۈسىز ئار ـ نومۇس، قۇتۇلغۇ-
سىز مالامەتكە قالدى. ئۇنى ئەمدى ھېچكىم كۆزىگە ئىلمايدۇ،
ھېچكىم ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، ھېچكىم ئۇنى ئارىغا ئالمايدۇ…
ئاتىسى بولسا تېخىمۇ شۇنداق. ئۇ ئەزەلدىنلا ئۇنى ياقتۇرمايتتى،
ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى، ئۇنىڭدىن قۇسۇر ئىزدەپلا يۈرەتتى. مانا
ئەمدى ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىشەنچىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالدى. ئاتى-
سى ئەمدى ئۇنىڭغا ھەرگىز ياخشى مۇئامىلە قىلمايدۇ. ئۇنىڭغا
كۆيمەيدۇ، ئاسرىمايدۇ، كۆڭلىدىن چىقىرىپ، كۆزىدىن سېلىۋې-
تىدۇ. ئۇنى ئاتا كۆيۈمىدىن، تاغدەك يۆلەنچۈكىدىن مەھرۇم قال-
دۇرىدۇ… تۇغقانلىرىمۇ، جانجىگەر دوستى ئەرقىلمۇ، پەرۋىشكار
ئۇستازى ئىنچۇنقان ئاچارىمۇ، يەنە ئوردىدىكى، ئاتىسىنىڭ قول
ئاستىدىكى خان ـ بەگ، ئاقساقاللارمۇ شۇنداق. بەلكىم ئانىسى
ئايقاغانمۇ ئۇنىڭدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىنەر. نەچچە ۋاقىتتىن بۇ-
يانقى ئۈمىد ـ ئىشەنچىدىن، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدىن، ھەتتا ئۇنىڭ
ئۆزىنىڭ ئوغلى، كۆك بۆرىنىڭ نەسلى ئىكەنلىكىدىنمۇ گۇمانلى-
نار. «ئاھ تەڭرىم! … سىردىشىمدىن، سۆيگىنىمدىن ئايرىلىپ
بۇنداق ئازاب تارتقۇچە، باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە، تاپا ـ تەنىسى-
گە قېلىپ بۇنداق خورلانغۇچە، كىشىلەردىن، كىشىلەرنىڭ ئى-
شەنچىسىدىن ئايرىلىپ بۇنداق يالغۇز ـ يېگانە، خار ـ ئېتىبارسىز
ياشىغۇچە ئۆلۈپ تۈگەشكىنىم ئەلا ئەمەسمۇ! …»
باتۇر ئۈمىدسىزلىنىپ چۈشكۈنلۈككە بېرىلدى. بۇ بىپايان

قوياشلىق دۇنيا ئۇنىڭغا شۇنچە تار ھەم قاراڭغۇ، ئەتراپىدىكى، ئۆزىياشىدىكى ھەممە نەرسە ئەھمىيەتسىز، ئۆلۈك بىلىندى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يېنىدا، يېقىنلا يەردە بىر تىك قىيا، چوڭقۇر ھاڭ بولغان بولسا... ئۇ ئۆزىنى شۇ چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان-دەك، ئۇنى بويلاپ ئۇدۇل جەھەننەمگە كېتىۋاتقاندەك ھېس قىل-دى. ئەمما دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ قۇلىقىغا «ياق» دېگەن بىر غايىب ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى.

باتۇر شۇئان كۆزىنى ئېچىپ بېشىنى كۆتۈردى. ئەتراپتىن غايىب ئاۋازنىڭ ئىگىسىنى ئىزدىدى. ئۇ كۆك ياللىق بىر ئەركەك بۆرىنى كۆردى. بۆرە بىر ئوقتام يىراقلىقتىكى ئېگىز ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان چوڭ بىر قورام تاش ئۈستىدە قۇيرۇقىنى سېلىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، كۆزلىرى-دىن ئوت چاقنىتىپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. «كۆك قۇرت، ئۇلۇغ تۆز كۆك قۇرت!... سەن مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى قانداق بىلىۋالدىڭ؟ مېنىڭ يېنىمغا قانداق كەلدىڭ؟... سەن ماڭا مەدەت بەرمەكچىمۇ؟ مېنى تەنتەكلىك قىلىپ قويۇشتىن توسۇماق-چىمۇ؟ مەغلۇبىيەتتىن، ئۆلۈمدىن قۇتقۇزماقچىمۇ؟!...» باتۇر سىرلىق ھاياجانغا تولدى.

«دۇرۇس، بۇ دۇنياغا كەلگەنىكەنمەن، ساداسىز كەتمەسلى-كىم، مەۋجۇتلۇقۇمنى، كۈچ - قۇدرىتىمنى نامايان قىلىشىم كې-رەك. ھاياتىدا كىشىلەرگە ياخشىلىقىمۇ، يامانلىقىمۇ تەگمىگەن، دوستىمۇ، دۈشمىنىمۇ بولمىغان كىشىلەرگە تەڭرى گۇناھ يازماي قالمايدۇ. شۇنداق، ساداسىز كەتكەندىن، چاناچلارچە ئۆلگەندىن ھۆركىرەپ، چاناپ - چەيلەپ ئۆلگەن ئەلا. مەن چوقۇم سۈجۈكنى قۇتقۇزۇپ چىقىشىم كېرەك. تاغ - ئورمانلىق ھەرقانچە خەتەر-لىك، ياۋايىلار ھەرقانچە ۋەھشىي بولسىمۇ... مەن يەنە ئۇ بىباش ياۋايىلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىدا، تۇغقانلىرىم-نىڭ، كىشىلەرنىڭ، ئەلكۈننىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ كۆك قۇرتنىڭ نەسلى، ئالىپ باتۇر ئىكەنلىكىمنى نامايان قىلىشىم كېرەك! خەپ

ياۋايى تانىيۆلەر، مەن سەنلەرنى تاغ بىلەن تالقان، ئورمان بىلەن پايخان قىلىپ، ئۇرۇقۇڭنى قۇرۇتۇۋەتمىسەم!!!...»

باتۇر چاڭگاللىرى ئارىسىدىكى ئوتلارنى مەھكەم قاماللاپ پاراسلىتىپ يۇلغىنىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. قوشۇمىلىرىنى چىڭ تۈرۈپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، قان تولۇپ قىزارغان كۆزلىرىنى يىرىم يۇمۇپ يەنە نىمىلەرنىدۇر ئويلىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ غەزەپلەنگەن كۆك بۆرىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشىغانىدى. ئۇ مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگۈپ قەتئىي قارارغا كەلدى ـ دە، ئورنىدىن قوزغىلىپ، سەل نېرىدا ئوتلاپ يۈرگەن ئېتىنى تۇتۇپ مىنىپ تۈمەنبالىققا قاراپ قۇيۇندەك چېپىپ كەتتى.

## 2

سۈجۈك تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ چيۇلىن ئۇرۇقى[1]دىن چىققان دانىشمەن يابغۇسى، پايتەخت تۈمەنبالىقتىكى ئىلاھىي تەڭرىلىكنىڭ باش قامانى، ئوردىنىڭ ئەم ـ ئېرەمچى ئۇستازى ئىنچۇنقان ئاچاردىنىڭ قىزى بولۇپ، بۇ يىل ئون تۆت ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ بويى ئېگىز ھەم ئىنچىكە ئىدى، مېڭىش ـ تۇرۇشلىرى شوخ، چاققان بۇغا بالىسىنىڭكىگە، سەبىي، سۈزۈك چىرايى ئەتىگەنكى شەبنەم تامچىلىرى يۇيۇۋەتكەن ئوتلاق چېچەكلىرىگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ سايە تاشلاپ تۇرغان تال ـ تال ئۇزۇن كىرپىكلىرىدىن ئويناق، ھايالىق كۆزلىرىدىن، نۇرلۇق چېھرىدىن، تاڭ شەپىقىدەك قىپقىزىل مەڭزىلىرىدىن، غۇنچىدەك لەۋلىرىدىن، ئوتتەك، يالقۇندەك ۋۇجۇدىدىن ئەتىگەنكى قۇياش نۇرلىرىدەك ئىللىقلىق، جەزبىدارلىق، نازاكەت ۋە چەكسىز سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ تولىمۇ زېرەك، ئۆتكۈر ۋە ئاكىسى ئەرقىلدەك جىگەرلىك، غۇرۇرلۇق، ئەقىللىق قىز ئىدى. چەۋەندازلىق، كاماندازلىقتىمۇ

① چيۇلىن ئۇرۇقى — ھون ئۇرۇقلىرىدىن بىرىنىڭ نامى، ئوردا ئەمەلدارلىرى مۇشۇ ئۇرۇقتىن چىقاتتى.

ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك يىگىتلەردىن قېلىشمايتتى. دائىم ئۇلار بىلەن بەسلىشىشكە، ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلىپ، يىگىتلەردەك جاسارەت ۋە باتۇرلۇق كۆرسىتەتتى. ئۇ باتۇر بىلەن كىچىكىدىن تارتىپ بىر موزاينىڭ قۇيرۇقىغا تەڭ ئېسىلىپ، بىر سەركىگە، بىر ئاتقا تەڭ مىنىپ، بىر يايلاقتا تەڭ قىيغىتىپ، بىر ئۆگۈزنىڭ سۈيىگە تەڭ چۆمۈلۈپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ۋە ھازىرغا كەلگەندە، ئانىسى ئايقاغاندىن قالسىلا ئەڭ يېقىن، ئىشەنچلىك، ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسىگە ئايلانغانىدى. ئۇلار يەنە ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا بىر - بىرىگە شۇنداق ئىجىل ھەم ئىچەكىشىپ كېتىشكەنىدىكى، ئەگەر بىرەر كۈن كۆرۈشمىسە ياكى بىر - بىرىنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىسا، خۇددى ئەتىۋارلىق نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك مەيۈسلىنىپ قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان، گېلىدىن تۈزۈكرەك غىزامۇ ئۆتمەيدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى. بۇنىڭدىن مەلۇم ئىدىكى، ئۇلار بىر - بىرىنى ياقتۇرۇپ قېلىشقان، مۇھەببەتنى چۈشىنىشكە ۋە سېغىنىشقا باشلىغانىدى.

ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ئىجىللىق ۋە ئالاھىدە مۇناسىۋەتنى باتۇرنىڭ ئانىسى، سۇجۇكنىڭ ئاكىسى، باتۇرنىڭ دوستى ئەرقىلمۇ بىلەتتى. ئۇلار بۇ ئىككى ياشقا چىن قەلبىدىن قۇت - بۇيان تىلەيتتى.

باتۇر سۇجۇكنى يوقىتىپ قويغان ئاشۇ كۈنى ئۇلار ئەسلىي ئىلگىرىكىدەكلا بىر - بىرىنى سېغىنىشقان ھالدا ئۇچراشقان ۋە قورغاندىن چىقىپ سەيلە قىلىش ئۈچۈن ئوردا ئاتخانىسىدىن بىردىن قاۋۇل ئاتنى تاللاپ مىنىشىپ، تۇمەنبالىقنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئورمان ياقىسىغا بېرىشقانىدى. ئۇ يەر ئۇلار دائىم بېرىپ تۇرىدىغان، ئات چاپتۇرۇپ بەيگىگە چۈشىدىغان، ئوۋ ئوۋلاپ كۆڭۈل ئاچىدىغان، قوغلىشىپ ئويناپ ھارغاندا ئاتلىرىنى ئوتقا قويۇۋېتىپ مەخمەلدەك يۇمشاق چىمەنلىك ئۈستىدە ياندىشىپ يېتىپ سىردىشىدىغان، شېرىن خىياللارغا بېرىلىپ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلارغا

بۆلىنىدىغان، كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن خالىي، تىپتىنچ بىر گۈزەل ئوتلاق ئىدى. ئوتلاقنىڭ يۇقىرىسى بۇككىدە ئورمان ئارقىلىق تاغقا تۇتىشاتتى. تۆۋەن تەرىپى بولسا تۇتاش كەتكەن، مال - يىلقىلار يۇلتۇزدەك چېچىلغان بىغىر كۆپمە دۆڭلۈك كەڭرى يايلاق ئىدى. بۇ يەردە يەنە تۇرلۇك ياۋايى هايۋانلارنى ئۇچراتقىلى، ئاجايىپ - غارايىپ قۇشلار، كېپىنەكلەر ۋە هاشاراتلارنى كۆرگىلى، خىلمۇ خىل، رەڭگارەڭ گۈل - چېچەكلەرنى تەرگىلى بولاتتى.

سۇجۇك بىلەن باتۇر تۇمەنبالىقنى، ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئا-ۋۇل - قىشلاقلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، يىلقا ئۇيۇرلىـــرىــنى، قوي - كالا سۇرۇگلىرىنى ئارىلاپ ئەنە شۇ خىلۋەت، گۈزەل ئوتلاققا قاراپ بىر - بىرىگە ياندىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇلار ناهايىتى خۇشال، خاتىرجەم ئىدى. دۇنيادا، كائىناتتا پەقەت ئىك-كىسىلا مەۋجۇتتەك، بىر - بىرىدىن باشقا هېچكىمنى، هېچ ئىشنى ئويلىمايتتى، هېچ نەرسىگە پەرۋا قىلمايتتى. ئەمما ئۇلار تىنچسىز هەم تارتىنچاق ئىدى، بىر - بىرىگە دادىل گەپ قىلىشمايتتى، تىكىلىپ، قېنىشىپ بېقىشالمايتتى. باتۇرنىڭ پىكىر - يادى سۇ-جۇكتە ئىدى. ئۇ ئۆزىگە ياندىشىپ سەل ئالدىدىراق كېتىپ بار-غان، ئات ئۇستىدە بۇغا بالىسىدەك يەڭگىل، ئەپچىل، كېپىنەك-تەك گۈزەل قىياپەتتە ئەتراپتىكى كۆركەم مەنزىرىلەرگە نەزەر تاشلاپ خىرامان ئولتۇرغان، ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان بىر جۈپ نازۇك، جەزبىدار كۆكسى نېپىز ئارتىغ ئىچىدە بىلىنەر - بىلىنمەس تەۋرىنىپ، قاپقارا، تال - تال سۇمبۇل چاچلىرى سەل-كىندە يەلپۈنۈپ دولقۇنلاپ تۇرغان، خۇش پىچىم، زىلۋا قامىتى يېڭى ئېچىلغان قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك يېقىملىق، پۈتۈن ۋۇجۇدى گويا گۈلخاندىكى چوغدەك هارارەتلىك سۇجۇككە تويماي، تەلمۇ-رۇپ، يەر تېگىدىن قارايتتى. ئۇنىڭ كىيىملىرىدىن، چاچلىرى-دىن، بويىدىن تارقىغان ئالچى گۈللىرىنىڭكىدەك يېقىملىق خۇش پۇراقلارنى قانماي، يېنىشلاپ هىدلايتتى. قەلبى دەممۇ دەم ئىنتى-زارلىق هاياجانغا تولۇپ، ۋۇجـۇدىدا ئاجايىپ شېرىن، ئىللىق

ئېقىملار مەۋج ئۇراتتى...
سۇجۇكمۇ بۇلارنى سېزىپ تۇراتتى، ئات ئۇستىدە كۆركەم مەنزىرىلەرگە زوقلىنىپ خىرامان كېتىپ بارغاندەك قىلغىنى بىد- لەن، يۈرىكى تىنىمسىز تېپچەكلەپ تىنچسىزلىناتتى، ھودۇقات- تى. شوخ، ئويناق، ئۇياتچان ھەم ھايالىق كۆزلىرى يېنىدىكى يىگىتكە قايرىلىپ، تىكىلىپ قارىيالماي بىر يۇمۇلۇپ، بىر ئېچىد- لىپ، گاھ پەسكە، گاھ يىراقلارغا تىكىلەتتى. يۈزلىرى ئوت ئېلىپ، قوللىرى ئىختىيارسىز تىترەيتتى. ئۇ پات - پات لېۋىنى يېنىككىنە چىشلەپ قوياتتى، ئېتىنىڭ مۇدۇرۇشىگە باھانە قىلىپ قايرىلاتتى - دە، باتۇرغا يوشۇرۇنچە كۆز تاشلىۋالاتتى. ئۇنىڭ شوخلۇقلىرىدىن، ئۇيىلىش ۋە ھودۇقۇشلىرىدىن ئۆزگىچە لاتاپەت ۋە جەزبىدارلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى، قىيا بېقىشلىرىدىن، سېھرىي قاراشلىرىدىن ئاللىقانداق نۇر چاقنايتتى... باتۇر بۇنداق چاغلاردا گويا كۆزلىرىگە كۈچلۈك نۇر چۈشكەندەك، يۈزلىرىدە قىزىق يال- قۇن ئۇرۇلغاندەك، سېھىرگەرنىڭ سېھرى يۈرگەندەك بولاتتى - دە، ئىختىيارسىز ھالدا خۇدىنى يوقىتىپ، «ئاھ!...» دەپ تاشلايتتى.

ئۇلار تەقەززالىق تەلپۈنۈش ۋە ئوتلۇق بېقىشلار بىلەن بىر يەرلەرگىچە شۇنداق گەپ - سۆز قىلىشماي، يۈرەكلىرىنى تىڭشاپ ياندىشىپ مېڭىشتى. ئارىدىكى تارتىنىش، يېتىرقاش ۋە ئۇيىلىش- لار بەك ئۇزۇن داۋام قىلىپ ئىچلىرى سىقىلدىمۇ ياكى ياشلىق ھېسسىياتلىرى تۇغيان كۆتۈرۈپ شوخلۇقلىرى تۇتۇپ قېلىشتىمۇ، بىر چاغدا، بىر يەرلەرگە بارغاندا ئۇلار بىر - بىرىگە مەنىلىككىنە قاراشتى - دە، كۆزلىرى ئارقىلىق كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىپ، بىر خىلدا مېڭىپ كېتىۋاتقان ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، بىقىنىغا دېۋىتىشتى. بۇ ئۇلارنىڭ تىلسىز كېلىشىپ ئات بەيگىسىگە چۈشمەكچى بولۇشقىنى ئىدى. سەزگۈر ئاتلار قىز- يىگىتنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك ئوخشاشلا قۇلاقلىرىنى شىڭشايتىپ چاپ- چىشتى - دە، يادىن ئۈزۈلگەن ئوقتەك تەڭلا ئالغا تاشلاندى. بەيگە

باشلاندى. مەنزىل ئېنىق، ۋاقىت ـ پۇرسەت غەنىيمەت ئىدى. تاغ
باغرىدىكى بۇكلىشىپ تۇرغان ئورمان ياقىسىغا كىم بالدۇر يېتىپ
بارسا، بەيگىدە شۇ ئۇتقان بولاتتى. زىرەك، چاققان، ئۈمىدۋار
سۇجۇكنىڭ بۇ قېتىمقى بەيگىدە ئۇتۇپ چىقىشقا ئىشەنچى زور
ئىدى. چۈنكى ئۇ يېنىك، چاققان، ئات مىنىشكە ماھىر چەۋەنداز
ئىدى. ئېتىمۇ پۇتلىرى ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە، قورسىقى تار،
كۈچلۈك، يۈگۈرۈك ئات ئىدى. ئۇ ئات ئۇستىدە خۇددى قۇرغۇي-
دەك قونۇپ يېنىك، ئەپلىك ئولتۇرۇپ تېز چاپالايتتى. باتۇر بولسا
بەستلىك، ئېغىر، كالانپايراق ئىدى. ئېتىمۇ ئۇنى ئاران كۆتۈرەت-
تى. مانا بۇمۇ سۇجۇككە پايدىلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ
باتۇر بىلەن بۇنداق بەيگىگە ئىلگىرىمۇ كۆپ قېتىم چۈشكەن ۋە ھەر
قېتىمدا ئۇنى ئۇتۇۋېلىپ خۇشال بولۇپ كەتكەن... شۇڭا ئۇ پۈتۈن
كۈچى ۋە ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئېتى بىلەن ماسلىشىپ ئى-
شەنچ بىلەن ئالغا ئېتىلدى... ئۇ بۇ قېتىمقى بەيگىدىمۇ ئۇتۇپ
چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇ قەۋەتلا خۇشال
بولۇپ باشقىچىلا بىر قىزغا ئايلىناتتى، باتۇرغا ئۇدۇل قاراپ،
دادىل سۆزلىيەلەيتتى، تەشەببۇسكار، جۈرئەتلىك بولۇپ قالاتتى،
تارتىنىش، ئۇيىلىشلىرى يوقىلىپ، شوخلىشىپ كېتەتتى، يەنە
تېخى باتۇر بىلەن چېقىشىپ، ئۇنىڭغا چاقچاق قىلالايتتى. «ھە،
بۆرە كۈچۈكى، دالىدا يۈگۈرۈشكە تېخى ئۆگىنىپ بولالماپسەن ـ
دە، مۇشۇ ھالىڭغا تېخى...» دەپ ئۇنى كولدۇرلىتىپ خاپا قىلات-
تى. ئۇ باتۇرنىڭ «بۆرە كۈچۈكى» دېگەن گەپنى ئاڭلىسا خاپا
بولۇپ ئاچچىقلىنىپ قالىدىغانلىقىنى، شۇنداق دەپ ئۆزىنى كەم-
سىتكەن كىشىنى قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ ئەدەپلىمەي قويمايدىغانلىقىنى
ئوبدان بىلەتتى. لېكىن ئۇ باتۇرنى چىن كۆڭلىدىن كەمسىتمەيت-
تى، خاپا قىلمايتتى، باتۇرنىڭمۇ بۇنى چۈشىنىدىغانلىقىغا، ئۆزى-
دىن ئۈنچە خاپا بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنەتتى. ئۇ پەقەت
ئەركىلەپ، چېقىشىپ، باتۇرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ ئۆزىنى
قوغلاتقۇزۇش، ئۇنىڭغا تۇتقۇن بولۇش، كۈچلۈك قوللىرىدا قامال-

لىنىپ، قامەتلىك بەستى ئاستىدا تىپىرلاپ ئەدەپ يېيىش، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى، خاپا بولۇشلىرىنى، قېيداش، ئاچچىقلاشلىرىنى كۆپرەك ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلاتتى. ئۇ باتۇرنىڭ تۇرگۈن تۇرقىنى، غەزەپلىك، جەسۇر ھالىتىنى ھەممىدىن بەك ياقتۇراتتى.

باتۇرمۇ سۇجۇكنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ قالغاندەك، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرماقچى بولۇپ، بار ماھارىتىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سالدى. ئۇ دەسلەپتە راست دېگەندەك سۇجۇكتىن خېلىلا ئارقىدا قالدى. ئەمما مۇساپە تەڭ بولغاندا بىردىنلا كارامىتىنى كۆرسەتتى - دە، ئىتىنى تېخىمۇ تېز چاپتۇرۇپ سۇجۇككە يېتىشىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا ياندىشىپ چېپىپ، ئاخىرقى نۇقتىغا بىر ئوقتام قالغاندا، ئىتى بىلەن تەڭ يەنە بىر كۇچەپلا ئۇنىڭدىن ئۇزۇپ كەتتى... بەيگە ئاخىرلاشتى. ئويلىمىغان يەردىن باتۇر ئۇتۇپ چىقتى. بۇنى كۆرۈپ سۇجۇكنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولدى. ئۇ ئورمان ياقىسىغا بېرىپ، ئىتىدىن چۈشمەي غالىبانە قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان باتۇرغا ئەركىلەپ دومسىيىپ قالدى. باتۇر بولسا ئۇنىڭ بۇ دومسىيىشلىرىغا چىقىشقۇسى كەلدى - دە، غەرەزسىزلا:

— ھە، قانات - قۇيرۇقى تەڭشەلمىگەن باچكا، ھالىڭ شۇمدى. ئۇتۇپ چىقمەن دەپ پالاقلاپ كەتكىنىڭنى قارا. ھا... ھا... ھا... — دەپ كۈلدى.

سۇجۇك تېخىمۇ ئۇمچەيدى. باتۇر ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ: «ئەلىمگە چىدىماي يىغلىۋېتىدىغان بولدى. يىغلىسۇن، تېخىمۇ ئوماقلىشىپ كېتىدۇ» دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۆزىنى ئەزەلدىنلا ئاجىز ھەم يارامسىز ھېس قىلىپ باقمىغان، كىچىكىدىن تارتىپلا ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن سۇباتلىق سۇجۇككە باتۇرنىڭ بۇ چاقچىقى ۋە بىپەرۋالىقى ئويلىمىغان يەردىن ئېغىر كېتىپ، غۇرۇرىغا تەگدى - دە، ئۇ تۇرۇپلا خاپا بولۇپ قېيداپ قالدى ۋە ئەلىمگە چىدىماي ئىتىنىڭ بېشىنى بۇراپلا

قامچا ئۇرۇپ، باتۇرنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. باتۇر بولسا يەنە بىپەرۋالىق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ھەم ئۆزىنىڭ سالماق، ئېغىر - بېسىق مىجەزىگە ئېلىپ، كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ كۆڭۈل سوراپ قايتۇرۇپ ئەكەلمەي، «قارا ئۇنىڭ ئاچچىقىنى، راستىنلا ئەلىمىگە چىدىمىدى. يىغلاپ تاشلىغاندۇر بەلكىم. ھېچ ۋەقەسى يوق. بىردەمدىن كېيىن ئاچچىقى يېنىپ خۇيى ئېچىلغاندا ئۆزى قايتىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا گۈل تۇتۇپ كۆڭۈل سوراپ يارىشىۋالىمەن. ئۇنىڭغىچە گۈل تېرىپ گۈلدەستە تىزغاچ تۇرايچۇ» دەپ ئويلاپ، ئېتىدىن چۈشۈپ، سۈجۈك ياخشى كۆرىدىغان گۈللەرنى ئۈزگەچ ئۇنى ساقلىدى. لېكىن سۈجۈك ئورمان ياقىلاپ شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى.

باتۇر بىغەرەزلىك، بەڭۋاشلىق قىلىپ يەنە بىر پەسكىچە گۈل تەردى، ساقلىدى. بىراق سۈجۈك قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇر؟ بۇ جاھىل قىز بەك يىراقلاپ كەتمىسە بولاتتى. بىرەر خەتەرگە يولۇقۇپ قالسا… ! باتۇر مانا شۇ چاغدا ئاندىن چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى. كۆڭلى قانداقتۇر بىر ئىشنى تۇيۇپ يۈرىكى ئۆرۈلدى، ئۈزگەن گۈللىرىمۇ قولىدىن چۈشۈپ چېچىلىپ كەتتى…

ئۇ ئېتىغا مىنىپ ھەريان چاپتى، ئوتلاقنى، ئورماننى قېزىۋەتتى، سۈجۈكنى چاقىرىپ جۈپتىدىن ئايرىلىپ قالغان بۆرىدەك ھۆۋلىدى… ئۇ قانداقتۇر بىر ئۈمىد بىلەن تۈمەنبالىققا قايتىپ بېرىپمۇ سۈرۈشتۈردى، لېكىن يەنە دېرىكىنى ئالالمىدى. ئۇ تاغ باغرىغا، ئورمان ياقىسىغا يەنە قايتىپ كەلدى، كەچكىچە، كېچىچە، ئەتىسى، ئۆگۈنىسىمۇ ئىزدىدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ ئۇچراتقىنى ئورمانلىقنىڭ سەل ئىچكىرىسىدەك بىر شاختا ئىلىنىپ قالغان سۈجۈكنىڭ ئارتىغى بولدى. سۈجۈكنىڭ ئۆزى بولسا ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يىتكەن، يوقىلىپ كەتكەن، ياۋايىلار ئۇنى ئېتى بىلەن قوشۇپ قاراڭغۇ ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئەكىرىپ كېتىپ كۆزدىن غايىب بولۇشقانىدى. «ئاھ!…» باتۇر يەنە بۆرىدەك ھۆۋلىدى.

www.uyghurkitap.com

3

باتۇر تۇمەنبالىققا قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ياۋۇز تانيۆلەر قەبىلىسىنى بويسۇندۇرۇپ، سۇجۇكنى قۇتقۇزۇپ چىقىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئاتىسىغا ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئىجازەت ئېلىش ئۈچۈن ئوردىغا كىرگەندە، ئوردىدىمۇ دەل ئاشۇ ياۋايى تانيۆلەر ۋە ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا جىددىي كېڭەش بولۇۋاتاتتى. كېڭەشكە ئوردا ئەئيانلىرى ۋە لەشكىري سانغۇنلارنىڭ ھەممىسى قاتناشقاندىن سىرت، تەڭرىقۇتنىڭ چاقىرىقى بىلەن يىراق - يېقىندىن جىددىي ئاتلىنىپ كېلىشكەن بىر مۇنچە خان - بەگ، ئۇرۇق ئاقساقاللىرىمۇ ئىشتىراك قىلغانىدى. ئۇلار يايلاقتەك چوڭ ئوردىكام سەھنىسىدىكى يولۋاس تېرىسى بىلەن قاپلانغان يۇمشاق تەگلىكلەردە ئوڭ - سول مەنسەپ دەرىجىسى[1] بويىچە ئىككى قاتار بولۇپ، تۆردىكى ئالتۇن تەختتە قارار تاپقان تۇمەن تەڭرىقۇتقا قىيپاش يۈزلىنىپ، چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كىچىك ئالچى جانئايىقىنىڭ ئاتىسى، سۇبېندى ئۇرۇقىنىڭ دانىشمىنى، جۇۋانغاردىكى يىراق بۆرە تېغىدىن يېتىپ كەلگەن ئوڭ قول بىلگە يانبېيقان بار ئىدى. ئۇ يېشى ئەللىككە ئۇلاشقان، ئوتتۇرا بوي، توغرا تەمبەل كەلگەن، يۈزى دۇپدۇگىلەك، چاچلىرى قوڭۇر، پېشانىسى تار، قويۇق، ئۆسكىلەڭ قاشلىق، يۇملاق كۆزلىرى چېقىرغا مايىل كۆكۈچ، قارلىغاچ قانىتىدەك بۇرۇتى ۋە قويۇق چار ساقىلى بۇغداي ئۆڭ دۇگىلەك يۈزىگە خوپ ياراشقان، تەقى - تۇرقى سالاپەتلىك، سىرلىق كىشى ئىدى. ئۇ بېشىغا كىگىز قالپاق، ئۈچىسىغا چوڭ گۈللۈك يىپەك تون، پۇتىغا تېرە باشماق كىيىۋالغان بولۇپ، ئوڭ قاتاردىكى خان - بەگلەرنىڭ بېشىدا ئۆزىنىڭ جۇۋانغارنىڭ خوجىسى،

---

① ھونلارنىڭ ئەمەل - مەنسەپ دەرىجە ناملىرى يىگىرمە تۆت خىلدىن ئاشاتتى. ئەمما چوڭ جەھەتتىن ئوڭ - سول دەپ ئىككىگە ئايرىلاتتى. تەڭرىقۇتلۇقنىڭ بىرانغار (شەرقتىكى زېمىنلار) نى ئىدارە قىلىدىغان سول قانات خانلارنىڭ دەرىجىسى تەڭرىقۇتلۇقنىڭ جۇۋانغار (غەربتىكى زېمىنلار) نى ئىدارە قىلىدىغان ئوڭ قانات خانلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولاتتى.

تەڭرىقۇتنىڭ قېيناتىسى ئىكەنلىكىنى، ئاتاق ـ ئابرۇيى ۋە ھوـ قۇق ـ بايلىقتا تەڭرىقۇتتىن قالسىلا باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىـ غانلىقىنى نامايان قىلماقچى بولغاندەك، تەڭرىقۇتقا يۈزلىنىپ، پۈكلەنگەن تىزلىرىغا قوللىرىنى قويۇپ، باشقىلارغا پەرۋا قىلماي قېتىپ ـ غادىيىپ ئولتۇراتتى.

ئۇنىڭ قارشىسىدا، سول قاتاردىكى خان ـ بەگلەرنىڭ بېشىدا ئولتۇرغىنى چۈلبېندى ئورۇقىدىن چىققان ئەل دانىشمىنى، ئوردىـ نىڭ باش قامانى، تەڭرىقۇتنىڭ يابغۇسى ئىنچۇنقان ئاچارى ئىدى. ئۇ كېڭەش ئەھلىگە تانيولەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ سۆزلەۋاتاتـ تى. ئىنچۇنقان شالاڭ چاچ ـ ساقاللىرى تەڭلەپ ئاقارغان، يۈزى سوزۇنچاق، ئېڭەكلىرى ئۈچلۈق، قاشلىرى كالتە، كۆزلىرى چوڭقۇر، بۇرنى بۈركۈتنىڭ تۇمشۇقىدەك ئىلمەك، تېكە ساقالـ لىق، ئورۇق، ئۇزۇنتۇرا كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئادەتتىن تاشقىرى بوم، كۆچلۈك، گۈلدۈرمامىدەك ھەيۋەتلىك چىقاتتى، سۆزلىرى ئوچۇق، ئۇرغۇلۇق، ئۆزى سالماق ھەم سۈرلۈك ئىدى. ئۇ ئۈستۈېشىغا قامانلارغا خاس كۆلاھ ۋە تون ـ سەرۇپاي كىيگەن بولۇپ، سۆزلەۋېتىپ قوللىرىنى شىلتىغاندا، ئۇزۇن تونىنىڭ كەڭ يەڭلىرى تۇغ ـ ئەلەملەردەك لەپىلدەپ كېتەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۈچلۈك ئاۋازى ئودىكامدا سۈرلۈك ئەكس سادا پەيدا قىلىپ ھەيۋەت بىلەن ياڭرىماقتا، سۆزلىرى كېڭەش ئەھلىگە، ھەتتا تەڭـ رىقۇتقىمۇ قاتتىق تەسىر قىلىپ، ئۇلارنى چوڭقۇر ئوي ـ خىيالغا سالماقتا ئىدى.

ئودىكامنىڭ تۆرىدە، رەڭدار گىلەم، قىممەتلىك تېرە ۋە نېـ پىز يىپەك پەردىلەر بىلەن بېزەلگەن توققۇز پەشتاقلىق پەچكۇم ئۈستىدىكى ھەشەمەتلىك ئالتۇن تەختتە قويۇق ھەم قاپقارا ساقالـ بۇرۇتى قىسقا، دۈگىلەك قىلىپ ياسالغان، شۆڭلاشقىمۇ چاسا يۈزى تېخىمۇ يوغان كۆرۈنىدىغان، ياقىسىغا ۋە ئالدىغا تەڭگە گۈلـ لۈك يىلپىز تېرىسى تۇتۇلغان چوڭ كەشتىلىك زەرباب تون كىـ يىپ، بېلىنى قىممەتلىك تاشلاردىن كۆز قويۇلغان سىدىرىم بىلەن

باغلىۋالغان تۆمەن تەگرىقۇت جىددىي، سۇرلۇك قىياپەتتە قەددىنى تىك تۇتۇپ، كېڭەش ئەھلىگە تەكشى نەزەر تاشلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ بۇ يىل قىرىق بەش ياشتىن ھالقىغان، راسا قىرانىغا يەتكەن بولۇپ، ناھايىتى ساغلام، تىمەن، ئۆتكۈر ھەم ئېغىر - بېسىق ئىدى. ۋۇجۇدىدىن ئۆزىنىڭ قىرانلىق دەۋرىگە خاس كۈچ - قۇدرەت، غەيرەت - جاسارەت، باھادىرلىق ۋە ھىممەت - شىجائەت ئۇرغۇتۇپ تۇراتتى، تۇرق - سالاپىتىدىن، ئۆزىنى تۇتۇشلىرىدىن شاھانە ئۇلۇغۋارلىق ۋە ئالىيجانابلىق نۇرلىرى تارقايتتى.

باتۇر ئودىكامغا ئۇسۇپ دېگۈدەك، ئىشىككە تاقىشىپ كىرىپ كەلدى ۋە كېڭەش ئەھلىنى كۆرۈپلا ئەھۋالنىڭ تېگىگە يەتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ نېمىنى دەيدىغانلىقىنى، قانداق ياخشى - چارە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولۇپ، ئۇندىمەستىن ئۇدۇل ئاتىسىنىڭ ئالدىغا باردى - دە، پەستە تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن پەچكۈم ئۇستىدىكى ئالتۇن تەختىنىڭ سول يېنىغا قويۇلغان شاھانە ئورۇنغا چىقىپ ئولتۇردى. بۇ ئورۇندا، تەگرىنىڭ يېگانە ئوغلى بولمىش تەگرىقۇتنىڭ يېنىدا پەقەت ئۇنىڭ تەخت مىراسخورى بولمىش ھونزادىسىلا ئولتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ياكى سالاھىيەتلىك ئىدى. باتۇر ئۆز ئورنىدا قارار تاپقاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ بۇگۈنكى بۇ مۇھىم كېڭەش توغرىسىدا ئۆزىگە ھېچنېمە دېمىگەنلىكىدىن ئاغرىنىپ، ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن ھومىيىپ قاراپ قويدى. دېمىسىمۇ ئۇ ھازىر كىچىك بالا، تەنتەك ئوغلان ئەمەس. يەنە كېلىپ تەگىن ئۆگە تۇرسا. ئاتىسى ئۇنى كېڭەشلەرگە قاتناشتۇرمىسا، ئوردىنىڭ، ئەلنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرمىسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇ كۆپ ئىشلارنى كۆرۈشى، بىلىشى، ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ چېنىقىشى، ئۆگىنىشى ھەم يېتىلىشى كېرەك - دە... ئاندىن ئۇ دىققىتىنى يىغىپ يابغۇ ئىنچۇنقانىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى.

— دېمەككى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى قېرى قامان ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ھەيۋەتلىك ئاۋازدا ساقىلىنى تىترىتىپ، قوللى-

رنى شىلتىپ تۇرۇپ، — تانىيولەرنىڭ ئۇرۇق - تارىخى بىز بىلەن بىر. ئۇلار ئەسلى بىز بىلەن تۇغقان، بىر تائىپە كىشىلەر ئىدى، لېكىن ئۇلار ھازىر ئەسلىنى ئۇنتۇپ كەتكەن. شۇڭا ياۋۇ ياتتەك بىزگە ئاپەت بولۇۋاتىدۇ. تاغ - ئورمانلىقتىكى ئاچلىقتىن قۇترىغان يىرتقۇچلاردەك مال - ۋارانلىرىمىزغا خىرىس قىلىپ، ئوتلاق، ئاۋۇللىرىمىزدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، بىزگە تىنچلىق بەرمەيۋاتىدۇ... ئۇرۇقداشلىرىمىز، قېرىنداشلىرىمىز بۇ ئۆكۈش ياۋايىلارنىڭ ياۋۇزلۇقى دەستىدىن خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلالماي زار - زار قاقشىماقتا. ئەنسىزلىك، ۋەھىمە، قورقۇنچلۇق ئۆلۈم دەھشىتى ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتتى!... ئۇرۇقداشلار، تۇغقانلار! بىلىسەڭلار، چۈشەنسەڭلار، بۇ تەڭرىنىڭ بىزگە بەرگەن جازاسى. كۈن - تۈندە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن، ئادا قىلمىغان ئىبادەت، بەرمىگەن قۇربانلىقلىرىمىز ئۈچۈن، بىخۇدلۇقىمىز، بىباشلىقىمىز، تاپتىن چىققانلىقىمىز... ئۈچۈن بېرىلگەن جازا بۇ! مەن سىلەرگە ئېيتىپ كەلدىم. ئارىف بولۇڭلار دەپ. مەن ساڭىمۇ ئېيتتىم، تەڭرىقۇت! لېكىن سىلەر قۇلاق سالمىدىڭلار. ئېرەن قىلماي، ئۆزۈڭلار بىلگەننى قىلىپ يۈردۈڭلار. ئەمدىلىكتە كۆرۈپ يەتكەنسىلەر، تەڭرىنىڭ غەزەپ - نەپرىتى ئېغىر، ئۇزۇن قىلىچتەك بېشىمىز ئۈستىدە ئويناپ تۇرۇپتۇ. بۇنداق چاغدا، خەۋپ - خەتەر، بالايىئاپەت ئالدىدا... بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟!

بۇ سوئالغا ھېچكىم ئۇدۇل جاۋاب بېرەلمىدى. سۈكۈتكە، ۋەھىمىگە چۆكۈپ بىر پەس تۇرۇۋشقاندىن كېيىن، جاۋاب ئورنىغا شىكايەت ياغدۇردى.

— بىز تەرەپلەردىمۇ ئۇ بىباش ياۋايىلار ھەددىدىن بەك ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى چۇغاي تېغىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن كەلگەن قۇيان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئورنىدىن قوزغىلىپ، — ھەممىلا يەردە ئۆكۈشلۈك قىلىپ بىزگە زادىلا ئاراملىق بەرمەيۋاتىدۇ... ئەلۋەتتە، بىزمۇ قورقۇپ قاراپ تۇرمىدۇق. جانلىرىمىز

ئۇچۇن، ماللىرىمىز ئۇچۇن ئۇلارغا قارشى ئاتلىنىپ باتۇرانە ئې-
لىشتۇق. تەڭرىلەرگە سىغىنىپ قۇت - مەدەت تىلىدۇق. نەزىر
قىلىپ قۇربانلىق بەردۇق. بىز ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۇلارنى توسۇپ
قالالمىدۇق. ئۆكۈش، ياۋۇزلۇقلىرىغا چەك قويالمىدۇق، ئۇلار
ناھايىتى نۇرغۇن، ياۋۇز، ۋەھشىي نىمىلەر ئىكەن... ئاقىۋەتتە بىز
يەنىلا ئاجىز كەلدۇق. زور تالاپەتكە ئۇچراپ بىرمۇنچە ئالىپ
چەۋەندازلىرىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالدۇق. ئۇلار ناھايىتى باتۇر،
قەيسەر يىگىتلەر ئىدى. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياۋايىلار
بىلەن ئېلىشىپ ئۆلدى. بەزىلىرى غەزەپلىرىگە پايلىماي ئۆچ ئې-
لىش ئۇچۇن تاغ — ئورمانلىقتا بىر كەتكەنچە ئىككىنچى قايتىپ
كەلمىدى... ھازىر ھەممە كىشى، پۈتۈن قەبىلە ياۋۇز تانيۆلەرنىڭ
دەستىدىن خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلالمايۋاتىدۇ. جان قايغۇسىدا
قورقۇپ - پىتىراپ، مال - ۋارانلىرى بىلەن چېدىر - چارپايلىرى-
نى تاشلاپ ھەر تەرەپكە قېچىۋاتىدۇ...

— بۇ بىباش تۇڭگۇزلار چۇغاينىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىمۇ پەيدا
بولۇشقا باشلىدى، — دېدى ئوڭ قول بىلگە يانبىيقانمۇ جىددىي
مەلۇمات بېرىپ، — بۇنىڭدىن جۇۋانغاردىكى ئاھالىلەرمۇ ئېغىر
ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قاتتىق خەۋپسىرەشمەكتە!

— شۇنداق! — دېدى يابغۇ ئىنچۇقان يەنە شىكايەت
قىلىپ، — بۇ ياۋايىلار ھەممىلا يەردە قۇتراپ كېتىۋاتىدۇ. تەپ
تارتماستىن ھەتتا پايتەخت تۇمەنبالىق ئەتراپىغىچە يېتىپ كېلىپ
پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇۋاتىدۇ، — ئۇ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەل-
گەندە قىزى سۈجۈك يادىغا يېتىپ بوغۇزىغا بىر نەرسە قاپلاشقاندەك
بولدى - دە، بىردەم تۇرۇپ قالدى، — بىلسەڭلار، چۈشەنسەڭلار،
بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، ئۇرۇقداشلار! — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋام
قىلىپ، — بەلكى كىشىنى ئەنسىرىتىدىغان، چۆچۈتىدىغان، ئەل-
كۈننىڭ ئەسەنگۈلۈكى، ئۆزياش - ئۆلۈمى، تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ تەق-
دىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. ئۇنىڭغا ئەمدى ھەرگىزمۇ سەل
قاراشقا بولمايدۇ. تېزدىن بىرقارارغا كېلىپ، ھەممە قەبىلە تەڭ

قوزغىلىپ بۇ ئاپەتكە تاقابىل تۇرمىساق، تەڭرىقۇتلۇقىمىزنى، ئەل-كۈننى هالاكەتتىن، تالان - تاراجدىن، قان - ياشلىق سەرسانچىد-لىقتىن قۇتقۇزۇپ قالمىساق بولمايدۇ!

— دۇرۇس ئېيتىسەن، قامان ئاغا، — دېدى ئالتۇن تەختىنىڭ بۆرە بېشى نەقىشلەنگەن تۇتقۇچلىرىنى مەهكەم قاماللاپ، كېڭەش ئەهلىنىڭ سۆز - شىكايەتلىرىنى زېهىن قويۇپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان تۇمەن تەڭرىقۇت غەزەپلەنگەن هالدا، — ياۋۇز تانيۈلەر هەقىقەتەنمۇ بېشىمىزغا كەلگەن بىر چوڭ ئاپەت بولدى. بىزنىڭ ئەڭ ئەشەد-دىي، خەتەرلىك دۈشمىنىمىزگە ئايلاندى. ئۇلارغا ئەمدى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ كەسكىن تاقابىل تۇرمىساق بولمايدۇ. بولمىسا ئۇلار بىزگە مەڭگۈ تىنچلىق بەرمەيدۇ. كۆزىمىزنى يۇمساق كۆزد-مىزنى چوقۇيدۇ. قىڭغىر دەسسەپ مۇدۇرۇپ كەتسەك، شۇ هامان ئورىغا ئىتتىرىدۇ. تىنچلىق بولمىسا، خاتىرجەم ياشىغىلى، هېچ ئىشنى بىر باشقا ئاچىققىلى بولمايدۇ… خان - بەگلەر، سانغۇنلار، ئۇرۇقداشلار، قېنى ئېيتىڭلارچۇ، ئۇ بىباشلارغا قانداق تاقابىل تۇرغۇلۇق؟ سىلەرنىڭ بۇنىڭغا قانداق ياخشى چارە - تەدبىرلىرىڭلار بار؟

تەڭرىقۇتنىڭ سۆزلىرى كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويلىنىشقا مەج-بۇر قىلدى. ئوردىكام يىغىنە چۈشسە ئاۋازى ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە ئېغىر سۈكۈتكە چۆكتى.

— باشقا ئامال يوق، — دەپ جىمجىتلىقنى بۇزدى يابغۇ ئىنچۇنقانغا ياندىشىپ ئولتۇرغان سول قول ئۇلۇغ سانغۇن بىر پەستىن كېيىن بىرىنچى بولۇپ، — يەنىلا شۇ كونا ئۇسۇل، بابا قامان ئاچارى ئېيتقاندەك هەممە ئۇرۇق، هەممە قەبىلە تەڭ قوزغى-لىپ، بارلىق لەشكىرىي كۈچنى يىغىپ ياۋايىلارغا قارشى ئاتلى-نىش كېرەك. بىزگە ئەسقاتىدىغىنى مانا شۇ.

— دۇرۇس ئېيتىسەن، — دېدى ئوڭ قول ئۇلۇغ سانغۇنمۇ ئۇنىڭ پىكرىنى قوللاپ، — مېنىڭچىمۇ ئۇ ئۆكۈش هايۋانلارنى پەقەت مۇشۇ ئۇسۇل بىلەنلا بويسۇندۇرۇش مۇمكىن، باشقا ئۇسۇل-

تۇمۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لار كار قىلمايدۇ. بىز ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن قورشاپ، كېيىنكىلەرنى، يىرتقۇچلارنى ئۇۋلىغاندەك ئۇۋلاپ بويسۇندۇرۇشىمىز كېرەك!

— توغرا، ئۇۋلاش كېرەك!

— ئاتلىنايلى!

— بىراق بۇ ئۇنداق ئاسان بولماسمىكىن…

كۈتمىگەندە سول قاتاردىكى خان ـ بەگلەرنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرغان لان قەبىلىسىنىڭ[1] ئاقساقىلى غودۇڭشىپ، ئوڭ ـ سول ئۇلۇغ سانغۇنلارنىڭ تەشەببۇسىنى رەت قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ كېڭەش ئەھلى شامال تەگكەن ئورمانلىقتەك يېنىك چايقىلىپ شاۋقۇن سېلىشتى.

— قانداقسىگە ئەمدى؟…

— نېمە دېمەكچىسەن، ئاقساقال؟ ئېنىقراق گەپ قىل! — دېيىشتى سانغۇنلار.

— مەن دېمەكچى، — دېدى لان قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئورنىدىن قوزغىلىپ ئۆزىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن، سانغۇنلارغا قاراپ دادىللىق بىلەن، — سىلەرنىڭ بۇ پىكرىڭلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. بىلىشىڭلار كېرەككى، بىرىنچىدىن بىز بۇ قېتىم كونا يولدا ماڭالمايمىز. ماڭساق ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولىمىز. چۈنكى، رەقىبىمىز تانيۈلەر بىز ئىلگىرى تاقابىل تۇرۇپ بويسۇندۇرغان ياۋغا ۋە ياكى بىز ئادەتتە ئۇۋلاپ كېلىۋاتقان ئوۋغا ئوخشاشمايدۇ. ئۇلار ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىدۇ. زۆرۈرىيەت بولمىسا توپلاشمايدۇ. شۇڭا ھەرىكىتىمۇ تەرتىپسىز، تەشكىلسىز، ئەمما ئىنتايىن چاققان ھەم سەزگۈر، ناھايىتى كۈچلۈك ھەم ۋەھشىي… ئۇلار بىزدەك ئۆم ياشاشنى، ياراغ ئىشلىتىشنى، باشقىلارغا توپلىشىپ ھۇجۇم قىلىش ياكى ئۇلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشنى بىلمىگىنى بىلەن، ئورمانلىقتىكى ئوۋ ـ كېيىكلەردىن، يىرتقۇچلاردىن يەنىلا پەرقلىق ھەم ئەقىللىق. ئۇلار ئۆزى ئۇچۇن، ياشاش ئۇچۇنلا

---

① لان قەبىلىسى — ھون ئورۇق ـ قەبىلىلىرىدىن بىرى.

ياشايدۇ. ئۇتتۇر كەلگەن يەردە ئۆكۈشلۈك قىلىدۇ. ئۇلجىغا بار
كۆچى بىلەن ئىنتىلىپ، رەقىبىگە ياۋۇزلارچە تاشلىنىدۇ.
خەۋپ - خەتەر تۇغۇلسا، قېچىپ قۇتۇلۇشنى، مۆكۈنۈپ پۇرسەت
كۈتۈشنىمۇ بىلىدۇ. ئۇلار مانا مۇشۇنداق كىشىلەر، خەتەرلىك
ياۋ، ھەرگىزمۇ ئوۋ - كېيىك ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلار ئەمەس.
ئىككىنچىدىن، ئۇلار ماكان تۇتقان، ياشايدىغان جايلار بىز بىلىد-
غان، بىز كۆرگەن، بىز ئوۋغا بارغان تاغ - ئورمانلىق ياكى
ئوت - يىغاچلىق چاتقاللىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۇستى ۋە
ئىچكىرىسىدىكى غايەت چوڭ، ناتونۇش، خەتەرلىك بىر جايدۇر.
بىز پەقەت ئۇنىڭ ئاز بىر قىسمىنى — قاپتاللىرىنى ۋە چەت -
چۆرىسىنىلا بىلىمىز. ئۇستىنى، تۆر - ئىچكىرىسىنى، ئۇ يەرنىڭ
شارائىتىنى، يوللىرىنى، ئۇ يەرلەردىكى توسالغۇ ۋە خەۋپ -
خەتەرلەرنى بولسا ئازراقمۇ بىلمەيمىز. چۈنكى بىز ئاتا - بوۋىلىرى-
مىزدىن تارتىپ ئۇ يەرلەرگە قەدەم بېسىپ باقمىغان، ھەتتا جۇر-
ئەتمۇ قىلالمىغان... ئەمما ياۋايى كىشىلەر بۇلارنى بەش قولدەك
بىلىدۇ ۋە ئۇ يەرلەردە تېنىمەي، بىمالال يۇرەلەيدۇ... بۇنداق
ئەھۋالدا بىز ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟ ئۇلار بىلەن قەيەردە
قانداق ئېلىشىمىز؟ ئۇلارنى قانداق قورشاپ، قانداق ئوۋلاپ،
قانداق جەڭ قىلىپ بويسۇندۇرىمىز؟ ئۇلار بىزنى كۆرسە، ئۆزلى-
رىنى بويسۇندۇرۇش ئۇچۇن بارغىنىمىزنى بىلسە، ئۆزلىرى
ئالدىمىزغا چىقىپ بىز بىلەن ئېلىشارمۇ؟ ... ياق، ئۇلار بىزگە
قارشى ئالدىمىزغا چىقمايدۇ. بىز بىلەن ئالدىراپ ئېلىشمايدۇ.
قېچىپ، مۆكۈنۈپ بىزنى ئەخمەق قىلىدۇ. ئېزىقتۇرۇپ تارمار
قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. ماقۇل، تاغ - ئورمانلىققا ئىچكىرى-
لەپ كىرىپ سۇر - توقاي قىلدىمىزمۇ دەيلى، لېكىن قانداق
سۇر - توقاي قىلىمىز؟ ياق، تۇغقانلار، ئۇلار بىزگە تۇتۇق
بەرمەيدۇ. بىزمۇ ئۇ ناتونۇش، قاراڭغۇ، ئېگىز - پەس
تاغ - ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كىرەلمەيمىز. كىرگەن بىلەنمۇ ئۇ
يەردە ئوۋ دائىرىمىزنى بېكىتەلمەيمىز، ئوۋ نىشانىمىزنى مۆلچەر-

www.uyghurkitap.com

لىيەلمەيمىز. قىسقىسى، مۇستەھكەم ئوۋ سېپى قۇرالمايمىز. ئوۋ سېپى، ئوۋ دائىرىسى بولمىسا، نىشان چېلىقتۇرۇلمىسا، تاغ - ئورمانلىق، يوللار نائېنىق ھەم خەتەرلىك تۇرسا، بىز قانداقمۇ ماسلىشىپ ئوۋ قىلالايمىز؟ قانداق غەلىبە قىلىمىز؟ ... شۇڭا دەيمەن، بۇنداق قىلىش ئاقىلانىلىك ئەمەس... يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قوياي، ئادەتتە دائىم بىز زىيىنىغا ئۇچراپ، قورقۇپ، ھەزەر ئەيلەپ كېلىۋاتقان ۋەھشىي يىرتقۇچلار ۋە ئۇلاردىن كېلىدىغان خەۋپ - خەتەرلەر تاغ - ئورمانلىقتا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ چوڭ. يىگىتلىرىمىزدىن قاۋاننى كۆرسە چۆچۈمەيدىغانلىرى، قاپلان بىلەن ئېلىششقا جۈرئەت قىلالايدىغانلىرى قانچىلىك؟...

لان قەبىلىسى ئاقساقىلىنىڭ سۆزلىرىگە كېڭەش ئەھلى قايىل بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ھەممىگە ئايان پاكىت ئىدى. ئۇنداقتا زادى قانداق قىلغۇلۇق؟...

— دۇرۇس، قوشۇن توپلاپ ئاتلىنىش، قورشاپ بويسۇندۇرۇش دېگەنلەر يوق گەپ! — دېدى چيۇلىن قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلىمۇ لان قەبىلىسى ئاقساقىلىغا يان بېسىپ، — ئۇ دېگەن تەنتەكلىك، يەڭگىلتەكلىك، ئۇچىغا چىققان قاراملىق! نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن؟ ئاسان بولغان بولسا، بۇ كەمگىچە نەچچە تانيۈلەر قەبىلىسىنى بويسۇندۇرۇپ بولمامدۇق؟ بۇگۈنكىدەك باش ئاغرىتىپ كېڭەش قىلىپ ئولتۇرامدۇق؟... لان قەبىلىسى ئاقساقىلى دۇرۇس گەپ قىلدى، نەق پاكىتنى دېدى. ئۇ كۆپنى بىلىدىكەن. دېمىسىمۇ بىز بۇ نۆۋەت قوشنىلىرىمىزدەك — چىنلىقلاردەك، توخرىلاردەك، تۇڭگۇسلاردەك ئەقىللىق ياۋغا ياكى كاللىسى ئېچىرقاشنىلا سېزەلەيدىغان بىر توپ ئوۋغا ئەمەس، بەلكى ئىككى ئارىدا قالغان ھەم ئاڭلىق، ھەم ۋەھشىي ياۋايى كىشىلەرگە تاقابىل تۇرىمىز دەۋاتىمىز. ھالبۇكى، بىز ئىلگىرى بۇنداق ياۋ بىلەن ئېلىشىپ باقمىغان. چۇغاينىڭ تۆر - ئىچكىرىسىگىمۇ كىرىپ باقمىغان. بۇنداق ئەھۋالدا ھەرگىزمۇ يەڭگىلتەكلىك، قاراملىق قىلىشقا بولمايدۇ!

— ئەمسە قانداق قىلساق بولىدۇ زادى؟ !— كاللىسى ھېچنېمىگە ئىشلىمەي جەھلى قاتقان سول قول ئۇلۇغ سانغۇن ئەلىمىگە پايلىماي چىچاڭشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئۇنداق قىلساق تېخى بولمىسا، بۇنداق قىلساق تېخى بولمىسا يا بىز تاغ ـ ئورمانلىقتا بېرىپ ئۇ ياۋايىلارنى تاپالمىساق، يا ئۇلار كېلىپ بىز بىلەن ئېلىشمىسا، بىز زادى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئۇ ۋارقىراپ، — مۇشۇنداق ئۇيان تارتسام ئات ئۆلەرمىكىن، بۇيان تارتسام ئېگەر سۇنارمىكىن دەپ ئىككىلىنىپ، كاج تەقدىرىمىزنى تەن ئېلىپ، ياۋايىلارغا بوزەك بولۇپ ئۆتىمىز؟ قاچانغىچە شۇنداق ئۆتىمىز؟ قاچانغىچە چىدايمىز؟ بۇنداق كېتىۋەرسەك، ئۇ تەلۋە ـ ساراڭلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەمدۇ؟ مال ـ ۋارانلىرىمىزنى تالاپ تۈگىتىپ، بىزنىمۇ يەپ يوقىتىۋەتمەمدۇ؟ ! ... ئۇنىڭدىن كۆرە تەۋەككۇل قىلىپ بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن بىر تۇتۇشۇپ كۆرگەن ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟

— توغرا، سىناپ كۆرسەك بولىدىغۇ. ئازراق تەۋەككۇل قىلساق نېمە بوپتۇ؟ بۇ بىزگە يات ئىشمۇ ئەمەسقۇ... بەلكىم تاغ ـ ئورمانلىق ئۇنچىۋالا خەتەرلىك ئەمەستۇر. تانيۆلەرمۇ بىز قورقۇپ زوڭ ئولتۇرۇپ قالغۇدەك ئۇنچىۋالا كۈپ، كۈچلۈك، ۋەھشىي ھەم قورقۇنچلۇق ئەمەستۇر. يېتىپ ئۆلگەندىن ئېتىپ ئۆلگەن ياخشى ـ دە.

— دۇرۇس ئېيتىدۇ، تۇغقانلار. ئۇنچىۋالا چۆچۈپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ. لان قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلىنىڭ ئېيتقانلىرىمۇ بىر پەرەزغۇ تايىنلىق... بىزنىڭ يىگىتلىرىمىز باھادىر، ئاتلىرىمىز چاپقۇر، ياراغلىرىمىز خىل. چەۋەندازلىرىمىزنىڭ تاغ ـ ئورمانلىقتا سوقۇش قىلىش، ئوۋ ئوۋلاش تەجرىبىسىمۇ يوق ئەمەس، بۇ چاغقىچىمۇ تۈز ئوچۇقتىلا جەڭ قىلىپ كېلىۋاتقىنىمىز يوققۇ. تانيۆلەر قانچىلىك نېمىلەرتى؟ بىر توپ باشباشتاق، ياۋايى، ھايۋان كەبى كىشىلەرغۇ تايىنلىق. ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس. بۇنىڭغا پەقەت جۇرئەت بىلەن

جاسارەتلا كېتىدۇ. بەلكىم ياۋايىلار ھەيۋەتلىك، قۇدرەتلىك قوشۇ-نىمىزنى كۆرسە، ئالىپ چەۋەندازلىرىمىزغا يولۇقسا، قورققىنىدىن قۇيرۇقلىرىنى خادا قىلىپ قېچىشار يا ئۇۋا - ماكانلىرىدىن چى-قىشقا، بىزگە قايتا چېقىلىشقا پېتىنالماس.

— لېكىن، ئۇنداق دېگەنبىلەن يەنىلا ئويلىنىپراق ئىش كۆر-گەن تۈزۈك. ياۋنى ھەرگىز سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. توڭگۇز ئوۋلايمەن دەپ جاڭگالغا كىرىپ كەتسەك، قىرغاۋۇل ئوۋلايمەن دەپ ئۆيدىكى توخۇدىن قۇرۇق قالساق بولمايدۇ - دە.

— تۇغقانلار، خالايىق، ماڭا قاراڭلار، سۆزۈمگە قۇلاق سې-لىڭلار. مېنىڭچە مۇنداق قىلساق، ئۇنىمۇ قويۇپ، بۇنىمۇ قويۇپ، پۈتكۈل تاغ - ئورمانلىق ئەتراپىغا لەشكەر ئەۋەتىپ قاراۋۇللۇقتا تۇرغۇزساق، ئۇلار ياۋايىلاردىن مۇداپىئە كۆرۈپ ئەلنى ۋە مالنى قوغدىسا، شۇنداق قىلساق ياۋايىلار ئۇۋا - ماكانلىرىدىن چىقىپ پاراكەندىچىلىك سېلىشقا پېتىنالمايدۇ. بىزمۇ تىنچ - خاتىرجەم ياشايمىز ئەمەسمۇ.

— ياخشى گەپ...

— نېمىسى ياخشى؟ !... بىز قاچانغىچە شۇنداق قىلالايمىز؟ ياۋايىلارنى قانچىلىك ۋاقىت توسۇپ تۇرالايمىز؟ بىر يىل، ئىككى يىل. ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟... ياق. بۇ مۇمكىن ئەمەس!

— مۇمكىن ئەمەس، تاغ - ئورمانلىق شۇنچە چوڭ تۇرسا، بىز ئۇنىڭ ئەتراپىغا قانداقمۇ لەشكەر تۇرغۇزۇپ بولالايمىز؟ قايسى لەشكەرنى تۇرغۇزىمىز؟ باش تۈگۈل تاشمۇ يېتىشمەيدۇ ئۇنىڭغا؟

— توغرا! يىگىتلىرىمىز تاغ - ئورمانلىقنى قورشاپ ياۋايى-لارنى توسۇپ ياتسا، بۇ يەردىكى ئىشلارنى كىم قىلىدۇ؟ مال - يىلقىلارنى كىم باقىدۇ؟ يەرلىرىنى كىم تېرىيدۇ؟ ئائىلىگە، قۇللارغا كىم قارايدۇ؟ مۇبادا باشقا ياۋلار تالان - تاراج قىلىپ كېلىپ قالسىچۇ؟ ئۇلارغا كىملەر بىلەن تاقابىل تۇرىمىز؟ رەقىبى-مىز، دۈشمىنىمىز بىر تانىۋۇلەرلا ئەمەس بىزنىڭ.

—... ...!

— ھە…ي! ئەجەبمۇ بىر قۇتۇلغىلى بولماس بالايىئاپەت بول-
دىغۇ بۇ ياۋايىلار. ئۇلارنى يا تۇسۇپ توختاتقىلى بولمىسا، يا
ئېلىشىپ يوقاتقىلى بولمىسا، يا بۇ يەرلەرنى تاشلاپ باشقا يەرگە
كۆچۈپ كېتىشنىڭ تېخى ئورنى بولمىسا، قانداقمۇ قىلارمىز
ئەمدى؟!

— قارىغاندا بۇ قان - ياشلىق سەرسانچىلىقمۇ كۆز ئالدىمىزغا
كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ.

— يا تەڭرىم، ئۆزۈڭ مەدەت بەرگەيسەن. ئۆزۈڭ بىر يولدا
قويغايسەن!…

ئەقىل كۆرستىش، تالاش - تارتىش بىر پەس داۋام قىلدى.
ھەركىم ئۆزى ئويلاپ تاپقاننى، توغرا دەپ قارىغاننى ئوتتۇرىغا
قويدى. ئۇنى ياقلاپ باشقىلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشتى، قىزىش-
تى. ۋەھالەنكى، كېڭەشتە ئەقىلگە مۇۋاپىق ھەم ئەسقاتىدىغان
بىرەر دانە تەدبىر ئوتتۇرىغا چۈشمىدى. كېيىن كېڭەش ئەھلى
بارا - بارا ئۈمىدسىزلىنىپ، بەزىلىرى ئىلاجسىزلىقنى ئىپادىلەپ
باشلىرىنى چايقاشسا، بەزىلىرى تىت - تىت بولۇپ چالۋاقاشتى،
بەزىلىرى تەڭرىدىن مەدەت تىلەپ نالە قىلىشسا، بەزىلىرى غەم -
قايغۇغا چۆكۈپ شۈكلەپ قېلىشقا باشلىدى. ھەتتا بەزى كىشىلەر
ئەڭ ئاخىرقى بىردىنبىر ئامال بولغان كۆچۈپ كېتىشنىمۇ تىلغا
ئېلىشتى. تەڭرىقۇتنىڭمۇ شۇ تاپتا مۇشۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىشقا
ئەقلى يەتمەي بېشى قېتىپ ئولتۇراتتى. ھالبۇكى، بۇ ئامال ئەقىل-
گە مۇۋاپىق ھەم بىردىنبىر چىقىش يولى بولغان بىلەن پەقەتلا
ئورنى يوق، ئازابى ۋە ئاۋارىچىلىكى كۆپ ئىش ئىدى. ئەپسۇس،
يۇرۇشكە ئات، چېپىشقا قىلىچ تۇرۇپ ياۋ بىلەن ئېلىشالمىسا،
بەدىكى بىر ياۋايى قەبىلە كىشىلىرىدىن قورقۇپ شۇنچە كەڭ،
مۇنبەت زېمىنىنى تاشلاپ كۆچۈپ كەتسە - ھە؟!… ئەگەر پەقەت
ئامال بولماي راستىنلا كۆچۈپ كېتىشكە توغرا كەلسە، ئۇلار
كۆچۈپ قەيەرگىمۇ بارار؟ قەيەرلەردە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ
يۈرەر؟ يەر، سۇ، ئوتلاق تالىشىپ يەنە كىملەر بىلەن توقۇنۇشار؟

كىمــلەر بىلــەن سوقۇشۇپ، كىملەرگە ئەل بولۇپ، كىملەرگە يېلىنار؟...

دەل مۇشۇ پەيتتە، ئودىكامغا كىرگەندىن بېرى باشقىلارنىڭ سۆزىگە، بەس ـ مۇنازىرىسىگە جىمجىتقىنا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان باتۇر تۇرۇپلا تاقەتسىزلىنىپ بىئاراملىق ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ پەستىكى كىشىلەرگە ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك، مەنسىتمىگەندەك نەزەر بىلەن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، دەسسىدە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، پەسكە چۈشۈپ ئاتىسىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى.

— تانيۆلەر قەبىلىسىنى مانا مەن بويسۇندۇراي! — دېدى ئۇ تولۇمدىن توقماق چىققاندەكلا، — ئاتلىنىشىمغا ئىجازەت بەر، تەڭرىقۇت ئاتا!

باتۇرنىڭ ئاياس كۆكتە يېشىن چاقناپ ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك بۇ ئۇشتۇمتۇت ئىلتىماسىنى ئاڭلاپ، كىشىلەر خۇددى شىددەتلىك بوران ـ يامغۇر ئالدىدىن قورقۇپ تەرەپ ـ تەرەپلەرگە قاچقان قۇرت ـ قوڭغۇزلاردەك شىپپىدە بولۇپ قېلىشتى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە ھەيرانلىق، غەلىتىلىك، تاسادىپىيلىق ھېس قىلىپ ئەجەبلەنمەكتە، تەئەججۇپكە چۆكمەكتە، چىرايلىرىغا بولسا ھەرخىل ئىپادىلەر تەپمەكتە ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىغا تەپكەن بۇ ھەرخىل ئىپادىلەر ئىچىدە ئۈمىد ۋە ئىشەنچتىن كۆرە ھەيرانلىق، شۈبھە ـ گۇمان، مەنسىتمەسلىك، كۆرەلمەسلىك ۋە باشقا مەجھۇل ئىپادىلەر كۆپرەك ئىدى. خېلىدىن بېرى ئۆزىدە سۇرلۇك تەمكىنلىكنى ساقلاپ، قانداقتۇر بىر ئىشلارنى مۇلاھىزە قىلىۋاتقاندەك ئويچان ھالدا تەختىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان تۇمەن تەڭرىقۇتمۇ ئوغلىنىڭ بۇ تۇيۇقسىز، غەلىتە ئىلتىماسىنى ئاڭلاپ، دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى.

— بىلدىم، ھىممەتلىك، جاسارەتلىك ئىكەنسەن، — دېدى ئۇ بىر پەســتىن كېيــىن ئۆزىگــە كېلىپ، باتۇرغا ئېگىزدىن قاراپ، — لېكىن شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، بۇ سەن ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس...

— بىلىمەن، — دېدى باتۇر ئاتىسىنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇ-رۇپلا يەنە قەتئىي تەلەپپۇزدا. ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىدىن، سۆ-زىنىڭ ئورانىدىن قارىغاندا، ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغان-لىقى ۋە ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، — ئەمما، دېلىغۇل بولما، ئاتا. مەن ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم. مەن ياۋايىلار بىلەن ئېلىشىشنى خالايمەن. سەن ئۈچۈن، سې-نىڭ ئىشلىرىڭ ئۈچۈن، ئەلكۈن، قوۋم - قېرىنداشلىرىم ئۈ-چۈن... تاغ - ئورمانلىق ھەرقانچە خەتەرلىك، ياۋايىلار ھەرقانچە ۋەھشىي بولسىمۇ... مەن ئۇلار بىلەن ئېلىشىمەن. ئۇلارنى بويسۇن-دۇرۇپ، ئەلكۈننى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىمەن!

باتۇرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كىشىلەردىكى باياتىنقى ئېپا-دىلەر بىردىنلا جىددىيلىك ۋە تەقەززالىققا ئالماشتى. ئۇلار دىققى-تىنى ئاتا - بالا ئىككىسىگە تىكىپ سۈكۈتكە چۆكتى.

— ئوھوي، قانداق قىلىپ؟... — دېدى تەڭرىقۇت ھەيران بولۇپ، — قېنى دەپ باققىنا، ئوغلان، سېنىڭ بۇ بىدباش ياۋايىلارنى بويسۇندۇرالىغۇدەك قانداق ياخشى ئامالىڭ بار؟ بۇ ئىشتا قىزىق قانلىق بىلەن قارا كۈچ كار قىلمايدۇ جۇمۇ.

ئەجەبا، ئاتىسى ئۇنى يەنىلا كىچىك، گۆدەك بالا، تەنتەك ئوغۇل سانايدىغان ئوخشىمامدۇ؟ گېپىنىڭ ئورانىدىن قارىغاندىغۇ ئۇنداق قارىمايدىكەن، چوڭ بولغانلىقىنى، كۈچكە تولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىكەن. لېكىن قىزىق قانلىق بىلەن قارا كۈچ ئەسقاتمايدۇ دېگىنى نېمىسى؟ ئۇنى سۆيگىنىگىنى دەپ، مۇھەببەت ئۈچۈن... ھېسسىياتقا بېرىلىپ ... ئاچچىقىڭغا پايلىماي... سۈجۈكنى يوقىتىپ قويۇپ قالغان نومۇسۇڭنى ئاقلىماقچى بولۇپ... شۇنداق قىلىۋاتىسەن، شۇنداق دەۋاتىسەن. كۈچۈمگە تولدۇم، باتۇرمەن... دەپ ئۆزۈڭنى كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتىسەن. ئەمما بۇ ئىشقا غەزەپ - نەپرەت، كۈچ - باتۇرلۇقلا كۇپايە قىلماي-دۇ. پەلەككە يەتكەن غەيرەت - جاسارەت ۋە پاراسەت كېتىدۇ... دېمەكچىمىكىن - يا؟ ئەگەر شۇنداق ئويلىغان بولسا، شۇنداق دەپ

بىلگەن بولسا، ئاتىسى ئۇنى تېخى چۈشەنمەيدىكەن. ئۇنىڭغا ئىشەن-
مەيدىكەن. ئۇنى ياقتۇرۇپمۇ كەتمەيدىكەن... بەلكىم ئۇ شۇ تاپتا
يەنە بۇ تەنتەك نەدىكى بىر گەپلەرنى قىلىپ، ئالدىمدا پو ئېتىپ
ۋاقتىمنى ئالدى. ئۆزىنى بىلمەي شىلتىڭ ئېتىپ كىشىلەرنىڭ
ئالدىدا يۈزۈمنى تۆكىدۇ، مېنى ئۇياتقا قويىدۇ، دەپ ئويلاۋات-
قاندۇر... بىراق ئۇ شۇنداق ئويلىغان بولسا، تامامەن يېڭىلىشىپ-
تۇ، خاتالىشىپتۇ، ئوغلى باتۇرنى تېخى تونۇماپتۇ. كۆرۈپ قالىدۇ
تېخى!...

باتۇر شۇنداق ئويلىدى، ئىزا تارتتى، غەزەپلەندى. ئەمما ئۇ
يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. دۇرۇس، كۆرۈپ قالىدۇ تېخى!

— ئاتا، — دېدى ئۇ يەنە تەمكىن هالدا، — مېنىڭ بۇ هەقتە
ئويلىنىۋاتقىنىمغا خېلى كۈنلەر بولدى. هازىر كۆڭلۈمدە سان بار.
مەن ئۇ ياۋايىلار بىلەن چوقۇم ئېلىشىمەن!... غالىب كەلسەم،
ئەلكۈن مەندىن رازى ـ خۇشال بولۇشار. ئەسەن قالسام ئالىپ
دەپ تەرىپلىنەرمەن، مۇبادا ئەگەر مەغلۇپ بولسام، ئۆلۈپ كەت-
سەم، ئۆزۈمنىڭ شورى، قىلچە ئۆكۈنمەيمەن. چۈنكى مەن بۇ
ئىشقا ئۆزۈمنى ئاللىقاچان ئاتاپ بولغان!

— شۇنداقمۇ؟! — دېدى تەگرىقۇت ئەمدى ئەستايىدىللىق بى-
لەن، — ئۇنداقتا قېنى دېگىنە، سەن ئۇ ياۋايىلار بىلەن قانداق
ئېلىشماقچى؟ ئۇلارنى قانداق بويسۇندۇرماقچى؟

— ئۇلار بىلەن يۈزمۇيۈز، يەكمۇيەك ئېلىشىش هاجەت ئە-
مەس، — دېدى باتۇر مەردانە قىياپەتتە، — مەن كۆزەتتىم،
ئېنىقلىدىم، بىلىشىمچە تانيۇلەر ئۇزاقتىن بېرى تاغ ـ ئورمانلىقتا
ياشاپ كەلگەچكە ناهايىتى ۋەهشىي، ياۋۇز، ياۋايى، نادان هەم
خۇراپىي ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار تەگرىنى تونۇمايدىكەن، هېچ
نەرسىگە ئېتىقاد قىلمايدىكەن. ئەكسىچە ئۆز قەبىلىسىنىڭ قەبىلە
باشلىقىنى، بىر يەلۋىنى تەگرى ئورنىدا ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا چوقۇ-
نىدىكەن، بەندىچىلىك قىلىدىكەن. ئۇنىڭ سۆزىدىن، سىزغان
سىزىقىدىن چىقماي بۇيرۇقىنى بەجانىدىل ئورۇندايدىكەن، هەتتا



www.uyghurkitap.com

ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ ئېتىقادىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدى-
دا ھېچ ئىككىلەنمەيلا جان پىدا قىلىدىكەن... مېنىڭچە، بۇ ئۇلاردى-
كى ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىق. مەن ئۇلارنى دەل مانا مۇشۇ ئاجىز-
لىقىدىن پايدىلىنىپ بويسۇندۇرماقچىمەن.

... ...

— مەن تاغ - ئورمانلىقتا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئۇلار چوقۇن-
دىغان ئاشۇ يەلۋىنى تاپماقچىمەن. ئەگەر ئىشلار ئويلىغىنىمدەك
بولۇپ ئۇنى تاپالىسام، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ گۆرۈگە ئالالىسام،
باشقا ياۋايىلارنى باش ئەگدۈرۈش ئۈنچىۋالا تەسكە چۈشمەيدۇ.

بوي - جۈغى بەستلىك، ساقال بۇرۇتى قويۇق ئۆسكىنى بىلەن
ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەن، كۆزلىرىدىن، چىرايىدىن بالىلار-
چە سەممىيلىك، قىزىق قانلىق، تەلۋىلىك ئالامەتلىرى چېلىقىپ
تۇرىدىغان ياش اتۇرنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بۇ سۆزلەر ئامالسىز-
لىقتىن پەرىشان بولۇپ، ھودۇقۇپ كېتىشكەن كىشىلەرنى بىر
پەس ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ قۇپقۇرۇق،
سۆرۈن كۆڭلىگە يەنە ئۈمىد ئوتلىرىنىمۇ تۇتاشتۇردى. بۇنىڭ بى-
لەن ئۇلارنىڭ روھىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى. قالتىس، ئاجايىپ!...
ئەنە ئۇ بۆرە سىياقلىق ئوغلان، نېمىدېگەن قەيسەر، جاسارەتلىك،
نېمىدېگەن كۈچلۈك، باتۇر، نېمىدېگەن ئەقىللىق، ئىنساپلىق!
كىم بىلىدۇ، ئۇ ياۋۇز تانيۆلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ زەپەر
قۇچسا، كىشىلەر ئامان - ئېسەن قالار، تىنچلىنار، خاتىرجەم
ياشار. ئەگەر يېڭىلىپ قالسا، كىشى ئايىغى يەتمىگەن خىلۋەت
ئورماندا ئۆلۈپ تارتىپ قالسا، ئۆزىنى ئاتاپ قويغاچقا، ئورنى
ئېگىزدە، روھى ئەرشتە بولار!

كۆپچىلىك ئەنە شۇنداق خىياللاردا بولدى. پەقەت ئالتۇن
تەختتە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ھاياجانغا تولۇپ ئولتۇرغان تۇمەن
تەڭرىقۇتلا باشقىچە ئويلىدى. ئۇ ئوغلى باتۇرنى تۇنجى قېتىم كۆرۈ-
ۋاتقاندەك، يېڭىدىن تونۇغاندەك بولدى، ئۇنىڭ كۈچ - باتۇرلۇقتىلا
ئەمەس، پىكىر قىلىش، جۈرئەت قىلىش، پىداكارلىق جەھەتتىمۇ

بۇ يەردىكى بارلىق كىشىلەردىن، بارلىق ئۇرۇقداشلىرىدىن، ھەتتا ئۆز ئاتىسىدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. ئۇ ئۇنى — تۈنۈگۈنكى بۆرە كۈچۈكىنى، ئۆكۈش، سۇباتلىق ئوغلىنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ھىماتچىسىدەك، تايانچىسىدەك ھېس قىلدى. دېمەك، ئاتىسىنىڭ كۆڭلى تويۇپتۇ. ئۇ ئەينى چاغدىمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئۈمىد باغلاپ خاتا قىلمىغانىكەن. كۆك قۇرت! ئۇ كۆك بۆرە بولۇشقا مۇناسىپ!... تەڭرىقۇت تېخىمۇ ھاياجانلاندى. قەلبى پەخىر - ئىپتىخار ۋە شادلىققا تولدى. ئۇنىڭ تەختتىن چۈشۈپ ئوغلىنى قۇچاقلىغۇسى، ئۇنى «ئوغلۇم، ئالىپ باتۇرۇم! سەن بۈگۈندىن ئېتىبارەن ھونىنىڭ پەخرى، شان - شەرىپى، ئوتلاقنىڭ غۇرۇرى، ئەلكۈنىنىڭ قەھرىمانى بولۇشقا مۇناسىپ!» دەپ ماختىغۇسى، كىشىلەرگە قاراپ: «ئاڭلاۋاتامسىلەر، كۆرۈۋاتامسىلەر، مانا بۇ مېنىڭ ئوغلۇم. ئۇ چوڭ بولدى! مەن ئۇنىڭ تاللىشىغا، ئارزۇسىغا قارشى تۇرمايمەن. ئۇنىڭغا ئاقىۋول، غەلىبە تىلەيمەن. بارغىن، ئوغلۇم، ئېلىش ياۋ بىلەن، كۆرسەت باتۇرلۇقۇڭنى!» دەپ جار سالغۇسى كەلدى. لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، تەختىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ بىردەملىك ھاياجانلىنىشى، ئۆزىنى يوقىتىپ خۇدىنى بىلمەي قېلىشى ئىدى. بۇ باغرى تاش، قەلبى سۆرۈن، كۆزى كور ئاتا، بەڭۋاش تەڭرىقۇت يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى سىرلىق ھەم سۇرلۇك ھالىتىگە قايتتى.

بۇ چاغدا پەستىكىلەر ئاللىقاچان ئۇۋۇسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك غودۇڭشىپ، قىزىق غۇلغۇلىغا چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ بۇ غۇلغۇلىسى ئەمدى ياش باتۇر ۋە ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى تەدبىر ئۈستىدە بولۇۋاتاتتى.

— يارايدۇ، زەھەرلىك يىلاننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى يانجىپ تاشلاش كېرەك. شۇندىلا ئۇ كىشىلەرگە زىيان سېلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

— دۇرۇس!... ئەجەبا، بىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نېمىشقا ئىشىنىڭ بۇ تەرىپىنى ئويلاپ يەتمىگەندىمىز - ھە؟!



www.uyghurkitap.com

— بىراق بۇمۇ ئۇنداق ئاسان بولمىسا كېرەك. ئېغىزدا دېمەك ئوڭاي بولغىنى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرماق تەس بۇ ئىشنى.

— نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟!

— مەن دېمەكچى، تەگمىن ئۆگە ئۆزىمۇ تاغ - ئورمانلىقنى بىلمەيدۇ. ئۇ يەرنىڭ قانداقلىقىنى، يوللىرىنى، خەۋپ - خەتىرىنى، ياۋايىلارنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، يەلۋىنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قانچىلىك كارامىتى بارلىقىنى… ئۇ بىلمەيدۇ. شۇنداق تۇرسا، ئۇ تاغ - ئورمانلىققا قانداق كىرەلەيدۇ؟ ياۋايىلارنىڭ يەلۋىسىنى قەيەردىن تاپىدۇ؟ قانداق گۆرۈگە ئالىدۇ؟ ئۇ ئاڭلىۋالغان گەپلەرگە ئىشىنىپ تەۋەككۈل قىلىۋاتىدۇ.

— راست، ئۇ ئورمانغا كىرە - كىرمەيلا ياۋايىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسىچۇ؟ بىرنەچچىسى، ئون نەچچىسى كەلسىمۇ تېتىيدۇ. لېكىن بىر توپ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ۋەھشىي ياۋايىغا يولۇقۇپ قالسا، قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بەتبەشىرە مەخلۇقلار ھەر قانچە دۆت، ئەقىلسىز بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنى ئاياشنى، يەلۋىسىنى ھىمايە قىلىشنى بىلىدىغاندۇر.

— ياۋايىلار بىز ئويلىغاندەك ئۇنداق نادان، ئەقىلسىز ئەمەس. ئۇلار چوقۇم سېزىپ قالىدۇ. باتۇرنى قاراڭغۇ ئورماندا تۇتۇۋېلىپ يەۋېتىدۇ. بۇنىڭسىزمۇ ئۇ يەردىكى يىرتقۇچلار ئۇنى ساق قويامتى!

— بۇ بىر تەۋەككۈلچىلىك، بالىلارچە خام - خىيال، ئەمەلگە ئاشمايدۇ!

— لېكىن ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ئورۇنلۇق. ئۆزىمۇ خىيالپەرەس قورقۇنچاقلاردىن ئەمەس.

— ……

— ھاي… ھاي! تىنچلىنىڭلار، تىنچلىنىڭلار! — قېرى قامانىڭ كۆكتىن كەلگەن سادادەك كۈچلۈك، ھەيۋەتلىك ئاۋازى ياڭراش بىلەن تەڭ ئودىكام قايىنىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك چىپپىدە بېسىقتى، — غەلۋە قىلماڭلار، سۆزۈمگە قۇلاق

سىلىنىڭلار! — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، — مەن ئاڭلىدىم سۆزۈڭلارنى، نېمە دېمەكچى بولغىنىڭلارنى بىلىپ تۇردۇم. سىلەر تەگىن ئۆگەنى، ياش ئوغلاننى تەنتەك، پاراسەتسىز، كۈچسىز كۆرۈۋاتىسىلەر. ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنگۈڭلار كەلمەيۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟ بىراق، بايا ھەممىمىز ئاڭلىدۇق. ھېس قىلدۇق. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ئورۇنلۇق، ئەقىلگە مۇۋاپىق. شۇنداق ئىكەن، ئۇ ئۆزى مۇشۇنداق بىر ياخشى ئامالنى ئويلاپ چىقالىغان ھەم جۈرئەت قىلالىغانىكەن، بىز نېمىشقا ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ ھەمدەمدە بولمايمىز؟!... مەن بىلىمەن باتۇرنىڭ قانداقلىقىنى، مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن، ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىمەن. ئۇ چوقۇم دېگىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرماي قويمايدۇ. ئۇ پەقەت قوللاشقا، مەدەتكىلا موھتاج. شۇڭلاشقا مەن سىلەرنىڭمۇ ئۇنى قوللاپ، مەدەت بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، تۇغقانلار!

— قوللايمىز!

— مەدەت بېرىمىز!

— ياشا ئالىپ باتۇر، باي بول!

— ئېلىش ياۋ بىلەن، كۆرسەت باتۇرلۇقۇڭنى!

— قۇتقۇز ئەلكۈننى!

— ......

— ھەي...

— ھە؟

— مەن بىر ئىشنى ئاڭقىرالمايۋاتىمەن.

— قانداق ئىشنى؟

— ھونزادە باتۇر بايا ياۋايىلار بىلەن بىر ئۆزى ئېلىشىدىغاندەكلا گەپ قىلدى. ئۇ راست شۇنداق قىلالارمۇ؟ يا لەشكەر باشلاپ بارارمۇ؟

— مەنمۇ بىلمىدىم.

غۇلغۇلا، تالاش - تارتىش يەنە بىر پەسكىچە داۋام قىلدى.

بۇ جەرياندا باتۇرغا ئىشەنگۈچىلەر، ئۇنى قوللىغۇچىلار، ئۇنىڭغا
مەدەت بېرىپ ياخشى تىلەك تىلىگۈچىلەر كۆپ بولدى. ئۇنىڭغا
ئىشەنمەيدىغانلار، ئۇنى مەنسىتمەيدىغانلارمۇ چىقتى. لېكىن باتۇر
بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا پىسەنت قىلمىدى. ئويلىغانلىرىنى، تەپ-
سىلىي پىلانىنى، كۆڭلىنىڭ تۆرىدىكىنى ئاشكارىلىمىدى. زۇۋان
سۈرمەستىن ئاتىسى تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ بىر قارارغا كېلىشىنى
كۈتۈپ ئولتۇردى. ھەممىنى ۋاقتى كەلگەندە، ئىشتىن كېيىن
كۆرۈشسۇن ئۇلار!

تۈمەن تەڭرىقۇت تېخىچە بىر قارارغا كېلەلمەي دېلىغۇل بو-
لۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلايتتى، دەڭسەيتتى،
كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ تەشۋىشى كۆپ، ئوي - خىياللى-
رى چوڭقۇر، مۇرەككەپ ھەم تۈگەلسىز ئىدى. ئۇ ئوغلى باتۇر
ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەرنىڭ ھەقىقەتەن ئورنى بار ھەم ئەقىلگە
مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. باشقىلارغا ئوخشاش بۇ بۆرە
سىياقلىق ئوغلىنىڭ پاراسىتىگە ھەم باتۇرلۇقىغا، قەيسەرلىكىگە،
پەلەككە يەتكەن جۈرئەت - شىجائىتىگە قايىل بولمايمۇ تۇرالمىدى.
ئۇنىڭدىن ئۈمىدلەندى، پەخىرلەندى. لېكىن… «مۇبادا ئۇ مەغلۇ-
بىيەتكە ئۇچراپ بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالسا، چوڭ ئالچىم
ئايقاغان قانداق ئويلاردا بولار؟… ئەگەر ئۇ غەلىبە قىلىپ
ئەسەن - تۈكەل قايتىپ كەلسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇنى باشقۇرغىلى
بولارمۇ؟…»

دەل مۇشۇ پەيتتە، تەڭرىقۇتقا ئوخشاشلا قانداقتۇر بىر ئىشلار-
نى مۇلاھىزە قىلىپ چوڭقۇر ئويلارغا پېتىپ ئولتۇرغان ئوڭ قول
بىلگە يانبېيقان نېمىگىدۇر تاقەتسىزلەنگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ
تەڭرىقۇتقا قارىدى ۋە ئۇنىڭ بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىپ
قالغانلىقىنى كۆرۈپ سۆزلەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغانلىقىنى ھېس
قىلدى.

— تۇغقانلار، ئۇرۇقداشلار، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ،
كۆكۈچ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ، — مېنىڭچە تۇرۇنۇم-

www.uyghurkitap.com

ىنىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇق، ياۋۇز تانيۆلەرنى پەقەت مۇشۇ ئۇسۇل بىلەنلا باش ئەگدۈرۈش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇنداق ئاسان ئىشمۇ ئەمەس. بەگلەر بايا دېيىشكەندەك، ئەنسىرەشكەندەك خەتە-رى كۆپ، قىيىن، مۇشكۇل ئىش. لېكىن تەگىن ئۆگەيمىز باتۇر بۇ ئىشقا نىيەت قىلىپ بېلىنى باغلىغانىكەن، بۇنى چوقۇم بىر باشقا ئاچىقماي قويمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىشقا لازىمى مۇستەھكەم ئىرادە، كۈچلۈك جاسارەت ۋە يېتۈك پاراسەت. تەگىن ئۆگەنىڭ ۋۇجۇدىدا بولسا بۇ خىسلەتلەر مۇجەسسەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئەڭ بولمى-غاندىمۇ بىر تەۋەككۇل قىلىپ سىناپ بېقىشقا بولىدىغان بىردىنبىر ياخشى تەدبىر. ئۇنى سىناپ بېقىشقا يەنە تەگىن ئۆگە ئۆزىلا مۇنا-سىپ كېلىدۇ. يەنە كېلىپ، سىلەرمۇ ئويلاپ يەتكەنسىلەر، بىز-نىڭ ھازىر مۇشۇنداق قىلماقتىن، باتۇر ئوغلانغا تايانماقتىن باشقا نېمە ئامالىمىز بار؟… مەن ئۇنى قوللايمەن، مەدەت بېرىمەن. ئۇنىڭ ياۋۇز تانيۆلەرنى بويسۇندۇرۇپ ئەلكۈننى ئاپەتتىن، غەم ـ قايغۇدىن خالاس قىلىشىنى، زەپەر قۇچۇپ شان ـ شۆھرەت قازىنى-شىنى ئۈمىد قىلىمەن!

باتۇر ئۆگەي بوۋىسىنىڭ نېمىنى ئۈمىد قىلىۋاتقىنىنى، نېمى-نى كۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلەمدۇ ـ بىلمەمدۇ؟ بۇ ئېنىق ئەمەس. ئەمما ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى قوللاپ مەدەت بەرگەنلىكىگە ئانچە خۇشال بولۇپ كەتمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ خۇشاللىقى، ئۈمىدى، ئارزۇ ـ تىلىكى ئاتىسىدا ئىدى. پەقەت ئاتىسى ئۇنى قوللىسا، ئاتىسى ئۇنى چۈشەنسە، ئاتىسى ئۇنىڭغا ئىشەنسە… ئاندىن ئۇ خۇشال بولاتتى. ئارزۇ ـ تىلىكىگە يېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمى، ئەڭ چوڭ مەدەت، ئەڭ چوڭ مۇكاپات مانا مۇشۇ ئىدى.

تۈمەن تەگرىقۇت ھۆرمەتلىك قېيناتىسى يانبېيقاننىڭ، دانىش-مەن يابغۇسى ئىنچۇنقاننىڭ ۋە كېڭەشتىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر-نىڭ قوللىشى ۋە تەلىپى بىلەن ئاخىر بىر قارارغا كېلىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭمۇ ھازىر مۇشۇنداق قىلماقتىن، باتۇرغا يول قويماقتىن باشقا ھېچقانداق ئامالى يوق ئىدى. لېكىن

ئۇ بۇ چاغدا نېمىشقىدۇر ئۆزىدىكى سىرلىق تەمكىنلىك ۋە سەلتە-
نەتلىك ئۇلۇغۋارلىقنى يوقاتتى. تولىمۇ مۇرەككەپ بىر خىل ۋىج-
دان توقۇنۇشى ئىلكىدىكى ئازابلىق، مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە
كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ بىچارە، پەرىشان كەيپىياتقا چۆكتى...

— بارغىن، سىناپ باقىن ... — دېدى ئۇ تاشتەك ئېغىر
بېشىنى كۆتۈرەلمەيۋاتقاندەك، قەددىنى ئالدىرىماي رۇسلاپ بوش،
تىترەك ئاۋازدا، — يولۇڭ ئوچۇق، ئىشىڭ ئوڭ بولسۇن...

— خوپ، ئاتا.

— لېكىن شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، بۇ ئىشتا پەقەت غۇرۇر
بىلەن باتۇرلۇقلا كۇپايە قىلمايدۇ. شۇڭا ھەر چاغ سەگەك، سوغۇق
قان بولۇشۇڭ كېرەك. كۈچۈڭ بىلەن ئەقلىڭنى تەڭ ئىشقا سېلى-
شىڭ، ئاچچىقىڭنىڭ، ھېسسىياتىڭنىڭ كەينىگە كىرمەسلىكىڭ
كېرەك. مەن ساڭا ھازىر بىر تۈمەن كىشىلىك قوشۇن توپلاش
ھوقۇقىنى بېرىمەن. ئۆزۈڭ تاللاپ توپلايسەن، قانداق تەشكىل-
لەش، قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ ئۆز ئىختىيارىڭدا بولىدۇ. ئەگەر
ئاز دېسەڭ يەنە قوشۇپ توپلا... يەنە شۇنىمۇ دەپ قوياي، مۇبادا
ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولماي، بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ خەتەر
ئىچىدە قالغۇدەك بولساڭ، باشقىنى قويۇپ ئۆزۈڭنى ئويلا، ئۆزۈڭ-
نى ئايا، ھەرگىزمۇ قىزىق قانلىق قىلىپ، قەھرىمانلىق كۆرسى-
تىمەن دېمە. سەن ئۈچۈن مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ كاتتا قەھرىمانلىق...

— ئۇقتۇم، تەڭرىقۇت ئاتا، شەپقەت ـ كۆيۈمىڭگە رەھمەت،
ئۆگۈتلىرىڭنى① ئېسىمدە چىڭ تۇتىمەن، — دېدى باتۇر ئورنىدىن
تۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئۇ يەنە كېسىپلا مۇنداق دېدى، — لېكىن،
ماڭا قوشۇن كېرەك ئەمەس. ئۆزۈم يالغۇز ئاتلىنىمەن. بۇمۇ
مېنىڭ قارارىم! قايتىشىمغا ئىجازەت قىل، ئاتا.

باتۇر ئاتىسىنى، كېڭەشتىكى كىشىلەرنى يەنە بىر نۆۋەت ھەي-
رانلىق ۋە تەئەججۇپتە قالدۇرۇپ ئودىكامدىن چىقىپ كەتتى.

① ئۆگۈت — نەسىھەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 4

باتۇر ئورددىن چىقىپ ئانىسى ئايقاغاننىڭ يېنىغا ماڭدى. ئايقاغان ئۇنىڭ ئەتىگەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ھېلىغىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن باشقا ھېچ ئىشنى ئۇقمايتتى... ئۇ ئەمدى ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ بۈگۈنكى ئىشلارنى ئۇنىڭغا دېيىشى، ئۇنىڭ رۇخ-سىتى ۋە رازىلىقىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئايقاغان ئەھۋالدىن خەۋەر تاپسا، بۈگۈنكى كېڭەشتە بولۇنغان گەپلەرنى ئاڭلىسا، ئۇ-نىڭغا نېمە دەر؟ يارايسەن، ئوغلۇم!... دەپ ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ، پەخىرلىنىپ، ماختاپ كېتەرمۇ ياكى نېمانداق تەنتەك، ھاماقەت-تۇرسەن دەپ ئۇنى ئەيىبلەرمۇ؟ ئۇنى توسارمۇ؟... باتۇر ئەنە شۇنداق ئوي ـ ئارىسالدىلىق بىلەن ئوردا ھەرىمى تەرەپكە كېتىۋات-قاندا، ئۇشتۇمتۇت دوستى ئەرقىل بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

ئەرقىل ئاتىسى ئىنچۇنقانىغا ئوخشاش ئورۇق، ئۇزۇنتۇرا، بۇرنى قاڭشارلىق، كۆزلىرى چوڭقۇر، شالاڭ بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان ئون يەتتە ياشلاردىكى يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئاتىسىنىڭكىدەك بوم، ھەيۋەتلىك چىقاتتى. ئۆزى تولىمۇ چېچەن، ئېغىر ـ بېسىق، سۇباتلىق، سەمىمىي بالا ئىدى. ئۇ باتۇرنى ئاتايىن ئوردا ھەرىمىنىڭ ئالدىدىكى چىملىق يولدا ساقلاپ تۇرغاند-دى. چۈنكى ئۇنىڭ بۈگۈنكى كېڭەشتىن خەۋىرى بار بولغاندىن باشقا، دوستى باتۇرنىڭ يېقىندىن بېرى نېمىلەرنى ئويلاپ، نېمە-لەرنى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى... ئۇ خىيالەن كېلىۋاتقان باتۇرنى توسۇپ دېگۈدەك توختاتتى.

— ئەرقىل... سەن بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دېدى باتۇر.

— ھە، بۇ مەن، تونۇيالمايۋاتامسەن؟ كۆزى كور كىشىدەك ئۇدۇل ئۆتۈپ كېتىۋاتىسەنغۇ، نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى ئەرقىل تەنە ئارىلاش.

— ھېچنېمە... — باتۇر باشقا ياققا قارىۋالدى.

— ئاداش... سەن راستىنلا بىر قارارغا كەلدىڭمۇ؟...

بۇگۈنكى كېچەش قانداق بولدى؟

— ... ... ...

— ئاتاڭچۇ، ئۇ نېمە دېدى؟ ساڭا يول قويدىمۇ؟

— يول قويدى.

— ھىم... ئويلىغىنىمدەك بوپتۇ. سەنمۇ شۇنى ئۇمىد قىلاتتىڭ... لېكىن سېنىڭ بۇنداق قىلىشىڭ مۇھەببەت ئۈچۈنلا ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

باتۇر ئەرقىلنىڭ سۆزلىرىدىن جىددىيلەشتى ۋە يۈزىنى شارتتىدە بۇراپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادالدى.

— ئەجەبلەنمە، مەن سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىنى بىلىمەن. ئاداش تۇرۇپ بۇنى ئۇقالمىسام... لېكىن باشقىچە قاراشتا ئەمەسمەن. سەن كۈچ - قۇدرىتىڭنى سىناپ باقماقچى. ئۆزۈڭنى تونۇماقچى، ئاتاڭنىڭ، كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشمەكچى، شۇنداققۇ؟... مەن سېنى چۈشىنىمەن. سەن توغرا قىلىۋاتىسەن، سەن چوقۇم غەلىبە قىلىسەن، مەقسىتىڭگە يېتىسەن، باتۇر مەن ساڭا ئىشىنىمەن ھەم سېنى ھۆرمەتلەيمەن. ساڭا ئاقيول، ياخشى تىلەك تىلەيمەن. بىراق...

— نېمە دېمەكچىسەن؟ — يەنە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— بىراق، ئاناڭ بۇ ئىشقا نېمە دەر؟ — دېدى ئەرقىل يەنە ئەۋلىيادەك ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئارىسالدىلىقىنى ئەينەن ئاشكارىلاپ، — ئۇمۇ يول قويارمۇ؟ ... مەن ئۇنىڭ سېنى بارغۇزماي قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئانا كىشى چىدىمايدۇ - دە.

— شۇنداق ...— باتۇر لاسىدە بوشىشىپ نەزىرىنى ئەرقىلدىن ئاغدۇردى ۋە سۇنىڭ تېگىدە ئۇزاق تۇرۇپ چىققان كىشىدەك چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئېغىر خورسىندى، — لېكىن، ئۇنى چۈشىنەر دەيمەن، — دېدى ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ، — چۈنكى ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش ئويلايدۇ. ماڭا ئىشىنىدۇ ھەم ئارزۇيۇمغا ھۆرمەت قىلىدۇ.

— شۇنداق بولسىكەن، تەڭرىم، — دېدى ئەرقىل، — لېكىن سەن بۇ ئىشتا يەنە ئويلىنىپ باقساڭ بولاتتى...

www.uyghurkitap.com

— نېمىنى ئويلىنىمەن؟ مەن ئۇ ياۋايىلار بىلەن بەربىر ئېلىشىمەن!

— بوپتۇ، سەن قىلىمەن دېگىنىڭنى قىلماي قويمايسەن. بارغىن، ئۆزۈڭنى بىر تونۇتۇپ قويغىن. لېكىن بەكرەك پەخەس بول، ھەرگىز قارامىلىق قىلما... سىڭلىمنى كۆپ ئويلاپ كەتمە، ئۇنىڭغا ھېچنېمە بولمايدۇ. سەن ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقالايسەن. بىز ھامان جەم بولىمىز... ئۆزۈڭگە پۇختا بول. ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەل. ئاناڭ ئۇچۇن بولسىمۇ ـ ھە. ئۇ سەندىن ئايرىلىپ قالسا... ھە راست، قاچان ئاتلانماقچىسەن؟

— ئۇلۇغ ئانامنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپلا.

— شۇنداق تېزمۇ؟ قارىغاندا تەييارلىقىڭ پۇتكەن ئوخشىمامدۇ؟

— بۇنىڭغا يەنە قانداق تەييارلىق كېتەتتى دەيسەن. نىيەت ئەلا ئەمەسمۇ. مەن ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم.

— توغرا دەيسەن. يولۇڭ ئوچۇق، ئىشىڭ ئوڭ بولسۇن!... باتۇر، ئەگەر خالىساڭ، ماڭا ئىشەنسەڭ...

— باق، ئەرقىل، ئۆزۈمگە قويۇپ بەر. مەن يالغۇز بېرىشنى خالايمەن.

— قارا سېنى، بولدى، خالىغىنىڭنى قىل، كېيىن پۇشايمان يېمىگىنىڭنى بىر كۆرەي!

ئەرقىل قېيىدىغاندەك، ئاغرىنغاندەك قىلىپ خوشمۇ دېمەي ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالدى. ئەمما باتۇر بۇنى پەقەتلا كۆڭلىگە ئالمىدى. چۈنكى ئۇ دوستى ئەرقىلنى ئوبدان چۈشىنەتتى، ئۇنىڭ ئۆزىدىن ھەم سىڭلىسىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.

— خەير خوش، دوستۇم، كۆرۈشكۈچە ئامان بول. مەن سېنى ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىز قالدۇرمايمەن!

باتۇر يەنە نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىپ، ئەرقىلنىڭ كەينىدىن بىر پەسكىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بۇرۇلۇپلا ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

# 5

چوڭ ئالچى ئايقاغان ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈدى.

— ياق!… مەن سېنى بارغۇزمايمەن! — دېدى ئۇ ئورنىدىن ئىرغىپ قوپۇپ، غەزەپ ۋە ئەلەمدىن بەزگەكتەك تىترەپ، — ۋۇ تاش يۈرەك مەلئۇنلار، نىيىتى قارا ئىپلاسلار!… قاراپ تۇرۇپ ئېغىزىدىن ئانا سۈتىنىڭ پۇرىقى كەتمىگەن بىر گۆدەك بالىنى ئوتقا ئىتتىرىشمەكچى بولۇشقىنىنى ئۇلارنىڭ! ۋۇ ئۆز بالىسىنى ئۆزى يەيدىغان يىرتقۇچلار! ياق، بارمايسەن!…

— كەچۈر مېنى، ئۇلۇغ ئانا، باشقىلاردىنمۇ يامانلىما. بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم، مېنىڭ قارارىم. باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكى ياكى قەستەنلىكى ئەمەس. سۈجۈكنى قۇتقۇزۇپ كېلىشكە، ياۋايىلاردىن ئۆچ ئېلىپ ئەلكۈننى تىنچلاندۇرۇشقا ئۆزۈم نىيەت قىلىپ بەل باغلىغانمەن. ئۇلار پەقەت ماڭا مەدەت بېرىپ ئاقىول تىلەشتى، خالاس.

— مەدەت بېرىشتى؟ شۇنداق قىلدۇ ـ دە ئۇلار. قۇرۇسۇن ئۇنداق مەدىتى! — دېدى ئانا كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، — بىلەمسەن، ئوغلۇم، ئۇلار سەندىن پايدىلىنىپ ياۋايىلار بىلەن ئېلىشماقچى. سېنى ياۋايىلارغا تاشلاپ بېرىپ رەزىل مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى. بولمىسا نېمىشقا ئۆز ئوغۇللىرىنى، ئامراق، ئەتىۋار. لىق بالىلىرىنى ئەۋەتىشمەيدۇ؟ ئۇلارغا مەدەت بېرىشمەي، دەۋەتمۇ قىلىشماي ساڭىلا مەدەت بېرىشىدۇ؟ ئۇلار بىلىدۇ، بۇ ئىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى… ياق، مەنمۇ بىلىمەن ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىنى، سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى، نېمىدېگەن قاق. ۋاش، تاش يۈرەك! نېمىدېگەن رەزىل! ۋۇ ۋىجدانسىزلار! ھەزەر، ھەزەر!… ياق، مەن بۇنىڭغا يول قويمايمەن، سېنى بارغۇزماي. مەن، سەن بارما، ئوغلۇم، ياۋايىلار بىلەن ئېلىشمەن دېمە. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەك خەتەرلىك ئىش. سەن تېخى ياش، تەنتەك، ئەقىلسىزلىقتىن، ساددىلىقىڭدىن شۇنداق قارارغا كەلگەنسەن. بىراق بۇ ئۇنداق ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس!… سەن بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزۈڭنى ئوتقا ئۇرۇۋاتىسەن، رەقىبلەرنىڭ تۇزىقىغا دەسسەۋاتىسەن. ئۇلار ساڭا ئىشەنمەيدۇ، ئوغلۇم. ئەكسىچە سېنى كۆزلىرىگە قادالغان مىخ ھېسابلاۋاتىدۇ. سېنى يۇلۇپ تاشلىماقچى، كۆزىدىن يوقاتماقچى، سەندىن قۇتۇلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ غەرىزى مانا مۇشۇ!… ياق!… نادانلىق قىلما، ئوغلۇم. ئارىنى بول، نىيىتىڭدىن يان. مۇبادا… ياق، ئۇ چاغدا ئۇلار كۈلىدۇ. قارا كۆڭۈللىرى ئارام تاپىدۇ. بىراق مەنچۇ؟ مەن ئىزا تارتىمەن. قان يىغلايمەن. سەن بۇ تەرىپىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟!…

ئانا ئەلەمدىن ئېسىلىپ، ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ، ئوغلىنىڭ بويىغا ئېسىلىپ يىغلاپ تاشلىدى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، ئانا؟ — ئانىسىنىڭ غەزەپلىك سۆزلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ كېتەلمىگەن ياش ئوغلان باشقىچە ئويلاردا بولدى، — سەن نېمىشقا ھە دېسىلا باشقىلاردىن يامانلاۋېرىدىغانسەن. ئۇلاردا نېمە گۇناھ؟ ياۋايى تانيۆلەر بارچىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەتقۇ. ئۇلارنى ھامان بىرەرى چىقىپ بويسۇندۇرۇشى كېرەكقۇ؟…

— ياق، سەن بىلمەيسەن، ئەي ساددا ئوغلان!…

— بولدى، ئانا، ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى ئويلىما، ئىزگۇلۇكنى تىلە، — باتۇر ئانىسىنى ئۆزىگە قاراتتى، — شۇنداق… مەن ياش، ساددا، ئەقىلسىز ھەم بىباش، شۇنداق بولغاچقا، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سۆزۈڭلارغا كىرمەي، سىلەرگە كۆپ جاپا سالدىم، سىلەرنى قاقشاتتىم. مانا ئەمدى… مەن شۇ سەۋەنلىكلىرىمنى، گۇناھلىرىمنى يۇماقچىمەن. سىلەر مۇشۇ چاغقىچە مېنىڭ بىرمۇ ئارزۇيۇمنى ئورۇندىمىدىڭلار… مانا ئەمدى، سىلەرگىمۇ پۇرسەت كەلدى. مەن ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم، ئانا.

— ياق، خام خىيال! — دېدى ئانا ئوغلىغا ۋارقىراپ، —

سەن ھەر قانچە باتۇر، يۈزلۈگ، كاتتا كىشى بولساڭمۇ، مەندىن چوڭ، مەندىن ئۇلۇغ ئەمەسسەن. شۇڭا سەن ئالدى بىلەن مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىشىڭ كېرەك!

— شۇنداق، مەن سەندىن ئۇلۇغ ئەمەس. ئۇلۇغ بولۇشقىمۇ ئىنتىلمەيمەن، ئانا، — دېدى باتۇر، — لېكىن سېنىڭ بۇنداق جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋېلىشىڭ ئۇشۇقچە، سەنمۇ مېنى چۈشىنىشىڭ كېرەك. ماڭا ئىشىنىشىڭ كېرەك... بىلىمەن ئايرىلىشقا كۆزۈڭ قىيمايۋاتقىنىنى، مەندىن ئەنسىرەۋاتقىنىڭنى. لېكىن سەن خاتىرجەم بول، ئانا. ماڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ. تەڭرىلەر ماڭا قۇت - مەدەت بېرىدۇ. ئۇلۇغ تۆز ماڭا يول باشلايدۇ. مەن چوقۇم ئەسەن - تۈكەل قايتىپ كېلىمەن، يەنە تېخى زەپەر قۇچۇپ، بولغۇسى كېلىنىڭ سۈجۈك بىلەن بىللە. مەن سېنى ھەرگىز ئۈمىدسىزلەندۈرمەيمەن، داغدا قويمايمەن، ئانا. مېنىڭ ئۆزۈمگە ئىشەنچىم بار. مەن ئەمدى چوڭ بولدۇم. كۆرۈپ قال-سەن... ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىمنى سەن ئوبدان بىلىسەنغۇ. سەن مېنىڭ چوڭ بولۇشۇمنى، تونۇلۇ-شۇمنى ئارزۇ قىلاتتىڭغۇ. مەن بۇ قېتىم ئۆزۈمنى ئۇلارغا بىر تونۇتۇپ قويماقچى!

— ياق، ئەرزىمەيدۇ...

— ئەرزىيدۇ، ئانا، ئۇلار بىلىپ قالسۇن، ئوغلۇڭ باتۇرنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ قويسۇن!

— بىراق... ئاھ تەڭرىم!...

ئانا ئېچىنىشلىق نالە قىلىپ ئۆزىنى ئوغلىغا ئاتتى، ئۇنىڭغا ئېسىلىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ ھەسرەت بىلەن يىغلىدى. ئۇ ئېرىگە غەزەپلىنەتتى، خان - بەگلەرنى، ئاقساقاللارنى تىللايتتى، قار-غايتتى. ئۇ ئوغلىدىن ئەندىشە قىلاتتى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايتتى. ئۇ تېخى ياش، كۆپ ئىشلارنى بىلمەيدۇ، ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىۋا-تىدۇ. ئەگەر ئۇ راستتىنلا دېگىنىنى قىلىپ، ئانىسىدىن ئايرىلسا،

www.uyghurkitap.com
تۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

ياۋۇز تانيۈلەر بىلەن ئېلىشىشقا ئاتلانسا، ئاقىۋىتى قانداق بولار؟ ئۇ يېڭىلەرمۇ؟... مۇبادا بۇ قېتىمقى ئايرىلىش ئەڭ ئاخىرقى، مەڭگۈلۈك بولۇپ قالسىچۇ؟ ئاھ تەڭرىم! ... شۇ تاپتا، ئۇنىڭ يۈرەك - باغرى خۇن بولۇپ يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىغا قوشۇلۇپ ئاقماقتا ئىدى.

ئۇ بىر پەسكىچە شۇنداق ئاھ - زار قىلىپ يىغلىدى، قاقشىدى، ئاندىن ئاستا - ئاستا پەسلەپ ئۆزىگە كەلدى، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئوغلىنىڭ مۈرىلىرىگە قولىنى قويۇپ، ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى... مانا ئەمدى ئۇ باشقا بىر ئانىغا، باشقا بىر ئايالغا ئايلاندى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن، كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك، قەھر - غەزەپ، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. شۇنداق، ئۇ بىر چىشى بۆرىگە — بالىسىغا ئۆلگە بولىدىغان، بالىسىغا مەدەت بېرىدىغان، بالىسىغا ئۆگىتىدىغان ئانا بۆرىگە ئايلانغانىدى.

— قورقۇۋاتامسەن؟... — دېدى ئۇ ئوغلىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ.

— ياق!

— ھودۇقۇپ كەتمە، ئوغلۇم. جەسۇر، جۈرئەتلىك بول، سېنىڭ بوۋىلىرىڭ مۇشۇنداق ئالىپ ئىدى. يىراق - يېقىنلاردا قالغان ئەجدادلىرىڭ، تۇغقانلىرىڭمۇ مۇشۇنداق ئىدى... تۇغۇلغان، ئۆسۈپ چوڭ بولغان يۇرتۇڭنى، ئىسسىق ئۇۋاڭنى بۇزۇشقا، ئۇرۇقداشلىرىڭنى، قوۋم - قېرىنداشلىرىڭنى قىرىشقا، تالان - تاراج قىلىشقا ئۇرۇنغان، خۇدىنى بىلمەي كۆرەڭلەپ كېتىشكەن ياۋايىلاردىن قانلىق ئۆچ ئال! ئۈمىدىم شۇ، قورقۇنچىڭنى چەيلەۋەت. ئۆزۈڭنى ئەركىن تۇت!

— شۇنداق قىلىمەن، ئانا.

— بارغىن، ئېلىش ياۋ بىلەن! مەن ساڭا ياخشى تىلەك تىلەيمەن. پۈتۈن ئۇرۇقداشلار ساڭا ئىزگۈلۈك تىلەيدۇ. مەن مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى، سېنىڭ چوڭ بولىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، كۈتەتتىم. مانا ئەمدى... بارغىن، تەڭرى-

لەر ساغا قۇت - مەدەت بەرسۇن. ئۇلۇغ تۆز كۆك قۇرت ساغا ھەمراھ بولسۇن! قورقما، ھودۇقما، ئۆزۈڭنى سالماق تۇت. ياۋايىلار ئۈستىدىن زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەل. شۇنداق قىلساڭ، ئەلكۈن ئۈچۈن، مەن ئۈچۈن چوڭ ياخشى ئىش قىلغان بولىسەن. ھەممە سەندىن رازى بولىدۇ، پەخىرلىنىدۇ، سېنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ئەزىزلەيدۇ. ئۇ چاغدا ئاشۇ قارا كۆڭۈل، ئازغۇن ئەسكىلەرنىڭ رەزىل سۇيىقەستىمۇ بەربات بولىدۇ. بەڭۋاش ئاتاڭمۇ ئويغىنىدۇ، چۆچۈيدۇ، سېنى باشقىدىن تونۇيدۇ!... بارغىن، پەخرىم، بارغىن، سۈجۈكۈڭنى قۇتقۇزغىن. ئۇ شۇ تاپتا نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىكىن؟... مەن سىلەرنىڭ ئەسەن - تۈكەل، قول تۇتۇشۇپ قايتىپ كېلىشىڭلارنى كۈتىمەن. ھە راست، بۇ بىتىكنى ئېلىۋال، بوينۇڭغا ئېسىۋال. ئۇ سېنى قارغىشتىن، خەۋپ - خەتەردىن ئامان ساقلايدۇ، بارغىن!

## 6

باتۇر دوستى ئەرقىلىگە دېگىنىدەك قىلدى، ئانىسى ئايقاغاننىڭ رۇخسىتى ۋە رازىلىقىنى ئېلىپلا ياۋايىلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلاندى. ئۇنىڭ تەييارلىقى، ھازىرلىقى كاللىسىدا، ۋۇجۇدىدا، بىلەكلىرىدە ئىدى. ياراغى پارقىراپ تۇرىدىغان چاققان، ئۆتكۈر، ئەپچىلگىنە بىر قىلىچ، ھەمراھى بولسا ئانىسى بەرگەن بۆرە ئوشۇقى، يەنە ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسى، جاسارىتى، ئۈمىد - ئىشەنچى ئىدى.

ئۇ كەچ كىرىپ تۈن قارا پەردىسىنى زېمىن ئۈستىگە يېپىشقا باشلىغان چاغدا، تۇمەنبالىقنىڭ يۇقىرىسىدىكى تاغ باغرىغا، ئاشۇ كۈنى سۆيگىنى سۈجۈكنى يوقىتىپ قويغان ئورمان ياقىسىغا يېتىپ باردى ۋە مۇشۇ يەردە توختاپ نىقابلاندى. ئۇ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ يالىڭاچلاندى، چاچلىرىنى چۇۋۇپ پاخپايتتى، يۈز - كۆز، تەن - بەدەنلىرىگە ئوتلاقنىڭ نەم ئارىسال توپىسىنى سۈركىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاندىن هۆل ـ قۇرۇق ئوت ـ چۆپ، شاخ ـ يوپۇرماقلار چېچىلىپ ياتقان يەرگە ئېغناپ باش ـ بەدەنلىرىگە ھەر خىل نەرسىلەرنى يېپىشتۇردى… ئۇ ئىشنى تۈگىتىپ ئورنىدىن تۇرغاندا، چىراي تۇرقى — ھەرخىل ئەخلەتلەر ئىلىنگەن چۇۋۇق چاچلىرى، مەينەت. لەشكەن ۋە تېخىمۇ سەتلەشكەن تۈكلۈك كۆكۈچ يۈزى، چوغدەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى، ھەممە يېرىنى قويۇق موي قاپلىغان ۋە توپا ـ چاۋالار يېپىشقان بەستلىك، قوپال، كۈچتۈڭگۈر بەدىنى، مايمۇننىڭكىدەك ئۇزۇن ھەم كۈچلۈك قوللىرى، بۇقىنىڭكىدەك مەزمۇت، قۇۋۋەتلىك پۇتلىرى، بۆرتۈپ تۇرغان مۇسكۇللىرى… بەئەينى ئۆكۈش، سۇرلۇك ياۋايىلارنىڭ ئۆزىگە، بەلكى ئۇلاردىن. مۇ قورقۇنچلۇق، بەتبەشىرە بىر مەخلۇققا ئوخشىغانىدى.

ئۇ نىقابلىنىپ بولۇپ ئۆتكۈر قىلىچىنى قولىغا ئالدى. ئۇنى چاترىقىغا، چاترىقىنى يېپىپ تۇرىدىغان تامبال ئورنىدىكى كىچىك. كىنە تېرە ئىچىگە يوشۇرۇپ باقتى. بولغۇدەك… بولمىسا ياۋايىلار مېنى تونۇپ قالىدۇ. ئۇنى زۆرۈر تېپىلغاندا، ۋاقتى كەلگەندە قولۇمغا ئالىمەن. ياۋايىلارنىڭ يۇرتىغا سانجىيمەن! … ئۇ ھەممە ئىشنى تۈگىتىپ مېڭىش ئالدىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتىغا نەزەر سالدى. تۇمەنبالىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاۋۇل، قىشلاق. لار، ئوتلاقلار قاراڭغۇ ئۇيۇق قوينىغا سىڭىپ كەتكەچكە كۆرۈن. مەيتتى. ئەمما ئۇ ئۇ يەرنى، ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنى قەلب كۆزلىرى بىلەن ئېنىق كۆرەتتى. تۇيغۇ ـ ئەسلىمىلىرى ئۇ يەرنىڭ ئۇي ـ دۆڭىنى، كۆركەم مەنزىرىسىنى، ئىللىق قوينىنى، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنى ئېنىق ھېس قىلالايتتى. خەير خوش، ئانا يۇرتۇم، قەدىردان تۇغقانلار! ئۇ ئۇيۇقنىڭ گىرىمسەن پەشلىرىگە ئېسىلىپ كۆتۈرۈلگەن تولۇن ئايغا باقتى. كۈمۈش لېگەندەك ئې. سىلىپ پارلاپ تۇرغان تولۇن ئاي ئۇنىڭغا كۈلۈپ باققاندەك، ئانا سۈتىدەك ئاپئاق نۇرلىرىنى ئۇنىڭغا تۆكۈپ باشلىرىنى، يۈزلىرىنى مېھربانلىق بىلەن سىلاۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، «يولۇڭ ئوچۇق بولسۇن، باتۇر!» دەپ پىچىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ سې.

ھېرىلىنىپ پوككىدە تىزلاندى، مۇقەددەس، خاسىيەتلىك ئاي تەڭرىسىگە باش ئۇرۇپ ئىخلاس بىلەن چوقۇندى.

«يا تەڭرىم! مەن ھوننىڭ ئوغلانى. سوقۇشقا، ياۋۇز ياۋ بىلەن ئېلىشىشقا كېتىۋاتىمەن. خەۋپ - خەتەرگە، ئۆلۈمگە تەۋەككۇل قىلىۋاتىمەن. ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت، جاسارەت ئاتا قىل. مېنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا. يولۇمنى يورۇق، ئىشىمنى ئوڭ قىل، مېنى يېڭىشكە يېتەكلە. ئەي مۇقەددەس تەڭرىم!...» دېدى ئۇ تىلەك ۋە مەدەت تىلەپ.

ئۇ ئاي تەڭرىسىگە ئاخىرقى تىلەكلىرىنى يوللىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ سۈرلۈك قارىيىپ تۇرغان تاغ - ئورمانلىققا يۈزلەندى، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئۆزىدىكى سۈر ۋە ئارىسالدىلىقنى باستى. ئاندىن قەتئىي نىيەت ۋە جاسارەت بىلەن قويۇق ھەم قاپقاراڭغۇ ئورمانغا قاراپ قەدەم تاشلىدى... ئىپتىدائىي تاغ - ئورمانلىق تولىمۇ سۈرلۈك، قاراڭغۇ، ۋەھىمىلىك ئىدى. مەنزىل مەۋھۇم، يوللار نائېنىق، ئېگىز - پەس، يېلىتىز، شاخ - شۇمبا، چاۋار - چاتقال ۋە باشقا توسالغۇلار بىلەن تولغان، ئۆپچۆرىدە بولسا تۈرلۈك خىرىس ۋە خەۋپ - خەتەرلەر يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. باتۇر ئەنە شۇنداق ناتونۇش جايدا، خەتەرلىك، قورقۇنچلۇق شارائىت ئاستىدا، پەقەت ئۆز سېزىمى ۋە جاسارىتىگە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ئۇ بەزىدە يۈگۈرەيتتى، بەزىدە ئۆمىلەيتتى، بەزىدە يانتۇلۇقتا، تىك قىيالارغا يامىشىپ، شاخ - تاللارغا ئېسىلسا، بەزىدە چوڭقۇر ھاڭلارغا، ئاراچىلىرىدىن كۈن نۇرى ئۆتمەيدىغان قويۇق چاتقاللارغا دۈچ كېلەتتى. يەنە بەزىدە قورام تاش، چوقاتماقلارغا، دەرەخ غوللىرىغا ئۈسۈۋالسا، بەزىدە شاخ - يېلىتىزلارغا، كۆتەكلەرگە، تاشلارغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ ئوي - ئورەكلەرگە دومىلاپ كېتەتتى. يىرتقۇچ ھايۋانلار — شىر، يولۋاس، بۆرە، قاۋان... لار ئۇنىڭغا قەدەمدە بىر يولۇقۇپ تۇراتتى ۋە تۈن قاراڭغۇسىدا كۆزلىرىنى چوغدەك ۋالىلدىتىپ، ۋەھىمىلىك ھۆركىرەپ خىرىس قىلىشاتتى. ھۇۋقۇش - مۈشۈكياپىلاقلار بولسا

www.uyghurkitap.com

يۈرەكنى تىترىتىپ قورقۇنچلۇق ھۆۋلىشاتتى، چىرقىرىشاتتى. ئەمما باتۇر بۇلاردىن قورقۇپ قالمايتتى، بوشىشىپ كەتمەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭمۇ مۇشتۇمدەك چوڭ، قورقۇمسىز يۈرىكى، چوغ-دەك، يالقۇندەك ياندىغان ئۆتكۈر، سۈرلۈك كۆزلىرى، ئەتراپتى-كى تۈن قاراڭغۇسىنى تىترىتىپ سۈر - ھەيۋە پەيدا قىلىدىغان ئېغىر تىنىق، پۇشۇلداشلىرى، قەلبىدە ئۆچمەنلىك، غەزەپ - نەپرەت، قەتئىي نىيەت ۋە ئۈمىد - ئىشەنچ، ۋۇجۇدىدا بولسا كۈچ - قۇدرەت ۋە چىدام - غەيرىتى بار ئىدى.

شۇ تەرزدە ئۇ توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئورمانلىق چەك-سىز، ئېگىز - پەس، ھەم ئوق ئۆزىسمۇ ئۆتمەيدىغان زۇلمەت قاراڭغۇ ئىدى. كېچە نەۋاخ بولغانلىقى، تاغ - ئورمانلىقتا قانچى-لىك ئىچكىرىلەپ كىرگەنلىكى نامەلۇم. بىر چاغدا بىر يەردە ئۇ ئۈشتۈمتۇت بىر توپ ياۋايىلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇلار خېلى كۆپ بولۇپ، تىمىسقىلاپ يۈرۈشەتتى. ئۇ ئۇلارنى كۆرۈپ سەل چۆچۈدى. ئۆزىنى تونۇپ قېلىشىدىن، تۇتۇشۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىدى. سوغۇق تەرگە چۆمۈلۈپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قاچانلاردىدۇر قولىغا ئېلىۋالغان قۇرۇق بادرىنى چىڭ تۇتقىنىچە ئورنىدا تىككىدە تۇرۇپ قالدى. ياۋايىلار كەلدى، ئۇنى كۆردى، چىرايىغا سەپسېلىشتى. ئەمما ئۇنى تونۇيالمىدى، ئۆز كىشىسى دەپ بىلىپ پەرۋا قىلمىدى. بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىپ يېنى-دىن ئۆتۈپ كېتىشتى. «ئۇھ!»… ئۇ يېنىك تىن ئالدى. يۈرىكى جايىغا چۈشتى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟… ئۇ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ شۈبھىلەندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن دەرھال قوزغىلىپ ئۇلارغا ئەگەشتى. ئۇلار ئەس-لىدە كەچلىك قورساق غېمىدە ئورمان ياقىسىدىن ئوۋ - ئولجا ئىزدەپ تىمىسقىلاپ يۈرۈشكەن ياۋايىلار ئىدى.

باتۇر بۇ ئاچ قورساق ياۋايىلارغا ئەگىشىپ ئورمانلىقتا خېلى كۆپ قاتىرىدى. جىق يەرلەرگە بېرىپ، بىللە ئوۋ ئوۋلاپ خام ئەت يەپ غىزالاندى، ئاندىن تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە بىر قېرى دەرەخ-

نىڭ تۇۋىگە كېلىپ، شاخ ـ يوپۇرماقلار ئۇستىگە ئېغىناپ، ئۇلار بىلەن بىللە تۇنىدى. بۇ جەرياندا ئۇ تىلسىز كىشىدەك زۇۋان سۇرمەي يۇردى. ياۋايىلارمۇ ئادەتتە كۆپ سۆزلەشمەيتتى. ھەممىدىن ئۆز ئىشىنى ئۆزى تېپىپ قىلىشاتتى. پەقەت زۆرۈر تېپىلغاندىلا سەت تاۋۇش چىقىرىپ كېكەچلەپ، باش ـ قول ئىشارىسى قىلىشىپ ئالاقىلىشەتتى. باتۇرمۇ ئۇلار قىلغاننى قىلدى، يېگەننى يېدى. ئەمما ئۇ ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدى. بولۇپمۇ پات ـ پات ۋارقىراپ ـ چىرقىراپ ئېيتىلىدىغان سۆزلىرىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلاپ شېۋە ـ تاۋۇشلىرىنى ئايرىشقا، پەرقلەندۇرۇۋېلىشقا، ئۆگىنىۋېلىشقا تىرىشتى. چۈنكى تانيۆلەرمۇ ھون تىلىدا سۆزلىشەتتى.

باتۇر تۇن بويى كىرپىك قاقمىدى. ياۋايىلارنىڭ خورەك ـ خارتىلداشلىرى ئىچىدە ئۆز ئىشىنى ئويلاپ بىدار ياتتى. تۇن تاڭغا ئۇلاشقاندا، ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئادەتتىمۇ ئۇ غەزەپلەنسە ياكى بىر ئىش قىلماقچى بولسا، كۆزلىرىگە مۇشۇنداق قان تولاتتى. شۇنداق، ئۇ ئەمدى بۇ ئالتە توك ـ توك ياۋايىغا ئەگىشىپ يۇرۇۋەرسە بولمايدۇ. ئۇ ئۇلاردىن قۇتۇلۇشى، ئۆز ئىشىغا ئاتلىنىشى كېرەك. ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن مۇھىم ئىشلىرى بار... باتۇر قىلىچىنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئۇلۇكتەك ئۇخلاپ يېتىشقان ياۋايىلارنى يەڭگىل، چەبدەس ھەرىكەت بىلەن تۇيدۇرماي، تىن تارتقۇزماي بىر ـ بىرلەپ بوغۇپ ـ بوغۇزلاپ ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى يىرتقۇچلارغا قالدۇرۇپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تالىنىۋېلىپ تېخىمۇ ياخشى نىقابلانغاندىن كېيىن ئورمانلىقنىڭ تۆرىگە قاراپ يولغا چىقتى.

يول ئۇستىدە — تاغ ـ ئورمانلىقتا، جىلغا ـ جىرالاردا، كەپە ـ ئۆڭكۈرلەردە ياۋايىلار ئۇنىڭغا قەدەمدە بىر يولۇقۇپ تۇردى، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى ۋە گۇمانلانمىدى. بەزىدە تېخى ئۇنىڭغا يول ـ يۆنىلىشلەرنى كۆرسى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىپمۇ قويۇشتى. ئۇنىڭ تەبىئىي نىقابى — قوپال، كۆچتۈڭگۈر تۈكلۈك بەستى، سۇرلۇك، بەتبەشىرە بۆرە سىياقى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ راسا ئەسقېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچە چوڭ تاغ - ئورمانلىقتىكى شۇنچە نۇرغۇن ياۋايىنىڭ بىر - بىرىنى تونۇپ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس - دە، ئۇ ئۆزىمۇ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى، ياۋايىلار ئارىسىغا بىمالال سىڭىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن ئويلاپ يەتكەن ۋە شۇ سەۋەبتىن تاغ - ئورمانلىققا ئىككىلەنمەي قەدەم باسقان. مانا ئەمدى ئۇ خېلىلا ئەركىن، يۈرەكلىك بولۇپ قالدى. مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولغان ئىشەنچىمۇ ئاشتى.

ھالبۇكى، ئۇ تاغ - ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ئىلگىرى كۆرمىگەن، ئويلاپمۇ باقمىغان يېڭى ئىشلارغا دۇچ كېلىشكە، يېڭى غەم - تەشۋىشلەرگە چۆكۈشكە باشلىدى. ئۇ بولسىمۇ تاغ - ئورمانلىقنىڭ ئۆزى ئويلىغىنىدىن، ئىلگىرى قىياس قىلىغىنىدىنمۇ نەچچە ھەسسە چوڭ، چەكسىز ھەم خەتەرلىك ئىكەنلىكى، ئۇ يەردىكى ياۋايىلارنىڭ يىرتقۇچلاردىنمۇ كۆپ ۋە ھەممىلا يەرگە تارقالغانلىقى ئىدى. قارىغاندا ئۇلار بۇ پايانسىز تاغ - ئورمانلىقنىڭ بۇ تەرىپىدىلا ئەمەس، بەلكى كۈن، تۈن ۋە ئارقا تەرەپلىرىدىمۇ مۇشۇنداق كۆپ بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ھەممە يەردە ئىش تېرىپ ئۈزۈلدۈرمەي پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشىمۇ بىكار ئەمەس ئىكەن - دە؟! ... بۇ ياۋايىلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ بىر قەبىلە باشلىقىغا قارامدىغاندۇر؟ ئاشۇ يەلۋۈگىلا چوقۇنامدىغاندۇر ياكى ھەر جايدىكىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا توپ بېشى، ئۇرۇق ئاقساقىلى، كىچىك يەلۋۈسى بارمىدۇر؟ ئۇلارنى قانداق قىلىپ بويسۇندۇرغىلى بولار؟ قەبىلە باشلىقى — ھېلىقى تىرىك تەڭرى بۇ تاغ - ئورمانلىقنىڭ قەيىرىدە؟ قايسى توپ ئارىسىدا تۇرىدىغاندۇر؟ ئۇنىڭ سىر - سېھرى، كارامىتى قانچىلىكتۇر؟ قانچىلىك كۈچ - قۇدرىتى باردۇر؟ ئۇنى تاپقىلى، ئۇچراتقىلى، يېقىنلاشقىلى بولارمۇ؟... سوجۇك... بىچارە باچكام!

ئۇ نەدىدۇر؟ ھاياتمىدۇر؟...

باتۇر شۇنداق ئوي - خىياللارغا بېرىلەتتى، ئەنسىرەيتتى، قورقۇمسىرايتتى، نېمە قىلىشنى، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقايتتى، تىت - تىت بولۇپ تېپىرلايتتى. تەۋەككۇلچىلىك — ھەقىقىي مەنىدىكى خەتەرلىك تەۋەككۇلچىلىك مانا ئەمدى باشلىنىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئۇتۇق - مەغلۇبىيەت، يېڭىش - يېڭىلىش، ئۆزياش - ئۆلۈم... بىر تەڭرىگە، ئۇنىڭدىن قالسا ئۇنىڭ ئۆزىگە، تەلىيىگە باغلىق ئىدى. لېكىن ئۇ ئاسان يالتىيىپ قالمايتتى، ئۈمىدسىزلىنىپ بوشىشىپ كەتمەيتتى، قورقۇپ ئارقىغا يانمايتتى. بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ تەبىئىتىگە يات، خىسلىتىگە مۇخالىپ، بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. نېمىلا دېگەنبىلەن، نېمىلا قىلغان بىلەن تەڭرىنىڭ بۇيرۇغىنى بولىدىغۇ ئاخىر. ئۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن قارشىلاشمايدۇ. نىيەت قىلغانىكەن، ئۆزىنى ئاتىغانىكەن، يادىن ئۇزۇلگەن ئوقتەك داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. سۇجۇكنى قۇتقۇزمىغۇچە، ياۋايىلاردىن ئۆچ ئالمىغۇچە بولدى قىلمايدۇ، توختاپ قالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جان پىدا قىلىشقا تەييار، يا تەڭرى!...

باتۇر تۇمەنبالىقتىن، ئاتا - ئانىسىدىن، تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ ئارىدىن ساق بىر ھەپتە ئۆتكەندە، ياۋايىلارنىڭ تاغ - ئورمانلىقنىڭ تۆر - پىنھان يېرىدىكى چوڭ تۇرالغۇسىغا ئوڭۇشلۇق، بىخەتەر يېتىپ باردى. تانيۆلەر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى — سىرلىق يەلۋى مانا مۇشۇ يەردە، ئىككى تاغ ئارىسىدىكى قويۇق ئورمان قاپلىغان، كەڭ ئۇزۇن، چوڭقۇر بىر جىلغىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ دائىم تۇرۇشلۇق مەخپىي ئۇۋىسى شىمالىي تاغ ئاستىدىكى چوڭ بىر ئۆڭكۈردە ئىدى. باتۇر جىلغىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ چاغقىچە ئاڭلىغان ۋە بىلگەنلىرىنىڭ، قىياس - پەرەزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن راست، ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. تانيۆلەر ھەقىقەتەنمۇ نادان ھەم ياۋايى قوۋم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار قەبىلە باشلىقىنى تەڭرى ئورنىدا ئۇلۇغلايتتى. ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسىنىڭ ياراتمىسى، بەندىسى، ئەۋلادى ھېسابلايتتى، تەقدىر - قىسمىتىنى، بەخت - سائادەتنى ئۇنىڭ ئىلكىدە دەپ بىلەتتى. ئۇنىڭ ھەرقانداق بېشارەت ۋە ئىشارەتلىرىگە شەكسىز ئىشىنەتتى، بۇيرۇقىغا شەرتسىز بويسۇناتتى. باتۇر بۇلار- نى ياۋايىلارنىڭ ئېغىزىدىن ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ تېخىمۇ زور ئۈمىد - ئىشەنچكە تولدى. ئەمدىكى ئىش ئەسلىي پىلانى بويىچە قەبىلە باشلىقىغا، ياۋايىلارنىڭ تىرىك تەڭرىسىگە يېقىنلىشىش ۋە پەيتىنى تېپىپ ئۇنى گۆرۈگە ئېلىش ئىدى. لېكىن ئۇ بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىشتىن ئاۋۋال باشقا بىر مۇھىم ئىشنى پۈتتۈرۈشى، يەنى تۇتقۇندىكى سۈجۈكنى ياۋايىلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن سۈجۈكنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشقا باشلىدى.

سۈجۈك تاغ باغرىدىكى ئورمانلىقنىڭ چېتىدە ياۋايىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۇدۇل بۇ يەرگە ئەكېلىنگەن ۋە قىممەتلىك سوۋغا سۈپىتىدە قەبىلە باشلىقىغا تەقدىم قىلىنغان، بەخشەندە قىلىنغان. قەبىلە باشلىقى ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ يالىڭاچلاپ، ئۆزىنىڭ پادا قويدەك كۆپ ھەم بەتبەشىرە خوتۇن - قىزلىرى ئارىسىغا قوشۇۋەتكەنىدى...

باتۇر بىرنەچچە كۈن ئىزدەپ سۈرۈشتۈرۈپ ئاخىر ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنى تاپتى. سۈجۈك شىمالىي تاغ ئاستىدىكى يەنە بىر چوڭ ئۆڭكۈردە تۇرۇۋاتاتتى. بۇ ئۆڭكۈر قەبىلە باشلىقىنىڭ يەنە بىر مەخپىي ئۆيى بولۇپ، نەچچە ئون قاراۋۇل ياۋايى ئۇنى كېچە - كۈندۈز قورۇقداپ ساقلايتتى. باتۇر ئاۋۋال ئۆڭكۈرنى تاپتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ بۆرىدەك ھۇۋلاپ يۈرۈپ سۈجۈككە خەۋەر يەتكۈزدى. بىر كۈنى تۈن نىسپىدە ئۇلار ئىچى - تېشىدىن ماسلىشىپ قاراۋۇل ياۋايىلارغا تۇيدۇرماي قاچتى - دە، ئوچۇق يايلاققا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— مەن يەنە ئارقامغا يانمىسام بولمايدۇ، — دېدى باتۇر

ئوچۇق يايلاقتا چىققاندىن كېيىن سۈجۈك بىلەن خوشلىشىپ، — سېنى مۇشۇ يەرگىچە ئۇزىتاي، تەڭرىم قۇت بېرىپ قۇتۇلدۇڭ، ئەسەن قالدىڭ، ئەمدى ئۆزۈڭ قايتقىن. بۇنىڭ ئۇ تەرىپى بىخەتەر… ئېسىڭدە بولسۇنكى، سەن قايتىپ بېرىپلا كۆرگەنلىرىڭنى ئاتاڭغا ئېيتقىن. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوردىغا كىرىپ ئاتامغا ئېيتىڭلار. ئۇ لەشكەر باشلاپ كېلىپ تاغ - ئورماننى قورشىسۇن. مەن قايتىپ بېرىپ هايالشمايلا ياۋايىلارنى تاغ - ئورمانلىقتىن چىقىشقا مەجبۇر قىلىمەن.

— ھىم…

— ھە راست، — دېدى باتۇر يەنە تاپىلاپ، — ئاتامغا يەنە شۇنىمۇ ئېيتقىن. ئۇ چۈغاينىڭ كۈن، تۈن ۋە ئارقا تەرىپىدىكى قەبىلىلەرگىمۇ خەۋەرچى ئەۋەتسۇن. ئۇلارمۇ تەييار تۇرسۇن. ياۋايىلار ناھايىتى نۇرغۇن دېگىن…

— ئۇقتۇم، — دېدى سۈجۈك باتۇرنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، چىرايلىق لەۋلىرىنى ئۈمچەيتىپ.

— نېمە بولدۇڭ؟ يىغلايسەنغۇ خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا.

— ھېچ… ھېچنېمە… باتۇر! … سەن ئەمدى ئۇ يەرگە بارمىساڭ، ئۆزۈڭ كۆردۈڭ تاغ - ئورمانلىقنى، ياۋايىلارنى… سەن ئۈچۈن مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ…

— ئەنسىرىمە، ئىشنىڭ يامان تەرىپىنىلا ئويلىما، — دېدى باتۇر ئۇنى باغرىغا بېسىپ، چاچلىرى ئارىسىغا تۇمشۇقىنى تىقىپ، — ياۋايىلار مېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. مېنىڭ ئۆزۈمگە ئىشەنچىم بار. سەنمۇ ئىشىنىشىڭ كېرەك. قۇتلۇق كۈنلەر تېخى ئالدىمىزدا … — ئۇ يەنە سۈجۈككە ئۆزىنىڭ خەۋىرىنى ئانىسى ئايقاغانغا يەتكۈزۈپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلىشنى تاپىلاشنىمۇ ئۇنتۇمىدى، — سىلەر كۈتۈپ تۇرۇڭلار، ماڭا ئىشىنىڭلار. بىز پات يېقىندا خۇشال جەم بولىمىز.

ئۇ سۈجۈكنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ جامالىغا قاد-

ماي قاردى، يۈزىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ، كۆزلىرىگە سۈيدى. سۈجۈك ئەنسىرىگەن، ئېسەدىگەن، ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان هالدا ئۆزىنى ئۇنىڭ باغرىغا ئاتتى.

— خوش... قايتقىن!...

— ئەسەن بولغىن!...

سۈجۈك قوللىرىنى سوزۇپ ئۈمتۈلۈپ قالدى. باتۇر كەينىگە ئۆرۈلۈپلا يولغا راۋان بولدى. چۈنكى ئۇ ياۋايىلارنىڭ يەلۋىسى خوتۇن ـ قىزلىرى ئارىسىدىكى سۈجۈكنىڭ يوقالغانلىقىنى ئۇقۇپ بىرەر ئىشتىن گۇمانلانغۇچە ئۇ تۇرۇشلۇق جىلغىغا يېتىپ بېرىشى ۋە ئۇنى تېپىپ گۆرۈككە ئېلىشى كېرەك ئىدى.

ئۇ تاغ ـ ئورمانلىقنىڭ تۆرىدىكى ئىپتىدائىي جىلغىغا هايالىماي يېتىپ باردى. بەختىگە يارىشا ئۇ يېتىپ بارغاندا قەبىلە باشلىقى تېخى هېچ ئىشنى سەزمىگەنىدى. بۇنى ئۇ جىلغىنىڭ تىنچلىقىدىن، ياۋايىلارنىڭ خاتىرجەملىكىدىن پەملىدى ۋە كۆڭلى تىنىپ، ئەسلىي پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولغان ئىشەنچى ئاشتى. ئەپسۇسكى، بۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. قەبىلە باشلىقى تېخىچە ئۆزىنى كۆرسەتمەيۋاتاتتى. ئۇ قەيەردە، نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇر؟ يوشۇرۇنۇۋالغانمىدۇر ياكى... ئەگەر ئۇ راستىنلا مۇشۇ جىلغىدا بولىدىغان بولسا نېمىشقا ھېلىغىچە ئۆزىنى بىرەر قېتىم كۆرسەتمەيدۇ؟ قوۋمى ئارىسىغا كېلىپ قويمامدۇ؟ ئۇ راستىنلا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەس تەڭرىگە تەڭداش ئەۋلىيامىدۇر ـ يا؟ ئۇنىڭ سىر ـ سېھرى، كۈچ ـ قۇدرىتى قانچىلىكتۇر؟... ئۇ سۈجۈكنىڭ يوقالغانلىقىنى سېزىپ قالدىمىكىن؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇ بۇنى ھەرگىزمۇ ئۆز كىشىلىرىدىن كۆرمەيدۇ. چوقۇم باشقا بىرىدىن، باشقا ئىشتىن گۇمانلىنىدۇ. خەۋپسىرەپ، ئېھتىيات قىلىپ يوشۇرۇنۇۋالىدۇ... قارىغاندا بۇ يەردىكى تىنچلىق تېگىگە شىددەتلىك دولقۇن يوشۇرۇنغان سۇ يۈزىدەك بىر ئىشمۇ نېمە؟!...

باتۇر شۇنداق خىياللاردا بولدى، ھودۇقۇپ ئەنسىرەپ قالدى،

جىددىيلىشىپ تىت ـ تىت بولۇشقا، تىپىرلاشقا باشلىدى. تەلۋىلى‌كى ئۇنى ھە دىگەندە قارامىلىق قىلىشقا، جار سېلىپ قەبىلە باشلىقىنى جەڭگە چاقىرىشقا ئۈندەيتتى. ھالبۇكى، بۇنداق قىلىش بەكمۇ خەتەرلىك!... ئۇ بەزىدە ئۈمىدسىزلىنىپ، سولىشىپ ئىشەنچىنى يوقىتىپمۇ قويااتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ نېمە قىلىشنى، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي چۈشكۈنلىشىپ كېتەتتى. بۇنى ئاز دەپ، بىرنەچچە كۈندىن بېرى نېمىشقىكىن جىلغىدىكى ياۋايىلار بارغانچە كۆپىيىپ، ئۇنى تېخىمۇ گاڭگىرىتىپ قويىدى. ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپلەردىن كېلىپ بۇ يەرگە توپلانماقتا، ئاۋۇماقتا ئىدى. ئەجەبا، بۇ زادى قانداق ئىشتۇر ئەمــدى؟ ئۇلارغا نېمــە بولغانــدۇر؟ بىرەر ئىشقا ئاتلانماقچىمىدۇر ياكى... قارىسا ھېچ ئۇنداق ئەمەستەك. ئۇنــداقــتــا ئۇلار بۇ يەرگە توپلىنىپ نــېــمە ئىــش قىلماقچىدۇر؟... ياۋايىلارنىڭ ئىشلىرىمۇ يات، ياۋايىلارنىڭ ئىشلىرىمۇ يات، يوچۇن، چۈشىنىكسىز بولىدىكەن...

بىراق باتۇر تېخى خۇدىنى يوقىتىپ ئەسەبىيلىشىش دەرىجىسىگە بارمىغانىدى، جىددىيلىشىپ، تىپىرلاپ قالغىنــى بىلەن كاللىســى يەنىلا سەگەك، ھوشيــار ئىدى. ياق!... كۈننى كۆرۈش ئۈچۈن تۈندە تاقەت قىلىش كېرەك. ئالدىراقسانلىقتىن، قارامىلىقتىن ياخشى نەتىجە چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭمۇ تېخى ھېچقانداق خەۋپ يەتكىنى يوقتۇ. ياۋايىلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنىڭ بىر ئەزاسىدەك ئامان ـ ئېسەن يۈرۈپتىمەنغۇ مانا... بەلكىم ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە جەم بولۇشى ئادەتتىكى بىر نورمال ئىشتۇر. ئېھتىمال ئۇلار مۇشۇنداق يات ـ يات بىر يەرگە يىغىلىپ تۇرسا كېرەك يا بولمىسا ئۇلار بۇ يەرگە يىغىلىپ مەجلىس ئاچماقچىمىكىن، بىرەر يوسۇن مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكچىمىكىن؟ كىشى ۋە كىشىلەر توپى بولغانىكەن، ئۇنىڭ يوسۇنى بولىدۇ ـ دە...

باتۇر ئاخىرىدا خاتا پەرەز قىلمىغانىدى. راست دىگەندەك شۇ كۈنى كەچتە جىلغىغا توپلانغان ياۋايىلار جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ بىر ئوچۇقچىلىققا — ئۆپچۆرىسىنى قويۇق ئورمان ئوراپ

www.uyghurkitap.com

تۇرغان بىر چىملىق مەيدانغا جەم بولۇشتى ۋە قاراڭغۇ چۈشۈش
بىلەن تەڭ سورۇن تۈزۈپ، گۈلخانلارنى يېقىپ، مۈڭگۈز بورغا
ۋە ئىچى كاۋاك دەرەخ غوللىرىنى ئۇرۇپ چېلىپ، ساماۋى ئۇس-
سۇللارنى ئويناپ، قانداقتۇر بىر ئەنئەنىۋى مۇراسىم ئۆتكۈزۈشكە
باشلىدى... باتۇر تەبىئىي نىقابىدىن پايدىلىنىپ بۇ مۇراسىمغا بىما-
لال ئىشتىراك قىلدى ۋە ئۇنىڭ تەگرىگە، يەنى ھېلىقى سىرلىق
يەلۋىگە چوقۇنۇش، ئۇنىڭ ۋەز - ۋەھىيلىرىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭغا
ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەش مۇراسىمى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. يا تەڭ-
رىم، پۇرسەت ئاخىر يېتىپ كەپتۇ - دە! بۇنداق مۇراسىمدا قەبىلە
باشلىقى ئۆزىنى كۆرسىتىپ قوۋمى ئارىسىغا كەلمەي قالمايدۇ. مانا
بۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى!

جىلغىدىكى قويۇق ئورمان ئوراپ تۇرغان ئوچۇقچىلىققا مىڭ-
لىغان ياۋايىلار يىغىلغانىدى. كۆيۈۋاتقان گۈلخانلارنىڭ يورۇقىدا
ئۇلارنىڭ يالىڭاچ، بەتبەشىرە تۇرق - چىرايلىرى تېخىمۇ سەت،
يىرگىنىشلىك ھەم قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇلار توختىماي پىرە
ئويناپ ساما سېلىشاتتى. بىر چاغدا ئۇلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلى-
رىنى بېسىپ شىمالىي تاغ ئاستىدىن سورۇپ چېلىنغان مۈڭگۈز
بورغىلارنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى. بۇ قەبىلە باشلىقىنىڭ مەخپىي ئۇۋۇ-
سىدىن قوزغىلىپ قوۋمى، مۇخلىسلىرى ئارىسىغا قاراپ يولغا
چىققانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ مەيداندىكى ياۋا-
يىلار ئۇپۇر - تۇپۇر بولۇشقا باشلىدى... ئارىدىن بىر پەس ئۆتۈپ
مۈڭگۈز بورغىلارنىڭ ئاۋازى يەنە ياڭرىدى. بۇ قېتىم ئۇ يېقىنلا
يەردىن تېخىمۇ ئوچۇق ئاڭلىنىۋاتاتتى. ھايال ئۆتمەي مەيداننىڭ
شىمال تەرىپىدىكى ئورمانلىق ئارىسىدىن قوللىرىدا يېنىپ تۇرغان
كۆسەيلەرنى كۆتۈرگەن بىر توپ ياۋايىلار چىقىپ كەلدى. ئۇلار
قەبىلە باشلىقىنى — ھېلىقى سىرلىق يەلۋىنى ھىمايە قىلىپ،
ئىككى سەپ بولۇپ كېلىۋاتاتتى.

قەبىلە باشلىقى ئاپئاق چۈۋۈق چاچلىرىغا ھەرخىل قۇش پەي-
لىرىنى قىستۇرۇپ، تېرە - پۇرۇچلارنى چىگىۋالغان، بوينىغا

بۆرە چىشى، ئۇشۇقى، قۇشلارنىڭ باش سۆڭىكى، ياغاچ، تاش پارچىلىرى ئۆتكۈزۈلگەن بىرنەچچە تىزىق، ئىغىر، ئۇزۇن مارجان ئىسىۋالغان، ئۇچىسىغا تەڭگە گۈللۈك يىلپىز تېرىسىنى پۈتۈن يېپىنىپ، بىر قولىدا سىپىنىڭ ئۇچىغا ئىغىزىنى يوغان ئېچىپ چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرغان بۆرە بېشىنىڭ قۇرۇق ئۇستىخىنى بېكىتىلگەن غەلىتە شەكىلدىكى ھاسا، يەنە بىر قولىدا نۇرغۇن بۆرە ئۇشۇقى ئۆتكۈزۈلگەن ئۇزۇن تەسۋى تۇتقان پېرىخون سۇپەت، سۆرۈن تەلەت، ياشانغان كىشى ئىدى. ئۇ ئوت يورۇقىدا يىلپىز سۇرەتلىك ئەرۋاھتەك تېخىمۇ سۇرلۇك ھەم سىرلىق كۆرۈنەتتى. ئۇ قورۇقچى ياۋايىلارنىڭ ھىمايىسىدە بېشىنى تىك تۇتۇپ، قولىدا تەسۋى تۇتقىنىچە، ئەپسۇن ئوقۇۋاتقاندەك، ئاغزىنى توختىماي مى-دىرلىتىپ ئۇدۇل ئالدىغا قاراپ سالماق قەدەم تاشلاپ كېلىۋا-تاتتى.

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭغا ئوخشاش ياسانغان سۇرلۇك ئون نەچچە ياۋايىمۇ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئۇنىڭ يېقىن كىشىلىرى، تاغ - ئورمانلىقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن توپ باش-لىقلىرى — كىچىك يەلۋىلەر بولسا كېرەك. قوللىرىدا كۆسەي كۆتۈرگەن قورۇقچى ياۋايىلار ئۇلارنىمۇ ئىككى ياندىن ھىمايە قى-لىپ كېلىۋاتاتتى.

سىرلىق يەلۋى ئورماندىن چىقىپ مەيدانغا كەلگەندە، بۇ يەر-دىكى ياۋايىلار گۇر - گۇر قىلىپ دەۋرەپ، پىچاقتا تىلغاندەك بۆلۈنۈپ ئۇنىڭغا يول بېرىشتى، ئۇدۇلىدىن ئۆتكەندە تىز پۈكۈپ، باش ئۇرۇپ چوقۇنۇشتى، شاپائەت تىلەشتى. يەلۋىمۇ چوقۇنۇشلار-نى ئىلىك ئالدى، چىراي ئېچىپ، تەكشى نەزەر تاشلاپ، بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ ئىلتىپات كۆرسەتتى. ياۋايىلار ئۇنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن قاتتىق تەسىرلىنىشتى، سەكرىشىپ، قول-لىرىنى پۇلاڭلىتىپ چۇقان - سۈرەن سېلىشتى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دەۋرەپ تەنتەنە قىلىشتى... قەبىلە باشلىقى ئەنە شۇنداق تەنتەنە، چۇقان، سۈرەن سادالىرى ئىچىدە مەيداننى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

جەنۇب تەرىپىدىكى ئېگىزلىكى ئىككى غۇلاچ، ئۇستى تەكشى، چوڭ بىر قورام تاشنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. تاش ئۇستىگە يولۋاس تېرىلىرى قاتمۇ قات سېلىنغان، گىرۋەكلىرىگە بولسا پۇراقلىق كۆكۈچ ئىسلار كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تاش ئىسرىقدانلار قويۇلغانىدى. ئۇ ئەمدى ئەنە شۇ يولۋاس تېرىلىرى ئۇستىدە قارار تېپىشى كېرەك. تاش ئۇستىگە چىقىش ئۇچۇن شوتا ياكى پەشتاق بولمىسا بولمايدۇ. لېكىن قورام تاش ئەتراپىدا بۇنداق نەرسىلەر كۆرۈنمەيتتى. قارىغاندا قورۇقچى ياۋايىلار ئۇنى يۆلەپ چىقارسا كېرەك ياكى سېركىچىلەردەك تاش تۈۋىگە بىرىپ تۆت پۈتلۈق بولۇپ، بىر - بىرىگە تايىنىپ، بىر - بىرىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ پەشتاق هاسىل قىلىپ بېرەمدىكىن؟… لېكىن قەبىلە باشلىقى بۇلارنى كۈتۈپ تۇرمىدى، كارامەت ۋە ماهارەت كۆرسىتىپ، بىر سەكرەپلا تاش ئۇستىگە چىقتى - دە، قوۋمىغا يۈزلىنىپ چازا قۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغىچە قوللىرىدا كۆسەي كۆتۈرگەن قورۇقچى ياۋايىلار قورام تاشنىڭ ئەتراپىنى بىرنەچچە رەت قورشاپ، ئۇنى قاتمۇ قات هىمايىگە ئېلىپ بولۇشتى.

توپ باشلىقلىرى — كىچىك يەلۋىلەر پەستە، قورام تاشنىڭ ئالدىدىكى يەردە چوڭ يەلۋىگە قىيپاش يېنىنى قىلىپ غاز قانتى شەكلىدە ئولتۇرۇشتى. ئۇلارمۇ قورۇقچى ياۋايىلارنىڭ هىمايە چەمبىرىكى ئىچىدە ئىدى.

باتۇر بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ قالدى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قىستىلىپ، ئىتتىرىپ توپنى ئارىلاشقا باشلىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، مەيداندىكى ياۋايىلار خۇددى بىرى بۇيرۇق بەرگەندەك بىردىنلا ئوپۇر - توپۇر بولۇشۇپ مەيداننىڭ چەت - چۆرىسىگە تارقىلىشتى - دە، هايال ئۆتمەي، بوش قالدۇرۇلغان مەيدان ئوتتۇرىسىدىن خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا توم - توم ياغاچلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ باغلاپ ياسالغان بىر قاشا زاهىر بولدى. قاشا يۇمىلاق شەكىلدە، بوي ئېگىزلىكىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قىئات دەيدىغان بىر تاق مۈڭگۈزلۈك،

ئۆتكۈر چىشلىق، پۇتلىرى تۇياقلىق غەلىتە مەخلۇق ھۆركىرەپ يۈرەتتى. باتۇر كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە زاھىر بولغان بۇ قاشانى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى غەلىتە مەخلۇقنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. كۆزلىرىگە، سىزىمىگە ئىشەنمەي بېشىنى چايقىدى. نېمىدېگەن غەلىتە، قورقۇنچلۇق!... ئۇ بەلكىم مۇشۇ تاغ - ئورمانلىقتىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ۋەھشىي، ئەڭ ياۋۇز بىر يىرتقۇچ ھايۋان بولسا كېرەك. ياۋايىلار ئۇنى قاشاغا سولاپ نېمە قىلىدىغاندۇر؟ قانداق ئوۋلاپ تۇتقاندۇر؟!...

نۆۋەتتە ئەنە شۇ غەلىتە يىرتقۇچ بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى بويسۇندۇرۇش، باتۇرلۇق كۆرسىتىش مۇسابىقىسى باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ تانىيۆلەرنىڭ يوسۇنى بولۇپ، قەبىلە باشلىقى مۇشۇ ئارقىلىق توپ بېشى، سادىق قوغدىغۇچى تاللايتتى... باتۇر بۇنى مەيداندىكى كەيپىيات ۋە ئۆپچۆرىسىدىكى ياۋايىلارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرىدىن ھېس قىلدى. قىئات بىلەن ئېلىشىش!... بۇنىڭغا كىممۇ جۈرئەت قىلالىسۇن!... ئەگەر بىرەرى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشسىچۇ؟ ئېلىشىپ يەڭسىچۇ؟ ... ئۇ شۇلارنى ئويلاۋېتىپ بىردىنلا ئەقلىنى تاپتى. سىرلىق يەلۋىگە يېقىنلىشىشىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ياخشى پۇرسىتى بولماس!... ئۇ ئىككىلەنمەستىن، جەسۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنى كۆرۈپ ئۆپچۆرىدىكى ياۋايىلار «ھۇ!... ھۇ!...» دەپ دەۋرەشتى، سەكرىشىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ چۇقان سېلىشتى. بۇ ئۇلارنىڭ مەيدانغا چۈشكەن باھادىرغا مەدەت بېرىشكىنى ئىدى. باتۇر قاشانىڭ يېنىغا باردى، ئۇنىڭدىن ئارتىلىپ ئىچىگە چۈشتى، چۈشتىيۇ، قىئات دېگەن مەخلۇقنى يېقىندىن كۆرۈپ تېخىمۇ چۆچۈدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ئەمدى تاللاش پۇرسىتى، چېكىنىش يولى يوق ئىدى. ئۇ قانداق قىلىشنى ئويلاپ يەتكۈچە قۇتىرىغان قىئات ئۇنىڭغا خىرىس قىلىپ ئېتىلدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئېلىشىش باشلىنىپ كەتتى... قاشانىڭ سىرتىدىكى ياۋايىلار نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرىشاتتى، چۇقان سېلىشاتتى. ئېلىشىش يۇقىرى پەللىگە، خەتەرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەندە «ھۇ!...» دەپ دەۋرىشەتتى...
قىئات بىلەن ئېلىشىش ئۆزياش - ئۆلۈم ئارىلىقىدا خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى. بۇ جەرياندا باتۇر نەچچە مەرتەم ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلدى، تۇك باسقان بەدەنلىرى قىئاتنىڭ مۈڭگۈزلىرى، چىشلىرى، تۇياقلىرىنىڭ زەربىسىدە يارىلىنىپ قىپقىزىل قانغا بويالدى. لېكىن ئۇ ئاخىرغىچە بەرداشلىق بەردى. قىئات بىلەن جېنىنىڭ بارىچە ئېلىشتى. ئۇنى ھاردۇرۇپ، تېپىپ - مۇشتلاپ، بوغۇپ بويسۇندۇردى. قىئات يىقىلغاندا ئۇمۇ ھالسىزلىنىپ ھوشىدىن كەتتى.
باتۇر ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقاندا، ئۆزىنى قورام تاش تۈۋىدە، توپ باشلىقلىرى ئارىسىدا كۆردى. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ھالقا بولۇپ تۇرۇشاتتى. قەبىلە باشلىقىمۇ ئۇنىڭغا ئېگىزدىن قايىللىق نەزىرى بىلەن سەپسېلىۋاتاتتى. مەيداندىكى ياۋايىلار بولسا توختىماي چۇقان سېلىشاتتى... باتۇر ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلدى، ئورنىدىن قوزغىلىپ قوللىرى بىلەن پۇتلىرىنى تەڭ تىرەپ ئۆرە بولدى، ئاندىن سەل تۇرۇپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى - دە، مايمۇندەك چاققان ھەم چەبدەسلىك بىلەن بىر سەكرەپلا قورام تاش ئۈستىگە، قەبىلە باشلىقىنىڭ يېنىغا چىقتى.
«ھۇ!...»
ياۋايىلار ئۇنىڭ بۇ كارامىتىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى، تەنتەنە قىلىشتى. قەبىلە باشلىقىمۇ ھېچ ئىشنى كۆڭلىگە كەلتۈرمەي ئۇنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، قۇچاقلاش ئۈچۈن قولىنى ئېچىپ ئالدىغا باردى. ئەمما دەل مۇشۇ چاغدا، ئويلىمىغان يەردىن، ھەش - پەش دېگۈچە ئۇ باتۇرنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ، خۇددى يولۋاسنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن توشقاندەك تېپىرلاپ قالدى. بۇ ھال پەستىكىلەرنى — توپ باشلىقلىرىنى، قورۇقچىلارنى، مەيداندىكى ياۋايىلارنى ھەيران قالدۇردى. ئۇلار باتۇرنىڭ قولىدا، يەلۋىسىنىڭ بوغۇزىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ پارقىراپ تۇرغان خەنجەرنى كۆرۈپ تېخىمۇ چۆچۈشتى.

— ھەي يەلۋى! — دېدى باتۇر بۇقىدەك پۇشۇلداپ، ئېيىق-تەك ھاسىراپ تۇرۇپ، — ئۆلمەي دېسەڭ قوۋمىڭغا بويرۇق قىل، ئورنىدىن قىمىرلاشمىسۇن!

قەبىلە باشلىقى قورقۇپ، ئالاقزادە بولۇپ، خۇدنى يوقىتىپ قويۇپ دېگەچكە، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا دەرھاللا كۆندى ۋە خىرقىراپ تۇرۇپ ياۋايىلارغا بۇيرۇق قىلدى. پەستىكى توپ باشلىقلىرى ئۇ-نىڭ بۇيرۇقىنى ئىتائەت ۋە ساداقەت بىلەن تېخىمۇ ئۈنلۈك قىلىپ باشقىلارغا يەتكۈزدى. مەيـدانـدىكـى ياۋايـىلار سېھىرلەنگەندەك ئارقا - ئارقىدىن تىزلىنىپ باش ئېگىشتى.

— يارايسەن، ئەقلىڭ بار ئىكەن! — دېدى باتۇر خەنجىرىنى قەبىلە باشلىقىنىڭ بوغۇزىغا سوركەپ تۇرۇپ، — ئەمدى ئۇلارغا ئېيت، ياۋاشلىق بىلەن قوزغىلىپ تاغ - ئورمانلىقتىن چىقسۇن!

قەبىلە باشلىقى چوغاينىڭ تۆرىدىكى بۇ جىلغىدىن چىقىپ باقمىغىنى بىلەن باشقا ياۋايىلارغا قارىغاندا خېلىلا ئەقىللىق ھەم بىلىشلىك كىشى ئىدى. شۇڭا ئۇ باتۇرنىڭ سۆزىدىن ئۆزىنىڭ ۋە قوۋمىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتنى چۈشەندى. لېكىن ئۇ بۇ قېتىم ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا كۆنمىدى.

— ھەي ئالىپ، سەن كىم؟ مېنى نېمىشقا تۇتىسەن؟ — دېدى ئۇ باتۇرغا سوئال قويۇپ.

— بىلىپ قال! — دېدى باتۇر ئۇنى تېخىمۇ چىڭ ئىسكەنجىگە ئېلىپ، — مەن كۆك بۆرىنىڭ نەسلى، ھوننىڭ ئوغلانى باتۇر بولىمەن. بۇ يەرگە سەن قاۋاننىڭ بېشىنى ئۈزگىلى، قوۋمىڭنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇرۇقداشلىرىمنىڭ ئۆچىنى ئالغىلى كەلدىم!

## 7

ئىپتىدائىي تاغ - ئورمانلىقتىن چىققۇچە باتۇر ياۋايىلارنىڭ تىرىك تەڭرىسىنى ئۆز ئىسكەنجىسىدىن بىردەممۇ بوشاتمىدى. ئۇ-نىڭغا يېڭىدىن - يېڭى بۇيرۇق ۋە كۆرسەتمىلەرنى بېرىپ، تەھدىت

www.uyghurkitap.com

ۋە ھەيۋە قىلىپ، ياۋايىلارنى بىرىنىمۇ قالماي تاغ ـ ئورمانلىقتىن
چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. سۇجۇكتىن خەۋەر ئالغان تۇمەن تەڭرى-
قۇت ئاللىقاچان نەچچە مىڭ كىشىلىك لەشكىري قوشۇننى باشلاپ
كېلىپ تاغ باغرىدىكى ئورمان ياقىلىرىدا مۆكۈنۈپ ساقلاپ تۇرغان-
دى. ئۇ تاغ ـ ئورمانلىقتىن توپ ـ توپى بىلەن چىقىپ كېلىۋاتقان
ياۋايىلارنى خۇددى چاتقاللىق ئارىسىدىن سۈرۈپ ھەيدەلگەن كېيىك-
لەرنى ئوۋلىغاندەك ئوۋلاپ يوقاتتى.

باتۇر ئىسكەنجىسىدىكى تۇتقۇننى ئاتىسىنىڭ لەشكەرلىرىگە
تىرىك تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن «ئۇھ!» دەپ يېنىك تىن
ئالدى. ئۇ مانا مۇشۇ چاغدا ئاندىن «ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بول-
دى. مەنمۇ ئەسەن قالدىم» دەپ ئويلىدى ۋە نەچچە كۈندىن بېرى
ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن جىددىيلىكى پەسىيىپ، ئۆزىنى ئې-
غىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك، زۇلمەت ئىچىدىن يورۇقلۇققا
چىققاندەك، خەتەردىن قۇتۇلۇپ يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشكەندەك يې-
نىك، ئەركىن، خۇشال ھېس قىلدى. ئۇ غەلىبە شادلىقىغا تولۇپ
ئەتراپقا، قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ كىمخابتەك تاۋلىنىپ تۇرغان
ياپيېشىل ئوتلاققا، كۆك ئاسماندىكى بۇلۇت پارچىلىرىدەك توپ ـ
توپى بىلەن سۈرۈلۈپ يايلاۋاتقان مال ـ يىلقىلارغا، چاڭغىراقلىرى-
دىن تۇرۇم ـ تۇرۇم ئىس ـ تۈتەكلەر كۆتۈرۈلۈپ قايناق ھاياتىي
كۈچكە تولغان ئاۋۇللارغا، يىراقتىكى ئۇپۇق سىزىقى ئاستىدا قارى-
يىپ تۇرغان تۇمەنبالىققا تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك زوق ـ
ھاياجان بىلەن نەزەر سالدى. كۆز ئالدىدا ئۇياق ـ بۇياققا ئالدىراش
چېپىپ يۈرۈشكەن كىشىلەر ئارىسىدىن كىملەرنىدۇر ئىزدىدى.
ئۇنىڭ يۈرىكى رىتىمىنى بۇزۇپ ئويناقلاپ سوقاتتى، قەلبى
پەخىر ـ ئىپتىخار ۋە خۇشاللىق ھاياجىنىغا تولۇپ، ۋۇجۇدى
شادلىقتىن، ئەركىنلىكتىن يايرايتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ
ۋارقىرىغۇسى، كىملەرنىدۇر چاقىرىپ «مانا مەن باتۇر!...» دەپ
جار سالغۇسى، يەنە كىملەرنىڭدۇر يېنىغا بېرىپ ئېسىلغۇسى،
قۇچاقلىغۇسى كېلەتتى... شۇ ئەسنادا ئۇ بىردىنلا كۈنچىقىش سول

تەرەپتە، ئىككى ئوقتام يىراقلىقتىكى گۈلچىمەنلىك دۆڭنىڭ ئۈس-
تىدە توپلىشىپ تۇرۇشقان كىشىلەرگە دىققەت قىلىپ قالدى - دە،
كۆڭلى شۇئان بىر نەرسىنى تۇيۇپ، قەلبى ئىنتىزارلىققا تولغان
هالدا ئۇلار تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

تاغ باغرىدىكى دۆڭلۈككە توپلىشىپ تۇرۇشقانلار دەل ئۇنى
قارشى ئېلىشقا كەلگەن هون ئېسىلزادىلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ
ئارىسىدا ئۇنىڭ يېقىن كىشىلىرى — ئانىسى ئايقاغان، سۆيگىنى
سۇجۇك، جان دوستى ئەرقىل ۋە باشقا تۇغقان - تەڭتۇشلىرى
هەمدە ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭ غەلىبە قۇچۇپ قايتىپ كېلىشى-
نى ئۈمىد قىلغان باشقا كىشىلەرمۇ بار ئىدى. بەلكىم ئاتىسى
تۇمەن تەگرىقۇتمۇ ئۇنى شۇلار بىلەن كۈتۈۋاتقاندۇر... ئۇلار ئۇنى
تېزرەك كۆرۈشكە، قارشى ئېلىپ قۇچاقلاشقا، كۆككە كۆتۈرۈپ
ئالقىشلاشقا ئالدىراپ، قاياقتىن كېلىدىغانلىقىنى، قانداق پەيدا
بولىدىغانلىقىنى ئۇقالماي ئەنسىرەپ، ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈپ تۇ-
رۇشاتتى... ئۇلار يېقىنلاشقاندا، ئۇنى هەممىدىن بۇرۇن سۇجۇك
بايقاپ تونۇۋالدى.

—باتۇر! ... ئۇ ئەنە! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋا-
لالماي بۇغا بالىسىدەك سەكرەپ.

— قېنى؟ قايسى؟ ... — دەپ تېپىرلىدى ئالچى ئايقاغان
پەستىكى كىشىلەر ئارىسىدىن ئوغلىنى تونۇۋېلىشقا ئالدىراپ.

— ئەنە، بىزگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى سۇجۇك قولى
بىلەن كۆرسىتىپ.

— ئۇ؟ ! ... توۋا، شۈكەن! — ئانا تاقەت قىلالماي ئوغلىنىڭ
ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى، — ئوغلۇم!

— ئانا!

ئۇلار دۆڭلۈكنىڭ يان باغرىدا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— بۇ سەنمۇ، ئوغلۇم؟ كۆزلىرىمگە هېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋا-
تىدۇ، — دېدى ئانا ئوغلىنى تونۇيالمىغاندەك ئۇنىڭ چۇۋۇق چاچ-
لىرىغا، يادىغان، تاتارغان كۆكۈچ چىرايىغا، هارغىنلىق، جىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىيلىكتىن تېخىمۇ قىزارغان كۆزلىرىگە، يارا ئىزلىرى قايناپ تۇرغان يالىڭاچ، تۇكلۇك، چوغچام بەستى ـ قامىتىگە باشتىن ـ ئاياغ سەپسېلىپ، خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆككەن هالدا، — تۇۋا، قانداق بولۇپ كەتكەنسەن؟ ! بايا يىراقتىن كۆرۈپ قايسى بەتبەشىرە ياۋايىدۇر بۇ، دەپ تونۇيالمايلا قالدىم.

— بۇ مەن، ئوغلۇڭ باتۇر، ئەزىز ئانا، — دېدى باتۇر كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— شۇنداق، بىلىمەن، سەن شۇ، ئوغلۇم، يۈرەك باغرىم، كۆز قاراغىم! ... ئەسەنمۇسەن، بۈركۈتۈم؟ كۆزۈمدىن ئۇچتۇڭ، بەكمۇ سېغىندىم سېنى. ئەنسىرىدىم، قورقتۇم، شۇ ئايرىلغانچە كۆرەلمەي قالارمەنمۇ دەپ، كۈن ـ تۈن قۇت تىلەپ، سېنى ئەسەن ـ تۇكەل قايتىپ كەلسىكەن دەپ، تەڭرىلەرگە تېۋىندىم. سېنى ئويلاپ يۈرىكىم سۇ، باغرىم خۇن بولدى... يارايسەن، باتۇرۇم، ئىشەنگەن، يۆلەنگەن تېغىم. چوڭ بوپسەن، يېتىلىپسەن. مەن سەندىن پەخىرلىنىمەن. ئەمدى سەندىن ۋايىم يېمەيمەن! ...

ئانا كۆڭلىدىكىنى ئىزهار قىلىپ ئوغلىنىڭ دىدارىغا قانماستا، قارشى ئېلىشقا چوڭلار بىلەن بىللە كەلگەن قىز ـ ئوغۇل قۇرداشلار دۇررىدە يۈگۈرۈپ كېلىشىپ باتۇرنى ئورىۋېلىشتى ۋە ئۇنى دەس كۆتۈرۈشۈپ دۆڭلۈك ئۈستىگە ئاچىقىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پاكىز تارىنىپ تۇزدەك ياسانغان، بەخت ـ شادلىقتىن يۈرەكلىرى ئويناپ جېنى تېنىگە سىغماي قالغان سۇجۇك بىلەن قەلبى ئىپتىخارلىق هاياجانغا تولغان ئېگىز بويلۇق ئەرقىلمۇ بار ئىدى. ئۇلار قۇشقاچلاردەك چۇرقىرىشىپ باتۇرنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەشتى. ئۇنى بېشىدىن ئېگىز قىلىپ كۆتۈرۈپ، ئاسمانغا ئېتىپ كۆكلىتىپ چۇقان ـ سۈرەن سېلىشتى. دۆڭلۈككە تـوپلانغان ۋە ئـۇزلـۇكسىز توپلىنىۋاتقان كىشىلەرمۇ ياشلارنىڭ بۇ چۇقان ـ سۈرەنلىرىگە جور بولۇشتى. ئالقىش ـ مۇبارەك سادالىرىنى ياڭرىتىپ ئوران تووۋلاشتى.

— باتۇرغا ئاتاق!
— ياشا، باتۇر، باي بول!
ھەممە چەكسىز خۇشاللىقا چۆمۈپ توختىماي تەنتەنە قىلىشاتتى. چۇغاي تېغى، ئۇنىڭ باغرىدىكى كەڭرى يايلاق ئۇلارنىڭ بۇ تەنتەنە سادالىرىدىن لەرزىگە كېلىپ تىترەيتتى... شۇنداق، ئۇزاقتىن بېرى ئۇلارنى ئۇزۇلدۇرمەي پاراكەندە قىلىپ قاڭغىر قاقشاتقان، مال - ۋارانلىرىنى تالان - تاراج قىلىپ، ئاۋۇل - قىشلاقلىرىنى بۇزۇپ، ئۆرتەپ بىرەر كۈنمۇ ئاراملىق بەرمىگەن ئۆكۈش، ياۋۇز، ۋەھشىي ياۋايىلار ئاخىر بويسۇندۇرۇلدى. ئاپەت يوقىلىپ، ئەل - يۇرت ئەمىن تاپتى. بۇنداق ئەھۋالدا، بۇنداق پەيتتە ئۇلار خۇشال بولماي، تەنتەنە قىلماي تۇرالايتتىمۇ؟ ئۆزلىرىنى مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتۈرگەن باتۇر تۇرسا، ئۇنىڭ قەيسەرلىكىگە تەشەككۈر، ئالقىش ياغدۇراتماي، شان - شەرەپلەر ياغدۇرماي تۇرالايتتىمۇ؟!
دەل مۇشۇ چاغدا، توپلىشىپ تەنتەنە قىلىشىۋاتقان كىشىلەر توپىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا، قوللىرى قىل ئارغامچىلار بىلەن باغلىنىپ بىر - بىرىگە چېتىلغان بىر نەچچە ياۋايىنىڭ يالاپ كېتىۋاتقان قوپال بىر يىگىت دۆڭلۈكتىكى كىشىلەرنىڭ ئاسمان - پەلەككە يەتكەن تەنتەنە سادالىرىنى ئاڭلاپ، ئالدىدىكى ياۋايىلارنى قەھر - غەزەپ بىلەن ئۇرۇپ - دۆشكەلەشتىن توختىدى - دە، قان تېمىپ تۇرغان تاسما قامچىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ ئۇلار تەرەپكە قاراپ ماڭدى. چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ چاڭگىلاشقان، كۆزلىرى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەن، باش - يۈز، بويۇن - بىلەكلىرىنى سانسىزلىغان يارا، تارتۇق ئىزلىرى قاپلىغان، تۇرقىدىن نۇرغۇن قېتىم جەڭ - سوقۇشلارغا قاتنىشىپ ياۋنىڭ قىلىچ - توقماقلىرى ئارىسىدىن ئامان قالغان ئالىپ چەۋەندازغا ئوخشىشىدىغان بۇ ناتونۇش يىگىت دۆڭلۈككە چىقىپ كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتتى - دە، توپتوغرا باتۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— ھاي، باتۇر دېگەن سەنمۇ؟! — دېدى ئۇ ئۈنلۈك ۋارقىراپ.

ماختاشقا تولغان ئالقىش ـ تەنتەنە سادالىرى ئىچىدە يىگىتلەر تەرىپىدىن ئاسمانغا ئېتىلىۋاتقان باتۇر بۇ ناتونۇش يىگىتنىڭ قوپال، قاتتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يىگىتلەرگە «بولدى، توختاڭلار» دەپ يەرگە چۈشتى ـ دە، ئۈنىڭ ئالدىغا باردى.

— ئۆزۈڭ كىم؟ مەندە نېمە ئىشىڭ بار؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى ئۇ ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش چوڭ بۇ سۈرلۈك يىگىتكە باشتىن ـ ئاياغ سەپسېلىپ، ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن.

يىگىت دەرھال جاۋاب بەرمىدى، قانداقتۇر بىر ھاياجاندىن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ھاسىرىغىنىچە باتۇرغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئۈنىڭغىچە ئۇنى باتۇر بىلەن كۈچ سىنىشىپ ئېلىشقىلى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشقان كىشىلەر ئارقىغا داجىپ ئارىنى بوش قالدۇرۇشتى ـ دە، ئۆپچۆرىدە دائىرە بولۇپ تۇرۇشتى. دېمىسىمۇ ئۈنىڭ تۇرقىدىن جاسارەت يېغىپ تۇراتتى. كىشىلەر باتۇرغا قاراشتى. ئازراق تەئەججۈپلىنىپ تۇرغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇمۇ بوش كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ياشلار ئارىسىدا بۇنداق كۈچ سىنىشىش، ئېلىشىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ھون ياشلىرىنىڭ ئادىتى، ئەركەكلىك جاسارىتى، قىزىقارلىق، مەنىلىك ئويۇنلىرىدىن بىرى. بىراق ئۇلار قانداق ئۇسۇلدا ئېلىشار؟ مۇشت ـ پەشۋا ئېتىپ جانبازلىق قىلىشارمۇ ياكى بەللىرىدىن ئېلىشىپ چېلىشارمۇ؟... ئەپسۇس، ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقمىدى. باتۇر سالماقلىقىنى ساقلاپ تۇرۇۋەردى. يىگىتنىڭ ئەلپازى بىردىنلا ئۆزگىرىپ چىرايى قايغۇلۇق تۈسكە كىردى ـ دە، تارتۇق باسقان ساقاللىق يۈزلىرى لىپىلداپ، قېلىن لەۋلىرى ئۈمچەرەپ، كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىرلاشقا باشلىدى.

— ئۇ تۇقىش ئوغلان! — دېدى كىشىلەر توپى ئارىسىدىكى بىرى يىگىتنىڭ ئورنىدا باتۇرغا جاۋاب بېرىپ، — ئۇ ياۋايىلاردا قانلىق ئۆچى بار يىگىت...

باتۇر ناتونۇش يىگىتكە باشقىدىن نەزەر سالدى، ھېسداشلىقى قوزغىلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولدى. ئۇنىڭغىچە كۆز چاناقلىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلگەن تۇقىش ئوغلان ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى.

— بۇ چاغقىچە سەن نەدە ئىدىڭ؟ !... — دەپ ئېچىنىشلىق نالە قىلدى ئۇ، — ئاھ تەڭرىم، ئۇنى بالدۇرراق يېنىمىزغا ئەۋەت-سەڭ بولماسمىدى!...

تۇقىش ئوغلان باتۇرنى قۇچاقلىغىنىچە بوزلىغان نار تۆگىدەك ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ شۇنچە زور بەستى - قامىتى ئىچ - ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان دەرد - ئەلەم، قايغۇ-ھەسرەتتىن ياپراقتەك تىترەيتتى... كىشىلەر بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ قايغۇغا چۆمۈشتى. بەزىلەر ئېچىنىشلىق ئۆتمۈشنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلىشتى.

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، تۇقىش ئوغلان، — دېدى باتۇر تەسەل-لى بېرىپ، — كۆڭلۈڭنى بۇزما. ئۇ كۈنلەر ئەمدى كەلمەسكە كەتتى. بېشىڭنى كۆتۈر، مەغـرۇر ياشـا، ھايات يولۇڭ تېخى ئۇزاق، تۇقىش ئاغا!...

— ھەئە، ئۇنداق كۈنلەر ئەمدى كەلمەسكە كەتتى، — دېدى تۇقىش ئوغلان باتۇرغا ئېسىلىپ كۆز ياشلىرىنى مۇرىسى بىلەن ئېرتىپ، — سەن ئۇ قارا كۈنلەرنى كەلمەسكە كەتكۈزۈۋەتتىڭ. بىزنى ئاپەتتىن، تالان - تاراجدىن، قان - ياشتىن ساقلاپ قال-دىڭ. ئۆچمىزنى ئېلىپ بەردىڭ. سەن بىزنىڭ شەپقەتچىمىز، نىجاتكارىمىز، ئىشەنگەن ھەم يۆلەنگەن تېغىمىز! تەڭرىلەر ساڭا قۇت بەرسۇن، باتۇر، كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلسۇن. ياشا، باي بول!

ئۇ شۇلارنى دەپ باتۇرنى يەنە قۇچاقلىدى، ئاندىن زوڭزىيىپلا ئۇنى مۇرىسىگە ئېلىپ ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، كىشىلەرنى يەنە چوڭقۇر ھاياجانغا سالدى. چۇقان - سۈرەن، ئالقىش - تەنتەنە سادالىرى قايتىدىن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن چۈشلۈك چاغدا تۇرلۇك ئىش-ئوزۇق، توق ۋە تۇغ ئىلىپ تەرەپلەردىكى قەبىلىلەردىنمۇ خۇش خەۋەر ئېلىپ خەۋەرچىلەر كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ياۋايىلار ئۇ يەردىمۇ خۇد-دى بىرى سۇر - توقاي قىلغاندەك تاغ - ئورمانلىقتىن توپ - توپى بىلەن، ئارقا - ئارقىدىن چىقىپ كېلىپ ئۆزلىرىگە باش ئەگكەنمىش. يەنە تېخى «تەڭرى بىزنى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇ-غان. شۇنداق قىلساڭلار ئامان قالىسىلەر دېگەن. مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار دېگەن. ئۇ قېنى؟ ئۇ ساقمۇ؟» دەپ سوراشقانمىش...

شۇنداق قىلىپ، ئەمدىلا ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان ئون بەش ياشلىق باتۇر ئۆز ھاياتىدىكى تۇنجى قېتىملىق بۇ ئەڭ چوڭ تەۋەككۈلچىلىكتە ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسىنى، قورقۇمسىز جاسارىتىنى، يېتىشكەن پاراسەت ۋە تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ، قىئاتنى يېڭىپ، ياۋۇز تانيۈلەر ئۈستىدىن شانلىق غەلىبىگە ئېرىشتى، ئەل - يۇرتنى تالان - تاراجدىن، قان - ياشتىن، سەرسانچىلىقتىن ساقلاپ، ئاتىسى تۇمەن تەگرىقۇت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خان - بەگ، ئاقساقاللارنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا، ھۆرمەتلىشىگە، ئەلكۈننىڭ ماختىشى ۋە ئالقىشىغا سا-زاۋەر بولدى. باتۇر ئالىپ دەپ ئاتىلىپ، شان - شۆھرىتى يىراق ئاۋۇللارغىچە تارالدى.

ئۇنىڭ غەلىبىسى تۇمەن تەگرىقۇتقا نىسبەتەن قوش غەلىبىگە ئايلاندى. ئۇ ئوغلى باتۇر ئارقىلىق ياۋۇز تانيۈلەرنى بويسۇندۇرۇپ ئەل - يۇرتنى تىنچلاندۇردى، ئەتراپتىكى تارقاق قەبىلىلەرنى ئۆز تۇغى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ كۈچ - قۇدرىتىنى ئاشۇردى. ئۇ تۇمەن-بالىقتا غەلىبىنى تەبرىكلەپ چوڭ توي ئۆتكۈزدى. بۇ ھەم باتۇر بىلەن سۈجۈكنىڭ ھالاللىق قوشۇلۇش تويى بولدى. تويغا تۇمەن تەگرىقۇت ئۆزى باشچىلىق قىلدى. مىڭلاپ مال سويۇپ، كوزىلاپ بال تۆكتى. توي ئىككى ھەپتىگىچە داۋاملاشتى.

تويدىن كېيىن تۇمەن تەگرىقۇت يەنە ئودىكامدا ئاقساقاللار

يىغىلىشى ئۆتكۈزدى. بۇنداق يىغىلىشتا ئۇ چوقۇم بىرەر مۇھىم قارار ئېلان قىلاتتى ياكى كۆڭلىدىكى ئوي - پىكرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئۇ ئەسلىدە بۇ يىلقى ئۇلۇغ ئوغلاقئاي بايرىمىدا، يەنە بىر ئايدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان هون قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ قۇرۇلتىيىدا باتۇرنى تەگىن ئۆگەلىكتىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى ئوغلى يۈيۈكنى تەخت ۋارىسى قىلىپ بېكىتمەكچىدى. هالبۇكى چوڭ ئوغلى باتۇرنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتى، پىداكارانە روهى ۋە بۇ قېتىمقى شانلىق غەلىبىسى ئۇنى بۇ نىيىتىدىن ۋاز كېچىشكە، قارارىدىن يېنىشقا مەجبۇر قىلدى. يىغىلىشتا ئۇ باتۇرنى سول يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن ئاچچىق بال قۇيۇپ تۇتتى. خان - بەگلەر، ئاقساقاللار ئالدىدا، يۇتكۇل ئەل - يۇرت ئالدىدا ئۇنىڭغا قارىتىپ مەدهىيە ياغدۇردى، ئاندىن:

— ئوغلۇم باتۇر چوڭ بولدى. ئۆتكۈر، قەيسەر، پاراسەتلىك ھەم جەسۇر، ئالىپ چەۋەنداز بولۇپ يېتىشتى. ياۋۇز تانيۈلەر قەبىلىسى ئۇستىدىن قىلىنغان غەلىبە مېنىڭ بۇ تەرىپ - باھالىرىمنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئەلكۈنىنىڭ پەخىر - ئىپتىخارى، باھادىرى، ئوتلاقىنىڭ شان - شەرىپى، غۇرۇرى، تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ ئۇل تۈۋرۈكى بولۇشقا مۇناسىپ. شۇڭا ئۇ بۈگۈندىن باشلاپ — تەڭرىقۇتلۇقنىڭ بىرانغارى (شەرقتىكى زېمىن) غا سول قول بىلگە خان بولسۇن! — دەپ تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى.

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

## هونلار تەس كۈندە

### 1

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 215 ـ يىلى چايان ئېيىنىڭ[1] ئاخىرقى كۈنلىرىدىن بىرى، تۈن بىلەن تاڭ گىرەلىشىپ تۇرغان چاغ ئىدى.

تۈنۈگۈن كەچ تولۇن ئاي شەرق ئۇپۇقىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئوتلاق ئاسمىنىدا پارلىغان چاغدىلا كۆككە بويسۇنغان بۇ پەشتاقلىق ئېگىز مۇنار ئۈستىگە چىقىپ يۇلتۇز كۆزىتىشكە باشلىغان ئىلاھىي تەڭرى-لىكنىڭ باش قامانى ھېلىمۇ نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن پايانسىز ئاسمانغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. تۈن بويى يۇلتۇز كۆزىتىش ئۇنى خېلىلا چارچاتقانىدى. لېكىن، قەلبىدىكى مۇقەددەس ئېتىقاد ۋە كۈچلۈك ئىنتىلىش، زىممىسىدىكى ئېغىر مەسئۇلىيەت ئۇنى تاقەت قىلىپ چىداشقا، ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىشكە ئۈندەيتتى...

تولۇن ئاي چەت ـ چۆرىسى قاراڭغۇ ئۇپۇققىچە كېڭەيگەن تۇمەن يايلىقىنىڭ غەرب تەرىپىگە باش قويدى. ئەۋلىيا سۈپەت قېرى قامان ئۇنىڭغا — يالچىق تەڭرىسىگە ئاخىرقى قېتىم چوقۇن-دى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنى رۇسلىدى ـ دە، يەنە يۇلتۇز كۆزىتىشكە باشلىدى. يەر بىلەن كۆك ئارىلىقىنى تاڭ ئالدىدىكى

---

① چايان ئېيى — 8 ـ ئاي.

بىر مەھەللىك گۆگۈمنىڭ ئۆلۈك قاراڭغۇلۇقى قاپلىغان، كۆك تېخىمۇ تىنىقلىشىپ يارقىن يۇلتۇزلار جۇلالىق چاقناشقا باشلىغاندى. دەل مۇشۇ پەيتتە يىراقتىكى تاغ - ئورمانلىقتىن، بوز - قىرلاردىن بۆرىلەرنىڭ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇپ ھۇۋلىغان سىرلىق، ئەلەملىك ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ قېرى قامان بىردىنلا سەگەكلەشتى، دىققىتىنى، كۆز نۇرلىرىنى يىغىپ كۆككە باقتى. ھايال ئۆتمەي سانسىزلىغان يۇلتۇزلار چىمىرلىشىپ تۇرغان ئاسمان گۇمبىزىنىڭ كۈن تەرىپىدە ئوڭاي[1]بىلەن سەكەنتىر[2]، تۈن تەرىپىدە سەۋىت[3]بىلەن ئارزۇ[4]يۇلتۇزلىرى زاھىر بولدى. بۇنى كۆرۈپ قېرى قاماننىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. ئۇ ئۇلۇغ تۆز كۆك بۆرىنىڭ بېشارىتى بىلەن مۇقەددەس، خاسىيەتلىك يۇلتۇزلارنى ئاخىر ئىزدەپ تاپقانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ھارغىنلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان بولۇپ، ئۆزىنى قۇشتەك يەڭگىل، كۆڭلىنى كۆكتەك ئازادە، پىكرىنى ئۆگۈزدەك تېرەن ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ يۇلتۇز تەڭرىسىگە — خاسىيەتلىك يۇلتۇزلارغا چىن ئىخلاس ۋە چەكسىز سۆيۈنۈش بىلەن چوقۇندى، ئاندىن نەۋقىران يىگىتلەردەك چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن قوپتى - دە، غۇلاچلىرىنى كەڭ ئېچىپ: «يوسۇن بايرىمى يېتىپ كەلدى! كۆك تەڭرىنىڭ سىيماسى ئوتلاق ئاسمىنىدا پەيدا بولۇپ كىشىلەرگە خۇش خەۋەر كەلتۈردى. ئەمدى مۇقەددەس ياپلىقىمىز قۇت - بەرىكەت ۋە تىنچ - ئاسايىشلىققا، سولغۇن قەلبىمىز ئوتلۇق مۇھەببەت ۋە بەخت - شادلىققا تولغۇسى! ···» دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى.

ئۇنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازى بۆرىلەرنىڭ سىرلىق ھۇۋلاشلىرىغا قوشۇلۇپ ياڭراپ، شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان كىشىلەرنى ئويغىتىۋەتتى. كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۆي - چېدىرلىرىدىن چىقىش-

① ئوڭاي — يۇپىتېر.
② سەكەنتىر — ساتۇرن.
③ سەۋىت — ۋېنېرا، زۆھرە، چولپان يۇلتۇزى.
④ ئارزۇ — مېركۇريي، بەخت يۇلتۇزى.

تى ـ دە، جۇپ ـ جۇپ كۆزلىرى بىلەن پايانسىز كۆكنى ئاختۇرۇپ، ھېلىقى مۇقەددەس، خاسىيەتلىك يۇلتۇزلارنى ئىزدەپ تاپتى ۋە ھاياجان ئىلكىدە باش قامانىڭ دۇئاسىنى قايتا زىكىر قىلىشتى!... شۇ تاپتا، كۆك تەڭرىنىڭ ئەلچىسى بولمىش قېرى قامان جاكارلىغان خۇش خەۋەر ساداسى شىمالىي ئېگىزلىكنىڭ سۇبھى دەمدىكى تىنچ ئاسمىنىدا سەلتەنەت بىلەن ياڭرىماقتا ئىدى. كۆپچىلىك بۇنىڭدىن تۇمەنبالىققا بېرىپ مۇقەددەس ئىبادەت ئورمانلىقىغا جەم بولىدىغان، ھەممەيلەن بىرلىكتە تەڭرىلەرگە، ئەجدادلارغا سېغىنىپ قۇربانلىق قىلىدىغان ۋە يىلدا بىر كېلىدىغان ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي بايرىمىنى قارشى ئېلىپ شادلىق تەنتەنىسى قىلىشىدىغان قۇتلۇق كۈننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىۋېلىشتى.

ئالتۇن كۈزدىكى يوسۇن بايرىمىنى كىشىلەر قۇياشقا تەلپۈنگەندەك ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈشۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بۇ قۇتلۇق كۈنگە قارىتا يوشۇرۇن ئارزۇلار بار ئىدى. نامراتلار باي بولۇپ چارۋىدارغا، قۇلدارغا ئايلىنىشنى، گۇناھكارلار سەدىقە ـ ساخاۋەت قىلىپ گۇناھلىرىدىن ساقىت بولۇشنى، بىمارلار قۇربانلىق بېرىپ كېسەللىرىدىن ساقىيىۋېلىشنى، ئېغىرئاياغ ئاياللار ساق ـ سالامەت يەڭگىپ ئوغۇل تۇغۇشنى، كىچىكلەر چوڭ بولۇشنى، چوڭلار بولسا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى... ئارزۇ قىلىپ ئۆزلىرىنى بەزلەيتتى.

بۇرچىنىڭ بەشىنچى، ئالتىنچى كۈنلىرى ئەڭ خاسىيەتلىك كۈنلەر ھېسابلىناتتى. ئوغلاق ئاي بايرىمىنىڭ قايسى كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ئېنىق بولۇش بىلەنلا كىشىلەر روھلىنىپ، ئالدىرىشىپ كېتىشتى. بۇ قۇتلۇق كۈننى ئۆزگە يارىشا كۈتۈۋېلىش ۋە ئۆزىتىپ قويۇش ئۈچۈن يېقىندىكىلەر مېھمان كۈتۈۋېلىشنىڭ، قۇربانلىق قىلىنىدىغان جان ـ جانىۋارلارنىڭ، ئاش ـ سۇنىڭ غېمىنى قىلىشقا باشلىدى. يىراقتىكىلەر بولسا سەپەر تەييارلىقىنى تۈگىتىپ، چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن تۇمەنبالىققا قاراپ يولغا چىقىشتى. ئات، قېچىر، تۆگە، تورپاق تۇياقلىرى، ھارۋا چاقلى-



www.uyghurkitap.com

ـرى ۋە كىشىلەرنىڭ ئاياغلىرى زېمىنغا ئىز تاشلاپ كېتىۋاتاتتى.
ئۆي ـ چېدىرلاردىن، ئاۋۇل قىشلاقلاردىن، ئېكىنزارلاردىن چىد-
قىپ دوقمۇشلاردا ئۇچراشقان؛ چوغاي تېغىنىڭ ئارقىسى، كۆن،
تۆن تەرەپلىرىدىن، بۆرە، قۇلان تاغلىرى ئېتەكلىرىدىن سېرىق
دەريا ئەگمىسى ۋادىسى، ئوردوس يايلاقلىرىدىن، چوڭ ھىنگان
تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە نۇرۇلغۇ تاغلىرى ئېتەكلىرىدىن توپ ـ توپ
بولۇپ كېلىشىپ ئۇلۇغ يوللاردا جەم بولغان كىشىلەر تومۇز تاشقى-
نىدەك ھەيۋەتلىك ئېقىنلارنى ياساپ پايتەخت تۇمەنبالىققا قاراپ
ئاقماقتا ئىدى.
قىسقىغىنا بىرنەچچە كۈن ئىچىدە تۇمەنبالىق سەيلە ـ تاۋاپچى-
لار بىلەن لىق تولۇپ تېخىمۇ ئاۋاتىلاشتى. قورغان ئىچىدىكى
كوچا ـ مەيدانلارغا، سەينالارغا، قورغان سىرتىدىكى ئوتلاقلارغا،
ئۆگۈز بويلىرى، ئورمان ياقىلىرىغا يەنە يېڭىدىن نۇرغۇنلىغان
چېدىر ـ كەپىلەر تىكىلىپ ۋاقىتلىق تۇرالغۇلار بەرپا قىلىندى.
قورغان ئىچى ۋە سىرتىدىكى قۇنۇم، ئاغا بازار[1]شاۋقۇنلۇق ئادەم
دېڭىزىغا ئايلاندى. يەرلىكلەر مېھمان كۈتۈش بىلەن ئالدىراش
بولۇپ كەتتى. مېھمانلار بولسا تۇغقان يوقلاپ، سەيلە ـ زىيارەت
قىلىپ، كېزىلىپ، كېكىرىپ يۈرەتتى.
كۈن قاپاغ سىرتىدىكى ئاغا بازار قايناقلىقى بىلەن ھەممىنى
بېسىپ چۈشەتتى. ئۇ يەردە زەرگەرچى ئۇستىلار ئۆزلىرىنىڭ ئال-
تۇن، كۈمۈش ۋە قىممەت باھا جاۋاھىراتلاردىن ياسىغان
تولغاچ، كۆپە[2]، كىمسەن، ئۆكمەك[3]قاتارلىق زىبۇزىننەت بۇيۇم-
لىرىنى، تۆمۈرچى ئۇستىلار ياخشى تاۋلانغان تۆمۈر ۋە چويۇنلار-
دىن سوقۇپ ياسىغان قىلىچ، قىڭراق، نەيزە، قالقان، دۇبۇلغا،
ساۋۇت قاتارلىق ياراغلىرىنى، چالغا، ئورغاق، قوش، ئوتىغۇچ،
تاقا، ئۈزەڭگە قاتارلىق قورال ـ سايمانلىرىنى، سىراشلار[4]بۇغا،

① ئاغا بازار — سودا ـ سېتىق، ئالماشتۇرۇش بولىدىغان جاي، بازالار.
② كۆپە — ئاياللار قۇلىقىغا تاقايدىغان ھالقىلارنىڭ بىر خىلى.
③ ئۆكمەك — ئاياللار قۇلىقىغا تاقايدىغان زىننەت بۇيۇمى.
④ سىراش — مەخسۇس ئات ـ ئۇلاغ جابدۇقلىرىنى ياسايدىغان ھۈنەرۋەن.

www.uyghurkitap.com

ئېگەر، نوختا، يۈگەن، بەلۋاغ ـ قۇشقۇنلىرىنى، كۇلالچىلار كوزا ـ كومزەك، ھېجىر تاۋاق، تامغالىقلىرىنى[1]، بۇلغارچىلار كۆن ـ ئەلتېرە، ئۆتۈك ـ ئاياغ، جۇۋا ـ تەلپەكلىرىنى، ئېكىنچىلار ئاشلىقلىرىنى، چارۋىچىلار ماللىرىنى، ئوۋچىلار تېرە ـ مۈڭگۈزلىرىنى... بار ئاۋازى بىلەن ماختاپ خېرىدار چاقىرىپ سېتىشاتتى ياكى تەڭ قىممەتتە نەرسىنى نەرسىگە تېگىشەتتى. ئۇلار سودىلاشقاندا، نەرسە ئالماشتۇرغاندا، باھا تالىشاتتى، پۈتۈشكەندە، قوللىرىنىڭ ئالقىنىغا تۈكۈرۈپ يەرگە سۈۋاپ قوللىشاتتى. پۇل ـ نەرسىلەرنىمۇ يەرگە تاشلاپ، توپىغا سۈۋاپ ئاندىن ئالاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ مۇقەددەس يەر تەڭرىدىن بەرىكەت تىلىگىنى ئىدى.

بۇ كۈنلەردە پايتەخت تۇمەنبالىقنىڭ قەددى ـ قىياپىتىمۇ تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ باشقىچە بىر كۆركەم، گۈزەل تۈسكە كىرگەنىدى. كوچا ـ مەيدانلار، پەچكۈم، پەشتاقلار، ھويلا ـ ئاراملار پاكىز سۈپۈرۈلۈپ سۇ سېپىلگەن، قوۋۇقلارغا، ئىشىك ـ دەرۋازىلارغا، كوچىلارغا رەڭدار تۇغ ـ ئەلەملەر چىقىرىلغان، ئۆي ـ چېدىرلارنىڭ تۈۋرۈك ـ موملىرىغا ئۇرۇق ـ ئىتتىپاق بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن ئەلەملەر؛ ياغاچ، مېتال پارچىلىرى، قۇش پەيلىرى، يۇڭ ـ چۈپۈر، لاتا ـ پۇرۇچلار... باغلانغان ئارغامچىلار تارتىلغان، ئوردا ـ ھەرەم، تەڭرىلىك پەشتاقلىرىغا، ھويلىلارغا، ساغىرلارغا، ئۆيلەردىكى تەكچە ـ ئويۇق، تاختۇش، ساندۇق تۆپىلىرىگە بالىلارنى، قېرى ـ چۈرىلەرنى، مال ـ ۋاران، جان ـ جانىۋارلارنى يامان كۆز، ئاغرىق ـ سىلاق، ئۆلۈم ـ يېتىم ۋە باشقا بالايىئاپەتلەردىن ساقلايدىغان بۇت ـ ھەيكەللەر، ياغاچ، لاتا قونچاقلار چىقىرىپ قويۇلغان، كىشىلەر بولسا پاكىز يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ، يارىشىملىق يېڭى كىيىملەرنى كىيىشىپ چىرايلىق ياسىنىشقانىدى.

بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن كىشىلەر يەنە ھەرخىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. ياش يىگىتلەر ئات چاپتۇرۇپ، ئوقيا ئې-

---

[1] تامغالىق — ئۆرىق، دومبا.

تىپ، نەيزە تاشلاپ، بۇقا كۆتۈرۈپ... كۈچ - ماھارەت كۆرسىتى-
شەتتى. قىزلار بولسا ئۇلارغا مەدەت بېرىپ ناخشا - قوشاق ئوقۇ-
شاتتى. ئۇلپەتلەر ئاڭۇن① قۇرۇپ ئاغارتقۇ②، سۇچىك، بوزا، قى-
مىز ئىچىشەتتى. ئىلاھىي تەڭرىلىك ۋە باشقا ئىبادەتخانىلاردا
تاۋاپ - تىلاۋەت، سەدىقە - ساخاۋەت قىلىدىغان تەقۋادار شامان
دىنى ئابىتلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. تەڭرىلىك سەينالىرى،
مەيدانلار ۋە قورغان سىرتىدىكى قاتار - قاتار ئاق كىگىز ئۆيلەر
ئارىسىدا گۇلخانلار چاراسلاپ ياناتتى. قامانلار ياغاچ گەردىشلىك،
تۆمۈر ھالقىلىق تۇمرۇكلىرىنى③ داراڭلىتىپ چېلىپ، گۇلخان ئەت-
راپىنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىپ قەسىدە - مۇراجىئەت ئوقۇشسا،
كۆكتىن چۈشكەن پەرىلەردەك ياسانغان ئايال قاملار ئوتتۇرىغا چۈ-
شۈپ يىلاندەك تولغىنىپ، قۇيۇندەك چۆرگىلەپ، كېپىنەكتەك
غۇلاچ كېرىپ جەلپكار ساماۋى ئۇسسۇللارنى ئوينايتتى... قىس-
قىسى، پايتەخت تۇمەنبالىقنىڭ سەلتەنەتلىك ئاسمىنىنى شاد -
خۇرام ئاۋازلار لەرزىگە كەلتۈرگەنىدى.

## 2

يىل ھېسابى بويىچە يا④ ئېيىنىڭ 5 - كۈنى، يەنى ھونلارنىڭ
كۈزدىكى كاتتا يىغىلىشى، يوسۇن بايرىمى باشلىنىدىغان قۇتلۇق
كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. بۇ كۈنى كىشىلەر باشقا كۈنلەردىكىگە
قارىغاندا بالدۇر، ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئىشىك - دېرىزى-
لەر كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئېچىۋېتىلدى. كىشىلەر شەرق ئۇپۇ-
قىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرىنى كۈنچىقىشقا
يۈزلىنىپ، كۈلۈمسىرەپ، خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىشتى.
تۇغقانلار، قوشنىلار، ئۇرۇقداشلار يېڭى كۈن، قۇتلۇق كۈن مۇنا-

---

① ئاڭۇن — سورۇن، پەكا.
② ئاغارتقۇ — بۇغداي يارمىسى ئېچىتىلىپ ياسالغان ھاراق.
③ تۇمرۇك — شامان باخشىلىرى چالىدىغان داپ.
④ يا ئېيى — 9 - ئاي.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

سۈيتى بىلەن ئۆزئارا تەبرىكلىشىپ، ياخشى تىلەكلەرنى تىلەشتى.
هونلار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا، ئاسمان، زېمىن، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارغا چوقۇناتتى. ئۆي سالغاندا، چېدىر - بارگاھ تىككەندە، ئالدىنى، ئىشىك - دېرىزىلىرىنى كۈنچىقىشقا قارىتاتتى. ئولتۇرغاندا سول تەرەپنى تۆر بىلىپ، شىمالغا يۈزلىنىپ ئولتۇراتتى. تەڭرىقۇتتىن تارتىپ قارا بودۇنلارغىچە ھەممىسى ھەر تاڭدا چېدىر - بارگاھىدىن چىقىپ يېڭى چىققان قۇياشقا، كېچىلىرى ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا تېۋىناتتى. ھەرقانداق يىغىلىش، مۇراسىم، لەشكىري يۈرۈش ۋە سەپەرلەردە، سودا - سېتىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋ ئوۋلاش ئىشلىرىدا ئاسمان - زېمىنغا سېغىنىپ ئوخشۇلۇق، قۇت - بەرىكەت، بايلىق ۋە تىنچ - خاتىرجەملىك تىلەيتتى. قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ — تەڭرىقۇتلۇقنىڭ چوڭ، مۇھىم ئىشلىرىدىن تارتىپ ھەربىر ھون ئائىلىسىنىڭ ئۇششاق ئىشلىرىغىچە بولغان ھەر قانداق بىر ئىشنى كۆكتىكى كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارغا بېقىپ، ئۇلاردىكى ئۆزگىرىش ياكى بېشارەتلەر بويىچە قارار قىلاتتى ياكى بىر تەرەپ قىلاتتى. يۈرۈش - سوقۇشلاردا، كۆچۈشلەردە كۈندۈزى كۈن تىكلىنىپ، كېچىسى ئاي تولسىلا ھۇجۇمغا ئۆتەتتى ياكى سەپەرگە ئاتلىناتتى. كۈن، ئاي تۇتۇلسا ياكى كەمتۈكلەنسە ۋە ياكى پاتسا، يۈرۈشتىن توختاپ، سوقۇشتىن چېكىنەتتى.
دەپنە ئىشلىرىدا ئىچ - تاش قوش تاۋۇت ياساپ، مېيىت بىلەن بىللە ئالتۇن - كۈمۈش، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا قىممەتلىك نەرسىلەرنى قوشۇپ كۆمەتتى، قەبرىگە كۆچەت تىكمەيتتى، قارىلىق كىيمەيتتى. ھازىدار تىرنىقى بىلەن پېشانىسىنى تىلىپ قان چىققۇچە يىغلايتتى. تەڭرىقۇت ئۆلسە، بىرمۇنچە بايلىق قوشۇپ كۆمۈلگەندىن سىرت، يەنە ئۇنىڭ يېقىن كىشىلىرى — ۋەزىرلىرى، ئالچىلىرى، مەھرەم - مۇلازىملىرى بىرگە كۆمۈلەتتى. باشقا ھون ئاقسۆڭەكلىرى ئۆلسىمۇ شۇنداق قىلاتتى. بۇنداق ھەمدەپنە قىلىنغۇچىلار ئاز بولغاندا بىر كىشىدىن، كۆپ بولغاندا

ئون نەچچە، ھەتتا يۈز كىشىگە يېتەتتى.

ھونلار ئارىسىدا، ھەرقايسى تەڭرىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ ئالاقە قىلىش، مۇناسىۋەت باغلاش ئىشلىرىنى بېجىرىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان يۇقىرى - تۆۋەن دەرىجىلىك قاملار بار ئىدى. ئۇلار ئەل ئارىسىدا يۇكسەك ئابرۇي، ئىمتىياز ۋە تەسىرگە ئىگە بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىپ ئۇلۇغلىناتتى. ئۇلار تەڭرىقۇتلۇقنىڭ چوڭ، مۇھىم ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشالايتتى، كېڭەشلەرگە قاتنىشىپ، يۇرۇشلەرگە بىللە چىقاتتى. ئۇلار نەسەبى، دەرىجە - مەرتىۋىسى ۋە بىلىگە - دانىشلىقى بويىچە تەڭرىقۇتنىڭ ئوردىسىدا ۋە ھەرقايسى خان - بەگلەرنىڭ يېنىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيتتى. ئۇلارغا قۇرئەندازلىق[1] قىلىپ پال ئېچىپ بېرەتتى، مەسلىھەت بېرىپ يول كۆرسىتەتتى. تەڭرىلەرنىڭ، ئىلاھلارنىڭ ۋەھىيلىرىنى يەتكۈزۈپ ۋەز ئېيتاتتى ۋە بېشارەتلەرنى ئۆرۈپ بېرەتتى. ئۇلارنى تەڭرىلەرنىڭ ئىلتىپاتى ۋە غەزىپىدىن خەۋەرلەندۈرۈپ، ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. ئۆز نۆۋىتىدە بۇ قامانلار يەنە كىشىلەرنىڭ نالىلىرىنى، ئارزۇ - تىلەكلىرىنى تەڭرىلەرگە، ئىلاھلارغا يوللاپ تۇراتتى، ئەم - ئېرەمچىلىك قىلىپ كېسەللەرنى داۋالايتتى، پېرىخونلۇق قىلىپ ياۋۇز ئىلاھلارنى قارغايتتى، پېرە ئويناپ، داپ چېلىپ جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلايتتى.

كۈن چىقىش بىلەن تەڭ كۈندىلىك تۇرمۇش باشلانغانلىقىنى نامايان قىلىپ ئوچاقلارغا ئوت يېقىلدى. تۇمەنبالىقتىكى تام - ياغاچ ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن، كىگىز ئۆيلەرنىڭ چاڭگىراقلىرىدىن ئاسمانغا ھاۋا رەڭ ئىس كۆتۈرۈلدى. ئاشۋاقتىدىن كېيىن تەڭرىقۇتنىڭ ئوردا ھەرىمى تەرەپتىن كىشىلەر تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان غىلاپ دۇمباق، بۇرغا - كانايلارنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۆيلىرىدىن چىقىپ، كوچا - كويلارغا لىق تولۇپ، ئۆگۈزدەك ئېقىن ياساپ قورغان مەركىزىدىكى چىملىق مەيدان ۋە بۇ مەيدان بىلەن ئوردا ئارىلىقىدىكى چوڭ

① قۇرئەندازلىق — مۇنەججىم، ئاسترونوم.

كوچىغا قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بايراملىق يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ، چىرايلىق ياسىنىشقان بولۇپ، كۆتۈ-رەڭگۈ، روھلۇق، شاد ـ خۇرام كۆرۈنەتتى. ئەتىگەندىلا بايراملىق سوۋغا ـ سوۋېنىرلەرگە ئېرىشىپ خۇشاللىقتىن قىن ـ قىنىغا سىغماي قالغان باللار كوچىلاردا شوخلۇق قىلىپ، مۆكىمۆكىلەڭ ئويناپ كىشىلەرگە پۇتلىشاتتى. قەلبى بايرام شادلىقى ۋە سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە تولغان قىزلار يەر تېگىدىن نۆۋەر يىگىتلىرى-نى ماراشسا، كۆچى قۇتراپ شوخلۇقى تۇتقان يىگىتلەر ئۇلارغا كۆز قىسىپ چاقچاق قىلاتتى.

ھايال ئۆتمەي قورغان مەركىزىدىكى چىملىق مەيدان ۋە بۇ مەيدان بىلەن ئوردا ئارىلىقىدىكى چوڭ كوچا داۋالغۇپ شاۋقۇنلاپ تۇرغان ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. ئەتراپتىن قىزغىن تەنتەنىلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى. زېمىن كىشىلەرنى ئاران كۆتۈرەتتى. مەيدان ئۆپچۆرىسىدە، كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدا يارىشىملىق لەشكىرىي لىباسلارنى كىيىپ، قوللىرىدا نەيزە ۋە قامچا تۇتقان سىپاھلار كىشىلەرنى تەرتىپكە چاقىرىپ ۋارقىرايتتى ۋە قامچىلىرىنى قار-سىلدىتىپ نەيزىلىرىنى شىلتىيتتى. ئۆپچۆرىدە ئالامانىنىڭ توۋلاش-لىرى، سۈرەن ـ چۇقانلىرى ۋە ھەرقايسى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ تىل شېۋىلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن ئەبجەش سادالار ياڭرايتتى. كىمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى، قايسى خىل تىل شېۋىسىدە سۆزلە-ۋاتقانلىقىنى پەرق ئەتمەك تەس ئىدى. بۇ ھالەت خۇددى ئەزىم سېرىق دەريانىڭ شىددەتلىك دولقۇن ياساپ ئاققان ئۇلۇغ سۈيى شاۋقۇنلاپ تۇرغان ئۇلۇغ ئوكيانغا قۇيۇلغان چاغدىكى گۈلدۈرلى-گەن ھەيۋەتلىك ساداغا ئوخشايتتى.

شۇنداق پەيتتە، ئوردا تەرەپتىن غىلاپ دۇمباق بىلەن بۇرغا ـ كانايلارنىڭ ياڭرىغان ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. بۇ بىردەمدىن كېيىن لەشكىرىي پاراتنىڭ باشلىنىدىغانلىقىدىن، تەڭرىقۇتنىڭ كىشىلەر ئارىسىغا كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇ تاپتا لەشكىرىي پاراتتىن ئۆتىدىغان ساۋۇتلۇق چەۋەندازلار ئوردا دەرۋا-

زىسى ئالدىدىكى قۇياش نۇرى تولۇق چۈشىدىغان چوڭ سەيناغا يىغىلىپ ئۇرۇق ـ قەبىلە ئايرىمىسى بويىچە سەپراس بولۇپ تىزىلىشى، بايراقچىلار تۇغ ـ ئەلەملىرىنى، نەغمىچىلەر غىلاپ، دۇمباق، بۇرغا ـ كانايلىرىنى تەقلەپ تۇرۇشى، جارچىلار گاللىرىنى قىرىپ جاكارلىرىنى يادلىشى، ئاندىن توپ ـ توپى بىلەن يولغا چىقىپ، چوڭ كوچىدىن ھەيۋەتلىك سەپ تۈزۈپ لەشكىرىي پاراتتىن ئۆتۈشى، پاراتتىن كېيىن تەڭرىقۇت چوڭ ئالچىنى، ھونزادىلىرىنى ۋە باشقا يېقىن كىشىلىرىنى ئېلىپ ئوردىدىن چىقىپ، دەرۋازا ئالدىغا توپلىشىپ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇشقان ئوردا ئەئيانلىرى، لەشكىرىي سانغۇنلار، خان ـ بەگ، ئاقساقاللار ۋە باشقا ھون ئېسىلزادىلىرىنى باشلاپ چوڭ كوچىدىن ئۆتۈپ، قورغان مەركىزىدىكى چىملىق مەيدانغا — كىشىلەر ئارىسىغا يېتىپ كېلىشى ۋە بۇ يەردە توختاپ، ئەنئەنىۋى نۇتۇق سۆزلەپ، خالايىقنىڭ ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىغا، تەنتەنىسىگە لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇشى، ئاندىن قوزغىلىپ، پايتەختتىكى مەشھۇر ئىبادەتخانا — ئىلاھىي تەڭرىلىككە بېرىپ، ئۇ يەردىكى كۆك تەڭرىنىڭ تەقلىدى — مەرمەر ھەيكىلىنى تاۋاپ قىلىشى، تەڭرىلەرگە، ئىلاھلارغا سېغىنىپ قۇربانلىق بېرىشى، ئەۋلىيا سۇپەت قېرى قامانىنىڭ ۋەز ـ ئۆگۈتلىرىنى ئاڭلاپ، دۇئاسىنى ئېلىشى، ئاخىرىدا كىشىلەر بىلەن بىللە كۈن قاپاغدىن چىقىپ، قورغاننىڭ سول تەرەپ يۇقىرىسىدىكى بېرىشى كېرەك ئىدى. قالغان ئىشلار ئەنە شۇ پاك ـ مۇقەددەس جايدا — ئىبادەت ئورمانلىقىدا داۋام قىلاتتى.

كۈن ئارغامچا بويى ئۆرلەپ يەر ـ جاھاننى قىزىتىشقا باشلىغاندا، لەشكىرىي پارات رەسمىي باشلاندى. بىر خىل رەڭدىكى ئاتلارغا مىنگەن، بىر خىل رەڭدىكى لەشكىرىي لىباس ۋە كۇمۇش رەڭ دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلارنى كىيگەن، باشتىن ـ ئاياغ تولۇق ياراغلىنىپ تەق بولغان ساۋۇتلۇق چەۋەندازلار قوشۇنى ئوردا ئالدىدىكى سەينادىن قۇياشقا يۈزلىنىپ، جەڭگىۋار ھالەتتە ھەيۋەت بىلەن يولغا چىقتى. ئۇلار ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر بويىچە توقساندىن

توپ بولۇپ چاسا شەكىلدە سەپ تۈزگەنىدى. ھەربىر توپنىڭ ئالدىدا ئۇرۇق بەلگىسى[①] چۇشۇرۇلگەن رەڭدار تۇغلارنى كۆتۈرۈپ ئاتلىق توققۇز بايراقچىلار ماڭاتتى. بايراقچىلارنىڭ، چەۋەندازلارنىڭ ئاتلىرىغا ئۇرۇق ئادىتى بويىچە ھەرخىل رەڭ - كەشتىلىك يوپۇقلار يېپىلىپ، ياللىرىغا، قۇيرۇقلىرىغا، نوختا - يۈگەن، بەلۋاغ - قۇشقۇنلىرىغا ئۇچلۇق تۆمۈر، مىس پارچىلىرى، بۇركۈت پەيلىرى، بۆرە ئۇستىخانلىرى، ئارچا ياپراقلىرى دېگەندەك رەڭگارەڭ نەرسىلەر ئېسىلىپ ياكى قىستۇرۇلۇپ، باشلىرىغا قوتاز قۇيرۇقى بەرجەم[②] قادىلىپ جابدۇلغانىدى. شۇڭا ئاتلار ماڭغاندا، چەۋەندازلار ھەرىكەت قىلغاندا تاراق - تۇرۇق، جاراڭ - جۇرۇڭ، قاراس - قۇرۇس ئاۋازلار چىقاتتى. بۇ ئاۋازلارنى ھېلىدىن - ھېلى نەغمىچىلەرنىڭ داقا - دۇمباق، كاناي - سۇناي ئاۋازلىرىنى ۋە ئۆپچۆرىدىكى ئالامىنىڭ تەنتەنە - ئۇران سادالىرىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى.

ساۋۇتلۇق چەۋەندازلار قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئاق ئاتقا مىنىپ، ئۇرۇق - ئىتتىپاق بەلگىسى — كۆك بۆرىنىڭ باش سۈرىتى چۇشۇرۇلگەن ئۇزۇن تۇغنى لەپىلدىتىپ ھون تائىپىسىنىڭ ئۆلىماسى، پايتەختتىكى ئىلاھىي تەڭرىلىكنىڭ باش قامانى، ئوردىنىڭ ئەم - ئېرەمچى ئاتاساغۇنى، تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ دانىشمەن يابغۇسى ئىنچۇنقان ئاچارى كېلىۋاتاتتى. ئاپئاق ئۇزۇن ساقىلى مەيدىسىگە، شالاڭ، تال - تال چاچلىرى مۈرىسىگە چۇشۇپ تۇرغان، ئۇستىۋېشىدىكى كەڭ، ئۇزۇن تون - سەرۇپايىلىرىنىڭ يەڭ - پەشلىرى ئاستىدىكى ئاتنىڭ ساغرىسىنى يېپىپ تۇغ - ئەلەملەردەك لەپىلدەپ تۇرغان ئەۋلىيا سۈپەت قېرى قامان بوم، كۈچلۈك ئاۋازى بىلەن پات - پات مۇقەددەس تەڭرىلەرنىڭ، ئىلاھلارنىڭ، يوسۇن بايرىمىنىڭ، تەڭرىقۇت ۋە ئۇلۇغ ئەجدادلارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۈنلۈك خىتاب قىلاتتى. ئارقىدىكىلەر — بايراقچىلار، چەۋەندازلار

---

① ھونلارنىڭ يىگىرمە تۆتتىن ئارتۇق ئۇرۇق - قەبىلىسى بار بولۇپ، ھەربىر ئۇرۇق - قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۇرۇق بەلگىسى بار ئىدى (سىما چيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، 110 - جىلد. «ھونلار تەزكىرىسى» دىن ئېلىندى).

② بەرجەم — ئاتنىڭ بېشىغا، ئىككى قۇلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاقىلىدىغان قوتاز قۇيرۇقى، پۆپۈك.

ۋە ئۆپچۆرىدىكى كۆرگۈچىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ خىتابلى-رىنى تەكرارلاپ قىلىپ ئوران توۋلىشاتتى. بۇ سادالار تۇمەنبالىق ئاسمىنىدا ھەيۋەت بىلەن ياڭراپ، يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالاتتى.

ساۋۇتلۇق چەۋەندازلار قوشۇنىنىڭ توپلىرى بىرىنىڭ كەينى-دىن بىرى ئىز بېسىپ چوڭ كوچىدىن ئۆتۈپ كەتتى. مانا ئەمدى ئوقياچى چەۋەندازلار قوشۇنى تاپ بېسىپ يېتىپ كەلدى. ئۇلارمۇ خۇددى جەڭگە ئاتلانغاندەك ئەلتىرە دۇبۇلغا - ساۋۇتلارنى كىيىپ، ئوقيا ۋە قىسقا ساپلىق نەيزىلەر بىلەن قوراللانغانىدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىمۇ ھەرخىل يوپۇق ۋە رەڭگارەڭ جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەنى-دى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىمۇ بايراقچىلار ئۇرۇق - ئىتتىپاق بەلگىلى-رىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشاتتى. ئۇلار يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ كىشىلەر ئورۇر - توپۇر بولۇشۇپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى. چۈنكى ئۇلار پاراتتىن ئۆتكەندە، يالىرىنى بەتلىشىپ ئاسمانغا، تۆت ئەتراپقا مۇقەددەس ئوقلارنى ئاتقاچ ماڭاتتى. دەرۋازا - ئىشىكلەر-گە، ھويلا - ئاراملىرىغا، ئۆي - چېدىرلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىگە، ئېغىل - قوتانلىرىغا بۇ مۇقەددەس ئوقلار چۈشكەن كىشىلەر ئۆز-لىرىنى ئۇلجىغا، بايلىققا ئېرىشىدىغان بولدۇق، ئاغرىق - سىلاق، تالان - تاراج، غەم - قايغۇدىن نېرى تۇرىدىغان بولدۇق، دەپ ھېسابلىشاتتى.

مانا، ئوقياچى چەۋەندازلار قوشۇنىمۇ مۇقەددەس ئوقلارنى ئاتقىنىچە ئۆتۈپ كېتىشتى. لەشكىري پاراتتا تۇرىدىغان توپا - چاڭلار بېسىقىشقا باشلىغان بىر پەيتتە، تۇمەن تەڭرىقۇت چوڭ ئالچىسى ئايقاغاننى، تەگىن ئۆگەسى، سول قول بىلگە باتۇرنى، ھونزادىسى يۇيۇكنى، ئوردا ئەئيانلىرى، سانغۇنلار، يابغۇلار، ئۇ-رۇق - قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە باشقا ھون ئېسىلزادىلىرىنى باش-لاپ، قاۋۇل، سېمىز، چىرايلىق جابدۇلغان ئارغىماقلارغا مىنىپ ھەيۋەتلىك سەپ تارتىپ يېتىپ كەلدى. يۇرتۇغ سىپاھلىرى ئۇلار-نى ئىككى ياندىن مۇھاپىزەت قىلىپ كېلەتتى. تۇمەن تەڭرىقۇت

هەممىنىڭ ئالدىدا، قىزىل تورۇق تۇلپارغا مىنىپ، سەلتەنەت ۋە ئۇلۇغۋارلىق ئىچىدە بېشىنى تىك تۇتۇپ، ئۇدۇل ئالدىغا نەزەر تاشلاپ كېلەتتى. ئۇ بۇ يىل ئەللىك بەش ياشتىن ھالقىغان بولۇپ، چاچ - ساقاللىرىغا ئاق ئارىلاپ چارلىششقا باشلىغانىدى. ئۇ بېشىغا چوڭ ئالتۇن تاج، ئۇچىسىغا چوڭ كەشتىلىك زەر لىباس كىيىپ، بېلىنى ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن كەمەر بىلەن باغلىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەخسۇس چوڭ يىغىلىش، دىنىي مۇراسىملاردا كىيىدىغان تەڭگە گۇللۈك يىلپىز تېرىسىدىن يېپىنچا ئارتىپ، قولىدا ياقۇت كۆز قويۇلغان سەدەپ ساپلىق شاھلىق قامچىسىنى تۇتۇۋالغانىدى.

چوڭ ئالچى ئايقاغان ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، سەل كەينىدە ئىدى. ئۇ ئاق تۇلپارغا مىنگەن بولـۇپ، بېشـغا ھېسابـسـىـز ئۈنچە - مارجان ۋە ياقۇت - كۆزلۈك كىمسەن قاداق قادالغان جۇلالىق ئالتۇن تاج، بويىغا نېپىز، ھال رەڭ يىپەك كىيىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەر جىيەك، زەر كەشتىلىك جىلتكە كىيگەنىدى. ئۇ بۇ يىل قىرىق ياشلارغا بېرىپ قالغان بولسىمۇ، گۈلدەك چىرايى ۋە ياشلىق جەزبىسىدىن تېخى مەھرۇم بولمىغانىدى. ئۇنىڭ سەلتە-نەت ۋە گۈزەللىك ئۇرغـۇپ تۇرغـان قىـياپـىـتى كىشىلەردە ھەۋەس - ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغايتتى.

تەڭرىقۇتنىڭ سول تەرىپىدە ئۇنىڭغا ياندىشىپ، تۇلپار مىن-گەن باتۇر كېلىۋاتاتتى. سول تەرەپتە تەڭرىقۇتقا ياندىشىپ ئۇنىڭ تەگىن ئۆگەسىلا مېڭىشقا ھوقۇقلۇق ھەم سالاھىيەتلىك ئىدى. ھونزادە يۇيۇك بىلەن كىچىك ئالچى جانئايقىن ۋە باشقا ھون ئېسىلزادىلىرى تەڭرىقۇتنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ-لار يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى سانجاق - سانجاق ئالامان كۆچلۈك ھاياجانغا تولۇپ، قىزغىن تەنتەنە قىلىشتى.

تەڭرىقۇت باشلىق ھون ئېسىلزادىلىرى چوڭ كوچىدىن ئۆتۈپ قورغان مەركىزىدىكى چىملىق مەيدانغا كەلگەندە، تەنتەنە قىلىش،



www.uyghurkitap.com

نەرە تارتىش، ئوران توۋلاشلار تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.
— تامامىي مەدھىيە ۋە ھەمدۇسانالار كۆك تەڭرىگە مەنسۇپ!
— تەڭرىنىڭ ئوغلى ياشىسۇن!
— ئۇلۇغ تەڭرىقۇتقا قۇللۇق!
— ئايدەك چىرايلىق، كۈندەك نۇرلۇق چوڭ ئالچىغا سالام!
— ئايقاغانغا قۇت - بۇيان يار بولغاي!
— ... ...!
كىشىلەر ياڭراتقان بۇ قىزغىن تەنتەنە سادالىرى ئىچىدە يەنە «ئەلكۈنىنىڭ پەخرى، ئوتلاقنىڭ غورۇغى باتۇرغا ئاتاق!... تەگىن ئۆگە، سول قول بىلگە باتۇر ياشىسۇن!...» دېگەندەك سادالارمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى ۋە ئۇنىڭغا يەنە ئۇنلىغان، يۈزلىگەن ئاۋازلار قوشۇلاتتى... بۇغۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنچە ئەجەبلىنىپ، چۆچۈپ كەتكۈدەك، كىشىلەر ئارىسىدا قانداقتۇر ئەنسىزلىك ۋە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغۇدەك چوڭ ئىشمۇ ئەمەس. چۈنكى، ھونلار باتۇرلۇقنى قەدىرلەيدۇ، باتۇرلارنى ھۆرمەتلەيدۇ، باتۇرلارغا چوقۇنىدۇ، باتۇرلۇقنى كىشى ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئېسىل، ئەڭ ئالىي پەزىلەت ھېسابلايدۇ. باتۇر بولسا بۇ ئاتاققا، بۇ شان - شەرەپكە تامامەن مۇناسىپ. لېكىن، تەڭرىقۇت تۇرغان يەردە، ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدە، كۆز ئالدىدىلا ئۇنى ئۇلۇغلاپ، تەڭرىقۇتنىمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ياشىسۇن دەپ توۋلاش...؟! دەرۋەقە كىشىلەرنىڭ بۇ تەنتەنە سادالىرىدىن تۇمەن تەڭرىقۇت ئەجەبلەنمەي، چۆچۈمەي قالمىدى. قانداقتۇر ئەنسىزلىك ھېس قىلىپ كۆڭلى پاراكەندە بولدى. خان - بەگلەر، سانغۇنلار، ئاقساقاللار، يۇرتتۇغ سىپاھىلىرى، ھەتتا چوڭ ئالچى ئايقاغانمۇ سەل چۆچۈپ ئالاقزادە بولدى...
دۇرۇس، كىچىك ئالچى جانئايقىنىنىڭ ئەنسىرەشلىرى، ئەيىبلەشلىرى، ئوڭ قول بىلگە يانبېيقاننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى، ئىنچۈنقان ئاچارىنىڭ سىرلىق بېشارەتلىرى، يەنە ئوردىدىكى، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەكلىرى، قاقشاشلىرى،

www.uyghurkitap.com

چۆچۈش، خەۋپسىرەشلىرى··· خاتا ئەمەس. ئورۇنسىز، بىكار ئەمەس. ئۇلار بايقاپ سۆزلىگەن. باتۇر ھەقىقەتەنمۇ ئەلكۈننىڭ مايىللىقىغا، ھىمايىسىگە، قوللاپ ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشىپ كېتىۋاتىدۇ. كىشىلەر ئۇنى پاسىبانىمىز، تۇغ ـ تەڭرىقۇتىمىز، دەپ قاراۋاتىدۇ. شۇنداق بولۇشىنى، بۇنىڭ تېزرەك ئەمەلگە ئېشىشىنى ئۈمىد قىلىشىۋاتىدۇ، كۈتۈشۈۋاتىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنى بەزىدە يوشۇرۇن، ھەتتا بۈگۈنكىدەك كاتتا يىغىلىشتىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا، تەپ تارتماي ماختاپ، كۆككە كۆتۈرۈپ، ئاتىسىدىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ ئالقىشلاۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇۋاتىدۇ. خۇددى تەڭرىنىڭ ئوغلى بىر ئەمەس، ئىككى بولۇپ قالغاندەك! بۇ مۇمكىنمۇ؟ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟··· ئۇ باتۇر، جەسۇرلۇقى بىلەن ئەل كۆڭلىنى مايىل قىلىۋالغان. شۇنداق، ئۇ باتۇر، قەيسەر، تۇيغۇن ھەم جاسارەتلىك، جۈرئەت ـ شىجائىتىمۇ ئۇرغۇپ تېشىپ تۇرىدۇ. بىراق تەڭرىنىڭ ئوغلى سانىلىشقا، ئەلكۈننىڭ بېشى، تۇغى ـ تەڭرىقۇتى بولۇشقا بۇلارلا كۇپايە قىلمايدۇ ھەم بالدۇرلۇق قىلىدۇ. چۈنكى، تۇمەن تەڭرىقۇت تېخى ھايات ھەم قىران ـ دە··· ئۇ قانداقمۇ ئاتىسىدىن، ئۇرۇق ـ تائىپىسىدىن، ئەجدادلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يوسۇن ـ قائىدىلىرىدىن ئۈستۈن تۇرالىسۇن، مۇستەسنا بولالىسۇن؟!··· ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ باتۇر، قەيسەر، جاسارەتلىك بولغىنى بىلەن ئۆكتۈش، ياۋۇز، رەھىم ـ شەپقەتنى بىلمەيدىغان، تۈرقى ـ سىياقىمۇ غارىپ، سۆرۈن تەلەت، تەلۋە راي بىر مەخلۇق، باغرى تاش، ۋاپاسىز، كىشىلەرگە يۈز ـ خاتىر قىلمايدۇ، رەھىم قىلمايدۇ. تەنتەك، ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كېتىدۇ، ئۆزگىلەرنى ياراتمايدۇ، كۆزگە ئىلمايدۇ، ئۆزىنى ئۆزى چاغلىمايدۇ. ئۇ ئاتىسىدىنمۇ تەپ تارتمايدۇ، ئۇنى ياقتۇرۇپ، ھۆرمەتلەپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭغا گۇمانىي نەزەر بىلەن قاراپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، قويرۇقىنى تۇتقۇزمايدۇ. ئۇنى، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى، ھىممىتىنى ياراتمايدۇ. ئۇنى ھىممەتسىز، شىجائەتسىز، بىلى بوش، پاراسەتسىز چاغلايدۇ. خۇددى

بۈيۈك ئىشلارنى بىر ئۆزى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغاندەك، ئۆزىلا قۇدرەتلىك، ئۇلۇغ، مۆجىزىكاردەك!... مانا بۇلار ئۇنىڭ ۋاپاسىز-لىقى، مانا بۇ ئۇنىڭدىكى غالىس نىيەت، يامان غەرەز. مانا بۇلار ئەڭ خەتەرلىك خىرىس، خەۋپ!...

تۇمەن تەگرىقۇت ئەنە شۇنداق ئويلىدى، كۆڭلىنى، ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە بېسىپ، تېنى شۈركۈندى، ئىختىيارسىز ھالدا ئالاقزادە بولۇپ، باتۇرغا گۇمـان، ئەنـسـىز نەزەرى بىلـەن قايرىلىپ قارىدى... كىشىلەرنىڭ ئۇزۇلمەي ياڭراۋاتقان ئالقىش، مەدھىيىگە تولغان تەنتەنە سادالىرى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈپ، ئۇخلىماي كۆ-رۈۋاتقان قاباھەتلىك چۈشىدىن ئويغاتتى. ئۇ ئاستا - ئاستا ئۆزىگە كېلىپ، ئەسلىدىكى سۈرلۈك، تۈرگۈن، تەمكىن ھالىتىگە قايتـ-تى، خالايىققا قولىنى پۇلاڭلىتىپ تىنچلىنىش ئىشارىسى قىلدى. ئۇ ئەمدى نۇتۇق سۆزلىشى كېرەك ئىدى. خالايىق بېسىقتى، مەيدان بوش گۈرۈلدەپ سۈكۈتكە چۆكتى. ئۇ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قىسقىغىنە نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن كۆپچىلىكنى — ئۇرۇقداشلىرىنى، ئىتتىپاقداشلىرىنى، بۇ يىلقى ئالتۇن كۈز بىـ-لەن ئىللىق قۇياشنى يېڭى كۈن، بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن قۇتلۇقـ-لاپ تەبرىكلىدى، ئاندىن كۆككە يۈزلىنىپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ تىلەكلىرىنى تەگرىلەرگە يوللىدى. بۇ يىلقى كۈزنىڭ، ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان قىشنىڭ كىشىلەر ئۈچۈن، ھـون تائىپىسى ئۈچۈن پايدىلىـق بولۇشـىنى، تالان - تاراج، ئاغرىق - سىلاق، بالا- قازالارنىڭ بولماسلىقىنى، ئوۋ ئولجىلىرىـ-نىڭ كۆپ، مول بولۇشىنى، ئوتلاقلارنىڭ ياشىرىپ كۆكىرىپ تۇرۇشىنى، قوۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ توق - ئاسايىش، تىنچ - باياشات بولۇشىنى تىلىدى. ئۇ يەنە نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلماقچى، تەسىرلىك، تەنتەنىلىك خىتابلارنى جاكارلىماقچىدى. ۋەھالەنكى، بۇ سۆزلەر، بۇ خىتابلار ئۇنىڭ ئېسىگە كەلمىدى. باياتىنقى نۇتقىمۇ ئىلگىرىكىدەك، ئۆتكەن يىللاردىكىدەك مەزمۇنلۇق، تەسىرلىك، تەنتەنىلىك بولماي قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ نىھايەت، سۆزلىرىنى

سۆزلەپ تۇگەتتى. كۆپچىلىكنىڭ ئالقىش ـ تەنتەنىسىگە لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇپ ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈردى. ئاندىن ئۇ ھەمراھلىرىنى باشلاپ چىملىق مەيداندىن قوزغالدى ـ دە، بايىقىدەك ھەيۋەتلىك سەپ بىلەن، تەنتەنە سادالىرى ئىچىدە ئىلاھىي تەڭرىلىككە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

تەڭرىقۇت باشلىق ھون ئېسىلزادىلىرى كۆن قاپاغ يېنىدىكى سېپىل ئىچىگە جايلاشقان ئىلاھىي تەڭرىلىككە يېتىپ بارغاندا، تەڭرىلىك ئالدىدىكى سەينادا توپ ـ توپ قامانلار چاراسلاپ يېنىۋاتقان گۈلخانلارنى چۆرىدەپ تۇمرۇك ساداسىغا ئۇنلۇك ئىبادەتنى جور قىلىپ ئوقۇۋاتقان، قاملار بولسا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ساماۋى ئۇسسۇللارنى ئويناۋاتقانىدى. تەڭرىقۇت يېقىنلاپ كەلگەن ھامان تۇمرۇك ساداسى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇسسۇلچى قاملارنىڭ ھەرىكىتى تېزلەشتى. ئۆپچۆرىدىكى كىشىلەر تەڭرىقۇتقا يېڭىۋاشتىن ئالقىش ـ مەدھىيىلەر ياغدۇرۇشقا باشلىدى. تەڭرىقۇت دەبدەبە بىلەن ئاتتىن چۈشتى، خان ـ بەگلەرنىڭ، سانغۇنلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئائىلىسىدىكىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، تەڭرىلىكنىڭ پاك، مۇقەددەس سۈپىسىغا يېقىلغان چوڭ گۈلخاننى ئادەت ۋە رەسمىيەت بويىچە توققۇز قېتىم ئايلاندى، ئاندىن تەڭرىلىك دەرۋازىسىنىڭ پەشتاقلىرىغا قەدەم باستى. دەرۋازا ئالدىدا تەڭرىلىكنىڭ چوڭ ـ كىچىك قامانلىرى يۈكۈنگىنىچە تەڭرىقۇتنىڭ قەدىمىنى كۈتمەكتە ئىدى. جاكارچى تەڭرىقۇتنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. باش قامان ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى.

— تەڭرىنىڭ ئوغلى، ئۇتلاقنىڭ ھۆكۈمدارى تۇمەن تەڭرىقۇتقا سالام! — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا خىتاب قىلىپ، — پايى قەدىمىڭ قۇتلۇق بولغاي!

تەڭرىقۇت ئۇنىڭغا سەدەپ ساپلىق شاھلىق قامچىسىنى سۇندى. قېرى قامان قايتىدىن يۈكۈنۈپ قامچىنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن سۆيدى، ئاندىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، تەڭرىقۇتنى تەڭرى-

لىككە تەكلىپ قىلدى.

— قېنى مەرھەمەت.

بۇ چاغدا باشقا قامانلارمۇ دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى - دە، ئىككىگە بۆلۈنۈپ تەگرىقۇتقا يول ئاچتى. تەگرىقۇت تەمكىن، سالماق قەدەم بىلەن بوسۇغا ئاتلاپ، ئازادە تاشقىرىقى زالغا كىردى. زالنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا، تۆت سورۇندا قامانلار بىلەن قاملار پېرە ئويناپ ياۋۇز ئىلاھلارنى، جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاۋاتاتتى. زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا ۋە تۆت تەرەپتىكى تام تۈۋلىرىگە ھەرخىل چوڭ - كىچىك قورچاقلار تىكلەپ ھەم يۆلەپ قويۇلغانىدى. ھەربىر قورچاقنىڭ ئالدىدا بىر ھېجىردىن «جىن ئېشى» بار ئىدى. تاملارغا قادالغان نۆكچىلار كۆكۈچ ئىس چىقىرىپ پىلىلداپ تۇراتتى. تەگرىلىكنىڭ تۆت گىردابىدىكى تەكچە - ئويۇقلارغا قويۇلغان، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر ۋە ياغاچ، ساپاللاردىن ياسالغان تەگرى تەقلىدى — بۇت - ھەيكەللەرنىڭ ئالدىدىكى ئىسرىقدانلاردىن كۆكۈچ ئىس بىلەن قوشۇلۇپ سەندەل، ئادراسمان ۋە ئۆچكە يېغىنىڭ ئۆتكۈر ھىدى تارايتتى.

پېرە ئويۇنى توختىدى. تەگرىقۇت زالنىڭ تۆرىدىكى سۇپىنىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ ھەر دائىم ئولتۇرىدىغان، تېگىگە قات - قات ھايۋان تېرىلىرى سېلىنغان ئورنىغا ئولتۇردى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدە، ئۆز ئورۇنلىرىنى تېپىپ ئولتۇرۇشتى. يۇرتۇغ سىپاھلىرى تەگرىگە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن سويۇلغان توققۇز كالىنى ئەكېلىپ، نەزىر - چىراغ مېھرابلىرى ئۈستىگە بىر - بىرلەپ قويۇشتى. ئىنچۇنقان ئاچارى مانا شۇ چاغدا ئاندىن سۇپىغا چىقىپ كۆككە تېۋىنىپ ئىبادەت قىلدى - دە، ۋەز - مۇكالىم قىلىشنى باشلىدى:

— تەگرىلەر ئالەمنى نۇرغۇن قەۋەت قىلىپ ياراتقان. ئالەمنىڭ ئۈستۈنكى ئون يەتتە قەۋىتى ئەرشئەلادۇر. ئۇ پاك، مۇقەددەس، يورۇق، پارلاق جايدۇر. ئۇ تەگرىلەرنىڭ، ئىلاھلارنىڭ ماكانىدۇر. ئالەمنىڭ ئاستىنقى توققۇز قەۋىتى تەھتىسارا —

دوزاختۇر. ئۇ زۇلمەت باسقان، قاباھەتكە تولغان قاراڭغۇ جايدۇر، ياۋۇز ئىلاھلارنىڭ، جىن ــ ئالۋاستىلارنىڭ ئۇۋىسىدۇر... كۆك ئەركەك، يەر چىشىدۇر. كۆك تەڭرى بىزنى — كىشىلەرنى مانا مۇشۇ ئەرشئەلا بىلەن تەھتىسارانىڭ ئارىلىقىدىكى مۇقەددەس زېمىندا، قۇتلۇق يەر ئۈستىدە ياشايدىغان قىلىپ ياراتقان ۋە نۇرغۇن نېمەتلەرنى بەرگەن. يەر بىزگە ھاياتلىق ۋە قۇت ــ بۇيان ئاتا قىلغان. بىز مانا مۇشۇ تۇپراقتا ئاپىرىدە بولغان. ئۇلۇغ تۆز كۆك قۇرت بىلەن پەرى سۈپەت ئايال ئىنسانىدىن تۆرىلىپ تۇغۇلغان، ئاۋۇغان ۋە قۇدرەت تاپقان!... شۇڭا بىز ئانا يەرنى قەدىرلىشىمىز، قوغدىشىمىز، ئۇنىڭدىكى مەخلۇقاتلارنى ئاسرىشىمىز، ياۋۇ ياتلارنى قەدەم باسقۇزماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى بىز ئۇنىڭغا تايىنىپ كۆكلەيمىز، ئۇنىڭ نېمەتلىرى بىلەن ياشايمىز. ئۆلگەندىن كېيىنمۇ روھىمىز ئەرشكە كۆتۈرۈلۈپ ئەجدادلارنىڭ يېنىغا بارىدۇ. جىسمىمىزنى بولسا يەر قوينىغا ئالىدۇ!... ياشىق تەڭرى بىلەن يالچىق تەڭرى ئۇلۇغدۇر. چۈنكى ئۇ بىزگە يورۇقلۇق ھەم ئىللىقلىق ئاتا قىلىدۇ!...

ئەۋلىيا سۈپەت قېرى قاماننىڭ ئاۋازى ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقىقاندەك ھەيۋەتلىك بولۇپ، پەستە ئولتۇرغان ئابىتلار ئۇنىڭ تەسىرىدىن سىرلىق ۋەھىمە ۋە ھاياجانغا تولۇپ تىترەيتتى... قېرى قامان ئاخىرىدا شانۇشەۋكەتلىك تۈمەن تەڭرىقۇتقا دەۋر ــ دەۋران، قۇت ــ بۇيان تىلەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى.

ۋەز ئاڭلاشمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. تەڭرىقۇت ئورنىدىن تۇردى. بۇ نۆۋەت ئۇ قېرى قاماننىڭ كەينىدىن ئۆزى يالغۇز ئەگىشىپ ماڭدى. قېرى قامان ئۇنى تەڭرىلىكنىڭ ئىچكەركى خانىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇ يەردە ئۈستىگە ساچۇلۇق[1] يوپۇق يېپىلغان كۆك تەڭرىنىڭ تەقلىدى — كۆك مەرمەر تاشتىن ياسالغان يوغان ھەيكەل بار ئىدى. ھەيكەل كىشىگە ئوخشىتىپ ياسالغانىدى. قېرى قامان خانىنىڭ ئىشىكىنى ياپتى ــ دە، شۇ يەردىلا تىز پۈكۈپ

---

① ساچۇ — يۆپۈك.

سۈكۈتكە پاتتى. تەڭرىقۇت ھەيكەلنىڭ ئالدىغا بېرىپ سەل تۇرۇ-
ۋالغاندىن كېيىن، يۈكسەك ئېھتىرام بىلەن يوپۇقنى ئاچتى - دە،
ئەزەلدىن ھېچكىمگە ئېگىلمىگەن بېلىنى ئېگىپ، تىزلىرىنى
پۈكۈپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ پۇتىنى سۆيدى... تەقۋادارلىق
قەلبىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىگەن تەڭرىقۇت ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا
سۈكۈتكە چۆكۈپ ئولتۇرۇپ ئۇزاققىچە ئىبادەت قىلدى. ئۇ ھېلىمۇ
سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ھالبۇكى، چىرايىدىكى ئۇلۇغۋارلىق، مەغ-
رۇرلۇق ئورنىنى تەپ تارتىش، ھېيىقىش ئىگىلىگەنىدى. «يا
تەڭرىم، ئۆزۈڭ مەدەت بەرگەيسەن!...»

تەڭرىگە تېۋىنىپ ئىبادەت قىلىش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.
تەڭرىقۇت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تەڭرىلىكتىن پاكلىنىپ، قايتا
تۆرەلگەندەك بولۇپ، روھلىنىپ قايتىپ چىقىشتى. سىرتتىكى
خالايىقمۇ ئۇلارغا يېڭىۋاشتىن قۇت تىلەپ ئېھتىرام بىلدۈ-
رۈشتى... تەڭرىقۇت تۇلپارغا مىندى، ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈ-
رۈپ، كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ كۈن قاپاغقا قاراپ يولغا
چىقتى. بۇ نۆۋەت ئۇلارنىڭ كەينىدىن تۇمەنلىگەن كىشىلەرگە
قوشۇلۇپ ئىلاھىي تەڭرىلىكنىڭ بارلىق قامانلىرى ۋە قاملىرىمۇ
ئەگەشتى. ئۇلارنىڭ ئەمدىكى مەنزىلى تۇمەنبالىقنىڭ سول تەرەپ
يۇقىرىسىدىكى ئىبادەت ئورمانلىقى ئىدى. ئات تۇياقلىرى، كىشى-
لەرنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىن توپا - چاڭلار توزۇيتتى. ياسانغان،
خۇشال كەيپىياتتا تولغان كىشىلەر ۋارقىراپ - چۇرقىراشقىنىچە
تورسۇقتىن سىقىپ چىقىرىلغان قېتىقتەك كۈن قاپاغدىن چىقىپ،
سولغا بۇرۇلۇپ، ئىبادەت ئورمانلىقىغا قاراپ ئاقتى.

## 3

كۈن قاپاغدىن چىقىپ سولغا بۇرۇلۇپ، قاتار - قاتار ئاق
كىگىز ئۆيلەر ۋە ساغىرلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ يۇقىرىغا بىرنەچچە
چاقىرىم ماڭغاندا، چوڭ، تەكشى بىر تۆپىلىكنى قاپلىغان قىزىل

تۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇچۇرا[1] ئورمانلىقىغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. شالاڭ ئۆسكەن قۇ-چۇرىلار ئارىسىغا ياپيېشىل يۇمران ئوت - چۆپلەر ئۈنگەن بولۇپ، قۇياش نۇرى بۇ ئوت - چۆپلەرگە ئالا - كۇنەس چۈشۈپ تۇراتتى. مانا مۇشۇ ئورمانلىقنى ئارىلاپ، ئوت - چۆپلەرنى چەيلەپ يەنە بىر چاقىرىمدىن ئارتۇق ئىچكىرىلەپ ماڭغاندا، تۆت ئەتراپىنى بۈككىدە ئورمان ئوراپ تۇرغان چوڭ بىر ئوچۇقچىلىققا — چىملىرى تەكشى ئۆسۈپ، ياۋا گۈللەر رەڭگارەڭ ئېچىلغان، ھەسەل ھەرىلىرى بىلەن توپ - توپ كېپىنەكلەر ھەريان ئۇچۇشۇپ، كىچىك سەجەر-لەر[2] ۋىچىرلاپ سايرىشىپ تۇرغان مەنزىرىسى گۈزەل بىر چىملىق مەيدانغا چىققىلى بولاتتى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا تەڭرىلەرنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئورمان پادىشاھىدەك يالغۇز - يېگانە ئۆسكەن چوڭ، قېرى بىر تۇپ ئارچا دەرىخى بار ئىدى. مانا بۇ، ھونلار ھەر يىلى كۈزدە جەم بولۇپ تەڭرىلەرگە، ئىلاھلارغا، ئەجدادلىرى-نىڭ روھىغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىپ، چوڭ كۆلەملىك نەزىر - چىراغ مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىغان پاك، مۇقەددەس جاي — ئىبادەت ئورمانلىقى ئىدى.

ھونلار ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ھەر يىلى ئۈچ قېتىم كاتتا يىغىلىش قىلاتتى. بۇنىڭ بىرىنچىسى، ئۇلۇغ ئاي پەسلىنىڭ[3] ئاخىرى ياكى نورۇز پەسلىنىڭ بېشىدا بولاتتى. بۇ نورۇز يىغىلى-شى ياكى نورۇز بايرىمى دەپ ئاتىلاتتى. نورۇز بايرىمىدا ھەرقايسى ھون خان - بەگلىرى ۋە ئۇرۇق - قەبىلە ئاقساقاللىرى تۈمەنبالىق-تىكى تەڭرىقۇت ئوردىسىغا جەم بولۇپ، بۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن بىللە كىچىك مەرىكە - مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئاددىيغىنا نەزىر - چىراغ قىلاتتى. ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا سېغىنىپ، ھاۋانىڭ بال-دۇرراق ئىللىپ ئوت - چۆپلەرنىڭ كۆكلىشىنى، مال - يىلقىلار-نىڭ ساق - سالامەت تۆللىشىنى، يامغۇرنىڭ، سۇنىڭ كۆپ بولۇ-شىنى تەڭرىلەردىن تىلەيتتى. ئىككىنچىسى، پۈتكۈل كائىنات ئويى-

---

① قىزىل قۇچۇرا — قىزىل قارىغاي.
② سەجەر — قۇشقاچ.
③ ئۇلۇغ ئاي پەسلى — قىش پەسلى.

غىنىپ، ئۆگۈز - ئېقىنلار تاشقىنلاپ، تاغ - ئېدىرلار، بوز قىرلار ياپيېشىللىققا پۈركەنگەن، چارۋا - ماللار تۆللەپ، كۆككە چىقىپ ئاۋۇشقا باشلىغان ئوغلاق ئاي پەسلىنىڭ بېشىدا بولاتتى. بۇ كۆكلەم يىغىلىشى ياكى ئوغلاق ئاي بايرىمى دەپ ئاتىلاتتى. ئوغلاق ئاي بايرىمىدا ھەرقايسى ھون خان - بەگلىرى، ئۇرۇق - قەبىلە ئاقساقاللىرى تەڭرىقۇت ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن بىللە تۇمەنبالىققا چوڭ مەرىكە - مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئەجدادلىرىغا، يەر - ئاسمان ۋە روھ - ئەرۋاھلارغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلاتتى. ئۈچىنچىسى، ئوغلاق ئاي پەسلىنىڭ ئاخىرى ياكى ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي پەسلىنىڭ بېشىدا، تۆللەر يېتىلىپ چارۋىلار ئاۋۇغان ھەم سەمرىگەن ۋاقىتتا بولاتتى. بۇ مول ھوسۇل يىغىلىشى ياكى ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي بايرىمى دەپ ئاتىلاتتى.

ھونلارنىڭ بۇ ئۈچ قېتىملىق يوسۇن بايرىمى ئىچىدە زىرائەتلەر پىشىپ دان قاتقان، ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ ۋايىغا يەتكەن، تۆللەر يېتىلىپ ئاۋۇغان ھەم سەمرىگەن ئالتۇن كۈز پەسلىدىكى يىغىلىش كۆلەم، مەزمۇن ۋە ئەھمىيىتى جەھەتتە باشقا ئىككى قېتىملىقىغا قارىغاندا ناھايىتى چوڭ، كاتتا، داغدۇغىلىق ۋە ئەھمىيەتلىك بولاتتى. كۈزدىكى بۇ كاتتا يىغىلىشقا تەڭرىقۇت باشلىق بارلىق ھون ئېسىلزادىلىرى، پايتەخت تۇمەنبالىقنىڭ پۈتكۈل ئاھالىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تۇمەن يايلىقىدىكى مالچىلارنىڭ ھەممىسى قاتناشقاندىن سىرت، يەنە تەڭرىقۇتلۇقنىڭ ئوڭ، سول، يۇقىرى، تۆۋەن تەرەپلىرىدىن، يىراق چېگرىلاردىكى قەبىلىلەردىن ھەمدە قوشنا ئەل - تائىپىلەردىنمۇ نۇرغۇنلىغان كىشىلەر كېلىپ قاتنىشاتتى. بۇ يىغىلىش ھونلارنىڭ كۈز پەسلىدىكى باياشاتلىق ۋە بەخت - شادلىققا ئېرىشكەن ھەمدە بۇنى تەڭرىلەردىن ئۆزلىرىگە مەڭگۈ يار قىلىشنى تىلەيدىغان كاتتا يىغىلىشى، چوڭ يوسۇن بايرىمى ئىدى.

كۈزدىكى بۇ كاتتا يىغىلىش ئاساسەن ئىبادەت ئورمانلىقىنى مەركەز قىلىپ باشلىنىپ بىرنەچچە كۈن، ھەتتا بىرنەچچە ھەپتە

www.uyghurkitap.com

داۋاملىشاتتى. كىشىلەر بۇ پاك، مۇقەددەس جايغا جەم بولۇپ قۇربانلىق قىلىشاتتى. ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ ئولتۇرۇپ كەلگەن يەرلەرگە ئۇرۇق - جەمەت بويىچە تارقىلىپ، تاش ئوچاق ياكى تاپچانلارغا[①] مىس قازانلىرىنى ئېسىپ نەزىر - چىراغ قىلىشاتتى. ئىلاھىي تەڭرىلىكتىكى باش قامانىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە چوڭ كۆلەملىك دۇئا - تىلاۋەت مۇراسىمىغا قاتنىشاتتى ۋە زاراخەتمىنىڭ نەزىر نېمەتلىرىگە ئېغىز تېگىپ تەڭرىلەرگە شۈكۈر - سانا ئوقۇشاتتى. لەشكىرىي پارات، دىنىي مۇراسىملار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن چوڭ كۆلەملىك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ پائالىيەتلەر ئاساسەن چەۋەندازلىق، كاماندازلىق، جانبازلىق، قىلىچۋازلىق، نەيزىلىشىش قاتارلىق لەشكىرىي ماھارەت مۇسابىقىلىرى؛ ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، بۇقا كۆتۈرۈش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، مول ھوسۇل شادلىقى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان، يەر - ئاسمان، تاغ - دەريالار كۈيلەنگەن ناخشا - ئۇسسۇل، دانىشمەنلەرنىڭ بەس - مۇنازىرىسى… قاتارلىق پائالىيەتلەر ئىدى.

ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي بايرىمىدا، تەڭرىقۇت ئوردىسىدا ھون قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلاتتى. قۇرۇلتايغا تەڭرىقۇت رىياسەتچىلىك قىلاتتى. بارلىق ئوردا ئەئيانلىرى، باش قامانلار، خان - بەگلەر، سانغۇنلار، ئاقساقاللار ۋە ئۇلارنىڭ يېقىن، مۇھىم كىشىلىرى قاتنىشاتتى. قۇرۇلتايدا ئالدى بىلەن تەڭرىقۇت ھەرقايسى ھون خان - بەگلىرىنىڭ مەلۇماتلىرىنى ئاڭلايتتى ۋە ئەكەلگەن سوۋغا - سالاملىرىنى قوبۇل قىلاتتى، ئاندىن پۈتكۈل ئەل بويىچە ئاھالىسىنىڭ نوپۇسى، قۇللارنىڭ، مال - چارۋىلارنىڭ سانى، يۈرۈش - سوقۇشلاردا ئېلىنغان ئولجا - غەنىيمەت ۋە كۆرۈلگەن زىيان - زەخمەتلەر بىر قېتىم تەپسىلىي، ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاپ كۆرۈلەتتى ۋە بۇنىڭغا ئاساسەن باج - سېلىق بېكىتىلەتتى. ئاخىرىدا چوڭ يىغىن - كېڭەش

---

① تاپچان — ئۈچ ئاياغ، ئۈچ پۇتلۇق شوتا.

ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىتتىپاقنىڭ — تەڭرىقۇتلۇقنىڭ مۇھىم ئىشلىرى بېكىتىلەتتى ۋە مۇھىم قارارلار چىقىرىلىپ، كەلگۈسى ئۇلۇغۋار پىلانلار تۈزۈلەتتى.

تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ بۇ يىلقى كۈزدىن، ھون قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ قۇرۇلتىيىدىن كۈتكەن ئۈمىدى ناھايىتى زور ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ھېس قىلىپ مۆلچەرلىشىچە، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئەل - يۇرت تىنچ بولۇپ، كىشىلەر خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلغان. يۇرۇش - سوقۇشلار غەلىبىلىك بولۇپ، ئولجا - غەنىيمەتلەر كۆپەيگەن. ئوت - سۇ مول بولۇپ ئاپەت كۆرۈلمىگەن. بۇنىڭ بىلەن مال - چارۋىلار ئاۋۇپ بايلىق ئاشقان. زېمىن كېڭىيىپ، ئاھالە نوپۇسى كۆپىيىپ، ئەل - يۇرت گۈللىنىپ، تەڭرىقۇتلۇقنىڭ ھەر تەرەپلىمە كۈچ - قۇدرىتى مىسلىسىز دەرىجىدە يۈكسەلگەن. بۇلارنى ئۆتمۈشتىكى ھەرقانداق بىر ۋاقىتتىكىگە، ھەرقانداق بىر دەۋرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. بۇنىڭدىن ئۇ ناھايىتى خۇرسەن بولماقتا، كۆڭلىگە ئاجايىپ يۈكسەك، ئۇلۇغۋار ئارزۇ - ئىستەكلەرنى پۈكمەكتە ئىدى.

تۈمەن تەڭرىقۇت يەنە بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا، ئەل - يۇرت ئالدىدا ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر قارارىنى، يەنى چوڭ ئوغلى، سول قول بىلگە باتۇرنى تەگىن ئۆگەلىكتىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى ئوغلى، ئون ئۈچ ياشلىق يۈيۈكنى تەخت ۋارىسى قىلىپ بېكىتكەنلىكىنى جاكارلىماقچىدى. چۈنكى ئۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى ھونزادىسى يۈيۈكنىڭ ساغلام، ئەقىللىق، سۇمباتلىق چوڭ بولۇشى، ئەتىۋارلىق كىچىك ئالچىسى جانئايىقنىڭ قايتا - قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشى، ئۆزىنىڭمۇ كۈندىن - كۈنگە ئۇلۇغلىنىپ ئەلكۈنىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشىپ كېتىۋاتقان، ئۆزىگە بويسۇنمايدىغان ۋە ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىدىغان «بوينى قاتتىق، ۋاپاسىز، يامان غەرەزلىك» ئوغلى باتۇردىن ئەنسىرىشى، خەۋپسىرىشى، ئۇنى كېيىنچە گەپكە، تاپقا كىرگۈزەلمەي قېلىشىدىن قورقۇشى، شۇنداقلا يەنە ئۆپچۆرىسىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كى بىر قىسىم يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە يەنە ئايىنىپ، ئاخىر مۇشۇنداق قارارغا كەلگەنىدى.

ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس! بىر يىلى بۆدۇنە سەمرىسە، يەنە بىر يىلى يېكەن توخۇسى سەمرىپتۇ دېگەندەك، بۇ يىلقى يوسۇن بايرىمى يېتىپ كېلىپ، هونلار تۇمەنبالىقتا يىغىلىپ مول هوسۇل شادلىقىغا چۆمگەن مۇشۇنداق بىر پەيتتە، كۇتۇلمىگەن بىر ئاپەت يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنى تەس كۇنگە قويدى.

## 4

باتۇر تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن هونلارنىڭ جەنۇبىدىكى ئوتتۇرا تۈز-لەڭلىكتە خۇاشيا ئۇرۇقلىرىنىڭ يېغىلىق دەۋرىدىكى يەتتە ئۇرۇش-قاق بەگلىكى بار ئىدى. بۇلاردىن سېرىق دەريانىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنلىرىغا جايلاشقان قالپاق كىيىپ كەمەر باغلايدىغان يەن، جاۋ، چىن بەگلىكلىرى شىمالدا هونلار بىلەن قوشنا - چېگرىداش ئىدى. ئۇلار دائىم هونلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇراتتى. چېگرا قورۇللىرىدا ئۇچرىشىپ سودا - سېتىق قىلىشاتتى ۋە نەرسە - كېرەك، مەدەنىيەت ئالماشتۇراتتى. هونلار خۇاشيالاردىن تۆمۈر تاۋلاشنى، قورۇق تام سوقۇشنى؛ خۇاشيالار بولسا هونلاردىن ئات مىنىشنى، ئات، قېچىر، كالا قاتارلىق هايۋانلارنى قاتناش، دېهقانچىلىق ۋە هەربىي ئىشلاردا ئىشلىتىشنى ئۆگەنگەنىدى. هونلار ئاشلىق ۋە يىپەك رەختلەرنى، مەي - شاراب، فارفورلارنى خۇاشىيالاردىن ئالاتتى. خۇاشىيالار بولسا ئات - ئۇلاغ، يۇڭ - تېرە، كۆن - خۇرۇم ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى هونلاردىن ئالاتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇاشيالار يەنە شىمالدىكى بۇ ئات مىنىشكە ماهىر، مەرگەن، قېنى قىزىق، هەرىكىتى چاققان، ئۇرۇشخۇمار هونلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت هۇجۇمى ۋە تالان- تاراج قىلىشىغا ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ ئەلمىساقتىن تارتىپ داۋاملىشىپ

كېلىۋاتقان ئىش بولغاچقا، ئۇلار ئەزەلدىنلا هونلاردىن ئېھتىيات قىلىپ ھەم ھەزەر ئەيلەپ، ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ شىمالدىكى چېگرا ـ پاسىللىرىغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئېگىز ھەم قېلىن تام ـ توسۇقلارنى سوقۇپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇ. رۇپ غايەت زور سېپىل بىنا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى ۋە تالان ـ تاراج قىلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈپ كەلگەنىدى. ۋەھالەن. كى، بۇ ئۇزۇن ھەم ئېگىز سېپىللار ئۇرۇشخۇمار ھونلارنى توسۇپ قالالمايتتى. ئۇلار زېمىن يۇتتۇۋېلىشنى مەقسەت قىلمىسىمۇ، ھە دېسىلا بۇ تام ـ سېپىللاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، خۇاشيالارنىڭ سې. پىل ئىچى ـ سىرتىدىكى قورۇل ـ قورغان، يۇرت ـ ئايماقلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ تۇراتتى ۋە ئۇلارنى تالان ـ تاراج قىلىپ، كىشىلىرىنى تۇتۇپ كېتىپ زادىلا ئاراملىق بەرمەيتتى.

ھالبۇكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بۇ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر. نىڭ قايسىبىرى بولمىسۇن، ئۇ چاغلاردا ھونلارغا تاقابىل تۇرۇپ ئۇلارنى توسۇپ قالالىغۇدەك ياكى ئېلىشىپ يەڭگۇدەك كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلارمۇ تەپرىقە، ئۆچ ـ ئاداۋەتتە ئىدى. بىر ـ بىرى بىلەن قانلىق ئۇرۇش ـ جېدەللەرنى قىلىشىپ پەقەتلا تىنچىمايتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قايسىبىرى بولمىسۇن يات ئەل، يات تائىپىلەرنىڭ ھۇجۇمى ۋە تالان ـ تاراج قىلىشىغا ئۇچرىسا، باشقىلىرى بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇراتتى، ھەرگىز ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ ھەمدەمدە بولمايتتى، بەلكى تېخى ئۇنىڭ ئاجىزلىشىشىنى، مۇنقەرز بولۇشىنى، يوقىلىشىنى تىلىشەتتى. ھەتتا بەزىدە تېخى مۇشۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، زېمىن ۋە بايلىقلىرىنى يۇتتۇۋېلىش، ئۇنى پارچىلىۋېتىش، يوقىتىۋېتىش قەستىدە بولۇشاتتى.

باتۇر يەتتە ياشقا كىرىپ تەگىن ئۆگە قىلىپ بېكىتىلگەن يىلى، يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 228 ـ يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك. تىكى بۇ ئۇرۇشقاق يەتتە بەگلىكنىڭ بىرى بولغان چىن بەگلىكى

www.uyghurkitap.com

بىردىنلا قۇدرەت تېپىپ باش كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ئۇن ئۈچ يېشىدا چىن بېگى بولغان يىڭ جىن ئىسىملىك پاسىبانىنىڭ باشچىلىقىدا قالغان يەن، جاۋ، چى، خەن، ۋېي، چۇ قاتارلىق ئالتە بەگلىككە شىددەتلىك جازا يۈرۈشى قوزغاپ، يەتتە يىل ئىچىدە ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تارمار كەلتۈرگەندىن كېيىن، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 - يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بۈيۈك فېئودال چىن سۇلالىسىنى قۇرۇپ چىقتى ھەمدە چاڭئەننى پايتەخت قىلىپ بەگلىك نامىنى خاقانلىققا ئۆزگەرتىپ، چىن بېگى يىڭ جىن ئۆزىنى «چىن خاقانى شىخۇاڭ»[1] دەپ ئاتىدى. چىن سۇلالىسى قۇرۇلۇپ دۆلەت بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، خۇاشيا ئۇرۇقلىرى بىر تۇغ ئاستىغا ئۇيۇشۇپ كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەتمۇ قۇدرەت تېپىپ تاشقى دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرالىغۇدەك ھالەتكە يەتتى.

مانا مۇشۇ چاغقا كەلگەندە، يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 215 - يىلى چىن خاقانى شىخۇاڭ جېشى تېغىغا[2] بېرىپ پىر - ئۇستازلارنى زىيارەت قىلدى ۋە بۇرۇنقى يەن دىيارىدىن[3] بولغان لۇشېڭ ھەزرەتنى قەدىمكى زامان پىر - ئەۋلىيالىرى شيەنمىن، گاۋشى[4] لارنى ئىزدەپ تېپىشقا ئەۋەتتى. خەن جۇڭ، شى شېڭ، خۇگۇڭلارنى ئەۋلىيالار ياسىغان ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى[5]. ئۆزى شىمالدىكى چېگرا - قورۇللارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بېرىپ شاڭجۈن ۋىلايىتىدىن[6] قايتتى.

يەن دىيارىدىن بولغان لۇ شېڭ ھەزرەت بۇيرۇققا بىنائەن شەرقىي دېڭىزغا بېرىپ قەدىمكى زامان پىر - ئەۋلىيالىرى بىلەن

---

① چىن خاقانى شىخۇاڭ — چىن شىخۇاڭ.

② جېشى تېغى — بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسىدىكى چاڭلى ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

③ بۇ يەردە بۇرۇنقى يەن بەگلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

④ شيەنمىن، گاۋشى — جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان رىۋايەتلىرىدىكى ئەۋلىيالارنىڭ نامى.

⑤ چىن شىخۇاڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن ھاكىممۇتلەقلىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە قول ئاستىدىكى تېۋىپ - ھەكىملەرگە ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ياساتقان ۋە دورىسى كار قىلمىغان تېۋىپلار ھەم بۇ ئىشنى مەسخىرە قىلغان ئۆلىمالاردىن تۆت يۈز ئاتمىش كىشىنى بىر قېتىمدىلا تىرىك كۆمۈۋەتكەن.

⑥ شاڭجۈن ۋىلايىتى — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 304 - يىلى تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭغا خۇشى قاتارلىق يىگىرمە سەككىز ناھىيە قارايتتى. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىدىكى يەنئەن، يۈلىن ئەتراپلىرىدا.

كۆرۈشكەن. ئۇلاردىن پالچىلىقنى ئۆگىنىپ قايتىپ كېلىپ، چىن
شىخۇاڭنىڭ يېنىدا قېلىپ ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغانىدى. لۇ شېڭ
ھەزرەت شەرقىي دېڭىز پىر - ئەۋلىيالار بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇلار-
دىن پالچىلىقتا ئائىت بىر مۇقەددەس رەسىملىك كىتابنى مۇستەبىت
پادىشاھ چىن شىخۇاڭغا تەقدىم قىلدى. بۇ كىتابتا «چىن خاقانىنى
ھونلار يوقىتىدۇ!» دېگەن ۋەھىملىك بېشارەت بار ئىدى. چىن
شىخۇاڭ ناھايىتى گۇمانخور، خۇنۇك كىشى بولغاچقا ھەم شىمالدى-
كى ھونلارنى ئوبدان بىلگەچكە، مۇقەددەس رەسىملىك كىتابتىكى
بۇ بېشارەتكە ئىشەندى ۋە قاتتىق چۆچۈدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
كەلگۈسىدىكى بۇ چوڭ خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دانىشمەن
ۋەزىرى لى سى بىلەن كېڭىشىپ، داڭلىق سەركەردىسى مېڭ
تيەن[1] سانغۇننى ئۈچ يۈز مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن ئۆزد-
نىڭ شىمالىدىكى ئاتا دۈشمىنى ۋە كەلگۈسىدىكى ئاپەت خەۋپى
بولغان ھونلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى.

## 5

تۆۋەن ئىقلىمدىكى چىنلىقلارنىڭ نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك
زور قوشۇن بىلەن ئوردۇس يايلاقلىرىغا باستۇرۇپ كەلگەنلىك شۇم
خەۋىرىنى تۇمەن تەڭرىقۇت چۈغاي تېغى ئېتىكىدىكى تۇمەنبالىقتا
ھون قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ قۇرۇلتىيىنى ئېچىۋېتىپ
ئاڭلىدى... ئەجەبا، بۇ راست گەپمىدۇر؟ چىنلىقلار راستىنلا
ئوردۇسقا بېسىپ كەلگەنمىدۇر؟ بۇ مۇمكىنمىدۇر؟... ئۇلار ئەزەل-
دىن ھونلارغا قاش كۆتۈرۈپ قاراپ باقمىغان، زېمىن ۋە بايلىقلى-
رىغا خىرىس قىلمىغان، بۇنداق تېز، تۇيۇقسىز، شىددەتلىك ھۇ-
جۇم قوزغاپمۇ باقمىغان. ئەكسىچە ھونلاردىن ئېھتىيات قىلىپ،
ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىدىن، تالان - تاراج قىلىشىدىن قورقۇپ،

[1] مېڭ تيەن — چىن خاقانلىقىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 210 - يىلى ئۆلگەن.

www.uyghurkitap.com

چېگرا ـ پاسىللىرىنى ئېنىق ئايرىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ
سېپىل ـ قورغانلارنى ياساپ مۇداپىئە كۆرۈپ ياشاپ كەلگەن.
بىراق بۇ دورەم بۇنداق قىلىشقا قانداق پېتىنغاندۇر؟ نېمىسگە
ئىشىنىپ، نېمىسگە تايانغاندۇر؟...

تۇمەن تەگرىقۇت دەسلەپتە ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي ئەنە
شۇنداق ئويلاردا بولدى، ھەيرانلىق ۋە ھودۇقۇشتىن قاتتىق ئىسەن-
گىرەپ، تەختىگە چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئەمما بىر پەستىن
كېيىن ئۇ بۇنىڭ پۈتۈنلەي راست ھەم تامامەن مۇمكىن ئىكەنلىكە-
نى ھېس قىلدى، كۆز ئالدىدا بولسا سەل ـ قىياندەك يامراپ،
شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان چىنلىقلار نامايان بولۇشقا
باشلىدى... ئەنە ئۇلار، شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلمەكتە، ھەم-
مىدىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ چوڭ ـ چوڭ تەسۋىرىي خەتلەر يېزىلغان
ۋە كەشتىلەنگەن ئالىيېشىل، تار، ئۇزۇن ئاسما تۇغلىرى، ئەتى-
گەنكى قۇياش نۇرىدا يالت ـ يۇلت قىلىپ پارقىرىغان ئۇزۇن
ساپلىق نەيزىلىرى، ئايپالتا، قىلىچلىرى، ئاندىن دۇبۇلغىلىق
باشلىرى، ساۋۇتلۇق بەستلىرى، قوللىرىدىكى قالقانلىرى، مىنى-
ۋالغان ئاتلــــىرى كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ تەڭگە قاسىراقلىق دۇ-
بۇلغا ـ ساۋۇتلارنى كىيىپ، ئۆتكۈر، پۇختا تۆمۈر قوراللار بىلەن
قوراللانغان سەركەردە ـ سانغۇنلىرى قاۋۇل ئاتلاردا مەزمۇت ئول-
تۇرۇپ ھەممىنىڭ ئالدىدا كەلمەكتە. سەرۋاز ـ لەشكەرلىرى بول-
سا كەينىدە، پىيادە كەلمەكتە. لېكىن نۇرغۇن، ناھايىتىمۇ نۇر-
غۇن، لەك ـ لەك، چۇمۇلىدەك كۆپ، چىش ـ تىرنىقىغىچە
قوراللانغان، قورال ـ ياراغلىرىمۇ خىل ھەم پۇختا ئىدى. ئۇلار
چوڭ ـ چوڭ توپلارغا بۆلۈنۈپ، مۇرەككەپ، مۇستەھكەم جەڭ
سەپلىرىنى تۈزگەن. خۇددى شۇ پېتى يەردىن ئۈنۈپ چىقىۋاتقاندەك
قىرلارنىڭ، دۆڭلەرنىڭ ئۈستىگە لۆم ـ لۆم ئۆرلەپ چىقىدۇ ـ
دە، تەكشىلىككە يېيىلىپ، قارا كەلكۈندەك يامراپ ئالغا ئىلگىرى-
لەيدۇ. تەكشىلىككە يېيىلغاندا، بىپايان، تۈپتۈز دالىلاردا خۇددى
قاپقارا ئېغۇ جاڭگال ئۈنۈپ چىققاندەك، ئۆتكىلى بولمايدىغان تاغ ـ

داۋان پەيدا بولغاندەك بولىدۇ. ئۇلار ھەممە يەرگە يامىرىغان، توسۇ-
ۋالغىلى، تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان، ھەممىنى يالماپ يۇتۇپ
كېتىدىغان قىيانغا ئوخشىشىدۇ. ھەيۋەت بىلەن، شىددەت بىلەن
باستۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ سۈر - ھەيۋىسىدىن، ۋەھىمىسىدىن
زېمىن تىترەيدۇ، لەرزىگە كېلىدۇ!...

تۇمەن تەڭرىقۇت ئىختىيارسىز ھالدا قاتتىق شۈركۈندى، قۇي-
قا چاچلىرى تىك بولۇپ، پۇتلىرى تىترىدى، يۈرىكى ئەنسىز،
غەزەپلىك سوقۇپ، نەپەس ئېلىشقا تىنىقى، ئويلاشقا ئويى يەتمەي
قالدى. ئۇ تېزلا ئۇستۇپىشىغا دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى كىيىپ،
قوراللىنىپ، ئاتلىنىپ قەيەرگىدۇر چىقماقچى بولدى. خان -
بەگلىرىنى، سانغۇنلىرىنى، ئۇرۇقداشلىرىنى، ئوغۇللىرىنى،
چوڭ ئوغلى باتۇرنى چاقىرىپ، ئۇلارغا، تۇمەنىبالىققا، پۇتكۈل
يەر - جاھانغا قاراپ سۈرەن سالغۇسى، ھۆركىرىگۈسى كەلدى.
ئۇ تەختىدىن چاچراپ تۇرۇپ سۇپا ئۇستىدە ئۇياق - بۇياق ماڭدى،
چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، زاڭاقلىرىنى لىپىلدىتىپ، مۇشتلىرى-
نى چىڭ تۇگدى، ساقىلىنى تۇتاملاپ، چاچلىرىنى قاماللىدى،
ئاخىرىدا قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، غولاچلىرىنى كەڭ ئېچىپ تەڭرىگە
نالە قىلدى:

«ئەي تەڭرىم! ئەجدادلىرىم! ... سىلەردىن مەدەت تىلەي-
مەن! ... ياۋ كەلدى، ياۋ! ...»

ياۋ كەلدى، ياۋ! چىنلىقلارنىڭ، چىن خاقانىنىڭ ئۇلۇغ
ئاتلىق مىڭ تيەن سانغۇنى كەلدى! چىش - تىرنىقىغىچە قورال-
انغان، چۇمۇلىدەك ھېسابسىز لەشكىرىي كۈچ بىلەن تۇۋەن ئىقلىم-
دىن، ئەزىم سېرىق ئۆگۈزنىڭ ئۇ تەرىپىدىن، تاغ - دەريالاردىن،
ئورمانلىق، سۇلۇقلاردىن، قۇملۇق، چۆل - باياۋانلاردىن سېرىق
توپىلىق ئېگىزلىكتىن ئۆتۈپ ياۋ قوشۇنى باستۇرۇپ كەلدى! ...
كەلمىگەندۇر، بەلكى يالغان گەپتۇر بۇ. بىرەرى قەستەن ئويدۇ-
رۇپ چىقارغان شۇم خەۋەر، قۇرۇق ۋەھىمىدۇر بەلكىم... ھەممە
بايرام تەنتەنىسى قىلىۋاتىدۇ. بىغەم، خۇشال - خۇرام ئويناۋاتىد-

دۇ. ھېچنېمىدىن، ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز، خىرامان… شۇ تاپتا بىر ئاز تەييارلىق ياكى بىرەر مۇداپىئە تەدبىرى بولسىچۇ كاشكى! مۇشۇنداق چاغدا، مۇشۇنداق پەيتتە ئۇشتۇمتۇت، تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كەلگەن قانداق ياۋدۇر بۇ؟ توختا، توختا… نېمە ئىش بۇ؟! … تەڭرىنىڭ، ئىلاھلارنىڭ قارغىشى تەگدىمۇ، ئەجدادلارنىڭ سوغۇق نەزىرى چۈشتىمۇ بىزگە؟… «يا تەڭرىم، پاك پەرۋەردىگارىم! ئەپۇ قىل بىزنى، قۇتقۇز ھوزىنى، قارا كەلكۈندىن، تالان - تاراجىدىن، قان - ياشتىن، گۇمران بولۇش، يوقىلىشتىن! …»

— ئۇرۇقداشلار، ئىتتىپاقداشلار! — دېدى ئۇ ھەم غەزەپلەنگەن، ھەم ھودۇققان ھالدا بوغۇق ئاۋازى بىلەن قۇرۇلتاي ئىشتىراكچىلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ، — ياۋ كەلدى، ياۋ! چىنلىقلار ئۈچ يۈز مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن باستۇرۇپ كەلدى. بىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىمىزدا، ئوردۇس يايلىقىدا، بۇرنىمىزنىڭ ئاستىدىلا بارگاھ قۇردى! … ئۇلار بىزنىڭ گېلىمىزدىن بوغماقچى، بىزنى يوقاتماقچى. بىز ئەمدى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

يىغىن ئەھلىمۇ بۇ ۋەھىملىك شۇم خەۋەردىن ئوخشاشلا ھەيران قېلىشتى، چۆچۈشتى، ھودۇقۇشتى، غەزەپلىنىشتى. بەزىلەر ھەتتا ئالاقزادە بولۇپ ساراسىمىگە چۈشتى. تەڭرىقۇتنىڭ مۇراجىئىتىگە، سوئالىغا ئۇدۇل، ئىتتىك جاۋاب بېرەلمەي، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ چوڭقۇر ئويغا، ئېغىر، ۋەھىملىك سۈكۈتكە چۆكتى! … ياۋ كەلدى، ياۋ! مىڭ تىيەن سانغۇن باشچىلىقىدىكى چىن سۇلالىسى قوشۇنلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كەلدى. ئۇلار ناھايىتى نۇرغۇن ھەم كۈچلۈك، بەلكى تېخى شىددەت بىلەن ھۇجۇم قوزغاپ، چاقماق تېزلىكىدە ئوردۇس يايلىقىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇ يەردە بارگاھ قۇرۇپمۇ بولدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ۋە ئىرىشمەكچى بولغىنىمۇ دەل ئاشۇ بىر پارچە مۇنبەت زېمىن. ئۇلار ئوردۇسنى بېسىۋالماقچى، ئۇ يەردىن ھونلارنى قوغلاپ چىقارماقچى. بىراق بۇ مۇنبەت زېمىن، ئوت - سۈيى مول پايانسىز يايلاق ئوخشاشلا

هونلارغىمۇ لازىم. چۈنكى ئۇ يەر ئۇلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنى، ئەجدادلىرىدىن قالغان تەۋەررۈكى. ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرى ياشايدۇ. ۋەھالەنكى، ھازىرقى ۋاقىت ـ شارائىتتا كۈچ، پۇرسەت چىنلىقلار تەرەپتە. ئۇلار بىلەن ئېلىشاي دېسە، تەڭ كەلگىلى، ئېلىشىپ يەڭگىلى بولمايدۇ. بۇ كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرغان گەپ. ھۇما قۇشىمۇ ئۇلار ئۈستىدە ئەگىپ يۈرىدۇ. ئەگەر ئېلىشماي دېسە، زېمىن قولدىن كېتىدۇ. ئۇ چاغدا چىنلىقلارنىمۇ توسۇپ توختاتقىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئاخىرىنىڭ، ئاقىۋىتىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئۇنداق-تا... زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ تەۋەككۇل قىلىپ ئېلىشىش كېرەكمۇ ياكى سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرۇش كېرەكمۇ؟... بارماقلارنىڭ قايسىبىرىنى چىشلىسىمۇ ئوخشاشلا ئاغرىيتتى. ئې-غىر سۈكۈت، ۋەھىمىلىك جىمجىتلىق خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى. ئۈنى بىرىنچى بولۇپ، ئاخىر قېنى بارغانچە قىزىپ، غەزەپتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇرغان سول قول بىلگە باتۇر بۇزدى.

— ئېلىشىش كېرەك! ئاتلىنىش كېرەك! — دېدى ئۇ ئورنى-دىن دەس تۇرۇپ، ئەركەك بۆرىدەك ھۆركىرەپ، — چىنلىقلار بىلەن يۈزمۇ يۈز، يەكمۇ يەك ئېلىشىش كېرەك! قېنى ئۇلارنىڭ قانچىلىك كارامىتى باركىن؟!

يىغىن ئەھلى قانداقتۇر بىر ئۈمىد بىلەن كۈچلۈك شامالدا چايقالغان ئورمانىدەك ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ دۇرۇلدەشتى.

— توغرا، ئېلىشىش كېرەك! ياۋنى توسۇش كېرەك!

— يارلىق چۈشۈر، تەڭرىقۇت، بىز ھازىرلا ئاتلىنىمىز، ياۋ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىمىز!

—......!

باتۇرنىڭ جەڭگىۋار، كەسكىن خىتابىغا ياشلار، باھادىرلار شۇئان ئاۋاز قوشتى. بىراق، يىغىن ئەھلى ئىچىدە ياشانغانلار، ئاقساقاللار، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆتكەن

بىلگە ـ دانىشلار، ھەرقانداق ئىشنى ئويلاپ قىلىدىغان سالماق، سوغۇق قانلىقلار كۆپ ئىدى. بىرىنچى بولۇپ ئەنە شۇلارنىڭ بىرى بولغان ئوڭ قول بىلگە يانبېيقان باتۇرنىڭ تەشەببۇسىغا قارشى چىقىپ، ئوت يۈرەك ياشلارنىڭ، قورقۇمسىز باھادىرلارنىڭ روھىغا سوغۇق سۇ سەپتى.

— بىراق، ياۋ بىلەن ئېلىشىشقا بىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىمىز يېتىشمەيدۇ... — دېدى ئۇ ئالاقزادە بولۇپ ساراسىمىگە چۈشكەن ھالدا، — سىلەر بىلىسىلەر، تۈۋەن ئىقلىمدىكى تۈگىمەس جەڭ ـ جېدەللەر دەستىدىن، زالىم چىن خاقانىنىڭ قانلىق زۇلمى دەستىدىن ئۆز يۇرتلىرىدا تىنچ ياشاشقا كۆزى يەتمەي، «ھونلار ئارىسىدا ياشاش ئارام» دەپ بىز تەرەپكە قېچىپ كېلىۋاتقان چىنلىقلاردىن ئاڭلىغانسىلەر. دېمەكچىمەنكى، بىز ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان بۇ ياۋ ئىلگىرىكى خۇاشيالار ئەمەس، بەلكى چىنلىقلار!... ئۇلارنى ھەرگىز سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. ئۇلار بەك كۆپ خەق. لەشكىرىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن، ياراغلىرىمۇ خىل ھەم پۇختا. چىن قوشۇنىدا ساۋۇتسىز ئەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. قالقان تۇتمىغان، بېشىغا دۇبۇلغا كىيمىگەن، قولىغا قىلىچ، نەيزە ئالمىغان بىرمۇ ئەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئۇلار نۇرغۇن جەڭ ـ سوقۇشلارنى كۆرگەن، ياخشى چېنىققان، تەربىيىلەنگەن، سەپلىرىمۇ تۈز ھەم مۇنتىزىم، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، پاتىپاراقچىلىق يوق، شۇنداق تەرتىپلىك، جەسۇر ھەم جەڭگىۋار! لېكىن بىزچۇ؟ بىزنىڭ چەۋەندازلىرىمىزچۇ؟... بىز ئۇلارنىڭ ئالتىدىن بىرىگىمۇ تەڭ كەلمەيمىز. چەۋەندازلىرىمىزمۇ تۈزۈك تەربىيىلەنمىگەن، مەشىقلەنمىگەن، قالايمىقان، باشباشتاق، قوللىرىدىمۇ ئوقيا بىلەن داتلىشىپ كەتكەن قىلىچتىن باشقا تۈزۈك ياراغ يوق، قالقانلىرىمۇ، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىمۇ ئۇلارنىڭكىدەك پۇختا، چىدامىلىق ئەمەس، تولىسى ئەلتېرە دۇبۇلغا ـ ساۋۇت، تال چىۋىقتىن توقۇلغان قالقانلار. بۇلار نېمىگە دال بولالايدۇ؟... ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ ھازىر ھېچقاند-

داق جەڭ تەييارلىقىمىز ياكى بىرەر مۇداپىئە تەدبىرىمىزمۇ يوق. ئۇنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە بولسا ۋاقىت - پۇرسەت يار بەرمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بىز ياۋغا قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟ ئۇلار بىلەن قانداق ئېلىشىمىز؟ ئېلىشىپ تەڭ كېلەلەيمىزمۇ، يېڭەلەيمىزمۇ؟...

يانبېيقاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كىشىلەر يەنە چايقىلىپ گۇ. رۇلدەشتى. باشلار، جۈپ - جۈپ قوللار ئىختىيارسىز تەڭرىدىن مەدەت تىلەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭغان كىشىلەرنىڭ پۇت - قولى بوشىشىپ، چىرايلىرىدا قان قالمىغانىدى. بۇنىڭدىن ئۇلار. نىڭ قورقۇپ، ساراسىمىگە چۈشۈپ ۋەھىمە ئىچىدە قالغانلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى... بىراق، باتۇر بۇلارنى تەن ئالمىدى. ئۆگەي بوۋىسى يانبېيقاننىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولمىدى. چۈنكى ئەھۋال ئۇ ئېيتقاندەك ئۇنچىۋالا ئېغىر ئەمەس ئىدى.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟! — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ تۇرۇپ.

— توغرا، بىز زادى قانداق قىلىمىز؟ ئېنىقراق گەپ قىل، ئوڭ قول بىلگە، — دېيىشتى باشقىلارمۇ. چۈنكى بۇ شۇ تاپتا ھەممە كىشىنىڭ كاللىسىغا كەلگەن بىردىنبىر سالماقلىق سوئال ئىدى.

— زېمىنغا تىنچلىق تېگىشىمىز، تۇغقانلار، — دېدى ئوڭ قول بىلگە خان باتۇرنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا ئۇدۇل قاراشقا پېتىنالمىسىمۇ، كۆڭلىدىكى مەقسىتىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلىپ، — چىنلىقلارنىڭ كۆز تىكمۋاتقىنى ئوردۇس، سېرىق ئۆگۈزنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئاشۇ بىر پارچە قاقاس يەر. شۇڭا بىز ئۇ تاشلاندۇق يەردىن مېھرىمىزنى ئۈزۈشىمىز كېرەك. ئۇرۇش ئاۋارىچىلىكىدىن، بىھۇدە قۇربان بېرىشتىن، قان تۆكۈشتىن ئۆزىمىزنى تارتىشىمىز كېرەك.

— ئوڭ قول بىلگە دۇرۇس ئېيتىدۇ، تۇغقانلار. بىز چىنلىق.

تۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لار بىلەن سوقۇشۇپ پايدا ئالالمايمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە ئوردۇسىنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىپ ئۆزىمىزنى ئاياپ قالغىنىمىز تۈزۈك.

— شۇنداق، بىزگە يېغا ئەمەس، تىنچلىق كېرەك. ئازراق زېمىنىنى، كىچىككىنە بىر پارچە ئۇستىخاننى دەپ ئۆزىمىزنى يېغا قايىنىمىغا ئاتمايلى!

«ئاھ! ئۇ يەر راستتىنلا كىچىككىنە بىر پارچە قۇرۇق ئۇستىخان بولسىدى كاشكى! ...» دەپ نالە قىلدى باتۇر ئىچىنىشلىق ئىڭراپ، ئاندىن ئۇ دەرغەزەپكە كېلىپ ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، ھەممىنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئاۋازدا ھۆركىرەپ تۇرۇپ دېدى:

— ياق! ... ئوردۇس ـ بىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىمىز، ئۇ ھەرگىزمۇ كىچىككىنە بىر پارچە قۇرۇق ئۇستىخان ئەمەس. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ھەرگىز ياتلارغا بېرىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلىدىكەنمىز، بىزنىڭ ئىتتىن ھېچ پەرقىمىز قالمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ پەسلىشىپ كېتىمىز! ... يەنە، چىنلىقلارنىڭ قەستى پەقەت ئوردۇستىلا، ئۇلار ئوردۇسنى ئالسىلا توختاپ قالىدۇ، ئۇنىڭغا قانائەت قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەيدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ سەنمۇ، بوۋا؟ يەنە قايسىڭلار شۇنداق دېيەلەيسىلەر؟ ياق، چىنلىقلار ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ، ئوردۇسقا قانائەت قىلمايدۇ. ئەكسىچە، بىزنى قورقۇنچاق، كۈچسىز، ئىقتىدارسىز چاغلاپ، خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. سېرىق ئۆگۈزدىن ئۆتۈپ باشقا زېمىنلىرىمىزغىمۇ تاجاۋۇز قىلىدۇ. ھەتتا بىزنىڭ بۇ يەرلەرگىمۇ، تۇمەنبالىققىمۇ باستۇرۇپ كېلىشى مۇمكىن. خوش، ئۇ چاغدا بىز قانداق قىلىمىز؟ يەنە زېمىنىمىزنى تاشلاپ بېرىمىزمۇ؟ چېكىنىپ بېرىمىزمۇ؟ قانچىلىك چېكىنىمىز؟ چېكىنىپ قەيەرگە بارىمىز؟ نېمە پايدىغا ئېرىشىمىز؟ ... ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆچكە تېپەرمىكىن، سۇت ئۆرۈلەرمىكىن، دەپ دېلىغۇل بولۇپ ئولتۇرماي، تېزدىن ياۋغا قارشى ئاتلانغىنىمىز تۈزۈك.

— دۇرۇس، سوقۇشتا لەشكەر سانىنىڭ ئاز ـ كۆپ بولۇشى ئۇنچە مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى تېزدىن ئۇيۇشۇپ كۈچنى توپلاشتا، پۇرسەتنى، تەشەببۇسكارلىقنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوقۇش دېگەندە يېڭىش ـ يېڭىلىش، ئۆلۈش ـ يارىلىنىش بولۇپ تۇرىدۇ. بەزىدە ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتمايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بىراق كىمنىڭ يېڭىپ، كىمنىڭ يېڭىلىدىغانلىقى، كىم ئۆلۈپ، كىم قالىدىغانلىقى تەڭرىگە باغلىق!

باش قامان، يابغۇ ئىنچۇنقاننىڭ گۈلدۈرماما ئەك ھەيۋەتلىك ئاۋازى ياڭراش بىلەن تەڭ ئودىكام جىمجىتلىققا چۆكۈپ، ھەممە ئۇنىڭغا باقتى. قانداقتۇر بىر ئۈمىد، ئىنتىزارلىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ھازىرقى ۋاقىت ـ شارائىتتا كۈچ، پۇرسەت يەنىلا چىنلىقلار تەرەپتە. ئەكسىچە بىز بولساق پاسسىپ ھالەتتە، پۈتۈنلەي غەپلەتتە. بۇ تەڭرىنىڭ بىزگە بەرگەن جازاسى، ئېتىقادىمىزنىڭ سۇسلۇقىدىن، گۇناھلىرىمىزنىڭ كۆپلۈكىدىن، قىلغان ئىبادەت، بەرگەن قۇربانلىقلىرىمىزنىڭ تەڭرىلەرنىڭ، ئىلاھلارنىڭ دەرگاھىغا يەتمىگەنلىكىدىن، قوبۇل بولمىغانلىقىدىن، بىخۇد، بەڭۋاشلىقىمىزدىن بېشىمىزغا كەلگەن قارا تەقدىر!… بىراق تەقدىر يەنىلا تەڭرىلەرنىڭ ئىلكىدە. ئۇنىڭغا سەۋەب كېرەك. سەۋەب قىلىش بولسا بىزنىڭ ئىشىمىز. بۇ جەھەتتە سول قول بىلگە باتۇرنىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇق. ئېھتىمال بىز بۇ قېتىمقى سوقۇشتا ياۋغا يېڭىلىپ قېلىشىمىز، تەڭرىنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولۇشىمىز مۇمكىن. لېكىن شۇنى ئۇنتۇمايلىكى، بىز ھون، يېڭىلسەكمۇ، مەغلۇپ بولساقمۇ ياۋ بىلەن ئېلىشىپ ئاندىن يېڭىلىشىمىز، ئار ـ نومۇسىمىزنى، شان ـ شەرىپىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىقىمىز كېرەك! شۇنداق قىلساق، ياۋمۇ ئوخشاشلا ھالسىزلىنىدۇ، تالاپەت تارتىدۇ، داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە، سېرىق ئۆگۈزدىن

ئۆتتۈپ بۇياقتىكى زېمىنلىرىمىزغا تاجاۋۇز قىلىشقا كۆچ - مادارى يەتمەيدۇ. يەنە بىرى، ئۇلار ناھايىتى يىراقتىن ئۇرغۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەن. لەشكىرى كۆپ، ياراغلىرى خىل بولغىنى بىلەن، قوشۇنى كېلەڭسىز، جەڭ ئاتلىرى ئاز، كۆپىنچىسى پىيادە، ھەردە-كىتىمۇ ئاستا، ئاش - ئوزۇقىمۇ يېتەرسىز. يەنە كېلىپ ئۇلار بىزدەك ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ يېتىپ كۆنمە-گەن. دېمەك، بۇنداق قوشۇن يىراققا يۈرۈش قىلالمايدۇ. ئۇزاققا سوزۇلغان يوللارغا، سوقۇشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. مانا بۇ بىزگە پايدىلىق، بىز بولساق بۇ جەھەتتە ئەۋزەلمىز!... شۇڭا سول قول بىلگە باتۇر ئوغلان ئېيتقاندەك، بۇ يەردە بەس - تالاش قىلىپ ۋاقىتنى بوشقا ئۆتكۈزمەي، تېزدىن توپلىنىپ ياۋغا قارشى ئاتلىنىد-شىمىز كېرەك!

— توغرا، ئېلىشىش كېرەك.

— ئاتلىنايلى، ياۋغا قارشى جەڭگە كىرەيلى!

— يارلىق چۈشۈر، تەڭرىقۇت، بىز تەييار!...

يابغۇ ئىنچۇنقان ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن تالاش - تارتىش ئۇنچە ئۇزاق داۋام قىلمىدى. باتۇر تەرەپتىكى ياشلار، باھادىرلار، يابغۇ ئىنچۇنقاندەك ھەقىقىي سالماق، ئاقىل - دانىش، غۇرۇر-لۇق، ۋىجدانلىق كىشىلەر تېزلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئوڭ قول بىلگە يانبېيقاندەك تەسلىمچىلەرنى مات قىلدى. تۇمەن تەڭرىقۇتمۇ بۇ قېتىم ئوغلى باتۇر تەرەپتە تۇردى. چۈنكى ئۇ چىنلىقلار بىلەن بولغۇسى جەڭدە ئۇلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشماقتىن باشقا چارە - ئامالنىڭ يوقلۇقىنى ئاللىقاچان كۆرۈپ يەتكەن ۋە مۇشۇ سەۋەبلىك چوڭ ئوغلى، سول قول بىلگە باتۇرغا يەنە ھاجىتى چۈشكەنىدى. شۇڭا ئۇ باشقا ھەممە ئىشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ باتۇرنى قوللىدى ۋە ئۇنىڭ تەشەببۇسى بويىچە قۇرۇلتاينىڭ ئۆزىدى-لا يارلىق چۈشۈرۈپ، بارلىق ئۇرۇق - قەبىلىلىرىنى چىنلىقلارغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىشقا چاقىردى.

هونلار ئەزەلدىن ئات ئۈستىدىن چۈشمەيدىغان، ياراغلىرىنى يېنىدىن ئايرىماي ئات ئۈستىدە ياشايدىغان، چەۋەندازلىق ۋە كاماندازلىقتا ماھىر، ھەرىكىتى چاققان ھەم چەبدەس، جەسۇر، قىزىقان، ئۇرۇشخۇمار، جەڭگىۋار بىر تائىپە ئىدى. ئۇلاردا تىرىكچىلىكتىن — ئىشلەپچىقىرىشتىن، تېرىم - يىغىمدىن ئايرىلغان دائىملىق، مۇنتىزىم لەشكىري قوشۇن يوق. لەشكەرلىكنى مەخسۇس كەسىپ قىلغان ياللانما قوشۇنمۇ يوق، بەلكى پۈتۈن مىللەت ئۆزى بىر لەشكىري قوشۇن، پۈتۈن جەمئىيەت بولسا چوڭ بىر ھەربىي لاگېر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياش قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلۈكىدىن ساۋۇتلۇق چەۋەندازلار قوشۇنىغا قېتىلاتتى. ئۇلار ھەم ئەمگەكچى، مالچى، ھەم جەڭچى بولۇپ، تىنچ مەزگىللەردە ئوۋ ئوۋلاپ چېنىقاتتى ۋە مال بېقىپ، يەر تېرىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئەگەر باشقا ئەل - تائىپىلەرگە، قەبىلە - قوۋملارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تالان - تاراج قىلىشقا ياكى ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ، مۇداپىئە كۆرۈپ قوغدىنىشقا، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇپ سوقۇشۇشقا توغرا كەلسە، بىرلا يارلىق بىلەن ھەممىسى ئوقياسىنى، ياراغلىرىنى ئېلىپ ئېتىغا مىنەتتى - دە، ئۆزلۈكىدىن قوشۇنغا قېتىلىپ جەڭگە كىرەتتى. ئادەت بويىچە، ئۇرۇشتىكى مۇكاپات ۋە جازا بەلگىلىمىلىرى بويىچە دۈشمەندىن بىرنى ئۆلتۈرگەن كىشىگە بىر جام شاراب ئىنئام قىلىناتتى. ئۇرۇشتا ئالغان ئولجا - غەنىيمەتلىرى ۋە ئەسىرلىرى ئۆزىگە بېرىلەتتى. شۇڭا ھەممە كىشى ئولجىغا ئېرىشىپ باي بولۇش، ئەسىر قۇللارغا ئىگە بولۇش، ياخشى، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن جەڭگە ئۆزلۈكىدىن ئاتلىنىپ قەھرىمانلارچە ئېلىشاتتى. سوقۇش قۇلايلىق، پايدىلىق بولسا خۇددى قۇشلار توپىدەك ئۇچۇپ، باستۇرۇپ باراتتى. ئەكسىچە بولسا ياكى يېڭىلىپ قالسا، خۇددى ئاسماندا بۇلۇت تارقىغاندەك بىردەمدىلا تارقىلىپ كۆزدىن غايىب بولاتتى. سوقۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتى تاشلاپ

www.uyghurkitap.com

كېتىلمەيتتى. ئەگەر ئۇنى كىم ئالغاچ بارسا، ئۆلگۈچىنىڭ بارلىق مال - مۈلكى، ھەتتا خوتۇن - بالىلىرىمۇ شۇنىڭ بولاتتى.

ھالبۇكى، ئۇلار بۇ قېتىم دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت، ياۋ بۇرۇن- قىسىغا، باشقىسىغا زادىلا ئوخشىمايتتى. چۈنكى ئۇلار بۇ قېتىم مەيلى چىنلىقلار بولسۇن ياكى تۈگۈسلار، توخرىلار... بولسۇن، ئەتراپىدىكى قوشنىلىرىدىن قايسىبىرىنى ئۆزلىرىگە بۇنداق ھېچبىر سەۋەبسىزلا، تولىمۇ ئۇشتۇمتۇت ھەم شىددەت بىلەن، نەچچە يۈز- مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلار، باستۇرۇپ كېلەر دەپ پەقەتلا ئويلىمىغان. ئەكسىچە، ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز، بى- غەم - خاتىرجەم، خىرامان ھالدا تۈمەنبالىققا جەم بولۇپ بايرام تەنتەنىسى قىلىشىۋاتقانىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ نۆۋەت ھەم گاڭگىراپ ھودۇققان، ھەم قەھر - غەزەپكە كەلگەن ھالدا ياۋغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى.

## 6

ھون چەۋەندازلىرى چىن قوشۇنىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمىلى- رى بىلەن ئوردۇس ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇئوس قۇملۇقى- نىڭ غەربىي چېتىدە ئۇچراشتى. دەسلەپكى جەڭ مانا مۇشۇ يەردە، قومۇش، يانتاق، قامغاق قاتارلىق چۆل ئۆسۈملۈكلىرى سارغىيىپ تۇرغان ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەر ئارىسىدا باشلاندى. ئىزغىرىن كەچ كۈز شامىلى غۇرۇلداپ سوقۇپ قومۇش پۆپۈكلىرىنى، يانتاق ۋە قامغاقلارنى ئۇچۇرۇپ، ئۇششاق قۇملارنى توزۇتۇپ تۇراتتى. كېچىدىكى قۇرغاق سوغۇق كىشىلەرنىڭ ئۇچىسىنى قورۇپ، ئات - ئۇلاغلارنىڭ تۈكلىرىنى تەتۈرسىگە پاخپايتسا، كۈندۈزى ئاپتاپ كۆزلەرنى چېقىپ، پېشانىلىرىنى كۆيدۈرەتتى.

تۈمەن تەڭرىقۇت سول قول بىلگە باتۇر ۋە باشقا سانغۇنلىرى بىلەن ئېگىز بىر دۆڭلۈك ئۈستىدە چىن قوشۇنىنىڭ بارگاھىنى

كۆزىتىپ تۇراتتى.

— قوشۇن توپلىنىپ بولدىمۇ، چەۋەندازلار سانى قانچىگە يېتىپتۇ؟ — سورىدى ئۇ بىر قولىدا قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ، قامچا تۇتقان يەنە بىر قولىنى چېكىسىگە ئېلىپ كۆن نۇرىدىن دالدا قىلىپ، ئۇدۇلىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

— كۆپ ئەمەس، ئۈچ تۈمەنگە يەتمىدى تېخى، — دېدى باتۇر جاۋاب بېرىپ، — ئەمما تېزلا كۆپىيىدۇ، ئاتا. چەۋەندازلار ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ توپقا قوشۇلۇۋاتىدۇ.

— ھىم… — دېدى تەڭرىقۇت خورسىنىپ، — ئۇنداق بولسا يەنە بىرنەچچە كۈن ساقلايلى، ياۋ ئالدىن جەڭگە چاقىرىپ قالمىسى-لا قوشۇن تولۇقلانسۇن.

— شۇنداق قىلساققۇ ياخشى بولاتتى. يول ئۈستىدىكى چەۋەن-دازلارمۇ ئۈلگۈرۈپ يېتىپ كېلەلەيتتى. بىراق… مېنىڭچە، ئاتا، بىز ئالدىن قول سالساقمىكىن، — دېدى باتۇر ئاتىسىغا مەسلىھەت بېرىپ.

— ئالدىن ھۇجۇم قىلساق دەمسەن؟ — دېدى تەڭرىقۇت ئوغلىنىڭ پىكرىنى ئانچە توغرا تاپماي، — بىراق بىزنىڭ سانىمىز ئاز - دە، قارا، چىن قوشۇنلىرىغا…

— شۇنداق، قوشۇنىمىز تېخى تولۇقلانمىدى، چەۋەندازلارمۇ توپلىنىپ بولالمىدى، — دېدى باتۇر، — لېكىن مېنىڭ كۆزىتىپ بايقىشىمچە چىنلىقلارمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قوشۇنلىرى تېخى ئارقىدا، يىراقتا، پات يېتىپ كېلەلمەيدۇ. كۈرۈپ تۇرۇۋاتقىنىمىز بولسا ئۇلارنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى، كۆپ ئەمەس، ھىماتسىز. شۇڭا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ھۇجۇم قىلساقمىكىن دەيمەن… ھېچبولمىغاندا بىر تۇتۇشۇپ سىناپ باقساق.

— ھىم… سىلەر قانداق قارايسىلەر؟ — دېدى تەڭرىقۇت بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن كۆپچىلىكنى كېڭەشكە چاقىرىپ.

www.uyghurkitap.com

— تۇتۇشۇپ باقمىزمۇ؟ سىناپ كۆرمىزمۇ؟— دېيىشتى سانغۇنلار باتۇرنىڭ پىكرىنى قوللاپ، — ئېلىشايلى!

— بىراق ئېسىمىزدە بولسۇنكى، — دېدى ئاتىسىنىڭ ئورنىدا تەخرىقۇت بىلەن بىللە يۇرۇشكە چىققان ئەرقىل سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — بۇ دەسلەپكى جەڭ. ياۋ بىلەن تۇتۇشۇپ كۆرسەكلا بولىدۇ، خالاس. ھەل قىلغۇچ چوڭ جەڭلەر بولسا تېخى ئالدىمىزدا. شۇڭا ئۆزىمىزنى بەك ئۇرۇپ كەتمەيلى. كۈچىمىزنى ئاياپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرەيلى.

كېچە شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. ھۇجۇم ۋاقتى ئەتىسى تاڭ سەھەرگە بېكىتىلىپ، سانغۇنلار ئۆز توپلىرىغا قايتىشتى.

باتۇر شۇ كېچىسى پەقەتلا كۆز يۇممىدى. ئۇنىڭ ئىشەنچى زور، غەيرەت - جاسارىتى ئۇرغۇپ، كۈچ - قۇدرىتى قۇتراپ تۇراتتى، لېكىن ئۇنىڭ غەم - تەشۋىشىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. قوشۇن تېخى تولۇقلانمىدى، ھون چەۋەندازلىرى تولۇق سەپەرۋەرلىككە كېلىپ ئاتلىنىپ، توپلىنىپ بولالمىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تېخى يول ئۈستىدە، جەڭگاھتىن يىراقتا. ئۇلار قاچان يېتىپ كېلەر؟ ياۋ قوشۇنچۇ؟ ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسىملىرى قەيەردىدۇر؟ يول ئۈستىدە ۋە بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۇچراتقان، چىنلىقلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ قېچىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ياۋ قوشۇنى ھەممە يەرگە يامراپ قارا كەلكۈندەك بېسىپ كېلىۋاتقۇدەك. ئۇلار راستىنلا ئۈچ يۈز مىڭ كىشىمىدۇر؟... ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرغىلى بولار؟...

ئەتىسى سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ تاڭ شەپىقى ئوتقاشتەك قىزارغاندا، تۇقىش ئوغلان باشچىلىقىدىكى ئون بەش مىڭ كىشىلىك ساۋۇتلۇق چەۋەندازلار قوشۇنى تۇنجى بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، چىن قوشۇنلىرىنىڭ بارگاھىغا قاراپ ئات سالدى. باتۇر سول قول بىلىگە خانلىققا تەيىنلەنگەندىن بېرى تۇقىش ئوغلان ئۇنىڭ تۇمەن چەۋەندازلار سانغۇنى بولۇپ كېلىۋاتاتتى... باتۇر خاتا پەرەز قىلمىغاند-

ـدى. بارگاھتـىكى ياۋ قوشۇنى ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىن يۇرەر قىسمى بولۇپ، ئاساسلىق قوشۇن تېخى ئارقىدا، يىراقتا ئىدى. ھالبۇكى ئالدىن يۇرەر بۇ قىسىم باتۇر ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاز، ھىماتسىز بولماستىن، بەلكى ئون تۇمەن كىشىلىك تولۇق قورالـ ـلانغان زور قوشۇن ئىدى. شۇڭا ھون چەۋەندازلىرى دەسلەپكى جەڭدىلا قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدى... ئەتىگەن كۇن قىزىلدىن كەچ كۇن قىزىلغىچە داۋاملاشقان جەڭدە زور تالاپەت تارتىپ، نەچچە مىڭ چەۋەندازنىڭ جەسىتىنى جەڭ مەيدانىدا قالدۇرۇپ چېـ ـكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. تۇمەن تەڭرىقۇت يارىلىنىپ جان تالىشىۋاتقانلارنىڭ نالە ـ پەريادى كۆتۈرۈلۈۋاتقان قورال ـ ياراغـ ـلار، جەسەتلەر ساينىڭ تېشىدەك ياتقان، ئېگەر ـ توقۇملىرىنى بوينى ۋە قورساقلىرىدا سۆرەپ ـ ساڭگىلاتقان ئىگىسىز ئاتلار ھەريان چېپىشىپ يۇرگەن بۇ ئېچىنىشلىق جەڭ مەيدانىغا قاراپ ئېغىر خۇرسىندى!...

ئەتىسى كۇتمىگەندە چىن قوشۇنى ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار توپ ـ توپ بولۇپ، ھەرخىل شەكىللەردە مۇرەككەپ، مۇستەھكەم جەڭ سەپلىرىنى تۇزۇپ ھەيۋەت بىلەن جەڭگە چىققانىدى. تۇمەن تەڭرىقۇت ھەممە چەۋەندازلىرىنى ئۇلارغا قارشى ئاتلاندۇردى. بۇ قېتىمقى جەڭ بىر كېچە ـ كۇندۇز داۋاملاشتى... ھالبۇكى جەڭ ئاخىرلاشقاندا غەلىبە ـ مەغلۇبىيەتنى ئايرىغىلى بولمىدى. چۇنكى بۇ قېتىمقى جەڭدە ھەر ئىككى تەرەپ شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ قەھرىمانلارچە ئېلىشقانىدى، ئاخىرىدا بىر ـ بىرىنى يېڭەلـ ـمەي ھېرىپ ـ ھالسىراپ جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

تۇمەن تەڭرىقۇت ئىككىنچى قېتىملىق بۇ جەڭدىن قاتتىق چۆچۇدى. چۇنكى ئۇ بۇ نۆۋەت جەڭگە سالغان جەڭچى ۋە جەڭ ئاتلىرىنىڭ ئۇچتىن بىرىدىن ئايرىلىپ زور تالاپەت تارتقانىدى. ياۋ قوشۇنى بۇنىڭدىنمۇ زور زىيانغا ئۇچرىغاندۇر، قاتتىق پاتىپاراق

www.uyghurkitap.com

بولۇپ كەتكەندۇر. لېكىن بۇ ئۇلار ئۇچۇن ھېچ گەپ ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ناھايىتى نۇرغۇن. ئارقىدىكىلەرنى، تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ يەنىلا ھون چەۋەندازلىرىنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن كەم ئەمەس. ئۇلار تېزلا ئۆزىنى ئوڭشاپ قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سالالايدۇ، جەڭگىۋار ھالەتكە كېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتەلەيدۇ، ھۇجۇم قىلمىسىمۇ كۈچىنى خوراتماي مۇداپىئە كۆرۈپ بېكىنىۋالىدۇ ــ دە، ھىماتچى قوشۇنلىرى يېتىپ كەلگەندە بىراقلا جەڭگە چىقىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلارنى توسۇپ توختىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭدىن كۆرە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، ھازىردىن باشلاپ چېكىنىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ياۋنى ھالسىراتقىلى، جەڭ سېپىنى ئۇزارتىپ كۈچىنى بۆلۈپ تاشلىغىلى، ئازدىن بىر ــ بىرلەپ، ئاز ــ ئازدىن زەربە بېرىپ يوقاتقىلى بولىدۇ...

تۇمەن تەڭرىقۇت ئەنە شۇنداق ئويلىدى، سانغۇنلىرى بىلەن كېڭەش قىلىپ قوشۇنغا چېكىنىش، چېكىنىپ تۇرۇپ جەڭ قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى... ئەپسۇسكى، ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچىلەپ ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرەلمىدى، ھەتتا بۇنداق قىلىشقا جۈرئەتمۇ قىلالمىدى. چىن قوشۇنى ئۇنى ۋە ئۇنىڭ چەۋەندازلىرىنى چۆلدىكى قامغاقلارنى ئۇچۇرغان قارابوراندەك موئۇس قۇملۇقىدىن قۇبجى[1]قۇملۇقىغا، ئۇ يەردىن سېرىق دەريا ئەگمىسىگە سۈر ــ توقاي قىلدى. بۇ جەرياندا ئىككى ئارىدا ھەر ئىككى تەرەپ كەم كۆرگەن، بەلكى پەقەت كۆرۈپ باقمىغان چوڭ ھەم ئىنتايىن دەھشەتلىك جەڭ ــ سوقۇشلار بولدى. سوقۇشلاردا جان ئالغۇچى ئىلاھلارنىڭ، ياۋۇز ئىلاھلارنىڭ بازىرى قىزىپ، ئوردۇس ئېگىزلىكىدە جەسەت ۋە باشلاردىن يېڭى ــ يېڭى دۆڭلۈكلەر پەيدا بولدى. سېرىق دەريا قانلار بىلەن قوشۇلۇپ ئاقتى. دەريانىڭ

---

① قۇبجى قۇملۇقى — ئوردۇس ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىدا، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە.

جەنۇبىدىكى بىپايان زېمىن قان بىلەن بويىلىپ قاغا ـ قۇزغۇن، بۆرە ـ تۈلكىلەرنىڭ جەننىتىگە ئايلاندى.

باتۇر ھەر قېتىملىق جەڭلەردە تۇقىش ئوغلان باشچىلىقىدىكى چەۋەندازلارنى باشلاپ ياۋ بىلەن قان كېچىپ ئېلىشتى، ئىسمى جىسمىغا، ئاتاق ـ ئابرۇيىغا لايىق ئاجايىپ باتۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. ئۇ ياۋ سېپىگە خۇددى قوي پادىسىغا تاشلانغان بۆرىدەك شىددەت بىلەن بۆسۈپ كىرەتتى، ياۋنى پۈتۈن كۈچى ۋە قەھر ـ غەزىپى بىلەن چېپىپ ـ چەيلەپ ئاخىرىغىچە ئېلىشاتتى. تۇقىش ئوغلان ئۇنىڭ يېنىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەت-تى، قولىغا قول، پۇتىغا پۇت، ئارقىدا كۆزى، ئالدىدا قالقىنى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلاتتى، ئۇنى كۈتۈلمىگەن خەۋپ ـ خەتەرلەردىن، ياۋنىڭ قەستىدىن، ئۆزىنىڭ قارام ۋە تەلۋىلىكىدىن ئامان ساقلايتتى. بۇنداق قىلىشنى ئۇنىڭغا باش قامان ئەرقىل تاپىلىغان: «سېنىڭ بىردىنبىر، ئەڭ مۇھىم ۋەزىپەڭ باتۇرنى ئاياش ۋە قوغداش، ئۇنى جەڭلەردىن، خەتەردىن ئامان قايتۇرۇپ كېلىش...» دېگەن. ئۇ ئۆزىمۇ بۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلغان... ئەپسۇسكى، باتۇر ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ياۋ ئۈستىدىن غالىب كېلەلمىدى، ئۇلارنى توسۇپ توختىتىپ ئارقىغا چېكىندۈرەلمىدى، ئاز، ئاجىز، يالغۇز ـ ياياق كېلىپ قالدى. چۈنكى، ھون چەۋەندازلىرى بۇ قېتىم شۇنچە تېز ئاتلىنىپ جەڭگە كىرگەن ۋە باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشقان بولسىمۇ، ئەمما چىنلىقلارنىڭ ھۇجۇمىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ھەم تەييار-لىقسىز بولغاچقا، دەسلەپتە تولۇق ئاتلىنىپ جەڭگە بارالمىغان، ئۇلار باستۇرۇپ كەلگەندە، كۈچىنى توپلاپ ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرالمىغان، قاتتىق ھودۇقۇپ ھەم پاتىپاراق بولۇپ، سېپىنى تاپالماي قېلىشقان، جەڭلەردە بولسا ئارقا ـ ئارقىدىن يېڭىلىپ پىتىراپ كېتىشكەن، باتۇر بىلەن ئۇنىڭ يىگىتلىرى ھىماتسىز، ھەمدەمسىز قالغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاياپ غەزىپىگە ھاي بېرىشكە، قان ساقىپ تۇرغان قىلىچلىرىنى چۈشۈرۈپ، چاپچىپ

www.uyghurkitap.com

تۇرغان ئاتلىرىنىڭ تېزگىنىنى تارتىپ چېكىندۇرۇشكە مەجبۇر بولدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا هونلار يېڭىلىپ ئارقىغا چېكىندى. چىنلىقلار ئوردۇسنى بېسىۋالدى. لېكىن چىن سەركەردىسى مىڭ تيەن بۇنىڭغا قانائەت قىلمىدى. كېيىنكى يىلى، يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 214 - يىلى ئۇ ئۈستۈن لەشكىرىي كۈچى ۋە پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى ۋە هونلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئۇلارنى غەربىي شىمالغا قىستاپ، ئوردۇس ۋە خېتاۋدىن سۈرۈپ چىقاردى. سېرىق دەريادىن ئۆتۈپ گاۋچۆ①، ياڭشەن، بېيجيا②ئارىلىقىدىكى زېمىنلارنىمۇ بېسىۋالدى، ئاندىن قوشۇننى چېكىندۇرمەي، سېرىق دەريانى پاسىل قىلىپ، ئۇنى بويلاپ شەرققە سۈرۈلۈپ چۇغاي تېغىغىچە تۇتاشقان جايلارنى قىرىق تۆت ناهىيىگە ئايرىپ، ئۇ يەرلەرگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن يەنە نۇرغۇنلىغان گۇناهكارلارنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۇلارنى يول ياساش، سېپىل سوقۇش هاشىرىغا سېلىپ، جيۇچۇەندىن③يۈنياڭغىچە④ئۇدۇل يول ئېچىپ، خەتەرلىك تاغ - جىلغىلارنى بويلاپ لىنتاۋدىن⑤لياۋدۇڭغىچە⑥ئون نەچچە مىڭ چاقىرىملىق سەددىچىن سېپىلىنى رېمونت قىلىپ بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ ۋە يېڭىدىن سوقۇپ، هونلارنىڭ قايتارما هۇجۇمىدىن قوغدىنىپ، ئۇلارنىڭ چىن خاقانلىقىنىڭ پايتەختى چاڭئەن (شىئەن) گە سالىدىغان تەهدىتىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

---

① گاۋچۆ — تاغ، ۋۇيۈەننىڭ شىمالىدا، چۇغاي تاغ تىزمىسى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۈزۈلگەچكە هەم يىراقتىن قارىغاندا بىر راۋاقتەك كۆرۈنگەچكە شۇنداق دەپ ئاتالغان. يېغىلىق دەۋرىدە جاۋ بېگى ۋۇ لىڭۋاڭ سەددىچىننى مۇشۇ يەرگىچە سېلىپ قورغان بىنا قىلغان. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋېي چىڭ مۇشۇ يەردىن قوشۇن تارتىپ هونلار بىلەن ئۇرۇشقان.

② بېيجيا — بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى چۇغاي تېغىنىڭ جەنۇبى، ۋۇيۈەن ناهىيىسىنىڭ غەربى.

③ جيۇچۈەن — بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جيۇچۈەن - توققۇزبۇلاق ۋىلايىتى.

④ يۈنياڭ — قەدىمكى ناهىيە، ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىدىكى چۇنخۇانىڭ غەربىي شىمالىدا.

⑤ لىنتاۋ — بۈگۈنكى لەنجۇ شەهىرىنىڭ يېنىدا، يەنى يىنشەن ناهىيىسىدىكى تاۋخې دەرياسى بويىدا.

⑥ لياۋدۇڭ — بۈگۈنكى لياۋدۇڭ ئارىلىنى كۆرسىتىدۇ.

# 7

سوقۇشتا يېڭىلىپ چېكىنىشىنىڭ ئۆزى ھونلار ئۈچۈن يۇرت-ماكانىنى، ئوتلاقلىرىنى، ئاۋۇل ـ قىشلاق، مال ـ يىلقىلىرىنى، ياشانغان ۋە ئاجىز ـ ئورۇق كىشلەرنى، باللارنى تاشلاپ قېچىش-تىن، ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ، يېڭى ھاياتلىق ماكانى ئىزدەپ كۆچۈشتىن دېرەك بېرەتتى. چۈنكى ئۇلار باشقىلارغا بېقىنىپ ياشاشنى، ئەسىر قۇل بولۇشنى، مەھكۇملۇق ۋە ئاسارەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىمايتتى. ئەزەلدىنلا سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈپ ھايات كەچۈرۈپ كەلگەچكە قېچىپ قۇتۇلۇشنى، كۆچۈپ ـ يۆتكىلىپ يۈرۈشنى ئار ئالمايتتى. ئۇلار چىنلىقلار بىلەن بولغان بۇ قېتىمقى سوقۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ماكانى، مەشھۇر يايلاقلىرىدىن بىرى بولغان ئوردۇس-نى ۋە ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سېرىق دەريانىڭ جەنۇبىدىكى بىپايان مۇنبەت زېمىننى تاشلاپ قېچىشقا، كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى.

ھالبۇكى، قېچىپ، كۆچۈپ قەيەرگە بېرىپ پاناھلىنىش، ماكانلىشىش، قانداق ياشاش مەسىلىسىگە كەلگەندە، ئۇلار يەنە قاتتىق تاللاش ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە بىر مەھەل مەڭدەپ پاراكەندە بولۇشتى. چۈنكى، چىنلىقلارنىڭ ئايىغى يەتمىگەن سېرىق دەريا-نىڭ شىمالىدىكى جايلارغا — چۆغاي، بۆرە تاغلىرى ئېتەكلىرىگە بىرانغاردىكى نۇرۇلغۇ تېغىنچە سوزۇلغان تاغ ـ ئېدىر، بوز قىرلارغا ئۇلار ئەمدى سىغىشمايتتى… يىراق كۈن تەرەپ ۋە شەر-قىي شىمالدا مۇنبەت يايلاق، ئەلۋەك ئېقىنلار، تاغ ـ ئورمانلا، ئوۋ ـ كېيىكلەر كۆپ. ئۇ يەرلەر ياشاشقا تولىمۇ باب. لېكىن ئۇ يەرلەر تۇڭگۇسلارنىڭ ئىلكىدە، تۇڭگۇسلار كۈچلۈك ئەل، ھونلاردىن قېلىشمايدۇ، ئۇلار ياقا يۇرتلۇق كەلگۈنلەرنى، يات تائىپىنى ھەرگىزمۇ ئۆز زېمىنىغا يېقىن يولاتمايدۇ. بۇنىڭغا قارد-ماي كۆچۈپ بارسا، يەنە شۇ يېغا، يەنە شۇ سوقۇش- تالاش، قان

تۆكۈش ياكى مەھكۇملۇق! ··· كۇنپېتىش تەرەپچۇ؟ ئۇ يەرلەرمۇ بىپايان، ئوت ـ سۈيى مول، مۇنبەت، ياشاشقا ئەڭ مۇۋاپىق. لېكىن ئۇ تەرەپتىمۇ توخرىلار بار. توخرىلارنى ھەرگىز سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. ئۇلار يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققىنى بىلەن ناھايىتى تېز روناق تاپقان، خانلىق قۇرۇپ شەھەر ـ قورغانلارنى سوققان كۈچلۈك، قۇدرەتلىك ئەل ـ تائىپە. ئۇلارمۇ ھونلارنىڭ كۇنپېتىشقا سىلجىشىغا يول قويمايدۇ. ئۇنداقتا ئارقا تەرەپ، يۇ. قىرى ئىقلىم، شىمالىي ئېگىزلىكچۇ؟ ئۇ تەرەپلەر تېخىمۇ كەڭ، تازا مۇۋاپىق. لېكىن بەك يىراق. ئۇ يەرلەرگە بېرىش ئۈچۈن قۇش ئۇچسا قانىتىنى كۆيدۈرىدىغان قاقاس چۆل ـ باياۋانلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. چەكسىزلىككە كېڭەيگەن بۇ غايەت زور چۆل ـ جەزىرە ئوت يالماپ، ئوت پۈركۈيدىغان غايەت چوڭ يالماۋۇزدەك ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ ياتىدۇ···

بىراق ھونلار ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا مۇشۇ تەرەپنى تاللىدى. چۈنكى چۆللۈك غايەت چوڭ، قاقاس ھەم خەتەرلىك بولغىنى بىلەن ياۋۇ ياتلاردىن خالىي ئىدى. ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە كۆل ـ قۇدۇق ۋە بوستانلىقلار بار بولۇپ، ھەر ھالدا تىنچ ـ خاتىرجەم يول يۈرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۇ تەرىپى بولسا جەننەتنىڭ ئۆزى، ئوت ـ چۆپى بولۇق يايلاقلار، سۈلىرى ئەلۋەك ئۆگۈز ـ ئېقىنلار، بۇككىدە ئورمان قاپلىغان تاغ ـ ئېدىرلار، ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولىدىغان ئۇۋ ـ كېيىكلەر··· شۇنداق كەڭرى، شۇنداق گۈزەل، شۇنداق مۇنبەت! ··· ئۇ يەرلەردە ھونلارنىڭ چۈشۈر، شىنلىلاردەك قوۋملىرى، دىڭلىڭلاردەك قېرىنداش تائىپىلىرى، خاككاسلاردەك قوشنىلىرى ياشايتتى. ئۇلار ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست، كەڭ قورساق بولۇپ، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئېتىقادى، تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتىمۇ ھونلاردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ئۇلار تۆمۈر سايمانلارنى ئىشلىتىشنى ئەمدىلا ئۆگەنگەن بولۇپ، بىلىدىغانلىرى، قىلالايدىغانلىرىمۇ ھونلارنىڭكىدەك كۆپ ئەمەس ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ھونلار ئۇ تەرەپلەرگە، ئۇلار ئارىسىغا كۆچۈپ بارسا،

قىزغىن قارشى ئېلىنمىسىمۇ قاتتىق قارشىلىققا، يەكلەشكە ئۇچرىمايتتى. شۇڭا ئۇلار سوقۇشتا يېڭىلىپ يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، قالغان - قاتقان چېدىر- چارۋىپايلىرىنى ئات - ئۇلاغلارغا يۈكلەپ، ئامان قالغان مال - چارۋىلىرىنى ھەيدەپ شىمالغا كۆچتى ۋە چۆللۈكتىكى ئۈزۈك - ئۈزۈك بوستانلىقلار ئارقىلىق يۇقىرىغا سىلجىپ، شىمالىي ئېگىزلىكنىڭ جەننىتى بولغان قۇرۇلۇن، ئورخۇن، سېلىنگا دەريالىرى بويلىرى ۋە خاڭغاي، ئۆتۈكەن تاغلىرى ئېتەكلىرىگە بېرىپ ماكانلاشتى. شۇنداقلا ئۇزاق ئۆتمەي بۇ يەردىكى ئۇرۇق - قەبىلىلەر بىلەن چىقىشىپ، بۇ مۇنبەت، گۈزەل، بىپايان زېمىننىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلىنىشقا باشلىدى.

ئەمدى تۇمەن تەڭرىقۇتچۇ؟ ئۇ قاچمىدى، كۆچمىدى، ئوردۇستىن چېكىنىپ چىقىپ سېرىق دەريانىڭ شىمالىدا، چوغاي تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى كىچىككىنە تۇمەنبالىقتا قاپسىلىپ تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئۆزىمۇ بىر چاغلاردا باشقىلارنى تالان - تاراج قىلىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى تارتىۋېلىپ، قىلىچ ئوينىتىپ، ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەنىدى. ئۇ چىنلىقلارنىمۇ تالان - تاراج قىلغان، قورۇل - قورغانلىرىنى بۇزۇپ، كىشىلىرىنى تۇتۇپ قۇل قىلىپ ئۇلارغا زادىلا ئاراملىق بەرمىگەن. مانا ئەمدى، بۈگۈنى ئۆچكىنىڭ ئوغلىقى ئويىنىسا، ئەتىسى قوينىڭ قوزىسى ئويناپتۇ دېگەندەك، نۆۋەت ئۇنىڭ ئۆزىگە كەلدى. چىنلىقلاردىن يېڭىلىپ نۇرغۇنلىغان زېمىنىدىن، نۇرغۇنلىغان مال - بايلىقلىرىدىن ئايرىلىپ، چىدىغۇسىز ئاھانەت ۋە ئار - نومۇسقا قالدى. يا تەڭرىم، يا پەرۋەردىگارىم! ئۇ ھېچقاچان بۇنداق قارا كەلكۈننى كۆرمىگەن، بۇنداق تالان - تاراج قىلىنىپ ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالمىغان. ھونلار ھېچقاچان بۇنداق پاجىئەلىك ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىمىغان، قېچىپ، كۆچۈپ بۇنداق سورۇقچىلىق، سەرسانچىلىقمۇ تارتمىغان... بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك، قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟ قولدىن كەتكەن زېمىننى قايتۇرۇۋې-

لىپ ئار ـ نومۇسنى يۇيۇش ئۇچۇن چىنلىقلارغا جازا يۇرۇشى قوزغىسۇنمۇ؟... ياق، ياق، ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇ بۇ قېتىمقى سوقۇش ئارقىلىق ھەممىنى كۆرۈپ يەتتى، چىنلىق-لارنى چۈشەندى. چىنلىقلار ئىلگىرىكى خۋاشيا ئۇرۇقلىرى ئە-مەس. ئۇلار ئىلگىرىكى تەپرىقە، ئۇرۇشقاق، بۆلۈنمە ھالەتتىن بىرلىككە كەلگەن، بىر توغ ئاستىغا ئۇيۇشۇپ مىسلىسىز كۈچە-يىپ قۇدرەت تاپقان. مەدەنىيەتتە ئالغا باسقان، شەھەر ـ قەلئەلە-رى كۆپ، سېپىل ـ قورغانلىرى مۇستەھكەم، كىشىلىرى نۇر-غۇن، لەشكىرىي قوشۇنلىرى مۇنتىزىم، ياراغلىرى خىل ھەم پۇخ-تا، باي، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك ئەل ئىدى. ئۇلار ھازىر شىمالدى-كى پۈتكۈل چېگرىنى بويلاپ يەنە يېڭىدىن سېپىل ـ قورغانلارنى سوقۇۋاتىدۇ. لەشكەر تۇرغۇزۇپ، ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىپ مۇدا-پىئەسىنى كۈچەيتىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارغا جازا يۇرۇشى قوزغاش ئۆزىنى بىلمەي شىلتىك ئاتقانلىق. ئۆزىنى بىلمەي شىل-تىك ئاتسا، يىقىلىپ چۈشمەي قالمايدۇ. ياق! ھونلار ئەمدى يىقىلسا بولمايدۇ. يىقىلسا يانجىلىپ كېتىدۇ، ئورنىدىن تۇرالماي-دۇ. بەس، يېتەر ئەمدى... ھېلىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق، ھونلار پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتمىدى تېخى، تۆۋەندىن سىقىپ چىقىرىلغان بىلەن يۇقىرىغا يامراپ كېڭەيدى، ئوردۇستىن قۇرۇق قالغىنى بىلەن شىمالىي ئېگىزلىكنىڭ جەنۇبىغا ئېرىشتى. كۈچلۈك دۈشمەندىن يىراق تۇرغىنى، ئۇلار چەك ـ چېگرىنى ئېنىق ئايرى-غىنىمۇ ياخشى بولدى. ئۇلار ئەمدى شىمالدا مەزمۇت پۇت دەسسەپ تۇرىدۇ، ئاۋۇيدۇ، روناق تاپىدۇ، كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئاشۇرىدۇ. بۇنىڭغا ئۇنچە ئۇزاق ۋاقىت كەتمەيدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئاندىن!...

تۇمەن تەڭرىقۇت مانا مۇشۇنداق ئويلىدى. چىنلىقلار جازا يۇرۇشى قوزغاپ قولدىن كەتكەن زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىش نىيىتىدە بولمىدى. ئۆزۈمنىڭكى توغرا دەپ قاراپ، ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى ۋە تەمەننا قويۇپ، ئار ـ نومۇسقا چىداپ، تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۆتتۈۋەردى.

بىراق ئۇنىڭ ئالىپ ئوغلانى، تەگىن ئۆگەسى، سول قول
بىلگە باتۇر ئۇنداق ئويلىمايتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ تامامەن ئەكسىچە،
چىنلىقلارغا بولغان غەزىپىنى زادىلا باسالمايۋاتاتتى… چىنلىقلار
ئەزەلدىن ھونلارنىڭ پاراكەندە قىلىشىغا ئۇچراپ، ئۇلاردىن ئېھتىـ
يات قىلىپ چۆچۈپ ـ ئۈركۈپ ياشاپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ زېمىنىـ
غا، بايلىقلىرىغا خىرىس قىلىشقا پېتىنىپ باقمىغان، پېتىنغاندىمۇ
پەقەت مۇداپىئە كۆرۈپ قارشى تۇرغان، قوغدىنىپ سوقۇشقان.
بەزىدە غەلىبە قىلىپ، بەزىدە يېڭىلگەن. لېكىن بۇ قېتىمقىدەك
زور غەلىبىگە ئېرىشىپ باقمىغان. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى غەلىبىسى
پەقەت ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم ۋە ھونلارنىڭ بۇنىڭدىن تامامەن بىخەـ
ۋەر، تەييارلىقسىز قالغانلىقىدىن، تاسادىپىي ئامەتتىن بولغان،
خالاس. ھونلار نېمە ئۈچۈن دەرغەزەپكە كېلىپ ئۇلارغا جازا يۈرۈـ
شى قوزغىمايدىكەن؟ ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ قولدىن كەتكەن زېمىنـ
نى قايتۇرۇۋالمايدىكەن؟ ئۇلارغا ئۆزىنى تونۇتۇپ، يوغىناپ كەتـ
كەن يۈرەكلىرىنى مۇجۇپ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرمايدىكەن؟ ئۇلار
ئەمدى مۇشۇنداق ئىزاـ ئاھانەتكە، نومۇس ـ ھاقارەتكە چىداپ،
چىشىنى چىشلەپ، ئىچىگە تىنىپ تەقدىرىگە تەن بېرىپ ئۆتەمدىـ
كەن؟ ئۇلار شۇنچىلىك ئاجىزلاپ ئېزىلىپ كەتتىمۇ؟ ھېچنېمىگە
يارىمايدىغان، ھېچ ئىشقا قۇربىتى يەتمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالدىـ
مۇ؟ ئۇلار تۈگەشتىمۇ، ھون بولماي قالدىمۇ؟!… ياق!…
ئۇنىڭ ئاتىسى تەختىدە ئولتۇرۇپ نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىغانـ
دۇر؟ تەختنىڭ گۇمران بولمىغىنىغا، ئۆزىنىڭ ئامان قالغىنىغا
شۈكۈر قىلىپ، تەقدىرىگە تەن بەرگەنمىدۇر؟ ئېشەكتەك كەينىگە
شوخشۇپ قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋېلىپ، كىرپىدەك بېشىنى ئىچىگە
تىقىۋېلىپ سۈكۈت قىلىۋاتامدىغاندۇر ياكى ئەجدادلىرىنىڭ قېنى
تومۇرلىرىدا ئۇرغۇپ، مەخپىي ھالدا جازا يۈرۈشى قوزغاش پىلانىـ
نى تۈزۈپ پەيت ـ پۇرسەت كۈتۈۋاتامدىغاندۇر؟… ئوردىدىكى
ئەئيانچىلارچۇ؟ خان ـ بەگ، ئاقساقاللارچۇ؟ ئالىپ چەۋەندازلارـ
چۇ؟ ئۇلار نېمە ئويلاردا، نېمە كويلاردا يۈرۈشىدىغاندۇر؟ سوقۇش

www.uyghurkitap.com

تەييارلىقى قىلىۋاتامدىغاندۇر ياكى قەلبىدىكى قىساس ئوتلىرى ئۆچۈپ، يېشىنلىق يامغۇردىن قورقۇپ تەرەپ - تەرەپلەرگە قېچىپ شىپپىدە بولۇپ قېلىشقان قۇرت - قوڭغۇزلاردەك ئۇچەككە كىرىۋېلىشقانمىدۇر؟... ئۇلار نېمىشقا ئۈندىمەيدىغاندۇر، مىدىرلىمايدىغاندۇر؟ تەڭرىقۇتنى ھەققانىي كۆرەشكە، ئادالەتلىك جەڭگە دالالەت قىلمايدىغاندۇر؟...

باتۇرنىڭ قېيناتىسى، تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ دانىشمەن يابغۇسى، مۇقەددەس تەڭرىنىڭ ئەلچىسى، ئەۋلىيا سۈپەت قېرى قامان ئىنچۇنقان ئاچارى ياشىنىپ كۈچ - ماغدۇرىدىن قالغىنى بىلەن زېھنى ئوچۇق، پىكرى تىرەن، ئارىق، تۈيغۇن، غۇرۇرلۇق، قەھرلىك كىشى ئىدى. بۇنداق تەڭرى ئاتا قىلغان مېھىر- شەپقەتتىن، بايلىق - نېمەتتىن، مۇنبەت زېمىن ۋە ئەركىنلىكتىن ئايرىلىپ، ئېغىر - ئاھانەت ۋە ئار - نومۇسقا چىداپ ئۆتۈشنى زىنھار توغرا تاپمايتتى، ئەسلا راۋا كۆرمەيتتى. ئۇ مۇقەددەس كۆك تەڭرىگە ۋە ئۇنىڭ قۇت - مەدەت بېرىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى، ئابىتلىرىنىڭ چىن ئېتىقادىغا، ئۇرۇقداشلىرىنىڭ باتۇرلۇقىغا، جاسارىتىگە، ھىممەت - شىجائىتىگە ئىشىنەتتى. لېكىن ئۇمۇ نېمە ئۈچۈن جىمىپلا كېتىدۇ؟ تەڭرىقۇتنى، تەڭرىنىڭ ئوغلىنى تەڭرى نامىدىن ئەيىبلەپ، تەڭرى نامىدىن يېتەكلەپ ھەققانىي جەڭگە دەۋەت قىلمايدىغاندۇر؟... بۇ كىشىلەرگە زادى نېمە بولغاندۇر؟!...

باتۇر ئەنە شۇنداق ئاچچىق، ئەلەملىك ئوي - خىياللارغا بېرىلەتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدى نومۇس - ھاقارەت، غەزەپ - نەپرەت ۋە ئۆچ - ئادەۋەت، قىساس ئوتلىرىدا كۆيۈپ ئۆرتىنەتتى. نورۇلغۇ تېغى ئېتىكىدىكى ئەجدىھابالىقتا[1] كۈن - تۈن بويى ئىچى پۇشۇپ،

---

① تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، تۇمەن تەڭرىقۇت ۋاقتىدىكى ھونلارنىڭ شەرقتە، يەنى سول قانات رايونىدا ئەجدىھابالىق (لۇڭچېڭ) دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر مەركىزىي شەھىرى بولغان. ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى چاۋياڭ ناھىيىسىنىڭ ئىچكى موڭغۇل بىلەن تۇتىشىدىغان يېرىدە، يەنى ھازىرقى چاۋياڭ شەھىرى ئەتراپىدا ئىدى. باتۇر تەختكە چىقىپ ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتلۇقى (ھون ئىمپېرىيىسى) قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 120 - يىللىرى ھونلار پايتەختىنى چۇغاي تېغى ئېتىكىدىن موڭغۇل دالىسىدىكى ئورخۇن دەرياسى بويىغا، ئۆتۈكەن يايلىقىغا يۆتكىگەن. ھونلارنىڭ كېيىنكى بۇ پايتەختىمۇ ئەجدىھابالىق (لۇڭچېڭ) دەپ ئاتالغان.

ئۈۋسى دەخلىگە ئۇچرىغان شىردەك ھۆركىرەپ ئۆزىنى ھەريان
ئۇرۇپ غەزەپلىنەتتى ۋە غەزىپىگە پايلىماي ئازابلىناتتى.
ئەلۋەتتە، باتۇرنىڭ بۇ ئوي ـ خىياللىرىنى، غەزەپ ـ نەپرد-
تىنى تامامەن خاتا، پۈتۈنلەي ئورۇنسىز ياكى قىزىق قانلىق،
تەنتەكلىك، تەلۋىلىك دېگىلىمۇ بولمايتتى. چۈنكى، ھونلار ھازىر
ئاھالە نوپۇسى جەھەتتە ئۆتمۈشتىكى ھەرقانداق بىر ۋاقىتتىكىدىن
كۆپ ھەم كۈچلۈك بولۇپ، ئۆزلىرى ئاتا ـ ئەجدادلىرىدىن تارتىپ
ماكانلىشىپ ياشاپ كەلگەن زېمىنلارغا سىغىشماي قېلىۋاتاتتى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئەزەلدىنلا تۇغما ھەرىكەتچان، جەسۇر ھەم
باتۇر، جەڭگىۋار، ئۇرۇشخۇمار بىر تائىپە بولغاچقا، بىر جايدا
ئۇزاققىچە، مۇقىم تۇرالمايتتى. باشقا كۆچمەن تائىپىلەرگە، بوز-
قىر قوۋملىرىغا ئوخشاش سىرتقا كېڭىيىشكە، يېڭى ھاياتلىق ماكا-
نى ئىگىلەپ، ئۆزگىلەرنى تالان ـ تاراج قىلىپ زېمىن ۋە بايلىققا
ئىگە بولۇشقا، كۈچىيىپ قۇدرەت تېپىشقا ئىنتىلەتتى. بۇ ھەم
ئەينى دەۋردىكى دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن بوزقىر قوۋمە-
لىرىنىڭ باي بولۇش ۋە ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى بىردىنبىر
تاللىشى، تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار ئەج-
دادلىرىدىن تارتىپ ئۆزگە ئەل، يات تائىپىلەرنىڭ قاتتىق ھۇجۇ-
مىغا، قاقشاتقۇچ زەربىسىگە ئۇچراپ تالان ـ تاراج قىلىنمىغان،
يۇرت ـ ماكانلىرىدىن مەجبۇرىي ئايرىلىپ يىراقلارغا كۆچۈشكە،
سورۇقچىلىق، سەرسانلىق تارتىشقا مۇپتىلا بولۇپ باقمىغان...
مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئۇلار كۆتۈرەلمىسەك ساڭگىلىتىۋال
دېگەندەك، چىنلىقلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، سو-
قۇشتا يېڭىلىپ چېكىنىشكە، سېرىق دەريانىڭ جەنۇبىدىكى بىپايان
مۇنبەت زېمىنىدىن ۋە نۇرغۇن مال ـ بايلىقلىرىدىن ئايرىلىپ
كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپ، بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ قىستىلىپ،
قاپسىلىپ قېيىن، مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ ھال
گەرچە ئۇلارنى مەلۇم مەزگىل تەقدىرگە تەن بېرىپ سۈكۈت قد-
لىشقا مەجبۇر قىلسىمۇ، ئەمما كېيىنچە ھامان يەنە جىم تۇرغۇز-

www.uyghurkitap.com

مايتتى. دېمەك، ئۇلار ئەمدى يا چىنلىقلارغا جازا يۈرۈشى قوزغاپ قولدىن كەتكەن زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىشى، يا قوشنىلىرىغا، باشقا ئەل ـ تائىپىلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ ئۇلارنىڭ زېمىن ۋە بايلىقلىرىنى تارتىۋېلىشى، قىسقىسى، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۆزلىرى ۋە مال ـ چارۋىلىرى ئۈچۈن يېڭى هاياتلىق ماكانى ۋە باياشاتلىق، مولچىلىق شارائىتى هازىرلىشى كېرەك ئىدى.

دەرۋەقە، هونلارنىڭ تەڭرىقۇتى بولغان تۈمەن تەڭرىقۇت قېرىنداشلىرىنى، ئۇرۇقداشلىرىنى تىنچ ـ ئاسايىشلىق، بەخت ـ شادلىققا ئىگە قىلىشنى، تېخىمۇ قۇدرەت تاپقۇزۇپ كۈچ ـ هەيۋىسىنى ئاشۇرۇشنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇپ قالمىغانىدى.

## 8

هونلار شىمالغا سۈرۈلۈپ ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 213 ـ يىلى كۈزدە تۈمەن تەڭرىقۇت ئۇرۇقداشلىرىنى، ئىتتىپاقداشلىرىنى تۈمەنبالىقتىكى ئوردىسىغا مەخپىي كېڭەشكە چاقىردى.

— ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىز جۇڭۋېيلار، — دېدى ئىككى يىلدىن بېرى خېلىلا تارتىلىپ يادىغان، چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق كىرىپ قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالغان تۈمەن تەڭرىقۇت ئودىكامىنىڭ تۆرىدىكى توققۇز پەشتاقلىق سۇپا ئۈستىگە قويۇلغان هەشەمەتلىك ئالتۇن تەختىدە ئولتۇرغان پېتى سۆز باشلاپ، — بۇنىڭدىن مىڭ يىللار مۇقەددەم بۇ زېمىنلارنى ئىگىلەپ ئات چاپتۇرۇپ دەۋران سۈرگەنىكەن. كۆكتە قۇياش، يەردە چۇغاي ۋە سېرىق ئۆگۈز گۇۋاه بولسۇنكى، ئەجدادلىرىمىز، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز هايات چېغىدا، سېرىق ئۆگۈزنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرى — چىلان تاغلىرى، ئالچى، قۇلان تاغلىرى ئېتەكلىرى؛ ئوتتۇرا ئېقىن بويلىرى — ئۆگۈز ئەگمىسى ۋادىسى، ئوردۇس، چۇغاي، بۆرە تاغلىرى ئېتەكلىرى، بىرانغاردا هىنگان تېغى باغىرلىرىدىن نۇرۇلغۇ تاغلىرىغىچە

بولغان بارلىق يەر ـ زېمىن، ئوتلاقلار، ئۆگۈز ـ ئېقىنلار ھونلارغا قاراشلىق ئىكەن. قۇياش گۇۋاھ، چوغاي ۋە سېرىق ئۆگۈز گۇۋاھ. مەن تۇغۇلغاندىمۇ بۇ يەر ـ زېمىنلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا بىزگە تەۋە ئىكەن. قۇياش بۇ زېمىننىڭ ئۇ چېتىدىن كۆتۈرۈلۈپ بۇ چېتىدە پاتىدىكەن. بىزنىڭ ھون ئاتىلىشىمىزمۇ مانا شۇنىڭدىن[1]، كۆكتە قۇياش بولسىلا ھونلار تۈگىمەس، سېرىق ئۆگۈز قۇرۇمىسىلا ھونلار تۈزۈماس!

— ئېيتقىنىڭ كەلسۇن، تەڭرىقۇت، سۆزۈڭگە بارىكاللا! — دېيىشتى ئۇرۇقداشلار ھاياجىنىدىن خۇشال ـ خۇرام ۋارقىرىشىپ.

— كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇۋاتىسىلەر، ئۇرۇقداشلار، تۇغقانلار، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى تەڭرىقۇت بىر پەس تىنىۋالغاندىن كېيىن، — بىزنىڭ يۇرتىمىز ھازىر تىنچ ئەمەس. بەزى چاغلاردا مەن ئۆز يۇرتۇمدىمۇ ئۆزۈمنى يات ـ يېتىم ھېس قىلىمەن... چۈنكى بىز ئالچى تاغلىرىدىن، ئوردۇس يايلاقلىرىدىن ئايرىلىپ قالدۇق. نۇرغۇنلىغان قوۋم ـ قېرىنداشلىرىمىز چۆللۈكنىڭ ئۇ تەرىپىگە، بىزدىن بەكمۇ يىراق جايلارغا كۆچۈپ كەتتى. قالغانلىرىمىز ئەسلىي ماكانلىرىمىزغا سىغىشماي قىستىلىپ، قاپسىلىپ قېلىۋاتىمىز. يەر ـ سۇغا، ئوتلاققا، بايلىققا موھتاج بولۇۋاتىمىز. بىلىشىڭلار كېرەككى، موھتاجلىق بەك يامان، تۇغقانلار. ئۇ ئاسارەت ۋە مەھكۇملۇقنىڭ، قۇللۇقنىڭ مەنبەسى، تەپرىقىنىڭ تۇتۇرۇقى!... بىز قاچانغىچە مۇشۇنداق قىسىلىپ موھتاجلىقتا ئۆتىمىز؟ مەن قاچان ئۆز ئېلىمگە ئۆزۈم باش بولۇپ خاتىرجەم ياشىيالايمەن؟ ئەلكۈننى، ئۇرۇقداشلىرىمنى تىنچ ـ خاتىرجەملىككە، باياشاتلىققا ئېرىشتۈرەلەيمەن؟ بىز قاچان ئوت ـ سۇ تالىشىپ زىتلىشىپ ياشاۋاتقان، بىر ـ بىرىدىن ياتلىشىپ كېتىۋاتقان تارقاق ئەلنى، تارقاق قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتلۇقىنى قۇرالايمىز؟!... كېيىنكى كۈنلەردە مەن مۇشۇلار توغرۇلۇق ئويلىدىم، مۇشۇلار

---

[1] تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ھون ئاتالغۇسى كۈن سۆزىدىن كەلگەنىكەن.

تۇغرۇلۇق باش قاتۇردۇم، تۇغقانلار، ئۇرۇقداشلار، ھەممىڭلار كۆردۇڭلار، ھون ئېلى ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشكە، گۇمران بولۇشقا، ھونلار ئاسارەت ۋە مەھكۇملۇققا چۈشۈپ ئەسىر قۇل بولۇپ ياشاشقا تاس قالدى. تەقدىرىمىز قىل ئۈستىدە قالدى. مەن بىلىمەن، سىلەرمۇ بىلىشىڭلار كېرەك. بۇنىڭ ھەممىسى ئاشۇ چىن خاقانىنىڭ تالاپىتىدىن بولدى! چۈشەندىڭلارمۇ، قېرىنداشلار. مۇبادا، ۋاقتىدا تاقابىل تۇرمىغان، توسۇپ قالمىغان بولساق، جانسۇرە ئېلىشمىغان بولساق، بىز ئاللىقاچان تۈگەشكەن بولاتتۇق. شۇنداق، پۈتۈنلەي تۈگىشەتتۇق. يا تەڭرىم!... بىز ئەمدى قانداق قىلىمىز؟... بىز مۇشۇنداق ئۆتۈۋەرسەك ئۇزاققا بارالمايمىز، تۇغقانلار. ئۆزئارا يەر ـ سۇ تالىشىپ، ئوتلاق، ئوۋ ـ ئولجا، ئۈستۈنلۈك تالىشىپ زىتلىشىپ، ياتلىشىپ چېچىلىپ كېتىمىز. دۈشمەنلىرىمىز بۇنى بىلسە، بۇنى كۆرسە، بىزنى توزغاقتەك توزۇتۇۋېتىشتىن يانمايدۇ. بىلىشىڭلار كېرەككى، ئۇلار بىزنى توزۇتۇۋەتمىسىمۇ، يوقىتىۋېتەلمىسىمۇ بىزگە ئاراملىق بەرمەيدۇ، بىزنى تىنچ قويمايدۇ. تىنچلىق بولمىسا، ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئاچىققىلى بولمايدۇ. ئۇ چاغدا يا بىز ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىپ ئۆزىمىزنى تۈگەشتۈرىمىز، يا دۈشمەنلىرىمىز بىزنى تالان ـ تاراج قىلىپ تۈگەشتۈرىدۇ. ئىككىنىڭ بىرى بولىدۇ... بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ياشىغىلى بولمايدۇ. قېرىنداشلار، چۈشەندىڭلارمۇ؟ بۇنداق ئۆتۈۋەرسەك بولمايدۇ!...

مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئېغىر، سالماق ئاۋازى تىترەپ، ساقاللىرى، بۇرۇتلىرى لىك ـ لىك قىلىپ كەتتى. كېڭەش ئەھلىمۇ تەشۋىشكە، ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئۈھسىنىشتى. ئۇ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ:

— بىز بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قىستىلىپ، قاپسىلىپ، ئۆزئارا زىتلىشىپ، بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئۆتۈۋەرسەك بولمايدۇ! مەن مۇشۇلارنى ئويلىدىم، تۇغـقانلار، ئۇرۇقداشلار. گېپىمگە

قۇلاق سېلىڭلار، بىزگە يەر ـ زېمىن كېرەك. بىزگە ئازادلىك، ئەركىنلىك، باياشاتلىق كېرەك. مال ـ چارۋىلىرىمىزغا مولچىلىق ئاتا قىلىدىغان ئوت ـ چۆپى بولۇق، سۇلىرى ئەلۋەك كەڭرى يايلاق كېرەك! بىراق بۇ زېمىن، بۇ بايلىق، بۇ ئوتلاق قەيەردە؟ كىمنىڭ قولىدا!؟ — دېدى.

— سېرىق ئۆگۈزنىڭ ئۇ قېتىدا، چىنلىقلارنىڭ قولىدا!

— ئالچى تاغلىرىدا، توخرىلارنىڭ قولىدا! — دەپ تۇۋلاشتى بارچە.

— دۇرۇس، شۇنداق، — دېدى تەڭرىقۇت، — لېكىن ھازىر ئوردۇسقا كۆز ئالايتقىلى، چىنلىقلارغا چېقىلغىلى بولمايدۇ... شۇڭا بىز دىققەت ـ نەزىرىمىزنى باشقا تەرەپلەرگە ئاغدۇرۇشىمىز كېرەك. كۈن تەرەپ ۋە تۈن تەرەپلەرگە، تۇڭگۇسلار ۋە توخرىلارغا!... بىز ئۆزىمىزگە كېرەكلىك يەر ـ زېمىننى، موھتاج بولغان بايلىقنى ئەنە شۇلاردىن، شۇلارنىڭ قولىدىن ئېلىشىمىز كېرەك!... قېنى، تۇغقانلار، خان ـ بەگلەر، سانغۇنلار، ئاقساقاللار، سىلەر بۇنىڭغا قانداق قارايسىلەر؟ نېمە دەيسىلەر؟

«پاھ! ئاتا دېگەن مىڭنى قىلسا يەنىلا ئاتا ـ دە!... ئۇ بالىلىرىنىڭلا ئاتىسى بولۇپ قالماستىن ئەلكۈنىڭمۇ ئاتىسى. ئۇ ئۇرۇق ـ تائىپىسىدىن، ئەجدادلىرىدىن، ئەجدادلىرىنىڭ يوسۇنىدىن ئۇستۇن تۇرمىغىنى بىلەن بالىلىرىدىن، تۇغقانلىرىدىن، ئۇرۇقداشلىرىدىن چوڭ، ئۇلۇغ، دانىش ۋە ھىممەتلىك. ئۇ ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرەلەيدۇ. چوڭقۇر، ئەتراپلىق پىكىر قىلالايدۇ. دانا، ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئەلكۈننى، ئۇرۇقداشلىرىنى پارلاق ئىستىقبالغا، قۇت ـ بۇيانغا باشلىيالايدۇ!...» باتۇر ئەنە شۇلارنى ئويلاپ ئاتىسىدىن خىجىللىق ھېس قىلدى ۋە ھاياجانغا تولدى.

— مەن سېنىڭ بۇ دانا تەشەببۇسۇڭنى تامامەن قوللايمەن، تەڭرىقۇت ئاتا! — دېدى ئۇ ۋۇجۇدى ئىستىلاچىلىقنىڭ دەبدەبىسى، ھۇزۇرى، لەززىتىدىن لەرزىگە كېلىپ، ھاياجاندىن ئۆزىنى

ئاران ـ ئاران تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ، — چۈنكى بۇ سىنىڭ ئىرادەڭ. تەڭرىقۇتنىڭ ئىرادىسى ـ تەڭرىنىڭمۇ ئىرادىسى، شۇنداقلا بىزنىڭ قۇت ـ بۇيانىمىز، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتى! بەر-ھەق!... مېنىڭچە بولغاندا، بىز ئالدى بىلەن تۆۋەن ئىقلىمدىكى چىنلىقلار ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قوزغاپ، ئۇلارنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىشىمىز كېرەك ئىدى. بىراق ئۇلار ھازىر كۈچلۈك ھەم قۇدرەتلىك، تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرساقمۇ مەيلى. ئەمما تۇڭگۇسلار بىلەن توخرىلارنىڭ قايسىبىرىگە بولمىسۇن يۈرۈش قىلىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولماي-دۇ. چۈنكى ئاتام ئېيتقاندەك، بىز ھازىر زېمىن ۋە بايلىققا موھ-تاج. بىز چوقۇم كەڭرى زېمىن ۋە يېتەرلىك بايلىققا ئىگە بولۇشى-مىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇقداشلار، ئۆزگە ئەللەرگە تاجا-ۋۇز قىلىشقا، يات تائىپىلەر بىلەن سوقۇشۇشقا، ئۇلارنى شەپقەت-سىزلەرچە تالان ـ تاراج قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

باتۇرنىڭ غەزەپلىك خىتابلىرى ئودىكامىنى ياڭرىتىۋەتتى. كى-شىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھاياجانلاندى.

— دۇرۇس، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇ يەنە، — چىنلىقلار ھازىر بىزدىن كۈچلۈك ھەم قۇدرەتلىك. ئەمما ئۇلار بىزنى تەلتۆكۈس يېڭەلمىدى، يوقىتىۋېتەلمىدى. پەقەت ئوردۇس-تىن كېچىپ يۇقىرىغا چېكىنىشكىلا مەجبۇر قىلدى، خالاس. بۇ ۋاقىتلىق... مانا بۇ ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۇنچىۋالا كۈچلۈك، قور-قۇنچلۇق ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا بىز ھامىنى بىر كۈنى ئۇلارنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىمىز. بەلكى ئاشۇ ئېگىز، قېلىن، ئۇزۇن سېپىل ـ تاملىرىنى تۈزلەپ، شەھەر ـ قورغانلى-رىنى بۇزۇپ، بىپايان داللىرىنى دەسسەپ ئۆتۈپ، بايلىقلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، كىشىلەرنى ئەسىر قۇل قىلىپ ئۆچىمىزنى ئالىمىز، ئار ـ نومۇسىمىزنى يۇيىمىز. مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن ۋە ئاشۇ چاغقىچە تاقەت قىلىپ ساقلايمەن!... لېكىن ھازىر بۇلارنى ئويلايدىغان ۋاقىت ئەمەس. بىز ھازىر دىققەت ـ نەزىرىمىزنى



www.uyghurkitap.com

تۆگگۈسلارغا، توخرىلارغا قارىتىشىمىز كېرەك. خۇددى چىنلىق-لارغا ئۆشتۈمتۈت ھۇجۇم قىلغاندەك، بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلساق، غەلىبە قازانساق، ئاندىن بىز ئازادلىككە، ئەركىنلىككە، يەر - سۇ ۋە بايلىققا ئېرىشەلەيمىز. ئاتىقىمىزنى، سەلتەنەتىمىزنى ئاشۇرۇپ، كىشىلەر ئالدىدا قەددىمىزنى تىك تۇتۇپ، مەزمۇت پۇت دەسسەپ دەۋر - دەۋران سۈرەلەيمىز. باشقىلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتۈپ، كۈچ - قۇدرىتىمىزنى نامايان قىلىپ جاھاننى زىلزىلىگە، سۈر - ۋەھىمىگە سالالايمىز!... تۆگگۈسلار بىلەن توخرىلارمۇ ئۇنچە ئا-جىز، ياۋاش ئەمەس. ئۇلارنى ھەرگىزمۇ سەل چاغلاشقا، كۆزگە ئىلماسلىققا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئويلايدۇ ۋە بىزدىن قېلىشمىغۇدەك كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە. ئەمما بىز بۇنىڭدىن قورقۇپ قالماسىقىمىز، بەلكى مۇشۇنداق رەقىبلىرىمىزنىڭ بولغان-لىقىدىن پەخىرلىنىشىمىز ۋە ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشىمىز كېرەك.

— بارىكاللا!

— ئاپىرىن!

— ياشا!

تۇمەن تەگرىقۇتمۇ ئوغلى باتۇرنىڭ بۇ مەردانە، پاساھەتلىك، جەڭگىۋار نۇتقىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر تەسىرلەندى. ئۇنىڭ پەلەككە يەتكەن ھىممەت - شىجائىتىگە، كامالەتكە يەتكەن ئەقىل - پاراسى-تىگە، باتۇر ۋە قەيسەرلىكىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ، سالماق كۈلۈپ قىزغىن ئالقىشلىدى.

— مەنمۇ قوللايمەن! — دەپ ئارقىدىنلا ئوتتۇرىغا چىقتى ئوك بىلگە يانبېيقانمۇ تۇمەن تەگرىقۇت بىلەن باتۇر ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ شەپقەتسىزلىككە تولغان تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىگە باي سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلەپ، — دېمىسىمۇ ھازىر ھال - كۈنىمىز ئوسال ئەھۋالدا. مالچىلىرىمىز ماللىرىنى يەپ تۈگىتەي دېدى، ماللىرىمىز بولسا ئوت - چۆپلەرنى يەپ تۈگىتىپ، ئېگىز بىلەن

www.uyghurkitap.com

يىلتىزلا قالدى. ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر يەر ـ سۇ، ئوتلاق تالىشىپ زىتلەشمەكتە، ياتلاشماقتا! ... ئۇرۇقداشلار، قېرىنداشلار، بۇ بىزنىڭ نۆۋەتتىكى بىردىنبىر تاللىشىمىز، چىقىش يولىمىز. باي بولۇش، كۈچ كۆرسىتىش پۇرسىتىمىز! يەنە شۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايلىكى، بىزنىڭ تۇڭگۇسلار، توخرىلار بىلەن ئۇزاققىچە مۇشۇنداق تىنچ، ئەپ ـ ئىناق ئۆتەلىشىمىزمۇ ناتايىن. دېمەكچىمەنكى، ئەگەر بىز ئۇلارنى تالان ـ تاراج قىلمىساق، ئۇلار چوقۇم بىزنى تالان ـ تاراج قىلىدۇ. چىنلىقلاردەك ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كېلىپ بىزنى توزۇتۇۋېتىدۇ. بىزنى بۇنداق قىياندىن، تالان ـ تاراجدىن، قان ـ ياشتىن پەقەت تەشەببۇسكارلىق، باتۇرلۇقلا قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ! ... كۈيئوغۇل، ئۆگەي تۇرۇنۇم، ئۇرۇقداشلار، مەن سىلەرگە شۇنداق بىر تەكلىپ بەرمەكچى، بىز ئاۋۋال توخرىلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلايلى. ئۇلاردىن ئۆچىمىزنى ئېلىپ ئالچى تاغلىرىنى قايتۇرۇۋالايلى!

— يارلىق چۇشۇر، تەڭرىقۇت! — دېدى ئوڭ قول ئۇلۇغ سانغۇنمۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ هازىرلا جەڭگە چىققىدىغاندەك ئەلپازدا، — بىز شۇنىڭغىلا قاراپ تۇرۇۋاتىمىز. چەۋەندازلىرىمىزنىڭ ئۇرۇش خۇمارى تۇتتى، ئاتلىقلارنىڭ تۇيىقى قىزىپ ئۆچىسى قىچىشتى. قىلىچلىرىمىز داتلاشتى. بىزنىڭ ئەمدى ساقلاۋېرىشكە تاقىتىمىز يوق. يارلىق چۇشۇر! بىز سەن كۆرسەتكەن تەرەپكە ئات سېلىشقا تەييار!

تۈمەن تەڭرىقۇت ئۆز سۆزىنىڭ بۇنداق تېز ھەم كۈچلۈك قوللاشقا ئېرىشىدىغانلىقىنى، تەشەببۇسىنىڭ بۇنچىلىك چوڭ داغدۇغا قوزغايدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ناھايىتى خۇرسەن بولدى ۋە ھاياجانغا تولۇپ، قوللىغۇچىلىرىغا ئىپادە بىلدۈرۈپ توختىماي باش لىڭشىتتى. «يارايسىلەر، باتۇرلىرىم!» ھالبۇكى، سۆزلەش، پىكىر بايان قىلىش نۆۋىتى باشقىلارغا ئۆتكەندە، كۈتمىگەن يەردىن ئۇنىڭ ئىرادىسى قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدى.

— ئاقىل ۋە دانا ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن، تەڭرىقۇت. سىلەر-

نىڭ ساداقىتىڭلارغا، شىجائىتىڭلارغىمۇ قايىلمەن. ئالىپلار، بىد-
راق بۇ ئىشتا يەنىمۇ ئويلىنىپ ئاندىن بىر قارارغا كەلسەك دۇرۇس
بولارمىكىن! ؟ — دېدى يابغۇ ئىنچۇنقان قۇدىسى، كۇيئوغلى ۋە
ئوڭ قول بىلگە خانلارنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق چۆچۈپ جىددىي
تۇستە.
ئۇنىڭ بوم، كۈچلۈك، ئەمما سەل تىترەڭگۈ ئاۋازى ئودىكامدا
ياڭراش بىلەن تەڭ كىڭەش ئەھلى تەڭرىدىن ۋەھىي كەلگەندەك
چىپپىدە بېسقىپ سىرلىق سۇكۇتكە چۆكۈشتى. ئۇنىڭ يەنە نېمد-
لەرنى دەيدىغانلىقىنى ئالدىن پەملىگەن تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ كەيپى
ئۇچۇپ، چىرايى تېگىدىكى تاشنى كۆرسەتمەيدىغان لاي سۇدەك
ئىپادىسىز، سۇرلۇك تۇسكە كىردى. باتۇرنىڭ قويۇق ساقال باس-
قان كۆكۈچ يۈزى ۋە كۆك بۆرىنىڭكىدەك ھال رەڭ كۆزلىرىدە
تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ھەيرانلىق ۋە تەئەججۈپ ئالامەتلىرى
ئەكس ئەتتى. تەڭرىقۇتنىڭ قېيناتىسى بولسا خۇددى چوڭلارنىڭ
ئالدىدا بىرەر خاتا ئىش قىلىپ قويۇپ ئۇياتقا قالغان بالىدەك
كۆزلىرىنى يەردىن ئالالمىدى. چاچ - ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقىرىپ
تېخىمۇ ئۇلۇغ سۇپەت بولۇپ قالغان قېرى قامان ئۆزىنى ئالدىرىماي
ئوڭشاپ سۆزىنى داۋام قىلدى:
— دۇرۇس، بايا دېگەنلىرىڭلار راست. بىز ھازىر ھەقىقەتەن-
مۇ تەس كۈندە، ئەمما بۇ كۈنلەردىن قۇتۇلىمىز دەپلا قوشنىلارغا
تاجاۋۇز قىلساق بولماس. سەن بىلىسەن، كۇيئوغۇل، سول قول
بىلگە خانسەن. توڭگۇسلار ھازىر قۇدرەتلىك ئەل، چىنلىقلاردىن
قېلىشمايدۇ. ئۇلارنىڭ كىشىلىرى نۇرغۇن، يېرى كەڭ، بايلىقى
كۆپ، ئاتلىرى قاۋۇل، ياراغلىرى خىل، ئۇلار بۇرۇنمۇ كۈچ -
قۇدرەت ۋە بايلىق جەھەتتە بىزدىن قېلىشمايتتى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ
ئاتا - بوۋىلىرىمىز، سېنىڭ ئاتا - بوۋاڭ تەڭرىقۇت، ئۇلار بىلەن
ئۆچەكەشمەي، يەر - سۇ تالاشماي، بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىللار
مۇقەددەم ئۇلار بىلەن پاسىل ئايرىپ، ئارىلىق قالدۇرۇپ،
ئەپ - ئىناق ئۆتۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ

www.uyghurkitap.com

كەلگەن. ھالا بۇگۈنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ئۇلار تېخىمۇ كۈچەي-
دى، روناق تاپتى. بىزنىڭكىدىن كەڭ ھەم مۇنبەت زېمىنىنىڭ،
نۇرغۇنلىغان مال - بايلىقنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلىنىپ تېخىمۇ
قۇدرەت تاپتى، يەنە تېخى قوشنىلىرىغا كۆز ئالايتىپ، بىزگە
خىرىس قىلىشۋاتىدۇ. ئۇلار چىنلىقلارغىمۇ قۇيرۇق تۇتقۇزمىدى.
ئۇلارنى تىنچىمۇ قويمىدىغۇ... شۇڭا تۈڭگۈسلارنى ھەرگىز سەل
چاغلاشقا بولمايدۇ. ئەمدى توخرىلارغا كەلسەك... ئۇلارنىڭ ئەھۋا-
لى مەندىن كۆرە سىلەرگە تېخىمۇ ئايدىڭ، تېخىمۇ چۈشىنىشلىك.
دېمەككى، توخرىلارمۇ ناھايىتى تېز كۈچىيىپ روناق تاپتى، خان-
لىق قۇرۇپ شەھەر - قورغانلارنى بىنا قىلدى. ئۇلارمۇ ئۆز
كۈچىگە، قۇدرىتىگە سۆيۈنۈپ، ئىزچىل تۇردە سىرتقا كېڭىيىپ،
ئەتراپىدىكى قوشنىلىرىغا تەھدىت ۋە تەھلىكە سېلىشۋاتىدۇ. ئېسىڭ-
لاردا باردۇر، ئىلكىمىزدىكى ئالچى تاغلىرىنىڭ قولىمىزدىن كەت-
كىنى، دۇخان ئەتراپىدىكى ئۇيسۇنلارنىڭ يۇرت - ماكانىدىن ئايرى-
لىپ سەرسان بولغىنى، بىزدىن پاناھلىق تىلەپ كەلگىنى... مانا
بۇ توخرىلارنىڭ ئىشى، توخرىلارنىڭ كۈچى. مانا بۇ روشەن پا-
كىت، كۈچلۈك دەلىل!... ھوشيار ۋە ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەيلى
تۈڭگۈسلار بولسۇن ياكى توخرىلار بولسۇن، قوشنىلىرىمىز ھازىر
بىزدىن كۈچلۈك، بىزدىن قۇدرەتلىك. بىزدىن ئۈستۈن ھەم ئەۋ-
زەل ئورۇندا. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ قايسىبىرىگە بولسۇن يې-
ڭىشلىك بىلەن ئالدىراپ چېقىلغىلى بولمايدۇ! ئەگەر شۇنداق قى-
لىدىغان بولساق، روشەنكى بىز ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراي-
مىز. بەلكى بېلىمىز سۇنۇپ قەددىمىزنى رۇسلىيالماس بولۇپ
قالىمىز!... مەن بۇنداق بولۇشنى ئۈمىد قىلمايمەن، تۇغقانلار ھەم
تەڭرىمۇ راۋا كۆرمەيدۇ. ھونلار ئەمدى يېقىلسا بولمايدۇ. يېقىلسا
ئورنىدىن تۇرالمايدۇ!... شۇڭا سىلەرنى سوغۇق قان بولۇشقا،
پەيلىڭلارنى بۇزماسلىققا دەۋەت قىلىمەن. مېنىڭچە، بىز ھازىرقى
ئەھۋالدا يۇرۇش قىلىشنى قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا دوستلۇق ۋە
تىنچلىق تەلەپ قىلىپ بارغىنىمىز تۈزۈك، بۇرۇنقى ئىتتىپاقد-

مىزنى قايتىدىن چىڭتىپ، يېڭى كېلىشىمنامە ـ پۈتۈملەرنى
تۈزۈپ، ئۇلار بىلەن تىنچ ـ ئىناق ئۆتكىنىمىز تۈزۈك. بۇ بىز
هونلارغا پايدىلىقكى، هەرگىز زىيانلىق ئەمەس. بىز توقاچنى دەپ
كۆمەچنى كۆيدۈرۈۋەتسەك بولمايدۇ، تۇغقانلار… مەن ساڭا يەنە
شۇنى تەۋسىيە قىلماقچىمەن، تەڭرىقۇت، قۇرۇق ئەهدۇپەيمانلار،
تېرە يۈزىدىكى كېلىشىمنامە ـ پۈتۈملەر ئارىدىكى ئىناقلىقتا،
تىنچلىقتا تولۇق كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. شۇڭا قوشنىلار بىلەن
بارىمتاي[1] ئەۋەتىشىپ تۇرغاقتا تۇرغۇزۇش كېرەك، شۇندىلا ئاندىن
تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولىدۇ!

— ……!

— قامان ئاچارى ئەينى پاكىتنى دېدى، دانا تەشەببۇسنى
ئوتتۇرىغا قويدى. كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن، تەڭرىقۇت. ئۇنىڭ ئېيت-
قانلىرى بەرهەق! — دېدى بىر پەسلىك سۈكۈتتىن كېيىن سول
قول قۇتقۇ بەگ ئوتتۇرىغا چىقىپ، — هازىر هەقىقەتەنمۇ تۇڭگۇس-
لار كۈچەيگەن، توخرىلار روناق تاپقان پەيت. بىز بولساق تېخى
يېقىندىلا چىنلىقلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئېغىر زىيان تارت-
تۇق… هازىر ئاتلىرىمىز ئورۇق، چەۋەندازلىرىمىزنىڭ دىلى سۇ-
نۇق. چۆللۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قەبىلە ـ قوۋملىرىمىز بولسا
يىراقتا، بىزگە هەمدەمدە بولالمايدۇ. بۇنداق ئەهۋالدا بىز ئۆزى-
مىزنى بىلمەي شىلتىڭ ئېتىپ تۇڭگۇسلار بىلەن توخرىلارغا چېقى-
لىپ قويساق بولمايدۇ. بۇ گۇلخان ئۇستىگە تۇتۇرۇق تۆككەنلىك.
قىچىشمىغان يەرنى قاشلاپ يارا قىلغانلىق. يولۋاسنىڭ ساغرىسىنى
سىلاپ ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋەتكەنلىك! ئۇ چاغدا بىز يەنە باش
تارتىپ بولمايدىغان يېغا قايىنىمىغا كىرىپ قالىمىز. بۇ بىز ئۈچۈن
پايدىسىز، تۇغقانلار. ئەلكۈن بۇنداق بولۇشنى خالىمايدۇ. قىرغا-
ۋۇل ئوۋلايمەن دەپ ئۆيدىكى توخۇدىن ئايرىلىپ قالمايلى، ئالۋاس-
تىنى قوغلايمەن دەپ تۇڭگۇزلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالمايلى. بايا
قامان ئاچارى ئېيتقاندەك قوشنىلار بىلەن قايتىدىن ئەپلى-

① بارىمتاي — تۇرغاقمۇ دېيىلىدۇ. قارشى تەرەپتە گۆرۈۋە تۇرىدىغان شاهزادە ـ مەلىكىلەر.

www.uyghurkitap.com

شىپ تىنچ ـ ئامانلىقىمىزغا كاپالەتلىك قىلايلى.
— دۇرۇس، ھېچبولمىغاندىمۇ ئالدىراقسانلىق قىلمايلى، تەڭرىدىن قۇت ـ مەدەت كۈتەيلى... بىز تېخى يېقىندىلا يېغىدىن باش تارتتۇق. سوقۇشتا نۇرغۇنلىغان ئالىپ چەۋەندازلىرىمىز، چېنىققان ئاتلىرىمىز ئۆلدى، ياراغلىرىمىز كاردىن چىقتى. بۇنداق تۇرۇپ يەنە سوقۇشىمىز دېسەك، ھەرگىز بولمايدۇ.
— توغرا، ئەلكۈنمۇ تىنچلىقنى خالايدۇ، سوقۇشقا رايى يوق. بۇنداق تالان ـ تاراجقا يولۇنىپ، ئوت قويۇشقا يولىنىپ ئۇزاققا بارغىلى بولمايدۇ. مالنى تىمەن قىلىمەن دېسەڭ، ئۇنىڭغا تىنچ ئوتلاش يۇرىستى بېرىشىڭ كېرەك. بىلىكىمدە كۈچ، يانچۇقۇمدا ئالتۇن بولسۇن دېسەڭ، ئەلگە تىنچلىق بېرىشىڭ، ئىتتىپاقلاشتۇ-رۇشۇڭ كېرەك!
— سوغۇق قان بول، تەڭرىقۇت. يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس. ئويدان ئويلىنىپ، ئويدان دەڭسەپ ئاندىن بىر قارارغا كەل!
— ياق! ... بۇ دېگىنىڭلار ئوپئوچۇق نومۇسسىزلىق! ئۇ بىز ھونلارغا نامراتلىق، موھتاجلىق، مەھكۇملۇقتىن باشقا نەرسە ئە-كەلمەيدۇ. ياق! ... سىلەر ھون بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەسكەنسىلەر!
باياتىن بېرى غەزەپ ۋە ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ئۆزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ ئولتۇرغان باتۇر ئاخىر چىدىماي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ ھال رەڭ كۆزلىرىگە قان تولۇپ قىزارغان، چىرايى غەزەپ ۋە ئاچچىقتىن تېخىمۇ كۆكى-رىپ سۇرلۇك، قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرگەن، تاشتەك ئېغىر، ئېيىقنىڭ پەنجىسىدەك يوغان مۇشتلىرى بولسا چىڭ تۈگۈلگەند-دى. ئۇ ئەلەمدىن بوغۇلۇپ، مۇشتلىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ يەنە مۇشۇ سۆزلەرنى قىلدى:
— سىلەرگە زادى نېمە بولدى؟! ... بىز ھونلار ھەرقانچە بولساقمۇ تېخى رەقىبلىرىمىزنىڭ ئالدىغا تىنچلىق تىلەپ يېلىنىپ بارغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالمىدۇققۇ. بىزنىڭ يەنە نۇرغۇن ئوت يۈرەك ئالىپ چەۋەندازلىرىمىز ۋە قاۋۇل ئاتلىرىمىز بار-

غۇ! ... ئەگەر بىز راستتىنلا شۇنداق قىلىدىغان بولساق، رەقىبلە-
رىمىز بىزنى تېخىمۇ كۆزىگە ئىلمايدۇ. بىزنى ئاجىز، قورقۇنچاق
كۆرۈپ مازاق قىلىشىدۇ. بەلكى تېخى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
پېيىمىزنى قىرقىپ تاشلىشى مۇمكىن. بىز ھەقىقىي ئېھتىيات
قىلىشقا، ھەزەر ئەيلەشكە، قورقۇشقا تېگىشلىك نەرسە رەقىبلىرى-
مىز ياكى ئۇلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ ئىرادى-
سىزلىكى، قورقۇنچاقلىقى! ئىشەنچىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىقى-
مىز كېرەك! ... ئۇنىڭ ئۇستىگە، بىز ھېچ ئىش قىلماي تۇرۇپ،
رەقىبلىرىمىزگە يېڭىلىپ قالىدىغىنىمىزنى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مات
بولىدىغىنىمىزنى قانداق بىلىمىز؟ بۇ تۇغۇلمىغان موزايغا قوزۇق
قاققانلىق ئەمەسمۇ؟! ...

ئەپسۇس، ئۇنىڭ بۇ غەزەپلىك سۆزلىرى بۇ قېتىم كېڭەش
ئەھلىدە ھېچقانداق كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلالمىدى. بەلكى ئودى-
كام تاملىرىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ بىر پەس ياڭراپ بوشلۇققا،
سۈكۈتكە سىڭىپ يوقالدى. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئۇ تېخىمۇ تىت-
تىت بولدى، غەزەپلەندى. ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ،
قانداقتۇر بىر ئۈمىد بىلەن ئۆگەي بوۋىسىغا قارىدى. يانبېيقانمۇ
نېمە بولدىكىنتاڭ، ھودۇقۇپ، خۇدۇكسىرەپ كۆزلىرىنى ئۇنىڭ-
دىن ئېلىپ قاچتى. باتۇر ئېيىقتەك پۇشۇلداپ تۇرۇپ، تۇتقۇچلى-
رىغا بۆرە بېشى نەقىشلەنگەن يۆلەنچۈكلۈك ئۆزۈن تەختكە چۆكۈپ
ئولتۇرغان ئاتىسىغا نەزەر سالدى... تەڭرىقۇت گەرچە ئۆز ئىرادى-
سىنىڭ ھە دېگەندىلا قوللاشتىن مەھرۇم قېلىپ قارشىلىققا ئۇچرا-
ۋاتقانلىقىدىن غەزەپلىنىپ جەھلى قاتقان بولسىمۇ، ئەمما نېمە
ئۈچۈندۇر ئېغىز يېرىپ ئىپادە بىلدۈرمەي ئۆزىنى زورىغا بېسىۋې-
لىپ، قانداقتۇر بىر ئوي - خىياللارغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى... باتۇر
ئاخىر ھەممىدىن ئۈمىد ئۈزدى. ئىسسىت ئەيلىگىنىچە پېشىنى
قېقىپ ئودىكامدىن چىقىپ كەتتى.

— بۇگۇن كېڭەش مۇشۇ يەرگىچە، — دېدى تەڭرىقۇت باتۇر
چىقىپ كېتىپ بىر پەس جىمىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىگە

تۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېلىپ، — ئاخىرقى قارارنى ئەتە جاكارلايمەن!

## 9

شەرقتىكى توڭگۇسلار تىل، ئىرق، يوسۇن ۋە ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە هونلار بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان، ئەمما ياشاش ۋە تىرىكچىلىك ئۇسۇللىرى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا بىر تائىپە ئىدى. ئۇلارنىڭ يېرى كەڭ، ئوت ـ سۇيى مول، كىشىلىرى ۋە مال ـ چارۋىلىرى كۆپ، لەشكەرلىرى باتۇر، ئاتلىرى قاۋۇل، قورال ـ ياراغلىرى خىل بولۇپ، هازىر ئۆتمۈشتىكى هەرقانداق بىر ۋاقىتتىكىدىن كۈچلۈك هەم قۇدرەتلىك ئىدى. ئۇلارمۇ هونلارغا ئوخشاش ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان، ئات مىنىشكە، ئوقيا ئېتىشقا ماهىر، جەڭگىۋار هەم ئۇرۇشخۇمار بىر تائىپە ئىدى. ئەزەلدىنلا هونلار ۋە چىنلىقلار بىلەن يەر ـ سۇ، ئوتلاق، بايلىق ۋە ئۈستۈنلۈك تالىشىپ يۈت تېپىشىپ كېلىۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ هونلار بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىللار مۇقەددەم[1]، يەنى تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى دەۋرىدىلا ئۇلار بىلەن چېگرا ـ پاسىل ئايرىپ، غەربتىن شەرققە كەڭلىكى مىڭ چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى ئون مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان ئارىلىق يەر قالدۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ئايرىلىپ مۇستەقىل ياشاپ كەلگەنىدى. هەر ئىككى تەرەپنىڭ كىرىپ ـ چىقىشى، ئۆتۈشى ۋە مال ـ چارۋا بېقىپ پايدىلىنىشى مەنئى قىلىنغان ئىككى ئارىدىكى بۇ تاشلاندۇق بوش يەر «ئوتتۇرا» دەپ ئاتىلىدىغان بىتەرەپ جاي بولۇپ، ئۇ هېلىمۇ توڭگۇسلار بىلەن هونلار ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق، بىخەتەرلىكنىڭ كاپالىتى سۈپىتىدە ئاق، ئىگىسىز پېتى تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. شۇنداقلا مۇشۇ يەر، مۇشۇ شەرت، مۇشۇ كاپالەت بولغاچقىلا، هونلار بىلەن توڭگۇسلار ئۇزاق زامانلاردىن بېرى سوقۇشماي تىنچ، ئەپ ـ ئىناق ئۆتۈپ كېلىۋاتاتتى.

---

[1] مىلادىيىدىن بۇرۇنقى V ئەسىرلەر.

غەربتىكى توخرىلارمۇ كۈچلۈك ئەل ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە چىلان تېغى ئېتىكىدىكى خېشىدا ياشايدىغان كىچىككىنە بىر ئاجىز قوۋم ئىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارمۇ ناھايىتى تېز ئاۋۇپ روناق تاپتى. سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە زور دەرىجىدە ئالغا بېسىپ، خانلىق قۇرۇپ، شەھەر ـ قورغانلارنى بىنا قىلدى. لەشكىرىي قوشۇن تەشكىللەپ يۇرۇش ـ سوقۇشلارنى قىلدى ۋە ئۇزلۇكسىز تۇردە كېڭىيىپ نۇرغۇن زېمىن-لارنى ئىگىلەپ ئەتراپىدىكى قوشنىلىرىغا ۋە ئارىلىشىپ ياشايدىغان قەبىلە ـ قوۋملىرىغا ئېغىر تەھدىت ۋە تەھلىكە سالدى. جۇملىدىن شەرقتىدىكى قوشنىسى ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ جۇۋاڭ-غاردىكى زېمىنى بولغان ئالچى تاغلىرىنى زورلۇق بىلەن بېسىۋالدى.

خېشى كارىدورىنىڭ شىمالىدىكى ئالچى تاغلىرى ھونلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ئانا ماكانلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ يەر ئۇستى ـ ئېتەكلىرىنى بوككىدە دەل ـ دەرەخ، بۇلۇق ئوت ـ چۆپ قاپلىغان ئېگىز ـ پەس تاغ ـ ئېدىرلار، يۇزىگە كىمخاب يېيىپ قويغاندەكلا كۆرۈنىدىغان ياپيېشىل بېغىر كۆپمە دۆڭلۈك يايلاقلار ۋە سانسىزلىغان ئۆگۈز ـ ئېقىن ۋادىلىرىدىن تەركىب تاپقان سۇيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت، ئوت ـ چۆپى مول، ئوۋ ـ كېيىكلەر كۆپ بىر گۇزەل جاي ئىدى. ئۇ يەرنىڭ تاغ ـ يايلاقلىرىدا تۇرلۇك ـ تۇمەن شىپالىق ئوت ـ چۆپلەر، ھەرخىل خۇش پۇراق ياۋا گۇل ـ چېچەكلەر قويۇق ئۆسەتتى ۋە ئېچىلاتتى. ھونلار ئۇ يەردىكى ئاشۇ كەم ئۇچرايدىغان خۇش پۇراق گۇل ـ چېچەكلەردىن «ئالچى ئۇپىسى» دەيدىغان بىر خىل تەبىئىي خۇش پۇراقلىق ئېسىل گىرىم بۇيۇمىنى ياساپ چىققان بولۇپ، ئۇنى تەڭرىقۇتنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئالچىلىرى ۋە قۇنچۇي، كۇ-مۇشتېكىنلىرىدىن تارتىپ ھەرقايسى خان ـ بەگلەرنىڭ ئالچى خو-تۇن، قىرقىن ـ قىرناقلىرى ۋە ئادەتتىكى ھون ئاياللىرىغىچە ھەممىسى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتەتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن

www.uyghurkitap.com

قوشۇپ گۈزەللىكنى ئاشۇرغاچقا، تولىمۇ ئەتىۋارلىق، قىممەتلىك نەرسە ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھون ئەرلىرى خوتۇن - قىزلىرىنى قەدىرلەپ ۋە ئەركىلىتىپ «ئالچىم» دېسە، ھون ئايال- لىرىمۇ ئۆز ئاتلىرىنىڭ ئالدىغا «ئالچى» دېگەن سۆپەت سۆزىنى قوشۇۋېلىشقا ئادەتلەنگەنىدى.

تۆمەن تەگرىقۇت قانداق قارار چىقىرىش توغرىسىدا تۇن بويى كۆز يۇمماي مۇلاھىزە قىلىپ چىقتى ۋە پايدا - زىياننى دەڭسەپ كۆرۈپ ئۆزىنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ يىراققا نەزەر تاشلى- يالمىغانلىقىنى، كالتە پەملىك، يەڭگىلتەكلىك قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن ئۇ تەگرىقۇت بولۇش سۈپىتى ۋە سالاھىيىتى بىلەن قول ئاستىدىكىلەرنىڭ، ئۇرۇقداشلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆز سۆ- زىدىن ۋە ئىرادىسىدىن ئۇنداق تېز ھەم ئاسان يانالمايتتى ياكى ۋاز كېچەلمەيتتى. شۇڭىمۇ ئۇ ئەتىسى داۋام قىلغان كېڭەشتە ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈرمەي، بىر پەسكىچە تەختىگە يۆلىنىپ ئويغا پېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. دەل مۇشۇ پەيتتە تېخى تۇنۇگۈنلا ئۇنى كەسكىن قوللاپ باتۇر بىلەن بىر مۇقامغا توۋلىغان ئوڭ قول بىلگە يانبېيقان خۇددى كەينىگە يېنىپ قۇشقۇنغا ئولتۇرغان ئېشەكتەك بىردىنلا ئۆز پىكرىدىن يېنىپ، بىر دومىلىنىپلا يابغۇ ئىنچۇنقان تەرەپكە ئۆتتى - دە، ئۇنىڭ تەشەببۇسىنى قوللاپ تەگرىقۇتنى تىنچلىققا ئۈندىدى.

— ئويلاپ باقسام، قامان ئاغامنىڭ ئېيتقانلىرى دۇرۇستەك تۇرىدۇ. بۇ ئىشتا ئۆزىمىزنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتساق بولمىغۇ- دەك. قارىغاندا مېنىڭ كاللامۇ قىزىپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ تۈلكى- دەك غىڭشىپ، سالقىندا پارقىرىغان مۇز پارچىسىدەك چېقىر كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ، — دېمىسىمۇ ھازىر توڭگۇسلار قۇدرەت- لىك، توخرىلار ھارامزادە ... بۇنداق ئەھۋالدا ئۆزىمىزنى چاغلىماي ئۇلارغا ھۇجۇم قىلساق، ئېنىقكى، بەگلەر تۇنۇگۈن ئېيتقاندەك غەلىبە - نۇسرەتتىن ئۈمىد كۈتمەك تەس. بەلكى يەنە بىر قېتىم تۇمشۇقىمىزغا يەپ ھازىرقىدىنمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى-

مىز مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كۆرە نىيىتىمىزدىن، پەيلىمىزدىن يې-
نىپ پەيت - پۇرسەت كۈتكىنىمىز، ئۇلار بىلەن قايتىدىن ئىتتى-
پاق تۈزۈپ ئەپ - ئىناق ئۆتكىنىمىز تۈزۈكتەك قىلىدۇ. شۇنداق
قىلساق، ئۆزىمىزنى ئوڭشاپ تېخىمۇ كۈچلەنگىلى، كېيىن ئۆش-
تۈمتۈت ھۇجۇم قىلىپ نۇسرەت قازانغىلى بولىدۇ. قىسقىسى،
ھازىر پەيتى ئەمەس، كۈيئوغۇل، شۇڭا مەنمۇ ھازىر سېنىڭ سو-
غۇق قانلىق بىلەن ئويلىنىپ كۆرۈپ ئاندىن بىر قارارغا كېلىشىڭ-
نى تەكلىپ قىلىمەن. بەلكىم ئويلىنىپ ئالدىراپ بىر قارارغا
كېلىپمۇ بولغانسەن. شۇنداق... ئالدىراپ كەتمەيلى، ئۆزىمىزنى
تۇتۇۋالايلى. تەقدىرگە تەن بېرەيلى. ھېچبولمىغاندا بىر مەزگىل،
بىرقانچە يىل ئۆتسۇن. ئەل ئارىسىدىمۇ ئالدىرىغان قالار، ئالدىرى-
مىغان ئالار دېگەن گەپ بارغۇ... بىز ھازىر ئىككى ئەلگە بارىدىغان
ئەلچى - تىلماچلارنىڭ، ئەۋەتىلىدىغان سوۋغا - سالاملارنىڭ غېمى-
نى قىلىشىمىز كېرەك.

ئوڭ قول بىلگە يانبېيقاننىڭ بۇنداق بىر كېچىدىلا ئۆزگىرىپ
پىكرىدىن يېنىۋېلىشى، يابغۇ ئىنچۇنقان تەرەپكە ئۆتۈپ ئاتالمىش
توغرا يولنى تېپىۋېلىشى ھەرگىزمۇ سەۋەبسىز، تاسادىپىي ئەمەس
ۋە ياكى ئۇنىڭ ئىنچۇنقان تەرەپدارلىرىنىڭ تەشەببۇسىنى تامامەن
توغرا، ئاقىلانە پىكىر دەپ قاراپ ئۇنى ئارىفلىق بىلەن ھەقىقىي
قوبۇل قىلغانلىقىدىنمۇ ئەمەس. ئۇ ئۆزىمۇ ئۇنداق مەۋقەسىز،
مەپكۇرىسىز، تۇتۇرۇقسىز كىشىلەردىنمۇ ئەمەس. ئۇ بىلىدۇ،
باتۇر ئېيتقاندەك، تۇغۇلمىغان موزايغا قوزۇق قېقىلىۋاتقانلىقىنى،
ئۇ ئەمەلىيەتتە كۈيئوغلى تۇمەن تەگرىقۇتنى، ئۆگەي نەۋرىسى با-
تۇرنى قوللايدۇ. ئۇلارنىڭ تەشەببۇسىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. توڭگۇسلار-
دىن قورقۇنچىلىكى يوق. ئەكسىچە يېرى كەڭ، بايلىقى جىق،
ھۇجۇم قىلسا چوقۇم ئۇتۇق قازانغىلى، پايدىغا ئېرىشكىلى بولى-
دۇ، ھېچبولمىغاندا ئىككى ئارىدىكى تاشلاندۇق بوش يەرنى ئىگى-
لىۋالسىمۇ بولىدىغۇ. بۇنىڭغا توڭگۇسلار ھۆتۈت - پۆتۈت دېيەلە-
تى؟... توخرىلار بىلەن بولسا ئۇ كونا ئاداۋەتتە، ياراشقۇسىز

غۇم ـ غۇدراتتا. چۈنكى توخرىلار بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن بۇنىڭغا مۇتتەھەملىك بىلەن مۇشت كۆتۈرگەن. ئۇنىڭ بىلەن سو- قۇشۇپ، ئېلكىدىكى ئالچى تاغلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالغان. ئۇنى كۈيئوغلىنىڭ، باشقا هون خان ـ بەگلىرىنىڭ، ئۇرۇقداشلى- رىنىڭ ئالدىدا چىدىغۇسىز ھاقارەت ۋە ئىزا ـ ئاھانەتكە قويغان. بۇلارنى ئويلىسا، ئۇنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، چىشلىرى غۇچۇرلايدۇ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ـ نەپرەت ئوتلىرى چاقناپ، مۇشتلىرى تۈگۈلۈپ كېتىدۇ. توخرىلارنى يانجىپ ـ چەيلەپ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكۈسى كېلىدۇ. بىرەر باھانە ـ سەۋەب تېپىپ ئۇلاردىن ئۆچ ـ ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلىسا ھاياجانلىنىدۇ، چاپ- چىيدۇ. باھانە ـ سەۋەب، پەيت ـ پۇرسەت تاپالـمـاي تېپىرلاي- دۇ… ئەمما پەيت ـ پۇرسەت يېتىپ كەلگەندە ئۇ نېمىشقا بۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ؟… بۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبچىسى باتۇر.

چۈنكى ئۇ بۇ قېتىم تەڭرىقۇتنى نىيىتىدىن ياندۇرۇپ توخ- رىلار ۋە توڭگۇسلار بىلەن ئىناق، تىنچ ئۆتۈشكە كۆندۈرۈپ، ئۇلار بىلەن قايتىدىن ئىتتىپاق تۈزۈشكە مەجبۇر قىلالىسا، شەكسىزكى، بۇ ئىتتىپاقتا ئېغىزىدىكى ئەھدۇپەيمانلار، تېرە ئۈستىگە يېزىلغان كېلىشىمنامە ـ پۈتۈملەر كاپالەتلىك قىلالمايدۇ ـ دە، ئۇنىڭغا بىر كېپىل، قۇربانلىق لازىم بولىدۇ. بۇ قۇربانلىق كىم؟ قارشى تەرەپنىڭ ئوردىسىدا تۇرغاقتا، گۆرۈدە تۇرۇشقا كىم ئەۋەتىلىدۇ؟ ئەلۋەتتە يەنىلا شۇ باتۇر، تەڭرىقۇتنىڭ چوڭ ئوغلى ياكى تەگىن ئۆگەسى. چۈنكى بۇ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دىپلوماتىك ئادەت. ئادەت بويىچە قوشنا ئەللەر ئىتتىپاق تۈزۈپ شەرتلەشكەندە، ئارىدىكى ئەھدۇپەيمانلارنىڭ بۇزۇلماسلىقى، كېلى- شىمنامە ـ پۈتۈملەرنىڭ يىرتىپ تاشلانماسلىقى ئۈچۈن بىر تەرەپ- نىڭ خانى يەنە بىر تەرەپكە ئۆزىنىڭ تەخت ۋارىسى ياكى ئۆز پۇشتىدىن بولغان چوڭ بالىسىنى بارىمتاي قىلىپ ئەۋەتىپ تۇرغاق- لىقتا تۇرغۇزۇشى كېرەك ئىدى. ئىناقلىقنىڭ، تىنچلىقنىڭ كاپا- لىتى سۈپىتىدە ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلۇپ، قارشى تەرەپنىڭ نازارىتى

ئاستىدا گۆرۈدە تۇرىدىغان بۇنداق تەخت ۋارىسلىرى، شاھزادە - مەلىكىلەر تۇرغاق ياكى بارىمتاي دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار ئۇزاق مۇددەت، ھەتتا بىر ئۆمۈر ئاتا - ئانىسىدىن، تۇغقانلىرىدىن، يۇرتىدىن ئايرىلىپ قارشى تەرەپنىڭ ئوردىسىدا نازارەت ئاستىدا گۆرۈدە تۇرۇپ، ئىككى ئەل مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر ئىككى ئەل مۇناسىۋىتى بۇزۇلسا ياكى يامانلاشسا، گۆرۈدىكى بۇ بارىمتايلارنىڭ بەزىبىرلىرى شەرتلىك، بەدەللىك ھالدا ئۆز ئېلىگە قايتۇرۇلۇپ ئامان قالغاندىن سىرت، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئۆمۈرلۈك ھەپسىگە ئېلىنىپ زىنداندا چىرىپ تۈگىشەتتى ياكى ئۆز ۋاقتىدا قەتلى قىلىنىپ، پاجىئەلىك تەقدىر - قىسمەتكە يولۇقۇپ، ئېچىنىشلىق ھالدا ئارازلىق، دۈشمەنلىك، تاجاۋۇزچىلىقنىڭ تىرىك قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كېتەتتى.

ئوڭ قول بىلگە يانبېيقاننىڭ تۈنۈگۈن كەچ قىزى جانئايقىن بىلەن كۆرۈشۈپ تاپقان ئەقلى، يامان غەرىزى دەل مانا مۇشۇ ئادەت ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ باتۇرنى كۆزدىن يوقىتىش. شۇندىلا ئۇنىڭ نەۋرىسى يۇيۇك توسالغۇسىز ھالدا تەگدىن ئۆگەلىككە تەيىنلىنىدۇ - دە، ھون تەختى سۇبېندى ئۇرۇقدىكىلەرنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ... ئۇ مانا مۇشۇنداق ئويلىغان، پايدا - زىياننى دەڭسەپ كۆرگەن. توڭگۇسلارغا، توخرىلارغا ھۇجۇم قىلىشنى كېيىنكە قالدۇرغان. بۇ ئىشلارغا كېيىنچە، نەۋرىسى يۇيۇك تەختكە چىقىپ ھەممە ھوقۇق ئۆز قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن بىر قوللۇق تۇتۇش قىلماقچى، ھەممە تۆھپىنى ئۆزىگە قالدۇرماقچى بولغان. ئۇ مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كېچىپ يابغۇ ئىنچۇنقاننى قوللىغان، كۆز ئالدىدىكى قۇيرۇقنى قويۇپ ئەتىكى ئۆپكىگە ئىشتىھا ساقلىغان... ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ شۇ تاپتا يەنە بۇنىڭدىن باشقا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، رەزىل مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن باتۇرغا قانداق سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىر تۇزاقلىرى قۇرۇۋاتقانلىقىنى بىر ئۆزى ۋە تەڭرىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى.

www.uyghurkitap.com

تۇمەن تەڭرىقۇت قۇدىسى ئىنچۇنقان، قېيناتىسى يانبېيقان ۋە باشقا كۆپ سانلىق خان ـ بەگلەرنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن ئەسلىدىكى نىيىتىدىن يېنىپ ئاخىر بىر قارارغا كەلدى ۋە شۇ كېڭەشنىڭ ئۆزىدىلا ئىككى ئەلگە بارىدىغان ئەلچى ـ تىلماچلارنى تەيىنلەپ، ئۇلارنى مەكتۇپ ۋە سوۋغا ـ سالاملار بىلەن يولغا سالدى.

هون ئەلچىلىرى ئىككى تەرەپكە يول ئېلىپ، كۈن ـ تۈن دېمەي يۈرۈپ، تۇڭگۇس خانى بىلەن توخرى خانىغا تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ دوستلۇق سالىمىنى ۋە هونلارنىڭ تىنچلىق تەلىپىنى يەتكۈزدى. ئىككى خان بۇنىڭدىن ناهايىتى خۇرسەن بولۇشتى. چۈنكى ئۇلارمۇ ئەسلىدىنلا هونلاردىن ئېھتىيات قىلىپ هەم خەۋپسىرەپ كېلىۋاتاتتى… ئارىدا سۆھبەتلەر بولۇندى. ئەهدۇپەيمانلار قىلىندى. ئاخىرىدا كېلىشىمنامە ـ پۈتۈملەر تۈزۈلۈپ قول قويۇلدى. تۇڭگۇسلار بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىمنامىدە، ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى تاشلاندۇق بوش يەرگە كۆز تىكمەسلىك شەرت ـ كاپالەت قىلىندى. ئەمما توخرىلار بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىمنامىدە ئىككى ئەل مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن ئۆزئارا بارىمتاي ئالماشتۇرۇپ تۇرغاقتا تۇرغۇزۇش شەرت قىلىندى. بۇنىڭغا ئاساسەن توخرى خان ئۆزىنىڭ سۇلسۇلە ئاتلىق ئەتىۋارلىق يالغۇز مەلىكىسىنى هون ئوردىسىغا بارىمتاي قىلىپ ئەۋەتىدىغان بولدى. تۇمەن تەڭرىقۇت بولسا چوڭ ئوغلى، تەگىن ئۆگەسى، سول قول بىلگە باتۇرنى توخرى ئېلىدە تۇرغاقتا تۇرۇشقا بەلگىلىدى.

تەڭرىقۇتنىڭ بۇ قارارىدىن كۆپچىلىك رازى بولۇشتى. بولۇپمۇ ئوڭ قول بىلگە يانبېيقان بىلەن كىچىك ئالچى جانئايىقىن بۇ ئىشنىڭ شۇنداق ئاسان هەم ئەپلىك پۈتكىنىدىن قىن ـ قىنىغا سىغماي قېلىشتى. «يا تەڭرىم! كۆزىمىزگە قادالغان بۇ مىخنى ئاخىر يۇلۇپ تاشلىدىڭ. ئەمدى ئۇنى مەڭگۈ يېنىمىزغا يولاتمىغىن!…» ئەمما چوڭ ئالچى ئايقاغان بىلەن سول قول بىلگە باتۇر بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولدى. باتۇر ئاتىسىغا قايىل بولمىدى،

ئۇنىڭدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. ئۆزىنىڭ ۋە ھون تەڭرىقۇتلۇقى-
نىڭ كەلگۈسىگە سوغۇق نەزەر تاشلىدى. چوڭ ئالچى ئايقاغان
بولسا قانداقتۇر بىر شۇملۇق ۋە بەختسىزلىكنىڭ شەپىسىنى سەز-
گەندەك كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئېغىر ئەنسىزلىك ۋە غەم - تەشۋىشكە
پاتتى. بۇنىڭغا جۇدالىق دەردى قوشۇلۇپ ئۇنى تېخىمۇ ئازاب-
لىدى... ھالبۇكى، ئۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن قارشىلىشالمايت-
تى. ئوغلىنىڭ ئەزىز بېشىغا كېلىش ئېھتىمالى بولغان خەۋپ -
خەتەر ۋە بەختسىزلىككە سۈكۈت قىلماي ئامالى يوق ئىدى. «بەل-
كىم باتۇرغا ھېچ ئىش بولماس. بىر يىلدىن كېيىن، ئىككى
يىلدىن، ئۈچ يىلدىن كېيىن قايتىپ كېلەر. شۇ چاغقىچە كۈتۈش
كېرەك. كۈننىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن سەۋر قىلىشقا توغرا
كېلىدۇ ئەمەسمۇ. شۇ چاغقىچە ساقلاش كېرەك. ئۇ تېخى ياش.
كۈنلەرمۇ تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ... ئاتىسىنىمۇ ئەيىبلەشكە بولمايدۇ.
چۈنكى بۇ پەقەت ئۇنىڭلا ئىشى ئەمەس ياكى بولمىسا ئۇنىڭ كۆيۈم-
سىزلىكى، ۋاپاسىزلىقى، باغرى تاشلىقى، ۋىجدانسىزلىقى ئە-
مەس. بۇ دېگەن ئەلنىڭ چوڭ ئىشى. ئەلكۈننىڭ، ئۇرۇقداشلىرى-
نىڭ ئامان - ئېسەنلىكىگە، تەڭرىقۇتلۇقنىڭ تىنچ - بىخەتەرلىكى-
گە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، شەرەپلىك، ئۇلۇغ ئىش. ئاتىسىغى-
مۇ نېمە ئامال؟ كىم ئۇنى تەڭرىقۇت بولسۇن دەپتۇ؟ تەڭرىقۇت
بولغاندىن كېيىن شۇنداق قىلمىسا بولمايدۇ. ئوغلىنى، ئالچىلىرى-
نى، تۇغقانلىرىنى، ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئەلگە ئاتىمىسا بولماي-
دۇ... شۇغىنىسى، جانئايىقىن دېگەن ئاشۇ ئازغۇننىڭ چېچىكى چاي
بولىدىغان بولدى - دە... ئەي كۆك تەڭرى، ئوغلۇم باتۇرنى ئۆز
پاناھىڭدا ساقلىغىن، ياز كۈنى تاغ ئۈستىدە مۇز ساقلىغاندەك.
ئۇنىڭغا قۇت - مەدەت بەرگىن، ئۆز ئوغلۇڭدەك. تامامىي مەدھىيە
ۋە ھەمدۇسانالىرىم ساڭا مەنسۇپ! ...»

شۇنداق قىلىپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 213 - يىلى كۈزدە
باتۇر بارىمتاي بولۇپ توخرى ئېلىدە تۇرغاقتا تۇرۇش ئۈچۈن
ماڭدى.

www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب

## بارىمتاي

### 1

چىلان تېغى ئېتىكىدىكى خېشىغا بىنا قىلىنغان، توخرىلار خانلىق بەرپا قىلىنغاندىن بېرى پايتەخت قىلىپ كېلىۋاتقان ساندىبىل[1] چۇغاي تېغى ئېتىكىدىكى تۇمەنبالىقتىن قېلىشمايدىغان، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ، كاتتا، باي ھەم ئۆزگىچە بىر شەھەر بولۇپ، ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئەۋزەل جايدا، يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن قۇرىغار[2] ئوتتۇرىسىدىكى بۈيۈك كارۋان يولى ئۈستىدە ئىدى. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى سوزۇلۇپ ئۆملەۋاتقان غايەت چوڭ بوغما يىلاندەك سۇرلۇك تاش سېپىل بىلەن ئىھاتە قىلىنغان. ئىچى - سىرتى تاش - توپا ۋە ياغاچلاردىن بىنا قىلىنغان ھەم ئۆزگىچە كۆركەم مىمار ئۇسلۇبى بىلەن زىننەتلەنگەن ھەشەمەتلىك ئوردا - قەسىرلەر، ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانىلار، ھەر تەرەپكە تۇتاشقان كوچا - يوللارنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئۆي - ئىمارەتلەر، باغ - ھويلىلار، چوڭ- چوڭ كارۋان سارايلار، ئامبارلار، ئاتخانىلار، يايلاقتەك چوڭ چېدىر - بارگاھ، دەڭ - قونالغۇ ۋە كۈنۈتۈن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان كارۋانلار،

---

① ساندىبىل — قەدىمكى شەھەر، ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې شەھىرى ئەتراپىدا.

② قۇرىغار — غەربىي يۇرت.

سودىگەرلەر، سەيياھلار، ئەلچىلەر··· بىلەن ئاۋات ھەم قايناق
ئىدى. شەھەرنىڭ تۆت تەرەپكە قارىتىپ ئېچىلغان دەرۋازا - قو-
ۋۇقلىرىنى، بولۇپمۇ كۈن ۋە تۈن قوۋۇقلىرىنى مەخسۇس تەيىنلەن-
گەن بەگ- سىپاھلار كېچە - كۈندۈز نازارەت قىلىپ باشقۇراتتى
ۋە قورۇقدايتتى.

توخرى خانىنىڭ ئوردا ھەرىمى سېپىل ئىچىدىكى ئېگىز بىر
تۆپىلىككە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ دائىرىسى يەنە بىر قات مۇڭ-
گۈزدەك مۇستەھكەم تاش قورۇق تام بىلەن قورشالغان ۋە
ئىشىك - دەرۋازىلىرىغا مەخسۇس قاراۋۇللار تەيىنلەپ قويۇلغاند-
ىدى. ئۇ يىراقتىن قارىغاندا، مۇداپىئەسى مۇستەھكەم چوڭ بىر
قەلئەگە ئوخشايتتى. قەلئەنىڭ ئۆپچۆرىسىگە، قورۇق تامغا يانداش-
تۇرۇپ يەنە كۆپلىگەن قەسىر - سارايلار بىنا قىلىنغان بولۇپ،
بۇ سارايلاردا توخرى خانىنىڭ يېقىن كىشىلىرى — تۇغقانلىرى،
ۋەزىرلىرى، ئەمىرلىرى ۋە سانغۇن - سىپاھلىرى··· ھەمدە
ئۇنىڭ ئەزىز مېھمانلىرى، ئۆزگە ئەل - تائىپىلىرىدىن كەلگەن
ئەلچىلەر، سودىگەرلەر··· تۇراتتى.

بارىمتاي باتۇر ساندىبىلغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن،
توخرى خانىنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە ئاشۇ سارايلارنىڭ
بىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئۇ شەھەرگە كۈن قوۋۇقتىن كىرگەن چاغدىلا قورالسىزلاندۇ-
رۇلغان، يالغۇز، تەنها ئىدى. ئۇ يېڭى تۇرالغۇسىغا كېلىپ ئۆي
ئىچىنى، ئۆي ئىچىدىكى سەرەمجانلارنى، ئۆينىڭ ئوڭ ۋە سول
تەرەپلىرىگە يانداشقان، ئىشىكلىرى ھويلىغا قاراپ ئېچىلىدىغان
ھۇجرىلارنى بىر قۇردىن كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بۇرۇق-
تۇرمىلىق، بىئاراملىق ھېس قىلىپ، يەنە تالاغا — سارايىنىڭ
ھويلىسىغا چىقتى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇنىڭغا يات بىر كىشى
قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كەينىدە، ھويلا دەرۋازىسى ئىچىدە يەنە
يوچۇن، سۆرۈن تەلەت تۆت كىشى ئۆرە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كىم-
لەر، نېمە قىلىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ھويلىغا قاچان،

www.uyghurkitap.com
تۇيغۇر كىتاب تورى

قانداق كىرگەنلىكىنى باتۇر بىلمەيتتى. بەلكىم ئۇ كۇن قوۋۇقتا قورالسىزلاندۇرۇلۇپ ئەركىنلىكى چەكلىمىگە ئۇچرىغاندىن كېيىنكى غەزەپ - ئاچچىقنىڭ تەسىرىدە ھېچكىمگە، ھېچنېمىگە دىققەت قىلمىغان بولسا كېرەك. ئۇ ئاۋۋال ئۆزىگە يېقىن تۇرغان ھېلىقى يات كىشىگە نەزەر سالدى.

قارا چاچلىق، بۇغداي ئۆڭلۈك بۇ كىشى باتۇردىن پاكار، ۋىجىك كەلگەن، ئەمما ياشتا ئۇنىڭدىن چوڭ كىشى ئىدى. رەڭگىرويىدىن قارىغاندا ئۇ توخرى سىپاھلىرىغا ئوخشىشىپ كېتەتتى، بىراق ئۇستىۋېشى ئۇلارنىڭكىدەك ئېسىل ئەمەس، تۇرۇش - قاراشلىرىمۇ ئۇلاردەك سۆرۈن، ئۆتكۈر ئەمەس ئىدى. ئۇ بېشىغا توشقان تېرىسىدىن تىكىلگەن كونا قۇلاقچا، ئۇچىسىغا تېرە شالۋۇر بىلەن قىرچىلىپ كەتكەن كونا جۇۋا كىيىپ، پۇتىغا تېكە تېرىسىدىن چورۇق تارتىۋالغانىدى. ئۇ قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ ئاستىغا ئىنچىكە قارا بۇرۇت قويۇۋالغانىدى. قاپقارا يىرىك چاچلىرى قۇلاقچىسىنىڭ تېگىدىن قۇلاقلىرىنى يېپىپ پاخپىيىپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سەل كۆكۈچ كەلگەن چىرايلىق كۆزلىرىدىن سولغۇنلۇق، مەيۇسلۇك ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باتۇر ئۇنى ئۇيسۇن كىشىسى، توخرى خانىنىڭ مۇلازىملىرىدىن بىرى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدى.

— تىنچلىقمۇ، ھونزادە؟ — دېدى ئۇ چاققانلىق بىلەن باتۇرغا تەزىم قىلىپ.

ئۇ تەزىم قىلىپ بېشىنى ئەگكەندە قۇلاقچىسى ئېچىلىپ كەتتى - دە، باتۇرغا ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولدى. «قۇل!» دەپ ئويلىدى باتۇر «ئۇ بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلگەندۇر؟»

— تىنچلىقمۇ؟ — دېدى باتۇرمۇ زورمۇزور كۈلۈمسىرەپ.

— مېنى ساقا ئەۋەتتى، — دېدى قۇل.

— كىم؟ — دېدى باتۇر سەل تەئەججۇپلىنىپ.

— خان، — دېدى قۇل جاۋاب بېرىپ.

— شۇنداقمۇ؟— دېدى باتۇر سولىشىپ.
بىر كۆرۈش بىلەنلا كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرىدىغان قۇلىقى كېسىكلىك بۇ كىشى ئۇنىڭدا نەپرەتلىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلدى. باتۇر ئۇنىڭ مەيۈس، سولغۇن چىرايىغا، كېسىلگەن قۇلىقىغىمۇ نەزەر سالماسلىققا تىرىشتى.
— مېنىڭ ئېتىم بەجەچقان، — دېدى سولغۇن كىشى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — توخرى خانىنىڭ قۇلى بولىمەن.
— مەن ئۇنىڭ مەھبۇسى بولىمەن، — دېدى باتۇرمۇ.
— ياق، سەن مەھبۇس ئەمەس، بارىمتاي، گۆرۈدىكى كىشى، — دېدى بەجەچقان تۈزىتىش بېرىپ.
— ساڭا مەندىن نېمە لازىم، توخرى خانىنىڭ قۇلى؟ — دېدى باتۇر ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي.
— مېنى خان ئەۋەتتى ... — دېدى بەجەچقان باتۇرنىڭ تۈزلۈكىدىن سەل تەمتىرەپ.
— نېمىدەپ ئەۋەتتى؟
— خىزمىتىڭگە، بۈگۈندىن باشلاپ مەن ساڭا قۇل بولىمەن.
— تۇتقۇنىنىڭ، مەھبۇس دېگەنىنىڭ قۇلى بولمايدۇ، — دېدى باتۇر ئاچچىقى بىلەن.
— شۇنداق، تۇتقۇنىنىڭ، مەھبۇسنىڭ قۇلى بولمايدۇ. ئەمما بارىمتاينىڭ، گۆرۈدىكى كىشىنىڭ قۇلى بولىدۇ، — دېدى بەجەچقان دادىل، ئەمما بىچارە قىياپەتتە، — مېنى قوغلىما، ھونزادە. كۈن - تۈن بويى مال - ۋارانلار ئارىسىدا قىغقا مىلىنىشىپ ياتقاندىن كۆرە ساڭا قۇل بولۇش مىڭ ھەسسە ياخشى ماڭا...
— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، — دېدى باتۇر قولىنى شىلتىپ قۇلنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ. ئاندىن ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىككى تاقلاپ توختىدى - دە، يەنە يېنىپ كېلىپ:
— ئاۋۇلارچۇ؟ ئۇلار كىملەر؟ نېمە قىلىدىغان كىشىلەر؟ — دەپ سورىدى بەجەچقاندىن ھويلا دەرۋازىسى ئىچىدە ئۆرە تۇرغانلارنى ئىما قىلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇلارمۇ؟ ھە، ئۇلار سىېنىڭ مەھرەملىرىڭ، — دېدى بەجەچقان، — ئۇلارمۇ سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىدۇ. سىرتلارغا چىققاندا ساڭا ھەمراھ بولىدۇ، يول باشلايدۇ. ھاجىتىڭ چۈشكەندە ھاجىتىڭدىن چىقىدۇ. ئۇلارنىمۇ خان ئەۋەتكەن. ئۇلار سىېنىڭ ئەسەنلىكىڭنى قوغداشقا مەسئۇل. ئۇلار بىز بىلەن بىللە ئاۋۇ ھۇجرىلاردا تۇرىدۇ.

ھېلىقى تۆت كىشى ھون تىلىنى بىلمىسىمۇ، بەجەچقاننىڭ ئۆزلىرىنى بارمىتايغا، يېڭى خوجايىنغا تونۇشتۇرۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ، ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتتى.

— شۇنداقمۇ؟! — دېدى باتۇر ئۇلارنىڭ خۇنۈك، سىرلىق تەقى - تۇرقىغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ. ئۇنىڭ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگۈسى بار ئىدى، ئېھتىيات قىلدىمۇ ياكى بىھۇدە كۆردىمۇ ئېغىزىدىن چىقارمىدى. «مەھرەملىرىمىش، خىزمىتىمنى قىلىپ ئەسەنلىكىمنى قوغدارمىش!… قورۇقچى، نازارەتچى، ئايغاقچى سىپاھلاردۇر ھەرقاچان. توخرى خان قېچىپ كېتىشىمدىن، چاتاق چىقىرىپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرەپ ئەۋەتكەن!…» ئۇ بىردىنلا ئەركىسىزلىك، ئىچى سىقىلىش، خارلىنىش ھېس قىلدى. غەزىپىنى يۇتۇپ كەينىگە ئۆرۈلدى.

— ھە راست، ھونزادە، — دېدى بەجەچقان ئۇنى توختىتىپ، — ئۇزاق يول يۈرۈپ كەلدىڭ، ھارغانسەن، قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇر ھەرقاچان. كۆڭلۈڭ نېمىنى تارتىدۇ؟ نېمە يېگۈڭ بار؟… مېنىڭ ھۇجرام ماۋۇ، بۇنىڭدىن كېيىن سىجىل مۇشۇ ئۆيدە تۇرىمەن. سېنىڭ غىزايىڭنى ئېتىپ خىزمىتىڭنى قىلىمەن… راسا قېنىپ بىر ئۇخلىۋالغۇڭ بارمۇ - يە؟ يۈز - قولۇڭنى يۇيۇۋالامسەن؟ مەن سۇ ئەكىرەي.

— بولدى، بەجەچقان، — دېدى باتۇر ئۇنىڭ ئېتىنى تۇنجى قېتىم ئاتاپ، — مېنى بىردەم ئۆز ئىختىيارىمغا قوي. ئاۋارە بولما.

— ئۇنداق بولسا مەيلى، ئارام ئالغىن. ئەگەر لازىم بولسام

ھاي دېسەڭلا يېنىڭغا كىرىمەن.

باتۇر ئۆيگە كىرىپ كىگىز سېلىنغان بۇلۇڭدىكى ئۆزىنى تاشلىدى، بېشىنى كىرىشتۇرۇلگەن ئالىقانلىرى ئۈستىگە قويۇپ، تىزلىرىنى ئېگىپ ئوڭدا ياتتى. «مەھرەملىرىمىش!...» ئۇنىڭ غەزىپى تېخى بېسىقمىغانىدى. ئەمما نەچچە ھەپتىلىك جاپالىق يول ئازابى، ھارغىنلىق ئۇنىڭغا تېزلا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىپ، كىملەرگىدۇر غەزەپلىنىپ، چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ زاڭاقلىرىنى لىپىلداتقىنىچە ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى...

ئۇ قانچىلىك ئۇخلىغانلىقى، قانچە كۈن ياتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرغاندا كۈندۈز ئىدى. ئوچاقتا ئوت، ئۆي ئىچىمۇ ئىسسىق ئىدى. ئۇ بىردىنلا قورسىقىنىڭ ئېچىپ كورۇلداۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇئان يەنە قايناپ پىشقان گۆشنىڭ مەززىلىك پۇرىقىنىمۇ سەزدى. بەجەچقان... ئۇ ھېلىقى قۇلىقى چولاق قۇلنى ۋە ئۇنىڭ «ھاي دېسەڭلا يېنىڭغا كىرىمەن» دېگەن سۆزىنى يادىغا ئالدى.

— ھاي!...

— ھە، مانامەن، ئويغاندىڭمۇ، ھونزادە!

راست دېگەندەك بەجەچقان ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

— ھاردۇقۇڭ چىققاندەكمۇ؟ غىزا يېگۈڭ كېلىۋاتامدۇ؟ — دېدى ئۇ، — قوي گۆشى قايناتتىم. يەمسەن؟

— ھە، يەي، ئەكىر.

— مانا، سەل تەخىر قىلىپ تۇر ـ ھە.

بەجەچقان چىقىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي بىر قولىدا مىس تامغالىق، بىر قولىدا ياغاچ تەڭنە كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ يەنە دولىسىغا بىر يىپەك لۆڭگىمۇ ئارتىۋالغانىدى.

— ھونزادە، ئاۋۋال يۈز ـ قولۇڭنى يۇيۇۋالغىن، — دېدى ئۇ پەگاھتا تۇرۇپ، — ھاۋا سوغۇق بولسىمۇ مۇزدەك سۇ ئەكىر-

دىم، سېنى تېتىكلىشىپ قالامدىكىن دەپ، قارىسام بەكمۇ ئېزىلەڭگۇ، غەمكىن كۆرۈنىسەن… ئىلمان سۇ تەڭشەپ كىرەيمۇ ـ يا؟

— ياق، بولدى.

— قېنى ئەمىسە…

«ئەجەب گېپى تولا قۇلكىنا بۇ، كىشىنى بىزار قىلىپ» دەپ ئويلىدى باتۇر بۇگلۇكىنىڭ لېۋىگە سۇرۇلۇۋېتىپ. ئاندىن ئۇ پەشلىرىنى قايرىپ، يەڭلىرىنى تۇرۇپ، ئەتراپىغا سۇ چاچرىتىپ قولىنى يۇيۇشقا باشلىدى. ئۇ قوللىرىغا، يۈزلىرىگە سوغۇق سۇ تەگكەندە، راستتىنلا تېتىكلىشىپ، تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ قالغاندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا شۇئان تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى كەلدى، تۇمەنبالدىقىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى، ئالچىسىنى، دوستلىرىنى… ئەسلىدى. ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇرغان، يۈرىكىنى مۇجۇغان دەرد ـ ئەلەملىرى ئۇنتۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تامامەن باشقىچە خىياللار يۈرىكىنى تاتىلاشقا باشلىدى. «قېچىش كېرەك، بۇ يەردىن كېتىش كېرەك!» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە.

ئۇ يۈز ـ قولىنى يۇيۇپ بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۆزىگە ياۋاشلىق بىلەن قاراپ تۇرغان قۇلنىڭ قولىدىكى يىپەك لۆڭگىنى قوپاللىق بىلەن تارتىۋېلىپ ئالدىراش ـ تېنەش سۈرتۈشكە باشلىدى. ئۇ بەجەچقانغا كۆزلىرى بىلەن يەۋەتكۇدەك ھومىيىپ قارىدى. «توخرى خاننىڭ قۇلى، — دەپ ئويلايتتى ئۇ قۇلىقى چولاق قۇلغا يىرگىنىش بىلەن سەپسېلىپ، — ئۇنىڭغا ئوخشاش قۇلاقسىز قالغۇچە، بۇ يەردىن قېچىش كېرەك!…»

بەجەچقان تامغىلىق بىلەن تەگىنىنى ئاچىقىپ كەتتى، ھايال ئۆتمەي چوڭ بىر ياغاچ تاۋاقتا ھورى ئۆرلەپ تۇرغان پىششىق گۆش ۋە داستىخان ئەكىردى. داستىخاننى بۇگلۇككە، باتۇرنىڭ ئالدىغا سېلىپ تاۋاقتىكى گۆشنى ئۇنىڭ ئۇستىگە قويدى، ئاندىن يەنە ئالدىراش چىقىپ كېتىپ بىر كوزىدا بال ۋە ئاياغ كۆتۈرۈپ كىردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— قېنى، غىزاغا باق، — ئۇ نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىۋاتقان باتۇرنى غىزاغا تەكلىپ قىلدى ھەمدە ئۆزى بولسا گۆشكە باقماي بوگلۇكتە چازا قۇرۇپ باتۇرغا قاراپ ئولتۇردى.

— كىم چىشلىۋالدى سىنىڭ قۇلىقىڭنى؟ — دېدى باتۇر ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭغا قەستەن تەنە قىلىپ.

ئۇنىڭ بۇنداق قوپاللىقىغا، تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشىگە بەجەچقانىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولدى. ئۇ ئوڭايسىزلىنىپ كۆزلىرىنى يەرگە قاراتتى.

— سوقۇشتا چىپىلغانمۇ ـ يا؟ — دېدى باتۇر كۈلۈپ.

— مەن ئېيتتىمغۇ، مەن توخرى خانىنىڭ قۇلى. مېنى بۇنداق مەسخىرە قىلماسلىقىڭنى سورايمەن، ھونزادە، — دېدى قۇل.

— قۇل، يەنە شۇ قۇل! — دېدى باتۇر غودۇڭشىپ.

ئاندىن ئۇ يەنە خىيالغا بېرىلدى. «بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ چولاق قۇلاق بەجەچقاندەك قۇل بولۇپ ئۆتەرمەنمۇ؟ — دېدى ئۇ ئىچىدە كىملەر بىلەنمۇ مۇنازىرىلەشكەندەك، — كىملەرنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ، كىملەرنىڭ كۆزىگە قاراپ، مەسخىرىسىگە ئۇچراپ، قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈرەرمەن؟... ياق، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!» ئۇنىڭغا كىمدۇر بىرى: «شۇنداق، سەن قۇل ئەمەس. مەھبۇس، تۇتقۇنمۇ ئەمەس. گۆرۈدىكى كىشى» دەپ پىچىرلىغاندەك قىلدى. ئۇ سەسكىنىپ ئەتراپقا، ئۆي ئىچىگە قارىدى. ئۆيدە ئۆزى ۋە پەگاھتا ئۆرە تۇرغان بەجەچقاندىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. بەجەچقان ئۇندىمەي دېمى ئىچىگە چۈشكەن ھالدا قول باغلاپ يەرگە قاراپ تۇراتتى. «تۇتقۇن، مەھبۇس بىلەن گۆرۈدە تۇرۇۋاتقىنىڭ پەرقى نەدە؟» دېدى ئۇ ئىچىدە يەنە ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويۇپ. «گۆرۈدىكى كىشىنىڭ قۇلىقى كېسىلمەيدۇ» دېدى ھېلىقى غايىب ئاۋاز. «ھەئە، مېنىڭ قۇلاقلىرىم ساق! — دەپ ئويلىدى باتۇر سۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن ھاياجانلىنىپ، — مەن بەجەچقان ئەمەس، بەجەچقانمۇ مەن ئەمەس. مېنىڭ ئەركىنلىكىم ئۆزۈمدە، مېنىڭ ئۆزۈمگە قاراشلىق قۇلۇم بار، مەھرەملىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رىم بار!»

شۇنداق، ئۇنىڭ ئەركىنلىكى ئۆزىدە… دېمەك، ئۇ قاچانلا بولمىسۇن سىرتلارغا چىقىپ كىشىلەر ئارىسىدا بىمالال، ئەركىن يۈرگۈسى!…

باتۇر تاۋاقتىكى گۆشنى ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك يالماپ-يالماپ يۇتۇپ يېدى، قورسىقى تويغاندىن كېيىن بوگىلۇككە يانپاشلىدى. بەجەچقان داستىخاندىكى ئۇستىخانلارنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. باتۇر سوزۇلۇپ ياتقان پېتى ئۇن - تىن چىقارماي ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتى. بەجەچقاننىڭ بەكلا كۆڭلى يېرىم بولغانلىقى، ئۇنىڭدىكى بېشىنى كۆتۈرمەي ئىشىنى قىلىۋېرىشىدىن مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى. باتۇر ئۇنى تولىمۇ بىچارە ھېس قىلىپ، تۇرۇپلا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى.

— ھە، بەجەچقان. بوگىلۇككە چىقىپ ئولتۇر، گۆش يە، نېمە قاراپ تۇرىسەن؟ — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ.

— مەن يېدىم، — دېدى بەجەچقان.

باتۇر ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ، كوزىدىكى بالدىن ئاياغقا قۇيۇپ ئۇنىڭغا سۇندى.

— ئۇنداقتا، بۇنى ئىچىۋەت، — دېدى ئۇ.

بەجەچقان خۇرسىنىپ قويدى، خاپىچىلىقنى ئىچىگە يۇتۇپ كۈلۈمسىرىگەندەك قىلدى - دە، بوگىلۇكنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ تىترەپ تۇرغان قوللىرىغا بال قويۇلغان ئاياغنى ئالدى.

— سېنىڭ قولۇڭدىن بال ئىچمەك مەن ئۈچۈن زور خۇشاللىق. مىڭ ياشا، ھونزادە، ئەزىز بېشىڭ ئامان بولسۇن! — دېدى ئۇ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ.

لېكىن ئۇنىڭ بۇ مەدھىيە سۆزلىرى باتۇرغا يەنە خۇشامەتچىلىك، ياخشىچاقلىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. قېرىشقاندەك، بۇ چاغدا ئۇنىڭ چولاق قولىقى يەنە كۆرۈنۈپ قالدى… ياق، بۇ قول باتۇرغا ياقمىدى! ئۇ ھېچقاچان، ھېچ يەردە بۇنداق ياۋاش، سولغۇن، بىچارە قىياپەتتىكى كىشىنى كۆرۈپ باقمىغان. ئەلۋەتتە

هونلاردىمۇ قۇل بار. ئەمما ئۇلار ئەركىن. ئۇرۇقتىكى باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش مال باقىدۇ، يەر تېرىيدۇ، ئوۋ ئوۋلايدۇ. دۇرۇس، ئۇلار دەسلەپتە قۇل قىلىنىپ كېلىنگەندە هون تىلىنى بىلمىگەچكە كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپمۇ كەتمەيدۇ. يېتىرقاپ، ياتسىراپ ئۈن ـ تىنسىز ئىشلەيدۇ. لېكىن ئۇلار ئۇ يەردە خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئىشىغا سېلىنمايدۇ. ئەرلەر بىلەن بىللە يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئائىلىسى — چېدىرى، خوتۇن ـ بالىلىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، بەلكى باشقا هەرقانداق بىر ئەزاسى ناكار ئەمەس، پەقەت دەسلەپ قۇللۇققا ئېلىنغاندا چاچلىرى چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ، شۇ. بىراق بۇ دېگەن قانچىلىك ئىشتى؟ باش ئامان بولسا چاچ دېگەن يەنە ئۆسىدىغۇ! ...

ۋەهالەنكى، باتۇر بەجەچقاننىڭ مەدھىيە سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ هەيران بولماي، غەلىتىلىك هېس قىلمايمۇ قالمىدى. «ئەجەبا، ئۇ هون تىلىنى سۇدەك بىلىدىكىنا؟ يەنە مېنىڭ ئېتىمنى... ؟»

— هەي بەجەچقان، ئەجەب دىققەت قىلماپتىمەن، — دېدى ئۇ قۇلغا تىكىلىپ، — سەن هون تىلىنى خۇددى هون كىشىسىدەكلا راۋان سۆزلەيدىكەنسەنغۇ؟ ئۈنى قاچان ئۆگەنگەن، قەيەردە؟ سەن ئۆزۈڭ قەيەردىن؟ قانداق بولۇپ بۇ هالغا چۈشۈپ قالدىڭ؟

بەجەچقاننىڭ چىرايىدىكى خاپىلىق، غەم ـ قايغۇ ئالامەتلىرى تېخىمۇ كۈچەيگەندەك بولدى. ئۇ باتۇرنىڭ بۇنداق سوئال قويۇشىنى كۈتمىگەن بولغىيدى ئېھتىمالىم... ئۇ نېمە دېيىشنى بىلمىگەندەك بىر پەس جىم تۇردى ـ دە، ئاندىن چوڭقۇر خۇرسىنىپ:

— مەن هون، ئالچى تېغىدىن، — دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى.

— هون؟ ! ... سەن ... قانداق بولۇپ؟ ...

باتۇر بىردىنلا ئەهۋالنىڭ تېگى ـ تەكتىنى چۈشىنىپ يەتتى. بەجەچقانغا سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى هېس قىلىپ خىجىلمۇ بولدى. ئۇ يەنە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنىمۇ

ئويلىدى.

ئۇلار ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. بەجەچقان سۆزلەيتتى. باتۇر تىڭشايتتى. بەجەچقان توخرىلار ئالچى تاغلىرىنى بېسىۋالغان چاغدىكى ئىشلارنى، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ، قۇلىقى كېسىلىپ قۇل قىلىنغاندىن كېيىنكى كۈنلىرىنى، ئائىلىسىنى، خوتۇن - بالىلىرىنى، هازىرقى تەنهالىقىنى؛ چىلان تېغى، خېشى كارىدورى، توخرى خانلىقى، بۇ يەردىن ئۆتىدىغان بۈيۈك كارۋان يولى توغرىسىدا؛ يەنە بۇ يەرگە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان چەت ئەللىك كىشىلەردىن، سودىگەرلەردىن ئاڭلىغانلىرىنى... قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئۇ يەنە چىنلىقلارنىڭ ئوردۇسىنى بېسىۋالغانلىقىنىمۇ ئاڭلاپ قاتتىق ئېچىنغانلىقىنى، قايغۇرغانلىقىنى، ئەمما توخرىلارنىڭ بۇنىڭغا خۇشال بولۇپ كۆرەڭلەپ كېتىشكىنىنى... سۆزلەپ بەردى. باتۇر ئۇنىڭ كەچمىشلىرىنى، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى بېرىلىپ، قىزىقىپ تىڭشىدى. ئۇ ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق يات ئەل، يات تائىپىلەر ئارىسىدا بولغان، كۆپنى كۆرگەن - بىلگەن كىشىلەرنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاشقا بەكمۇ هېرىسمەن ئىدى. چۈنكى ئۇنداق كىشىلەر كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان يات ئەللەر، تائىپىلەر، ناتونۇش شەهەرلەر ۋە ئۇ يەرلەردىكى يوچۇن، غەلىتە، قىزىقارلىق ئىشلار توغرىسىدا، يۇرۇش - سوقۇشلار توغرىسىدا ئاجايىپ - غارايىپ هېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى جەلپكار رىۋايەتلەردەك، ساماۋى چۆچەكلەردەك ئاڭلىغانسېرى كىشىنى ئۆزىگە مەهلىيا قىلىۋالاتتى. چەت ئەللىكلەر، ناتونۇش شەهەرلەر، يات تائىپىلەر توغرىسىدىكى بۇنداق پاراڭلار، هېكايىلەر كىشىنىڭ كۆڭلىدە ئاجايىپ ئارزۇ - ئىستەكلەرنى، ئىنتىلىشلەرنى تۇغدۇراتتى. ئۇلار تەسۋىرلىگەن، بايان قىلغان ئاشۇ چەت ئەللەرگە، ناتونۇش، سېھىرلىك، كۆڭۈللۈك هەم قورقۇنچلۇق يەرلەرگە، يات تائىپىلەر ئارىسىغا ئۆزۈڭنىڭمۇ بېرىپ كۆرۈپ باققۇڭ كېلەتتى!...

بەجەچقان سۆزلىگەندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولدى. باتۇر ئۇنىڭ

سۆزلىرىنى، بولۇپمۇ توخرىلار ۋە بۇ يەردىن ئۆتىدىغان كارۋان يولى، ساندىبىلغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان چەت ئەللىكلەر توغرىسىدىكى سۆزلەرنى ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا بېرىلىپ، ياقتۇ- رۇپ، زوق ـ هاياجان بىلەن ئاڭلىدى. پاھ، بۇ جاهان نېمىدېگەن كەڭ، نېمىدېگەن رەڭدار، نېمىدېگەن سىرلىق ـ هە!… ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاجايىپ مەنزىرىلەر، ناتونۇش كىشىلەر، يېڭى، ئۆز- گىچە، قىزىقارلىق ئىشلار… كېلىشكە باشلىدى. قەلبىدە كۈچلۈك ئارزۇ ـ ئارمان، ئوتلۇق ئىنتىلىشلەر پەيدا بولدى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىد- نىمۇ سەزمەي قېلىشتى. تاشقىرىدا كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈش- كەن، شىۋىرغان هۇۋلاشقا باشلىغانىدى. بەجەچقان ئورنىدىن تۇ- رۇپ ئوچاققا ئوتۇن تاشلىغاندىن كېيىن چىقىپ كېتىشكە ئىجازەت سورىدى.

— مەن بۇگـۈن ساڭـا لازىم ئەمەسـتۇرمەن، — دېدى ئۇ خوجىسىغا.

— ياق، چىقىۋەرگىن، — دېدى باتۇر خىيالغا بېرىلىپ.

بەجەچقان تىنچ ئۇيقۇ تىلەپ چىقىپ كەتتى. باتۇر ياتقان يېرىدىلا ئېڭىكىنى جەينىكى تىرەلگەن سول قولى بىلەن يۆلەپ خىيالغا غەرق بولدى.

## 2

باتۇرنىڭ توخرىلار ئېلىدىكى تۇرغاقلىق هاياتى ئەنە شۇنداق باشلاندى. بۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 212 ـ يىل قىش پەسلى ئىدى. بەجەچقان ئۇنىڭغـا هەر كۈنـى غىـزا تەييارلايتتى، ئۇنىڭ ئۇش- شاق ـ چۈششەك ئىشلىرىنى قىلاتتى. باتۇر سارايدىن چىقمايتتى، چىققۇسىمۇ كەلمەيتتى، هېچ يەرگە بارمايتتى، هېچكىم بىلەن ئارىلاشمايتتى. ئۇ هېلىغىچە ئۆزىنى بۇ يېڭى ئورۇندا، ئۆزگە يۇرتتا، يات، ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىدا قانداق تۇتۇشنى، نېمى-

لەرنى قىلىپ، نېمىلەرنى قىلماسلىق لازىملىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ توخرىلارغا بارىمتاي بولۇپ كەلگەنلىكىنى، بۇ يەردە بىر مەزگىل، بەلكى بىر ئۆمۈر گۆرۈدە تۇرۇپ تۇتقۇندەك، مەھبۇستەك، چىرايلىق ھۆرمەت بىلەن ئالتۇن قوزۇقتا باغلاپ قويۇلغان شىردەك ياشىشى كېرەكلىكىنىلا بىلەتتى. ۋەھالەنكى، بۇ كۈنلەر، تۇرغاقلىق ھايات تېخى يېڭىلا باشلاندى. ئۇ زادى قاچانغىچە، قانچە ئۆزۈن داۋاملىشار؟ قاچان، قانداق ئاخىرلىشار؟ ئۇ راستتىنلا ئۇزاققىچە، بىر ئۆمۈر باغلاقتىن بوشىنالماسمۇ؟ بۇ يەردىن كېتەلمەسمۇ؟ ئۆز يۇرتىغا، ئاتا ـ ئانىسى، تۇغقانلىرى، ئۇرۇقداشلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارالماسمۇ؟ ئۇ مۇشۇنداق ئېتىبارسىز، ئىز ـ دېرەكسىز تۈگىشىپ كېتەرمۇ؟... شۇڭا كۈنلەر ئۆتسۈن ـ ئۆتمىسۇن، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. ۋاقىت ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىممىتىنى، ئەھمىيىتىنى يوقاتقاندەك قىلاتتى.

بىراق ۋاقىتنىڭ تۇيدۇرماي ئۆتۈشى، ئۇزىرىشى بىلەن ئۇ بۇنداق تۇرغاقلىق ھاياتقا كۆنەلمىدى. ئۇ بىر ئۆمۈر، مەڭگۈ مۇشۇ يەردە قېلىشنى ئويلىمايتتى، خالىمايتتى، يۇرتىغا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، ئۇرۇقداشلىرىنىڭ يېنىغا بالدۇرراق كېتىشكە، قېچىشقىمۇ ئىنتىلمەيتتى، ئۇرۇنمايتتى. ئۇنىڭ كاللىسى بارغانسېرى ئېسىلىپ قۇرۇقدىلىپ كېتىۋاتاتتى، روھىمۇ بارغانسېرى چۈشۈپ سۇسلاشماقتا ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتا ـ ئانىسى، تۇغقانلىرى، ئۇرۇق ـ تائىپىسى، ئانا يۇرتى ۋە ئۇ يەردىكى يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىلەن باغلاپ تۇرۇۋاتقان قانداقتۇر يىپ بارغانسېرى تارتىشىپ تۇيدۇرماستىن ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك ئۇنى ئۇزۇۋەتكىلى، چۇۋۇۋەتكىلى، ئۇنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغاندەك، ئۆزى قانداقتۇر بىر ئۇۋالچىلىقنىڭ، ئادالەتسىزلىكنىڭ... قۇربانى بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. لېكىن بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ـ دە، بۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ؟... ئۇ قانداقتۇر بىر نەرسىگە ئىنتىلەتتى، تەشنا بولاتتى. كىمنىڭدۇر ئۆزىگە مەدەت،

تەسەللى بېرىشنى، ياردەم قىلىشنى خالىغاندەك، كىمگىدۇر تايانغۇسى، كىمنىڭدۇر قانىتى ئاستىغا كىرگۈسى كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇ پات - پات ئۆزىنى بەجەچقان ئېيتقاندەك ئەركىن، ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغاندەك، ھېچقانداق قارا يىپقا باغلىنىپ قالمىغاندەك ھېس قىلىشقا، ئازادە تۇتۇشقا تىرىشاتتىيۇ، ئەمما يەنە ئاللىقانداقتۇر بىر كۆزگە كۆرۈنمەس ئېغىر يۈكنىڭ ئاستىدا قالغاندەك، بۇ يۈك ئۇنى چوڭقۇر ھاڭغا قىستاۋاتقاندەك، ئۆزى ئۆمۈچۈك تورىغا ئىلىنىپ قالغان ھاشارىتتەك كۈچسىز، چارىسىز ھېس قىلىپ قاتتىق ئۈمىدسىزلىنەتتى... شۇنداق، ئۇ غېرىبلىقتا، مۇساپىرچىلىقتا، يالغۇزلۇق، ئەركىسىزلىكتە چۈشكۈنلۈككە بېرىلگەندى. ئۇ ئۈمىدسىزلىك، بۇرۇقتۇرمىلىق، قېيىداش ۋە خارلىنىش ھېسسىياتى ئىچىدە ئازابلىنىپ تولغىناتتى، ئىڭرايتتى، نېمە قىلىشنى، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىرايتتى، قورقاتتى.

ئۇ بەزىدە بىردىنلا غەزەپلىنىپ قەپەستىكى شىردەك قۇترايتتى، ئورماندىكى بۆرىدەك ھۇۋلايتتى. قەپەستىن، قاراڭغۇ ئورمانلىقتىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك ئۆزىنى ھەريان ئۇراتتى. مانا مۇشۇلا ئۇنىڭ ھازىرقى مەۋجۇتلۇقىدىن، ۋۇجۇدىدىكى كۈچ - قۇدرەت، روھىدىكى جاسارەت ۋە قەلبىدىكى ئۈمىد - ئىشەنچتىن دېرەك بېرەتتى.

شۇ تەرزدە قىش كېتىپ باھار كەلدى. توخرىلارنىڭ ئەنئەنۋى بايرىمىمۇ يېتىپ كەلدى. توخرىلار بۇ بايرامنى ساندىبىلغا يىغىلىپ ناھايىتى كاتتا ھەم داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزەتتى... بايرامنىڭ ھارپا كۈنى سەھەردە، بەجەچقان خۇشال ھەم ئۈمىدۋار ھالدا باتۇرنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇنىڭ ئۆتكەن كۈنلەردىكىگە ئوخشاشلا تۈزۈك تاماق يېمەي خىيالغا بېرىلىپ بۇگلۈككە چاپلىشىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى دەپ ھارغان ۋە ئاڭلىتالمىغان سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى.

— سەن بۇنداق تالا - تۈزگە چىقماي ئۆيۈڭگە سولىنىپ

يېتىشۈرسەڭ بولمايدۇ، ھونزادە. بۇنداق قىلساڭ روھىڭ تېخىمۇ چۈشۈپ، تېنىڭ زەئىپلىشىپ كېتىدۇ، ئۆزۈڭنى تۇگەشتۈرۈۋالدى-سەن. ئۇنىڭدىن كۆرە سىرتلارغا چىقىپ ھەركەت قىلغىنىڭ، ئائىلانغىنىڭ ياخشى. بۇ يەردە سەن كۆرگۈدەك مەنزىرىلەر، سەن قىزىققۇدەك ئىشلار ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنى كۆرسەڭ، تاماشا قىلساڭ، چۈشەنسەڭ، ئىچ پۇشۇقۇڭ يېنىكلەپ كۆڭلۇڭ كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. ھە راست، سەن بىلمەيسەن ھەرقاچان، توخرىلارنىڭ بايرىمى يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە كىشىلەر بۇ يوسۇن بايرىمىنى ناھايىتى چوڭ بىلىپ كاتتا، قىزىقارلىق تەبرىكلىشىدۇ. خۇددى بىز ھونلار ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي بايرىمىنى قارشى ئالغاندەك. شۇ تاپتا، ساندىبىل ئۆزگىچە گۈزەل تۇسكە كىرىپ بايرام شادلىقىغا تولۇۋاتىدۇ. ياسانغان كىشىلەر كوچىلارغا چىقىپ خۇشال ـ خۇرام بايرام تەنتەنىسى قىلىشىۋاتىدۇ... سەن بۇنداق ئۆي ئىچىدە يېتىۋەر-مەي، سىرتلارغا چىقىپ ساندىبىلنىڭ ئۆزگىچە قىياپىتىنى، خۇ-شال كىشىلەرنى كۆرۈشۈڭ كېرەك. ئىشىنىمەنكى، ئۇلار سېنى چوقۇم ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. سەندە ياخشى تەسىرات قالدۇرىدۇ. سەن خاپىچىلىقىڭنى ئۇنتۇپ شادلىققا تولىسەن. نەزەر دائىرەڭ كېڭىيىپ روھىڭ ئۇرغۇپ، كۆزۈڭ ئېچىلىپ قالىدۇ. كىشى دېگەن بىردەم بولسىمۇ كۇننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ خۇشال، ئۇمىد-ۋار ياشىشى كېرەك ـ دە...

ئەپسۇسكى، باتۇر بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ سۆزىگە ئېرەن قىلمى-دى، بۇگلۇكتە قىمىرلاپمۇ قويماي، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تى-كىپ، چۈشكۈن خىياللىرىنى سۇرۇپ، ئېزىلىپ يېتىۋەردى. ئەم-ما، بەجەچقان تىت ـ تىت بولغان ھالدا بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇمىدىنى ئۈزۈپ قېيداپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ نېمىشقىدۇر بىردىنلا تىنچسىزلىنىشقا، خىياللىرى چېچىلىپ بىئا-رام بولۇشقا باشلىدى. ئەجەبا، ئۇ نېمە ئۇچۇن بۇ قاراڭغۇ ئۆيگە سولىنىپ بېكىنىپ يېتىۋالىدۇ؟ ئۇنى بۇ ئۆيگە كىم سولاپ قويدى؟ كىم چىقساڭ بولمايدۇ دېدى؟ ئۇ يا تۇتقۇن، مەھبۇس بولمىسا،

نېمىشقا تالاغا چىقمايدۇ؟ تالاغا چىقىپ يېڭى، ئۆزگىچە نەرسىلەر-نى، مەنزىرىلەرنى ئەركىن كۆرۈپ تاماشا قىلمايدۇ؟ يات، ناتونۇش كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ، ئارىلىشىپ، تونۇشۇپ ئۆتمەيدۇ؟ ئۇنى كىم چەكلىدى؟ كىم يەكلىدى؟ ئۇ كىمگە قېيىدايدۇ؟ كىم-دىن ئاغرىنىدۇ؟ بۇ يەردە ئۇنىڭ هالىنى كىم كۆتۈرىدۇ؟ ... بەجەچقانمۇ؟ ... ياق. ئۇنداقتا ئۇ ئۆزى مۇشۇنداق سولىنىپ، بۇ-رۇقتۇرما بولۇپ يېتىشنى خالامدۇ - يا؟ بۇمۇ ياق! ئەمىسە ...بەجەچقاننىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇق، ئەقىلگە مۇۋاپىق، دۇرۇس، سىرتلارغا چىقىش، ئەركىن، بىمالال هەرىكەت قىلىش، ئايلىنىش كېرەك. ئۇنى هېچكىم بۇنداق قىلىشتىن چەكلىمەيدۇ. چەكلىگەن-مۇ ئەمەس. ئۇ تۇتقۇن، مەهبۇس ياكى گۇناهكار ئەمەس. گۆرۈدى-كى كىشى، بارىمتاي، ئۇنىڭ ئۆز ئەركىنلىكى بار. ئۇ سىرتلارغا چىقسا، كوچا ئارىلىسا، سەيلە - زىيارەت قىلسا، كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشسا، ئارىلاشسا، شەهەر ئىچىدىكى كوچا - مەيدانلاردا، بازارلاردا يۈرسە، تاماشا قىلسا، شەهەر سىرتىدىكى ياپلاقلاردا، ئورمانلاردا يۈگۈرسە، ئات چاپتۇرسا، ئوۋ ئوۋلىسا، كۆرسە، بىلسە... بولىدۇ. پەقەت قېچىپ كەتمىسە ياكى شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنمىسىلا بولدى. قېچىپ نېمە قىلىدۇ؟ قاچالامدۇ؟ قېچىپ ئىككى ئەلنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزسۇنمۇ؟ تىنچ ئۆتۈۋاتقان كىشى-لەرنى يېغا قايىنىمىغا سۆرەپ كىرسۇنمۇ؟ ياق! بۇنداق قىلىشقا هەرگىز بولمايدۇ. ئۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالسا، ئۇنى ئېغىر، بىهۇدە يۇك دەپ قاراپ چۆرۈۋەتسە، ئۆزىنىلا ئويلىسا بولمايدۇ. بۇ دېگەن ئەلنىڭ ئىشى. يەنە كېلىپ ئىككى ئەلنىڭ، هون تەڭرىقۇتلۇقى بىلەن توخرى خانلىقىنىڭ چوڭ ئىشى! ... توغرا، ئۆيگە سولىنىپ، بۇرۇقتۇرما بولۇپ، چۈشكۈنلۈككە بېرى-لىپ يېتىۋەرمەي سىرتلارغا چىقىش، ئايلىنىش، كۆرۈش، بىلىش كېرەك. بەجەچقان بىلەن بىللە، ئۇ توخرى تىلىنىمۇ، هون تىلىنى سۆدەك بىلىدۇ. يەنە هېلىقى تۆت مەهرەممۇ بار. ئۇلار ئۇنىڭ ئامانلىقىنى قوغدايدۇ. يول باشلايدۇ... شۇغىنىسى، سىرتلارغا

چىققاندا مىنىشكە ئات يوق، مەشىق قىلىپ چېنىقىشقا، ئۇۋ ئۇۋلاپ كۆڭۈل ئېچىشقا قورال ـ ياراغ يوق. توخرى خان ئۇنىڭغا بۇنداق نەرسىلەرنى بەرمىگەن، بېرىشكىمۇ يول قويمايدۇ. ئەگەر بەرسە، يول قويسا، يولۋاسقا قانات بەرگەندەك بولمامدۇ؟... لېكىن بۇلارنىڭ كارايىتى چاغلىق. ئۇ بۇلارسىزمۇ يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدۇ. كۆڭۈل ئاچالايدۇ...

باتۇر مانا شۇلارنى ئويلاپ بەجەچقاننىڭ پىكرىنى ماقۇل تاپتى. ئۇنى چاقىرىپ ئۆزىنىڭ سىرتلارغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرگۈسى بارلىقىنى دېدى. سادىق ھەم كۆيۈمچان قۇل بۇنىڭدىن قەۋەتلا خۇرسەن بولدى، رازىمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ كىيىنىپ جابدۇنۇشىغا ياردەملەشتى.

شۇ كۈنى ئۇ بەجەچقاننىڭ، شۇنداقلا يەنە ھېلىقى تۆت مەھ-رەمنىڭ ھەمراھلىقىدا ساندىبىلنى ئايلاندى. كەچ كىرگۈچە كوچى-لارنى، رەستە ـ بازارلارنى، دۇكانلارنى، كارۋان ـ سارايلارنى ئارىلىدى، سەيلە ـ زىيارەت قىلىپ كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشتى، تونۇشتى... پاھ! يورۇق دۇنيا نېمىدېگەن كەڭ، نېمىدېگەن گۈزەل ھەم جەلپكار ـ ھە! ساندىبىل نېمىدېگەن چوڭ، كاتتا، نېمىدېگەن ئاۋات، قايناق شەھەر ھە!... ئۇ ئەتىسى خاننىڭ تەكلىپى بىلەن نورۇز بايرىمىغىمۇ ئىشتىراك قىلدى. تېخىمۇ كۆپ كىشى-لەرنى — توخرى خانىنى، ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى، سانغۇن ـ لەشكەرلىرىنى، چەت ئەللەردىن كەلگەن، يات تائىپىدىن بولغان ئەلچىلەرنى، سودىگەرلەرنى ۋە يېڭى، ئۆزگىچە، قىزىقارلىق ئىش-لارنى كۆردى. بايرامىمۇ ناھايىتى كاتتا، چوڭ داغدۇغا ۋە ھەشەم ـ دەبدەبە بىلەن ئۆتتى.

توخرىلار نورۇز بايرىمىدا چوڭ كۆلەملىك دىنىي مۇراسىملار-نى، لەشكىرىي پارات ۋە باشقا ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باراتتى ۋە ئۇيۇشتۇراتتى. بۇنداق پائالىيەتلەر ئىچىدە چوڭى ۋە قىزىقارلىقى چېلىشچى پالۋانلارنىڭ ساندىبىلنىڭ دەرۋازىسى سىر-تىدىكى چوڭ ئوچۇقچىلىقتا، تومەنلىگەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا

ئېلىپ بارىدىغان چېلىشىش مۇسابىقىسى ئىدى. بۇ مۇسابىقىنى خان ۋە باشقا توخرى ئېسىلزادىلىرىمۇ كۆرەتتى. كۆرۈشلا ئەمەس، بەلكى تېخى ئۇلارنىڭ بىرنەچچىدىن چېلىشچى پالۋىنىمۇ بار ئىدى. ئۇلار بۇ پالۋانلىرىنى ئۇزاق مۇددەت بېقىپ تەربىيىلەپ، ۋاقتى كەلگەندە مەيدانغا چۈشۈرۈپ كۈچ - ھەيۋە كۆرسىتەتتى. ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىپ ئۈستۈنلۈك تالىشاتتى. توخرى خانىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ مۇسابىقىدە ئوبدان كۆزىتىپ، ئۆزىنىڭ لەشكىري قوشۇنىغا يۈزبېشى، مىڭبېشى، تۈمەنبېشى ۋە سانغۇن - سۇباشىلارنى تولۇقلاپ تاللايتتى. توخرىلاردا سوقۇشتا كۆرسەتكەن تۆھپە - باتۇرلۇقتىن قالسىلا چېلىشىش مۇسابىقىسىدە ئۇتۇپ چىقىش ئەڭ چوڭ شەرەپ ھېسابلىناتتى. تاللانغان پالۋانلار ۋە پالۋىنى تاللانغان ئاقسۆڭەكلەر خاننىڭ ئەڭ يېقىن، ئىشەنچلىك كىشىلىرىدىن بولۇپ قالاتتى.

بۇ يىلقى نورۇز بايراملىق چوڭ چېلىشىش مۇسابىقىسىگە ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر ۋە پالۋانلار كەلگەنىدى. مۇسابىقىمۇ ئىنتايىن جىددىي، كەسكىن ھەم قىزىقارلىق داۋام قىلىنۋاتاتتى. بەلكىم ئۇ ئۆتكەن يىلقىدەك، ئىلگىرىكى يىللاردىكىدەك ھەيۋەت-لىك، داغدۇغىلىق، قىزىقارلىق بولمىغاندۇر. ئەمما باتۇرغا شۇن-داق تۇيۇلدى. ئۇ خاننىڭ يېنىدا، توخرى ئېسىلزادىلىرى قاتارىدا، ئوتقاشتەك پاياندار ئۈستىدە مۇسابىقە كۆرۈپ ئولتۇراتتى. خاس قۇلى، بەجەچقان ۋە مەھرەملىرى ئۇنىڭ كەينىدە ئۆرە تۇرۇشاتتى.

مۇسابىقە دەسلەپتە قارا بودۇنلار ئارىسىدىن چىققان چېلىشچى ھەۋەسكارلارنىڭ مەيدانغا چۈشۈپ كۈچ - ماھارەت كۆرسىتىشلىرى بىلەن باشلانغانىدى. كېيىن بارغانچە قىزىپ ئاجىزلار شاللىنىپ، كۈچلۈكلەر تاللىنىپ تېخىمۇ جىددىي، يۇقىرى باسقۇچقا ئۆتتى. نۆۋەتتە توخرى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ نامدار پالۋانلىرى چېلىشماقتا ئىدى. ئۇلار بىرىنى بىرى يىقىتىپ، ئۇتۇپ چىققانلىرى ئاخىرىدا خاننىڭ پالۋىنىغا، توخرى تائىپىسى ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ ماھىر، ئەڭ باتۇر ھەم مەشھۇر چېلىشچى، توخرى لەشكەرلىرىنىڭ

باش سانغۇنى ئالىپ بۇقىغا دۇچ كېلىشتى.

ئالىپ بۇقا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بۇقىدەك كۈچلۈك، ئارسلاندەك چەبدەس پالۋان ئىدى. ئۇ چېكىسىنى قىزىل لاتا بىلەن چىگىۋالغان بولۇپ، قويۇق، ئۆسكىلەڭ چاچلىرى مۈرىلىرىگە چۇ-شۇپ چۇۋۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۇچىسىغا كىيىم كىيمىگەن، كۆك-رەكلىرىنىڭ، بىلەكلىرىنىڭ، پۇتلىرىنىڭ بولجۇڭ گۆشلىرى بۆرتۈپ چىقىپ تۇراتتى. بېلىدىكى قىزىل شايى پوتا ۋە تىزىغىچە كەلگەن كەڭ قارا تامبىلى ئۇنى تېخىمۇ بەستلىك، كۈچلۈك، ھەيۋەتلىك كۆرسىتەتتى. ئۇ ئۆزىگە رەقىب ئىزدەپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا تاشتىن قوپۇرۇلغان مەزمۇت تۇۋرۇكتەك پۇتلىرىغا چىڭ دەسسەپ تۇراتتى. مەيدىسىنى قاپقارا چۇپۇر قاپلىغان، بۇقا گەدەن، گۈرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ تۇرغان، نۇرغۇنلىغان چېلىـ-شىش مۇسابىقىلىرى ۋە جەڭ ـ سوقۇشلارنى باشتىن كەچۈرگەچ-كە، باش ـ يۈزى ۋە تەن ـ بەدەنلىرىنى تارتۇق ئىزلىرى قاپلاپ سەتلىشىپ كەتكەن بۇ قارام، كۈچتۈڭگۈر، قورقۇنچلۇق پالۋان توغرىسىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن «قىلىچى بىلەن بىر چاپسا تۆمۈر كىيىملىك كىشىمۇ قاق ئوتتۇرىسىدىن ئىككى پارچە بولۇپ كېتىدىكەن!… ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ ساق قالغان باتۇر، ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىپ ناكار بولمىغان پالۋان يوق ئىكەن!…» دېگەندەك گەپ ـ سۆزلەرنى بەجەچقان ئالىلقاچان باتۇرغا دەپ بېرىپ بولغانىدى.

ئالىپ بۇقا ئۆزىدەك بەستلىك، كۈچلۈك پالۋانلاردىن يەنە بىرنەچچىنى يېقىتىپ يەر چىشلەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىدىغانغا مەيدانغا ئادەم چۈشمىدى. بۇنى كۆرۈپ ئۇ كۆرەڭلىگىلى تۇردى، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ، ئۇ-ۋۇچلىرىغا توپا ئېلىپ سۈرۈپ ئۆزىگە رەقىب چاقىرىپ، كىشىلەر-گە ھەيۋە كۆرسىتىشكە باشلىدى. كېيىن ئۇ تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، ھەم تەلۋىلىشىپ، مەيداننى ئايلىنىپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ ئېغىزى-نى بۇزۇپ ۋارقىراشقا، مايمۇندەك قاملاشمىغان قىلىقلارنى قىلىپ

كىشىلەرنىڭ ئۇستۈپىشىغا توپا چېچىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى باتۇرنىڭ تازا دىتىغا ياقمىسىمۇ قاراپ ئولتۇراتتى. ئالىپ بۇقا سورۇغان، چاچقان توپا توزۇندىلىرى ئۇنىڭ ئۇستۈپىشىغىمۇ قوندى. ئالىپ بۇقا مەيداننى ئايلىنىپ ئۇ. نىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يەنە توپا چېچىۋەتتى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى.

— هاي، شۆھرەتنى بىلمەيدىغان توسۇن بۇقا! نېمىدەپ مې. نىڭ كۆزۈمگە توپا تىقىسەن؟ — دېدى ئۇ خېلى راۋان توخرى تىلىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپ، — سەن بىلەن ئېلىشىدىغانغا پالۋان چىقمىغاندىن كېيىن ئىززىتىڭنى بىلىپ مەيداندىن چىقىپ كەتسەڭ بولمامدۇ!

ئالىپ بۇقا ۋاراڭ - چۇرۇڭدا كىمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئۇقالمىغان بولسىمۇ، ئەمما بىرىنىڭ ئۆزىگە ئۆكتە قوپقان. لىقىنى بىلىپ شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلدى - دە، ۋارقىرىغان كىشىنى ئىزدىدى. ئۆپچۆرىدىكى كىشىلەرنىڭ باتۇرنى كۆرسىتىپ قويۇپ ئويۇن كۆرۈشىدىن ۋە بىرەر چاتاق چىقىپ قېلىشتىن ئەن. سىرىگەن بەجەچقان نېمە قىلىشنى بىلمەي قورقۇپ تۇرغاندا، باتۇر «مانا مەن» دېگەندەك، كىشىلەرنى نېرى - بېرى ئىتتىرىپ ئالدىغا چىقتى.

— هاي، چىقما! بۇ …!

باتۇر بەجەچقاننىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلمىدى. ئالىپ بۇقا ئۇنىڭ سۇرلۇك قامىتىگە باشتىن - ئاياغ يەۋەتكۇدەك هومىيىپ قاراپ چىقتى، ئاندىن:

— هە، چۇپۇر يۈز مەخلۇق، مەن بىلەن ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلالامسەن؟ — دېدى غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا كۆرەڭلەپ.

باتۇر ئۇنىڭ گېپىدىن ۋە چوڭچىلىقىدىن تېخىمۇ غەزەپلەندى. ئۇ تېخى هېلىلا بۇ قارام، تەلۋە بۇقا بىلەن بىر كۈچ سىنىشىپ بېقىشنى ئويلىغان، لېكىن ياتسىراپ، خىجىل بولۇپلا مەيدانغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭغا پۇرسەت كەل.

www.uyghurkitap.com

دى. ئۇ بەجەچقاننىڭ «ھاي ياق! بولمايدۇ!...» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغىمۇ قۇلاق سالماي كېيىملىرىنى سېلىپ ئېلىشىشقا تەييارلاندى.

— ئۇ كىمنىڭ پالۋىنى؟ — دېدى ئۇن نەچچە قەدەم نېرىدىكى شاھانە كۇرسىتا تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرغان خان يېنىدا ئۆرە تۇرغان مەھرەمبېشىغا، — بىر قارىسام تونۇشتەك، بىر قارىسام يوچۇنلا.

— ئۇما؟ — دېدى مەھرەمبېشى خاننىڭ كىمنى سوراۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، — ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئوخشايدۇ، خان. ئۇ ھون ئېلىدىن كەلگەن بارىمتاي. باتۇر دېگەن ھونزادە. سەن ئۇنى كۆرگەن.

— ھە ... — دېدى خان ئېسىگە كېلىپ.

— ئۇنى توسۇپ قويىمىزمۇ، خان؟ — دېدى مەھرەمبېشى.

— ياق، ئېلىشىپ باقسۇن، كۆرۈپ باقايلى، — دېدى خان كېسىپلا.

— ئۇنداقتا، جاكارلايمىزمۇ؟ — دېدى مەھرەمبېشى يەنە.

— جاكارلا، — دېدى خان نېمىگىدۇر قىزىقىپ.

مەھرەمبېشى ئوتتۇرىغا چىقىپ باتۇر بىلەن ئالىپ بۇقىنى خاننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى، ئاندىن قوللىرىنى كۆتۈرۈپ كىشىلەرنى جىملىگەندىن كېيىن يۇقىرى ئاۋازدا ئىككى پالۋاننىڭ سالاھىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈچ مەيدان ئېلىشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

باتۇر بىلەن ئالىپ بۇقا خاننىڭ ئالدىدىلا بەللەشتى، كېيىن تۇرتۇشۇپ، سامدىشىپ، تارتىشىپ، سىلكىشىپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا باردى. باياتىن بېرى كۆرەڭلەپ ئۆزىنى بىلمەي قالغان ئالىپ بۇقا باتۇر بىلەن تۇتۇشۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇرنىغا چولۇك سېلىنغان بۇقىدەك پوشۇلداپ ھاسىراشقا باشلىدى. ئۇلار خېلى ئۇزاق سامداشتى، بىرنەچچە مەرتەم ھەملە قىلىشتى. ئالىپ بۇقا قانچە كۈچەپ، قانچە ھۈنەر ئىشلىتىپمۇ باتۇرنى يىقىتالمىدى. چۈنكى باتۇر ئۆزىنى تەڭشەپ، ھوشيارلىق بىلەن قوغدىنىپ ئۇنىڭ-

غا چاقان، چەبدەسلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ بەزىدە دەس
كۆتۈرۈلۈپ ئىرغىتىلسا، بەزىدە ئۇياق - بۇياققا سىلكىنەتتى،
بەزىدە بەللىرى قورۇلۇپ پۈتلىرى سىيپالسا، بەزىدە ئالدى -
كەينىگە تارتىپ تۈرتۈلەتتى. ئەمما رەقىبى قانچە قىلمىسۇن، قاد-
داق قىلمىسۇن، ئۇ يەنىلا يىقىلمايتتى. شۇ تەرزدە ئارىدىن خېلى
ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئۆپچۆرىدىكى كىشىلەر قىزىققىنىدىن، جىد-
دىيلەشكىدىن پالۋانلارنىڭ سامدىشىشلىرىغا ماس ھالدا چايقىلىپ،
دەۋرەپ ھاسىرىشاتتى. ھە... ھۇ... دەپ مەدەت بېرىشەتتى. بىر
چاغدا قانداق بولدى، ئالىپ بۇقا خۇددى تۇۋى كېسىۋېتىلگەن
دەرەختەك گۇلدۇر - غالاپ قىلىپلا يەرگە يىقىلدى. بۇنى كۆرۈپ
تاماشىبىنلار «ھۇ! ... ھەي!» دەپ ۋارقىراشتى.
ئالىپ بۇقا ئورنىدىن تېزلا قوپتى، يۈز - كۆزىدىكى تەرگە
يېپىشقان توپا - چاڭ لايلىرىنى بىلىكى بىلەن چالا - بۇلا سۈرتۈپلا
يەنە باتۇرغا تاشلاندى. بۇ قېتىم ئۇ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، بارلىق
ھۈنىرىنى ئىشقا سالدى. ھايال ئۆتمەي ئۇ باتۇرنىڭ بەللىرىنى
قورۇپ يەردىن دەسسىدە ئۈزۈپ كۆتۈرۈۋالدى - دە، بىر يارتا
گۆشنى پۇلاڭلاتقاندەك ئۇنى ئۇيان - بۇيان ئىرغىتقىلى تۇردى.
قارىغاندا ئۇ بۇ قېتىم ئۇنى كونا چاپاننى چۆرۈۋەتكەنگە ئوخشاش
چۆرۈپ تاشلايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ رەقىبىدىن
ياشتا چوڭ، قاتقان، بەستلىك، كۈچلۈك ھەم تەجرىبىلىك ئىدى.
بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ ئوبدانىراق بىر كۈچىسىلا رەقىبىنى چۆرۈپ
تاشلىيالاتتى، چۆرۈپ تاشلىيالمىسىمۇ ئۇنى قاتلاپ ئىككى موك
قىلىپ قويالاتتى. لېكىن باتۇر بۇنى ئالدىن پەملەپ، بۇ قېتىممۇ
بوش كەلمىدى. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى بېلى ۋە بىلەكلىرىگە يىغدى.
چاپلاشقاق كالا گۆشىدەك ئالىپ بۇقىغا يۆگىشىۋالدى. بۇنداق
پەيتتە ئۆزىدىن كۈچلۈك ھەم بەستلىك رەقىبتىن ئاجراپ كەتمەس-
لىك ئەڭ ياخشى قوغدىنىش تەدبىرى ئىدى. لېكىن ئۇ شۇ تاپتا
ئۈششۈك تەگكەن ياپراق كۈچلۈك شامالغا دۇچ كېلىپ بېغىدىن
ئاجراپ كېتىشكە ئاران قالغاندەك، ئالىپ بۇقىدىن ئاجراپ ئىر-

www.uyghurkitap.com

غىپ كېتەيلا دەپ تۇراتتى. بىر پەستىن كېيىن رەقىبىنى قانچە ئىرغىتىپمۇ چۆرۈپ تاشلىيالماي ھېرىپ كەتكەن ئالىپ بۇقا ئۇنى زور بەستى بىلەن ئاستىغا بېسىپ يەرگە پاتۇرۇۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ ئاستىغا باسقىنىچە يەرگە يىقىلدى. ئۇ بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ سالمىقىغا ئىشەنگەنىدى. ئەپسۇسكى ئۇ كۇتمىگەندە يەنە ئۆزىنى باتۇرنىڭ ئاستىدا كۆردى. چۈنكى ئۇنىڭ رەقىبى يەرگە يىقىلغۇچە ھەرقانچە ئېگىزدىن تۆت پۇتىنى ئۆرە قىلىپ يەرگە ئاتىسىمۇ يەنىلا ئۇڭدىسىغا چۈشمەي دەسسەپ تۇرالايدىغان مۇشۇكتەك، چاققان ھەم چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقىۋالغانىدى. تاماشىبىنلار بۇ كارامەتنى كۆرۈپ «ھۇ! ھەي!...» دەپ يەنە گۇرۇلدەشتى. چۈنكى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا گۇپلا قىلىپ يىقىلىپ توپىغا پاتقىنى خاننىڭ پالۋىنى، توخرى لەشكەرلىرىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى ئىدى.

مۇسابىقە ئەڭ ئاخىرقى جىددىي باسقۇچقا — ئۇچىنچى مەرتەمەگە ئۆتتى. بۇ قېتىم ئالىپ بۇقا غەزەپ ۋە نومۇس كۇچىدىن يېرىلاي دېگەنىدى. ئۇ قۇترىغان شىردەك ھۆركىرەپ باتۇرغا يەنە ئېسىلدى. ئەمما بۇ دورەمدىكى ئېلىشىش ئانچە ئۇزاق داۋام قىلمىدى، تۇتۇشۇپ، سامدىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا باتۇر رەقىبىنىڭ قاراملىقىدىن، غەزەپ ـ ئاچچىقىغا پايلىماي خۇدىنى يوقاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بىر تارتىپلا ئۇنى يانپاشقا ئېلىپ زەرب بىلەن يەرگە ئاتتى.

مۇسابىقە شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. باتۇر يۇز ـ كۆزىدىكى تەر ـ توپىلارنى سۇرتۇپ، ئىشتىنىنىڭ پۇچاقلىرىنى قاققىنىچە مەيداندىن چىقىپ كەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ كەينىدىن مۇنۇ سۆزلەرنى قىلىپ قاراپ قېلىشتى:

— ئۇ قالتىسكەن!

— بۇ چاغقىچە كۆرمەپتىكەنمىز ئۇنى.

— ئۇ يېڭىدىن كەپتۇ. بارىمتايكەن.

— چىراي ـ تۇرقى ئەجەب سۇرلۇك ئىكەن.

— بۆرىگە ئوخشىشىدىكەن.
— ئۇ كارامەت چېلىشچى ئىكەن. قولىدىنمۇ چوڭ ئىشلار كەلگۈدەك.
— ......
شەھەرگە قايتىپ سارايغا يېتىپ بارغۇچە بەجەچقان بىر ئېغىز-مۇ زۇۋان سۈرمىدى. ئۇنىڭ چىرايىمۇ تاتىرىپ كەتكەنىدى. بەل-كىم ئۇ بايا ھەددىدىن زىيادە جىددىيلەشكەن ياكى ئەنسىرەپ قور-قۇپ كەتكەن بولسا كېرەك.
— قالتىس ئىكەنسەن جۇمۇ، ھونزادە، — دېدى ئۇ ئۆيگە كىرىپ باتۇرنىڭ كىيىم يەڭگۈشلىشىگە ياردەملىشىۋېتىپ.
— قانداق، مېنى يېڭىلىپ قالىدۇ دېگەنمىدىڭ؟ — دېدى باتۇر كۈلۈپ.
— ياق، ... ھەئە، شۇنداق. راستىنى دېسەم شۇنداق ئويلاپ ئەنسىرىگەنىدىم، — دېدى بەجەچقان، — ئەمما سېنىڭ بۇنداق كۈچۈڭ بارلىقىنى پەقەت ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.
— بۈگۈن راسا پۇخادىن چىقتىم.
— سەن ھەقىقىي ئالىپ پالۋان ئىكەنسەن، كارامىتىڭنى بىر كۆرسەتتىڭ. مەن ئىنتايىن پەخىرلەندىم. ئۇ مېنىڭ خوجايىنىم، دەپ ۋارقىرىغۇم كېلىپ كەتتى شۇ چاغدا.
— شۇنداقمۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈپ قالىسەن تېخى.
— شۇنداق، بۇنىڭغا ئىشىنىمەن. بىراق...
— نېمە؟
— مەن دەيمەن، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار؟
بەجەچقان راستىنىلا قانداقتۇر دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالغاندەك قىلاتتى.
— قايسى ئىشنىڭ؟ — دېدى باتۇر بۇنى سېزىپ.
— ھەي ... بىلمەس بولۇۋالما، ھونزادە، — دېدى بەجەچقان تىت - تىت بولۇشقا باشلاپ، — بۈگۈنكى چېلىشىش مۇسابىقىسى-نىڭ ئاقىۋىتىچۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ھە، قانداق بولاتتى؟ — دېدى باتۇر، — مۇسابىقىدە مەن يەڭدىم، ئۇ يېڭىلدى. ئاقىۋەت دېگەن مانا مۇشۇ، يەنە نېمە بولماقچىدى؟

— توغرا دەيسەن، مۇسابىقىدە سەن يەڭدىڭ، ئالىپ بۇقا يېڭىلدى. لېكىن مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم بۇ ئەمەس.

— ئەمىسە نېمە؟

— مەن دەيمەن، سېنىڭ يىقىتقىنىڭ، يەڭگىنىڭ خاننىڭ پالۋىنى، ئۇلۇغ سانغۇنى. ئۇنى تا مۇشۇ چاغقىچە ھېچكىم يېڭىپ باقمىغان.

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ مۇسابىقىدە يېڭىش ـ يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدىغۇ؟ خاننىڭ پالۋىنى، ئۇلۇغ سانغۇن يېڭىلمەيدىغان ئىش نەدە بار ئىكەن؟ ئۇمۇ يېڭىلىدۇ شۇنداق.

— ھەئە، دېگىنىڭ ئورۇنلۇق ... — دېدى بەجەچقان ئاخىر دەيدىغان گەپ تاپالماي، — لېكىن ... بولىدىلا، بۇ گەپنى دېيىشمەيلى. بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرەرمىز. تەڭرىنىڭ بۇيرۇغىنى بولىدىغۇ ئاخىر.

— ئەندىشە قىلما، ھېچ ئىش بولمايدۇ، — دېدى باتۇر بەجەچقاننىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ ئەستايىدىللىق بىلەن، ئاندىن ئۇ بىرئاز ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن مۇنۇ سۆزنى قوشۇپ قويدى، — ئەگەر توخرى خان نامەرد بولمىسىلا.

## 3

بەجەچقاننىڭ ئەندىشىگە چۈشۈپ دەككە ـ دۈككىدە بولۇشى بىكار ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ خوجىسىنىڭ يىقىتقىنى، يەڭگىنى خاننىڭ پالۋىنى، توخرى لەشكەرلىرىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى ئىدى. بۇ دېگەنلىك خاننى يىقىتقان، توخرى لەشكەرلىرىنى يەڭگەن بىلەن باراۋەر ئىش ئەمەسمۇ؟ ھېچبولمىغاندىمۇ بۇ خاننىڭ يۈزىنى تۆككەنلىك، ئۇنىڭ ۋە لەشكەرلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە

ئۇرغانلىق بولىدىغۇ؟ بۇنىڭدىن خان نومۇس قىلماي، غەزەپلەنمەي قالارمۇ؟ ئۇ بۇ ئىشقا قانداق مۇئامىلە قىلار؟ باتۇرغا قانداق مۇئامىلىدە بولار؟ ئالىپ بۇقىچۇ؟ ئۇنىڭ يۈزى تۆكۈلدى، ئابرۇيى سۇندى، خاننىڭ ئىشەنچىدىنمۇ مەھرۇم قالدى. ئۇ بۇ نومۇسقا، زەربىگە بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟... ئۇ ئەقلىنى يوقىتىپ تەلۋىلىك قىلمىسىلا، باتۇرغا قەست قىلىپ ئۆچ ئالمىسىلا بولاتتىغۇ!...

راست دېگەندەك، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن باتۇرنىڭ يېنىغا توخرى خاندىن كىشى كەلدى.

— بارمىتاي، خان سېنى ئالدىغا چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى ئوردىدىن كەلگەن سۆرۈن تەلەت سىپاھ توڭلۇق بىلەن.

ئۇنىڭ ئەلپازىدىن، سۆزىنىڭ ئورانىدىن قارىغاندا ئەھۋال چاتاقتەك تۇراتتى. باتۇر ھودۇقۇپ قالدى. «خاننىڭ ئالدىغا؟... نېمە ئۈچۈن؟ ... پالۋاننى، سانغۇننى يېڭىۋالغىنىم ئۈچۈن غەزەپلەنىدىمىكىن... ئۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ؟ ئۇ دېگەن ئوچۇق سورۇندىكى مەردانە مۇسابىقە تۇرسا... يەڭمەسلىكىم، قەستەن يېڭىلىپ بېرىشىم كېرەكمىدى - يا؟ لېكىن بۇنداق ئىش نەدە بار؟ مەن يا ئۇنىڭ پۇقراسى، قول ئاستىدىكى كىشىسى، قۇلى بولمىسام... قارىغاندا خان راستىنلا نامەرد كىشى ئوخشايدۇ...» ئۇ خان ئوردىسىغا كۆڭلى خالار - خالىماس باردى. يول بويى قانداقتۇر غەم - تەشۋىش، ئوي - خىيالغا پېتىپ ماڭدى. ئوردىغا، ھەيۋەتلىك ئاق سارايغا كىرگەندە، ئۇنىڭ تەشۋىشى قورقۇشقا، سۈر بېسىشقا ئايلاندى.

مانا، ئۇ خاننىڭ ئالدىغا، ئاتىسى تۇمەن تەكرىقۇت بىلەن قېيناتىسى ئىنچۇنقانلار ئېھتىيات قىلىپ ھەزەر ئەيلىگەن، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئالدىغا تىنچلىق تىلەپ تۇرغاقلىققا ئەۋەتكەن، بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى كۆرۈشۈشنى، سۆھبەتتە بولۇشنى ئىستىگەن، ئەمما كۆڭلىدە ئەڭ مۇتتەھەم، ئەڭ ياۋۇز، ئەڭ نامەرد كىشى ھېسابلىغان توخرى خاننىڭ ئالدىغا كەلدى. خان بەستلىك، سۈرلۈك، باتۇرغا نىسبەتەن ئاتا يوللۇق، چارساقال كىشى ئىدى. ئۇ

سارايىنىڭ تۆرىدىكى ئالتۇن تەختتە قاپاقلىرىنى تۈرۈپ مەغرۇر ئولتۇراتتى.

— بۇيرۇقۇڭ بويىچە ھۇزۇرۇڭغا كەلدىم، خان، — دېدى باتۇر تەختتىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا توختاپ.

— تىزلان! — دېدى خان بۇيرۇق قىلىپ.

باتۇر يوسۇن - قائىدىنى ئېسىگە ئېلىپ تىزلاندى. خان بىر پەسكىچە ئۈندىمىدى، تەرلەپ - پىشىپ تىزلىنىپ ئولتۇرغان بارىمتاينى كۆزىدىن قاچۇرماي كۆزەتتى. «ئۇ ھونلار ئەۋەتكەن بارىمتاي، تۇمەنخاننىڭ چوڭ ئوغلى، تەگىن ئۆگەسى شۇمىدۇر؟ — دەپ ئويلايتتى خان باتۇرنىڭ تۇرقى - سىياقىدىن ھون تەختىنىڭ مىراسخورىدا بولۇشقا تېگىشلىك تۇرق - سالاپەت ۋە قىياپەتنى تېپىشقا تىرىشىپ. باتۇرنىڭ چىراي - شەكلى نورمال كىشىلەرگە، بولۇپمۇ توخرى خان كۆرۈپ كۆنۈككەن خانزادىلەرگە پەقەتلا ئوخشاشمايتتى. ئەكسىچە بەتبەشىرە ياۋايى كىشىلەرگە، سۇرلۇك كۆك بۆرىگە ئوخشايتتى. بىراق ئۇنىڭ تۇرۇش - قاراشلىرىدا، كەڭ پېشانىسى، قويۇق قاشلـــىرى، قاڭشارلىق بۇرنى، تېگى كۆك چوڭ - چوڭ ھال رەڭ كۆزلىرى، تۇك - ساقال باسقان كۆكۈچ يۈزى ۋە ساغلام، بەقۇۋۋەت بەستــى - قامــىتىدە، ئۆز ئۇرۇق - تائىپىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ھون باتۇرلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بار ئىدى. ئـۇنـىڭ تەقى - تۇرقىدىن، ھال رەڭ كۆزلىرىدىن ئۆتكۈرلۈكى، كۈچلۈكلۈكى، باتۇر ھەم قەيسەرلىكى مانامەن دەپ چىقىپ تۇراتتى، — تۇمەنخاننىڭ ئوغلى، تەگىن ئۆگەسى توغرۇلۇق كۆپ ئاڭلىغان. لېكىن ئۇنى بۇنداق بەتبەشىرە، سۇرلۇك، مەخلۇقسىمان يىگىتتۇر دەپ پەقەتلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. غەلىتە، ئاجايىپلا! ... بىراق ئۇنى ھەرگىزمۇ سەل چاغلاشقا بولمىغۇدەك!»

— بارىمتاي، مەن سېنى پاراڭلاشقىلى چاقىرتتىم، — دېدى خان بىر پەستىن كېيىن سۆز باشلاپ، — سەن بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئوردامدا بولىسەن.



www.uyghurkitap.com

— سېنىڭ يېنىڭدا، ئورداڭدا تۇرۇۋاتقىنىمغا خېلى كۈنلەر بولدى، خان، — دېدى باتۇر تەنە قىلىپ.

— سەن مېنىڭ يېنىمدا يەنە بىرنەچچە يىل، بەلكى بىر ئۆمۈر تۇرۇشۇڭ مۇمكىن، — دېدى خان ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي، — ئاتاڭ تۇمەنخان سېنىڭ ئورنۇڭغا باشقا ئوغلىنى بارىمتاي قىلىپ ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن سەن ئۆز يۇرتۇڭغا قايتىپ كېتىسەن. سېنىڭ تۇرغاقلىق ۋاقتىڭ ... مانا شۇنچىلىك بولىدۇ.

— ئۇقتۇم، خان ... — دېدى باتۇر، — لېكىن مەن نەچچە يىل، ھەتتا بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق ئۆي بېقىپ ياتامدىمەن؟ ماڭا ئات بەر، ياراغ بەر. مەن ياشلىقىمنى بىكارغا ئۆتكۈزۈشنى، كۈچۈمنى بىكارغا خورىتىشنى خالىمايمەن.

— نېمە؟ مىنىشكە ئات، قولۇڭغا ياراغ بېرەمدىمەن؟ نېمە ئۈچۈن؟... بىر ئۆزۈڭ ماڭا قارشى جەڭگە چىقماقچى بولۇۋاتامسەن؟ ھى ... ھى ... ھى ...

— مەن ياش، ساغلاممەن، خان. بىلەكلىرىمدە كۈچ قۇتراپ، ۋۇجۇدۇمدا جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرۇپتۇ. مەن نېمىدەپ بىكار ياتىدىكەنمەن؟ — دېدى باتۇر خاننىڭ يېقىملىق سۆزلىرىدىن خۇشاللىنىپ.

— شۇنداق، سەن ياش، ساغلام، قېنىڭ ئۇرغۇپ، كۈچۈڭ قۇتراپ تۇرىدۇ، — دېدى خان تەنە ئارىلاش، — لېكىن بۆرە كۈچۈكىنى بۆككە سولاپ باقساڭمۇ بەرىبىر تاغ - ئورمانلىققا قاچىدۇ. شۇ تاپتا سېنىڭ سۆزلىرىڭ ماڭا بۆرىنىڭ ھۇۋلىغىنىدەك ئاڭلىنىۋاتىدۇ، بارىمتاي.

خاننىڭ تەنىسى، كەسكىنلىكى باتۇرنىڭ خۇشاللىقىنى، ھودۇقۇشىنى بىردەمدىلا بىراقلا يوققا چىقاردى.

— توغرا ئېيتىسەن، خان. بۆرىلەر بىلەن تۇرساڭ سېنىڭمۇ بۆرىدەك ھۇۋلىشىڭغا توغرا كېلىدۇ! — دېدى ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشكە تاسلا قېلىپ.

باتۇرنىڭ بۇ سۆزى خانغا ئار كەلدى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ

www.uyghurkitap.com

تەرى تۇرۇلدى، لېكىن ئۇ ئۆزىگە قانچىلىك ئاچچىق گەپ قىلسۇن، قانچىلىك ئەدەپسىزلىك، ھۆرمەتسىزلىك قىلسۇن، خان ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ئاچچىقلانمايتتى، ئۇنى كۆتۈرەتتى، ئەيىبلىمەيتتى، جازالىمايتتى. چۈنكى ئۇ بارىمتاي. خان بولسا ئۇنىڭغا ئاتا يوللۇق. ئەڭ مۇھىمى ئۇ خانغا لازىم ئىدى. بۈگۈنى، ئەتىسى ئۈچۈنلا ئەمەس، كېلەچىكى، يىراق كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ لازىم ئىدى. ئۇ ئۇنى يېنىغا تارتىشنى، قولغا كەلتۈرۈشنى پالۋىنى ئالىپ بۇقا يىقىلىپ يۈزى تۆكۈلگەن ئاشۇ كۈنلا كۆڭلىگە پۈكۈپ بولغان. ئۇ ھەقىقىي تۈردە قولغا كەلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ سادىق، ئىشەنچلىك سانغۇنغا ئايلانسا، ھونلار بىلەنكى مۇناسىۋەتتە، چىلان تېغى ئېتىكىدە، بەلكى پۈتكۈل غەربىي شىمالدا ئۇنىڭ ئىشەنچلىك يان تايىقى، يۆلەنچۈكى، تايانچى بولغان بولاتتى! ئۇ چاغدا، ئۇ ھونلاردىن خەۋپسىرىمەيتتى، بەلكى ئۇلارنى يېنىغا تارتىپ بىرلىشەتتى، كۈچىيەتتى، ئۇيسۇنلارنى بولسا پۈتۈنلەي سۇر - توقاي قىلاتتى، چىنلىقلاردىن قورقۇپ ئولتۇرمايتتى. بۈيۈك كارۋان يولىنى ئىلكىگە ئېلىپ، چىياڭلارنى، تۇركلەرنى، ئورخۇن، سېلىنگا دەريالىرى بويلىرىنى، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىنى، قۇردغارنى — پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇراتتى، ئىگىلەيتتى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئارزۇسى، پىلانلىرى ئۈچۈن ئۇيقۇسىز كېچىلەرنى ئۆتكۈزۈشنىڭ ھاجىتى قالمايتتى. ئۇنىڭدىنمۇ يۈكسەك ئارزۇ - ئىستەكلەر، ئۇلۇغۋار پىلانلار توغرىسىدا ئويلىنىش، باش قاتۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلاتتى.

— سەن بارىمتاي، تەنتەك، كەپسىز ئىكەنسەن، — دېدى خان بىر پەستىن كېيىن باتۇرغا تەنبىھ بەرگەندەك قىلىپ، — چوڭلارنى ھۆرمەتلەشنى، چوڭلار ئالدىدا ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىشنى بىلمەيدىكەنسەن. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ كېرەك، ئەلۋەتتە، سېنىڭ ئۆي ساقلاپ يېتىۋېرىشىڭ مۇمكىن ئەمەس. سەن توخرىلارنىڭ يوسۇنلىرىغا، مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا، ئورۇنلاشتۇرۇشۇمغا ئەمەل قىلساڭ، بويسۇنساڭلا، خالىغان يەرگە بېرىشىڭغا،

خالىغان كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئارىلىشىشىڭغا يول ئېچىلدۇ. لېكىن شۇنى ئالدىنئالا ئەسكەرتىپ قوياي، قېچىش، بۇ يەردىن كېتىشنى خام خىيال قىلما! قاچىدىكەنسەن، بۇ يەردىن كەتمەكچى بولىدىكەنسەن، ئۇرۇق - تائىپەڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قوزغايمەن! شەھەرلىرىڭلارنى، ئۆيلىرىڭلارنى تۈزلەپ، يايلاق - ئېكىنلەرنى چەيلەپ، ھەممە يەرنى جەسەتكە توشقۇزۇۋېتىمەن! مېنىڭ بىلەكلىرىم سېنىڭكىگە قارىغاندا قاتقان، كۈچلۈكرەك، بارىمتاي. سەن ئاناڭنىڭ قورسىقىدا ياتقان چېغىڭدا مېنىڭ قوللىرىمدا قىلىچ ئوينايتتى، ئاستىمدا ئات چاپچىيتتى. سېنىڭ ئۆز تەقدىرىڭ ئۆز قولۇڭدا. پەقەت ئاتا - ئاناڭنى نادامەتتە قالدۇرۇشنى خالىمىساڭلا...

— سېنىڭ مۇشۇنداق قۇرۇق تېرە تاراقشىتىپ سالغان مۇشۇ نادامەتلىرىڭدىنمۇ ئوشۇق قايغۇ - ھەسرەت بولماس، خان! — دېدى باتۇر ئاچچىقى بىلەن.

— ماڭ، چىقىپ كەت! — دەپ ۋارقىرىدى خان قولىنى شىلتىپ، — سېنىڭ بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرىدىغانغا ۋاقتىم يوق!

باتۇر ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە بۇرۇلدى - دە، سارايىنىڭ تېگىگە ئۇزۇنىسىغا سېلىنغان پاياندازنى بويلاپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. «مېڭىشىمۇ ئۆزگىچە ئىكەن، ئەركەك بۆرىدەك! ئۇ چوقۇم بىر يارامىلىق لەشكىرىي سانغۇن بولالايدۇ!» دەپ ئويلىدى خان ئۇنى كەينىدىن كۆزىتىپ، باتۇر ئىشىككە يېتەي دېگەندە خان ئۇنى توختىتىپ يەنە ئالدىغا چاقىردى.

— سورىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى ئۇ ھېچنېمىنى ئۇقمايدىغاندەك باتۇرنى كولدۇرلىتىپ، — ئېتىڭ نېمىتى سېنىڭ، بارىمتاي؟

— باتۇرخان! — دېدى ئۇ ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن تەلەپپۇز قىلىپ.

— سەن يەنە قەستەن چىشىمغا تېگىۋاتىسەن، بارىمتاي! —

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېدى خان تېزىغا مۇشتلاپ قاتتىق ئاۋازدا، — بىلىپ قوي، بۇ يەردە خان پەقەت بىرلا!

— شۇنداق، خان بۇ يەردە پەقەت بىرلا ئىكەن. ئەمما بىز هونلاردا خان تولا. لېكىن ئۇلارنىڭ بىرلا تەڭرىقۇتى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ تەڭرىقۇتقا بويسۇنىدۇ، — دېدى باتۇر تەمكىن تۇرۇپ.

— چىق، يوقال! — دەپ ۋارقىرىدى خان دەرغەزەپ بولۇپ.

ئۇ باتۇرنى كولدۇرلىتىمەن، سىناپ باقىمەن دەپ ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈۋالدى. «تىلىمۇ شۇنداق ئۆتكۈركىنا بۇ ئەبلەخنىڭ، چايانىنىڭ نەشتىرىدەك!» — ئۇ تەختتىن تۇرۇپ كېتىپ، بىردەم ئۇياق - بۇياق مېڭىپ يەنە ئولتۇرۇۋالدى، — ياق، ھېچ ۋەقەسى يوق، ھېچ ۋەقەسى يوق. ياش، تەنتەك ئەمەسمۇ، شۇڭا شۇنداق بىلجىرلايدۇ. ياق، مەن دېگەن ئۇنىڭغا ئاتا يوللۇق، چوڭ كىشى، خان! شۇڭا ئاچچىقلانسام، غەزەپ قىلسام، يېنىكلىك قىلسام بولمايدۇ. مەن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشىم، سالماق، سوغۇق قان بولۇشۇم كېرەك. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ ماڭا لازىم. مەن ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق... ئۇ بەلكىم زېرىكىپ، تېرىكىپ شۇنداق جاھىل، تەرسا مىجەز بولۇپ قالغاندۇر. بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. ھەممىنى ۋاقىت ئوڭشايدۇ. ئۇ بۇ يەردە تېخى ناھايىتى ئۇزاق تۇرىدىغۇ. ئۇ ئوڭشىلىپ قالىدۇ. چوڭ بولىدۇ. ئەقلىنى تاپىدۇ... ئۇنى قانداق قىلىپ ... ئۇركۇتمەي ... قولغا كەلتۈرگىلى بولار؟ كۆڭلىنى، ئىخلاسىنى قانداق ئۇتۇش كېرەك؟...»

خان تەختىگە چۆكۈپ ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزاق ئويلاندى.

باتۇر بەجەچقاننىڭ يېنىغا ئويچان، ئەمما روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا قايتىپ باردى.

— قانداق بولدى؟ خان نېمە دېدى؟ — دېدى باتۇر خاننىڭ ئالدىغا كەتكەندىن بېرى ئۇنىڭدىن ۋايىم يەپ قولى ھېچ ئىشقا بارمىغان بەجەچقان تاقەتسىزلىنىپ.

— خان مەن بىلەن پاراڭلاشتى، — دېدى باتۇر قىسقىلا جاۋاب

بېرىپ.
— شۇلىما؟ — دېدى قانائەت ھاسىل قىلمىغان بەجەچقان.
— ماڭا يەنە خالىغان يەرگە بېرىشقا، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رۇخسەت قىلدى.
— ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقىمۇ؟ — دېدى بەجەچقان ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن گۇمانلىنىپ، — سېنىڭ قېچىپ كېتىشىڭگە يول قويۇلمايدۇ. بۇ گەپ بولۇنمىدىما؟
— بولۇندى، — دېدى باتۇر، — لېكىن مەن قاچسام، مېنى نېمە قىلىشار؟
— قاچساڭ تۇتۇلىسەن شۇ، — دېدى بەجەچقان كۈلۈپ، — ئاندىن سېنى قاچقۇن دەپ، پۇتۇڭنى كېسىپ شەھەر قوۋۇقىغا ئېسىپ قويۇشىدۇ.
— ئۇنداقتا بېشىم ئامان قالىدىكەن ـ دە؟
— قوللىرىڭمۇ ئامان قالىدۇ.
— ئەگەر تۇتۇلمىسامچۇ؟
— بەرىبىر تۇتۇۋېلىشىدۇ، — دېدى بەجەچقان ئەستايىدىل گەپ قىلىپ، — توخرى خانىنىڭ ھەممىلا يەردە ئايغاقچىلىرى بار. شەھەرلەردە، كوچىلاردا، بازارلاردا، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا، يېزا ـ قىشلاق، تاغ ـ ئورمان، يول ـ ئۆتكەللەردە···، ئۇلار-نىڭ كۆزلىرى توققۇز قات ئاسماننىڭ قەرىدىكى ئىشلارنىمۇ كۆرە-لەيدۇ. ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى يەتتە قات يەرنىڭ تېگىدىكى يىلاننىڭ كۆشىگىنىنىمۇ ئاڭلىيالايدۇ.
— ئايغاقچىلار تاغ ـ ئورمانلىقتا راستتىنلا بارمۇ؟ — دېدى باتۇر ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمەي.
— بار··· لېكىن تاغ ـ ئورمانلىقتا ئۇلاردىنمۇ يامان شىر ـ يولۋاس، بۆرە، قاۋانلار بولىدۇ ـ دە، — دېدى بەجەچقان ئېھتىيات-چانلىق بىلەن، — سەن قېچىشنى خىيال قىلما، باتۇر. بۇ بەك خەتەرلىك! سەن راستتىنلا شۇنداق ئويلاۋاتامسەن ـ يا! ھونزادە، مەن سېنى يالغۇز قويۇپ بېرەلمەيمەن. ئەگەر راستتىنلا قاچماقچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولساڭ ماڭا ئېيت.

— نېمە، ساڭا ئېيتامدىمەن؟ — دېدى باتۇر قولىنى سىندىماقچى بولۇپ، — سېنى خاننىڭ ئايغاقچىسى ئەمەس دېگىلى بولامدۇ؟

بەجەچقاننىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىغا ھۆپپىدە قىزىللىق يۈگۈردى، لېكىن بۇنى سىرى پاش بولدى دېگەندىن كۆرە خىجىللىق، تەڭقىسلىق، ئوڭايسىزلىنىش دەپ چۈشەنگەن تۈزۈك ئىدى.

— مەن خاننىڭ قولىمەن، — دېدى ئۇ خۇشياقمىغاندەك قىلىپ، — ئەلۋەتتە، ماڭا ئايغاقچىلىقمۇ تاپشۇرۇلغان… بىراق، سەن ماڭا ئىشىنىشىڭ كېرەك، ھونزادە. سەن قەيەردە بولساڭ، مەن شۇ يەردە بولىمەن. سەن قاچساڭ مەنمۇ قاچىمەن!… سەن ماڭا يۇرتۇمنى، ئۇرۇق - تائىپەمنى، ئەسلىمنى ئەسلەتتىڭ. ئۆزۈمنى تونۇتتۇڭ، ماڭا قۇلدەك ئەمەس، قوۋانچىڭدەك، قېرىندىشىڭدەك مۇئامىلە قىلدىڭ. شۇڭا مەن سېنىڭ مەڭگۈلۈك قۇلۇڭ بولۇشنى خالايمەن. قۇلۇڭ بولمىسام سەپدىشىڭ، قېرىندىشىڭ بولىمەن، باتۇر. سەن مېنى يات كۆرمە.

— مەن بۇلارنى بىلىمەن، سېنىمۇ چۈشىنىمەن، — دېدى باتۇر ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ، — خاتىرجەم بول. مەن قاچمايمەن. ئەمما بۇ يەردە بىر ئۆمۈر تۇرۇشنىمۇ خالىمايمەن. يەنە بىر - ئىككى يىل، ئەڭ ئۇزاق بولغاندىمۇ تۆت - بەش يىلدىن كېيىن، ئاتام ئورنۇمغا باشقا بىرىنى ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن مەن بۇ يەردىن كېتىمەن، يۇرتۇمغا قايتىمەن. ئەنە شۇ چاغدا مەن سېنى توخرى خانىدىن سېتىۋېلىپ ئەركىنلىك بېرىمەن يا بولمىسا… قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن سېنى قۇتقۇزىمەن. بىللە ئەكېتىمەن.

— ھونزادە!… — دېدى بەجەچقان تەسىرلىنىپ كۆزلىرىدىگە ياش ئالغان ھالدا، — پۈتۈن تېگىدە خەسە، توپا - چاڭ بولاي… تىلەكلىرىڭ قوبۇل بولۇپ… تەڭرىم ساڭا قۇت بەرگەي!…

— خالىغان يەرگە بېرىشقا بولىدىغان تۇرسا، قېچىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى باتۇر.

— سەن قەيەرگە بېرىشنى خالايسەن؟ — دېدى بەجەچقان خۇشال بولۇپ، — مەن باشلاي.

— مېنىڭ بۇ يەردىن ئۆتىدىغان چوڭ كارۋان يولىنى، ئۇ يەردىكى دەڭ - ئۆتەڭ، بازارلارنى، چەت ئەللىكلەرنى كۆرگۈم بار.

— توغرا ئويلاپسەن. ئۇ يەردە يەنە بىز تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەر بىلەنمۇ ئۇچراشقىلى بولىدۇ.

ئۇلار شۇنداق كېلىشىپلا سىرتقا چىقىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشتى.

## 4

نورۇز بايرىمىنىڭ ھارپا كۈنىدىن كېيىن باتۇر ئۆزگەردى. ئۇ ھازىر ساندىبىلغا يېڭى كەلگەن چاغدىكى سولاشقان، سالپايغان، كۈن بويى ئۆي بېقىپ، ئويغا پېتىپ ياتىدىغان باتۇر ئەمەس ئىدى. ئۇ چۈشكۈنلۈكتىن تامامەن قۇتۇلۇپ، ئۆزگىرىپ باشقىچىلا بىر كىشىگە ئايلانغانىدى. ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ساندىبىلنىڭ، توخرى خانلىقىنىڭ ئۆزى ئىلگىرى ئويلىغاندەك ئەمەس، بەلكى ناھايىتى روناق تاپقانلىقىنى، ھەقىقەتەنمۇ باي، قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تۇمەنبالىقتىكى چاغدىن تارتىپلا كاللىسىدىن ئۆتمىگەن، نارازى بولغان، ھازىرغىچە ئۇنى تۇرلۇك ئوي - خىياللارغا سېلىپ ئازابلاپ كېلىۋاتقان بەزىبىر ئىشلارنىڭ، بەزىبىر مەسىلىلەرنىڭ تۇگۈنىمۇ يېشىلگەندەك بولدى. «ئەسلىدە ئاتامنىڭ ئىنچۇنقان ئاچارىنىڭ گېپىگە كىرىپ بۇلاردىن ئېھتىيات قىلىشى بىكار ئەمەس ئىكەن - دە!...» ئۇ مانا ئەمدى ئاتىسىنىڭ نېمە سەۋەبتىن توخرىلار بىلەن تىنچ - ئىناق ئۆتمەكچى بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنى بۇ يەرگە بارىمتاي قىلىپ

تۇرغاقتا تۇرۇشقا ئەۋەتكەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىغانىدى.
«لېكىن بۇ ئۈنچىلىك قىلىپ كەتكۈدەك، ئېھتىيات قىلىشتىن ھالقىپ قورقۇش، خەۋپسىرەش، باش ئېگىپ تىنچلىق تىلەش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكۈدەك ئىشمۇ ئەمەستى، — دەپ ئويلايتتى ئۇ يەنە ئۆز خاھىشى بويىچە ئەسلىي قارىشىنى ياقلاپ، — چۈنكى بىز ھونلارمۇ ئۈنچىۋالا ئاجىز، نامرات، سالپا ـ سایاق ئەمەستۇق. چىنلىقلاردىن زەربە يېگىنىمىز بىلەن پۈتۈنلەي تۈگىشىپ پىتىراپ كەتمىگەنىدۇق، بەلكى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ، ئۇيۇشۇپ قۇدرەت تېپىۋاتاتتۇق. چىنلىقلارغا يېڭىلگىنىمىز توخرىلارغىمۇ يېڭىلىپ قالىدىغىنىمىزنى كۆرسەتمەس ئىدى؟!... ئەپسۇس!... لېكىن مۇشۇ تەرزدە يەنە بىرنەچچە يىل ئۆتسە... كاچ تەقدىرىم ئوڭشىلىپ ئەركىنلىككە ئېرىشسەم... بۇ نومۇسنى، بۇ خورلۇقنى چوقۇم يۇماي قويمايمەن! توخرىلاردىن، چىنلىقلاردىن... چوقۇم ئۆچ ئالىمەن! خەپ! شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇ. تەڭرىلەر ماڭا قۇت ـ مەدەت بېرىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا...!»

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دائىم مۇشۇنداق خىياللارنى قىلىدىغان، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ يىراقنى ئويلاپ، كۆڭلىگە ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ئارزۇ ـ ئىستەكلەرنى پۈكۈپ، توخرى خاندەك ئۇلۇغۋار تەسەۋۋۇر ۋە يۈكسەك پىلانلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدى. بەلكىم مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، يېڭى باھاردىن كېيىن ئۇ زادىلا جىم ياتمىدى. ئۇ ھەر كۈنى كەچ يېتىپ سەھەر تۇراتتى. ھەر تاڭدا سارايىنىڭ ھويلىسىغا چىقىپ يېڭى چىققان قۇياشقا — كۈن تەڭرىسىگە چوقۇناتتى ـ دە، جانبازلىق مەشىقى قىلىپ بەدەن چېنىقتۇرۇشقا باشلايتتى. ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە سىرتتىن كىرمەيتتى. بەجەچقاننى، خاس مەھرەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كوچا ئايلىنىپ، دۇكان ئارىلاپ، بازار كۆرۈپ سەيلە ـ زىيارەت قىلاتتى، شەھەر سىرتىغا چىقىپ، كارۋان يولىنى كۆزىتىپ، كارۋانلار، سودىگەرلەر، چەت ئەللىكلەر بىلەن پاراڭلىشىپ، تونۇش ـ بىلىشىنى ئاۋۇتۇپ، نەزەر

دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇ بەزىدە تېخىمۇ يىراق يەرلەرگە — چىلان تېغى ئېتىكىدىكى ئوتلاقلارغا، ئاۋۇل - قىشلاق، ئېكىنزارلىقلارغا بېرىپ، توخرى قارا بودۇنلىرىنىڭ تۇرمۇش - ئادەتلىرىنى كۆرۈپ ھەم ئۆگىنىپ، ئەھۋال ئىگىلەيتتى، تاغ - ئورمانلىق، جىلغا - جىرالارغا بېرىپ قۇرۇق قول، پىيادە بولسىمۇ ئوۋ ئوۋلايتتى. بۇنداق چاغلاردا، سەيلە - زىيارەت قىلغاندا، ئوۋ ئوۋلىغاندا، ئۇ يەنە پىشقان، يېتىشكەن ئايغاقچىلاردەك ئەتراپتىكى مۇھىت - شارائىتنى، كىشىلەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، ئوي - پىكرىنى، ۋەزىيەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي كۆزىتەتتى. يوللارنى، ئۆتكەللەرنى... ئېنىقلايتتى. ئۇچرىغانلىكى كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ بىلمىگەنلىرىنى ئېرىنمەي سوراپ ئۆگىنەتتى ۋە ئىگىلەيتتى. بىلگەنلىرىنى، ئويلىغان، ھېس قىلغانلىرىنى، ھەتتا ئەڭ سادىق، ئىشەنچلىك يېقىن كىشىسى بەجەچقانغىمۇ زىنھار تىنمايتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە ئۇ يەردە توخرىلار بىلەن ھونلارنىڭ مۇناسىۋىتىگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇنىڭغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ ھەرخىل ئۇسۇل ۋە ئامال - چارىلەر بىلەن توخرى خانىنىڭ ئوردىسىدا بولۇنغان گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەتلەرنى تىڭتىڭلايتتى. چۈنكى ئۇ توخرى خانغا ئىشەنمەيتتى، ئوخشاشلا يەنە ئاتىسى تۈمەن تەڭرىقۇتتىنمۇ گۇمان قىلاتتى. ئۇلارنى ياۋۇز، رەھىمسىز، شەخسىيەتچى، نامەرد ھېسابلايتتى. ئۆز ھايات - ماماتىنىڭ ئۇلارنىڭ كەيپىياتىغا، ئوي - خىيالىغا، ئىش - ھەرىكىتىگە، جۈملىدىن توخرىلار بىلەن ھونلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى، بەلكى قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ھامان سەگەك، ھوشيار تۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى، مەسئۇلىيىتىنى ئويلىغىنىدا، توخرىلار بىلەن ھونلارنىڭ مەڭگۈ مۇشۇنداق ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈشىنى، ئارىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ، تىنچلىقنىڭ ئەبەدىي بۇزۇلماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما ئۆز ئەركىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئويلىغىنىدا، بۇ يەردە بىر كۈنمۇ بارىمتاي

بولۇپ تۇرغاقلىقتا تۇرۇشنى خالىمايتتى. بەلكى قېچىشنى، بۇ يەردىن كېتىشنى، ئۆز يۇرتىدا، ئۇرۇق - تائىپىسى ئارىسىدا ئەركىن - ئازادە ياشاپ، ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى خىل ھېسسىيات ئۇنى دائىم ئازابلاپ ئارامىدا قويمايتتى.

توخرىلار ئېلىدە، ساندىبىلدا تۇرغان ۋاقتىنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنى بۇلاردىن باشقا يەنە سېغىنىش ۋە ھىجران ئازابلى-رىمۇ قىيناشقا باشلىدى. ئۇ ھەردائىم توغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى، ئاتا - ئانىسىنى، تۇغقانلىرىنى، ئۇرۇقداشلىرىنى ئەسلەپ، سېغى-نىپ ھەسرەت چېكەتتى. «ئاھ تەڭرىم! مەن بۇ يەردە قاچانغىچە مۇشۇنىداق بارىمىتاي بولۇپ تۇرغاقتا تۇرارمەن؟ تەنھا-لىقتا، غېرىب - مۇساپىرچىلىقتا تۇتقۇندەك، مەھبۇستەك ياشار-مەن؟...— ئۇ يات ئەلدە، ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىدا ئۇزاققىچە، بىر ئۆمۈر تۇرغاقتا تۇرۇشنى خالىمايتتى، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىشنى، يۇرتىدىكى ئوتلاقلاردا، تاغ - ئورمانلىقتا قىيغى-تىپ - سەكرىشىدىغان قوزا - ئوغلاق، موزاي - تايچاقلاردەك، يۇگۈرۈشۈپ يايراپ يۈرىدىغان كېپىنەك، بۆرىلەردەك ئەركىن ياشاش-نى، يايراپ يۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى،— مېنىڭ بۇ كاج تەقدى-رىم قاچانمۇ ئوڭشىلار؟... ئانام ئايقاغان قانداقراق تۇرۇۋاتقان-دۇر؟... ئۇنىڭ بىلەن قاچانمۇ دىدار - مۇلاقات بولۇپ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتارمەن؟...» ئۇ ئەينى ۋاقىتتا، ياۋۇز تانيۈلەر قەبىلى-سى بىلەن ئېلىشقىلى ماڭغان چاغدىلا ئانىسى بويىنىغا ئېسىپ قوي-غان، شۇنىڭدىن تارتىپ يېنىدىن پەقەتلا ئايرىماي كېلىۋاتقان بۆرە ئوشۇقىنى سېغىنىش ۋە ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن سۆيدى. ئايقا-غان... چوڭ ئالچى ئايقاغان كارامەت ئايال. دۇنيادىكى ئانىلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى، ئۇ باتۇردەك بىر ئوغۇلنى تەۋەللۇت قىلىپ بۇ دۇنيانىڭ بارلىقىغا ئايلاندۇردى، بېقىپ ئۆستۈرۈپ، تەربىيىلەپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشتى. بەلكى ئەلكۈننىڭ ئېغىزىدا، قەلبىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ، پەخىر - ئىپتىخار بىلەن زىكىر

قىلىدىغان ئالىپ چەۋەندازغا ئايلاندۇردى. ھونغا يۇرەك، ئەلگە تىرەك بەرپا قىلدى. ئۇ پۈتۈن زېھنى ۋە يۈرەك قېنىنى مانا شۇنىڭغىلا بېغىشلىدى. ئۇ ئۇنىڭغا ئىنتايىن كۆيۈنەتتى. ئۇنى قۇش بالىسىنى قانىتى ئاتىسىغا ئېلىپ قوغدىغاندەك ئاسرايتتى. ئۇنىڭ ساغلام چوڭ بولۇشىنى، باتۇر، قەيسەر، جاسارەتلىك بىر يىگىتكە، يارامىلىق، پاراسەتلىك، قابىل بىر پاسىبانغا، ئەل ـ خەلقىگە كۆيۈمچان ھەم ھىممەتلىك بىر ھۆكۈمرانغا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئوغلى باتۇرمۇ ئۇنىڭ بۇ ئۈمىدىنى ھېچقاچان يەردە قويغان ئەمەس... ئەپسۇس، ئۇ ھازىر ئۇنىڭ يېنىدا يوق. ئۇنى يالغۇز، يۆلەنچۈكسىز تاشلاپ، ھىجران ۋە سېغىنىش، تەش-ۋىش ۋە غەم ـ قايغۇ ئازابىدا قويۇپ، بۇ يەردە بارىمتاي بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ نېمىدېگەن چوڭ نادامەت، نېمىدېگەن چوڭ بەخت-سىزلىك ـ ھە!

سۈجۈك!... ئالچى سۈجۈكچۈ؟ ئۇنىڭ ھالى نېچۈكتۇر؟ ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ۋاپادار ئايال! ئۇ ياش باتۇرنى جېنى-دىنمۇ ئەزىز بىلىپ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئۇنىڭغا مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىق، جاسارەت ۋە مەسئۇلىيەت ئاتا قىلغان. ئۇنىڭغا ئۆزى-نى، ئەرلىكىنى تونۇتقان!... ئۇ ھازىر تېخىمۇ ھۆسنىگە تولۇپ چىرايلىقلىشىپ كەتكەندۇر، ئالچى گۈللىرىدەك!... ئۇلار توي قىلىپ ۋىسال تەشنالىقلىرىغا تېخى تۈزۈك قانمىغان. ھازىرغىچە بالا يۈزى كۆرەلمەي، باشقا بىر ۋىسالغىمۇ تەشنا بولۇشۇپ ئۇنىڭ ئوتىدا تەڭ كۆيۈشكەن. ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپ، تەڭرىلەرنىڭ قۇت بېرىشى بىلەن ئۇلار ئاخىر بۇ ئارزۇسىغىمۇ يېتىشكەن. لېكىن دەل مۇشۇنداق پەيتتە، كاج تەقدىر ئۇلارنى ئايرىۋېتىپ چىدىغۇسىز ھىجران ئازابىدا قويدى. بۇ نېمىدېگەن شەپقەتسىز-لىك، نېمىدېگەن چوڭ ئادالەتسىزلىك ـ ھە!... «مەن بۇ تەرەپكە ماڭغان چاغدا ئۇ بويۇمدا قاپتۇ دېگەندەك قىلىۋىدى، بۇ راست بولغىيمىدى؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇنىڭ ئاي ـ كۈنىمۇ توشۇپ قالدى ھەرقاچان. بەلكىم ئالىقاچان يەڭگىپ بولغاندۇر... ئۇ

ساق ـ سالامەت يەڭگىگەنمىدۇر؟ ئوغۇل تۇغقانمىدۇر ياكى قىزمىدۇر؟ نېمە بولسا مەيلى··· ئۇ ماڭا ئوخشىغانمىدۇر ياكى ئانىسىغىمۇ؟ بالام ھەرگىز ماڭا ئوخشاش تۇغۇلۇپ قالمىغىيدى ئىلاھىم!··· شۇنداق، ئالچى سۇجۇك ساق ـ سالامەت يەڭگىگەن، بالا ئامان ـ ئېسەن تۇغۇلغان، ئانىسىغا ئوخشىغانلا بولسا بولدى. مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئەمما ئۇ مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن، ئاتىسىغا ئوخشاش جىگەرلىك، غۇرۇرلۇق، زېرەك، ئۆتكۈر ھەم قەيسەر بولۇشى كېرەك. ئۇ پەقەت تۇرقى ـ سىياقىتىلا ئاتىسىغا ئوخشاشمىسا بولدى··· ئاھ! مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم؟ مەن راستتىنلا ئاتا بولغاندىمەنمىدۇر؟ بالام ساقمىدۇر؟ ئالچىمچۇ، ئۇ قانداقراق تۇرۇۋاتقاندۇر؟ ئۇ مېنى سېغىنغانمىدۇر؟ سېغىنامدىغاندۇر؟···»

ھەئە، ئۇ سېغىنىدۇ، كۈنلەپ ـ كۈنلەپ ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرىدۇ، كېچە ـ كېچە ئۇنى ياد ئېتىپ كۆز يۇمىدۇ. ئۇنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى، ئۆزىنى باغرىغا بېسىپ، يۈز ـ كۆزلىرىگە سۆيۈپ ھىدلىشىنى، چاچلىرىنى سىلاپ ئەركىلىتىشىنى··· ئارزۇ قىلىدۇ. ھىجران ئوتىدا كۆيۈپ جۇدالىق، سېغىنىش ئىزتىراپىدا تولغىنىدۇ. شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈپ ئويغانغاندا، تاتلىق خىياللارنى قىلىپ ئېسىگە كەلگەندە، يالغۇزلۇق، تەنھالىق، پاناھسىزلىق، غېرىبلىق ھېس قىلىپ ھەسرەت چېكىدۇ، ياش تۆكىدۇ. خۇددى ئېرىگە ئوخشاشلا!··· لېكىن ئۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىشى كېرەك. ئۇنى كۈتۈشى، تاقەت قىلىپ ساقلىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۇزاققا قالماي يېنىغا قايتىپ كېلىپ بېشىنى سىلايدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك··· شۇنداق، ئۇ ئىشىنىدۇ، بىلىدۇ، كۈتىدۇ. ئۇ ئېرىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى نائۈمىد قىلىپ قارا ھىجراندا قويمايدىغانلىقىنى، ئۇزاققا قالماي قايتىپ كېلىپ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا قاندۇرۇپ، بەخت ـ شادلىق ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ!

مانا، باھارنىڭ كەينىدىن تېخىمۇ كۆك، تېخىمۇ رەڭدار،

تېخىمۇ گۈزەل ھەم يېقىملىق ياز كىردى. ئۇنىڭ كەينىدىن بەردـ
كەتلىك ئالتۇن كۈزمۇ يېتىپ كەلدى. باتۇرنىڭ توخرىلارغا بارىمـ
تاي بولۇپ، ساندىبىلدا تۇرغاقتا تۇرۇۋاتقىنىغىمۇ يىل توشاي
دېدى. لېكىن بۇ كۈنلەر، تۇرغاقلىق ھايات ئۇنىڭغا يەنىلا يېڭى،
ئەمدىلا باشلانغاندەك تۇيۇلاتتى. ئاخىرلىشىدىغاندەك، تۈگەيدىغانـ
دەك قىلمايتتى. توخرى خان ھېلىھەم ئۇنى تۇتقۇندەك، مەھبۇسـ
تەك كۆرۈپ، ئازغىنە، چەكلىك ئەركىنلىك بېرىپ، قاتتىق نازاـ
رەت قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. خۇددى قەپەسكە سولىنىسىمۇ، باغچىدىن
چىقارمايدىغان شىردەك. ئەگەر شۇنچىكى چاتاق چىقسا، ئۆزگىـ
رىش بولسا، قەپەسكە سولاشتىن، ھەتتا ئۆلتۈرۈشتىن يانمايدۇ.
تۇمەن تەڭرىقۇتتىنمۇ ھېچقانداق سادا ـ سالام يوق. خۇددى ئۆزىـ
نىڭ باتۇر ئاتلىق ئوغلانى، تەگىن ئۆگەسى بارلىقىنى، ئۇنىڭ
ئۆزى ئۇچۇن، ئەلكۈن ئۇچۇن يات ئەلدە، يىراق، ناتونۇش يۇرتتا
بارىمتاي بولۇپ تۇرغاقلىقتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ
كەتكەندەك. ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇر؟ نېمە ئويلاۋاتقاندۇر؟ ئۇ
نېمىشقا باتۇرنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى ئوغلى يۈيۈكنى ئەۋەتىپ،
ئۇنى بۇ يەردىن قايتۇرۇپ كەتمەيدىغاندۇر؟ ھېچبولمىغاندا ۋاقىتـ
لىق، بىر مەزگىل بولسىمۇ؟ ئۇ دېگەن تەگىن ئۆگە، سول قول
بىلگە خان تۇرسا، تەڭرىقۇتنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشمىگەندىمۇ؟
ئۇنىڭ ئۇنى كۆرگۈسى، قۇچاقلىغۇسى كەلمىگەنمىدۇر؟ ئۇنى سېـ
غىنمىغانمىدۇر؟... «ئاھ تەڭرىم! مېنى نېمانچە بىتەلەي، بەختـ
سىز قىلىپ ياراتقان بولغىيدىڭ؟ ئاتا مېھرىدىن، كۆيۈمىدىن مەھـ
رۇم قالدۇرۇپ، بېشىغا ئېغىر كۈنلەرنى سېلىپ قىيىنىغۇچە مېنى
ياراتمىغان بولساڭ ياكى... ھەقىقىي بۆرە كۈچۈكى قىلىپ ياراتقان
بولساڭ، ئۆز ماكانىمدا، ئۆز توپۇمدا، ئۆزۈمگە تايىنىپ، باشقىـ
لارغا ئانىي بولماي ئەركىن يايراپ يۈرگەن بولسام... مەن
شۇنىڭغا شۈكۈر دەيتتىم. بۇنداق خارلىنىپ، ئازابلىنىپمۇ يۈرـ
مەيتتىم!...»

كۆز كىرىشى بىلەن توخرى خانىنىڭ پائالىيىتىمۇ كۆپەيدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ هازىر ئوردىسىدا ئانچە كۆپ تۇرمايتتى، مەھرەملىرى، سانغۇن-لىرى، لەشكەرلىرى بىلەن دائىم سىرتلارغا چىقاتتى، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بۇ پائالىيەتلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى، ئەڭ كۆڭۈللۈك ھەم ئەھمىيەتلىكى يەنىلا شۇ ئوۋ - شىكار ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئارقىلىق بايلىق، كۈچ توپلايتتى، سانغۇنلارنى، لەشكەرلىرىنى چېنىقتۇ-رۇپ يۇرۇشكە، سوقۇشقا تەييارلايتتى. ئۇ تىنىچ مەزگىللەردىكى ئوۋ - شىكارنىڭ ئەڭ ياخشى، ئەڭ قۇلاي، ئەڭ ئۇنۇملۇك لەش-كىرىي چەۋەندازلىق مەشىقى ئىكەنلىكىنى، قوشۇن ئوۋ - شىكار-دا چېنىقسا، تەربىيىلەنسە، ۋاقتى كەلگەندە، ئەمەلىي جەڭلەردە ئۆزئارا ياخشى ماسلىشىپ، باتۇرلۇق، جەڭگىۋارلىق بىلەن جەڭ قىلىپ نۇسرەت قازىنالايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ئۆزىمۇ دائىم قوشۇن باشلاپ ئوۋ - شىكار قىلىپ تۇرغاچقا، ھەممىدىن ماھىر، ھەممىدىن ئالغۇر تەجرىبىلىك ئوۋچى، ھەممىدىن قابىل، ھەممىدىن جەسۇر ھەم پاراسەتلىك ئاتامان ئىدى.

كۆز بېشىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئوۋ - شىكارغا خان بارىمتاي باتۇرنىمۇ بىللە ئاچىقتى. ئۇنىڭغا ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئات، ئوقيا بەردى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئۇنى ئوينىتىش، ئۇنىڭغا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋېلىش پۇرسىتى بېرىش ياكى ئۇنىڭغا ئۆزىنى، قوشۇنىنى، كۈچ - ھەيۋىسىنى كۆرسى-تىش، نامايان قىلىش ئۇچۇن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇ يەنە بۇ ئالىپ پالۋاننىڭ مۇسابىقە مەيدانىدىكى جاسارىتىنى، ماھارىتى-نى، كۈچ - قۇدرىتىنىمۇ كۆرگەن ھەم قايىل بولغان. ئۇ ئەمدى ئۇنىڭ ئوۋدىكى، جەڭدىكى باتۇرلۇقىنى، چېۋەر - چاققانلىقىنى، تەجرىبىسىنى كۆرۈپ باقماقچى، ئۇنى ساداقەت، ئىتائەت، ماھا-رەت ۋە كۈچ - قۇدرەت جەھەتتىن سىناپ باقماقچى بولدى، ئەگەر كۈتكەن يېرىدىن چىقسا تېخىمۇ كۈچەپ، ھەرقانداق بەدەل تۆلەش-تىن يانماي ئۇنى يېنىغا تارتماقچى، قولغا كەلتۈرمەكچىدى. ئەپ-سۇسكى، باتۇر بۇ قېتىم يەنە ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ، ئۇنى ئۈمىد-سىزلەندۈرۈپ قويدى.

بۇ قېتىمقى ئوۋ چىلان تېغى ئېتىكىدىكى پايانسىز يايلاقنىڭ

چېتىدە، تاغ قاپتىلىدىكى قويۇق چاتقاللىقتا ئېلىپ بېرىلماقچى
ئىدى. ساندىبىلدىن ئاتلىنىپ چىققان قوشۇن ئەنە شۇ نىشانغا
قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى. باتۇر خاننىڭ سىپاھلىرى قاتارىدا ئۇنىڭ
كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۈگۈن كۆڭلى توق،
كەيپى چاغ بولۇپ، ئۆزىنى خۇددى چۇغاي تېغى باغرىدا ئاتىسىغا
ئەگىشىپ ئوۋغا كېتىۋاتقاندەك ئەركىن، روھلۇق، خۇشال ھېس
قىلاتتى... ئوۋ قوشۇنى بىر پەس يۈرگەندىن كېيىن، ئالدىن بەلگى-
لەنگەن ئوۋ رايونىغا يېتىپ بېرىپ توختىدى. خان قوشۇنىنىڭ
ئالدىغا ئۆتۈپ ئوۋچىلارغا بۇ قېتىمقى ئوۋنىڭ مەقسىتى، دائىرى-
سى، تەرتىپى ۋە قائىدىسى توغرۇلۇق سۆزلەپ، مۇھىم كۆرسەت-
مە - بۇيرۇقلارنى بەردى. خاننىڭ بۇ سۆزلىرى ئىنتايىن مۇھىم
بولۇپ، ئۇنى ھەممەيلەن زېھىن قويۇپ ئاڭلىشى، خاننىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ، ئۇ كۈتكەن ۋە تەلەپ قىلغان نەتى-
جىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى خان
ئوۋدىن كېيىن خۇلاسە چىقىرىپ جازا - مۇكاپات يۈرگۈزەتتى.
ئوۋدا چاققانلىق، چەبدەسلىك، باتۇرلۇق ۋە ماھارەت كۆر-
سىتىپ تۆھپە - نەتىجە ياراتقانلار مۇكاپاتلىنىپ ئۆستۈرۈلەتتى.
لېكىن باتۇر بۇلارغا قىزىقمىدى، خاننىڭ سۆزلىرىگىمۇ قۇلاق
سالمىدى. ئەجەبا ئۇنىڭ ئوۋ ئوۋلاپ كۆڭۈل ئاچقۇسى، خانغا ۋە
ئۇنىڭ سانغۇنلىرىغا يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى كۆرسىتىپ، تونۇ-
تۇپ قويغۇسى يوقمىدىكىنا؟... شۇ تاپتا ئۇ باشقا بىر ئىشلارغا
كۆڭۈل بۆلۈپ، باشقىچە ئوي - خىياللارنى قىلىۋاتاتتى. «پاھ،
كاساپەت! نېمىدېگەن قاۋۇل، نېمىدېگەن چىرايلىق - ھە!... مەن
ئۆزياشىمدا بۇنداق ئاتنى پەقەتلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. بەلكىم
بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن. پاھ!... ئەر ئېتى
بىلەن، قۇش قانىتى بىلەن دەپتىكەن. ئەگەر ئۇ مېنىڭ بولۇپ
قالغان بولسا...» ئۇنىڭ كۆزى توخرى خاننىڭ تۇلپىرىغا چۈش-
كەن، دىققەت - ئېتىبارىمۇ پۈتۈنلەي شۇنىڭغا مەركەزلەشكەنىدى.

خان مىنگەن ياش ئايغىر ھەقىقەتەنمۇ كەم ئۇچرايدىغان، كۆز-
نىڭ يېغىنى يەپ زوق - ھەۋەسنى قوزغايدىغان قاۋۇل، چىراي-

www.uyghurkitap.com

لىق، نەسىللىك ئات ئىدى. ئۇنىڭ رەڭگى چىلان تورۇق بولۇپ،
تۇكلىرى ئەتىگەنكى قۇياش نۇرىدا ئوت يالقۇنىدەك يالتىراپ تۇراتـ-
ـتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە ئالىقانچىلىك ئاق قاشقىسى — يۇلتۇزى
بار ئىدى. ئۇ كەڭ كۆكرەكلىك، بېلى ئۇزۇن، قورسىقى تار،
پۇتلىرى ئىنچىكە، كۈچلۈك ھەم شاش ئىدى. بوينى ئاق قۇنىڭكىـ-
ـدەك، قۇلاقلىرى دىڭ، گۆھەردەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى يو-
غان ھەم چىرايلىق ئىدى. ئۇ ماڭغاندا، چاپچىغاندا، پۇتلىرى يەرگە
تەگمەيدىغاندەك كۆرۈنىدىغان ئۇسسۇلچى قىزلاردەك يېنىك، چىـ-
ـرايلىق چامدايتتى. بۈگۈن ئۇنى قىز قوينىغا كىرىدىغان يىگىتلەر-
دىنمۇ بەكرەك چىرايلىق ياساندۇرۇشقانىدى. ئۇستىگە چىرايلىق
زەركەشتە بېسىلغان كۆك رەڭلىك يوپۇق يېپىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە
ساپسېرىق ئالتۇندىن ياسىلىپ، چاقناپ تۇرىدىغان ئۈنچە ـ مەرۋا-
يىتلاردىن كۆز قويۇپ زىننەتلەنگەن كۈمۈش ئۈزەڭگىلىك كىچىكـ-
ـكىنە ئېگەر توقۇلغان، يوپۇقنىڭ جىيەكلىرىدە ئاق، قارا، قىـ-
ـزىل، سېرىق ساچۇلار ساڭگىلاپ تۇراتتى. ياللىرى، قۇيرۇقىمۇ
سىلىق ھەم چىرايلىق تارىلىپ، ھەرخىل نەرسىلەر بىلەن بېزەلگە-
نىدى. بېشىدىكى يۈگۈنىگە، ئىككى قۇلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا پو-
رەكلەپ ئېچىلغان گۈل شەكلىدە چىگىلگەن ئاق يىپەك لېنتا بېكىـ-
ـتىلگەن بولۇپ، ئۇ پېشانىسىدىكى ئاق قاشقىسى بىلەن پار كېلىپ
ئۇنى تېخىمۇ سۈلكەتلىك، ھەيۋەتلىك قىلىپ كۆرسىتەتتى. توخرى
خانمۇ ئۇنىڭ ئۇستىدە ئاجايىپ سۇمباتلىق، سالاپەتلىك، ھەيۋەتـ-
ـلىك، كۈچلۈك ھەم ئۇلۇغۋار كۆرۈنەتتى.

خان سۆزىنى تۈگىتىپ ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بەردى. قوشۇن
بۆلۈنۈپ ھەرىكەتكە كەلدى. قورشاپ ئوۋ قىلىش باشلاندى...

قۇياش خادا بويى ئۆرلىگەن چاغدا باشلانغان ئوۋ كۈن ئولتۇ-
رۇشقىمۇ خادا بويى قالغاندا ئاخىرلاشتى. ئوۋچىلار ئوۋ غەنىيمەتـ-
ـلىرىنى ئېلىپ بەلگىلەنگەن جايغا جەم بولۇشتى. خان ئېتىغا
مىنىپ يەنە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. تورۇق تۇلپار چاپچىپ ـ
تېپىرلاپ تۇراتتى. خانمۇ ناھايىتى روھلۇق، خۇشال كۆرۈنەتتى.
ئۇ بەلكىم بۈگۈنكى ئوۋنىڭ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەم كۆڭۈلـ-

لۇك بولغانلىقىدىن، غەنىيمەتلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋە ياكى بارىمتايىنىڭ بۇگۇنكى ئوۋدا ئۆزى كۈتكەندەك باتۇرلۇق ھەم چېۋەرلىك كۆرسەتكەنلىكىدىن مەمنۇنىيەت ھېس قىلغان بولسا كېرەك. ئۇ قوشۇنغا بۇگۇن شەھەرگە قايتماي مۇشۇ يەردە تۇنەپ ئوۋ بەزمىسى قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەلۋەتتە، بۇگۇنكى ئوۋنىڭ جازا - مۇكاپاتىمۇ مۇشۇ بەزمىدە يۇرگۈزۈلەتتى. خان بارىمتايغا ئات، قورال - ياراغ بېرىپ ئۇنى مۇكاپاتلاشنى ئاللىقاچان كۆڭلىگە پۇكۇپ بولغانىدى.

خاننىڭ يارلىقىدىن كېيىن قوشۇن تارقىلىپ ئاتلارنى باغلاشقا، ئوتۇن تېرىپ گۇلخانلارنى يېقىشقا، كېيىكلەرنى كاۋاپ قىلىپ بوزا، قىمىزلارنى ئەكېلىشكە باشلىدى. ھايال ئۆتمەي ئوۋ بەزمىسى قىزىپ، ئوۋچىلارنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ كۇلكە - چاقچاق، ئۇسسۇل - ساما ئەۋجىگە چىقتى. خان يېقىنلىرى بىلەن ئالاھىدە سورۇن تۇزگەنىدى. باتۇر ئۇنىڭ سانغۇنلىرى قاتارىدا گۆش يەپ ئولتۇراتتى. ھەممە زور ئىشتىياق بىلەن يەپ - ئىچمەكتە، خۇشال - خۇرام ئويناپ كۇلمەكتە... لېكىن باتۇرنىڭ بۇلارغا تازا ھەپسىلىسى يوقتەك، سورۇندا خىيالغا بېرىلىپ، باشقىلارغا ئارىلاشماي جىمجىت، مۇڭلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ گۆشنىمۇ ئىشتىها بىلەن يېمەيتتى، ئۇلپەتلىرى سۇنغان قىمىزنىمۇ زورىغا ئىچەتتى. كۇلكە - چاقچاقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ، نېمىگىدۇر تاقەتسىزلىنىپ، پات - پات ئەتراپقا سەپسېلىپ ئىزتىراپ چېكەتتى. قارىغاندا ئۇنىڭ كۆڭلى باشقا بىر يەردە، باشقا بىر ئىشتا بولسا كېرەك... شۇنداق، ئۇنىڭ كۆڭلى بەزمىدە ئەمەس، ئېرىشكۇسى مۇكاپاتلاردىمۇ ئەمەس. باشقا يەردە، باشقا نەرسىدە، خاننىڭ تورۇق تۇلپىرىدا... ئۇ ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

قۇياش ئولتۇرۇپ غەرب ئۇپۇقى ئوتقاشتەك تاۋلىنىشقا باشلىدى. ھايال ئۆتمەي قاراڭغۇ چۈشەتتى. بۇنى كۆرۈپ باتۇرنىڭ تاقىتىمۇ تاق بولدى. «ئەمدى دېلىغۇل بولۇپ ئولتۇرۇشقا، كۇتۇۋېرىشكە بولمايدۇ. كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسە... بۇنداق پۇرسەت ئەمدى كەلمەيدۇ. ئۇنى مۇشۇ تۇرقىدا، مۇشۇ يورۇقتا

تېپىۋېلىشىم كېرەك! ... ھېچبولمىسا ئۇنى يەنە بىر كۆرۈۋالسام، يېنىغا بېرىپ، تۇتۇپ سىلاپ... مىنىپ باقسام! ...» ئۇنىڭ يۈرىكى رىتىمىنى بۇزۇپ دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ ھاياجان ياكى جىددىيلىك ۋە ياكى قورقۇش ئىكەنلىكىنى ئۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويماسلىق ئۈچۈن مەست بولۇپ دەلدەڭشىگەن، ھاجىتى قىستاپ كەتكەن قىياپەتتە سورۇندىن ئايرىلدى. چاتقاللىق ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن يىتتى ـ دە، باغلاقتىكى ئاتلار توپىغا قاراپ يۈگۈردى.

ئۇنىڭ سورۇندىن ئايرىلغىنىنى، خاننىڭ تۇلپىرىنى ئىزدەپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بايقىمىدى، ھېچكىم سەزمىدى. بەلكىم شۇنداق بولغاندۇر. شۇنداق بولسىدى ئىلاھىم! ... تورۇق تۇلپار قەيەردىدۇر؟ ... باتۇر شۇنداق ئويلار بىلەن ئۆزىدىكى جىددىيلىكنى بېسىشقا تىرىشاتتى. ئۇ بېشىنى ئېگىپ، يېنىك چامداپ، شەپە چىقارماستىن باغلاقتىكى ئاتلار ئارىسىغا كەلدى. ئىزدەپ يۈرۈپ تورۇق تۇلپارنى ئاخىر تاپتى. «ئۇ ئەنە! دەل ئۆزى! ... ئېگىرىمۇ ئېلىنماپتۇ. ئۇ مېنى يېقىن بارغىلى قويارمۇ؟ بېشىنى تۇتسام، بوينىغا ئېسىلىپ يالىنى تارىسام، مىنىپ چاپتۇرسام! ...» ئۇ بىردىنلا ھەممىنى ئۇنتۇدى. ھېچكىمگە، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئۆزىنى تورۇق تۇلپارغا ئاتتى. تۇلپار ئۈركۈمىدى، قاچمىدى، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ، كۆزلىرىنى ناتونۇش يىگىتكە تىككىنىچە بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى كېرىپ، ئۇنىڭ پۇرىقىنى ھىدلىدى. ياش يىگىت ھاياجان ئىچىدە ئۇنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتى. بۇ چاغدا تۇلپار سەل ئۈركۈگەندەك، ياتسىراپ بىئارام بولغاندەك قىلدىيۇ، ئەمما يەنە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى.

— «قورقما، ئۈركۈمە، مەن يات كىشى ئەمەس. سېنىڭ يېقىن دوستۇڭ. مەن ساڭا ئامراق. مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن! ...»

باتۇر پىچىرلىغىنىچە ئاتنىڭ بېشىنى سىلىدى، يېقىن كىشىسىنى، سۆيگىنىنى قۇچاقلىغاندەك ئۇنىڭ بوينىنى قۇچاقلىدى، يالىنى تاراپ، تۈكلىرىنى سىلاپ سۆيدى. دەل مۇشۇ چاغدا تۇلپار

غىدىقى كەلگەندەك يېنىك تېپىرلاپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ بې-
شىنى سىلكىپ شوخلۇق قىلدى. ئاندىن يەنە جىم بولۇپ، بېشىنى
ئېگىپ «كەل، يىگىت، چاپايلى! » دېگەندەك قىلىپ، تۇمشۇقى
بىلەن باتۇرنى نوقۇپ - نوقۇپ قويدى. بۇنىڭدىن باتۇر چەكسىز
هاياجان ۋە شادلىققا تولدى. «ئىككىمىز··· قاچىمىزمۇ - يا؟ ! »
دېدى ئۇ تورۇق تۇلپارغا مۇراجىئەت قىلىپ. شۇنداق قىلسا،
تۇلپارغا مىنىپ قاچسا، ئۇنى كىم قوغلاپ يېتەلەيتتى؟ كىم تۇتۇ-
ۋالالايتتى؟··· تۇلپارمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ ماقۇللۇق
بىلدۈرگەندەك نەم، ئىسسىق لەۋلىرىنى ئۇنىڭ تۇكلۇك يۈزىگە
سۈركەپ پۇتلىرىنى تېپىرلاتتى. ئەجەبا، ئۇ ئۇنىڭغا شۇنداق تو-
نۇشلۇق بەرمەكچى، ئۇنى شۇنداق قوبۇل قىلماقچى، سۆيمەكچى
بولۇۋاتامدىكىن؟ بارلىق جان - جانىۋارلار ئالدىنئالا نېمە ئىش
بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرىدۇ دېيىشىدىكەن. بەلكى ئۇمۇ باتۇرنىڭ
كۆڭلىدىكى ئۆزىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقىنىنى، ئۆزىنىڭمۇ
هامان بىر كۈنى ئۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ سۇنماس قانىتى بولۇپ
قالىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا كېرەك. ئەپسۇس، ئۇنىڭ سۆزلەش-
كە تىلى يوق!

باتۇر تۇلپارنى قۇچاقلاپ، يۈزلىرىگە سۆيۈپ، يالىنى تاراپ، بوينى ۋە كۆكرەكلىرىنى سىلىغاچ ئاستا ئۇنىڭ سول يېنىغا ئۆتتى - دە، قورسىقىدا ساڭگىلاپ تۇرغان كۈمۈش ئۈزەڭگىگە پۇتىنى ئېلىپ لىككىدە ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئاھ! نېمىدېگەن هۇزۇر، نېمىدېگەن بەخت! مانا ئەمدى ئۇ قانات تاپتى!··· بىراق دەل مۇشۇ پەيتتە، باتۇر تېخى دېۋىتمەستە، تۇلپار نېمىشقىدۇر تېپىرلاپ كەينىگە شوخشۇدى - دە، ئالدى پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ قاتتىق كىشنىۋەتتى. باتۇر نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بول-غۇچە خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك، يەردىن لوككىدە ئۈنۈپ چىق-قاندەك ئالىپ بۇقا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئەسلىدە ئۇ مېنى پايلاپ تۇرغانىكەن - دە؟··· ئارقىدىنلا يەنە بىرنەچچە ئايغاقچى - سىپاهلار پەيدا بولۇپ ئۇنى قورشىۋالدى. ئاھ كاج تەقدىر!··· ئۇلار ئۇنى خانىنىڭ تەۋەررۈك تۇلپىرى ئۈستىدىن يۇلۇۋېلىشتى -

www.uyghurkitap.com
تۇتقۇر كىتاب تور بېكىتى

دە، پۈتلىرىنى يەرگە تەگكۈزمەي خاننىڭ ئالدىغا ئاپىرىشتى.
— ئۇ سىزنىڭ تۇلپىرىڭىزنى ئوغرىلاپ، قېچىپ كەتمەكچى بولغانىكەن، خان، — دېدى ئالىپ بۇقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، — بىز ئۇنى نەق مەيداندىلا تۇتۇۋالدۇق.
— سەن، بارىمتاي، راست شۇنداق قىلماقچىمىدىڭ؟! — دېدى خان تۇتقۇننىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ، ئەلپازىدىن ئۇنىڭ دەرغەزەپكە كەلگەنلىكى مانامەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.
— ياق... — دېدى باتۇر ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشسىمۇ يەنە ھودۇقۇپ، — مەن قاچماقچى ئەمەستىم. مەن پەقەت... ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىپ... مىنىپ بېقىش ئۈچۈنلا...
— شۇنداقمۇ؟ — دېدى خان يەنە غەزەپ بىلەن تەنە قىلىپ.
— شۇنداق، — دېدى باتۇر ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ، — مېنىڭ باشقا غەرىزىم يوق...
خان نېمىشقىدۇر تۇتقۇنغا قايتا سوئال قويمىدى. ئۇ ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەندىمۇ ياكى ئىشەنمىدىمۇ، بۇنىسى نامەلۇم. ئەمما ئۇنىڭ بۇنچە چوڭ ئىشقا سوكۇت قىلماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئالىپ بۇقا تۇرالماي قالدى.
— ياق، خان، ئۇ يالغان ئېيتىۋاتىدۇ! — دېدى ئۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن ۋارقىراپ.
— ياق، مەن يالغان ئېيتمىدىم، — دېدى تۇتقۇن ئۆزىنى ئاقلاپ.
— ئۇ يالغان ئېيتمىغان بولسىمۇ سىزنى كۆزگە ئىلماي، سىزنىڭ تۇلپىرىڭىزغا چېقىلدى، خان! — دېدى ئالىپ بۇقا، — بىز ئۇنى تۇلپارغا مىنىپ بولغان يەردىن تۇتۇۋالدۇق. بۇ قىلمىشى ئۈچۈنمۇ ئۇ ئوخشاشلا ئۆلۈمگە لايىق!
خان ئالىپ بۇقىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا يەنە ئىپادە بىلدۈرمىدى، نېمە دېيىشىنى بىلەلمىگەندەك باتۇرغا قادىلىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ بىر پەس تۇردى. ئۇ باتۇرغا ئىشەنمەيۋاتاتتى. «ئاتقا مىنگەن كىشى چاپماي قالامتى؟ تۇتۇلمىغان بولسا قاچاتتى ـ دە!...» ئەمما ئۇ كۆتمىگەن يەردىن

سانغونغا باتۇرنى قويۇۋېتىشنى بۇيرۇدى.

— بىراق، خان!...

— بولدى بەس! — دېدى خان ئالىپ بۇقىغا قولىنى شىلتىپ، — قويۇۋەت ئۇنى!

ئاندىن ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ غەزىپى يانغاندىن كېيىن، قاپقىدنى ئاچماي تۇرۇپ باتۇرغا مۇنۇ سۆزلەرنى قىلدى:

— سەن، يالغان ئېيتمىغانسەن بەلكىم. لېكىن مېنى ئۇنچە ساددا، كەڭ قورساق چاغلاپ قالما. مەن بىلىمەن، سېنىڭ نېمەلەرنى ئويلىغىنىڭنى!... سەن بۇ قىلمىشىڭ ئۈچۈن تېگىشلىك جازاغا تارتىلىسەن. ئەمما بۈگۈن ئەمەس، كېيىن. چۈنكى مەن بۈگۈن ناھايىتى خۇشال. مېنىڭ سېنى دەپ كەيپىمنى ئۇچۇرغۇم يوق. لېكىن ساڭا شۇنى ئەسكەرتىپ قوياي، سەن ئەمدى شوخلۇق قىلىمەن دېمە. بۈنىڭدىن كېيىن ئۆزۈڭنى بىلىپ يۈر، ئەقىللىقراق بول. بولمىسا پۇشايمانغا قالىسەن!

— ئۇقتۇم، خان، — دېدى باتۇر بېشىنى سىلىپ.

— ھە، بولدى، بەزمىمىزنى قىلايلى، — دېدى خان قولىنى كۆتۈرۈپ، — بارىمتاي، سالپىيىپ تۇرۇۋەرمەي بۇياققا كەل. مەن بىلەن قىمىز ئىچ.

ئوۋ بەزمىسى تۈن نىسپىگىچە داۋام قىلدى. باتۇر بۇ كۆڭۈللۈك كېچىنى ئاچچىق ئەلەم ۋە دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئوۋ قوشۇنى ئەتىسى چۈشكە يېقىن ساندىبىلغا قايتتى.

باتۇر سارايغا سالپايغان ھالدا قايتىپ كەلدى. سادىق ھەم كۆيۈمچان قۇل ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— ساڭا نېمە بولدى، ھونزادە؟ — دېدى ئۇ بىر ئىش بولغانلىقىنى پەملەپ.

— ھېچ ئىش ...— دېدى باتۇرمۇ چاندۇرۇپ.

بۇنى كۆرۈپ قۇلنىڭ ھەيرانلىقى تەئەججۇپ ۋە ئەندىشىگە ئايلاندى. ئۇ خوجايىنىدىن ئەنسىرەپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىپلىۋالدى.

— دېسەڭچۇ، ھونزادە، زادى نېمە ئىش بولدى؟...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇۋدا خاننىڭ تۇلپىرىغا چېقىلىپ تۇتۇلۇپ قالدىم.
— نېمە؟... قاچماقچى بولغانمىدىڭ؟
— ياق... سەنمۇ شۇ گەپنى قىلىۋاتامسەن ماڭا؟
— ياق، ئەمدى... مېنى كەچۈر، ئاچچىقلانما، ھونزادە.
گېپىمگە قۇلاق سال. بىلىقسىز كۆل بولماس، يوسۇنسىز ئەل. سەن ئۆزۈڭنىڭ بارىمتاي ئىكەنلىكىڭنى، بۇ يەرنىڭ يوسۇننى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقىڭ كېرەك ئىدى. بۇ يەردە يوسۇن بەك قاتتىق. ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ، خاننىڭ تۇلپىرىغا چېقىلغانلارنىڭ كالىلىسى ئېلىنىدۇ. سەن قانداقلارچە بۇنداق... خەير، بولغۇلۇق بوپتۇ. خان مەردلىك قىلىپ ساڭا كەچچىلىك قىپتۇ. ئۇ ئەمدى بۇ ئىشلارنى قايتا تەگەپ ئولتۇرماس. لېكىن ئۇ سېنىڭ ئىپادەڭگە قارايدۇ. شۇڭا سەن بۇنىڭدىن كېيىن قاتتىق دىققەت قىلىشىڭ كېرەك.

باتۇر بەجەچقاندىن كۈتكىنىگە ئېرىشەلمەي ئاچچىقىنى كەلتۈ-رۈۋالدى. چۈنكى ئۇ بۇ سادىق قۇلدىن خاننىڭ ھەيۋىسىگە ئوخشى-شىپ كېتىدىغان تەنبىھ ـ نەسىھەتلەرنى ئاڭلارمەن دەپ ئويلىمىغا-نىدى. قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ ماڭدامدا بىر يوسۇن ـ ئادەت، قانۇن، خان؟ ... دەرۋەقە، ھونلاردىمۇ يوسۇن ـ ئادەت ۋە قانۇن بار. ئۇ يەردىمۇ تەڭرىقۇتنىڭ تۇلپىرىغا ھېچكىم چېقىلالمايدۇ. لېكىن ئۇ ئۆز يۇرتىدا بۇ يوسۇن ـ ئادەت ۋە قانۇن دېگەنلەردىن ئۆزىنى كۈچلۈكرەك سېزەتتى. ئەڭ بولمىغاندىمۇ ئۇ ئۇيەردە بۇ نەرسىلەردىن ئۇنچىۋالا ئېھتىيات قىلىپ قورقۇپ كەتمەيتتى. ئۇ يەردىكى جىمىكى نەرسە ئاسمان ـ زېمىن، كۈن، ئاي، تاغ، ئورمان، ئۆگۈز ـ ئېقىن، يايلاق ـ ئېكىن، تەڭرىقۇت ھەم ئۇنىڭ يوسۇنى... ھەتتا سىرلىق ئىلاھلارمۇ ئۇنىڭغا تونۇشلۇق، يېقىملىق، چۈشىنىشلىك ئىدى. بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا ئاسمان ـ زېمىن، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار... بىراق بۇ يەردە قەيەرگىلا بارما، قانداق ئىش قىلما، ئاسانلا يولدىن ئادىشىپ، كۆزگە كۆرۈنمەس تامغا ئۇسۇۋالىسەن. چەكلىمىگە ئۇچراپ، تەنبىھ ئاڭلاپ، جازاغا تارتىلىسەن...

«بارىمتاي بولۇپ تۇرغاقتا تۇرۇۋاتقان كىشى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتۇر بەلكىم» دەپ ئويلىدى ئۇ بىر پەستىن كېيىن بايىقى خىياللىرىغا بەرھەم بېرىپ. ئۇ بەجەچقاندىنمۇ ئاغرىنمىدى. ئۇنىڭ نەسىھىتىنى توغرا تېپىپ، بۇنىڭدىن كېيىن هوشيار بولۇشنى، ئۆزىنى تۇتۇپ يۈرۈشنى، ھەرقانداق ئىشنى ئوبدان ئويلىنىپ، ئالدى ـ كەينىگە قاراپ قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

راست دېگەندەك، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ خاننىڭ ئالدىغا چاقىرتىلدى. ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى كەڭ قوللۇقى راستتىنلا كەيـپـىنـى ئۇچۇرمـاسلىق ئۇچۇنلا ئىكەن ـ دە؟ نامەرد!... ئۇ مېنى نېمە قىلار؟ سوراقلاپ، يوسۇننى تونۇتۇپ مېنى جازاغا تارتارمۇ؟... ئۆلگىنىم مۇشۇمىدۇر؟...

ھالبۇكى، ئۇ خاننىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن، كۈتمىگەندە يەنە ياخشى مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. بۇ نېمە ئۇچۇن؟ ئەجەبا، خان ئۇنىڭغا يەنە كەڭچىلىك قىلارمۇ؟... خان ئۇلۇغۋار، يېقىملىق ھالدا ئالتۇن جامغا بال قۇيۇپ ئۇنىڭغا تۇتتى ـ دە، سۆز باشلىدى.

— سەن ھەقىقەتەن ئالىپ ئىكەنسەن، — دېدى ئۇ باتۇرنى تەرىپلەپ، — مەن بۇنى كۆرۈپ يەتتىم.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى باتۇر سەل گۇمانلىنىپ.

— شۇنداق، — دېدى خان، — ماڭا دېۋەڭ، ئەقىلسىزلەر ئەمەس، ساڭا ئوخشاش ئاڭلىق، ئەقىللىق بۆرىلەر كېرەك.

— چىشسىز بۆرىلەرمۇ؟ — دېدى ياش يىگىت يەنە خاننىڭ چىشىغا تېگىپ.

— ياق، چىشى ئۆتكۈر، ئۆزى سەزگۈر، جەسۇر، ئەقىللىق، ئاڭلىق بۆرىلەر، — دېدى خان سالماقلىق بىلەن ئېنىق گەپ قىلىپ، — بىلىمەن، سەن مېنى ياقتۇرمايسەن. مېنى مۇشۇ كۈنگە قويغان سەن دەپ قارايسەن. لېكىن شۇنى بىلىشىڭ كېرەك- كى، بۇ قارىشىڭ تامامەن خاتا! چۈنكى سېنى بۇ قىسمەتكە دۇچار قىلىپ نادامەتتە قويغان مەن ئەمەس، بەلكى ئاتاڭ تۇمەنخان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قورقۇنچاق خانلار!... ئاچچىقلانما، ئوغلان، ئۆزۈڭنى بېسىۋېلىپ تەخىر قىلىپ ئاڭلا. سەن ھەقىقەتەنمۇ باتۇر

www.uyghurkitap.com

ھەم قەيسەر، چېۋەر ھەم پاراسەتلىك، كۈچلۈك ھەم قۇدرەتلىك سەن. شۇڭا ئۆز ۋاقتىدىمۇ ياۋۇز تانيۆلەرنى بويسۇندۇرۇپ... چىنلىقلار بىلەن ئېلىشىپ... ئاتا - ئاناڭغا، ئۇرۇق - تائىپەڭگە شان - شەرەپ كەلتۈرگەن سەن. سەن ئەسلىدە ئاتاڭنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ ھون تائىپىسىگە باش بولۇشقا مۇناسىپ ئىدىڭ... لېكىن سەن ئالدىراپ قالدىڭ. ھە دېگەندىلا ئالىپەشلىك قىلىپ، ئاتاڭدىن يامانلاپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ياراتمىدىڭ. ئۇنىڭغا بويۇنتاۋلىق قىلىپ، ئۆزۈڭ بىلگەننى قىلىپ، ئۇنى خەۋپسىرىتىپ قويدۇڭ. ئۆزۈڭگە ئىشەنمەيدىغان قىلىپ قويدۇڭ. بولبۇل تۇرغان يەردە، تورغايغا نېمە قويۇپتۇ سايراشنى؟ ... يەنە تېخى ئۆزۈڭنى چاغلىماي چىنلىقلارغا، توڭگۇسلارغا، بىزگە، ماڭا قارشى مۇقام تۈزلىدىڭ، داۋراڭ سالدىڭ، — خان بىر پەس تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — ئەلۋەتتە، مەن بۇلار توغرۇلۇق سېنى يامانلىماقچى ئەمەسمەن. ياشلىق دېگەندە شۇنداق بولىدۇ. بەلكىم سەن ھەقلىقتۇرسەن... لېكىن شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، كىشىلىك ھايات، كىشىلىك تۇرمۇش تولىمۇ مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك. ھاياتتا، تۇرمۇشتا ... ھەققانىيەت كۆپىنچە ھاللاردا ھەقلىق كىشىلەر تەرىپىدە ئەمەس، بەلكى كۈچلۈكلەرنىڭ قولىدا بولىدۇ. شۇنى ھېس قىلىشىڭ كېرەككى، ئاتاڭ گەرچە ھەقلىق، ياراملىق بولمىسىمۇ، ساڭا قارىغاندا يەنىلا كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا ... ئۇ سېنى بارىمتاي قىلىپ مېنىڭ يېنىمغا ئەۋەتكەن. ئۇ مۇشۇ ئارقىلىق بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقتى. سېنى — بىباش، خەۋپلىك ئوغلىنى ئەپچىللىك بىلەن كۆزدىن نېرى قىلدى. مەندىن، توخرىلاردىن خەۋپسىرىمەيدىغان بولدى. ئىش مانا مۇشۇنداق ئاددىي. ئۇ ھېچقانچە كۈچىمەيلا كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتتى... لېكىن شۇنى سەمىڭگە سېلىپ قويايكى، بۇ ۋاقىتلىق ئىش. چۈنكى ئاتاڭ، ئۇنىڭ خانلىرى، يەنە سەنمۇ ماڭا قارىغاندا يەنىلا كۆپ ئاجىز، ئىقتىدارسىز. مەنلا، توخرىلارلا ئەمەس، ئەتراپىڭلاردىكى باشقا ئەل - خانلىقلارمۇ ئوخشاشلا سىلەردىن كۈچلۈك! لېكىن سىلەر بۇنى بىلمەيسىلەر، ھېس قىلمايسىلەر. پەقەت ئۆزۈڭلارنىلا بىلى-

ـسىلەر، ئويلايسىلەر. ئۆزۈڭلارنى چاغلىمايسىلەر. باشقا كىشىلەر-
نى، باشقا ئۇرۇق - تائىپىلەرنى، ئەتىراپىڭلاردىكى ئەل - خانى-
لىقلارنى ئۆزۈڭلارغا دۈشمەن، خەۋپ دەپ قارايسىلەر. شۇڭا سى-
لەر چۆچۈپ ئەنسىز ياشاۋاتىسىلەر. ھەتتا ھەرقايسى ھون قەبىلى-
لىرىمۇ بىر - بىرىگە ئىشەنمەي، تارقاق، تەپرىقە ھالەتتە تۇرۇۋا-
تىسىلەر.

سەن مۇشۇلارنى ئويلاپ بېقىشىڭ كېرەك. چۇغاي تېغى ئېتى-
كىدىكى كىچىككىنە تۇمەنبالىقتا ئەمەس، مانا مۇشۇ يەردە —
مۇقەددەس چىلان تېغى ئېتىكىدە، بارلىق ئۇرۇق - تائىپىلەر،
بارلىق ئەل - يۇرت جەم بولغان، تەلپۈنىدىغان مۇشۇ مەركەزدە
تۇرۇپ ئويلىشىڭ كېرەك! شۇنداق قىلساڭ، ئويلاپ يەتسەڭ،
ئاندىن كۆز ئالدىڭنىلا ئەمەس، يىراقنى، پارلاق كەلگۈسىنى كۆرە-
لەيسەن… قابىلىيىتىڭنى، كۈچۈڭنى تولۇق جارى قىلدۇ-
رۇپ، نام - ئاتاق، شان - شەرەپ قازىنالايسەن!… بەلكىم،
كېيىنچە مەن ئاتاڭ تۇمەنخان بىلەن قۇدا بولۇپمۇ قالارمەن. چۈنكى
مېنىڭ قىزىم سۇلسۇلە ئۇنىڭ يېنىدا… ئۇ چاغدا سەن بەلكىم
ھەممىنىڭ ئۈستىگە چىقىپمۇ قالارسەن…

— مەن ئويلىنىمەن، خان، — دېدى باتۇر بىر پەس ئېسەنگى-
رەپ تۇرغاندىن كېيىن ئىپادە بىلدۈرۈپ.

— مەن ئۆتكەنكى ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك قارارىغا كەل-
دىم، — دېدى خان، — يەنە تېخى ساڭا ئات بېرىشكە، ئۆزۈڭنىڭ
قوراللىرىڭنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇقمۇ چۈشۈردۈم. بۇنىڭدىن
كېيىن ساڭا قورال كېرەك بولىدۇ. بولۇپمۇ ئوۋ ئوۋلىغاندا،
بىراق دىققەت قىلغىنىكى، كىشىلەر ئارىسىدا ھوشيار بول!

— بۇ گېپىڭ راستمۇ، خان؟ — دېدى باتۇر خۇشاللىقىنى
باسالماي.

— ئەلۋەتتە. لېكىن مەن ساڭا تۇلپىرىمنى بەرمەيمەن. ئۆ-
زۈڭ مېنىڭ يىلقىلىرىم ئارىسىدىن كۆڭلۈڭگە ياققان بىرىنى تاللى-
ۋال، — دېدى خان.

— باي بول، خان. تەڭرىلەر ساڭا قۇت بەرسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 5

خاننىڭ باش يىلقىچىسى بارىمتاي سارىيىغا كەلگەندە تاڭ ئەمـ.
دىلا سۈزۈلۈۋاتاتتى. يىلقىچى ياشىنىپ قالغان، قاتاڭغۇر كىشى
بولۇپ، يىلنىڭ تۆت پەسلىنى تاغ ـ دالا، ئوچۇق ياىلاقتا ئۆتكۈز.
گەنلىكى ئۈچۈن چىرايىنى قورۇق بېسىپ قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇ
ئۆزى مىنگەن ئاتتىن باشقا يەنە ئېگەرلەنگەن ئىككى ئاتنى يېتىلەپ
كەلگەنىدى. ئۇ ساراي دەرۋازىسىنى ئۇرۇپ ئاۋۋال بەجەچقاننى
ئويغاتتى.

— ئۇ بارمۇ؟

— كىم؟ ... بارىمتايما؟ بار.

— ئۇنى ئويغاتساڭ، يىلقا پادىسىغا باراتتۇق. ئۇ ئۆزىگە ئات
تاللىۋېلىشى كېرەك. خاننىڭ بۇيرۇقى... ئەتىگەنلىك شەبنەم
كۆتۈرۈلگۈچە تۇتۇۋېلىش كېرەك ئىدى.

بەجەچقان باش يىلقىچىنى تونۇيتتى، خاننىڭ بۇيرۇقىنىمۇ
چۈشىنەتتى. ئۇ دەرھال باتۇرنى ئويغاتتى. باتۇر ئۇيقۇسىدىن ئوي.
غىنىپ، ئىشنىڭ تەكتىنى ئۇقۇپ بولغۇچە، ئۆيگە باش يىلقىچى.
نىڭ ئۆزىمۇ كىرىپ بولدى.

— ھە، ئويغاندىڭمۇ؟ ئورنۇڭدىن تۇر. تېز بول، ئوغلان.
ئات تاللاشقا بارىمىز، — دېدى ئۇ گەپنى قىسقا قىلىپ، — شەبنەم
كۆتۈرۈلگۈچە...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ باتۇرنىڭ ئۇيقۇسى بىلەن تەڭ چىرايىمۇ
ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ نېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلا
كىيىملىرىنى كىيدى ـ دە، قېرى يىلقىچىغا ئەگىشىپ تالاغا چىقـ.
تى. يىلقىچى ئۆزى ئەكەلگەن كۆل رەڭ ئاتنى ئۇنىڭغا بەردى.
بەجەچقان ئالا قاشقا بايتالغا مىندى. ئۇلار ساندىبىلنىڭ كۆن قوۋۇ.
قىدىن بىرىنچى بولۇپ چىقتى. ئاندىن شەبنەملىك ئوتلاقتا يېشىل
ئىزلارنى قالدۇرۇپ خاننىڭ يىلقىلىرى بېقىلىۋاتقان ياىلاققا قاراپ
يۈرۈپ كەتتى.

ھەيۋەتلىك تاڭ سەھەر مەنزىرىسى. تۈن تامان گىرىمسەن. شەرق ئۇپۇقى بولسا سۈزۈلۈپ، خەسسىدەك ئاقىرىشقا باشلىغان. سول ياندىكى بىپايان يايلاق، ياپيېشىل كۆپمە دۆڭلۈكلەر، ئوڭ تەرەپتىكى چاتقاللار قاپلىغان تۆپىلىكلەر، قويۇق ئۆسكەن قارىغايلار، ئۇنىڭ كەينىدىكى قامەتلىك چىلان تاغلىرى··· بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەتىگەنكى ئۇيقۇسىدىن تېخى ئويغانمىغانىدى. ئورماننىڭ بەزىبىر شالاڭ يەرلىرىدىمۇ تۇرۇم - تۇرۇم ئاقۇچ تۇمانلار لەيلەپ يۈرەتتى. چېكەتكىلەر، تومۇزغىلار تېخى ئويغانمىغان بولۇپ، ئاندا - ساندا بۇلبۇللارنىڭ مۇڭلۇق سايراشلىرى، بۆدۈنە، تورغايلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

تەبىئەت ئاتا قىلغان بۇ سېھرىي جىمجىتلىق قوينىدىكى بۇلبۇللارنىڭ سايرىشى، بۆدۈنە، تورغايلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى باتۇرغا ناھايىتى تونۇشلۇق ئىدى. ئۇ بىر چاغلاردا، مۇشۇنداق شەبنەم كۆتۈرۈلۈپ كۈن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتىكى تاڭ سەھەرلەردە ساپ ھاۋا يەپ سەيلە قىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتقا مىنىپ چۇغاي تېغى باغرىدىكى ئوتلاقلارغا، ئورمان ياقىلىرىغا بېرىپ كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ تېنى يايراپ پۇت - قوللىرى يېنىكلەپ كەتكەندەك، تاڭ سەھەردىكى سالقىن ھاۋادىن نەپەسلەنگەن ۋۇجۇدى خۇشاللىقتا چۆمۈپ كۆكتە پەرۋاز قىلغاندەك بولاتتى··· ئۇ كېتىۋېتىپ ئاشۇ چاغلارنى ئەسلىدى. بىراق بۇ يەردە ئاللىقانداق يېڭىچە بىر ئەركىنلىك، ئاللىقانداق يېڭىچە بىر شادلىق، گۈزەللىك جىلۋە قىلاتتى. بۇ يەردىكى تەبىئەت مەنزىرىسىگە نەزەر سالسا، ھەممە نەرسە لەرزان مۇزىكىغا جور بولۇپ شادلىق كۈيى ياڭرىتىۋاتقاندەك قىلاتتى. بەرگى - ياپراقلىرىدا شەبنەم تامچىلىرى يالتىراپ تۇرغان ئوت - چۆپلەرنى، ئاق، سېرىق، سۆسۈن رەڭلىك گۈل - چېچەكلەرنى، سايراۋاتقان بۇلبۇل، تورغاي، بۆدۈنىلەرنى قىزغىنىپ، سۆيگىنىنى سېغىنىپ، كۆڭلىنى بىئارام قىلغان ئېچىنىش، كەمسىتىلىش تۇيغۇلىرىنى يادىغا كەلتۈرۈپ يىغلاپ تاشلىغۇسى كېلەتتى، شۇنداقلا يەنە كۆك قەرىگە چىقىپ پەرۋاز قىلغۇسىمۇ

كېلەتتى.

باتۇر مانا مۇشۇنداق مۆڭلۈق خىياللارغا بېرىلىپ كېتىپ بارغىنىدا، توخرى خانىنىڭ تېخى تۇنۇگۇنلا ئېيتقان سۆزلىرى قۇ-لاق تۈۋىدە يەنە ياڭرىغاندەك بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى گۈزەل، سېھىرلىك مەنزىرە بىردىنلا غايىب بولۇپ، كۈتۈلمىگەندە پۈتۈن ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ خۇنۇك، كۆرۈمسىز بولۇپ قالدى. بايىقى چۈشىنىكسىز شاد - خۇراملىق، مۇڭ - زارلار بىلەن تەۋرەنگەن كۆڭۈل ئەمدى باشقىچە بىر قىسما جىددىي-لىك ۋە ئىزتىراپقا ئورۇن بەردى.

ئۇلار خېلى بىر يەرلەرگىچە ئۆز خىياللىرىغا سېھىرلەنگەندەك پاراڭ سېلىشماي ماڭدى. ساندىبىل ئارقىدا، خېلى يىراقتا قالغا-نىدى. ئۇلار شالاڭ ئۆسكەن چاتقاللار ۋە يازدىكى تومۇز تاشقىنلىرى يىقىتقان، ئېقىتقان شاخ - شۇمبا، يىلتىزلار بىلەن تولغان باشقا بىر ئوچۇقچىلىققا چىقىشتى. بۇ يەردىكى ئويمانلاردا كىچىك - كىچىك كۆلچەكلەر ۋە قومۇشلۇقلار كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئالدى تە-رەپتىن جەز قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىغاندا خانىنىڭ يىلقا ئۈيۈرلىرى بېقىلىۋاتقان يايلاققا يېقىنلاپ قالغان ئوخشايدۇ. مانا، چىلان تېغى باغرىدىن كەلگەن، مەيىن شامالمۇ يۈزلەرگە ئۇرۇلدى. قەيەردىندۇر كۆيگەن قامۇقنىڭ ئاچچىق ھىدى كەلدى. ئات تۇياقلىرى تېگىدىن ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن كىچىك قۇشلار پۇرۇلداپ ئۇچۇپ چىقىشقا باشلىدى. شەرق ئۇپۇقى قىزىرىپ ئور-مانلارنىڭ كەينىدىن، چىلان تېغىنىڭ شەرقىي ئۇچىدىن قۇياش نۇرى كۆرۈندى. باتۇر ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئەتىگەنكى قۇياشقا — كۈن تەڭرىسىگە چوقۇندى. باش يىلقىچى كېيىك كۆر-گەن ئوۋچىدەك ئالدىراپ ئېتىنى قويۇپ بەردى.

ئۇزاققا قالماي پاكار - پاكار چاتقاللىقلار ئارقىدا قالدى. ئالدى تەرەپتە كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بىپايان يايلاق كىمخابتەك يېيىلىپ ياتاتتى. بۇ يەردىكى ئوت - چۆپلەر بايىقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ يېشىل ھەم يۇمشاق ئىدى. يايلاقتا ھەددى - ھېسابسىز

تەلىم ـ تەسىم يىلقىلار يايلاپ يۇرۇشەتتى. نەچچە ئوقتام يىراقلىق-تىكى دۇپدۇگىلەك بىر تۆپىلىكتە پادىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى كۆرۈندى.

يايلاقىا كېلىۋاتقان ئۈچ چەۋەندازنى ھەممىدىن ئاۋۋال پادىچى-لار كۆندۈرگەن ئىتلار بايقىدى. ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازلىرىغا چەۋەندازلارنىڭ ئاتلىرى باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ يېنىك پۇشقۇرتۇشۇپ جاۋاب بېرىشتى.

— ئامانلىشىۋاتىدۇ، — دېدى تەجرىبىلىك باش يىلقىچى، — ئاتلار بىلەن ئىتلار كىشىلەردىن سەزگۈر بولىدۇ. ئەنە ئۇلار ئۆزئا-را تونۇشۇپمۇ بولدى... بىراق پادىچىلار كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئەنە، بىرى كېلىۋاتىدۇ، — دېدى بەجەچقان.

تۆپىلىكتىكى كىچىك ئاۋۇلدىن ئۇلارغا قاراپ بىر ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. يېقىن كەلگەندە ئۇ بىر ياش مالچى بولۇپ چىقتى.

— ھەممىڭلار تىنچ ـ ئامان تۇردۇڭلارمۇ؟ — دېدى باش يىلقىچى ھېلىقى ياش مالچى ئالدىغا كېلىپ توختىغاندىن كېيىن.

— تىنچلىق، بوۋا، — دېدى ياش مالچى.

ئۇ باش يىلقىچىغا جاۋاب بەرگەچ ئۇنىڭ يېنىدىكى باتۇرغا قىزىقىپ ھەم ئەيمىنىپ بىر قارىۋالدى. ئەمما ئۇ باتۇرنى يات كۆرمىدى. ئۇنى تونۇيدىغاندەك يېقىملىق تەبەسسۇم قىلدى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاۋۇلغا قاراپ چاپتى. ھاۋشىپ كېلىشكەن بىر-نەچچە ئىتمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىشتى.

— بۇ كىشى ھونزادە باتۇر، بارىمتاي. خاننىڭ يېقىنى، — دېدى باش يىلقىچى ئاۋۇلغا بارغاندىن كېيىن باتۇرنى مالچىلارغا تونۇشتۇرۇپ، — كۆن چىقىۋاتىدۇ يىگىتلەر، شەبنەم كۆتۈرۈلگۈ-چە ئۇنىڭغا بىرەر تولپار تۇتۇپ بېرىشىمىز كېرەك. بۇ خاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى...

— تۇتۇپ بېرىمىز، بوۋا، — دېيىشتى مالچىلار باتۇرغا قىزىقىپ نەزەر تاشلاپ.

— تولپار تۇتقۇچە، — دېدى باش يىلقىچى چۈشەندۈ-

روپ، — مىنگەن ئاتنىڭ تۆيقىدىكى شەبنەم قۇرۇمىغان بولسىلا، ئۇ ئات پەيدەك يەڭگىل، شامالدەك يۈگۈرۈك، ئارسلاندەك كۈچ-لۈك بولىدۇ. شۇڭا شەبنەم كۆتۈرۈلگۈچە تېز تۇتۇش قىلىشىمىز كېرەك.

— راست دەيسەن. ھازىرلا... — دېيىشتى مالچىلار.

— ياق، تۇلپارنى مەن ئۆزۈم تۇتىمەن! — دېدى باتۇر كۈتمە-گەندە باش يىلقىچىنىڭ چىشىغا تېگىپ، — ماڭا ئارغامچا بەرسەڭ-لارلا بولدى.

— تۇتۇشنىغۇ تۇتارسەن، — دېدى باش يىلقىچى، — شۇنداقتىمۇ ياردەم بەرمىسە بولماس.

— مېنىڭ ياردەمچىم بار، — دېدى باتۇر بەجەچقانغا قا-راپ، — ئارغامچا بېرىپ، — قەيەردىن تۇتىدىغانلىقىمنى كۆرسى-تىپ قويساڭلارلا بولدى.

— كۆرسىتىپ قويىدىغان گەپ يوق، — دېدى باش يىلقىچى باتۇرنىڭ تەرسالىقىنى ياقتۇرماي، — يىلقا توپلىرى يېنىڭدىلا تۇرۇپتۇ. بۇ ئاتلار خاننىڭ سانغۇنلىرىغا، سىپاھلىرىغا، يۈرۈش - سوقۇشلىرىغا ئاتاپ بېقىلىۋاتىدۇ. خاننىڭ ئەڭ ياخشى تۇلپارلىرى شۇلارنىڭ ئارىسىدا. كۆندۈرۈلگەنلىرىمۇ بار. سەن قاندىقىنى تاللايسەن، ئوغلان؟

— بۇنى ئۆزۈمگە قويۇپ بەر، — دېدى باتۇر، — ماڭا ئارغامچا بېرىڭلار.

ئۇنىڭ كاجلىقىغا قاراپ باش يىلقىچىنىڭ چىرايى تۈتۈلدى.

— ھاي! ھاي! ئوغلان، — دېدى باش يىلقىچى، — مەندەك تەجرىبىلىك يىلقىچى توخرى ئېلىدە بىرلا. خانمۇ يىلقا توغرۇلۇق ئالدىن مەن بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ. سەن خاندىنمۇ ئەقىللىق ئوخ-شىمامسەن!

— ئات تۇتۇش ئۈچۈن خان بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى باتۇر ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، — ئۆزۈڭ ماڭا تاللىۋال دېدىڭ. خاننىڭ بۇيرۇقىمۇ شۇ، شۇنداق بولغاندىكىن مېنىڭ يولۇمنى

تۇسۇما.

— يولۇڭنى تۇسۇغان گەپ يوق، ھونزادە، — دېدى باش يىلقىچى يۇمشاپ، — مۇنداقلا دەپ قويدۇم. بوپتۇ، ئىختىيارىڭ، قايسىسىنى خالىساڭ شۇنى تاللاپ تۇت. بىراق چەبدەسرەك بولارسەن... ئۇنىڭغا ئارغامچا بېرىڭلار.

چەتتىرەك تۇرغان بىر ياش مالچى يىلقىچى بوۋاينىڭ ئېغىزىدىن «ئارغامچا» سۆزى چىقىشى بىلەن تەڭ، كۈتمىگەندە قولىدىكى تۇرۇكلۇك ئارغامىچىنى باتۇرغا ئاتتى. باتۇر بۇنى دەرھال سەزدى - دە، ئۆزىنى ئوڭشاپ ئۇچۇپ كەلگەن ئارغامچىنى تۇرۇكلۇك پېتى تۇتۇۋالدى. ئۇنى سىنىماقچى بولغان ياش مالچىنىڭ، شۇنداقلا باشقا مالچىلارنىڭ كۆزلىرىدە شۇئان زوقلىنىش ئىپادىسى كۆرۈندى. ئوغىسى قايناپ كېتىۋاتقان باش يىلقىچىمۇ بۇنى كۆرۈپ جىم بولدى.

— خەير، ساڭا ئوڭۇشلۇق تىلەيمەن، — دېدى ئۇ غودۇڭشىپ.

باتۇر بىلەن بەجەقان تۆپىلىكتىن چۈشۈپ كۆزدىن يىتمەستىلا باش يىلقىچى چېچىلغىلى تۇردى.

— قېنى كۆرەرمىز، قانداق تۇتىدىغىنىڭنى! — دېدى ئۇ يەرگە تۈكۈرۈپ، — ماڭا ئۇستا تېپىلىپتۇ تېخى! ھون ئاققۇنى! ... ئورماندىكى بۆرىلەر ئارىسىدىن كېلىپ ئالدىمىزدا غادىيىۋالغىنىنى بۇ چۇپۇر يۈز مەخلۇقنىڭ! ...

— ئارغامچىنى شۇنداق ئەپچىل تۇتۇۋالدى - ھە! تۇرۇكلۇك پېتى! — دېدى مالچىلارنىڭ بىرى باتۇرغا بولغان قايىللىقىنى ئىپادىلەپ.

— ئالىپ بۇقىنى يەر چىشلەتكەن مۇشۇ يىگىتقۇ؟ — دېدى يەنە بىرى.

— يەر چىشلىتىپتۇمىش! — دېدى باش يىلقىچى تېخىمۇ ئوغىسى قايناپ، — نەچچە پالۋان بىلەن چېلىشىپ ھارغاندا، بۇرنىدىن تارتسا يىقىلغۇدەك ھالغا كېلىپ قالغاندا يىقىتماق تەسمۇ-

www.uyghurkitap.com

ـدى ئۇنى. ئۇ دېگەن بىر تاسادىپىيلىق، كۈتۈلمىگەن ئامەت...

ئەمما مالچىلار ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي باتۇرنىڭ تەرىپىـنى قىلىشۋېرىشتى.

— .بولدى، بۇ يەردە كوتۇلدىشىپ تۇرۇشماي بېرىپ چەتتىن بولسىمۇ كۆزىتىپ تۇرۇڭلار! — دېدى باش يىلقىچى زەردىگۆش بولۇپ بۇيرۇق ئاھاڭدا، — ئۇ بىرنېمە تۇلپار تۇتىمەن دەپ ئاتلارـنى تارقىتىۋەتمىسۇن يەنە!

— تارقىلىپ كەتسە ئۆزىمىز يىغىۋالىمىز، — دەپ كۈلۈشتى مالچىلار.

ئاندىن يېقىن ئەتراپتا ئوتلاپ يۈرۈشكەن ئېگەرلىك ئاتلارنى تۇتۇپ مىنىشتى ـ دە، باتۇرنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن پادىغا قاراپ چېپىپ كېتىشتى.

يىلقا پادىسى بەك چوڭ ئىدى. مىڭلىغان تىمەن يىلقىلار بىپايان كەڭ يېشىل ئوتلاقتا ئوتلاپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بېشىنى كۆتۈرمەي ئوتلىسا، بەزىلىرى بويۇنلىرىنى سوزۇپ، يالـلىرىنى يەلپۈتۈپ تاڭ سەھەردىكى مەيىن شامالنىڭ ئاللىقانداق يېقىملىق خۇش پۇرىقىدىن ھوزۇرلىناتتى ۋە ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك توختىماي ئويناقلايتتى. بەزىلىرى كۈتۈلمىگەندە ئۆزئارا يېقىنلىـشىپ بىر ـ بىرىنى پۇرىشىپ ناز تارتىشسا، يەنە بەزىلىرى قاتتىق تۇياقلىرى بىلەن بىر ـ بىرىنى تېپىپ ـ چىشلەپ كىشنىشىپ ئۆزئارا «ھەقىقىي جەڭ» قىلىشاتتى. پادىنىڭ چېتىدىرەك يۈرگەن شوخ ئاتلار چىرايلىق بويۇنلىرىنى ئالدىغا سوزۇپ، ئۇزۇن ياللىرىـنى لەپىلدىتىپ ئۆزئارا بەيگىگە چۈشكەندەك بىر ـ بىرىدىن ئۆزۈپ چېپىپ «مۆكىمۆكىلەڭ» ئويناۋاتقاندەك قىلاتتى.

يايلاقتىكى ئاتلار ھەرخىل، ھەر رەڭدە ئىدى. ئاق بوزلىرىـمۇ، قارا، قىزىل تورۇقلىرىمۇ، جەرەن، قۇلا، ئالا ئاتلارمۇ بار ئىدى. بەزى ئاتلارنىڭ قۇيرۇقلىرى ئاتايىن ئۇزۇن قالدۇرۇلغان بولسا، بەزىلىرىنىڭ قىسقا قىلىپ كېسىپ قويۇلغانىدى. بەزىلىرىـنىڭ يالى قىرقىلغان، بەزىلىرىنىڭ بولسا چاچتەك يەلپۈنۈپ تۇراتـ

تى. يايلاقتىكى ياۋۇز ئىلاھ، جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ كۆزى تەگ-
مەسلىك ئۈچۈن بەزى ئاتلارنىڭ ياللىرىغا، قۇيرۇقلىرىغا، بەزىلە-
رىنىڭ پۇت ـ چاناقلىرىغا ھەر خىل رەڭدىكى لاتا ـ پۇرۇچ ۋە
باشقا نەرسىلەر چىگىپ ھەم ئېسىپ قويۇلغانىدى.
كۆزلىرى چوغدەك يېنىپ تۇرىدىغان، بەرگى ـ ياپراقلارنىڭ
شىلدىرلىشىغىمۇ قۇلىقىنى دىڭ تۇتىدىغان ياش بايتال، ياش ئاي-
غىرلار يات كىشىنى كۆرگەن ھامان چەتكە تاشلىناتتى ياكى كونا
تونۇشىنى تاپقاندەك ھېچبىر تەپ تارتماستىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا
كېلىپ مىنگەن ئاتلىرىنى پـۇراپ كۆرەتـتى. تېخىمۇ يامانلىرى
ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي قۇيرۇق بولۇپ ئەگىشىپ ماڭاتتى.
يايلاقتىكى ئاتلار شۇنچىلىك كۆپ ھەم سەرخىل ئىدىكى،
ئۇلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈپ تاللاش ئۈچۈن بىركۈن ئە-
مەس، بىر نەچچە كۈنمۇ يېتىشمەيتتى. بىراق خاننىڭ باش يىلقى-
چىسى ئۇلارغا يېرىم كۈنمۇ ۋاقىت بەرمىدى. «شاپ بولۇڭلار،
شەبنەم كۆتۈرۈلگۈچە تۇتۇۋېلىڭلار… قارا ئۇنىڭ قاقۋاش، ھىيلى-
گەرلىكىنى!»
باتۇر ئېتىنى ئىلدام ماڭدۇردى. تېزرەك بىرەر ياخشى تۇلپار
تاللىۋېلىشقا تىرىشتى. بىراق ئۇنىڭغا پادىدىكى ئاتلارنىڭ بىرەرىمۇ
ياقمىدى. ئۇ تىمەن ھەم چىرايلىق ئاتلارنىڭ بىردەم بىرىنىڭ،
بىردەم ئىككىنچىسىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كۆرەتتى. بەزەنلىرىنىڭ
رەڭگىنى ياقتۇرمىسا، بەزەنلىرىنىڭ پۇتىنى، بېشىنى، بېلىنى
ياراتمايتتى. ئۇ كۆڭلىدە قۇشتەك يەڭگىل، ئارسلاندەك كۈچلۈك،
چويۇندەك چىداملىق، كۆڭۈلدەك يۈگۈرۈك ئات ئىزدەيتتى. نېمىلا
دېگەنبىلەن، ئۇ تاللىغان ئات ئۆزىنىڭ بولۇشى كېرەككۇ. ئۆزىگە
ئۇزاق ۋاقىت، ھەتتا بىر ئۆمۈر ھەمراھ، قانات بولۇشى كېرەككۇ!
شۇنداق ئىكەن، ئۇنداق يارامىلىق، نەسىللىك تۇلپارنى قانداقمۇ
ئالدىراپ ـ تېنەپ، شەبنەم كۆتۈرۈلگۈچە… تاللىغىلى بولسۇن؟
ئۇ ھېلى ئۇ ئاتقا، ھېلى بۇ ئاتقا كۆز تاشلايتتى. پادىنىڭ
ھېلى ئۇ تەرىپىگە، ھېلى بۇ تەرىپىگە ئۆتەتتى. ھېلى ئاتلارنى

ئۇركۇتۇپ قوغلىسا، ھېلى بىر يەردە جىم تۇرۇۋېلىپ كۈتەتتى. ئاتلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا ياقمىدى. خۇددى شۇنچە كۆپ تىمەن ھەم چىرايلىق ئاتلار ئارىسىدا ئۇنىڭغا يارىغۇدەك بىرەر نەسىللىك ئات راستتىنلا يوقتەك. كاشكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن توخرى خاننىڭ تەۋەررۇك تۇلپىرىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بولسىمۇ بىرەرى ئۇچراپ قالسىچۇ، نەسلى بىر بولغاندىن كېيىن بەلكىم...

ئۇ خاننىڭ تۇلپىرىنى يادىغا ئېلىش بىلەن تەڭ خاننىڭ ئۆزىنىمۇ ئېسىگە ئالدى. خاننىڭ تۇنۇگۈنكى سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە يەنە ياڭرىدى. ئۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا باشلىدى. ئۇ تۇنۇگۈن خانغا شۇنداق دەپ ۋەدە بەرگەنىدى... دەسلەپتە ئۇ تۇنۇگۈنكىگە ئوخشاشلا قاتتىق ئېسەنگىرىدى، نېمە قىلىشنى، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىرىدى، ھودۇقتى. چۈنكى خاننىڭ سۆزلىرى ھەقىقەتەنمۇ ۋەزنىلىك بولۇپ، كىشىنى ھە دېگەندىلا ھەرخىل ئوي ـ كويلارغا سالاتتى. ئەمما ئويلىغانسېرى، چۆشەنگەنسېرى ئۇ ئۆزىنى باشقىچە ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىگە كەلمەكتە، ھوشىنى تاپماقتا ئىدى. كېيىن ئۇ ئۆزىنى بارىمتاي ئورنىدا، ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇت تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ كۆزدىن نېرى قىلىنغان، ئۆزگە يۇرتتا، ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىدا باشقىلارنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇتقۇندەك، مەھبۇستەك ياشاپ كەمسىتىلىۋاتقان، خورلىنىۋاتقان ئەركىسىز، پاناھسىز، ئىقتىدارسىز بىچارە بايقۇش ئورنىدا ئەمەس، بەلكى توخرى خاننىڭ ئورنىدا، چىلان تېغى ئېتىكىدە، بۈيۈك كارۋان يولى ئۈستىدە، بارلىق ئۇرۇق ـ تائىپىلەر، ئەل ـ يۇرت جەم بولغان مۇشۇ مەركەزدە، ھەممىدىن كۈچلۈك ھەم ئۈستۈن تۇرىدىغان كىشى ئورنىدا تۇرۇپ، ئۆزىنى شۇنداق ئورۇنغا قويۇپ ئويلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى، خۇي ـ پەيلى، غۇرۇرى، ھىممىتى ۋە ئارزۇ ـ ئىستىكىمۇ شۇنداق ئىدى... ئۇ توخرى خاننىڭ مۇددىئاسىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ يەتكەن، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغان، تۇنۇگۈنكى سۆزلىرىدىن نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى، ئۇلۇغۋار تەسەۋۋۇرلارنى باي-

قىغانىدى. ئەمما ئۇ بۇلارنى ئۆزىگە، ئۆز ئۇرۇق - تائىپىسىگە تەتبىقلاپ، چىقىش يولى ئىزدىمەكتە ئىدى. چۈنكى ئۇ توخرى خانغا تىز پۇكۇپ ياشاشنى، ئۇ ئېيتقاندەك بىرىنىڭ ئاستىدا، كۆپ-نىڭ ئۈستىدە بولۇشنى خالىمايتتى. بۇنىڭ قۇللۇقتىن نېمە پەر-قى؟ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ توخرى خاندەك ھەممىنىڭ ئۈستىدە، بەلكى توخرى خاننىڭ، ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭمۇ ئۈستىدە تۇرغۇسى ھەم تۇرغۇچىلىكى بار. چۈنكى ئۇ جەسۇر ھەم شىجائەتلىك، باتۇر ھەم ئىقتىدارلىق. ئۇنىڭ قولىدىن ھېچقانداك ئوۋ قېچىپ قۇتۇل-غان ئەمەس، ھېچقانداق ياۋ ئامان قالغان ئەمەس. كۆزىدىن ھېچ-قانداق ئىشمۇ خالىي قالغان ئەمەس. ئۇ توخرى خاننىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇقداشلىرى ئارىسىغا قايتىپ بارسا... ئۇ چاغدا توخرى خان ئەنسىرەيدىغان، خەۋپسىرەيدىغان، ئۇنىڭ ھازىرقى ئارزۇسىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولغان ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن. چۈنكى ۋاقتى كەلگەندە، پۇرسەت پىشىپ يېتىل-گەندە، ئۇ ھونلارنى، بارلىق ھون ئۇرۇق - قەبىلىلىرىنى ئىتتى-پاقلاشتۇرۇپ بىر تۇغ ئاستىغا ئۇيۇشتۇرىدۇ. بۇ مۇقەددەس، بۈ-يۈك، تەۋرەنمەس تۇغ ئاستىغا يەنە نۇرغۇن ئۇرۇق - قەبىلىلەرنى، ئەل - خانلىقلارنى... توخرىلارنىمۇ جەم قىلالايدۇ. بۇ ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ!

ئەپسۇس، توخرى خان ئۇنى تېخى تولۇق چۈشەنمەيتتى. ئۇ-نىڭ بۇ ئارزۇسىنى، ئوي - خىيالىنى بىلمەيتتى. ئۇ خاننىڭ بۇ ھاماقەتلىكىدىن پايدىلىنىپ ياخشى ئات، قورال - ياراغ ۋە ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشىپ، بۇ يەردىن كەتكۈچە، مەلۇم مەزگىلگىچە بولسىمۇ، ئەركىن - ئازادە، شاد - خۇرام ئۆتىدۇ. ۋاقتى كەلگەن-دە خان ھېچنېمىنى ئۇقمايلا قالىدۇ، لېۋىنى چىشلەپ، ساقىلىنى تۇتاملاپ ئەلەمگە، نادامەتكە پاتىدۇ. ئۇ شۇنداق پۇشايمان يېيىشكە تېگىشلىك. چۈنكى ئۇ ھونلارنى نېمە كۆردى؟ باتۇرنى نېمە كۆر-دى؟... قىزىنى سايە قىلىشلىرىچۇ تېخى! كىچىك بالا ئەمەس ئۇ، ئۇنداق ئاسان گوللىنىلى بولىدىغان. ئىت ئەمەس ئۇ، ئۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاسان كۆندۈرۈۋالغىلى بولىدىغان.

قۇياش كۆتۈرۈلۈپ شەبنەملەر قۇرۇشقا، گۈل - چېچەكلەر خۇش پۇراق چېچىپ قۇشلار خەندان ئۇرۇپ سايراشقا، مىڭلىغان يىلقىلار دەسسەپ ئۆتكەن، ئەمما دەسسەپ ياتقۇزۇۋېتەلمىگەن ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا چېكەتكە، تومۇزغىلار چىرىلداشقا باشلىدى. تەبىئەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىۋاتاتتى. باتۇر تېخىچە ئاتنى تاللاپ بولالمايۋاتاتتى، بەجەچقان بۇنى كۆرۈپ تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى.

— كۈن ئىسسىپ شەبنەم قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ، ھونزادە، بىز قاچانغىچە مۇشۇنداق ئات ئارىلاپ لاغايلاپ يۈرىمىز؟

— نېمىگە ئالدىرايتتىڭ سەن؟...

باتۇر ياردەمچىسىگە توڭ تەگدى. ئۇنىڭ چىرايى بارغانچە تۇتۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە بەجەچقانمۇ ئوخشاشلا تىت - تىت بولۇۋاتاتتى. ئەجەبا، شۇنچە كۆپ تىمەن ئاتلار ئارىسىدىن ئۇنىڭغا يارىغۇدەك بىرەر تۇلپار تېپىلماسمۇ؟... ئۇ باش يىلقىچىنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىسىمۇ، «شەبنەم كۆتۈرۈلگۈچە...» دېگىنى يۈرىكىنى تاتىلاپ كۆڭلىنى بىئارام قىلاتتى. «ھېيلىگەر قېرى!... ئىشىڭنى قىل. مەن ئۆزۈم ئالدىرىماي تاللايمەن».

— قارىغاندا ئالدىرىغان بىلەن بولمىغۇدەك، — دېدى ئۇ بەجەچقانغا بىر پەس ئۆتكەندىن كېيىن، — سەنمۇ تازا كۆڭۈلشىمەيۋاتىسەن بۇ ئىشقا... بولدى. ناشتىمۇ قىلماپتۇق. قورساقمۇ ئېچىپ كېتىۋاتىدۇ. يۈر، قايتايلى. چۈشلۈك غىزادىن كېيىن يەنە قاراپ باقارمىز.

ئۇلار كەچ كىرگۈچە كۆزىتىپ ئاخىر بىر چىلان تورۇق تۇلپارنى تاللىدى. لېكىن باتۇر ئۇنىڭدىن يەنىلا رازى ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇ ئات تۇرقىدىن خانىنىڭ تۇلپىرىغا ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۇنىڭغا يەتمەيدىغاندەك تۇراتتى. بەلكىم ئۇنداقمۇ ئەمەستۇر. بىراق ئۇنىڭغا شۇنداقتەك كۆرۈنۈۋاتاتتى.

كۆلگەن چىرايلىق ئەمەس، كۆيگەن چىرايلىق دېگەن مانا شۇ - دە. لېكىن نېمە ئامال بۇنىڭغا؟... باتۇر كۆڭلى غەش، ئويچان هالدا شەھەرگە قايتتى.

شۇ كۈنى كەچتە ئۇ يېڭى ئېتى، خانىنىڭ تۇلپىرى، خانىنىڭ باش يىلقىچىسى، خان ۋە ئۇنىڭ ھېلىقى سۆزلىرى توغرىسىدا ئۇزاققىچە ئويلىنىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى ۋە ئۇخلاپ ئۇزاق ئۆتمەي چۈش كۆردى. چۈشىدە كېچە سۈتتەك ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەنىدى، تولۇن ئاي كۆكتە سالماق ئۈزەتتى. يۇلتۇزلار يارقىن چاقنايتتى. ئۇ بولسا ئۆز ئۆيىدە، هازىر ئۇخلاپ ياتقان بۇگلۇك ئۇستىدە، گىرىمسەن يورۇقلۇقتا تامغا يۆلىنىپ، تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئول-تۇرۇپ ئاللىقانداقتۇر شېرىن ھەم ۋەھىملىك خىياللارنى سۈرەت-تى... دەل مۇشۇنداق پەيتتە، ئۆي ئىچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ قانداقتۇر بىر يېنىك ئاياغ تىۋىشى ۋە نېمىنىڭدۇر تېز، رىتىملىق هاسىرىغان نەپەس ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. باتۇر چۆچۈپقىنا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆي ئىچىگە قارىدى ۋە كۆزلىرى بىلەن ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنى ئاختۇردى. هايال ئۆتمەي ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا، پەگاھتا تۇرغان كۆزلىرى چوغدەك بىر مەخ-لۇقنىڭ كۆلەڭگىسىنى ئىلغا قىلدى، قۇرت!... كۆك قۇرت!... ئۆيدە بىر كۆك بۆرە پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى باتۇرغا تىكىپ، ئېغىزىنى ئېچىپ تىلىنى ساڭگىلد-تىپ، تېز - تېز هاسىراپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆپكۆك سىرت-لىرى، يىرىك ياللىرىمۇ يالتىراپ كەتتى. ئۇ تېخىمۇ سۈرلۈك ھەم سىرلىق تۇسكە كىردى. باتۇر قورقۇپ كەينىگە سۈرۈلدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، كۆك بۆرە ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ، ئېغىزىنى ئېچىپ، مەرگەن چىشلىرىنى چىقىرىپ، ساڭگىلاپ تۇرغان قىپقى-زىل تىلىنى مىدىرلىتىپ قويۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى.

باتۇر كۆك بۆرىدىن قورقمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تالاغا چىقتى... ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى پايانسىز كەتكەن تۈپتۈز، ياپيېشىل يايلاقتا، بىر ئۇچقۇر ئاتنىڭ ئۇستىدە كۆردى. ئات

شامالدەك تېز ھەم سىلىق چاپاتتى. قۇياشقا قاراپ ئۇچاتتى. كۆك بۆرە ئۇنىڭ ئالدىدا يول باشلايتتى. ئۇمۇ شۇنداق تېز يۈگۈرۈيتتى. يادىن ئۈزۈلگەن ئوقتەك سويلاپ ـ سويلاپ ئالغا تاشلىناتتى، ئۇچاتتى. ئۇ پات ـ پات يۈگۈرۈشتىن توختاپ، بېشىنى بۇراپ كەينىگە قاراپ قوياتتى. چىپىپ كىلىۋاتقان ئۇچقۇر ئات بىلەن باتۇرنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇمشۇقىنى سوزاتتى ـ دە، سىرلىق ھەم ۋەھىملىك ئاۋازدا ھۇۋلايتتى. ئاندىن يەنە قۇيرۇقىدىنى سىلىپ ئوق يىلاندەك ئالغا تاشلىناتتى. ئۇچقۇر ئات بولسا بۇنداق چاغدا سېھىرلەنگەندەك قاتتىق كىشنەيتتى ـ دە، چاپچىپ پۇتلىرىنى تېزلىتىپ، بۆرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ تېخىمۇ تېز چاپاتتى… بۇ ئات باتۇرغا تونۇشلۇقتەك كۆرۈندى. رەڭگى، تۇرقى، چېپىشلىرى، كىشنەشلىرى… بۇ توخرى خاننىڭ تۇلپىرىغۇ؟ تۇرۇق تۇلپار؟ ئۇ قانداق بولۇپ مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالغاندۇر؟… ئۇ نېمىشقا توختىماي كىشنەۋېرىدىغاندۇر؟…

باتۇر بىردىنلا ئويغىنىپ كەتتى، ئۆزىنى ئۆي ئىچىدە، قاراڭغۇلۇقتا كۆرۈپ چۆچۈدى. ھودۇققان ھالدا ئۆي ئىچىگە نەزەر سالدى. بۇ چاغدا بۆرىمۇ، ئاتمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۆي ئىچى، ھەتتا پۈتۈن كائىنات جىمجىت. پەنجىرىدىن ئاي شولىسى چۈشۈپ تۇراتتى… بۇ قانداق ئىشتۇر؟ … چۈش كۆردۈممۇ نېمە؟… ئۇنىڭ يۈرىكى ۋەھىمىدىنمۇ ياكى ھاياجاندىنمۇ، ئىشقىلىپ، تېز ـ تېز سوقاتتى. دۈپۈلدىگەن ئاۋازى قۇلىقىغا ئاڭلىناتتى. دەل مۇشۇ پەيتتە، ئۇ چۈشىدىكىگە ئوخشاشلا يىراقتىن كەلگەن بۆرىنىڭ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇپ ھۇۋلىغان سىرلىق ھەم ۋەھىملىك ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بەلكىم شەھەر ئەتراپىدىكى قوتانلارغا تېگىش قىلماقچى بولغان بۆرىلەرنىڭ ئاۋازىدۇر!… ئەمما ئۇ ئارقىدىنلا يەنە ھېلىقى تۇلپارنىڭ يېقىنلا يەردىن كىشنىگەن ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىدى!… بۇ چۈشۈممۇ يا ئوڭۇممۇ؟ ئەجەبا بۆرىمۇ، ئاتمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئەمما بۆرە ھۇۋلاۋاتىدۇ، ئات كىشنەۋاتىدۇ. بۇ زادى قانداق ئىشتۇر؟ !…

ئۇ بىردەم ئېسەنگىرەپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى. تالامۇ، كېچىمۇ چۈشتىكى بىلەن ئوپمۇئوخشاش، سالقىن، سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. تولۇن ئاي ئاياس كۆكتە سالقىن ئۈزەتتى. ئەجەبا، بۇ سارايغا راستتىنلا بۆرە كەلگەندىمدۇر؟… كۆك بۆرە! تورۇق تۇلپار!… ئۇ تالادا، سارايىنىڭ ھويلىسىدا تۇرۇپمۇ ھېلىقى بۆرىنىڭ ھۇۋلىغان، تۇلپارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازلىرىنى يەنە ئاڭلىدى. بولۇپمۇ ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى يېقىنلا يەردىن، سارايىنىڭ ئارقىسىدىن، تاش سېپىل، خان ئوردىسى تەرەپتىن ناھايىتى ئېنىق، ئوچۇق ئاڭلاندى. قارىغاندا بۇ چۈش ئەمەس ئىكەن. سارايىنىڭ كەينىدە ئاتخانا بار ئوخشايدۇ. ئوردا ئاتخانىسى… خاننىڭ تۇلپارلىرى شۇ يەردە بولمىسۇن يەنە؟!…

باتۇر بىردىنلا ھەممىنى چۈشەندى. چۈشىگە ئۇلۇغ تۆز كۆك بۆرىنىڭ كىرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ سىرلىق بېشارەتلىرىنى؛ سارايىنىڭ ئارقىسىدا، تاش سېپىل ئىچىدە، يېقىنلا يەردە ئوردا ئاتخانىسى بارلىقىنى، تورۇق تۇلپارنىڭ شۇ يەردە تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندى، بىلدى. شۇ كۈندىن كېيىن باتۇر ئۆزگىرىپ يەنە باشقىچىلا بىر كىشىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ ھازىر ساندىبىلغا يېڭى كەلگەن چاغدىكى چۈشكۈن، جىمغۇر، تەرسا يىگىتكىمۇ، ھازىرقى سەيلىگە خۇشتار، ھەممىگە قىزىقىدىغان، باشقىلارغا باش ئەگمەيدىغان، قارام، سۆزمەن، ئەدەپسىز بارىمتايغىمۇ ئوخشاشمايتتى. ئۇ ھازىر ھەر قانداق ئىشنى ئويلىنىپ ئوبدان دەڭسەپ كۆرۈپ، ئالدى ـ كەينىگە قاراپ ئاندىن قىلاتتى. زېرىكىپ ـ تېرىكىپ، خورلۇق ھېس قىلىپ، غەزىپى ئۆرلەپ كەتكەندە، ھەرگىز يېنىكلىك قىلمايتتى، قۇتىرمايتتى، تەلۋىلەشمەيتتى. غېرىبسىنىپ، مۇڭ ـ زارغا پېتىپ ياۋاشلاپ قالغاندا، ئاسانلىقچە ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويمايتتى، چۈشكۈنلەشمەيتتى. ئوي ـ خىيالغا بېرىلگەندە، نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلاپ، نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىنتىلسىمۇ، ھېسسىياتىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئەقلىنى يوقاتمايتتى. تەڭرىگە سېغىنىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغ تۈز كۆك بۆرىنىڭ غايىبانە سىرلىق ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭ بېشارىتىنى كۈتەتتى، پەيت ـ پۇرسەت ئىزدەيتتى. ئۇ خانىنىڭ تۇلپىرىنى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان ئاشۇ تورۇق تۇلپارنى — دائىم ئويلايتتى، سېغىناتتى، ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى، مىنىپ چاپتۇرۇشنى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە قېچىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بەزىدە ئۇنىڭ كىشنىگەن ئاۋازىنى بولسىمۇ ئاڭلاش ئۈچۈن سارايىنىڭ ھويلىسىغا چىقىپ ئۇزاقتىن ئۇزاق تۇرۇپ كېتەتتى. بەزىدە ھەتتا سارايىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، قەلئە سېپىلىدىن ئارتىلىپ ئۇ تۇرۇۋاتقان ئوردا ئاتخانىسىغا چۈشمەكچىمۇ بولاتتى. خۇددى ئۇنى ئاشۇ يەردىن ئېلىپ قاچماقتىن باشقا ھېچقانداق ئامال يوقتەك. لېكىن سارايدا شوتا ـ پەشتاق يوق ئىدى. تاش تاملار، قەلئە سېپىلى پۇختا، يېرىقسىز، تىك ھەم ئېگىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوردا ئاتخانىسى، پۈتكۈل ئوردا قاتتىق قوغدىلاتتى. ئۇنى ئۇ يەردىن ئاچىقىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مانا بۇلارنى ئويلىسا، ئۇ بوشىشىپ، سولىشىپ قالاتتى. بىراق ئۇ تورۇق تۇلپاردىن مېھرىنى، ئۈمىدىنى زادىلا ئۈزمەيتتى. ئۇنى نىجاتلىق ئەڭگۈشتىرى دەپ بىلەتتى. ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشنى، ئېلىپ قېچىشنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمايتتى. ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۇنى ئويلايتتى، ئۇنىڭ كويىدىلا بولاتتى. ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ بولىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭغا تايىنىپ نىجاتلىق تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

## 6

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 211 ـ يىل. سۈتتەك ئايدىڭدا سۇر ـ ۋەھىمىسى ئاجىزلاپ يېقىملىقلىشىپ قالغان گىرىمسەن تۈن قاراڭغۇلۇقى ئۆزىنىڭ خاسىيەتكە تولغان سىرلىق سۈكۈناتى بىلەن كائىناتنى سېھىرلەپ ئاجايىپ تۈسكە كىرگۈزگەن، چىلان تېغى ئېتىكىدىكى ساندىبىل سۈتتەك ئاي نۇرى ئاستىدا ئېغىر جىمجىتلىقتا

چۆككەن پەيت ئىدى. خېلى كۈنلەردىن بېرى تىنچلىقى يەنە بۇزۇ-
لۇپ تاقەتسىز ئىزتىراپقا چۈشۈپ قالغان باتۇر بۈگۈن كېچىمۇ
ئۇيقۇسى قېچىپ ئۇخلىيالمىغاچقا، سارايىنىڭ ھويلىسىدا، پېشايۋان
ئاستىدىكى تاش پەلەمپەيدە تېرە يوتقانغا ئورىنىپ ئېغىر، ئەلەملىك
خىياللارنى سۈرۈپ ئولتۇراتتى. كېچە سوغۇق بولغىنى بىلەن تىنچ
ھەم گۈزەل ئىدى. چىلان تېغى تەرەپتىن سوقۇپ تۇرغان ئىزغى-
رىن شامال ھويلا ئىچىدە بوش قۇيۇنداتتى. شامال ئۇنىڭ قويۇق
تۈك - ساقال باسقان سۈرلۈك يۈزىنى ئەيمەنمەي سۆيۈپ، مۈرىلى-
رىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى يېنىك يەلپۈتۈپ، دىماغلىرىغا
ئاللىقانداق پۇراقلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئۇراتتى. لېكىن ئۇ
بۇلارنى سەزمىگەندەك، بۇلارغا ھەپسىلىسى يوقتەك خىيالغا
بېرىلىپ مۇڭ - زار ۋە ھەسرەت - نادامەتكە پېتىپ، ئاقۇچ ئاسمان
ۋە ئاي - يۇلتۇزلارغا بېقىپ ئولتۇراتتى. ياندىكى ھۇجرىلاردىن
ئۇيقۇدىكى بەجەچقان ۋە خاس مەھرەملەرنىڭ خورەك تارتىپ خار-
تىلدىغان، چۈش كۆرۈپ جۆيلۈگەن سۇس ئاۋازلىرى پات - پات
ئاڭلىنىپ قالاتتى.

بىر ئەسنادا، كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ يىراقتىكى
تاغ - ئورمانلىقتىن بۆرىلەرنىڭ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇپ
ھۇۋلىغان ئەلەملىك ئاۋازى ئاڭلاندى. كىشىنى سۈر باستۇرۇپ
شۈركۈندۈرىدىغان بۇ ۋەھىمىلىك ئاۋاز ھە دېگەندە باتۇرنىڭ خىيا-
لىنى بۆلۈپ دىققىتىنى تارتتى - دە، ئۇنىڭغا خۇددى بىر سىرلىق
بېشارەتتەك، چۈشىدە ئۆزىگە يول باشلىغان ھېلىقى كۆك بۆرىنىڭ
يۈرەكنى تىترەتكۈچى غايىبانە ئاۋازىدەك ئاڭلىنىپ كەتتى. گويا
ئۇ شۇ تاپتا يەنە ئۆزىنى چاقىرىۋاتقاندەك! ئۇ بىردىنلا سەگەكلەش-
تى، ھەسرەتلىك قەلبى ھاياجانغا تولۇپ، قانداقتۇر بىر خۇشاللىق
ۋە ئۈمىد - ئىنتىزارلىق بىلەن كۆككە باقتى. بۇ چاغدا ئاقۇچ،
غۇۋا كۆك رەڭگىمۇ بىردىنلا تىنىقلىشىپ سۈزۈلگەندەك، ئاي -
يۇلتۇزلار تېخىمۇ يارقىن چاقناپ پارلىغاندەك، كۆك بىلەن يەر
ئارىلىقى گويا ئاجايىپ بىر خاسىيەتلىك ئاپئاق نۇرغا تولۇپ تۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى www.uyghurkitap.com

كېچە، پۈتۈن ئالەم پاللىدە يورۇغاندەك بولدى!… ئەجەبا، تاڭ ئاتمىسا، يېشىنمۇ چاقمىسا، بۇ قانداق ئالامەتتۇر؟ بۆرىنىڭ ئەلەملىك ھۇۋلىشى، كېچىنىڭ پاللىدە يورۇشى… بۇ ئۇنىڭ سەزگۈسى، خىيالىي تۇيغۇسىمىدۇر؟ يا ئۇنىڭغا شۇنداق بىلىنەمدىكىن، شۇنداق كۆرۈندىمىكىن؟!…

دەل مۇشۇ پەيتتە، كۈتمىگەندە يەنە يېقىنلا يەردىن، سارايىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر ئاتنىڭ قاتتىق قىرقىراپ ئەلەملىك كىشنىگەن ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى!… ياق، بۇ ئۇنىڭ خىيالىي تۇيغۇسى ياكى چۈشى ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئويغاق ھەم سەگەك. ئاتنىڭ ئاۋازى راستتىنلا يېقىنلا يەردىن، سارايىنىڭ كەينىدىن ئوچۇق، ئېنىق ئاڭلىنىۋاتىدۇ، خانىنىڭ تۇلپىرىنىڭ، ئاشۇ تورۇق تۇلپارنىڭ تونۇش، يېقىملىق ئاۋازى! ئۇ كىشنەۋاتىدۇ! باتۇر تېخىمۇ سەگەكلەشتى، پۈتۈن ۋۇجۇدى چەكسىز ھاياجان ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە تولۇپ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى ـ دە، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېرىپ بۆرىنىڭ، ئاتنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن جىددىي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، پېشايۋانلىق سارايىنىڭ قارىيىپ تۇرغان ئېگىز تېمىنىڭ تۈۋىگە باردى.

شۇنداق، ۋاقتى بولدى، پەيتى كەلدى. ھېلىمۇ ئۇ بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى، مەھبۇستەك، تۇتقۇندەك. مۇشۇ ۋاقىتنى، مۇشۇ پەيتنى زارىقىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى. كۈن ـ تۈن، ھەپتە ـ ئايلارنى، يىللارنى ئاتا ـ ئانىسىنى، تۇغقانلىرىنى، ئۇرۇقداشلىرىنى، يۇرتىنى سېغىنىش ۋە ئەسلەش بىلەن ئۆتكۈزدى. تورۇق تۇلپار… ئۇ راستتىنلا سارايىنىڭ كەينىدە، يېقىنلا يەردىمىدۇر؟ كىشنىگىنى شۇ تورۇق تۇلپارمىدۇر؟ ئۇنى قانداق قىلىپ كۆرگىلى، مىنگىلى، قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ قاچقىلى بولار؟ ئەگەر ئۇنى قولغا چۈشۈرەلىسە، مىنىپ قاچالىسا، ئەر ئېتى بىلەن، قۇش قانىتى بىلەن دەپتىكەن، ئۇ چاغدا ئۇ سۇنماس قاناتقا ئېرىشەتتى، تەڭداشسىز كىشىگە ئايلىناتتى. ئۇنى ھېچكىم، ھېچ نەرسە قوغلاپ يېتەلمەيتتى، تۇتالمايتتى. دۇرۇس، تورۇق تۇلپار

ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ئىجاتلىق ئەڭگۈشتەرى، ئالماس قانىتى، كۆك تەڭرىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان شەپقىتى!... «يا تەڭرىم، ماڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت بەر، تىك قىياغا يامىشىپ چىققۇدەك غەيرەت ـ شىجات ئاتا قىل، چوڭقۇر ھاڭلاردىن، ئېگىز چوققىلاردىن ھالقىپ ئۆتكۈدەك، مەن قاچىمەن!...»

ئۇ شۇنداق ئويلاپ ھېچ ئىككىلەنمەستىن تامغا ياماشتى. سارايىنىڭ تاملىرى تاشتىن قوپۇرۇلغاچقا، ناھايىتى پۇختا، يېرىقسىز، تىك ھەم ئېگىز ئىدى. لېكىن بۇ تام ھازىر بىر تىك تاغ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. چۈنكى ئۇ ئاللىقاچان قەتئىي نىيەتكە كەلگەن، ئۇنىڭ ھازىرقى غەيرەت ـ جاسارىتىدىگە، كۈچ ـ قۇدرىتىگە ھېچنېمە كار ئەمەس. ئۇ تامغا ياماشماقتا، يۇقىرى ئۆرلىمەكتە. مانا، ئاز قالدى ئۆگزىدىگە. «يا تەڭرىم!...» ئۇ ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ قاتتىق ھاسىرايتتى، پۇت ـ قوللىرى تىترەپ، تېلىپ ماغدۇرسىزلىناتتى، بارماقلىرى، تىرناقلىرى يېرىلىپ جەينەكلىرى، تىزلىرى سۈرۈلەتتى. لېكىن ئۇ بولارغا قىلچە پەرۋا قىلمايتتى، چىشىنى چىشلەپ بار كۈچى بىلەن تامغا يامىشىپ ئاستا ـ ئاستا، غېرىچ ـ غېرىچلاپ يۇقىرى ئۆرلەيتتى... مانا، ئۇ ئۆگزىگىمۇ چىقتى. چىقتىيۇ، ئۆگزىنىڭ لېۋىدىن پەسكە قاراپ ئۆزىنىڭ قانداق يامىشىپ چىققانلىقىغا ئىشەنچ قىلالماي قالدى. «يا تەڭرىم، ئۆزۈڭ قۇدرەتلىك، ئۆزۈڭ مۆجىزىكار!...» دەل مۇشۇ چاغدا، ھېلىقى ئات ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ چىققانلىقىنى بىلگەندەك، ئۇنى كۆرگەندەك، شەپىنى سېزىپ ھىدىنى ئالغاندەك، ئۇنى چاقىرغاندەك يەنە كىشنىدى. باتۇر ئۆگزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ ئاتنىڭ ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە — قەلئە ئىچىگە نەزەر سالدى. شۇ تاپتا ئۇ ئاي نۇرىدا يالتىراپ چاپچىپ ـ تېپىرلاپ تۇرغان تورۇق تۇلپارنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى، كۆزلىرى ئېغىر جىمجىتلىقتا چۆككەن قەلئە ئىچىنى ئالا قويماي ئاختۇراتتى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولۇۋاتقىنى تورۇق تۇلپار ئەمەس، بەلكى چوڭ ـ چوڭ قارا

كۆلەڭگىلەر — قەلئە ئىچىدىكى خان ئوردىسىنىڭ قارىيىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئىمارەتلىرى، غۇۋا يورۇپ تۇرغان چوڭ - كىچىك ئۆگزىلەر، ئېگىز - پەس تاملار، دەرەخلەر سايە تاشلىغان سۇر-لۇك، قاراڭغۇ باغ - سەينا، كوچا - مەيدانلار؛ ئۇنىڭ بۇ تەرىپىدى-كى چەللە - ئۆگزىلەردە ئوت - چاۋارلار چىچىلىپ ياتقان، ئالدى-لىرىدا ياغاچ قاشا ۋە تۇۋرۇكلەر چوقچىيىپ تۇرغان ئوردا ئاتخانى-سى، قاراڭغۇ، قورقۇنچلۇق بۇلۇڭ - پۇچقاقلار ۋە بۇلارنى قور-شاپ غايەت زور بوغما يىلاندەك سۈرىلىپ ياتقان ئېگىز، قارامتۇل، سۇرلۇك تاش سېپىل ئىدى. تورۇق تۇلپار ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر كىچىك قارا كۆلەڭگە ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى، مىدىرلىمايت-تى. ئۇ قەيەردىدۇر؟ سېپىل ئىچىدىكى ماۋۇ ئوت - سامانلىق پاكار ئۆگزىلەر راستىنلا ئوردا ئاتخانىسىمىدۇر؟ تورۇق تۇلپار راستىنلا مۇشۇ يەردە تۇرامدىغاندۇر؟ ئۇ قايسى قوتاندىدۇر؟...

ئۇ تېخىمۇ، ئېنىقراق كۆرۈش ئۈچۈن ساراي ئۆگزىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە بېرىپ تام بىلەن تۇتاش قەلئە سېپىلى ئۈستىگە ئۆتمەكچى بولدى. چۈنكى سېپىل يېقىنلا يەردە، ساراي تېمى بىلەن تۇتىشىپ، ياندىشىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ھالبۇكى ئۇ ئۆگزى-نىڭ ئارقا گىرۋىكىگە بارغاندا، ئەھۋالنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك، بايا كۆرگەندەك ئەمەسلىكىنى بايقىدى. ساراي تېمى قەلئە سېپىلى بىلەن تۇتاش ياكى يېقىن ئەمەس ئىدى. ئارىلىقتا كەڭلىكى ئىككى غۇلاچ، چوڭقۇرلۇقى تام - سېپىل بىلەن تەڭ، ئۇزۇنلۇقى سېپىل بويلاپ سوزۇلغان قاپقاراڭغۇ، قورقۇنچلۇق بىر بوشلۇق بار ئىدى. تولىمۇ ئەپسۇس! قۇتسىز قۇدۇققا چۈشسە قوم يېغىپتۇ، دېگەن-دەك، بۇ چوڭقۇر ھاڭ باتۇرنىڭ يولىنى توسۇپ قويدى. ئۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تىت - تىت بولۇپ تۇرۇپ قالدى. «قارىغاندا، ئاتلاپ ئۆتمەكتىن باشقا ئامال يوق ئوخشايدۇ. ئاتلاپ ئۆتكىلى بولارمۇ؟... تورۇق تۇلپار... ئۇ قايسى قوتانغا سولانغان بولغىيدى؟ يەنە بىر كىشنىسىچۇ جانىۋار، تۇرغان يېرىڭنى بىلىۋالسام...» ئۇ سېپىل ئىچىگە بويىنى سوزۇپ، دىققىتىنى يىغىپ سىنچىلاپ

نەزەر سالدى. ئۆتكۈر كۆزلىرى، سەگەك سېزىمى بىلەن تورۇق تۇلپارنىڭ قارىسىنى ياكى ئۇ تۇرغان ئورۇننى ئىلغا قىلىشقا تىرىشتى. ئەپسۇسكى، ئۇ يەنىلا مەقسىتىگە يېتەلمىدى. لېكىن ئۇ بەختىگە، تەلىيىگە يارىشا بىر ئىشنى، يەنى خاننىڭ تۇلپىرىنىڭ قەلئە ئىچىدىكى مۇشۇ ئاتخانىدا ئىكەنلىكىنى ئېنىق جەزملەشتۈرۈۋالدى. ئۇ چوقۇم مۇشۇ ئاتخانىدا!... ئۇنىڭ يۈرىكى يەنىلا شوخ سوقاتتى، ھاياجىنى بېسىلماي نېمىگىدۇر ئالدىرايتتى. خۇددى تورۇق تۇلپارنى قولغا چۈشۈرۈپ بولغاندەك ياكى ئۇنى ئېلىپ قېچىش تەس ئەمەستەك خۇشال بولاتتى. «ئاھ تەڭرىم! بۇ چۈشۈم ياكى خىيالىم ئەمەستۇر؟ تورۇق تۇلپار... نىجاتكارىم، ئالماس قانىتىم!... ئۇ راستتىنلا ئۆيۈمنىڭ كەينىدە، ماڭا يېقىن يەردە تۇرىدىكەن ئەمەسمۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇنى نېمىشقا ئويلىمىغاندىمەن؟ ئويلىغان بولساممۇ نېمىشقا ئىشەنمىگەندىمەن؟ ئەگەر بۇنى بالدۇرراق ئويلاپ يەتكەن، بىلگەن بولسام، ئاللىقاچان... بىر ئامال قىلىپ... ماۋۇ ھاڭ پەقەتلا خىيالىمغا كەلمەپتۇ. ئاتلاپ ئۆتكىلىغۇ بولغۇدەك. سېپىل ئۈستىگە ئۆتۈۋالساملا...»

ئۇ ئاخىر ئويلاشقا ئۈلگۈرمەي سېپىل ئۈستىگە ئۆتۈۋېلىشقا ئالدىرىدى، ھاڭدىن ئاتلاپ ئۆتمەكچى بولۇپ كەينىگە داجىدى. لېكىن ئۇ كەينىگە يېنىپ ئۆگزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، نېمىشقىدۇر توختاپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. «ياق... ھاڭدىنغۇ ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەرمەن. ئاتخانىغا كىرىپ تورۇق تۇلپارنىمۇ تاپارمەن. لېكىن... ھازىر پەيتى ئەمەس. شۇنداق، بۈگۈن ئەمەس... ئۆگزىگە چىقتىم، چىقالىدىم. ھاڭنى، سېپىلنى، قەلئە ئىچىنى، ئوردا ئاتخانىسىنى كۆردۈم. تورۇق تۇلپار مۇشۇ يەردە ئىكەن، ئۆيۈمنىڭ كەينىدىلا. ماڭا ھازىرچە مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك. ۋاقتى كەلگەندە، تەڭرىلەر بېشارەت بېرىپ پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە، بۇ يەر ئارقىلىق ئاتخانىغا كىرىمەن. تورۇق تۇلپارنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئېلىپ قاچىمەن. ئۇ ھامان مېنىڭ بولىدىغۇ...!»

ئۇ تۇرۇپلا بۈگۈن كېچە قېچىش نىيىتىدىن يالتايدى. بەلكى

تۇغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ توغرا قىلغاندۇر. ھاۋىدىن ئۆتۈپ، ئاتخانىغا چۈشۈپ تورۇق تۈلپارنىغۇ تاپار. لېكىن ئۇنى ئوردا قەلئەسىدىن قانداق ئېلىپ چىقىدۇ؟ قانداق ئېلىپ قاچىدۇ؟ ساراي بىلەن سېپىل ئارىلىقىدى-كى ھاۋىدىلا بۇ قەلئەنىڭ، توخرى خان ئوردىسىنىڭ قانچىلىك بىخەتەر، مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولى-دۇ. ئۇ قەلئە ئىچىگە كىرسە بايقىلىپ، توسۇلۇپ، تۇتۇلۇپ قالماسمۇ؟... بەلكىم ئۇ نىيىتىدىن يېنىپ خاتا قىلغاندۇر. چۈنكى بۇنداق پۇرسەت، بۇنداق جاسارەت، بۇنداق كۈچ ـ قۇدرەت ئۇنىڭغا ئەمدى قايتا تېپىلماسلىقى مۇمكىن.

باتۇر ئۆگزىدە يەنە بىر پەسكىچە تۇردى، ئەتراپىنى، قەلئەنى، شارائىتنى كۆزىتىپ، ھەرخىل ئېھتىماللىقلارنى ئويلاپ، ئىمكاني-يەت ۋە مۇمكىنچىلىكلەرنى دەڭسەپ كۆردى، ئاندىن راستتىنلا نىيىتىدىن يېنىپ ئۆگزىدىن چۈشۈپ كەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ بۇ يەردە بۇنداق تۇرۇۋېرىشىمۇ خەتەرلىك. مۇبادا بىرەرى كۆرۈپ قالسا... لېكىن ئۆگزىدىن چۈشمەك ئۇنىڭغا چىق-قاندىنمۇ تەس بىلىندى. نېمانچە ئېگىز ئۆيلەر، نېمانچە تىك تاملار بۇ. خۇددى قورغاندەك، قىيادەك!... ئۇ ئۆگزىنىڭ لېۋىنى ياقىلاپ سىيرىلىپ چۈشۈشنىڭ ئامالىنى خېلى ئۇزاق ئىزدىدى. بىراق قانداقلا قىلمىسۇن بەربىر ئىدى. شۇڭا ئۇ تەۋەككۈل قىلىپ ئېگىز ئۆگزىدىن چوڭقۇر ھويلىغا ئۆزىنى تاشلىدى. «گۈلدۈر ـ قاراس، پالاق ـ پۇلۇق» قىلغان ئاۋازدىن كېيىن ھويلا ئىچى يەنە تىنچىپ جىمجىتلىققا چۆكتى.

باتۇر شۇ كېچىسى پەقەتلا تىنچ ياتالمىدى.

ئەتىسى ئۇ سەھەر تۇرۇپ سارايدىن چىقىپ كەتتى. ئۆزى يالغۇز كوچا ئايلىنىپ ئوردا قەلئەسىنى، قوۋۇق ـ دەرۋازىلارنى، قاراۋۇللارنى كۆزەتتى، چۈشكە يېقىن كۈن قوۋۇقتىن چىقىپ بۈيۈك كارۋان يولى ئۈستىگە باردى. ئۇ يەردىكى قونۇم ـ بازارلار-نى ئارىلاپ كىشىلەرنى كۆزەتتى. كۆزىتىپ، ئارىلاپ يۈرۈپ ساندى-بىلىنىڭ، كارۋان يولىنىڭ، بازار، ئۆتەڭ ـ قونالغۇلارنىڭ ئىلگى-

ـرىكىگە، تېخى نەچچە كۈن ئاۋۋالقىغا ئوخشاشمايۋاتقانلىقىنى، كە-
شىلەرنىڭ، كارۋانلار، سودىگەرلەر، يولۇچى، سەييامىلارنىڭ قا-
ياقلارغىدۇر كېتىپ ئازلاپ قالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئورنىغا قورال-
لىق، دۇبۇلغا - ساۋۇتلۇق ئاتلىق ئەرلەرنىڭ، سىپاھلارنىڭ پەيدا
بولۇپ، كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كىمنىدۇر ساقلاپ، بۇي-
رۇق كۈتۈپ تۇرۇشقىنىنى، بەزىلەرنىڭ نېمىشقىدۇر ئالدىراپ
ئۇياق - بۇياققا چېپىشىپ يۈرگەنلىكىنى، ۋەزىيەتنىڭ، كەيپىيات-
نىڭ تولىمۇ جىددىي، ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى... كۆرۈپ ۋە ھېس
قىلىپ، ھەيرانلىق، تەئەججۇپ ۋە دەرگۇمانغا چۈشتى. ئەجەبا،
بۇ قانداق ئىشتۇر؟ ئۇلارغا نېمە بولۇشقاندۇر؟... ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ
بىلىش ئېسىگە كېلىپ بىرەرىدىن سوراپ باقايچۇ دەپ تۇرغاندا،
خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا خاس قۇلى بەجەچقان ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا
بولدى. ئۇ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپلا قالغانىدى. ئوزايىدىن باتۇرنى
كۆپ ئىزدىگەنلىكى، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ جىددىيلىشىپ كەتكەنلى-
كى، يەنە قانداقتۇر بىر ئىشلاردىن ۋايىم يەپ يۈرەكزادە بولۇۋاتقان-
لىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

— سېنى ئاخىر تاپتىم، ھونزادە، — دېدى ئۇ خوجايىنى نېمە
ئىش بولدى دەپ سوراپ بولغۇچە، — يۈر، قايتايلى، خاننىڭ
بۇيرۇقى!...

ئۇنىڭ ئەنسىزچىلىكى باتۇرنىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى.

— دېگىنە، نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى ئۇ.

— سورىما، قايتىپ كېتەيلى. بارغاندا بىلەرسەن، — دېدى
بەجەچقان ئۇنى تارتىپ.

باتۇر نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەي ئۇنىڭ كەينىدىن
ماڭدى. ئۇ سارايغا قايتىپ بارغاندا ئاندىن ئەھۋالنى چۈشەندى.
بارىمتاي سارىيى ئاللىقاچان نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنىپ بولغانىدى.
كونا مەھرەملەر قاياققىدۇر كېتىشكەن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭى،
ناتونۇش قوراللىق ئون نەچچە سىپاھ ئالماشقانىدى. ئۇلار ئىشىك
ئالدىدا، ھويلا ئىچىدە قوراللىرىنى مەھكەم تۇتۇپ جىددىي ھالەتتە

www.uyghurkitap.com
تۇيغۇر كىتاب تورى

تۇرۇشاتتى. باتۇر ئۇلارنى كۆرۈپ ئەھۋالنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. خاننىڭ بۆيرۇقى!... ئۇ بەجەچقانغا قارىدى. قول يەرگە قاراپ تىترەپ تۇراتتى.

— نېمە قىلماقچى سىلەر؟... مەھرەملىرىم قېنى؟ — دېدى باتۇر.

— بىز خاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن سېنى ۋە بۇ سارايىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا كەلدۇق، — دېدى سىپاھلاردىن بىرى.

ئۇستۇۋېشى ۋە ئەلپازىدىن قارىغاندا، ئۇ ئونبېشى بولسا كېرەك. ئۇ يەنە بۇيرۇق ئاھاڭىدا مۇنداق دېدى:

— خان يەنە سېنىڭ بىخەتەرلىكىڭنى كۆزدە تۇتۇپ بۈگۈندىن كېيىن سارايدىن ئايرىلماسلىقىڭنى بۇيرۇدى.

— ھىم... ! — دېدى باتۇر بىر ئىشلار كۆڭلىگە كېلىپ غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن.

ئاندىن ئۇ خاس قولىغا چۈشلۈك غىزا ئەكىرىشنى بۇيرۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى ياپقاندىن كېيىن ئۇ يەنە ئويلىنىشقا باشلىدى. «توخرى خانغا نېمە بولغاندۇر؟ ئۇ مەھرەملىرىمنىڭ ئورنىغا قوراللىق سىپاھلارنى ئالماشتۇرۇپ نېمە قىلماقچىدۇر؟ خەۋپ ماڭا ئۇنىڭ ئۆزىدىن ياكى قول ئاستىدىكىلەردىن كەلمىسە، باشقا يەنە كىملەردىن يەتمەكچىدى؟... ئالىپ بۇقا ئاھانەتكە چىدىماي تەلۋىلەشكەن، خاندىن يۈز ئۆرۈپ ئىسيان كۆتۈرگەن، مەندىن ئۆچ ئالماقچى بولغان بولمىسۇن يەنە؟ بىراق بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟... يا بولمىسا توخرىلار، توخرى خان بىرەر يات تائىپىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدىمىكىن؟...»

— ھۇنزادە، غىزا ئەكىردىم، — سوۋۇتۇلغان پىششىق گۆش، — تېزلا كىرىپ كەلگەن بەجەچقان ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

— بۇ قانداق ئىش، بەجەچقان؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھودۇ-

قوپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپلا تۇرغان بەجەچقاندىن.
— مەن ... بىلمەيمەن، ھونزادە.
— سەن بىرەر ئىشنىمۇ سەزمىدىڭمۇ؟ — باتۇر ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىپلىشۋالدى.
— مەن ... سەزمىدىم، — دېدى بەجەچقان ئوڭايسىزلىنىپ، — لېكىن...
— ...
— مەن ... قارىغاندا، سوقۇش بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى بەجەچقان ئېھتىيات بىلەن، — شۇڭا خان سېنىڭ ئامانلىقىڭنى كۆزدە تۇتۇپ...
— سوقۇش؟ !...
— شۇنداق، ھونزادە.
— كىم بىلەن؟ ! — دېدى باتۇر، — توخرىلار كىم بىلەن سوقۇشماقچى؟
— بۇنى مەن بىلمەيدىكەنمەن. ئىشقىلىپ...
— ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن - دە!...
— نېمە؟ ... قانداق؟...
— ھە، ھېچ ... ھېچقانداق، — دېدى باتۇر ئېھتىيات قىلىپ، — ساندىبىلغا توپلىنىۋاتقان قوراللىق ئەرلەرنى كۆرۈپ دەيمىنا. ئۇلار ئەسلىدە سوقۇشقا بېرىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن ئەمەسمۇ. بۇ توخرىلارنىزە، زادىلا جىم ياتمايدىغان خەقكەن. ھە دېسىلا يۇرۇش - سوقۇش دەپ...
ئاندىن ئۇ كۆڭلىدىكىنى سەزدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن بەجەچقانغا يەنە مۇنداق دېدى:
— ھە، بولدى، نېمە كارىمىز، سەن چىقىپ ئارام ئال. مەنمۇ غىزايىمنى يەپ بولۇپ راسا قېنىپ بىر ئۇخلىۋالاي. ئەجەب ھېرىپتىمەن بۈگۈن...
ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتتە بېلىنى رۇسلاپ، قوللىرىنى سوزۇپ كېرىلىپ ئەسنىدى، ئاندىن جۇۋىسىنى سېلىپ تاش-

لاپ ئايغىنى يېشىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تېخىچە ئۆزگە ئىشەنمەي-
دىغانلىقىدىن كۆڭلى بىر قىسما بولغان بەجەچقان بىردىنلا ياۋاش-
لاپ، ھېلىغىچە قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ياغاچ تاۋاقتىكى گۆشنى
ئاستاغىنا بۇكلۇك ئۇستىگە قويدى ـ دە، ئۇندىمەستىن بېشىنى
سېلىپ چىقىپ كەتتى.

بەجەچقان ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن باتۇر
يەنە ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتتى، غىزاغىمۇ باقماي ئەنسىز ئويغا
چۆكۈپ مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدى...

«بىر يىلنىڭ ئالدىدىكى چۈشلىرىم، تۈنۈگۈن كېچىدىكى كا-
رامەتلەر ئەسلىي بېشىمغا كېلىدىغان مۇشۇ كۈنلەردىن بېشارەت
ئىكەن ـ دە! تورۇق تۇلپارمۇ بۇنى سەزگەندەك... جان ـ جانىۋار-
لار ئالدىن نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرىدۇ دېگىنى بىكار
ئەمەس ئىكەن. قارىغاندا، توخرىلار بىلەن ھونلارنىڭ ئارىسى بۇ-
زۇلغان ئوخشايدۇ. بولمىسا، توخرى خان باشقىلار بىلەن سوقۇش-
ماقچى بولسا بۇنچىۋالا چۆچۈپ كېتەمتى؟ مەھرەملىرىمنىڭ ئورنى-
غا ئۇلاردىن بىرنەچچە ھەسسە كۆپ قورالىق سىپاھلارنى ئالماشتۇ-
رۇپ مېنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالامتى؟... ئۇلار مېنى نېمە
قىلىشار؟ مەن مۇشۇنداق ئۆچ ـ ئارازلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ
بىھۇدە ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟ مەن ئەمدى قانداق قىلىشىم كې-
رەك؟... ئەپسۇس، تۈنۈگۈن كېچە ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلا قې-
چىپ كەتسەم بوپتىكەن. بۇ يەردە ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىۋەرمەيمەن.
تېخى ۋاقىت ـ پۇرسەت بارغۇ. ماڭا تېخى ھېچقانداق خەۋپ ـ
خەتەر يەتكىنى يوق. مانا ساق ـ سالامەت، ئامان ـ ئېسەن
تۇرۇپتىمەنغۇ. ياراغلىرىممۇ يېنىمدا. پەقەت نازارەت ئاستىغا ئې-
لىندىم، خالاس. بۇ قانچىلىك ئىشتى؟ ئۇلار مېنى توسۇپ قالالام-
تى؟ ئۇخلاپ چۈشى مېنى تۇتۇپ قالىمەن دېيىش. ئىشنى قىلسۇن
مېنى سىرتقا چىقمىسۇن دېگەن خان. مەن قاچىمەن!...»

ئۇ بۇنداق بولۇشنى، ئەزىز بېشىغا ھامان بىر كۈنى مۇشۇنداق
كۈنلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن، ساندىبىلغا يېڭى كەلگەن

چېغىدىلا ئويلىغان. لېكىن، راستتىنلا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىـ
نى، ئەھۋالنىڭ بۇنچە تېز ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇشـ
تۇمتۇت نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنىپ ھاياتىنىڭ خەۋپ ـ خەتەر
ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى تېخى ئويلاپ يەتمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ سەل
جىددىيلىشىپ قورقۇپمۇ قالدى، كاللىسى خىلمۇخىل، زىددىيەتـ
لىك، ئەنسىز ئوي ـ خىياللارغا تولۇپ نېمە قىلىشنى، قانداق
قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. ئەسلىدە، توخرى خاننىڭ يېقىندىن
بۇيانقى ئۆزگىرىشى، سوغۇق، ئېھتىياتچان، گۇمانىي مۇئامىلىسى
مۇشۇنىڭ سەۋەبىدىن ئىكەن ـ دە؟ ئۇ بۇنداق بولۇشنى ئالدىنئالا
بىلگەن ھەم قانداق قىلىشنى ئويلاپ قويغانىكەن ـ دە؟ لېكىن
شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىك. قىسقىغىنا ئىككى يىل ئىچىدە ئىككى
ئەل ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدۇپەيمانلارنىڭ بۇزۇلۇپ، سۇلھى ـ پۈتۈمـ
لەرنىڭ يىرتىپ تاشلىنىشى، دوستلۇق مۇناسىۋەتنىڭ بۇنچە تېز
ھەم ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ، دۈشمەنلىككە ئايلىنىشى، ھەتتا قاندـ
لىق ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتۈشى زادى نېمە ۋەجىدىن؟ بۇنىڭغا زادى
كىم، قانداق ئىش سەۋەبكار؟ باتۇرمۇ؟ تۇمەن تەڭرىقۇتمۇ؟
توخـرى خانـمۇ؟ يـاكى ئالىپ بۇقىمۇ؟ ئۇلار زادى نېمە ئىش
قىلدى؟... توخرى خان ئەسلىدىنلا ھونلاردىن ئېھتىيات قىلاتتى.
چوڭ گەپ قىلىپ ھەيۋە كۆرسەتكەن بىلەن، ھونلار بىلەن سوقۇشـ
لىشىپ، تىركىشىپ قېلىشتىن قورقاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ
مەلىكىسىمۇ ھونلاردا بارىمتايغۇ. ئۇ تېخى باتۇرنى قولغا كەلتۈرۈپ
كۈيئوغۇل قىلىۋالماقچى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ھونلار بىلەن ئىتـ
تىپاقلاشماقچى بولغان، تىنچ ئۆتمەكچىمۇ بولغانىغۇ. باتۇرغا ئېيتـ
قان ھېلىقى سۆزلىرى ئـۇنىڭ خىـيالى، ئارزۇسى، ھىيلىسىـلا
ئىدىغۇ؟!... لېكىن... ئۇنداقتا بۇ ھونلارنىڭ ئىشىمۇ يا، تۇمەن
تەڭرىقۇتنىڭ؟... ھالبۇكى، بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ئۇمۇ
ئەينى ۋاقىتتا توخرىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش قارارىغا كەلگەن ئەـ
مەسمىدى؟ تېخى تىنچلىق تىلەپ توخرى خاننىڭ ئالدىغا ئەلچى
ئەۋەتكەن. چوڭ ئوغلىنى، تەگىن ئۆگەسىنى بارىمتاي قىلىپ

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا بەرگەن. ئۇ ھازىرمۇ ساندىبىلدا، توخرى خانىنىڭ نازارىتى ئاستىدا تۇرغاقلىقتا تۇرۇۋاتامدۇ؟ بۇنداق ئەھۋالدا تۇمەن تەڭرى-قۇت قانداقمۇ توخرىلارنىڭ چىشىغا تەگسۇن؟ بۇ ئۆز ئوغلىنىڭ بېشىغا ئۆزى قىلىچ ئۇرغانلىق ئەمەسمۇ؟!... بىراق كىشى دېگەن ھامان كىشى - دە، خام سۈت ئەمگەن. تۇمەن تەڭرىقۇتمۇ، توخرى خانمۇ ئوخشاشلا كىشى، يەنە كېلىپ ھۆكۈمران كىشىلەر. رەھىم-سىز، ئاچ كۆز، ۋاپاسىز، نەيرەڭۋاز، شۆھرەتپەرەس، ئۇلار-نىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ!... باتۇر ئويلاۋېتىپ ئۆزىچە ئاتىسىدىن رەنجىدى. بارىمتاي تىنچلىقنىڭ كاپالىتى دېگىنى ھا-مىنى بىر كۈنى ئۆلسەن، قۇربانلىق سەن دېگىنى ئىكەنغۇ؟!... تولىمۇ ئەپسۇس!... خەپ!...»

ۋەزىيەت كۈنسېرى جىددىيلەشمەكتە ئىدى. ھونلار بىلەن توخرىلارنىڭ ئارىسى بۇزۇلۇپ سوقۇش بولۇش ئالدىدا تۇرغانلىقى مۇقىملىشىپ قالدى. بارىمتاي سارىيىنىڭ ئۈشتۈمتۇت نازارەت ئاستىغا ئېلىنىشى، يەنە بۇ نازارەتنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچەيتى-لىشى بۇنىڭ روشەن ئىپادىسى، كۈچلۈك دەلىلى ئىدى. نۆۋەتتە باتۇرنىڭ ھاياتى ھەقىقەتەنمۇ جىددىي خەۋپكە دۇچ كېلىپ، ئەجەل قۇشى ئۇ تۇرغان ساراي ئۈستىدىلا ئەگىپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ زادىلا خاتىرجەم بولالمىدى. قېچىشنىڭ، بۇ يەردىن كېتىشنىڭ، بىر ئامال قىلىپ ئۆز يۇرتىغا، ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى. بىراق ۋاقىتنى، پەيتنى تەڭرىلەر بەلگىلەيتتى. ئۇ بۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنەتتى ۋە شۇ ۋاقىتنى، شۇ پەيتنى سەۋر-چانلىق، تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى.

مانا، ئارىدىن ھەپتە - ئون كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ساندىبىل قوراللىق چەۋەندازلارغا لىق تولۇپ تېخىمۇ جىددىي ھالەتكە ئۆتتى. بارىمتاي سارىيى تېخىمۇ قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىندى. ئۇ ھازىر ھەپسىگىلا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. لېكىن باتۇر ھېلىمۇ شۇ يەردە، قاتتىق نەزەربەند ئاستىدا. شۇنداق قىلىپ، ئۇ راستىنلا قاچالماسمۇ؟... ياق. بۇنىسى تېخى ناتايىن. چۈنكى ئۇ تېخى

ھايات. ئۇنىڭغا تېخى ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەت يەتكىنى يوق. ئۇ پەقەت ھەپسىدە مەھبۇس، خالاس. مانا بۇ ئۈمىد. مانا بۇ پۇرسەت. ئۇ بۇ پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيدۇ. جان تەندە ئامان بولسىلا پۇرسەت تېپىلىدۇ. ئۇ چوقۇم بىر ئامال قىلىپ قېچىپ قۇتۇلىدۇ!...

## 7

پۈتكۈل كائىناتنى ئوق ئۈزسىمۇ ئۆتمەيدىغاندەك زۇلمەت قاراڭغۇلۇق قاپلىغان مۇدھىش كېچە، تۈن نىسپى. باتۇر ھەپسىدەك قاتمۇ قات نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان تاش سارايدىكى قاراڭغۇ ئۆيدە كىرپىك قاقماي، كىيىملىرىنىمۇ سالماي، ياراغلىرىنى تەخلەپ پەيت كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ خەۋپ ـ خەتەردىن، بېشىغا كەلگۈسى بالا ـ قازادىن بۇگۈن كېچە قېچىپ قۇتۇلۇشنى نىيەت قىلغانىدى، لېكىن ۋاقىتنى، پەيتنى تەڭرىلەر بەلگىلەيتتى، بېشارەت بېرەتتى. ئۇ ئەنە شۇ بېشارەتنى، پەيتنى كۈتۈۋاتاتتى... «مانا، تۈن نىسپىدىن ئۆتۈپ تاڭ ئېتىشقىمۇ ئاز قالدى. ئوڭاي بىلەن سەكەنتىر كۆكنىڭ قايسى بۇرجىكىدىن كۆرۈنەركىن؟ ئارزۇ بىلەن جۇزاچۇ؟ جۇزا ۋاقىتنى پاتراق بەلگىلىسە، ئاي تەڭرى كۈنپېتىمىشتىن يۈز ئاچقان ھامان قوزغالسام، ئاھ تەڭرىم! ئىشىمنى ئوڭ، يولۇمنى ئوچۇق قىلىپ مەقسىتىمگە يەتكۈزگەيسەن!...» ئۇ تىنچسىز ئىدى. ھېلى ئولتۇرسا، ھېلى تۇراتتى، ئولتۇرغاندا، ھەر خىل ئوي ـ خىياللارغا بېرىلىپ غەم ـ تەشۋىشكە پاتسا، تۇرغاندا، بىر ئىزىدا تۇرالماي ئۆي ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ تىتىلدايتتى. ھېلى ئىشىك يوچۇقلىرىدىن ماراپ تالانى كۆزىتىپ سىرتتىكى شەپە ـ تىۋىشلارغا قۇلاق سالسا، ھېلى روجەكتىن كۆككە بېقىپ ساندۇق ـ ساندۇقلاپ چېچىۋېتىلگەن ئۈنچە ـ مەرۋايىتلاردەك چاقناۋاتقان سانسىز يۇلتۇزلار ئارىسىدىن ئۆزى كۈتكەن خاسىيەتلىك يۇلتۇزلارنى ئىزدەيتتى، تۇغۇلغۇسى ئاي تەڭرىسىدىن بېشارەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆتەتتى.

ئۇ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ تاقەتسىزلىنىشكە، كاللىسى ئەنسىز، ۋەھىمىلىك ئوي ـ خىياللار دەستىدىن چىگىقلىپ ئاغرىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ يەنىلا سەگەك ھەم ھوشيار ئىدى. كېچىنىڭ نەچاغ بولغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى، سىرتتىكى شەپىلەرنى ئېنىق سېزەتتى... نازارەتچى سىپاھلار ھېلىھەم ئويغاق. ئۇلار نەچچە كۈندىن بېرى مانا مۇشۇنداق كۆز يۇمماي، نۆۋەتلىشىپ قاراۋۇللۇق قىلىۋاتىدۇ. باتۇرنى، سارايىنى، دەرۋازىنى قاتتىق نازارەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ خانىنىڭ بۇيرۇقى. ئۇلار بەلكىم قوشنا سارايلارغا، كوچىلارغىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا كېرەك. قارىغاندا ساراي دەرۋازىسىدىن قېچىش مۇمكىن ئەمەستەك قىلىدۇ. ياق، مۇمكىن بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئۇيەردىن قاچسا بولمايدۇ. ئۇنداق قىلسا تورۇق تۇلپارنى قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ ھازىرمۇ قەلئە ئىچىدە، ئوردا ئاتخانىسىدا... ئۇنىڭسىز ئۇ نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. قاچقان بىلەنمۇ تۇتۇلۇپ قالىدۇ. قېچىپ قۇتۇلۇش ئۆلۈمدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭدىن كۆرە خەتەرلىك بولسىمۇ تەۋەككۈل قىلىپ ئەسلىي پىلانى بويىچە ئىش كۆرگىنى تۈزۈك. دۇرۇس. ئۇنىڭغا ھازىر مۇشۇنداق قىلماقتىن باشقا يول يوق. ئۇ تورۇق تۇلپارغا ئېرىشسە ئاندىن نىجاتلىق ئۈمىدى تۇغۇلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تەقدىرى ئاللىقاچان تورۇق تۇلپارغا باغلىنىپ كەتكەن. ئۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى، بىردىنبىر ئۈمىدى، نىجاتلىق ئەڭگۈشتىرى. بۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى!... ئۇ شۇنداق خىياللارنى قىلىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. ئۆزىدىكى ئىككىلىنىش، ۋەھىمە ۋە جىددىيلىكنى باستى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قولى بىلىكىدىكى سىدىرىمغا ئېسىقلىق غىلاپتىكى بوكتاسىنىڭ سېپىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. خېلىدىن بېرى ئىشلىتىلمەي داتلىشىپ كەتكەن بۇ تۈچ بوكتانى ئۇ ئالدىنقى كۈنى بىلەي تاش بىلەن بىلەپ بىسىنى چىقىرىپ تىغىنى پارقىرىتىپ قويغانىدى.

ئەجەبمۇ ئۇزۇن سوزۇلدى بۇ كېچە؟... ۋاقىت تولىمۇ ئاستا،

دەقىقە ـ دەقىقىلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. باتۇر تاقىتى تاق بولۇپ جىددىيلەشمەكتە. مانا، تاڭ ئېتىشقىمۇ ئاز قالدى. كۈتكەن پەيت يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئەمدى ھەرىكەت قىلىشى كېرەك!… ئۇ ئاخىرقى قېتىم روجەكتىن ماراپ تالانى كۆزەتتى، ئاندىن ئۆزىنى توختىتىپ بوكتاسىنىڭ سېپىنى مەھكەم تۇتتى ـ دە، شەپە چىقار-ماي ئىشىكنى ئېچىپ تالاغا چىقتى. سارايىنىڭ ھويلىسى جىمجىت، سوغۇق ھەم زۇلمەت قاراڭغۇ ئىدى. بىر قەدەم نېرىدىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. نازارەتچى سىپاھلاردىنمۇ ھېچبىر شەپە يوق، قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئـۇلار بەلكىم تاڭـغا يېقـىن بۇ پەيتتە ھېرىپ ـ چارچاپ، توڭلاپ ـ دۈگدەرەپ مۈگدەپ قېلىشقان بولسا كېرەك. باتۇر سەل تۇرۇۋېلىپ ئەتراپقا قۇلاق سالدى، دەل مۇشۇ پەيتتە نەدىندۇر بۆرىنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان ئەلەملىك ئاۋازدا ھۇۋلىغىنى ئاڭلاندى… باتۇر سەگەكلىشىپ سىرلىق ھاياجان ۋە ئىنتىزارلىق بىلەن كۆككە باقتى. كۆك تېخىمۇ تىنىقلىشىپ كۈن-چىقىش تەرىپىدە ئوڭاي بىلەن سەكەنتىر، كۈنپېتىش تەرىپىدە سەۋىت بىلەن ئارزۇ چاقناۋاتاتتى.

«ئاھ! …— ئۇلۇغ ـ كىچـىـك تىـنـدى باتۇر ھاياجانلى-نىپ، — كۈتكەن پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى!»

ئۇ يۇلتۇز تەڭرىسىگە سۆيۈنۈش بىلەن تېۋىنغاندىن كېيىن قوزغالدى. تاش سارايىنىڭ دەرۋازىسى تاقاقلىق، ھويلا ئىچى قاپقا-راڭغۇ ئىدى. دەرۋازىنىڭ ئىچىدە ئىككى سىپاھ ياراغلىرىنى قۇ-چاقلىشىپ مۈگدەۋاتاتتى. قالغان سىپاھلار ھۇجرا ۋە دەرۋازىنىڭ تېشىدا ئىدى. ئۇلارمۇ بەلكىم ئۇخلاپ قېلىشقاندۇر. باتۇر پۇتى-نىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ھېلىقى ئىككى سىپاھقا يېقىنلاشتى، ئاندىن بوكتاسىنى قولىغا ئېلىپ بىرىنىڭ كۆكسىگە چەنلەپ ئۇردى، يەنە بىرىنىمۇ ئۇيقۇسىنى ئېچىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇپ بول-غۇچە ئۇنىنى ئۆچۈرۈپ ئۆلگۈردى. سىپاھلار ئارقا ـ ئارقىدىن يەرگە يىقىلىپ بىردەم خارتىلداپ تولغىنىشقاندىن كېيىن جىمىپ قېلىشتى. باتۇر بوكتاسىنى غىلىپىغا سالغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ

بىرىنىڭ دۈبۈلغا ـ ساۋۇتىنى سالدۇرۇپ كىيدى، يەنە بىرىنىڭ ئەگرى قىلىچىنى ئېلىپ بېلىگە قىستى ـ دە، ئارقىسىغا يېنىپ تاش سارايىنىڭ ئىگىز، قارىيىپ تۇرغان تېمى تۈۋىگە باردى. «يا تەڭرىم! ماڭا جاسارەت، قۇۋۋەت، مەدەت بەر!...» ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ تامغا بىر نەزەر سالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ياماشتى.

دەل مۇشۇ پەيتتە، كۈتمىگەندە كىمدۇر بىرى كېلىپ ئۇنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلدى، ياق، ئېسىلمىدى، پۇتلىرىدىن، ساغرىسىدىن تۇتۇپ ئۇنى يۇقىرىغا ئىتتەردى. لېكىن ئۇ قاتتىق چۆچۈپ كەتكەچكە ئېسىلغاندەك بىلىندى.

— كىم؟!... — دېدى ئۇ يەرگە چۈشۈپ.

— شۈك!... مەن!... — دېدى ھېلىدىقى كىشى پەس ئاۋازدا، — بەجەچقان.

— سەن؟!...

— ھودۇقما، پەس گەپ قىل! مەن سېنىڭ قاچماقچى بولغىنىڭنى ئاللىبۇرۇن سەزگەن. سەن ئۆگزىگە چىقىپ چۈشكەن ھېلىقى كۈنىلا بىلگەن، — دېدى بەجەچقان يەنە پەس ئاۋازدا، — لېكىن سېنى دېلىغۇل بولۇپ قالمىسۇن دەپ... ۋاقتى كەلگەندە ياردەم قىلارمەن دېگەنىدىم. بۈگۈن قارىسام تىنچلىنالمىدىڭ، ئۇخلىيالمىدىڭ، سىرتىپ تۇردۇم. مەنمۇ... بۈگۈن خاسىيەتلىك كۈن. سەن ئەڭ ياخشى پەيتنى تاللاپسەن. ئىشىڭ ئوڭ، يولۇڭ ئوچۇق بولسۇن. قېنى تامغا ياماش، مۇرەمگە دەسسە...

— شۇنداق، مەن بۈگۈن قاچىمەن! — دېدى باتۇر كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ، — لېكىن سەن...

— بىلىمەن، ھونزادە، بىللە قېچىش خەتەرلىك، — دېدى بەجەچقانمۇ ئۇنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ، — لېكىن ھازىر بۇنى تالىشىپ تۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس. قېنى، تېز بول، تامغا ياماش. باشقىلار سېزىپ قېلىشتىن بۇرۇن بۇ قەپەستىن چىقىپ كەت!

— مېنى كەچۈر، بەجەچقان!... — دېدى باتۇر ئۇنى قۇچاقلاپ، — لېكىن مەن ۋەدەمنى ئۇنتۇپ قالمايمەن. سېنى چوقۇم

قۇتقۇزىمەن. ماڭا ئىشەن!
— ئىشىنىمەن. سەن قېچىپ قۇتۇلساڭلا مەنمۇ قۇتۇلىمەن.
— بىراق مەن كەتكەندىن كېيىن قانداق قىلارسەن؟ خان ساڭا ئىشەنمەي...
— ئىشىنىدۇ، ئىشەندۇرىمەن، سېنى قاچۇرۇۋېتىپلا تامغا ئۇسىمەن. ئۆلگۈدەك ئەمەس، بېشىم يېرىلىپ يۈز - كۆزۈم قانغا بويالغۇدەك، ئاندىن بارىمتاي مېنى ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋېتىپ قې-چىپ كەتتى دەيمەن. ئۇنىڭغىمۇ ئىشەنمىسە، قولىدىن كەلگىنىنى قىلىشار. ئىشقىلىپ، سەن قېچىپ قۇتۇلساڭلا مېنىڭ باشقا ئارمى-نىم يوق! ... ئەنسىرىمە، كېيىنكى ئىشلارنى ماڭا قوي. ئۆزۈڭگە پۇختا بول. قېنى...
— بەجەچقان! ... تۇغقىنىم، قېرىندىشىم! مەن سېنى ھەر-گىز ئۇنتۇپ قالمايمەن! ھاياتلا بولسام...
ئۇلار چىڭ قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. باتۇر ئەلەملىك ياشلى-رىنى سۇرتۇۋېتىپ تامغا ياماشتى. بەجەچقان دەسلەپ ئۇنىڭ ساغ-رىسىدىن، پۇتلىرىدىن يۆلىدى، كېيىن مۇرىسى، بېشى بىلەن كۆتۈردى. باتۇر ئۇنىڭ ياردىمىدە سارايىنىڭ ئۆگزىسىگە قىينالمايلا چىقىۋالدى.
ئۇ ئۆگزىگە چىقىپ دۇم يېتىپ سەل دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئەتراپىغا قۇلاق سالدى. تاش ساراي، پۈتۈن ئەتراپ تىپ-تىنچ، قارىغاندا ئىشلار ئوڭۇشلۇق باشلانغاندەك قىلاتتى. ئۇ شەپە چىقارماي ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆگزىنىڭ ئارقا تەرىپىگە باردى. ئەي-مىنىش بىلەن چوڭقۇر ھاڭغا بىر نەزەر سالغاندىن كېيىن كەينىگە داجىپ يەنە ئالدىغا يۈگۈردى - دە، بىر سەكرەپلا ھاڭدىن ھالقىپ سېپىل ئۈستىگە ئۆتتى. سېپىل قېلىن بولۇپ، ئۈستى كەڭ ھەم تەكشى ئىدى. بىمالال ماڭغىلى بولاتتى. ئۇ سېپىل ئۈستى بىلەن مېڭىپ بىر ئوت - چۆپ دۆۋىسىنىڭ ئۇدۇلىغا بارغاندا ئۆزىنى قەلئە ئىچىگە تاشلىدى. قەلئە ئىچى تىپتىنچ ھەم جىمجىت ئىدى. پەقەت ئاتخانىدىكى ئاتلارنىڭ ئۇزۇپ - پۇشقۇرۇشلىرى ۋە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

پۈتلىرىنى يۆتكىگەن چاغدىكى دۈك ـ دۈك قىلغان تۇياق ئاۋازلىرىلا ئاڭلىناتتى. ئۇ ئوت ـ چۆپ دۆۋىسىدىن چۈشۈپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئېغىل ئارىلاپ كەتتى.

ئون نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، تاش سارايىنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ كۆزەتكەن ئوردا ئاتخانىسى ئۇنچە چوڭ ئەمەستەك، تورۇق تۇلپارنىڭ ئېغىلىمۇ يېقىنلا يەردىدەك بىلىنگەنىدى. لېكىن ھازىر ئۇنىڭ خېلىلا چوڭ ئىكەنلىكى، تورۇق تۇلپارنىڭ ئۇنىڭ تۆر ئىچكىرىسىدە تۇرىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. باتۇر مولۇندەك چاققان ھەم شەپىسىز ھەرىكەت بىلەن ئېغىل ئارىلاپ يۈرۈپ تۇرۇق تۇلپارنى ئاخىر تاپتى. ئۇ ئۇنىڭ شەپىسىنى سېزىپ، ھىدىنى ئالغان بولسا كېرەك، ئېغىلغا كىرىپ يېنىغا كەلگەندە، بوش تېپىچەكلەپ يېنىك پۇشقۇرتتى، ئەمما ئۈركۈپ كىشنىمىدى. باتۇر بۇنىڭدىن قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كەتتى. «نېمىدېگەن سەزگۈر، ئەقىللىق جانىۋار ـ ھە!» ئۇ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ ئاتنىڭ يېنىغا باردى، يۈگىنىنى تۇتۇپ بېشىنى، بويىنىنى سىلىدى، يۈزىگە سۆيدى، ئاندىن قولىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە، ئۇچىسىغا ئاپاردى. ئاتنىڭ ئېگەر ـ توختىلىرىمۇ تەخ ئىكەن. قارىغاندا ئۇ ھېلىلا خاننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ قايتىپ كەلگەن ياكى ئۇنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن مۇشۇنداق تەخلەپ قويۇلغان بولسا كېرەك. خانمۇ قانداقتۇر بىر ئىشلاردىن ئەنسىرەپ ھوشيار ھەم تەييار تۇرۇۋاتقان ئوخشايدۇ. ئەپسۇس، ئۇ ئەمدى بۇ ئاتقا مىنەلمەيدۇ... باتۇر ئاتنىڭ بېشىنى قۇچاقلاپ قۇلىقىغا يەنە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى، ئاندىن ئۇنى باغلاقتىن يېشىپ ئېغىلدىن ئېلىپ چىقتى.

— كىم؟! — مىراخور ئۇخلاپ ياتقان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ قىلىچىنى قولىغا ئالدى.

— ھە... ۋاي ... جان...!

باتۇرنىڭ قولىدىكى ئەگرى قىلىچ ئۇنى ھايالسىزلا ئىككى پارچە قىلىپ تاشلىدى... لېكىن باتۇر تۇلپارنى چاپتۇرۇپ ئوردا قەلئەسىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە يەنە توسۇلۇپ قالدى. چۈنكى

بۇ يەردىكى قوۋۇقچى نۆكەرلەر ئويغاق ھەم ھوشيار تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئالدىراپ ئاللىقاچان جىددىي ھالەتكە ئۆتۈپ بولۇشقانىدى.

— كىم سەن؟ — دېدى ئۇلاردىن بىرى باتۇرغا نەيزە تەڭلەپ، — بۇ كېچىدە نەگە بارىسەن؟

— دەرۋازىنى ئېچىش! — دېدى باتۇر ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — مەن خاننىڭ سانغۇنى. ئۇنىڭ بۇيرۇ-قى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى لەشكەرگاھقا كېتىۋاتىمەن!

«خاننىڭ سانغۇنى، بۇيرۇقى...» بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ نۆكەر-لەر سەل چۆچۈشتى، ئەمما ئۇلار ئالدىراپ دەرۋازىنى ئاچمىدى.

— سەن قايسى خاننىڭ سانغۇنى؟ — دېدى يەنە بىر نۆكەر باتۇرغا ئېتى بىلەن قوشۇپ نەزەر سېلىۋېتىپ، — ئەجەب ناتونۇشلا كۆرۈنىسەنغۇ؟

— ۋۇ ھاڭۋاقتىلار! — دېدى باتۇر ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ھەيۋە كۆرسىتىپ، — سەنلەر مېنى تونۇشمايسەن. مەن يېڭى كەلگەن سانغۇن. خان مېنى تېخى تۈنۈگۈنلا تاللاپ ئۆستۈرۈپ ئوردىغا ئەكەلگەن!

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ھېلىقى نۆكەر قاراڭغۇدا باتۇرنىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، — ئۇنداق بولسا بەلگىنى ئېيت!

— بەلگە؟ ... — دېدى باتۇر سەل جىددىيلىشىپ، — مەن دېدىمغۇ، يېڭى كەلگەن دەپ. بەلگىنى بىلمەيمەن!

ئەمما ئۇ شۇئان يەنە ئەقلىنى تېپىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى - دە، نۆكەرلەرگە ئەلپازىنى بۇزۇپ ۋارقىرىدى:

— ھەي ھاڭۋاقتىلار، كۆزلىرىڭ كورمۇ سەنلەرنىڭ؟ كۆ-رۈشمىدىڭمۇ، ئاستىمدىكى ماۋۇ ئاتنى؟ ئۇ خاننىڭ تۇلپىرى. خان ماڭا جىددىي ۋەزىپە تاپشۇرغان. ھونلار باستۇرۇپ كەپتۇ. مەن شۇ تاپتا دەرھال لەشكەرگاھقا بېرىپ قوشۇننى ئاتلاندۇرۇشۇم كې-رەك! بۇ خاننىڭ بۇيرۇقى! سەنلەر خاننىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقماقچىمۇ؟ تېز بولۇش! نېمە ئەزمەڭنى ئېزىپ قاراپ تۇرۇشى-

سەن؟ دەرۋازىنى ئېچىش!

«خانىنىڭ تۇلپىرى، خانىنىڭ بۇيرۇقى، ھونلار باستۇرۇپ كەپتۇ، جەڭگە كېتىۋاتىمەن!...» بۇ گەپلەرنىڭ قانداق يادىغا كەلگىنىنى، ئېغىزىدىن قانداق چىقىۋاتقىنىنى باتۇر بىلمەيتتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى قوۋۇقچى نۆكەرلەرنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ مىنىۋالغىنى راستتىنلا خانىنىڭ تۇلپىرى ـ دە. ئۇنى ساندىبىلدا تونۇمايدىغان كىشى يوق. ئۇنىڭ ئۇستىدە دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىپ، قىلىچىنىڭ سېپىنى مەھكەم تۇتۇپ قەھرلىك، ھەيۋەتلىك ئولتۇرۇپتۇ. خانىنىڭ ئىشەنچلىك، يېڭى كەلگەن سانغۇندەك!... نۆكەرلەر ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئوپۇر ـ تopۇر بولۇشۇپ دەرۋازىنى ئاچتى. بىرىنچى توسۇق — قەلئە دەرۋازىسى ئېچىلدى. باتۇر تىزگىنىنى شۇنداق سىلكىپ قويۇۋىدى، تورۇق تۇلپار چاپچىپ ئالغا تاشلىنىپ دەرۋازىدىن قۇيۇندەك چىقىپ كەتتى.

باتۇر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قوۋۇقچى نۆكەرلەر خېلىغىچە ساراسىمىدىن قۇتۇلالماي ھاڭۋېقىپ تۇرۇشتى. ئۇلار ئۆزىگە كېلىپ ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندە بولسا، ئۇ ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغان، ساندىبىلنىڭ كۆن قوۋۇقىغىمۇ يېقىنلاپ قالغانىدى. ئەمما ئۇ قوۋۇققا يېتىپ بارغۇچە كۈتمىگەندە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ يولدىن ئادىشىپ كەتتى. ئۇ بىرقانچە كوچىنى ئايلىنىپ ئەمدى يولنى تاپقاندا بولسا، ساندىبىلمۇ ئويغىنىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي كوچىلارغا لەشكەر يامرىدى. شەھەر سېپىلى ئۇستىدە ئوت يالقۇنى كۆرۈندى. ئېتىلغان يا ئوقلىرى ۋىشىلداپ ئۇچۇپ تۇن بوشلۇقىنى يېرىپ ئۆتتى. شەھەر قوۋۇقلىرىدىمۇ ئالاقزادىلىك يۈز بېرىپ ئاللا ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى. ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى، دۇبۇلغا ـ ساۋۇت، قىلىچ ـ قالقانلارنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭ ئاۋازلىرى كوچىدىدى. ھەيۋەتلىك نەرە تارتىش، ۋەھىملىك ۋارقىراش، ئېچىنىشلىق نالە ـ پەريادلار ساندىبىلنىڭ جىمجىت تېگىنى لەرزىگە كەلتۈردى... باتۇر ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى توخرى لەشكەرلىرى بىلەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېلىشىپ، باش كېسىپ، قان كېچىپ، ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاخىر كۆن قوۋۇقىمۇ يېتىپ باردى. لېكىن كۆن قوۋۇق مەھكەم تاقال-غانىدى. ئۇ يەردىكى قوۋۇقچى نۆكەرلەر قوراللىنىپ، مەشئەل كۆتۈرۈپ ئۇنى قاتتىق ساقلاۋاتاتتى. باتۇر قوۋۇققا يېقىنلاپ كېلە-ۋېتىپ يەنە بايىقى ھۇنىرىنى ئىشقا سالدى.

— ھاي! چاپسان بولۇش! دەرۋازىنى ئېچىش! ھونلار ئەۋەت-كەن بارىمتاي سېپىلدىن سەكرەپ قاچتى! ئۇنى قوغلاش! ئۇنى قاچۇرۇپ قويۇشما! تېز!...

دەل مۇشۇ پەيتتە ئالىپ بۇقا باشچىلىقىدىكى بىر توپ لەشكەر-مۇ قوللىرىدا مەشئەل كۆتۈرۈپ، ئاتلىرىنى بولۇشچە قامچىلاپ، ۋارقىراپ - جارقىراشقىنىچە باتۇرنى قوغلاپ قوۋۇققا يېقىنلاپ كېلىشتى.

— قوغلاڭلار! بارىمتاينى قاچۇرۇپ قويماڭلار! تېز!...

جىددىيچىلىكتە قاتتىق ھودۇقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىشكەن قوۋۇقچى نۆكەرلەر باتۇرغا سەپسالماي، ئۇنىڭ ۋە كەينىدىن كېلە-ۋاتقان ئالىپ بۇقىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ دەرھال قوۋۇقنى ئېچىشقا كىرىشتى.

— ھاي!... ئاچماڭلار! ئۇ بارىمتاي! ئۇنى تۇتۇڭلار!...— قوغلاپ كېلىۋاتقان ئالىپ بۇقا دەرۋازىنىڭ ئېچىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى.

ئەپسۇسكى، ئۇ يەنىلا كېچىككەنىدى. چۈنكى باتۇر بۇ چاغدا قىيا ئېچىلغان دەرۋازىدىن ئاللىقاچان ئۇقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتكەنىدى.

باتۇر تورۇق تۇلپارنى تۇتۇندەك چاپتۇرۇپ ساندىبىلىنىڭ كۆن قوۋۇقىدىن ئېتىلىپ چىققاندا، كۆكتە كائىناتقا ئەمدىلا يۈز ئاچقان ھىلال ئاي «يولۇڭ ئوچۇق بولسۇن، باتۇر!» دېگەندەك بىر خىل خۇش تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ ئات ئۈستىدە كېتىۋې-تىپ ئاي تەگرىسىگە چوقۇندى، بويىندىكى ئانىسى بەرگەن بۆرە ئوشۇقىنى چىقىرىپ سۆيدى، ئاندىن تۇلپارنىڭ تىزگىنىنى سىل-

www.uyghurkitap.com

كىپ ئۇنىڭغا «تېز چاپ!» دەپ مۇراجىئەت قىلدى. گويا ئالماس قانات بېكىتىلگەندەك تۇلپار بۇنىڭسىزمۇ تىزگىن سىيرىپ شامال-دەك تېز چېپىپ كېتىۋاتاتتى، باتۇر گويا ئېگەرگە چاپلىشىپ قالغاندەك ئۇنىڭ ئۈستىدە بوينىغا يېپىشىپ مەزمۇت ئولتۇراتتى، ئۇ تىزگىنىنى گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا تارتاتتى. تۇلپار ھەقىقىي بىر ئالىپ ئەرنىڭ قولىغا چۈشكىنىگە خۇشال بولغاندەك تېخىمۇ تېز چاپاتتى. ئارقا تەرەپتىن نۇرغۇن ئاتلارنىڭ دۈپۈر - دۈپۈرلى-رى، مەشئەل تۇتقۇۋالغانلارنىڭ چۇقانلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئاۋازلار گاھ كۈچىيىپ، گاھ ئاجىزلايتتى. ئالىپ بۇقا باشچىلىقىد-دىكى توخرى لەشكەرلىرى ئىز بېسىپ قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. «قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن!» دەيتتى باتۇر ئىشەنچ بىلەن قامچىسىنى قارسىلدىتىپ. تۇلپارمۇ گويا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنىۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا ماسلىشىپ سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلەتتى.

باتۇر تاڭ ئالدىدىكى تۈن قاراڭغۇلۇقى چۈمكەپ تۇرغان ئېتىز-لاردىن، ئوتلاق، چاتقاللىقلاردىن، ئورمانلىقلاردىن ئۆتۈپ كېتىۋې-تىپ، ئالدىدا شىپ - شىپ قىلىپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر قارا نەرسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ پات - پات توختاپ كەينىگە قاراپ قوياتتى - دە، يەنە ئوق يىلاندەك ئالغا تاشلىنىپ يۈگۈرۈيتتى، كۆزلىرىدىن ۋىل - ۋىل قىلىپ كۆكۈچ نۇرلار چاقنايتتى. تۇلپار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ چاپاتتى. قامچا ھاۋادا پۇلاڭلاپ كۆكتە چاقماق چاققاندەك قارسىلدىدى. تورۇق تۇلپارنىڭ تۇياقلىرى ئارىسىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى.

سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ، شەرق تەرەپ خەسىدەك ئاقىرىپ تاڭدىن بەلگە بەردى. كۆك باغرىغا كۈمۈش رەڭ پەردە يېپىلدى. ھايال ئۆتمەي ئۇ ئوتقاشتەك قىزىرىپ شەرق ئۇپۇقىدىن غايەت زور ئوتلۇق گەردىشنىڭ يېرىمى كۆرۈندى. «كۈن تەڭرى! — دېدى باتۇر ئېتى-نىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، — ماڭا قۇت بەرگەن قۇت تەڭرىگە تېۋىناي!» باتۇر ئاتتىن چۈشۈپ تىزلىنىپ كۈن تەڭرىسىگە چوڭ-

قۇر ئېتىقاد ۋە سۆيۈنۈش بىلەن تېۋىندى.

باتۇر شۇ قاچقانچە توخرىلارغا تۇتۇق بەرمىدى. يوللار ئۇزاق ھەم ئېگىز ـ پەس، ئەگرى ـ توقاي. قىرلار، تاغلار ئېگىز، داۋانلار تىك، جىلغىلار چوڭقۇر ئىدى. ھاڭلار ئەجدىھادەك ئېغىزىنى ئېچىپ تۇراتتى. ئارىدىن كۈنلەر، ھەپتىلەر ئۆتتى. ئۈندەك كۆكۈچ يۈزى، چوغدەك لەۋلىرى شامال ـ شىۋىرغان، ئىسسىق ـ سوغۇق، ئاچ ـ ئۇسسۇزلۇقلار دەستىدىن قورۇلۇپ، يېرىلىپ گەز باغلىدى. ھال رەڭ كۆزلىرى ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىقتىن تېخىمۇ قىزىرىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتتى، پۇت ـ قولدىن ماغدۇر قاچتى. لېكىن ئۇ يەنىلا قېچىشتىن توختىمىدى. چۈنكى ئالىپ بۇقا تېخى ئارقىسىغا يانمىغان، بەلكى كەينىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. شۇ تەرزدە ئۇ ئالچى تاغلىرىدىن ئۆتتى. يابورەي تاغلىرىنى[1] ئارقىدا قالدۇرۇپ، شياڭ دەرياسى[2]نىڭ ئاياغ ئېقىنىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەر دەل تەڭرى قۇملۇقى[3]نىڭ غەربىي چېتى بولۇپ، ھونلار بىلەن توخرىلارنىڭ چېگرا پاسىلى ئىدى. لېكىن ھون يايلاقلىرىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن يەنە تەڭرى قۇملۇقىدىن كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. تەڭرى قۇملۇقى بولسا قاقاسلىققا تولغان دەھشەتلىك قۇم دېڭىزى بولۇپ، بوران ـ چاپقۇندا توختىماي كۆچۈپ دولقۇنلاپ تۇراتتى. باتۇر قۇياش نۇرى ئاستىدىكى ئالتۇنغا تولغان پايانسىز قۇملۇققا قاراپ قاتتىق چۆچۈدى. چاك ـ چاك يېرىلىپ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قاياقتا مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئوڭ ۋە سول تەرەپمۇ ئوخشاشلا قۇش ئۇچسا قانىتىنى كۆيدۈرىدىغان چەكسىز باياۋان ئىدى. ئارقا تەرەپتىن بولسا توخرى لەشكەرلىرى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسىدىن ھالاكەت ھىدى پۇراپ تۇراتتى. ئۇ بىر قۇرۇق ئېقىن قىنىدا ئېتىدىن چۈشتى. «قانداق قىلىش كېرەك؟» دېدى ئۇ ئېتىغا مۇراجىئەت قىلىپ. لېكىن

---

① يابورەي تاغلىرى — ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە.
② شياڭ دەرياسى — ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە.
③ تەڭرى قۇملۇقى — ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە، قۇلان تاغلىرىنىڭ غەربىدە.

www.uyghurkitap.com

ئاتىنىڭ ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگۈدەك ھالى يوق ئىدى. «ھېلىمۇ چىدىدى بۇ جانىۋار... بولدى، ھازىرچە بۇ ئىشقا باش قاتۇرمايلى، — دېدى باتۇر ئۇنىڭغا سۆزلەپ، — توخرىلار خېلى يىراقتا قالدى. ئۇلار بەلكىم بۇ يەرلەرگە كېلىپ يۈرمەس. بىز ئاۋۋال ئارام ئېلىۋالايلى. سەنمۇ بىر نەرسە تېپىپ يەپ سەل ماغدۇرۇڭغا كېلىۋال. ئاندىن كېيىن بىر گەپ بولار. ئۇھ...»

باتۇر ئېتىنى قويۇۋېتىپ ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۇت - قولىنى سۇنۇپ يېتىپ راسا قېنىپ بىر ئۇخلىۋالغۇسى بار ئىدى. ئەپسۇسكى ئۇ يەرگە چاپلىشىپ ئەمدىلا كۆزىنى يۇمۇۋىدى، يەر تېگىدىن، ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. «ئالىپ بۇقا؟!...» ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئوت - چۆپ ئىزدەپ يۈرگەن ئېتىنى تۇتۇپ مىندى. مىندىيۇ، قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. توخرىلار بارغانچە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئالىپ بۇقا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك لەشكەرلىرىنى يايسىمان يېيىلدۇرۇپ، ئۈچ تەرەپتىن ئۇنى قومۇلۇققا قىستىماقتا ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟!... باتۇر تېخىمۇ جىددىيلەشتى... «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم!...» باتۇر ئاخىر تورۇق تۇلپارنىڭ بېشىنى كۆز ئالدىدىكى دەھشەتلىك قومۇلۇققا قارىتىپ قويۇۋەتتى.

ئالىپ بۇقا ئۇنى قوغلاپ قومۇلۇققا ئات سالدى. ئۇنىڭچە بولسا قوغلاشتىن زادىلا توختىغۇسى يوق ئىدى. لېكىن چېكى يوق دەھشەتلىك قومۇلۇق، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن لەشكەرلەر ۋە ئاتلار ئۇنى ئەمدى مۇشۇ يەردە توختاپ قېلىشقا، ئاچچىقىنى يۇتۇپ ئەلدىمگە چىداشقا مەجبۇر قىلدى.

— توختاڭلار! — دېدى ئۇ لەشكەرلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ، — بۇنىڭ ئۇ تەرىپى ھالاكەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ قومۇلۇققا ئات سېلىپ ئۆز بېشىنى ئۆزى يېدى. بىزمۇ مەقسىتىمىزگە يەتتۇق. ئەمدى قايتايلى!

# بەشىنچى باب

## تەقدىر

### 1

تەكرى قۇملۇقىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپى شۇلانبۇخ قۇملۇ-
قى[①]بىلەن بۆرە تېغىغا، شەرقىي چېتى بولسا قۇلان تاغلىرىغا
تۇتىشاتتى. مانا بۇ هونلارنىڭ جۇۋانغار زېمىنىنىڭ جەنۇبىي چېتى
بولۇپ، بۇ يەردىكى تاغ يايلاقلىرى ۋە چۆل ياقىسىدىكى جاڭگاللىق-
لاردا هونلارنىڭ سۆيېندى ئۇرۇقىغا قاراشلىق شۇبۇ[②]، رۇ[③] قەبى-
لىلىرى ياشايتتى.

ئوت - چۆپلەر قۇرۇپ، دەل - دەرەخلەر يالىڭاچلانغان،
قۇرت - قوڭغۇزلار ئۆچەككە كىرىپ، نەم يەرلەر توڭلاپ قېتىشقا
باشلىغان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى، قۇلان تېغىنىڭ تەسكەي ئېتىكى
بىلەن تەكرى قۇملۇقىنىڭ شەرقىي چېتى تۇتىشىدىغان، يەر يۈزىنى
قۇرۇپ سارغايغان قومۇش، يانتاق، خوخا، قامغاق ۋە باشقا چۆل
ئۆسۈملۈكلىرى قاپلىغان دۆڭ - ئۆلەڭلىك جاڭگالدا، شۇبۇ قەبى-
لىسىدىن بولغان ئىككى ياش مالچى چوڭ بىر توپ قوينى هەيدەپ
كېتىۋاتاتتى. ئۇلار يېشى بىر - بىرىدىن ئانچە چوڭ پەرقلەنمەيدىغان
كەتمەيدىغان بالىلار بولۇپ، قاڭشارلىق بۇرۇنلىرى ئاستىدىكى بۇ-

① شۇلانبۇخ قۇملۇقى — ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە.
② ③ شۇبۇ، رۇ — هون ئۇرۇق - قەبىلىلىرىنىڭ نامى.

روْتلىرىمۇ ئەمدىلا خەت تارتىشقا باشلىغانىدى. ئۇلارنىڭ قاپقارا قاشلىرى، چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرى، قىپقىزىل ئېغىزلىرى، ئۆسۈۋاتقان بويلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە شۇنداق ئوخشىشىپ، تەڭلىشىپ كېتەتتى. ئۇلار ئېگەرگە بىرنەچچە كۈن يەتكۈدەك سۇ ۋە ئوزۇقلۇق غانجۇغىلانغان بىردىن ئاتقا مىنىشۋېلىشقان بولۇپ، يۈزلىرىنى سوغۇق ۋە قۇم ـ توپىلىق قۇرغاق شامالدىن دالدا قىلىپ، تېرە تەلپەكلىرىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، يۇڭلۇق جۇۋىسىنىڭ ياقىسى بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى ئېتىپ، بىر ـ بىرىگە يانداشقان هالدا، ئوتلىغاچ ئالغا سۈرۈلۈۋاتقان سۈرۈك كەينىدىن ئاستا، بەزىدە توختاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار بۇ پايانى يوق جاڭگالدا ئەتىگەندىن بېرى پاراڭلىشىپ، ناخشا ـ قوشاق ئوقۇشۇپ، ئەمدى قىلىدىغان گەپلىرى قالمىدىمۇ ياكى خىلۋەت، تىمتاس، پايانسىز جاڭگالدىكى سىرلىق سۈكۈناتنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن سېھىرلىنىپ ئاجايىپ ـ غارايىپ ئوي ـ خىياللارغا بېرىلدىمۇ ۋە ياكى توختىماي چىقىپ تۇرغان غۇر ـ غۇر چۆل شامىلىدا ئېغىزلىرىنى ئېچىپ، يىرىك، شورلۇق قۇم ـ توپىلارنى يېيىشنى خالىمىدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئات ئۈستىدە جىيەكلىرى قىزارغان كۆزلىرىنى قىسىپ، گەز باغلىغان لەۋلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، ئاتلىرىنىڭ مېڭىشىغا، مۈدۈرۈشىگە ماس تەۋرىنىپ، گەپ ـ سۆز قىلىشماي، جىمجىت، خىيالچان كېتىپ باراتتى. كۈنپېتىش سول تەرەپتە قۇم بارخانلىرىغا تولغان پايانسىز قاقاس قۇملۇق مەڭگۈلۈك سۈكۈت ئىچىدە ئۇيۇققىچە يېيىلىپ ياتاتتى. كۈنچىقىش ئوڭ تەرەپ يىراقتا بولسا جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان قۇلان تاغلىرى توپلىشىپ مۆگدەۋاتقان قۇلانلاردەك جىمجىت، غۇۋا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئەتراپتىن قوي ـ ئۆچكە، قوزا ـ ئوغلاقلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ئىزدىشىپ مەرەشكەن، غۇر ـ غۇر شامالنىڭ قۇرۇق قومۇش يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ بوش ئۇشقىرتقان ئاۋازىدىن باشقا غەيرىي ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. غەربكە دومىلاپ قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا چۆشەي دەپ قالغان قۇياشنىڭ تاۋى يانماقتا، غۇر ـ غۇر



www.uyghurkitap.com

شامال ۋە ئاياز ئىزغىرىن بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئاتلارنىڭ تۈكىنى پاخپايتىپ مالچىلارنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرمەكتە ئىدى.

قوي توپى يايسىمان يېيىلغان بولۇپ، ئوتلىغاچ، مەرىشىپ ئاستا - ئاستا ئالغا سۈرۈلەتتى. مالچى باللارنىڭ ئاتلىرىمۇ قويلارغا ئەگىشىپ بەزىدە توختاپ، بەزىدە چامداپ، بەزىدە باشلىرىنى تۆۋەن قىلىپ ئۈنى - بۈنى تېرىپ يەپ، بەزىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇلاقلىرىنى شىڭشايتىپ، بىرەر بىر پۇشقۇرتۇپ قويۇپ كېتىۋاتاتتى... شۇنداق پەيتتە، سەزگۈر ئاتلار تۇيۇقسىز بىر نەرسىدىن ئۈركۈپ ئارقا - ئارقىدىن باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى - دە، قۇلاقلىرىنى تىكلەپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىشكىنىچە ئورنىدا تاق توختاپ كەينىگە شوخشۇپ، خىيالغا بېرىلىپ كەتكەن مالچى باللارنى چۆچۈتۈپ يىقىتىۋەتكىلى تاس قالدى... قويلارغا بۆرە تەگدىمىكىن؟ يا تۈلكە، توشقان، بۆرە، قاۋانلارنى كۆرۈپ... ئۇلار تەڭلا ئەسلىرىگە كېلىپ شۇنداق ئويلاردا بولۇشتى ۋە پۈتلىرىنى ئۈزەڭگىگە بېسىپ ئېگەردىن كۆتۈرۈلۈشتى - دە، ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن بويۇنداپ نەزەر سېلىشتى. قويلار بىر خىلدا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. «ئەتراپتىمۇ نە بۆرە، قاۋان، تۈلكە، توشقان دېگەنلەرنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدۇ. ئەجەبا، بۇ ئاتلار نېمىدىن قورقۇپ شۇنچە ئۈركۈدىكىن؟ يا ئۇلار كۆرۈنگەنلا نەرسىدىن، شۇنچىكى تىۋىشتىنمۇ چۆچۈپ ئۈركۈيدىغان ئۆكۈش تايلار بولمىسا؟...»

— ئەجەب قورقۇتۇۋەتتا، مۇدۇرۇپ چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدىم، — دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىكى ياشتا كىچىكرەكى.

— مەنمۇ ... — دېدى چوڭى، — نېمە ئىش بولغاندۇر؟

— تاڭەي، تۇيۇقسىز، ئۈشتۈمتۇتلا ئۈركۈدى، — دېدى جانەر ئەتراپقا قاراپ.

— ھەي جانەر، قارا ئاۋۇ نېمە؟ ... — دېدى چوڭى ئۈشتۈمتۇت بىر نەرسىنى بايقاپ.

— قېنى، قايسى؟...

— ئەنە، ئاۋۇ دۆڭنىڭ باغرىدا...

www.uyghurkitap.com

— ئۇ ... جەسەتمۇ نېمە؟...
— ئاتلار ئەسلي شۇنىڭدىن ئۈركۈپتىكەن ـ دە!
— هەي يانان، يۈرە، بېرىپ قاراپ باقايلى...
يانان ۋە جانەر ئاتلىق مالچى باللار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ هېلى-قى «جەسەت» نىڭ يېنىغا بېرىشتى. «جەسەت» دۆڭلۈكنىڭ يا-باغرىدىكى قومۇشلار ئارىسىدا يۈز ـ كۆزى قۇم ـ توپىغا مىلەنگەن پېتى ئېگىزدىن چۈشۈپ ئۆلگەن پاقىدەك پۇت ـ قوللىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ، يەرگە چاپلىشىپ دۈم ياتاتتى. باللار ئېهتىيات بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. «ئۆلگەن كىشىكەن!» دەپ ئويلاشتى ئۇلار مىدىرلىماي جىم ياتقان «جەسەت» تىن دىللىرى ئەيمىنىپ. لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ بوي ـ بەستى، ئۇستۇۋېشىدىكى لەشكىرىي لىباس، دۇبۇلغا ـ ساۋۇت، يوچۇن ـ ياراغلىرىنى كۆرۈپ تېخىمۇ هەيران قېلىشتى ۋە تەئەججۇپ ئىلكىدە ئۇنىڭغا قىزىقىپ قېلىشتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە هەيرانلىق ئىلكىدە قاراشتى ـ دە، ئارقىدىن ئۆزلى-رىنى تۇتۇۋېلىپ، «جەسەت» نىڭ يېنىغا تېخىمۇ يېقىن بېرىپ ئۇنى كۆزىتىشكە باشلىدى. «جەسەت» نىڭ يۈزى قۇم ـ توپا ۋە قومۇش كۆتەكلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغاچقا، كۆرگىلى ۋە تونۇغى-لى بولمايتتى، قىڭغىيىپ قالغان دۇبۇلغىسى ئاستىدىن بىر قول-قى ۋە كالا چاينىۋەتكەن چۆپتەك چىگىشلىشىپ كەتكەن چاچلىرىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆزى بولسا پەقەت مىدىرلىماي ئۆلۈكتەك سو-زۇلۇپ جىم ياتاتتى. ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدا زوڭزىيىشتى، يەنە بىردەم كۈتكەندىن كېيىن جۈرئەتكە كېلىپ قوللىرىنى ئەيمىنىپقىنا سۇ-نۇشتى ـ دە، ئۇنى ئوڭدىسىغا ئۆرۈدى. ئۆرۈدىيۇ، ئۇنىڭ قويۇق تۈك ـ ساقال، كىر ـ قاسماق دەستىدىن تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن، ئۆڭى تاتىرىپ، لەۋلىرى گەز باغلاپ شورلۇق يەردەك يېرىلغان، چىڭ يۇمۇلغان كۆز ـ قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ، مەڭز سۆڭەكلىرى چوقچىيىپ چىقىپ قالغان سۇرلۇك، يىرگىنچلىك چىرايىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن تەڭلا كەينىگە داجىپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

— ھەي جانەر… — دېدى يانان بىر پەستىن كېيىن ئوڭدىسىغا ئۆرۈلگەندىن كېيىنمۇ مىت قىلىپ قويمىغان ناتونۆش «جەسەت» تىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

— ھە! — دېدى جانەر.

— كۆرۈۋاتامسەن؟ !…

— ھەئە…

— توۋا… ئاجايىپلا!…

— ئۈستۈپشىمۇ يوچۇنلا…

— چىرايى بۆرىنىڭكىگە ئوخشايدىكەن ـ ھە!

— ئوخشايدىكەن. بوي ـ بەستىمۇ شۇنداق يوغان كىشىكەن، ئېيىقتەك. مەن ھازىرغىچە بۇنداق غارىپ كىشىنى كۆرۈپ باقمىغان.

— مەنمۇ…

— ئۇ كىمدۇر؟

— كىمدۇر زادى؟ بۇ يەرلەردە قانداقلارچە ئۆلۈپ قالغاندۇر؟

— ئۇ راستىنلا ئۆلۈپ قالغانمىدۇر؟

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

— ئۇ قانداق بولۇپ بۇ يەردە ئۆلۈپ قالغاندۇر؟ يىرتقۇچلارغا يولۇقتىمىكىن دېسە، بۇ ئەتراپتا كىشىلەرگە چېقىلغۇدەك يىرتقۇچ يوق.

— شۇنى دەيمەن… تۇرقى ـ سىياقى، ئۈستۈپشىدىن قارىغاندا، ئۇ بۇ يەرلىك ئەمەستەك قىلىدۇ.

— چىنلىقلارغىمۇ ئوخشاشمايدىكەن يا ئاققۇيلۇقلارغا①.

— چىنلىقلار تاغنىڭ بۇ تەرىپىدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئاققۇيلۇقلارمۇ بۇ تەرەپلەرگە كەلمەيدۇ…

— توخرىمىدۇ ـ يە؟

— توخرى؟ ياق، تېخىمۇ ئەمەس.

— ئەمىسە…

---

① ئاققۇيلۇقلار — بەيانلار، بەيياڭ، ھونلارنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ياشايدىغان قوۋم.

www.uyghurkitap.com

— ئۇ بىر ياۋايى كىشىدەك قىلىدۇ، ياۋايى قەبىلىنىڭ كىشىسى…

— ياۋايى؟ … چىرايىغۇ دەل ئۆزى. بىراق ئۇستۇبېشى بىلەن ياراغلىرى… ياق، مېنىڭچە ئۇ ياۋايى ئەمەس.

— ئەمىسە نېمە؟

— مېنىڭچە ئۇ بىر يولۇچى، يات يۇرتلۇق…

— يولۇچى؟

— ھەئە، شۇنداق.

— ياق، ئۇنىڭ يات ـ ياقا يۇرتلۇق ئىكەنلىكى راست. ئەمما ئۇ يولۇچى ئەمەس. قارا ئۇنىڭ ئۇستۇبېشىغا، ياراغلىرىغا، يولۇچى دېگەنمۇ مۇشۇنداق بولامدۇ، مىنىدىغانغا ئېتىمۇ يوق. مېنىڭچە ئۇ بىر نۆكەر.

— نۆكەر؟

— چوقۇم شۇنداق، باغلىشىمەن.

— نۆكەرمۇ ئات مىنىدىغۇ؟…

— ……

— ئۇ نۆكەر بولمىسا بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ يەنە تېخى ئۆزى يالغۇز بىر كىشىلا. ئۇۋغا چىققانمىكىن دېسە، بۇ يەردە ئوۋنىڭ تايىنى يوق. سوقۇشقا ماڭدىمىكىن دېسە تېخى… مېنىڭچە، ئۇ يولدىن ئادىشىپ قالغان يولۇچى.

— بۇ ئىككىسى ئوخشاشلا گەپقۇ… بولدى، تالاشمايلى. ئاۋۋال ئۇ ئۆلۈكمۇ يا تىرىكمۇ، ئۇقۇپ باقايلى، ئەگەر ئۆلگەن بولسا نەرسىلىرىنى… ئۇنىڭ كىم، قانداق كىشى ئىكەنلىكى بىلەن بىزنىڭ نېمە كارىمىز.

— ئەگەر ئۇ ئۆلمىگەن بولسىچۇ؟

— نېمىدىن قورقىسەن، توشقان يۈرەك؟ كۆرمىدىڭمۇ ئۇنىڭ تۈرقىنى؟ ئۆلۈكتىن نېمە پەرقى شۇ تاپتا. قورقما.

ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ، ناتونۇش «جەسەت» نىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى ئۇقۇپ باقماقچى بولۇشتى. ئەمما يېنىغا كەلگەن-

ده بۇنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىدىن تۇتۇپ تارتىپ، ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ، يانلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. كۈتمىگەندە جانەر ئۇنىڭ ساۋۇتى ئىچىدىن يەنە بىر ياراغ تېپىۋالدى.

— يانان، قارا... ئۇنىڭ يېنىدا بوكتا بار ئىكەن!

— قېنى، مۇنداق قىلە...

— مانا، ساۋۇتىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇقلۇق ئىكەن.

— هوي، بۇ بىزنىڭكىلەر سوقۇپ چىققان بوكتاغۇ!

— ئوخشىشىدىكەن.

— ئوخشىشىدىكەن دەيسەنغۇ، دەل ئۆزى، قارا ماۋۇ بەلگىلەرگە...

— بۇ ئۇنىڭ يېنىدا نېمە ئىش قىلىدىغاندۇر؟

— شۇنى دەيمەن... ئۇ كىم بولغىيدى زادى؟ بۇ بوكتا قانداق قىلىپ ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندۇر؟ ئۇ يا بىزنىڭ تائىپىدىن بولمىسا؟...

— هوي يانان، ئۇ تىرىك ئىكەن، تىرىك! ... — دېدى جانەر.

— قورقما! ... — دېدى يانان ئۆزى قورقۇپ تۇرسىمۇ.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟...

— شۇك تۇرغىنا بىردەم.

ئۇلار نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قورقۇپ تۇرغاندا، بىر ئات ئۇشتۇمتۇت ئېچىنىشلىق كىشنەپ ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ ئاقسىتىۋەتتى. ئۇلار تەڭلا چۆچۈپ ئاتلىرىغا قاراشتى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىر نەرسىدىن ئۈركۈگەندەك، بىر نەرسىنىڭ شەپىسىنى ئالغاندەك باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، قۇلاقلىرىنى تىك قىلىپ، ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ، ئەتراپقا سەزگۈر، چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ هالىتىدىن هېچ كىشىنىگەندەك ياكى كىشنىمەكچى بولغاندەك ئالامەت كۆرۈنمەيتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ بىر نەرسىدىن ئۈركۈپ تۇرغىنى ياكى بىرەر

شەپە ـ ئاۋاز ئاڭلىغىنى راست. ئۇنداقتا مالچى باللارنىڭ باشقا بىر ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىمۇ خاتا ئەمەس. ئۇ ئات قېنى؟ قەيەردە؟ ... ئۇنىڭغا نېمە بولغان؟ ... مالچى باللار نېمە. گىدۇر ھاياجانلىنىپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى، ئاندىن ئۆزلىرىنى سەل بېسىۋېلىپ ئورنىدىن تۇرۇشتى ـ دە، تەڭلا دۆڭگە يامىشىپ چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سېلىشتى.

— ئەنە، ئاۋۇ يەردىكەن!

دۆڭنىڭ كەينىدىكى ئويماندا، قومۇشلار ئارىسىدا راستىنلا پۈتۈن بەدىنى تەرلەپ قوم ـ توپا دەستىدىن ئەسلىي رەڭگىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بىر ئات ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ خارتىلداپ ياتاتتى. ئۇ مالچى باللارنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈردى، ئۇلارغا ئىنتىلىپ، تۇمشۇقىنى يەرگە تىرەپ، پۇتلىرىنى يىغىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدىيۇ، ئەمما يەنە مادارى يەتمىدى، خارت ـ خۇرت قىلىپ تىنغىنىچە پۇت ئېتىپ يېتىپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ، مالچى باللارنىڭ بىردىنلا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى.

— ئاۋۇ كىشنىگەن ئېتىكەن، — دېدى يانان ھۆكۈم قىلىپ.

— ئۆلەي دەپتۇ، بىچارە جانىۋار ... — دېدى جانەر.

— ئۇلار يىراقتىن كەلگەن ئوخشايدۇ، نۇرغۇن يول بېسىپ، شۇڭا ھالسىراپ يىقىلىپ قالغان گەپ.

— شۇنداق ... — دېدى جانەر ئاتنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان ئېگەر ـ جابدۇقلىرىغا دىققەت قىلىشىپ، — قومۇلۇقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن...

— نېمە؟ قومۇلۇقتىن ئۆتۈپ كەلگەن دەۋاتامسەن؟ ياق. بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى يانان، — بۇ بىپايان، قاقاس قومۇلۇق. تىن ئۆتۈشكە كىممۇ جۈرئەت قىلالىسۇن! ئۇچار قۇشلار ئۆتەلمى. گەن يەردە...

— بىراق، ئۇلار راستىنلا شۇ تەرەپتىن كەلگەن! — دېدى جانەر ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا، ئات ياتقان ئويماننىڭ چېتىدىن ئۇنىڭ ئىزلىرىنى ئاختۇرۇۋېتىپ، — قارا، ئاۋۇ ئىزلارغا، شامال.

ـمۇ كۆمۈپ ئۆلگۈرمەپتۇ تېخى.
— بىراق، بۇ … كىشىنىڭ زادى ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشقۇ!
— راست دەيسەن. مەنمۇ ھەيران شۇ تاپتا. لېكىن…
— ئۇلار قۇملۇقتىن قانداق ئۆتكەندۇر؟ … ئۇ كىم بولغىيدى زادى، بۇنچە چوڭ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ھالاكەت قۇملۇقىغا ئات سالغان؟!…
— قارىغاندا ئۇ ئادەتتىكى كىشى ئەمەستەك قىلىدۇ.
— ئېتىنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرىمۇ ساپلا ئالتۇن، كۈمۈش…
— ئۇ چوقۇم بىرەر پېشكەللىككە يولۇققان، ئامالسىزلىقتىن قۇملۇققا ئات سېلىشقا مەجبۇر بولغان…
— ھەي جانەر، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟…
— بىلمىدىم…
— ئاۋۇ كىشى… ئۇنىڭ ھالى ئېتىنىڭكىدىنمۇ بەتتەر شۇ تاپتا. جان تالىشىپلا قاپتۇ. ئۆلۈپ قالامدىكىن دەيمەن. يۈرە، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ باقايلى.
— ئۇنى قۇتقۇزۇۋالامدۇق؟
— ئەمدى، ئىچى ئاغرىيدىكەن كىشىنىڭ.
— بوپتۇ، شۇنداق قىلايلى. ھوشىغا كېلىپ قۇتۇلۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئۇ چاغدا بىزگە ھەممىنى دەپ بېرەر بەلكىم.
— بەلكىم…
مالچى باللارنىڭ تۇرۇپلا دۆڭنىڭ ئۇ تەرىپىدە ھوشسىز يېتىپ قالغان نىمجان ئاتقىمۇ ھېسداشلىقى قوزغالدى. ئۇلار ئاتنىڭ باش - بويۇنلىرىنى سىلاپ، «تۇرۇپ تۇر، جانىۋار. بىز ھېلى كېلىمىز» دېيىشتى - دە، ئۇنى قويۇپ، ھېلىقى نىمجان كىشىنىڭ يېنىغا بېرىشتى. يانان بۇ قېتىم ھېچ ئەيمەنمەي، ئىككىلەنمەي ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى يۆلەپ قۇچىقىغا ئالدى. ئاندىن يېنىدا پايپېتەك بولۇۋاتقان جانەرگە ئېتىنىڭ ئېگىرىگە ئېسىپ قويۇلغان تېرە تۇلۇمدىكى سۇنى ئەكېلىشنى بۇيرۇدى.

www.uyghurkitap.com

— ئۇ ھەممىدىن بەك چاڭقاپ ھالىدىن كەتكەن ... — دېدى ئۇ جانەر سۇنى ئەكەلگەندىن كېيىن، ئىمجان كىشىنىڭ دۇبۇلغىسىنى ئېلىۋېتىپ، ئېڭەكلىرىدىن يۆلەپ تۇرۇپ.

— سۇنى ئىچسە ھوشىغا كېلەر ـ ھە؟ — دېدى جانەرمۇ ئېمىگىدۇر ھاياجانلىنىپ.

— كېلەر، — دېدى يانانمۇ، — قېنى تېز بول. سۇنى ئۇنىڭ ئېغىزىغا تېمىت ...

ئۇ ئىمجان كىشىنىڭ ساقىلىنى يۆلەپ ئېڭىكىنى ئۇۋۇشلىدى. جانەر تۇلۇمدىكى سۇنى ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭ ئېغىزىغا تېمىتىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى بايىقى بېپەرۋالىق ۋە غەيرىي نىيەتتىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغان بولۇپ، پۈتۈن دىققىتى پەقەت ھوشسىز ياتقان ئىمجان ھالەتتىكى كىشىنى قانداق قىلىپ قۇتقۇزۇۋېلىشقىلا مەركەزلەشكەنىدى. يانان خۇددى قېرىندىشىغا كۆيۈنگەندەك ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئېڭەكلىرىنى ئاۋايلاپ ئۇۋۇشلاپ ئولتۇراتتى. جانەر بولسا تېرە تۇلۇمدىكى ھاياتبەخش سۇنى بىر تېمىم ـ بىر تېمىمدىن ئۇنىڭ چىلىڭ يۇمۇلغان ئېغىزىغا تېمىتاتتى. ھايال ئۆتمەي ئۇلارنىڭ بۇ كۆيۈنۈش ۋە تىرىشچانلىقى ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى. ئىمجان كىشىنىڭ ئېغىزى ھۆل بولۇپ، شورلۇق يەردەك گەز باغلاپ چاك ـ چاك يېرىلغان لەۋلىرى نەملىشىپ، تېمىتىلىۋاتقان سۇ ئېغىزىغا سىرغىپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇ بوغدىيىكىنى مىدىرلىتىپ سۇنى يۇتتى. بۇنى كۆرۈپ باللار بىر ـ بىرىگە مەمنۇنىيەت بىلەن بېقىشتى. بىرئازدىن كېيىن ئۇ بارماقلىرىنىمۇ مىدىرلاتتى، پۇتلىرىمۇ تىترىگەندەك قىلدى، لەۋلىرى بىر ـ بىرىدىن ئاجراپ ئۆمچەيدى. بۇ ئۇنىڭ سۇ تەلەپ قىلغىنى ئىدى. جانەر تۇلۇمنى يەنە ئۇنىڭ ئېغىزىغا ئاپاردى... بىر پەستىن كېيىن ئۇ تېخىمۇ جانلاندى، خۇددى قاغجىرىغان يەر يامغۇر سۈيىگە قېنىپ يۇمشىغاندەك ئېغىزىنى تېخىمۇ يوغان، قۇشقاچنىڭ كامىرىدەك ئېچىپ، بوردىلىپ ئېغىزىغا پاتماي قالغان تىلىنى مىدىرلىتىپ، ئۇزمەي قويۇلۇۋاتقان

سۈنى غۇرت - غۇرت قىلىپ يۇتۇشقا باشلىدى.

«يا تەڭرىم! ئۇ ئاخىر ھوشىغا كېلىشكە باشلىدى. قۇتۇلۇپ قالىدىغان بولدى! ...»

غايەت زور ئالتۇن تاۋاقتەك قۇياش غەربتىكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا پېتىپ كېتىۋاتاتتى. كەچكى شەپەق نۇرىدا ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار قان تەپچىپ تۇرغان چوڭ - چوڭ ئەت پارچىلىرىدەك كۆرۈنەتتى. ئىزغىرىن شامالمۇ كۆچەيمەكتە، سوغۇقمۇ ھەم ... نىمجان كىشى تارتىشىپ كەتكەن قاپاقلىرىنى سوزۇپ، لىك - لىك مىدىرلىتىپ، كۆزلىرىنى ئاستا - ئاستا ئاچتى. قارىچۇقلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئاسمانغا، ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋاتقان باللارغا قارىدى، ئېغىزىنى ئېچىپ يەنە سۇ تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بەئەينى شەپەق نۇرىغا تولغان ئاسمانغا ئوخشايتتى. مالچى باللار ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سەل چۆچۈگەن بولسىمۇ، سۇ تەلەپ قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ يەنە تېرە تۇلۇمنى ئۇنىڭ ئېغىزىغا ئاپاردى. تۇلۇمدىكى سۇ تۈگەپ قالاي دېگەندى. ئەمما ئۇلار بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى. ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا قېپقالغان سۇنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئىچۈردى. ئۇلارنىڭ ھازىرقى بىردىنبىر ئارزۇسى ئۇنى سۇغا قاندۇرۇش، تولۇق ھوشىغا كەلتۈرۈپ قۇتقۇزۇپ قېلىش ئىدى.

نىمجان كىشى بارغانچە جانلىنىشقا، نەپسى تېزلىشىپ، كۆزلىرى مۆلدۈرلەشكە، پۇت - قوللىرى مىدىرلاپ بەدىنى تىترەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايى تۇرۇپلا تۇرۇلدى. يىغلىماقچى بولسا كېرەك. بەلكىم ئۇ گۆر ئاغزىدىن قايتىپ ھايات قېلىۋاتقانلىقىدىن، ئىككى ناتونۇش بالىنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىدىن تەسىرلىنىۋاتقاندۇر. بىراق ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر تامچىمۇ ياش چىقمىدى. ئۇ يەنە يامغۇر تامچىلىغان شورلۇق يەردەك يۇمشىغان لەۋلىرىنى ئۆمەللەپ، بوردىلىپ كەتكەن تىللىرىنى مىدىرلىتىپ سۆزلىمەكچى بولدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇنىڭغىمۇ مادارى يەتمىدى، پەقەت خىر - خىر قىلىپ ئىڭرىيالىدى، خالاس. ئۇنىڭ بۇ زە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىپ، ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆرۈپ مالچى باللارنىڭ ئېخىمۇ ئىچى سىيرىلدى.

— بىچارە... ئۇ راستتىنلا چاڭقاپ ئۆلەي دەپتىكەن، — دېدى جانەر ئىختىيارسىز ھالدا دىماغلىرى ئېچىشىپ، — بىزگە يولۇق-مىغان بولسا ... ھېلىمۇ ياخشى تەقدىر بىزنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ كەپتۇ.

— ھەئە... — دېدى يانانمۇ بۇرنىنى تارتىپ، — ئېچىرقاپ كەتكەندۇر ھەرقاچان. بۇ قاقاس قۇملۇقتا نېمىمۇ تېپىلاتتى ئۇنىڭ-غا يېگۈدەك.

— ئۇ بەك ھالسىزلىنىپ كېتىپتۇ. زۇۋان سۈرۈشكىمۇ مادا-رى يەتمەيۋاتىدۇ، ... ئۆلۈپ قالماس - ھە؟

— ئېغىزىڭغا تاش!

— ھەي يانان، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟...

— قانداق قىلاتتۇق، ئۇنى ئاۋۇلغا ئېلىپ بېرىپ ئاخىرىغىچە قۇتقۇزىمىز - دە.

— دۇرۇس ئېيتتىڭ، — دېدى جانەر نېمىگىدۇر خۇشال بولۇپ، — ئۇنى ئاۋۇلغا ئەكېتەيلى. مەن بېرىپ ئاتلارنى ئەكېلەيمۇ؟

— شۇنداق قىل، تېز بول. بولمىسا ئۇ ئەمدى توڭلاپ قېلىشى مۇمكىن.

— ھە راست، ئاۋۇ ئاتىنىچۇ، ئۇنى قانداق قىلىمىز؟

— ئاتنىما ... ئۇ تۇرۇپ تۇرسۇن. بىردەملىككە ئۆلۈپ قال-ماس. ئاۋۋال كىشىنى قۇتقۇزايلى.

— ماقۇل ...

ئۇلار بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن نىمجان ھالەتتىكى ناتو-نۇش كىشىنى ئاتقا ئالدى - دە، قويلارنى تاشلاپ، ئاۋۇلغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 2

يانان ۋە جانەر ئاتلىق مالچى باللار شۇبۇ ئاقساقلىنىڭ ئوغلانلىرى ئىدى. ئۇلار جاڭگالدا مال ھەيدەپ كېتىۋېتىپ تاسادى-

پىي ئۇچرىتىپ قالغان ۋە ئېغىزىغا سۇ تېمىتىپ قۇتقۇزۇۋالغان نىمجان ھالەتتىكى ناتونۇش كىشى بولسا دەل توخرى ئېلىدىن قاچقان بارىمتاي باتۇر ئىدى. باتۇر شياڭ دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا تەۋەككۇل قىلىپ تەڭرى قۇملۇقىغا ئات سالغاندىن كېيىن، ئاياز ئىزغىرىن ۋە قۇم - بورانلىق قاقاس قۇملۇقتا سۇ ۋە ئوزۇقسىز ئون نەچچە كۈن يول يۈرگەن، تۈرلۈك جاپا - مۇشەققەت ۋە خېيىمخەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، مىڭ بىر تەستە قۇملۇقنى غەربتىن شەرققە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، قۇلان تاغلىرى ئېتىكىدىكى جاڭگاللىقتا كەلگەندە، ھارغىنلىق ۋە ئاچ ، ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن بەرداشلىق بېرەلمەي ئېتى بىلەن تەڭ يىقىلىپ يېتىپ قالغاندى.

ئۇ شۇبۇلارنىڭ ئاۋۇلىغا ئەكېلىنگەندىن كېيىنمۇ ئۈچ كۈنگىچە تولۇق ھوشىغا كېلەلمىدى. ئۇ بەزىدە كۆزلىرىنى ئېچىپ ھوشىغا كەلسە، بەزىدە قىزىپ جۆيلۈپ خەتەر ئىچىدە قالاتتى. يانان بىلەن جانەر ئۇنىڭ يېنىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەيتتى. ئۇلار ھامان ئۇنىڭ كىم، قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى، قەيەردىن كەلگەن، قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلىشكە قىزىقاتتى. ئۇنىڭ ھوشىغا كېلەلمەسلىكىدىن، ساقىيىپ قوپالماي قېلىشىدىن، ئېچىنىشلىق، نام - نىشانسىز، جىم - جىملا ئۆلۈپ تارتىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ئەتراپىدا پەرۋانە بولاتتى. ئۇنى توڭلاپ قالمىسۇن، سوغۇق ئۆتۈپ كەتمىسۇن، دەپ ئوت قالاپ ئۆينى ئىسسىتىپ، يۇمشاق ياپقۇت ۋە تېرە يوتقانلارغا ئورايتتى. چاڭقىشى بېسىلسۇن، تەن - بەدەنلىرى سۇغا قېنىپ ئەسلىگە كەلسۇن، دەپ سۇ ئىچۈرۈپ، قىزىپ تەرلەپ كەتسە يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتەتتى. ئۇنىڭغا قۇۋۋەت بولسۇن دەپ ئۇستىخان قايناتسا، شىپا بولسۇن دەپ دورا ئوتلارنى دەملەيتتى. ئۇ تىنچلانغاندا، ئۇخلىغاندا بولسا تەڭرىگە سېغىنىپ، ئۇنىڭغا شاپائەت ۋە ئامان - ئېسەنلىك تىلەيتتى. ئۇلار ئۇنىڭ تېزرەك ھوشىغا كېلىپ ساقىيىپ قوپۇشىنى، ئۆزى ۋە كۆرگەن - بىلگەنلىرى، ئاڭلىغانلىرى توغرىسىدا قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

«قۇش قاندىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن، تېز چاپ تۇلپىرىم! ... قورت ... كۆك قورت! بىز قوتۇلۇپ كېتىدىغان بولدۇق... ئالىپ بوقا! ... تېز چاپ! ... ئالچى تاغلىرىنى قايتۇرۇۋالىمەن! ... ئىنتىقام ئالىمەن! خەپ... خەپ! ... ئاھ تەڭرىم! ... سۇ... »

باتۇر پات - پات مانا مۇشۇنداق باش - ئايىغى يوق تاققا - تۇققا گەپلەرنى قىلىپ جۆيلۈيتتى. ئۇلار ئۇنىڭ جۆيلۈشلىرىنى ئاڭلىغاندا ھەم ھەيران بولۇپ سىرلىق تەئەججۇپكە چۆكەتتى، ھەم ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ غەم - تەشۋىشكە پاتاتتى. چۈنكى ئۇ جۆيلۈگەندە سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندەك بوغۇلۇپ، ھاسىراپ، ئىڭراپ، ۋارقىراپ، تىترەپ، تولغىنىپ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كېتەتتى، باش - ئايىغى يوق، چۈشىنىكسىز، ۋەھىمىلىك گەپلەرنى دەپ غەزەپلىك، ئېچىنىشلىق نىدا قىلاتتى. يەنە كېلىپ، ئۇ جۆيلۈگەندە، قانداقتۇر ياۋايى ياكى يات كىشىدەك چۈشەنگىلى بولمايدىغان، يوچۇن تىلدا ئەمەس، بەلكى ھون تىلىدا سۆزلەيتتى. تەڭرىلەرنىڭ، ئۇلۇغ تۆز كۆك بۆرىنىڭ، تونۇش تاغ - دەريالارنىڭ، كىشىلەرنىڭ نامىنى تىلغا ئالاتتى. بۇنىڭدىن ئۇلار ئۇنىڭ يات كىشى ئەمەسلىكىنى، ئۆزلىرى بىلەن يۇرتداش، ئۇرۇقداش ئىكەنلىكىنى، ئادەتتىكى كىشى ئەمەسلىكىنى، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنىڭ ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلىشاتتىيۇ، ئەمما ئۇنىڭ قوپال بەستى - قامىتى، غارىپ تۇرقى - سىياقى، يوچۇن ئۇستىۋاشلىرى ۋە ياراغلىرىنى كۆرگىنىدە، قۇملۇقنىڭ ئۇ قېتىدىن كېلىپ جاڭگالدا يىقىلىپ قالغىنىنى ئەسلىگىنىدە، يەنە گاڭگىراپ، تەگسىز تەئەججۇپ ۋە ئاللىقانداق ئوي - خىياللارغا بېرىلەتتى.

باتۇر ئۈچ كۈن جان تالاشقاندىن كېيىن، ئاندىن قېنىپ ئۇخلاپ ئويغانغان كىشىدەك تولۇق ھوشىغا كەلدى. بۇ چاغدا ئۇ ياتقان چېدىر ئۆيدە پەقەت جانەرلا ئۇنىڭغا قاراپ قالغان، باشقىلار بولسا كۈندىلىك تىرىكچىلىك غېمىدە سىرتلارغا چىقىپ كېتىشكە-

نىدى. جانەر ئۇ ئۇخلاپ ياتقان تۆشەكنىڭ ئىككى قەدەم نېرىسىدىكى ئوچاقنىڭ يېنىدا، چېدىرنىڭ چاڭغىرىقىدىن چۈشۈپ تۇرغان يوروق ئاستىدا تونۇش، يېقىملىق بىر كۈيگە غىڭشىپ، ئاتىنىڭ ئېگىرى بىلەن ھەپىلىشىپ ئولتۇراتتى. تالادىن ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان، تـوخۇلارنىڭ چىللىغان، ئـاتلارنىڭ پـۇشقۇرتقان، كىشنىگەن، قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشكەن، كىشىلەرنىڭ پاراڭلاشقان، ھايت ـ ھۇيت قىلىپ مال ھەيدەشكەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. باتۇر كۆزلىرىنى ئېچىپ، تۇنجى بولۇپ چاڭغىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئالتۇن رەڭ بېرىلگەندەك قىزغۇچ تاڭ سەھەر ئاسمىنىنى كۆردى، ئانـدىن جـانەر غىڭشىغـان كـۈينى، تالادىكى شەپە ـ ئاۋازلارنى ئاڭلىدى، ئۆينىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، قوللىرىغا تايىنىپ تەستە ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ، ئەتراپىقا — ئۆي ئىچىگە نەزەر سالدى. چوڭ، ئازادە، يوروق، ئىسسىق چېدىر ئۆي، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوچاق، ئوچاقنىڭ يېنىدا قازان ـ قومۇچ، ئاشتاختا، ئىشىكنىڭ سول تەرىپىدە ساندۇق، جاۋەن، يوتقان ـ تەكىيە، ئوڭ تەرىپىدە تۇلۇم ـ تۇرسۇق، كوزا ـ كومزەك، قاپ ـ تاغار، كەرىگىلىك تامغا يۆلەپ ۋە ئېسىپ قويۇلغان چارپاي[①]، ياراغ، نوختا ـ يۈگەن، بۇغا ـ كېيىك مۈڭگۈزلىرى، تۇلكە، توشقان، سۆسەر تېرىلىرى... يەنە ئوچاق ئالدىدىكى قۇرۇتۇلغان تېزەك يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئاتىنىڭ ئېگىرى بىلەن ھەپىلىشىپ غىڭشىپ ناخشا ئوقۇۋاتقان جانەر... ئۇ ئۇنى قاچانلاردىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك، تونۇيدىغاندەك قىلدىيۇ، ئەمما ئېنىق ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇ غىڭشىۋاتـقـان ناخشا، چېدىر ئۆي ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى جابدۇق ـ سەرەمجانلارمۇ ئۇنىڭغا تونۇشلۇقتەك بىلىندى... «كىم بولغىيدى ئۇ؟ ... بۇ قەيەر؟ ... مەن ھاياتمۇ؟...»

— بۇ قەيەر؟ كىمنىڭ ئۆيى؟ مەن تېخى ھاياتمۇ؟...

ئۇ جۆيلۈگەندەك ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويۇپ ئۈنلۈك سۆزلى-

---

① چارپاي — تېرىم ـ يىغىم قوراللىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دى. جانەر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ شۇئان ناخشا ئوقۇشتىن، قىلىۋاتقان ئىشىدىن توختىدى.

— ھە، ئويغاندىڭمۇ، ھوشۇڭغا كەلدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، — سەن تېخى ھايات، ئامان ـ ئېسەن. تەقدىر سېنى بىزگە يولۇقتۇردى. تەڭرىلەر قۇت بېرىپ ھوشۇڭغا كەلدىڭ. بۇ يەر بىز شۇبۇ مالچىلىرىنىڭ ئاۋۇلى. بۇ بىزنىڭ ئۆي، سېنى يانان ئىككىمىز جاڭگالدا ئۇچرىتىپ قېلىپ بۇ يەرگە ئەكەلدۇق...

باتۇر مانا شۇ چاغدا ئاندىن ئۆزىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە، توخرىلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلغانلىقىغا ئىشەندى ۋە نېمە دېيىشنى، قانداق قىلىشنى ئۇقالماي جانەرگە سەپسېلىپ قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، بىردىنلا تەقدىردىشى توروق تۇلپارنى يادىغا ئالدى.

— تۇلپار... مېنىڭ تۇلپىرىم، ئۇچۇ؟... ئۇمۇ ساقمۇ؟ — دېدى ئۇ جانەرگە ئېسىلىپ.

— ساق، ئەنسىرىمە، ئۇ چىدامىلىق، كۈچلۈك ئات ئىكەن. سەندىن بۇرۇن ئەسلىگە كەلگەن. شۇ تاپتا تالادىكى باغلاقتا چۆپ يەۋاتىدۇ، — دېدى جانەر.

باتۇر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھاياجانلاندى، خۇشال بولدى، نىجاتكارىنى، تەقدىرداش ھەمراھىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى. لېكىن ئۇ تېخى ساقىيىپ، تولۇق ئەسلىگە كېلىپ بولالمىغاچقا، ئورنىدىن تۇرۇپلا زورۇقۇپ قالدى ـ دە، بېشى قايغاندەك بولۇپ، پۇتلىرىغا چىڭ دەسسەپ تۇرالماي سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. جانەر شۇئان ئۇنى يۆلىۋالدى، ئاندىن قولىنى بويىنىغا ئېلىپ، بېلىدىن تۇتۇپ يۆلەپ تالاغا ئاچىقتى. قىش پەسلى، سەھەر پەيتى بولغاچقا، تالا سوغۇق ھەم شامالىلىق، ئەمما ھاۋا ئوچۇق ئىدى. قۇلان تېغى كەينىدىن يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياش كۈلۈپ باقاتتى... توروق تۇلپار چېدىر ئۆي يېنىدىكى باغلاقتا قۇروق چۆپ يەۋاتاتتى. ئۇ باتۇرنى كۆرۈپ ئوتلاشتىن توختاپ،

بېشىنى كۆتۈرۈپ، قۇلاقلىرىنى تىكلەپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى كېرىدى. ئىلگىرىكىدەك شوخ چاپچىيالمىسىمۇ ئالدى ـ كەينىگە چامداپ، تۇمشۇقىنى سوزۇپ خىرتىلدىدى، گويا باتۇرنى كۆرۈپ خۇشال بولغاندەك، ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ كۆرۈشمەكچى بولغاندەك. نېمىدېگەن سەزگۈر، ئەقىللىق ئات ـ ھە! باتۇر ئۇنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ ئېچىندى، ئىچى سىيرىلىپ، كۆزلىرىگە مۆل ـ مۆل ياش كەلدى ـ دە، «تۇلپىرىم! ...» دېگىنىچە جانەرنى قويۇۋې-تىپ ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى.

«بېچارە! ... سېنى ئېلىپ قېچىپ كۆپ قىينىدىم ... بىراق، بىز ئاخىر مەقسىتىمىزگە يەتتۇق، قېچىپ قۇتۇلدۇق. قارا، مەن تېخى ھايات! سەنمۇ شۇنداق... بۇ يەر مېنىڭ يۇرتۇم. ئەمدى سېنىڭمۇ يۇرتۇڭ بولۇپ قالدۇ. مەن سەندىن ئايرىلمايمەن. بىز مەڭگۈ بىللە بولىمىز! ...»

ئۇ، ياداپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، تۈكلىرى تۇزۇپ، يال ـ قۇيرۇقلىرى سالۋارىغان، قاپاقلىرى ئولتۇرۇ-شۇپ، چىرايلىق كۆزلىرى پۆلتىيىپ چىقىپ قالغان تورۇق تۇل-پارنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ، يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ يىغلىۋەتتى. نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق، تەسىرلىك مەنزىرە ـ ھە! كىشى بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ساپ، چىن، ھەقىقىي دوستلۇق، مۇھەببەت مەنزىرىسى! ... كۆز ئالدىدىكى بۇ ئاجايىپ، تەسىرلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ، جانەرنىڭمۇ ئىختىيارسىز ھالدا دىماغلىرى ئېچىشىپ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ ئاستا بېرىپ قولىنى باتۇر-نىڭ مۈرىسىگە قويدى. ئۇ باتۇرغا بەرمەكچىدى. بۇ چاغدا باتۇر بىردىنلا ئاتنى قويۇۋېتىپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى ـ دە، ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ تاشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان دەرد ـ ئەلەم، ھەسرەت ـ نادامەتلىرى كۆز ياشلىرىغا قوشۇلۇپ يامغۇردەك تۆكۈلەتتى. شۇن-چە زور، چوغچام بەستى ئۇششۇك تەگكەن ياپراقتەك، قومۇش ئىچىدىكى نالدەك تىترەيتتى. باغرى يۇمشاق جانەرمۇ ئۆزىنى تۇتۇ-

ۋالىماي قالدى. ئۇلار خۇددى ئۇزۇن يىل كۆرۈشەلمىگەن ئاغا- ئىنىلەردەك بىر - بىرىنى چىڭ قۇچاقلىشىپ بىر پەس يىغلاشتى، ئاندىن بىر - بىرىنىڭ مۈرىلىرىگە ئېسىلىشىپ، ياش تۆكۈپ تۇرۇپ كۈلۈشتى.

— تەقدىرگە تەن، تەڭرىمگە تەن! — دېدى باتۇر بىر ئۆزىگە، بىر ئاتقا، بىر جانەرگە، بىر كۆككە قاراپ تەسىرلىك ندا قىلىپ.

— شۇنداق... سەن تېخى هايات. بۇنىڭغا ئىشىنىشىڭ كې- رەك! — دېدى جانەرمۇ هاياجانلىنىپ.

ئاندىن ئۇلار كۆز ياشلىرىنى ئېرتىشىپ، يېڭى بالقىغان قۇ- ياشقا يۈزلەندى، ياشىق تەڭرىسىگە تېۋىنىپ، كۆك تەڭرىگە هەمدۇ سانا ئېيتتى. باتۇر باشقىچە بىر روھ، باشقىچە بىر سۆيۈ- نۈش، باشقىچە بىر خۇشاللىق بىلەن ئەتراپقا نەزەر سالدى. جەنۇب- تىن شىمالغا سوزۇلۇپ هەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قۇلان تاغلىرى، ئۇنىڭ ئېتىكىدىكى بىپايان دالا، بوزقىرلار، ئالتۇن رەڭ يايلاقتىكى چاڭغىراقلىرىدىن كۆكۈچ ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتقان چېدىر ئۆيلەر، ساغىر - ساغىر، توپ - توپ مال - يىلقا، ئاۋۇلدىكى تونۇش، يېقىملىق كىشىلەر... مانا بۇ ئۇنىڭ يۇرتى، ئۇرۇقداشلىرى. بۇيۇك ئەجدادلىرى ئاياغ باسقان، ياشىغان، ئۇ- زارغان مۇقەددەس هون زېمىنى! ... ئۇ جانەرنى قويۇۋەتكەنىدى، ئەتراپقا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن نەزەر سىلىپ، پۇتلىرىغا چىڭ دەسسەپ تىك، مەزمۇت تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ پۇتلىرىنىڭ تېگىدىكى قاتتىق، تەۋرەنچىسىز يەرنى هېس قىلغىنىدا، تېخىمۇ خۇشال بو- لۇپ هاياجانغا تولدى. ئىلگىرىكىدەك كۈچ - مادارى بولمىسىمۇ، بالىلاردەك سەكرەپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى. ئۆز يۇرتىدىكى هەيۋەت- لىك تاغلارنى، گۈزەل بوزقىر، ئالتۇن رەڭ يايلاقلارنى كۆرۈش؛ تۇغۇلغاندىن بۇيان ئۆزىگە تونۇشلۇق بولۇپ كېلىۋاتقان قۇياشنىڭ ئۇپۇق سىزىقىغا شەپەق نۇرلىرىنى چېچىپ چىقىشىنى، ئاياس كۆكتىكى ئالتۇن سۈيى ئىچكەندەك قىزارغان بۇلۇتلارنى، يەر يۈ- زىدىكى ئۇزۇن - ئۇزۇن كۆلەڭگىلەرنى ... كۆرۈش؛ تونۇش،

ساپ، يېقىملىق ھاۋادىن قېنىپ - قېنىپ نەپەس ئېلىش ئۇنىڭدا
چەكسىز خۇشاللىق، سۆيۈنۈش ھېسسىياتى ئۇرغۇتتى. ئۇنىڭ يى-
راق - يىراقلاردا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز تاغ باغرىغا، ئەتىگەن-
كى قۇياشنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرى چۈشكەن بوزقىرلارغا يۈگۈرۈپ
بارغۇسى، ئالتۇن رەڭ يايلاقتا ناز تارتىشىپ چېپىپ يۈرۈشكەن
ئۆكۈش يىلقىلارنىڭ، ئاسماندىكى بۇلۇت پارچىلىرىدەك ئاستا سۇ-
زۇلۇپ يايلاۋاتقان قوي - كالا سۈرۈگلىرىنىڭ ئارىسىغا بارغۇسى،
قۇرۇپ سارغايغان، ئۇۋۇلىپ ئېگىز بولغان ئوت - چۆپلەرنىڭ
ئۈستىدە ئېغىناپ ياتقۇسى كېلەتتى. ئۇ تۇرغاقتىكى باردىمىتاي،
قېچىپ چىققان قاچقۇن ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى.
— ھە راست، يانان ئۇ... — ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلى-
شىپ ھەممىنى ئۇنتۇغان جانەر ئۇشتۇمتۇت ئاكىسىنى يادىغا ئال-
دى، — ئۇ ئەتىگەندىلا ئوت ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن، سېنى
ئىسرىقلاشقا، — دېدى ئۇ، ئاندىن باتۇرنىڭ ئۆزىگە تەئەججۇپ
بىلەن قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ياناننى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى، —
ئۇ مېنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىم، ئاغام. سېنى جاڭگالدا ئىككى-
مىز بىللە ئۇچرىتىپ بۇ يەرگە ئەكەلگەن. ئۇ سېنىڭ ھوشۇڭغا
كېلەلمەي قېلىشىڭدىن بەك ئەنسىرىدى، كېچىلىرى كىرپىك قاق-
ماي ساڭا قارىدى. ھوشىغا كەلسىلا ماڭا خەۋەر قىل دېگەن ئۇ،
سېنى كۆرسە خۇش بولۇپ كېتىدۇ شۇ تاپتا... سەن مۇشۇ يەردە
تۇرۇپ تۇر. مەن بېرىپ ئۇنى چاقىرىپ كېلەي. تۇرالامسەن؟
— تۇرالايمەن، خاتىرجەم بول.
— ئەمىسە مەن كەتتىم.
— ھە، بارغىن...
باتۇر ئۇنىڭ ئارقاردەك تاقلاپ شامالدەك تېز يۈگۈرگىنىگە
قاراپ زوقلاندى. «نېمىدېگەن شوخ، يېقىملىق، نېمىدېگەن ئاق
كۆڭۈل، كۆيۈملۈك ھە! ئىنىم بولۇپ قالسىچۇ كاشكى! ...» ئۇ
چېدىرنىڭ ئالدىدا جانەرنىڭ كەينىدىن قاراپ، يەنە قانداقتۇر ئىزگۈ
خىياللارنى قىلىپ بىردەم تۇردى. ھاۋا سوغۇق بولغاچقا ئۇ تالادا

ئۆزاق تۇرالمىدى. چېدىرغا يېنىپ كىرىپ، يۇمشاق، ئىسسىق تۆشەكتە تېرە يوتقاننى يېپىنىپ، جانەر بىلەن يانانىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

جانەر ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپ، ئۇچرىغانلىكى كىشىگە ئۇنىڭ ھوشىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ ماڭغان بولسا كېرەك، ھايال ئۆتمەي شۇبۇ مالچىلىرى چېدىرغا بىر – ئىككىدىن كىرىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار كىرىپلا ئۇنىڭغا سەپسېلىشاتتى، ئەمما يېنىغا بارمايتتى، گەپمۇ سورىمايتتى. ئۇلار ئۇنى ھەم يات كۆرەتتى، ھەم ئۆز بىلەتتى. ئۇنىڭ ھوشىغا كەلگەنلىكىنى، ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقىنىدىن سۆيۈنۈپ ئىللىق تەبەسسۇم قىلىشسا، ئۇنىڭ كۆك بۆرىنىڭكىدەك سۇرلۇك چىرايىنى، كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئەيمىنىشەتتى... ئۇلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، بىر – بىرى بىلەن ئىما – ئىشارەت قىلىشىپ پەس ئاۋازدا كۇسۇرلاشماقتا... مانا، بۇ ئۆينىڭ ئىگىلىرى — شۇبۇ ئاقساقىلى بىلەن ئۇنىڭ ئالچىسى، ئوغۇللىرى يانان بىلەن جانەرلەرمۇ كىرىپ كېلىشتى. شۇنچە چوڭ چېدىر ئۆي بىردەمنىڭ ئىچىدىلا شۇبۇ مالچىلىرى بىلەن لىق تولدى. باتۇر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يانانىنىمۇ بىر يەردە كۆرگەندەك، تونۇيدىغاندەك قىلدىيۇ، قاچان، قەيەردە كۆرگەنلىكىنى يەنە ئېسىگە ئالالمىدى. لېكىن ئۇ ئۇنىڭ بايا ھوشىغا كېلىپ تۇنجى كۆرگەن جانەرنىڭ قېرىندىشى ئىكەنلىكىنى ئېنىق جەزملەشتۇردى. چۈنكى ئۇلار بىر – بىرىگە شۇنداق ئوخشىشىپ كېتەتتى، بوي – تۇرقى، قوڭۇر چاچلىرى، قويۇق قاشلىرى، چوڭ – چوڭ كۆزلىرى، قىرلىق، ئېقىپ چۈشكەندەك بۇرۇنلىرى، ئېغىزلىرى، يېڭىلا خەت تارتىشقا باشلىغان بۇرۇتلىرى، ئاق سۈزۈك ئۆڭى، چىرايلىرى، تۇرۇشلىرى، قاراشلىرى... پەرقلەنمىگۈدەك، قوشكېزەكتەك. نېمىدېگەن كېلىشكەن، يېقىملىق، ئوچۇق – يورۇق، سۆيۈملۈك باللار – ھە! ... باتۇر ئۆزىگە تىكىلىۋاتقان شۇنچە كۆپ كۆزلەر ئالدىدا ئوڭايسىزلىنىپ، خىجىل بولۇپ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.

دەل مۇشۇ پەيتتە، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، چوڭ بىر ياخشى ئىش قىلغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، ئۇرۇقداشلىرىنىڭ ئالدىدا پەخىرلىك هاياجانغا تولۇپ ئۆرە تۇرۇشقان يانان بىلەن جانەر تاقەت قىلالماي چوڭلاردىن بۇرۇن ئېغىز ئېچىپ ئۇنىڭغا سوئال قويدى.

— تەڭرى قۇت بېرىپ هوشۇڭغا كەلدىڭ، ساقىيىپ ئورنۇڭدىن قوپتۇڭ. ئەمدى بىزگە دەپ بەرگىن. ئۆزۈڭ كىم؟ قانداق كىشى؟ بۇ يەرلەرگە قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭ؟ قانداق بولۇپ بۇ هالغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ — دېدى جانەر.

— سەن راستىنىلا قۇملۇقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن كەلدىڭمۇ؟ — دېدى نەچچە كۈندىن بېرى هەممىدىن بەك مۇشۇ ئىشقا هەيران بولۇپ ئەقلىنى يەتكۈزەلمەيۋاتقان يانانمۇ ئارقىدىنلا سوئال قويۇپ.

— بۇ … مەن … باتۇر، — دېدى باتۇر كۆلۈمسىرىگەن هالدا تارتىنىپقىنا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، تەگىن ئۆگەسى، سول قول بىلگە باتۇر بولىمەن.

— … …

— شۇنداق، مەن قۇملۇقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن كەلدىم، توخرىلار ئېلىدىن. بارىمتاي ئىدىم، قېچىپ كەلدىم. ئۇلار مېنى قوغلاپ قۇملۇققا ئات سېلىشقا مەجبۇر قىلىشتى…

باتۇرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ شۇبۇلار هاياجانلىق گۇرۇلدەشتى. يانان بىلەن جانەرمۇ بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى.

— سەن راستىنىلا شۇ باتۇرمۇ! — دېدى ئۇلارنىڭ ئاتىسى، ئۇرۇق ئاقساقىلى ئالدىغا چىقىپ، — ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بارىمتاي بولۇپ توخرى ئېلىگە كەتكىنىڭنى ئاڭلىغانىدىم. مانا، قېچىپ كەپسەن! … تۇۋا، تۇگەل ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. بۇ يەردە، بۇنداق ئەهۋالدا كۆرۈشۈپ قالارمىز دەپ پەقەتلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن!

— مەنمۇ هەم شۇنداق، — دېدى باتۇرمۇ هاياجانلىنىپ، — بىزنى تەقدىر ئۇچراشتۇردى…

— سېنى كۆرۈپ خۇش بولدۇم، ئوغلان! — دېدى ئاقساقال

ئۇنى قۇچاقلاپ، — سېنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان بولساممۇ نەچچە كۈندىن بېرى يەرداش، ئۇرۇقداش ئىكەنلىكىمىزنى كۆڭلۈم تۇيغانىدى. مانا راست دېگەندەك تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى باتۇر بولۇپ چىقتىڭ! ... مەن سېنى بىلىمەن، سەن توغرۇلۇق كۆپ ئاڭلىغانمەن. كىچىككىڭدە كۆك قۇرتنىڭ بالىسىدەك غارىپ سىياقتا تۇغۇلغىنىڭنى، ئاناڭنىڭ ئوغۇز سۈتىنىلا ئىچىپ، گۆش، ئاش يەپ چوڭ بولغىنىڭنى، ئون بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا ئەر يەتكەن يىگىتكە ئايلانغىنىڭنى، ياۋايى تانيۈلەر قەبىلىسىنى بىر ئۆزۈڭ بويسۇندۇرغانلىقىڭنى، كېيىن چىنلىقلار بىلەن سوقۇشقىنىڭنى ... يەنە بارىمتاي بولۇپ توخرى ئېلىگە كەتكىنىڭدىنمۇ خەۋىرىم بار. مانا ئەمدى ئۇ يەردىنمۇ قېچىپ كەپسەن. بۇ ئاسان ئەمەس. قۇم-لۇقتىنمۇ ئامان - ئېسەن ئۆتۈپسەن. بۇمۇ بىر مۆجىزە. سەن ئاخىر قېچىپ قۇتۇلۇپسەن، ئوغلان، قۇت بولسۇن ساڭا، خۇش كەپسەن! ...

ئاندىن ئۇ ئارقىسىدىكى ئۇرۇقداشلىرىنى، ئوغۇللىرىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى.

— بۇلار مېنىڭ ئۇرۇقداشلىرىم، تۇغقانلىرىم. بۇ ئىككىسى يانان بىلەن جانەر، مېنىڭ ئوغۇللىرىم. سېنى جاڭگالدا ئۇلار بايقاپتىكەن...

— بىلىمەن... — دېدى باتۇر يانان بىلەن جانەرگە قاراپ كۆزلىرىگە غىل - غىل ياش ئېلىپ، — مېنى گۆر ئېغىزىدىن ئۇلار قۇتقۇزۇپ قالدى. ئۇلار بولغاچقىلا مەن ئۆز ياشىمدا ئىككىن-چى قېتىم يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشتىم. بولمىسا توخرى ئېلىدىن قاچقىنىمنىڭمۇ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ئۇلار مېنىڭ شەپقەتچى-لىرىم، قېرىنداشتىن كۆرە يېقىن تۇغقانلىرىم! ... مەن سىلەرنى، شەپقىتىڭلارنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، ئىنىلىرىم، ئاقسا-قال، ئۇرۇقداشلار! ...

— ھە ... ي، ئۇنداق دېمە، ئوغلان... — ئاقساقال باتۇرنىڭ سۆزلىرىدىن سەل ئوڭايسىزلاندى. يانان بىلەن جانەرمۇ خىجىل

بولغاندەك يەرگە قارىۋېلىشتى. شۇبۇلار ئىللىق تەبەسسۇم قىلىشتى.
— بۇ بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز، — دېدى ئۇ
ئۇرۇقداشلىرىنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ كەمتەرلىك بىلەن، — بىز پەقەت
ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلدۇق، خالاس. ساڭا مۇقەددەس كۆك
تەڭرى، ئۇلۇغ تۆز كۆك قۇرت شەپقەت قىلدى، ھاياتلىق
بەردى...

شۇنداق، باتۇر ئۆزى ئاقىلبالىق بولغاندىن بېرى شەكسىز
ئىشىنىپ ھەم ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن مۇقەددەس كۆك تەڭرىنىڭ
قۇت ـ مەدەت بېرىشى، شەپقەت قىلىشى بىلەن توخرىلار ئېلىدىكى
تۇتقۇنلۇقتىن قېچىپ قۇتۇلۇپ ئۆز يۇرتىغا، ئۇرۇقداشلىرى ئارىـ
سىغا قايتىپ كەلدى. ئاق كۆڭۈل، كۆيۈملۈك شۇبۇلارنىڭ ياردىـ
مىدە گۆر ئېغىزىدىن قايتىپ ئىككىنچى قېتىم يېڭى ھاياتلىققا
ئېرىشتى. ئۇ قۇلان تېغى ئېتىكىدىكى مېھماندوست شۇبۇ مالچىلىـ
رىنىڭ ئاۋۇلىدا ئىككى ھەپتە تۇرۇپ قالدى. بۇ جەرياندا ئۇ
ئۇلارنىڭ كۆيۈنۈپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىغا، قىزغىن كۈتۈۋېلىپ
مېھمان قىلىشىغا، ئەزىزلەپ ھۆرمەتلىشىگە مۇيەسسەر بولدى. ئۇ
يەنە شۇبۇلارغا قوشنا رۇ قەبىلىسىگىمۇ باردى ۋە ئۇلارنىڭ ئاقساقىـ
لى ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەشتى... بۇلار ئۇنىڭدا چوڭقۇر
تەسىراتلارنى پەيدا قىلدى. ھون تائىپىسى نېمىدېگەن چوڭ، نېمىـ
دېگەن كۆپ ئۇرۇق ـ ئىلەتلىك! ئۇنىڭ زېمىنى نېمىدېگەن كەڭ،
بىپايان! ئۇ نېمىدېگەن بۈيۈك، قۇدرەتلىك! ئۇ يەر يۈزىدىكى
تامامىي ئۇرۇق ـ تائىپىلەرنىڭ تۇغى، يولباشچىسى بولۇشقا مۇناـ
سىپ. چۈنكى ئۇ كۆكتىن تامغان، يەردىن ئۈنگەن. زېمىنغا ئۇلۇغ
تۆز كۆك بۆرە بىلەن تەڭ ئاياغ باسقان، ئاۋۇغان، ئۇزارغان
مۇقەددەس، قۇدرەتلىك تۇغ تائىپە!

بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەممىدىن مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك
بولغىنى شۇ بولدىكى، ئۇ بۇ يەردە، شۇبۇلار ئارىسىدا ئىككىنچى
قېتىم يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشىپ، ئۆز ياشىنىڭ قىممىتىنى بىلگەنـ
دىن سىرت، يەنە يانان ۋە جانەردىن ئىبارەت ئىككى ياش، سۇباتـ

www.uyghurkitap.com

لىق، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار، پەرىشتە سۈپەت ياخشى دوستلارغىمۇ ئېرىشتى ھەمدە قىسقىغىنا بۇ ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئۇلار بىلەن ھەرچاغ بىللە بولۇپ سىردىشىپ، بىللە ئات چاپتۇ- رۇپ، ئوۋ ئوۋلاپ، دوست - يارەندىن كۆرە بىر قورساق ئاغا - ئىنىلەردەك ئېجىل - ئىناق بولۇپ كېتىشتى. ئۇ ئۇلارنىڭ تولىمۇ زېرەك، ئۆتكۈر ھەم سەمىمىي - سادىق ئىكەنلىكىنى، قولىدىن ھېچقانداق ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان مەرگەن، چەبدەس، باتۇر يىگىتلەر ئىكەنلىكىنى، چوڭ بولۇپ ئەر بولغاندا قولىدىن ھەر - ھەر ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئۇلارنى «راستى- تىنلا ئۆز ئىنىلىرىم بولۇپ قالسىچۇ!» دەپ ئارزۇ قىلىش بىلەن بىرگە، ئەگەر ئۇلار خالىسا، ئاتىسى ئاقساقال قوشۇلسا، ئۇلارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەكېتىپ يىگىتلىرى قاتارىغا قوشۇۋېلىشنى، ئالىپ چەۋەندازلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، يۇرتۇغ ياكى تۇمەن چەۋەندازلار قوشۇنىغا باش قىلىۋېلىشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكتى.

يانان بىلەن جانەرمۇ ئۇنى ئۇچرىتىپ قېلىپ قۇتقۇزۇۋالغىنى- غا، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ دوست - تۇغقان بولۇشقىنىغا قەۋەتلا خۇشال ھەم خۇرسەن ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ ھەم سىردىشىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالغانىدى. بولۇپ- مۇ ئۇلار كۆرگەن - بىلگەنلىرى كۆپ، سەرگۈزەشتلىرى مۇرەك- كەپ ھەم قىزىقارلىق باتۇرنىڭ ئېغىزىدىن ئۆزلىرى ئۇچۇن يات، يېڭى، ئۆزگىچە، كۈتۈلمىگەن ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى زور گەپ - سۆزلەرنى، ھونلار ۋە ئۇلار- نىڭ ئۇرۇق - ئىلەتلىرى، ئۇرۇق تارىخى، يەر - زېمىنى توغرى- سىدىكى، ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى — شەرقتىكى تۇڭگۇسلار، جەنۇبتىكى چىنلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ زېمىن - ئۇلۇسلىرى، يوسۇن - قائىدە، ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدىكى، غەربتىكى توخرىلار ۋە توخرى ئېلى، ساندېىل، بۈيۈك كارۋان يولى توغرى- سىدىكى، يەنە بىرمۇنچە كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان يات، يىراق، ناتونۇش ئەل - تائىپە ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتلىرى، شەھەرلى-

ـرى، ئەلچى، سودىگەر، سەيياھلىرى توغرىسىدىكى··· قىزىقار-
لىق، ھەيران قالارلىق، تەسىرلىك ھەم جەلپكار ھېكايىلىرىنى
ئاڭلاپ، بۇ دۇنيانىڭ نەقەدەر چوڭ ئىكەنلىكىنى، نەقەدەر گۈزەل،
رەڭدار، سېھىرلىك ھەم مەپتۇن قىلارلىق ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلىشتى ھەمدە ئۇ خالىسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سەپەر قىلىش،
جاھان كېزىپ ئەل - يۇرت كۆرۈش، چەۋەنداز بولۇپ يۈرۈشلەرگە
ئاتلىنىش، ياۋغا قارشى جەڭلەرگە كىرىش، شان - زەپەرلەر
قۇچۇش ئارزۇسىدا بولۇشتى.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن باتۇر ئۇرۇق ئاقساقىلى ۋە مېھمان-
دوست شۇبۇلار بىلەن خوشلىشىپ سەپەرگە ئاتلانماقچى بولدى.
چۈنكى ئۇ ساقىيىپ قوپۇپ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، كىندىك
قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى تۇمەنبالىقنى، ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇت
ۋە ئانىسى ئايقاغاننى، سۆيۈملۈك ئالچىسى سۇجۇك ۋە باشقا
ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى يەنە يېڭىۋاشتىن سېغى-
نىشقا، ئۇلار بىلەن تېزرەك دىدار - مۇلاقات بولۇشقا ئالدىراپ
تاقەتسىزلىنىشكە باشلىغانىدى.

— بىلىمەن، كۆڭلۈڭدىكى ماڭا ئايان، ئوغلان، — دېدى
ئاقساقال ئۇنىڭ يولغا چىقىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى ئاڭلىغان-
دىن كېيىن، ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، — ئىككى يىلدىن بېرى
يات ئەلدە، ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ كۆپ جاپا چەكتىڭ.
مۇساپىرلىق، جۇدالىق دەردلىرىنى يەتكۈچە تارتتىڭ. تۇرغاقتا
تۇرۇپ تۇتقۇندەك، مەھبۇستەك ياشىدىڭ. ئىزا ۋە نادامەت ئىچىدە
ئۆتتۈڭ. يۇرتۇڭنى، ئاتا - ئاناڭنى، تۇغقانلىرىڭنى ياد ئەتتىڭ،
سېغىندىڭ. ئالدىراۋاتىسەن شۇ تاپتا. كۆزۈڭ تۆت، تاقىتىڭ تاق
بولۇپ بۆركۈتتەك قانات ياساپ ئۇچۇپ كەتكۈڭ كېلىۋاتىدۇ. دۇ-
رۇس، كۈتۈپ ھاردىڭ، ئىنتىزار - بىتاقەت بولدۇڭ، ئەمدى
يولغا چىقمىساڭ بولمايدۇ. بىراق ··· بۈگۈن ئەمەس، ئەتە يولغا
چىقىسەن، مەن شۇنى ئۈمىد قىلىمەن، بىر كۈن بولسىمۇ تەخىر
قىل، ئوغلان. چۈنكى بىز شۇبۇلار بۈگۈن كەچ بىر يەرگە جەم

www.uyghurkitap.com
تۇيغۇر كىتاب تورى

بولۇپ ساڭا ئاتاپ كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزمەكچى. ئۇرۇقداشلارمۇ بىلىدۇ. سېنىڭ كەتمەكچى بولۇۋاتقىنىڭنى، بىز كۆك تەڭرىدىن ساڭا ئاقيول، قۇت ـ بۇيان، ئېسەنلىك تىلىمەكچى. بۇ بىزنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدىمىز، ساڭا بولغان كىچىككىنە ياخشى كۆڭلىمىز. سەن بىزنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرىمىزنى ئېلىپ ئاندىن كەتكىن.

— مەن سىلەرگە نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيۋاتىمەن، ئاقساقال! — دېدى باتۇر تەسىرلىنىپ.

— ھە راست، ساڭا دەي دەپ يۈرەتتىم، — دېدى ئاقساقال يەنە بىر ئىشنى ئېسىگە كېلىپ، — سەن تېخى سەللىمازا ساقىيىپ تولۇق ئەسلىگە كېلىپ بولالمىدىڭ. بەك كۆپ جاپا چېكىپ ئا-جىزلاپ كېتىپتىكەنسەن. ئەنسىرەپلا تۇرىمەن. ناۋادا، يول ئۈس-تىدە ئۈزۈلۈپ قالساڭ، بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇقساڭ، ھالىڭدىن خەۋەر ئېلىپ ياردەمدە بولىدىغان كىشى بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى ئوغلۇمنى ساڭا قوشۇپ قويماقچىمەن. ھە، بولدى، سەن بىر نېمە دېمە، كۆڭلۈمنى رەت قىلما، بۇ مېنىڭ قارارىم. مەن بۇنى ئاللىبۇرۇنلا كۆڭلۈمگە پۈكۈپ بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارمۇ دەل مۇشۇ ئارزۇدا. ئۇلار ماڭا دېدى. ئۇلار ساڭا ئۆز ئاغىسىدەك ئېجىل بولۇپ كېتىپتۇ... ئۇلار سېنى تۇمەنبالىققىچە ئۇزىتىپ بارىدۇ. مۇشۇ باھانىدە جاھان كۆرۈپ ئەر يېتىلسۇن ئۇلار، سىلەر ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلار قايتىپ كېلىشەر. خالىساڭ ئۇلارنى قايتۇرۇۋەت. بارغان يولى بىلەن قايتىپ كېلىشەر. خالىساڭ يېنىڭدا ئېلىپ قال، ئىشلىرىڭ-غا ياراپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئىشقىلىپ، ئۇلار سەن بىلەن بىللە بولسا مەن ئەنسىرىمەيمەن، ھېچنېمىدىن غەم قىلمايمەن...

باتۇر ئاقساقالنى چىڭ قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يەنە ياش كەلدى. ئۇ ياناپ بىلەن جانەرنىمۇ قۇچاقلىدى. ئۇلارنى قېرىند-داشىم، ئىنىلىرىم، دېدى... شۇ كۈنى كەچ ئۇ شۇبۇلارنىڭ ئەنئە-نىۋى دىنىي مۇراسىمىغا قاتناشتى. قۇربانلىق، نەزىر ـ چىراغ قىلىپ تەڭرىلەرگە، ئىلاھلارغا چوقۇندى. شۇبۇلارنىڭ ياخشى تى-

لەكلىرىنى قوبۇل قىلدى. مۇراسىمدىن كېيىنكى مول مەئىشەت-
لىك كاتتا زىياپەت تۈن يېرىمغىچە داۋام قىلدى. ئەتىسى قۇياش
قۇلان تېغى كەينىدىن چىقىپ بالقىغاندا، باتۇر شۇبۇلار بىلەن
خوشلىشىپ، ئىككى ياش ھەمراھى بىلەن يېڭى سەپەرگە ئاتلاندى.

## 3

باتۇرنىڭ نۆۋەتتىكى سەپىرى ئۆز يېرىدە، ئۆز ئۇلۇس -
ئاۋۇللىرى ئۈستىدە، تۇغقاندىن چارە يېقىن، ئىشەنچلىك دوستلار-
نىڭ ھەمراھلىقىدا ئوڭۇشلۇق، بىخەتەر ھەم كۆڭۈللۈك داۋام قى-
لىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ سەپەر دېگەن يەنىلا سەپەر - دە. ئۇ قەيەر-
دە، كىمنىڭ ھەمــراھلــىقىدا بولســۇن، يەنىلا ئۆزدىــگــە ياردــشا
جاپا - مۇشەققەت ۋە خېيىمخەتەرگە، كۈتۈلمىگەن ئوڭۇشسىزلىق-
لارغا تولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنزىل يىراق، يولــلارمــۇ
جاپالــىق ئەگرى - توقاي، زېرىكــشــلىك، كۆز ھاۋاسىمۇ كۆز-
دىن - كۆنگە سوۋۇپ جۇدۇن - چاپقۇنلار كۈچەيمەكتە. يول
يۈرگەنسېرى ئۇزىراپ يىراقلاشماقتا... لېكىن باتۇر ۋە ئۇنىڭ
ھەمراھلىرى يەنىلا روھلۇق، خۇشال ئىدى. يول جاپاسىغا، ئاچ-
چىق - سوغۇق، جۇدۇن - چاپقۇنلارغا، زېرىكىش ۋە ھېرىپ -
چارچاشقا قارىماي جېدەللەپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ئۇلار تولا چاغ-
لاردا ئاتلىق يۈرەتتى. گاھىدا كەڭ دالا، قىۋال يايلاقلاردا، گاھىدا
توقايلىق، چاتقاللىق، ئورمان بويلىرىدا، گاھىدا تاغ - ئېدىر،
تۆپە - داۋان، تاشلىق ساي، جىلغا - جىرا، ئۆگۈز قىنلىرىدا،
گاھىدا بولسا قاقاس قۇملــۇق ۋە چۆل - باياۋانــلاردا سەپــەر
قىلاتتى. بەزىدە ئاۋۇل - قىشلاقلاردا قونۇپ مېھمان بولسا، بەزىدە
ئاياز ئايدالادا تۈنەيتتى. ئۇلار كۆپىنچە سوۋۇتۇلغان پىششىق ئەت،
تالقان، قاتتىق قۇرت يەپ، تېرە تۇلۇملىرىغا قاچىلىۋالغان سۇنى
ئىچەتتى، بەزىدە ئوۋ ئوۋلاپ، گۆلخان يېقىپ توشقان كاۋىپى بىلەن
غىزالىناتتى. ئۇلارنىڭ ئاچ - ئۇسسۇز، قىيىن - مۇشكۇل ئەھ-

تۇمۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋالدا قالىدىغان، خەۋپ ـ خەتەرلەرگە دۇچ كېلىدىغان، زېرىكتۈرىدىغان، تېرىكتۈرىدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى. سەپەر دېگەن مانا مۇشۇنداق. مەنزىلگە بولغان تەلپۈنۈش، ئۈمىد ئىنتىزارلىق كىشىنى ئالغا ئىنتىلدۈرىدۇ. مەنىلىك، كۆڭۈللۈك يەرلىرى، چاغلىرى كۆپ بولىدۇ. لېكىن جاپاسى، خەۋپ ـ خەتىرى، كىشىنى بىزار قىلىدىغان، پۇشايمانغا قويىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى سەپەردىن كېيىن، مەنزىلگە يەتكەندە ئۇنتۇلىدۇ ياكى ئۆزگىچە كۆڭۈللۈك، مەنىلىك بىلىنىدۇ، شۇڭلاشقىمۇ كىشىلەر ھامان سەپەرگە چىقىشقا، يۇرت ـ زېمىنلارنى كېزىپ، سەيلە ـ ساياھەت قىلىشقا خۇشتار.

باتۇر بىلەن ھەمراھلىرى شۇ تەرزدە شىمالغا قاراپ ئون نەچچە كۈن يول يۈردى. قۇلان تاغلىرىنى ئارقىدا، يىراقتا قالدۇرۇپ، شۇلانبۇغ قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ، بۆرە تاغلىرىغا يېقىنلاشتى. ئۇلار ئەسلىي شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدە مېڭىپ، قۇلان تاغلىرىدىن ھالقىپ سىرىق دەرياني كېچىپ ئۆتۈپ، ئوردۇس يايلىقى بىلەن تۇمەنبالىققا ئۇدۇللا بارسىمۇ بولاتتى. بىراق ھازىر ئۇ يەرلەر چىنلىقلارنىڭ قولىدا، ئۆتكىلى بولمايتتى… بۆرە تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرى ئوت ـ سۈيى مول كەڭ يايلاق ۋە جاڭگاللىقلار ئىدى.

ئوت ـ چۆپلىرى قۇرۇپ سارغايغان بۇ ئالتۇن رەڭ بوز قىرلاردا توپ ـ توپ يىلقىلار، قوي ـ كالا سۇرۇگلىرى ئېگىز يالاپ، ئاپتاپسىنىپ يايلاپ يۈرەتتى. باتۇر ئۇلارنىڭ دۇمبە ـ قۇلاقلىرىغا، يوتا ـ ساغرىلىرىغا بېسىلغان تونۇش ئەن ـ تامغىلارنى، ئۇرۇق بەلگىلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ سۈيېنىدىلارنىڭ تەۋەلىكىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ھون زېمىنىغا خېلىلا ئىچكىرىلەپ كىرگەنلىكىنى ھېس قىلدى. جۇۋانغار… بۇ يەرلەر ئۇنىڭ ئۆگەي بوۋىسى يانبېيقاننىڭ يۇرتى، بۇ يەردىن تۇمەنبالىق ئانچە يىراق ئەمەس. بىر ھەپتە ياكى ئون نەچچە كۈن يۈرسىلا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، ئاھ تۇمەنبالىق! كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، ئۆسۈپ چوڭ

بولغان مېھرى ئىسسىق، مۇقەددەس يۇرت! ئۇ يەردە ئۇنى كىملەر
كۈتۈۋاتىدۇ ـ ھە، قانداق ئىشلار!... كۈتۈلمىگەن ئۇچرىشىش،
خۇشال جەم بولۇشلار!... ئۇ شېرىن، ئەزگۈ خىياللاردىن ھاياجاد-
لىناتتى. ئۇلۇغ ئاستانە، گۈزەل تۇمەنبالىقنى غايىبانە سەيلە قىلات-
تى. تەلپۈنۈش، ئىنتىزارلىق، تاقەتسىز سېغىنىش ئۇنىڭ ۋۇجۇ-
دىنى لەرزىگە سالاتتى.

لېكىن يول ئۇستىدىكى مۇنداق بىر ئىش، يەنى بۇ يەرلەردە
شۇنچە كۆپ مال ـ يىلقىلارنى ساغىرلاردىن چىقىرىپ، يايلاقتا
قورۇقداپ بېقىۋاتقان مالچىلارنىڭ تولىمۇ ئازلىقى، يەنە كېلىپ
ئۇلارنىڭ ساپ ـ سۇۋارى ياشانغانلار بىلەن بالىلار ۋە ئاياللار
ئىكەنلىكى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ھەيرانلىق ۋە تەئەججۈپكە
سېلىپ قويدى. ئەجەبا بۇ زادى قانداق ئىشتۇر؟ خۇددى سۈبېندىلار
ئارىسىدا ياش يىگىتلەر بىلەن بەردەم ئەرلەر يوقتەك؟... بىراق
بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ـ دە!... ئۇنداقتا، ئۇلارغا نېمە
بولغاندۇر؟ بىر ياقلارغا كېتىشكەندىمۇ ـ يا؟... قەيەرگە، نېمە
ئىشقا؟... يا بولمىسا سۈبېندى ياشلىرى بىلەن ئەرلىرى ياشلار
بىلەن خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئاياز ئايدالاغا ھەيدىۋېتىپ، ئۆزلىرى
ئۆي ـ چېدىرلىرىدا ئېغىناپ يېتىپ پاراغەت سۈرۈشۈۋاتامدىكىن؟
ھونلارنىڭ كۆپىنچە ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئادەت بار.
ياشلارنى، كۈچلۈكلەرنى ئەتىۋارلاپ، ياشانغانلارغا، ئاجىز ـ بىچا-
رىلەرگە ئېتىبارسىز قارايدىغان، ئۇلارغا يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ
ئاشقان ـ تاشقىنىنى، قاتتىق ـ قۇرۇقىنى، كىيىم ـ كېچەكنىڭ
يىلىڭ ـ يۇپقا، كونا ـ يىرتىقلىرىنى بېرىپ ئۇششاق ـ چۈششەك
ئىشلارغا سالىدىغان، ئوۋغا، يۇرۇش ـ سوقۇشلارغا قاتناشتۇرماي-
دىغان، ئولجا ـ غەنىيمەت تەقسىملەپ بەرمەيدىغان، ئۇلارغا قۇل
قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدىغان... لېكىن ئۇلارنى ئاياللار ۋە بالىلارغا
قوشۇپ شۇنچىۋالا كۆپ، ئۆكۈش مال ـ يىلقىلارنى بېقىشقا قويغى-
نى نېمىسى؟ قىشتا ماللار ئوت ـ چۆپ ئىزدەپ پىتىراپ كەتمەس-
مۇ؟ پادا ـ سۈرۈكلەرگە يىرتقۇچلار تەگمەسمۇ؟ مۇبادا شۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىش يۈز بېرىپ قالسا، بۇ قېرى ـ ئاجىزلار قانداق قىلىشار؟ قانداق يېتىشەر؟ قانداق تاقابىل تۇرار؟... ئۇلار نېمانداق بىغەرەز، بىپەرۋا؟... يا ئۇلار ۋاقىتلىق بىرەر ئىشقا، ئوۋ ئوۋلاشقا كېتىشىپ تىمىكىن؟...

باتۇر مانا شۇنداق خىياللارنى قىلىپ، بۇنى مۇشۇ يەردىكى، سۈبېنىدىلار ئارىسىدىكى ئۆزگىچە، ئالاھىدە بىر ئەھۋال بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدى. بىراق ئۇ تورۇپلا يەنە بۇنداق بولۇشىغا ئىشەنمىدى. چۈنكى ئۇ بۇنداق ئىشنى يول بويى ياكى ئىلگىرى پەقەت ئۇچرىتىپ باقمىغان. تۇمەن يايلىقىدا، ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى بىرانغاردا، ھون تائىپىسى ئىچىدىكى باشقا ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر ئارىسىدا، ھەتتا باشقا بوزقىر قوۋملىرى ئىچىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان، ئاڭلىمىغان. چارۋىچىلىقتا تايىنىپ ھايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان بوزقىر قوۋملىرى ھەرگىزمۇ مال ـ يىلقىلارنى بۇنداق ئوچۇق ئايدالاغا ھەيدىۋەتمەيدۇ، قارانچۇقسىز تاشلىۋەتمەيدۇ، قېرى ـ ئاجىزلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزمايدۇ، ئۇلارغا ئىشىنىپ كەتمەيدۇ. بۇنى ئادەتتىكى، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىش قاتارىدا كۆرمەيدۇ. قىزىق، غەلىتە!... ۋەھالەنكى ئۇ كېيىن، يول بويى يەنە بۇنداق ئەھۋالنى تەكرار ئۇچرىتىۋەرگەندىن كېيىن، بۇنىڭ تېگىدە چوقۇم بىر گەپ بار، دېگەن تونۇشقا كەلدى ۋە بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىش ئىستىكى تۇغۇلدى.

بىر كۈنى، كەڭرى كەتكەن كۆچمە دۆڭلۈك يايلاقتا قىر ـ تۆپىلەردىن ئېشىپ كېتىۋېتىپ، نەچچە يۈزلىگەن قوي ـ كالىدىن تەركىب تاپقان چوڭ بىر سۈرۈگنى ئۆزى يالغۇز بېقىپ يۈرگەن بىر ئاتلىق بوۋايغا يولۇقتى.

— ھەي بوۋا، — دېدى باتۇر ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئامانلاشقاندىن كېيىن، — ئاۋۇلۇڭدا ياش يىگىتلەر بىلەن تەندۇرۇس ئەرلەر يوقمۇ نېمە؟

— بار، نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىدىن ئەجەبلىنىپ.

— ئۇنداقتا، شۇنچە كۆپ مال ـ يىلقىلارنى شۇلار باقماي، سەندەك بىر ياشانغان كىشى ئۆزۈڭ يالغۇز بېقىپ يۈرگىنىڭ نېمە-سى؟ قىش تۇرسا، ئوت ـ چۆپلەر يوق، ماللىرىڭ، پىترىراپ كەتسە قانداق قىلىسەن؟ ناۋادا، بۆرىلەر تەگسىچۇ؟...

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، ناتونۇش ئوغلان. شۇندىمۇ بىل-مىدىڭمۇ؟ — دېدى بوۋاي باتۇرغا باشتىن ـ ئاياغ نەزەر سې-لىپ، — دۇرۇس ئېيتىسەن، لېكىن ماڭا نېمە ئامال؟ ھازىر دېگەن قانداق چاغ؟ بىلەمسەن؟ سوقۇش ۋاقتى، سوقۇش! بۇنداق چاغدا يىگىتلەر بىلەن ئەرلەر سوقۇشقا ئاتلانماي پادا بېقىپ يۈرسە بولامتى؟ ئۇلار سوقۇشقا كەتتى، ئولجا ـ غەنىيمەت ئالغىلى، بايلىق توپلىغىلى، مالالارغا بولسا بىزدەكلەر قاراۋاتىمىز... قارىسام، بۇ يەرلىك ئەمەستەك قىلىسەن. شۇڭا بىلمەيسەن ـ دە بۇنى.

باتۇر مالچى بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئەھۋالنى چۈشەن-دى. نىھايەت بۇ مۇشۇنداق ئاددىي، چۈشىنىشلىك بىر ئىش ئىدى. دۇرۇس، ئەرلەر سوقۇشقا كەتسە، مالالارغا قېرىلار ۋە خوتۇن ـ بالىلار ۋاقىتلىق قارايدىغان گەپ... ئۇ سەل خىجىللىقمۇ ھېس قىلدى. بىراق ئۇنىڭ كاللىسىدا شۇئان يەنە ھونلار كىم بىلەن سوقۇشماقچى؟ ئۇلار بىرەر يات تائىپىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بولمىسۇن يەنە؟... دېگەن ئوي ـ سوئالمۇ پەيدا بولدى.

— ھە مۇنداق دېگىن، بوۋا، ئەر ـ يىگىتلەر ئەسلىي سوقۇشقا كېتىپتىكەن ـ دە، — دېدى ئۇ مالچى بوۋايدىن گەپ ئېلىپ.

— ھەئە، سوقۇشقا كەتتى، — دېدى بوۋاي.

— ئەمما سەندىن سوراپ باقاي، بوۋا، ئۇلار قاياققا كەتتى؟ كىملەر بىلەن سوقۇشقىلى؟

— كىملەر بىلەن دەمسەن؟ ئاشۇ ياۋۇز توخرىلار بىلەن بول-مامدۇ، — دېدى بوۋاي.

— توخرىلار بىلەن؟ ! — ... باتۇر بېشىدا چاقماق چېقىلغان-دەك بولۇپ قاتتىق چۆچۈدى.

— ھەئە، شۇلار بىلەن، — دېدى بوۋاي، — سەن بىلمىسەڭ كېرەك. تەڭرىقۇت يارلىق چۈشۈردى، توخرىلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشقا، ئەر - يىگىتلەر شۇ يارلىققا بىنائەن ئاتلىنىپ، ياراغلىرىنى ئېلىپ، ئوڭ قول بىلگە خاننىڭ بارگاھىغا كەتتى. ئۇلار شۇ يەردە يۈرۈشكە ئاتلانغۇدەك.

«ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن - دە!…» — دېدى باتۇر ئىچىدە ئۆزىنىڭ ساندىبىلدا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنىپ، ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتىپ، — ئاتام توخرىلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلماقچى بولغانىكەن - دە!… بىراق ئۇ قانداقلارچە بۇنداق قارارغا كېلىپ قالغاندۇر؟ ئۇ توخرىلار بىلەن، توخرى خان بىلەن تىنچ، ئىناق ئۆتۈشنى خالايتتىغۇ؟… ئارىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلغان تەقدىردىمۇ ئەھۋال بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتمەسلىكى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئۇ مېنىڭ توخرىلارنىڭ قولىدا بارىمتاي بولۇپ تۇرغاقتا تۇرۇۋاتقىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ… ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئو ئوغلىغا بۇنداق ۋاپاسىزلىق، باغرى تاشلىق قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن تانمايدۇ، ئۇنى تاشلىۋەتمەيدۇ، ياق، بۇ يالغان!… ھەرقانچە بولسىمۇ…»

ئۇ تۇرۇپلا ئاتىسىدىن قاتتىق رەنجىدى. ئانىسىنىڭ بىر چاغلاردا ئېيتقان سۆزلىرىنى غۇۋا ئەسلەپ ئاتىسىغا نەپرەتلەندى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاتىنىڭ ۋاپاسىزلىقى، باغرى تاش، رەھىمسىزلىكىنى تۇيغاندى. ئۇ چىدىغۇسىز ئىچكى ئىزا ۋە غەزەپ - نەپرەتتىن ئۆرتىنىپ ئىختىيارسىز ھالدا مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگدى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، زاڭاقلىرىنى لىپىلداتتى. «خەپ!» يانان بىلەن جانەر ئۇنىڭ غەزەپ، قورقۇنچلۇق ھالىتىنى كۆرۈپ، توخرىلارغا غەزەپلىنىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى. مالچى بوۋايمۇ ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ۋە ئەيمىنىش بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇ قان تولۇپ قىزارغان سۇرلۇك كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ بىر پەس تىترەپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا ئۆزىگە كەلدى - دە، مالچى بوۋايدىن:

— ئوڭ قول بىلگە خاننىڭ بارگاھى قەيەردە؟ — دەپ

سورىدى.
— سىلەرمۇ توپقا قوشۇلۇپ يورۇشقا چىقماقچىكەنسىدلەر - دە، — دېدى بوۋاي، — سىلەر مۇشۇ تەرزدە بۆرە تاغلىرىنىڭ كۈنگەي تەرىپى بىلەن يۇقىرىغا قاراپ مېڭىۋېرىڭلار، بالىلىرىم، ئىككى - ئۈچ كۈن ماڭارسىلەر بەلكىم. شۇ چاغقا بارغاندا سول يېنىڭلاردا كۆككە تاقاشقان ئېگىز چوققىلىق بىر تاغ كۆرۈنىدۇ. ئۇ خۇخىباشىگ تېغى①، ئوتۈك قول بىلگە خاقانىنىڭ ئوردىسى شۇ تاغنىڭ ئېتىكىدە بولىدىغان، بارگاھىمۇ شۇ يەردىدۇر ھەرقاچان.
— يول كۆرسەتكىنىڭگە رەھمەت، بوۋا، خەير، سالامەت بول، بىز ماڭايلى.
— خوش، يولۇڭلار ئوچۇق، ئىشىڭلار ئوڭ بولسۇن، بالىلىرىم، جەڭدە نۇسرەت قازىنىپ، ئولجا - غەنىيمەتلەر ئالغايسىلەر، ئەسىر قۇللىرىڭلارغا مال - يىلقا ھەيدەتكۈزۈپ قايتقايسىلەر!
باتۇر مالچى بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولدى. لېكىن ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزگىرىپ باشقىچە بىر كىشىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ بارغانچە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ شۈكلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھەمراھلىرىغىمۇ گەپ قىلمايتتى، چىرايىنىمۇ ئاچمايتتى. جېدەللەپ ئالغا ئىلگىرىلەپ ئېغىر، ئەلەملىك خىياللارغا بېرىلەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىمۇ خىلمۇ خىل، مۇرەككەپ، ئازابلىق ئوي - خىياللارغا توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەممىنى ئاتىسىدىن، ئاتىسىنىڭ ۋىجدانسىزلىقى، ۋاپاسىزلىقى، باغرى تاش، رەھىمسىز، ئاچ كۆز، شۆھرەتپەرەسلىكىدىن كۆرەتتى. ئاتىسىغا قېيىداپ، ئاتىسىدىن ئاغرىنىپ، ئاتىسىنىلا ئەيىبلەيتتى. ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلارغا بولسا ئويى يەتمەي ئازابلىناتتى. دەمبۇدەم ئېغىر، ئەلەملىك خۇرسىنىپ پۇشۇلدايتتى… يانان بىلەن جانەر ئۇنىڭ كەيپىياتىدىن، ھالىتىدىن ھەيران بولاتتى، تەئەججۈپلىنەتتى، ئۇ: زۇلۇپ، ئۆزگىرىپ قالمىغىيدى، دەپ غەم يەيتتى. ئۇلار ئۇنىڭدىن

① خۇخىباشىگ تېغى— بۆرە تېغىنىڭ بىر چوققىسى.

www.uyghurkitap.com

نېمە ئىش بولغانلىقىنى، نېمىگە شۇنچە غەزەپلىنىدىغانلىقىنى، نادامەت چېكىپ ھەسرەتلىنىدىغانلىقىنى سوراپ بېقىشقا، ئۇنىڭغا تەسەللى ۋە مەدەت بېرىپ، ھەسرىتىگە ھال، دەردىگە دەرمان بولۇشقا، ئۇنى تىنچلاندۇرۇشقا تىرىشاتتىيۇ، قانائەتلەنگۈدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەي سۈكۈت قىلىشقا، ئۇنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بېرىشكە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ جېدەللەپ، داۋاملىق ھالدا ئالغا ئىلگىرىلەشكە مەجبۇر بولاتتى.

شۇ تەرزدە ئۇلار يەنە ئىككى كۈن يول يۈردى. يانان بىلەن جانەرگە نىسبەتەن بۇ ئىككى كۈنلۈك سەپەر تولىمۇ تېز داۋام قىلغان، ئەمما كۆڭۈلسىز، بورۇقتۇرما، زېرىكىشلىك سەپەر بولدى. ئۈچىنچى كۈنى ھاۋاسى باتۇرنىڭ كۆڭلىدەك تۇتۇق سەھەردە، ئۇلار راست دېگەندەك يولنىڭ سول تەرىپىدە قاتمۇ قات تاغلارغا ياندىشىپ سۈس تۇمان ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، ئېگىز، ئۇچلۇق چوققىلىرى قارامتۇل بۇلۇتلارنى تېشىپ كۆككە تاقاشقان ھەيۋەتلىك بىر تاغنى كۆردى. تاغ يىراقتا بولۇپ، ئالدى - ئاستى كەڭ كەتكەن يانتۇ يايلاق ئىدى. تاغنى كۆرۈپ باتۇرنىڭ دىققىتى مەركەزلەشتى. كەيپىياتى نورماللىشىپ، چىرايىمۇ ئېچىلىپ قالدى. ئۇلار يۈرۈش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ ئاتلىرىنىڭ بېشىنى سولغا بۇرىدى.

ھون چەۋەندازلىرى تۇپلىنىۋاتقان ئوڭ قول بىلگە خاننىڭ بارگاھى تاغ ئېتىكىدىكى چوڭ بىر تۆپىلىككە جايلاشقانىدى. بارگاھتىكى چوڭ كۆك چېدىرنىڭ ئالدىغا تىكلەنگەن توققۇز مومىدا كۆك بۆرىنىڭ باش سۈرىتى كەشتىلەنگەن توققۇز بايراق لەپىلدەپ تۇراتتى. ئۇنى چۆرىدەپ تىكىلگەن نۇرغۇنلىغان چوڭ - كىچىك چېدىرلار ئارىسىدا چوققىسىغا قوتاز قۇيرۇقى بەرجەم قادالغان دۇبۇلغا، تەڭگە قاسىراقلىق ساۋۇتلارنى كىيگەن ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەر ئۇياق - بۇياق چېپىشىپ، قاتراپ يۈرەتتى. لەشكەرلەرنىڭ ئۇستىۋېشىدىكى، قوللىرىدىكى جەزلەر بۇلۇتلار ئارىسىدىن پات - پات ماراپ قويىدىغان قۇياش نۇرىدا يالت - يۇلت

قىلىپ پارقىرايتتى.
— يېتىپ كەلدۇق، — دېدى باتۇر ھەمراھلىرىغا.
لېكىن ئۇلار يېقىنلاپ بارغاندا، بارگاھ سىرتىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان نۆكەرلەر تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالدى. نۆكەرلەر تولۇق قوراللانغان بولۇپ، ھوشيار ھەم جەڭگىۋار ھالەتتە تۇراتتى.
— توختاڭلار! — دېدى ئۇلاردىن بىرى باتۇرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، — سىلەر كىم؟ بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭلار؟
— بىز ... توپقا قوشۇلۇپ يۇرۇشكە ئاتلانغىلى كەلدۇق، — دېدى باتۇر سەل ھودۇقۇپ. چۈنكى ئۇ بۇ ھون لەشكەرلىرىنى ئۆزىنى تېزلا تونۇۋېلىشىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى.
— سىلەر قايسى قەبىلىدىن؟ توپۇڭلار قېنى؟ ياراغلىرىڭلار-چۇ؟ — دەپ سورىدى باشقا بىر نۆكەر ئالدىغا چىقىپ ۋە باتۇرنىڭ تەقى - تۇرقىغا، ئۇستىۋاشلىرىغا ھەيرانلىق، ھېيىقىش ۋە شۈبھە - گۇمان بىلەن نەزەر سېلىپ. ئېھتىمال ئۇ ئونبېشى ياكى قاراۋۇل بېشى بولسا كېرەك، باشقا نۆكەرلەر قوراللىرىنى كۆتۈ-رۈپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشتى.
— بىز شۇبۇ قەبىلىسىدىن، قولان تېغىدىن كەل-دۇق، — دېدى باتۇر نۆكەرلەرنىڭ ئۆزىنى تونۇيالمىغىنىنى پەملەپ.
— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئونبېشى نۆكەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەن-مىگەندەك، ئۇنىڭغا يەنە ئېتى، ئىككى ھەمراھى بىلەن قوشۇپ نەزەر سېلىۋېتىپ، — ئۇنداق بولسا، بەلگە نېمە؟
باتۇر نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئۇلار بۇ قېتىم قوللانغان بەلگىنى بىلمەيتتى. ھون قوشۇنلىرى ھەر قېتىم يۇرۇشكە ئاتلانغاندا، مەخپىيەتلىك ۋە بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ بەلگە ئالماشتۇراتتى. ئۇلار بۇ قېتىم قانداق بەلگە قوللانغان-دۇر؟ كونا بەلگىلەردىن بىرەرىنى دېسە قانداق بولار؟ قۇرت، چەغرى، قىيان... ئۇ قانداقتۇر بىر ئۈمىدتە يانان بىلەن جانەرگە قارىدى. ئەپسۇس، تۈمەن تەڭرىقۇت چۈشۈرگەن يارلىق تېخى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇبۇلارغا يېتىپ بارمىغان، شۇڭا ئۇلارمۇ بەلگىنى بىلمەيتتى.

— سىلەر زادى كىملەر؟!…

كۈتمىگەندە ئاردىكى كەيپىيات قاتماللىشىپ، باتۇر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى گۇمانلىق كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالدى.

— ھە، بۇ مۇنداق ئىش، بۇرادەرلەر … — دېدى باتۇر ئوڭايسىز ئەھۋالدا قېلىپ، — بىز يارلىقنى تاپشۇرۇۋالمىغان. شۇڭا بەلگىنى بىلمەيمىز. ئەمما يات كىشىلەر ئەمەسمىز. بىزگە ئىشىنىڭلار، بىزمۇ ھون، سىلەر بىلەن ئۇرۇقداش… مەن باتۇر، تۇغىڭلار تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، تەگىن ئۆگەسى، سول قول بىلگە باتۇرخان بولىمەن.

— باتۇر؟… — ئونبېشى نۆكەر ھەم چۆچۈپ، ھەم شۇبھىلىنىپ، بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، تورۇق تۇلپار ئۈستىدىكى باتۇرغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. باشقا نۆكەرلەرمۇ بىر – بىرى بىلەن كۆز ئۇچراشتۇرۇپ چىقتى.

— شۇنداق، مەن باتۇر، — دېدى نۆكەرلەرنى ئۆزىنى تونۇدى دەپ بىلگەن باتۇر سەل روھلىنىپ، — بۇلار يانان بىلەن جانەر. شۇبۇ قەبىلىسىدىن، مېنىڭ ھەمراھلىرىم. بىز…

— يالغان! — كۈتمىگەندە ئونبېشى نۆكەر قاتتىق ۋارقىرىدى، — يالغان! مېنى بىلمەيدۇ دېمە. تەگىن ئۆگە توخرىلاردا بارىمتاي تۇرسا، سەن قانداقمۇ ئۇ بولىسەن؟

— ياق، مەن شۇ باتۇر، توخرى ئېلىدىكى بارىمتاي، قېچىپ كەلدىم…

— قېچىپ كەلدىم؟… جۆيلۈمە! يالغانچىلىق قىلىمەن دېمە! راستىڭنى ئېيت، سەن زادى كىم؟ توخرىلارنىڭ تىڭچىسى[1]، شۇنداقمۇ؟

— ياق، مەن ئايغاقچى ئەمەس، يالغانچىلىقمۇ قىلمىدىم. ئۆزۈڭ مېنى تونۇمىدىڭ، ماڭا ئىشەنمىدىڭ، ۋۇ كۆزى كور ئاڭقاۋلار!… ئۆتۈش بىر چەتكە، يولنى بوشىتىش! مەن ئوڭ قول

---

① تىڭچى — ئايغاقچى، جاسۇس.

بىلگەخان بىلەن كۆرۈشمەن!

باتۇرنىڭ بىردىنلا ئاچچىقى كېلىپ، نۆكەرلەرگە ئەلپازىنى بۇزۇپ ھەيۋە قىلدى. نۆكەرلەرمۇ ئۇنىڭدىن چۆچۈپ كەينىگە داجىشتى. لېكىن ئۇلار يەنىلا ئۇنىڭغا يول بەرمىدى. چۈنكى ئۇلار ياش، ئاددىي نۆكەرلەر ئىدى. ئىلگىرى باتۇرنىڭ نامىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، شۇڭا ئۇنى تونۇمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بارىمتاي بولۇپ تۇرغاقتا تۇرۇۋاتقان باتۇرنىڭ توخرىلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، بۇ يەرنى تېپىپ كېلەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، يەنە كېلىپ مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە. شۇنداق ئىكەن، ئۇ باتۇر ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سىياقىغا كىرىۋالغان ئالدامچى، ياۋنىڭ، توخرىلارنىڭ ئايغاقچىسى!... نۆكەرلەر ياراغلىرىنى تەڭلىشىپ ئۇنىڭ ئالدىنى تېخىمۇ قاتتىق توسۇدى.

— يىگىتلەر! — دېدى ئونبېشى نۆكەر ئۇلارغا بۇيرۇق قىلىپ، — ھودۇقماڭلار، قورقماڭلار، ئۇ ياۋنىڭ ئايغاقچىسى. تۇتۇڭلار ئۇنى، باغلاڭلار!

نۆكەرلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن باتۇرنى قوللىرىدىكى قىلىچ، نەيزىلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن ئات ئۇستىدىن ئىلىۋالىدىغاندەك ھەيۋە ـ تەھدىت كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ باتۇرنىڭ ئاچچىقى غەزەپكە ئايلاندى. ئاتىسىغۇ تانسۇن ئۇنىڭدىن، كۆزىدىن سېلىۋەتسۇن، ئۇنتۇپ كەتسۇن. ئەمدى ماۋۇ نۆكەرلەرنىڭ، ئۆز ئۇرۇقداشلىرىنىڭمۇ ئۇنى تونۇماي، ئۇنىڭغا ئىشەنمەي ياۋ كۆرۈۋاتقىنى نېمىسى! ئۇ نېمە قىلغان ئۇلارغا!... لېكىن ئۇ شۇئان يەنە ئۇلاردىن ئورۇنسىز ئاغرىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقىنى يەڭگەن باتۇر. ئۇلاردا نېمە گۇناھ؟ ئۇلار ئۇنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، تونۇمايدىغان تۇرسا يا ئۇنىڭ پېشانىسىگە نام ـ ئاتىقى پۈتۈكلۈك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار دېگەن لەشكەر، قاراۋۇل، مەسئۇلىيىتى ئېغىر، دائىم ھوشيار ھەم سەگەك تۇرمىسا،

www.uyghurkitap.com

كۆرگەنلا كىشىگە، ئاڭلىغانلىكى گەپكە ئىشىنىشۋەرسە بولمايدۇ-
دە. بولۇپمۇ هازىرقىدەك جىددىي، ئالاھىدە پەيتتە. يەنە كېلىپ
هازىرقىدەك نازۇك ئەھۋال ئاستىدا ئۇقۇشماسلىق كۆرۈلۈپ، بى-
رەر يامان ئاقىۋەت ياكى كېلىشمەسلىك يۈز بەرسە قانداق قىلغۇ-
لۇق؟ ئۇ گۆرۈدىن، تۇتقۇنلۇقتىن ئەمدىلا قېچىپ قۇتۇلدى، يۇر-
تىغا، ئۇرۇقداشلىرى ئارىسىغا ئاران تەستە يېتىپ كەلدى. بۇنداق
چاغدا ئۇ ئېغىر - بېسىق، سالماق بولۇپ، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە
تونۇشۇپ چىرايلىقچە كۆرۈشمەي جىددىيلەشسە، سوقۇشسا قانداق
بولىدۇ؟...

— هاي، هاي بۇرادەرلەر، تۇغقانلار، توختاڭلار، پەيلىڭلار-
دىن يېنىڭلار. ئىككى ئېغىز سۆزۈم بار، قولاق سېلىڭلار. ئاندىن
هەرنېمە قىلساڭلار مەيلى، — باتۇر ئىشنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ
قويۇشتىن، ئۇقۇشماسلىق يۈز بېرىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قى-
لىپ، دەرهال مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتتى، — ماقۇل، مەن سىلەر-
گە بويسۇناي، تۇتقۇن بولاي. لېكىن سۆزۈمنى ئاڭلاپ بېقىڭلار.
مەن يات كىشى، ئايغاقچى ئەمەس. بۇ ئىككىسىمۇ شۇنداق...
سىلەر هازىر مېنى تونۇمىدىڭلار، ماڭا ئىشەنمىدىڭلار. توخرىلار-
نىڭ ئايغاقچىسىمىكىن دەپ قالدىڭلار. بىراق شۇنى بىلىشىڭلار
كېرەككى، سىلەر خاتالاشتىڭلار... بولدى، مەن سىلەردىن ئاغرىن-
مايمەن. سىلەردە گۇناھ يوق، سىلەر توغرا قىلدىڭلار. هون
لەشكەرلىرى مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك. يۇرۇشكە چىققاندا، جەڭ-
گە كىرگەندە، ناتونۇش كىشىلەرنى كۆرگەندە، مانا مۇشۇنداق
هوشيار، تۇيغۇن، جەسۇر هەم باتۇر بولۇشى كېرەك... لېكىن
سىلەر ئىشىنىڭلاركى، مەن شۇ باتۇر، بارىمتاي. ياۋ قولىدىن
قېچىپ كەلدىم... مەن سىلەرنىڭ ئوڭ قول بىلگە خانىڭلار يانبېي-
قاننى تونۇيمەن. ئۇ ئاتام تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ قېيناتىسى، ئۆگەي
ئانام كىچىك ئالچى جانئايىقنىڭ ئاتىسى، ئىنىم يۈيۈكنىڭ بوۋى-
سى، مېنىڭ ئۆگەي بوۋام. ئۇمۇ مېنى تونۇيدۇ، ئوبدان تونۇيدۇ،
ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا بىز بۇ يەردە تالاش - تارتىش قىلىپ
سوقۇشماي ئۇنىڭ ئالدىغىلا بارايلى. راست - يالغاننى شۇ يەردە

ئايرىلى، قانداق؟

باتۇرنىڭ ئاقىلانە، ئېغىر - بېسىق مۇئامىلىسى، سىلىق، مەردانە سۆزلىرى، ئۆزىنى تۇتۇشلىرى راستتىنلا ئۇنۇمىنى كۆر- سەتتى. قاراۋۇل نۆكەرلەر ئۆزىنى «باتۇر» دەپ تونۇشتۇرغان بۇ يوچۇن، غارىپ، سۇرلۇك يىگىتنىڭ ئېغىزىدىن ئوگ قول بىلگە يانبېيقان ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ هودۇقۇشتى، پەيلىدىن يېنىپ، يىاراغلىرىنى پىەسلىتىپ، «خاتىالاشمىغاندىمىز - هە، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟» دېگەندەك بىر - بىرىگە قاراشتى. بۇ چاغدا باياتىن بېرى سەل قورقۇپ، تەمتىرەپ قېلىشقان يانان بىلەن جانەرمۇ ئۇلارغا ئۆزى بىلىدىغان ئەهۋاللارنى چۈشەندۇردى. هالبۇكى، قاراۋۇل نۆكەرلەرنىڭ يەنىلا ئۇلارغا يول بېرىشكۇسى كەلمىدى. ئەمما ئۇلار ئەمدى باياتىنقىدەك قاتتىق قارشىلىقمۇ قىلىشمىدى. ئىشنى باتۇرنىڭ تەكلىپى بويىچە تىنچ ئايدىڭلاشتۇرۇشنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇنى ئوگ قول بىلگە خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشماقچى بولدى.

— ئۇنداق بولسا ئاتتىن چۈش، قورالىڭنى تاپشۇر، ياۋاشلىق بىلەن ئالدىمىزغا كىرىپ ماڭ، — دېدى ئونبېشى نۆكەر باتۇرغا بۇيرۇق قىلىپ.

باتۇر گېپىدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. نۆكەرلەر ئۇنى ئىككى هەمراهى بىلەن قوشۇپ ئالدىغا سالدى - دە، نازارەت ئاستىدا ئۇلارغا يول باشلاپ بىر بىلگە خان هۇزۇرىغا ئېلىپ ماڭدى.

## 4

سۇبېندى ئۇرۇقى هونلارنىڭ ئوق يىلتىز ئۇرۇقلىرىدىن بىرى بولۇپ، لەۋەنت ئۇرۇقىدىن قالسىلا هون تائىپىسى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ، ئالىي نەسەبلىك ئېسىل ئۇرۇق هېسابلىناتتى. ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇنلىغان كىچىك ئۇرۇق ۋە ئۇلۇس - ئىلەتلەر قارايتتى. ئۇلار بۆرى، قۇلان تاغلىرىنى مەركەز قىلىپ تارقالغان بولۇپ، غەربتە

www.uyghurkitap.com

توخرىلار بىلەن قوشنا ياشايتتى.

ئالچى تاغلىرى ئەسلىي سۈبھىندىلارغا قاراشلىق قەدىمىي، مۇنبەت زېمىن ئىدى. بىراق يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان توخرىلار ئۇ يەرنى بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن ئۇلارنىڭ قولىدىن زورلۇق بىلەن تارتىۋالدى… سۈبھىندى ئۇرۇقىنىڭ دانىشمىنى، ئۇلۇغ ئاتلىغ هون خانى يانبېيقان مانا مۇشۇ سەۋەبلىك توخرىلار بىلەن ئۆچ - ئاداۋەتتە بولۇپ قالغان. شۇڭا ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن هون تەڭرىقۇتى تۇمەنخان توخرىلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، هەممىدىن بۇرۇن ئۇنى قوللاپ سوقۇش قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان… ئەمما ئۇ ئەينى ۋاقىتتا يەنە باشقا بىر مەقسەتنى كۆزلەپ ئۆزىنىڭ بۇ تەشەببۇسىدىن ياندى ۋە تىنچلىق تەرەپدارلىرىنى قوللاپ، تۇمەن تەڭرىقۇتنى ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان توخرىلار بىلەن تىنچ، ئىناق ئۆتۈشكە دالالەت قىلدى. شۇنداقلا يەنە هونلارنىڭ شۇ چاغدىكى پاسسىپ، قىيىن ئەهۋالىنى پەش قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ رەزىل مەقسىتىگە ئاسانلا يەتتى.

كېيىن ئۇ ۋە ئۇنىڭ قىزى جانئايقىنىنىڭ ئارزۇسى بويىچە تۇمەن تەڭرىقۇت چوڭ ئوغلى باتۇرنىڭ تەگىن ئۆگەلىك ئورنىنى بىكار قىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى ئوغلى يۈيۈكنى تەگىن ئۆگە قىلىپ بېكىتكەنلىكىنىمۇ جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مەقسىتى تولۇق ئەمەلگە ئېشىپ مۇرادلىرى هاسىل بولدى. ئۇلار ئەمدى خۇشال، خاتىرجەم ياشىشى كېرەك ئىدى. بىراق ئۇلار نېمىشقىدۇر يەنە خاتىرجەم ياشىيالمىدى. بۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى يەنىلا شۇ باتۇر، كۆزدىن نېرى بولغان، يات، يىراق ئەلدە بارىمتاي بولۇپ تۇرغاقتا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا هايات ياشاۋاتقان باتۇر ئىدى. قارىغاندا ئۇ پۈتۈنلەي كۆزدىن يوقالمىغۇچە ئۇلارغا تىنچ - ئاراملىق يوقتەك قىلاتتى. شۇنداق، باتۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقى، مەيلى ئۇ قەيەردە بولسۇن، قانچىلىك بىچارە هالغا چۈشۈپ قالسۇن، هايات ياشىشى ئۇلار ئۈچۈن هامان تەهدىت، خەۋپ،

بالايىئاپەت. ئۇ ھاياتلا بولىدىكەن، ئۇلارغا تىنچ كۈن يوق. شۇڭا ئۇنى بىر ئامال قىلىپ پۈتۈنلەي كۆزدىن يوقىتىش كېرەك، شۇندىلا ئاندىن ئۇلار تىنچ ئۇخلىيالايدۇ، ھاياتى دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتمەيدۇ. بىراق بۇ ئۇنداق ئاسان ئىشمۇ ئەمەس. ئۇنداقتا زادى قانداق قىلىش كېرەك؟... دۇرۇس، ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنى قورۇش كېرەك. ئۇنىڭ ھازىرقى بارىمتايلىق ئورنى ۋە ئەركىسىز شارائىتىدىن پايدىلىنىش كېرەك. كەلگۈسىدىكى بۇ يوشۇرۇن ئاپەتنى ئىز قالدۇرماي، شۈبھە - گۇمان پەيدا قىلماي، پۈتۈنلەي، تەلتۆكۈس يوقىتىش ئۈچۈن ھونلار بىلەن توخرىلارنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش كېرەك. مانا بۇ ئەڭ ئۈنۈملۈك، بىردىنبىر ياخشى چارە. بۇ ھەم ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان بىر مەيدان ئۇرۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. ۋەھالەنكى بۇ ئۇرۇش بولسا دەل ئوڭ قول بىلگە يانبېيقاننىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى پاختەكنى سوقىدىغان چالمىسى. چۈنكى، ئارىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەت بۇزۇلۇپ، سۈلھى - پۈتۈملەر يىرتىلىپ تاشلانسا، ئىككى ئەل بىر - بىرى بىلەن سوقۇشمىغۇچە، قىرىشمىغۇچە بولدى قىلمايدىغان دۈشمەنلىك ھالىتى شەكىللىنىدۇ. ئۇ چاغدا باتۇر شۈبھىسىزكى توخرىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، يوشۇرۇن ئاپەت باشقىلارنىڭ قولى بىلەن تەلتۆكۈس يوقىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يانبېيقان يەنە يوللۇق يوسۇندا زور قوشۇن توپلاپ توخرىلار ئۈستىگە جازا يۈرۈشمۇ قوزغىيالايدۇ. ئۇلاردىن كونا ئۆچىنى، قانلىق قىساسىنى ئېلىپ ئار - نومۇسنى ئاقلىيالايدۇ. يەنە تېخى ئۇلارنى تالان - تاراج قىلىپ ھېسابسىز ئەسىر - ئىنچۇ، مال - بايلىق، يەر - زېمىن ئولجا ئېلىپ، كاتتا باي، تەڭداشسىز ھۆكۈمرانغا ئايلىنالايدۇ!...

ئۇ ئىككى يىلدىن بېرى مانا مۇشۇنى ئويلىدى، مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. باتۇر كۆزدىن نېرى بولۇپ، يۈيۈك تەخت ۋارىسى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ ئۆز سۆز، ئىمتىيازلىق، ئالدىراش بولۇپ كەتتى. كۈيئوغلۇم يىراقتا، نېمە

www.uyghurkitap.com

ئىش قىلىشۋاتقىنىمنى بىلمەيدۇ. بىلسىمۇ ئەمدى ماڭا بىرنىمە دې-
يىشكە پېتىنالمايدۇ، دەپ جۇۋانغاردا ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ، توخ-
رىلار بىلەن ئۆچەكەشتى. ھە دېسىلا تەڭرىقۇتنىڭ نامى بىلەن
قوشۇن توپلاپ توخرىلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ مال ـ يىلقى-
لىرىنى، كىشىلىرىنى تۇتۇۋېلىپ چېگرىدا ئېغىر پاراكەندىچىلىك
پەيدا قىلدى. ئىككى يىلدىن بېرى ئۇ بۇنداق بىباشلىق، ئۆكتەمە-
لىكلەرنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇردى. نەتىجىدە توخرىلارمۇ غە-
زەپلەندى، ھونلارغا قارشى چىقتى. ئاردا كۆپ قېتىملىق توقۇ-
نۇش ۋە قانلىق ئۇرۇشلارمۇ بولدى. بىراق ئۇلار يانبېيقاندەك
ئۆكتەملىك قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئۆكتەملىكلىرىگە قول قوشتۇرۇپمۇ
تۇرالمىدى، ئاخىر بولماي خانغا مەلۇم قىلىشتى. توخرى خان
سالماق، ئېغىر ـ بېسىق، ئۆزىنى بىلىدىغان، ئۆزگە ئىشىنىد-
غان كىشى ئىدى. ھونلارغا يامان نىيەتتە بولسىمۇ، ئەھدىگە ۋاپا
قىلاتتى. تۇرغاقتىكى قىزىنى، قولدىن ئىش كېلىدىغان باتۇرنى
ئويلايتتى. لېكىن ئۇنىڭ سەۋر ـ تاقىتىمۇ چەكلىك ئىدى. شۇڭا
ئۇمۇ ئاخىر غەزەپلەنمەي تۇرالمىدى. ئەلچى ئەۋەتىپ ھون تەڭرىقۇ-
تىغا نارازىلىق بىلدۈردى، ھەيۋە كۆرسىتىپ تەھدىت ـ تەھلىكە
سالدى.

ئەلۋەتتە تۈمەن تەڭرىقۇتمۇ بۇنىڭدىن چۆچۈمەي قالمىدى.
قېيناتىسىنى چاقىرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇشتى، سۈرۈشتۈردى ...
لېكىن ئۇنىڭ قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلىرى، قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى
ھامان تەڭرىقۇتنىڭ ئەقىل كۆزىدىن پىنھان، دىققەت ـ نەزىرىدىن
سىرتتا قالدى. يانبېيقان بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى توخرىلارغا
دۆڭگىدى: «ئالدى بىلەن تاجاۋۇز قىلىپ جېدەل تېرىغانلار، ئەھ-
دۇ ـ پەيمان، سۈلھى ـ پۈتۈملەرگە خىلاپلىق قىلىپ ئارىنى
بۇزغانلار توخرىلارنىڭ ئۆزى. توخرى خان تىلداغلىق قىلىپ پۇر-
سەت ئىزدەۋاتىدۇ...» دېدى. ئۇلارنى يامانلاپ، ئۇلارنى ئەيىبلەپ،
ئۈستىدىن ئەرز ـ شىكايەت، لەنەتلەرنى توقۇدى. تەڭرىقۇتنى
ئۇلارنىڭ ھىيلىسىگە ئالدىنىپ قالماسلىققا، ئۇلارنىڭ ئۆكتەملى-
كىگە قاراپ تۇرماسلىققا، ئۇلارغا بوزەك بولماسلىققا ئاگاھلاندۇر-

دى. ئۇلارنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن، ۋىجدانسىزلىقىدىن ئۈچ ئىلىشقا كۆشكۆرتتى، ئۇلارغا جازا يۇرۇشى قوزغاپ، مال - بايلىق، يەر - زېمىنلىرىنى تارتىۋېلىشقا قوتراتتى. ئۇ ھەتتا باتۇرنىمۇ قارىلاپ «توخرى خانغا ئەل بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ھون تەختىنى تارتىۋالماقچى بوپتۇ...» دەپ شىكايەت قىلدى... شۇنداق قىلىپ ئىككى ئەل مۇناسىۋىتى يامانلاشتى، بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈز تۇتتى. بەگ‌ۋاش تەگرىقۇتمۇ ئازغۇن ئالچىسى ۋە قاقۋاش قېيىناتىسىنىڭ ئارىنى بۇزۇپ توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش ھىيلىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا قارشىلىققا ئۇچراپ بېسىقىپ قالغان ئەسلىي ئىرادىسىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققىشى بىلەن، بۇرۇنقى ئاقىلانە، دانا قارارىدىن يېنىپ توخرىلارغا يېڭىۋاشتىن غەزەپلىنىشكە، ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ ئۇلارنىڭ مال - بايلىق، يەر - زېمىنلىرىغا كۆز قىزارتىشقا باشلىدى.

ئۇ يەنە بۇ ئىككى يىلدىن بېرى كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق دېگەندەك، ئەتىۋارلىق كىچىك ئالچىسى جانئايىقىنىڭ كېيىنىگە كىرىپ، ئىككىنچى ئوغلى، يېڭى تەخت ۋارىسى يۇيۇككىلا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۈمىدىنى ئۇنىڭغا باغلاپ، يات، يىراق ئەلدە بارىمتاي بولۇپ تۇرغاقتا تۇرۇۋاتقان، ئۆزى ئۇچۇن جان كۆيدۈرۈپ قۇربان بېرىۋاتقان چوڭ ئوغلى باتۇرنى ئۇنتۇپ كەتكەن، نەزەر - كۆزىدىن سىپلىۋەتكەنىدى... شۇڭا ئۇ بۇ يىلقى ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي بايرىمىدا، تۇمەنبالىقتا ئۆتكۈزۈلگەن ھون قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ قۇرۇلتىيىدا، ھەرقايسى ھون خان - بەگلىرى ۋە ئۇرۇق - قەبىلە ئاقساقاللىرىغا ھېچ ئىككىلەنمەي، ھېچنېمىگە تارتىشمايلا ئۆزىنىڭ توخرىلار ئۈستىگە يۇرۇش قىلىش توغرىسىدىكى قارارىنى جاكارلىدى ۋە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا پۈتۈن ئەلگە يارلىق چۈشۈرۈپ تىنچ، ئالدىراش قىشنىڭ غېمىنى قىلىۋاتقان كىشىلەرنى يۇرۇشكە ئاتلىنىشقا چاقىردى.

مانا بۇ ئوڭ قول بىلگە يانبېيقان زارىقىپ كۈتكەن كۈنلەر ئىدى. ئۇ يەنە كۈيئوغلىنىڭ كۈچ - ئىمتىيازىغا تايىنىپ يىراققا

www.uyghurkitap.com

يۇرۇش قىلغۇچى زور قوشۇننىڭ باش تۇتۇقلۇق ھوقۇقىنىمۇ قولـ-
غا كىرگۈزۈۋالدى. ئۇ ناھايىتى چوڭ داغدۇغا ۋە ھەيۋەت بىلەن
پايتەختتە توپلانغان نەچچە تۇمەن كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ
يۇرۇشكە ئاتلاندى. يول ئۇستىدە يەنە يارلىققا بىنائەن قىلىۋاتقان
ئىشنى تاشلاپ، ياراغلىرىنى ئېلىپ ئاتلىنىشقان چەت، يىراق
جايلاردىكى نۇرغۇنلىغان ھون چەۋەندازلىرى ئارقىدىن يېتىشىپ ۋە
تەرەپ - تەرەپلەردىن كېلىپ ئۇنىڭ قوشۇنىغا قېتىلدى. ئۇ كەچ
كۈزدە يولغا چىقىپ ئۆگۈز ئەگمىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، قىش
بېشىدا جۇۋانغاردىكى بۆرە تېغى ئېتىكىگە يېتىپ كەلدى ۋە مۇشۇ
يەردە بىر مەزگىل توختاپ قوشۇننى تولۇقلاپ تەرتىپكە سالغاندىن
كېيىن، ئاندىن رەسمىي يۇرۇشكە ئاتلانماقچى بولدى. لېكىن نىيەـ-
تى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك دېگەندەك، بۇ ئىشلار تاماملىنىپ چوڭ
قوشۇن يولغا چىقىدىغان چاغدا، قىش ھاۋاسى يامانلىشىپ، كۈندۈ-
زى كۈن، كېچىسى ئاي تۇتۇلۇپ زادىلا ئېچىلماي قويدى. قار
يېغىپ، جۇدۇن - چاپقۇن كۆچىيىپ، زىمىستان قىش بالدۇرلا
باشلىنىپ كەتتى. ھونلارنىڭ يۇرۇش - سوقۇش ئادىتى بويىچە
بۇنداق چاغدا قوشۇن ئاتلانسا، يۇرۇش ئوڭۇشلۇق، سوقۇش غەلىـ-
بىلىك بولمايتتى. شۇڭا ئۇ مۇشۇ يەردە ۋاقىتلىق لەشكەرگاھ
قۇرۇپ ھاۋانىڭ ئېچىلىپ، سوغۇقنىڭ بوشىشىنى، يولنىڭ راۋاـ-
لىششىنى كۈتۈپ لەشكەرلەرنى بېقىپ يېتىشقا مەجبۇر بولدى...
مانا بۇگۈن ئۇنىڭ ياشىق تەڭرى چىراي ئېچىپ يالچىق تەڭرى
تولۇپ باققاندا يولغا چىقىشىنى كۈتۈپ خۇشباشىگ تېغى ئېتىكىدە
ساقلاپ ياتقىنىغا بىر ئاي بولۇپ قالغانىدى.

لەشكەرگاھنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاق، قارا، قىزىل يۇڭ يىپلار-
دىن توقۇلغان پالاسلار بىلەن چۈمكەلگەن، ئىچىگە كىگىز - ياپغۇت
ۋە ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسى سېلىنىپ، جابدۇق -
سايمانلار بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، چاڭغىرىقىنىڭ چوققىسىدى-
كى خادىغا قوتاز قۇيرۇقى بەرجەم①قادىلىپ، ئىشىك ئالدىدىكى

① بەرجەم — ھون قوشۇنلىرىنىڭ جەڭ - سوقۇشتا ئىشلىتىدىغان بەلگىسى.

توققۇز مومىغا كۆك بۆرىنىڭ باش سۈرىتى كەشتىلەنگەن توققۇز
تۇغ ئېسىلغانىدى. يايلاقتەك چوڭ، ئىسسىق چېدىر - بارگاھىدا
قول ئاستىدىكى خان - بەگلەر، سانغۇنلار ۋە مىڭبېشىدىن يۇقىرى
سەركەردىلەر بىلەن زىياپەت قۇرۇپ، ئارغارتقۇ، سۇچىك، بوزا،
قىمىز ئىچىپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ھاۋانىڭ تېخىچە ئېچىلماي-
ۋاتقانلىقىنى، قوشۇنىنىڭ ۋاقتىدا يولغا چىقمىغانلىقىنى ھېسابقا
ئالمىغاندا، ئۇنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى چاغ ھەم خۇشال ئىدى.
چۈنكى ئۇ تۇرغاقتىكى باتۇرنى ئاللىقاچان «ئۆلدى» گە چىقىرىۋې-
تىپ كۆڭلى تىنچىغان، بۇ قېتىمقى يۇرۇش - سوقۇشنىڭ مۇۋەپ-
پەقىيىتى ۋە غەلىبىسىگە بولسا ئۈمىد - ئىشەنچى تولۇپ تېشىپ
تۇراتتى.

يانبېيقان ئۇلپەتلىرىگە ھەدەپ قەدەھ تۇتاتتى، ئۇلارنى ئوبدان
يەپ - ئىچىشكە، قانغۇچە ئويناپ - كۈلۈشكە تەكلىپ قىلىپ
تۇراتتى، ئىچىپ تەڭشەلگەندە، چېدىرنىڭ تۆرىدىكى شاھانە پەچ-
كۈمگا بېرىپ، قات - قات سېلىنغان يۇمشاق ياپغۇت ئۈستىدە
ئېغىناپ يېتىپ، بىر چەتتە ساز چېلىپ نەغمە قىلىۋاتقان قامانلار-
نىڭ مۇڭلۇق قەسىدىلىرىگە، قىزىقارلىق ناخشا - قوشاقلىرىغا
قۇلاق سالسا، ئوتتۇرىدىكى سەھنىدە يىلاندەك تولغىنىپ، قۇيۇن-
دەك چۆرگىلەپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ياش قاملارنىڭ كېپىنەكتەك
ھەرىكەتلىرىگە، جەلپكار ناز - كەرەشمىلىرىگە بۇلاقتەك كۆزلىرى-
گە، ئەۋرىشىم بەللىرىگە، چەكچىيىپ تىكىلەتتى. جىيەكلىرىگە
ساجۇ تۇتۇلغان يىپەك داستىخانلار قوي، سوغۇن، ئۇلار، كەك-
لىك، قىرغاۋۇل، توشقان گۆشلىرى، ئەركەچ، پاقلان كاۋاپلى-
رى، تۇتماچ[1]، كۆرشەك[2]، سىمراغ[3]، بۇلدۇنى[4]، كۆمەچ،
ئەمبەك[5]، ئاۋۇزنى[6]، يۆرگەمەچ[7]قاتارلىق تائاملار بىلەن تولۇپ

---

① تۇتماچ — تاماقتىن بۇرۇن يېيىلىدىغان ئىشتىھا ئېچىش غىزاسى.
② كۆرشەك — سۆك، گۈرۈچلەرنى سۇ ياكى سۈتتە قايىنتىپ ئۈستىگە ياغ قۇيۇپ يېيىلىدىغان غىزا.
③ سىمراغ — دورا - دەرمەك ئارىلاشتۇرۇلغان ئۇن تائامى.
④ بۇلدۇنى — ئىچىگە قۇرت ياكى ئۈزۈم سېلىپ تەييارلىنىدىغان غىزا.
⑤ ئەمبەك — ھەمەك، نان.
⑥ ئاۋۇزنى — بۇغداي ئۇنى بىلەن ئارپا ئۇنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئېتىلىدىغان غىزا.
⑦ يۆرگەمەچ — ھېسىپ. ئۈچەيگە قېرىن، ئۆپكە تىقىپ پىشۇرۇلىدۇ.

تېشىپ تۇراتتى. ئاگۇت بېشى مەخسۇس باش تۇتۇقبەگنى كۈتەتتى. تاپىغچى ـ قىرناقلار بولسا لىپمۇلىپ ئارغاتقۇ، سۇچىك، بوزا قۇيۇلغان جام ـ ئاياقلارنى ئايلاندۇراتتى.

دەل مۇشۇنداق پەيتتە، بۇ مول مەئىشەتلىك زىياپەتتە داخىل بولۇشقا سالاھىيىتى توشمايدىغان بىر ياش نۆكەر جىددىي مەلۇمات ئېلىپ چېدىرغا ئۇسۇپ كىردى.

— جۇۋانغارنىڭ زېمىندارى، تۇمەن چەۋەندازلار سانغۇنى، باش تۇتۇقبەگكە مەلۇمات! — دېدى ئۇ تۆردىكى پەچكۇمدا يانپاشلاپ ياتقان يانبېيقاننىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، — توپقا قېتىلىپ يۈرۈشكە ئاتلانغىلى كەلگەن ئۈچ ئاتلىقنى تۇتۇۋالدۇق. ئۇلار بەلگىنى بىلمەيدىكەن. ياۋنىڭ ئايغاقچىسىدەك قىلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەلەتى سۆرۈن، ئەلپازى يامان بىرى: «بىز يات كىشىلەر ئەمەس، ھون. مەن سول قول بىلگە باتۇر. توخرىلارغا بارىمتاي ئىدىم، قېچىپ كەلدىم. سىلەرنىڭ ئوڭ قول بىلگە خانىڭلار بىلەن كۆرۈشىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇڭا مەلۇم قىلىپ كەلدىم.

زىياپەتنىڭ قىزىقى ۋە ئىچىملىك تەسىرىدە ئاللىقاچان شىركەيپ بولۇشقان ئاگۇت ئەھلى ياش نۆكەرنىڭ بۇ مەلۇماتىنى ئاڭلاپ خۇددى ۋاراقشىپ قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك چىپپىدە توختاشتى. ئۇلار دەسلىپىدە مەستلىك، ھەيرانلىق ۋە ھودۇقۇش ئىچىدە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئېسەنگىرەپ تۇرۇپ قېلىشتى. كېيىن ئاستا ـ ئاستا سەگەكلىشىپ تەئەججۈپلۈك ھاياجانغا چۆمۈشتى. «باتۇر! ؟… ئۇ قېچىپ كەپتىمۇ؟… بۇ راستمىدۇر؟ !…» ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ بوران سوققان ئورماندەك چايقىلىپ شاۋقۇن سېلىشتى، بويۇنلىرىنى سوزۇپ چېدىرنىڭ ئىشىكىگە تەلپۈنۈشتى. خۇشال، خىرامان ئولتۇرغان ئوڭ قول بىلگە يانبېيقانمۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا دەسلىپىدە ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن بېشىغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك، يۈزىگە تەستەك يېگەندەك چۆچۈپ، شۈركۈنۈپ ئېسىگە كەلدى ـ دە، ھودۇقۇپ، ئالاقزادە بولۇپ، ھېلىلا قولىغا ئالغان

سۈكۈشىنىڭ پوككىدە يەرگە چۈشۈپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالدى.
«باتۇر! ! !… ئۇ؟ ! … ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەسلا! … ئۇ
باتۇر ئەمەس، ياۋنىڭ ئايغاقچىسى. باتۇر ئۆلگەن، توخرىلار ئۇنى
ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈۋەتتى… ياق، بۇ قانداق گەپ؟ ئۇ قانداق
قىلىپ…؟ ئاھ تەڭرىم! …»

ئۇنىڭ ئەسەبلىرى قوزغىلىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ۋۇ-
جۇدى مۇزلاپ تىترەشكە، يۈرىكى قاتتىق ئەلەم ۋە ساراسىمىدىن
پۇچىلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى خۇدسىز، مۇئەللەقتە لەيلەپ
يۈرگەندەك، جۇتقا سوقۇلغاندەك ھېس قىلدى، كاللىسىدا بولسا
قاباھەتلىك چۈشتەك قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك خىياللار كېزىپ
يۈرەتتى. «ياۋۇز! … ئاپەت! بالا - قازا! … ئۇ راستتىنلا شۇمى-
دۇر؟ … ئۇ قانداق قېچىپ قۇتۇلغاندۇر؟ بۇ يەرنى قانداق تېپىپ
كەلگەندۇر؟ ناۋادا… راست شۇ بولسا … ئاھ تەڭرىم! بۇ قانداق
تەقدىر؟ قانداق چاقچاق؟ مېنى مەسخىرە قىلغاندەك! … قانداق
قىلاي ئەمدى؟ قېچىپ قۇتۇلۇپسەن، ئامان - ئېسەن قايتىپ كەپ-
سەن، تۇرۇنۇم، دەپ قۇتلۇقلاپ، قۇچاقلاپ قارشى ئالايمۇ؟ بۇ
ماڭا تەس كەلمەمدۇ؟ ئىنزا - ئەلەم قىلمامدۇ؟ … يا تونۇماسقا،
بىلمەسكە سېلىپ، ياۋنىڭ ئايغاقچىسى دېگەن بەتنام بىلەن تىلداغ-
لىق قىلىپ ئۆلۈمگە بۇيرۇيمۇ؟ … ئىككى يىلدىن بېرى ئۆزگىرىپ
كەتكەندۇر ھەرقاچان. تېخىمۇ سۇرلۇك، قورقۇنچلۇق! … ئۇ مې-
نىڭ ئىشلىرىمدىن خەۋەر تاپقانمىدۇر؟! …» ئۇ ئويلاپ مۇشۇ
يەرگە كەلگەندە ئاخىر ئويلاشقا مادارى يەتمىدى. يۈرىكى پۇلاڭلاپ
ۋۇجۇدىنى سوغۇق تەر باستى، ئىنزا - ئەلەمدىن خۇددى زەھەرلىك
يىلان تىلىنى چىقىرىپ ۋىشىلدىغاندەك ئاچچىق، نادامەتلىك خۇر-
سىنىپ، چايان چاققاندەك ئازابلىنىپ، قوقاسقا ئولتۇرۇۋالغاندەك
پۇچىلىنىپ كەتتى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىكى بۇ
غايەت زور داۋالغۇش، ھودۇقۇش، ئۆزگىرىشلەرنى ئاڭۇت ئەھلى
سەزمەي قالدى… بىر پەستىن كېيىن ئۇ سەل ئۆزىگە كېلىپ
ھودۇقۇش ۋە ساراسىمە ئىچىدە ئەتراپىغا قارىدى. ئاندىن ئۆزىنى
تۇتۇۋېلىپ، ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان ياش نۆكەرگە بۇيرۇق

قىلدى.

— ئۇنى دەرھال بۇ يەرگە باشلاپ كىر!

ياش نۆكەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاڭۇت ئەھلى بىر-بىرىگە بېقىشىپ، ئەكەلگەن خەۋەر ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى.

— ئۇ راست باتۇرمىدۇر؟...

— چوقۇم شۇ، كۆڭلۈم تۇيۇۋاتىدۇ مېنىڭ. ئۇ چوقۇم ساندىبىلدىن قېچىپ كەلدى!

— تەلىيى ئوڭ ئىكەن، قوت-بۇيانى بار ئىكەن، قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. بولمىسا توخرى خان ئۇنى ھەرگىز ساق قويمايتتى.

— تەلىيىنىڭ ئوڭ كەلگەنلىكىدىنلا ئەمەس، تۇيغۇن، چەبىدەس، جەسۇر، باتۇرلۇقىدىن...

— ئەينى ۋاقىتتا ياۋۇز تانيۆلەر ئارىسىدىنمۇ ساق كەلگەن ئۇ!

— چىنلىقلارغىمۇ بوي بەرمىگەن!...

— مېنىڭ ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ناۋادا... ئۇ باتۇر بولمىسىچۇ؟

— ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم ياۋنىڭ ئايغاقچىسى!

— ياق، ئۇ ئايغاقچى ئەمەس. چوقۇم باتۇر. ئۆتىنىشمەن! ... ئايغاقچى بولسا بىلگە خان بىلەن كۆرۈشمەن دەمتى؟ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشكە پېتىنالامتى؟ ئايغاقچى بولسا غىپپىدە لەشكەرلەر ئارىسىغا سۇقۇنۇۋالماسمىدى؟

— راست...

— ئۇنى كۆپىنچىمىز تونۇيمىزغۇ. كۆرگەندە بىلىمىز ھېلى.

— ئۇ راست شۇنداق بولسا، بۇ كۆك تەڭرىنىڭ بىزگە قىلغان شاپائىتى بولىدۇ!

— شۇنداق، ئۇ يول بىلىدۇ. بىزنى غەلىبىگە باشلايدۇ!

— بۇ قېتىم توخرىلارنىڭ ئەدىپىنى راسا بىر بېرىدىغان بولدۇق!

— ......!

خان ـ بەگلەر، سانغۇنلار، تۇمەنبېشى، مىڭبېشىلار گەرچە تېخى باتۇرنى كۆرمىگەن، ئۇنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بول- سىمۇ، ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ شۇ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلاپ، ئۇنىڭ توخرىلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇل- غىنىغا، ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىپ ئۆزلىرىگە قوشۇلغىنىغا خۇشال بولۇشۇپ، ئۇنى تېزرەك كۆرۈشكە، قۇچاقلاپ قارشى ئې- لىشقا ئالدىراپ، ئىنتىزار بولۇشقا، تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ جىمپىلا كەتكەن ئوك قول بىلگە يانبېيقان تېخىمۇ ئازابلاندى. ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، زەھەرلىك يىلاندەك ۋىشىلدىدى. «ئەجەبا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى راستىنلا شۇنچە ياقتۇرامدىغاندۇر؟...»

ئاردىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم. بەلكىم ئۇنچە ئۇزاق ۋاقىتمۇ ئۆتمىگەندۇر. ئەمما يانبېيقانغا نىسبەتەن بۇ ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك، ئىزتىراپلىق، ئۇزاق ھەم ئازابلىق تۇيۇلۇۋاتاتتى. شۇنداق، ئۇمۇ ئالدىراۋاتاتتى. لېكىن ئۇ باشقىچە بىر ئويدا، باشقىچە بىر ئارزۇدا، ئۇ گەرچە باشقىلارغا ئوخشاشلا باتۇرنى تېزرەك كۆرۈشكە، تونۇۋېلىشقا ئالدىرىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ شۇ ئەمەس، بەلكى باشقا بىرى، توخرىلارنىڭ ئايغاقچىسى بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەگەر شۇنداق بولسا ... ئۇ ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ. كەيپىنى بۇزۇپ ئارامىدا قويمىغانلىقى، چۆچۈتۈپ، ۋەھىمىگە سېلىپ، قورقۇتۇپ جېنىنى ئالغانلىقى، قاتتىق ئىزا ۋە ئەلەمگە قويغانلىقى... ئۈچۈن دەرھال ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. ئىككى تۈپ دەرەخنى ئېگىپ ئۇچىنى بىر يەرگە ئەكېلىپ، ئۇنىڭ پۇتلىرى- نى ئاشۇ دەرەخلەرگە باغلاپ ئاندىن قويۇۋېتىدۇ. ئۇنىڭ پارچىلان- غان تېنىنى، ئەت ـ ئۇستىخانلىرىنى بۆرە تېغىنىڭ چىلبۆرىلىرىگە تاشلاپ بېرىدۇ!...

— باتۇر!...

— دەل ئۆزى!...

— ئالىپ باتۇر!...

www.uyghurkitap.com

ئاۋۇت ئەھلى ئىختىيارسىز دەۋرەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كې-
تىشتى… يانبېيىقان قولاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى، قاتتىق چۆ-
چۈپ، تاشتەك دوملاپ كېتەي دېگەن ئېغىر بېشىنى ئاران كۆتۈر-
دى. چېدىرنىڭ ئىشىكىگە تاقىشىپ، يورۇقلۇقنى توسۇپ، سال-
ماقلىق، چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ كىرىپ كەلگەن باتۇرنى
كۆرۈپ كۆزلىرىگىمۇ ئىشەنمەي قالدى «شۇ ئىكەن، ئاھ!…—
ئۇ ئۆزىنى تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك، ياۋۇز ئاستىدا
قالغاندەك ھېس قىلدى، — ئەمدى تۈگەشتىم!…» لېكىن ئۇ
شۇئان يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ھودۇقۇش، ئالاقزادىلىك، ساراسى-
مە، ئىزا - ئەلەم ۋە ئۆچمەنلىكىنى ھاياجانغا، كۈچكە ئايلاندۇرۇپ
ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، خۇشال بولغان، تەمكىن قىياپەتتە
قۇلىچىنى كېرىپ باتۇرنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

— بۇ سەنمۇ، تۇرۇنۇم؟! كۆزلىرىمگە ھېچ ئىشەنمەي قىلى-
ۋاتىمەن!… — دېدى ئۇ ئاتىلارچە مېھرىبان قىياپەتتە باتۇرنى
قۇچاقلاۋېتىپ، — توۋا، توۋا قىلدىم!… بۇ يەردە بۇنداق ئەھۋال
ئاستىدا تاسادىپىي، ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىپ قالارمىز دەپ
پەقەتلا ئويلىمىغانىدىم!… قېچىپ كەلدىڭمۇ؟ ئېسەنمۇسەن؟…
تەڭرىلەرگە مىڭ مەرتىۋە شۈكرىكى، ئۇلار سېنى ئۆز پاناھىدا
ساقلاپتۇ. ئارزۇ - تىلەكلىرىمىزنى ئىجابەت قىلىپ، ساڭا
قۇت - مەدەت بېرىپتۇ. قۇت بولسۇن ساڭا!…

— سالامەتمۇسەن، بوۋا؟ بەك سېغىنىدىم سىلەرنى!… —
باتۇرمۇ ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ كۆز يېشى قىلدى.

ئاقىل - دانىشلارنىڭ، باتۇر - قەھرىمانلارنىڭ، ئۆتكۈر،
تۈيغۇن، پاراسەتلىك كىشىلەرنىڭمۇ بەزىدە كۈندەك يورۇق، ئايدەك
غۇبارسىز قەلبىنى غەپلەت تۇمانلىرى قاپلاپ، ئۆتكۈر ئەقلى گەدى-
نىگە ئۆتۈپ قالىدىغان، تىرەن تۈيغۇسى خاتالىشىپ، روشەن كۆز-
لىرى خىرەلىشىدىغان، ئىرادىسى، جاسارىتى يوقىلىپ، پۇت -
قوللىرى بوششىپ كېتىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلار
غەلىبە شادلىقىدىن خۇدىنى يوقاتقاندا، سىرلىق، ھىيلىگەر رەقىب-

كە، چاناچ، بىچارە دۈشمەنگە دۇچ كەلگەندە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. لېكىن بۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر سىناق، ئۆتكۈنچى ئەھۋال. چۈنكى، تەڭرى كۆپىنچە ھاللاردا مۇشۇنداق كىشىلەر بىلەن ئوينىشىدۇ. ئۇلارغا قاملاشمىغان، غەلىتە چاقچاقلارنى قىلىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ. ئۇلارنى سىناپ، كولدۇرلىتىپ ھوزۇرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تەقدىرى، ئازابى، خۇشاللىقى بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى، قۇدرەت كامالىنى نامايان قىلىدۇ...

ئۇ يەنە باشقىلار بىلەنمۇ بىر - بىرلەپ قۇچاقلاشتى. مىڭبېشىلار قاتارىدىكى تۇقىش ئوغلاننى كۆرگەندە، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى.

— تۇقىش ئوغلان!...

— ئېسەنمۇسەن، باتۇر!...

ئۇلار ئاغا - ئىنىلاردەك قۇچاقلاشتى، تىنچ - ئامانلىق سوراشتى.

باتۇر ھەممەيلەن بىلەن بىر قۇر كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن، يەنە ئۆگەي بوۋىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشتى... يانبېيقان ئۇنىڭ سوئاللىرىغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بەردى. ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، تۇمبەنبالىق، بولۇپمۇ ئانىسى ئايقاغان توغرىسىدا ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈپ، چەكسىز سېغىنىش ۋە ھىجران ئوتىغا سالدى. تۇقىش ئوغلان ئۇنىڭغا ئالچىسى سۇجۇكنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. ئۇ ئاتا بوپتۇ!... ئاندىن يانبېيقان ئۇنى چېدىرنىڭ تۆرىدىكى ئۆزىنىڭ شاھانە ئورنىغا تەكلىپ قىلدى. باتۇر خۇددى بۇ ئورۇن ئەسلىدىلا ئۆزىگە تەئەللۇقتەك تۈزۈت قىلمايلا تۆرگە ئۆتۈپ ئولتۇردى. خان - بەگلەر، سانغۇنلار، تۇمەنبېشى، مىڭبېشىلارمۇ بىردەم ئوپۇر - توپۇر بولۇشقاندىن كېيىن ئوڭ - سول، يۇقىرى - تۆۋەن مەنسەپ دەرىجىسى بويىچە ئۆز ئورۇنلىرىنى تېپىپ، باتۇرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، چېدىر دىۋارىنى بويلاپ غاز قانىتى بولۇپ ئولتۇرۇشتى... چېدىرغا يانان بىلەن جانەرمۇ كىرىپ

كېلىشتى. ئۇلارمۇ سەركەردىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشتى. ئۇلار شۇ تاپتا تارتىنىپ، يېتىرقاپ ئوڭايسىزلانماقتا، ئۆزلىرىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئەزىز مېھمانلارغا ئايلىنىپ قالغىنىغا ھەيران بولماقتا، قەلبلىرى بولسا چەكسىز خۇشاللىق ۋە پەخىر - ئىپتىخارغا تولماقتا؛ ئۆزلىرى تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قېلىپ ئېغىزىغا سۇ تېمىتىپ قۇتقۇزۇۋالغان، ھازىر بولسا چېدىرنىڭ تۆرىدىكى شاھانە ئورۇندا خان - بەگلىرىنىڭ ھۆرمەت - ئېھتىرامىغا سازاۋەر بولۇپ ئولتۇرغان باتۇر ئالپىنى قايتىدىن تونۇماقتا، ئۇنىڭ يۈكسەك ئابرۇيى - ئىناۋىتىدىن، شان - شۆھرىتىدىن زوقلىنىپ، ئۇنىڭغا يېڭى باشتىن ئەقىدە قىلىپ ئىخلاس باغلاشماقتا ئىدى!

ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ چېدىر ئىچى تىنچلانغاندىن كېيىن، يانبېيقان ئۆگەي نەۋرىسى باتۇرنى جەسۇرلۇقى، باتۇرلۇقى، پاراسەتلىك، ئۆتكۈر، تۈيغۇنلۇقى... بىلەن مەدھىيىلەپ، توخرى ئېلىدىكى بارىمتايلىقتىن قېچىپ قۇتۇلۇپ ئۆزلىرى بىلەن ئامان - ئېسەن جەم بولغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم قۇتلۇقلىدى، ئاندىن ئاۋۇت بېشىغا بۇيرۇق قىلىپ، باتۇرنىڭ ھۆرمىتى، شان - شۆھرىتى ئۈچۈن زىياپەتنى قايتىدىن باشلاشنى ئورۇنلاشتۇردى. ھايال ئۆتمەي قېقىپ سېلىنغان داستىخانلار يەنە يېڭى كەلتۈرۈلگەن نازۇ نېمەتلەر بىلەن لىق تولدى. جام - ئاياقلارغا ئاغارتقۇ، سۈچىك، بوزا، قىمىزلار توشقۇزۇپ قۇيۇلدى. زىياپەت قايتىدىن باشلاندى... ئارىدا قىزغىن سۆھبەتلەر بولۇندى. باتۇر بىلدىكى، ھونلار بىلەن توخرىلارنىڭ ئارىسى بۇزۇلغان. بۇنىڭغا پۈتۈنلەي توخرىلارنىڭ ئۆكتەملىكى، توخرى خانىنىڭ يامان نىيىتى سەۋەب بولغان. شۇ ۋەجىدىن ئاتىسى تۈمەن تەگرىقۇت ئۇلارنىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قوزغاش توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈرگەن. قوشۇن ئاتلىنىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇشتۇمتۇت ھاۋا ئۆزگىرىپ قار - سوغۇق چۈشۈپ كەتكەن. شۇڭا يۈرۈشتىن ۋاقتىنچە توختاپ ساقلاپ يېتىشقا مەجبۇر بولغان...

— كۈن تەگرى چىراي ئېچىپ قار - سوغۇقنى ھەيدىگەن

ھامان يولغا چىقمىز! — دېدى يانبېيقان ئاخىردا.

— سەن باتۇر ھەم جەسۇر يىگىتسەن، باتۇر! — دېدى سول قول ئۇلـۇغ سانغـۇن ئۇنلـۇك خىتاب قىلىپ، — بىلىكىڭدە كۈچ ـ قۇدرەت، ۋۇجۇدۇڭدا ھىممەت ـ شىجائەت ئۇرغۇپ تۇرۇپ-تۇ… ئۇنىڭ ئۈستىگە ياۋ تەرەپتىن كەلدىڭ. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، يول ـ ئۆتكەللەرنى پىششىق بىلىسەن. شۇڭا سەن بىزگە باش بول، قوشۇنغا يول باشلا. بىز توخرىلار ئۈستىگە بىرلىكتە يۈرۈش قىلايلى!

— بىـز ساڭا ئىشـنـىمىز ھەم سىـنـى ھۆرمەتلەيمىز، باتۇر! — دېيىشتى باشقىلارمۇ.

— شۇنداق قىل، باتۇر ئوغلان. بۇ مېنىڭمۇ ئۈمىدىم، — دېدى يانبېيقانمۇ نېرى ـ بېرىسىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرمەيلا ئۇلارغا ئەگىشىپ.

باتۇر ئويلىنىپ، تۇرۇۋت قىلىپ ئولتۇرىدى.

— تۇمەنبالىقنى، ئاتا ـ ئانامنى بەك سېغىندىم. شۇ تاپتا قانات ياساپ ئۇچۇپ بارسام دەيمەن! — دېدى ئۇ ھاياجىنىنى بېسىۋېلىپ، — لېكىن سىلەرنىڭ ئۈمىد ـ ئىشەنچىڭلارنى يەردە قويساممۇ بولماس. ئۇنىڭ ئۈستىگە توخرىلاردا مېنىڭمۇ ئۆچۈم بار. ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىدىغان قاياشىممۇ بار!… شۇڭا تەكلىپىڭلارنى قوبۇل قىلدىم. شۇنداق بولسۇن. توخرىلار ئۈستىگە بىرلىكتە يۈرۈش قىلايلى. ئىشىنىڭلاركى، بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز! يەنە تېخى ئەسىر ـ ئىنچۇلارغا ئولجا ـ غەنىيمەت كۆتۈرگۈزۈپ، مال ـ يىلقا ھەيدەتكۈزۈپ قايتىمىز!

— دېگىنىڭ كەلسۇن، باتۇر! — دەپ ۋارقىراشتى ھون چەۋەندازلىرى.

تائاملار يېيىلىپ بولۇندى. ئاڭۇت ئەھلى شۇمشە[1]چاينىشىپ ئولتـۇرۇپ نۆۋەتـتـىكى ئۇلـۇغ يۈرۈشـنىڭ پىلانىنى تۈزۈشكە باشلىدى.

---

① شۇمشە — يېگىلى بولىدىغان، تاماق سىڭدۈرىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

www.uyghurkitap.com

## 5

كۆك تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن باتۇرنىڭ قوت - بۇيانىغا ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ ھاۋا ئېچىلدى. ئاي تەڭرى بېشارەت بېرىپ، كۈن تەڭرى كۈلۈپ باقتى. بۇ دەل غەربىي جەنۇبتىكى قاقاس قۇملۇق ۋە دەشت - باياۋانلاردىن ئۆتۈشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى ئىدى. باتۇر باشچىلىقىدىكى نەچچە تۈمەن كىشىلىك ھون ئاتلىق قوشۇنى بۆرە تېغىدىن يولغا چىقىپ، ھەيۋەتلىك لەشكىرىي يۈرۈشنى باشلىدى.

باتۇر زور قوشۇننىڭ ئالدىدا، يانان بىلەن جانەر باشچىلىقىدى-كى يۈرتۇغنىڭ ھىمايىسىدە، تورۇق تۇلپارغا مىنىپ، ئاجايىپ بىر خىل سەلتەنەت ۋە ئۇلۇغۋارلىق ئىچىدە يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ كېتىۋاتاتتى. ئەتلىنىپ، تۈكلىرى پارقىراپ ئەسلىي ھالىتىگە قايتقان تورۇق تۇلپارمۇ جابدۇنۇپ، ئۆزگىچە بىر تۈسكە كىرىپ قالغان بولۇپ، ساچۇلۇق كۆك يوپۇقى، ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان، زەر - ياقۇتلاردىن كۆز قويۇپ بېزەلگەن ئېگەر - جابدۇقلىرى، بېشىغا، ئىككى قۇلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قادالغان قوتاز قۇيرۇقى بەرجەم ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق، كۆچلۈك، قاۋۇل ھەم سۈلكەتلىك كۆرسىتەتتى. بېشىغا چوققىسىغا بەرجەم قادالغان جەز دۇبۇلغا، ئۈستۈېشىغا تەڭگە قاسىراقلىق ساۋۇت كىيىپ، قىلىچ، قالقان بىلەن قوراللانغان باتۇر ئۇنىڭ ئۈستىدە تېخىمۇ سالاپەتلىك، چوغچام كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن قاۋۇل ئاتلارغا مىنگەن، تۆمۈر كىيىملەرگە ئورانغان ۋە تولۇق قوراللانغان ئوڭ قول بىلگە، ئوڭ - سول قول ئۇلۇغ سانغۇنلار تاپ بېسىپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بولسا ئۇرۇق - قەبىلىلەر بويىچە توپ - بۆلەكلەرگە ئايرىلغان، ھەيۋەتلىك ئۇزۇن سېپى كۆز يەتكۈ-سىز يىراقلارغىچە سوزۇلغان ئاتلىق قوشۇنلار ئۆز ئۇرۇق بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن رەڭدار تۇغ - ئەلەملەرنى لەپىلدىتىپ ئەگىشىپ كېلەتتى. ئۇلار تەرتىپ - ئىنتىزام بىلەن تۇپلىرىنى، سەپلىرىنى

بـۇزماي ئـالغا ئىلگىرلـەيتتى. يـۇرۇش كۈن ـ تۈن دېمەي، قۇم ـ بوران، جۇدۇن ـ چاپقۇنغا قارىماي داۋام قىلاتتى.
هون ئاتلىق قوشۇنلىرى شۇ يۇرۇشىدە بۆرە تېغىدىن هالقىپ، چەكسىز كەتكەن قاقاس قۇملۇق ۋە چۆل ـ باياۋانلارنى بېسىپ ئۆتتى. يابورەي تاغلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، شياڭ دەرياسى ئېقىنىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ ئالچى تاغلىرىغا يېقىنلاشتى. ئاسمان ـ پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ كۈن نۇرىنى توسۇغان، يىراق ـ يىراقلارغىچە سوزۇلۇپ ھەيۋەتلىك تۇس ئالغان ساپسېرىق توپا ـ تۇمانلار خۇددى دەھشەتلىك گۈركىرەپ، شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان سېرىق بوراندەك توخرىلار چېگرىسىغا يېقىنلاپ كەلـدى. ئـالچى تـاغلىرىدىكى تـوخرى مـالچىلىرى ۋە چەۋەندازلىـرى ئۇلارنىڭ بۇ ھەيۋەت ـ دەبدەبىسىنى كۆرۈپ قارشىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بىر قىسمى تەقدىرىنى تەن ئېلىپ ئۆز يېرىدىلا هونلارغا تەسلىم بولدى. بىر قىسمى ئاۋۇل ـ قىشـلاقلىرىـنى، مال ـ يىلقا، چېدىر ـ چارۇپايلىرىنى تاشلاپ غەربكە قاچتى…
لېكىن هون قوشۇنلىرى ئالچى تاغلىرىدىن ئۆتۈپ خېشى كارىدورىغا كەلگەندە، توخرى لەشكەرلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئىككى ئارىدا دەھشەتلىك مۇدھىش ئۇرۇش باشلاندى. ئۇرۇشتا توخرىلار كەينى ـ كەينىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، قەدەممۇ قەدەم ئارقىغا چېكىندى. هونلار بەدەل ـ قۇربانلار بېرىپ، جەسەتلەرنى دەسسەپ، قان كېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. تاغۇ تاشلىقلار، جىلغا ـ جىرالار، تاقىر دالا، ئاختارما ئېكىنلەر كىشىلەر ۋە ئاتلارنىڭ جەسەتلىرى، كاردىن چىققان قورال ـ ياراغـلار، ئۆرۈلگـەن، كۆيـگـەن چېدىر ـ بارگاھلار، يىرتىلغان، دەسسەلگەن تۇغ ـ ئەلەملەر بىلەن تولدى. تۇپراق قىزىل قانلار بىلەن بويىلىپ چىلان رەڭگىگە ئۆزگەردى. ئاسماندا توپ ـ توپ بولۇپ ئۇچۇپ ئەگىپ يۈرۈشكەن قاغا ـ قۇزغۇنلارنىڭ كۆپلۈكىدىن كۈن نۇرى توسۇلۇپ، خېشى كارىدورى، بۈيۈك كارۋان يولى، مەشھۇر پايتەخت ساندىبىل گۈگۈم پەردىسى قاپلىغاندەك خىرە، مۇدھىش

www.uyghurkitap.com

هالەتكە كېلىپ قالدى!…

هالبۇكى، خېشى كارىدورى يەر شەكلى مۇرەككەپ، ئۆتكەل ـ توسۇقلار كۆپ خەتەرلىك جاي ئىدى. مەشھۇر پايتەخت
ساندىبىل بولسا سېپىل ـ قوۋۇقلىرى ئېگىز ھەم مۇستەھكەم،
قوختا ـ ئۈكەكلىرى كۆپ ھەم پۇختا، مۇداپىئەسى كۈچلۈك چوڭ
شەھەر ئىدى. باتۇر بۇلارنى بىلگەچكە، سانغۇنلىرىنى، چەۋەنداز-
لىرىنى ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇشتىن توسۇپ، شەھەرنى قور-
شاپ مۇھاسىرىگە ئېلىشقا بۇيرۇدى. ھون قوشۇنلىرى بۇيرۇققا
بىنائەن ھۇجۇمنى توختىتىپ، ساندىبىلنى تۆت تەرەپتىن قاتمۇقات
قورشاپ، قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى. باتۇر شەھەردىن ئانچە يىراق
بولمىغان جايغا، بۈيۈك كارۋان يولى ئۈستىدىكى مۇھىم بىر ئۆت-
كەلگە بارگاھ قۇرۇپ مۇھاسىرىگە قوماندانلىق قىلدى. بۇ مىلادى-
يىدىن بۇرۇنقى 211 ـ يىل، ئۇلۇغ ئاي پەسلى ئىدى.

شەھەر مۇھاسىرىسى ئۇزاققا سوزۇلدى. بېلىق[①]، قۇ-
زى[②]، ئۇي[③]، ئەرەندىز[④]ئايلىرى ئۆتۈپ، قۇچىقمۇ[⑤]كىرىپ كەل-
دى. بۇ جەرياندا ھون قوشۇنلىرى مۇھاسىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇس-
تەھكەملەش ۋە تارايتىش بىلەن بىرگە، دەم ئېلىپ، قوشۇننى
تەرتىپكە سېلىپ، ئوۋ ئوۋلاپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ كۈچىنى،
جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇردى. شەھەرگە بىرنەچچە قېتىم تېگىش قى-
لىپ، سېپىل تۈۋىلىرىگىچە يېتىپ باردى. ئەكسىچە، قامالدا
قالغان ساندىبىل ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە قاپسىلىپ تۇرۇۋاتقان توخرى
خان، توخرى لەشكەرلىرى، توخرى پۇقرالىرى بولسا سۇ ۋە ئو-
زۇق ـ تۈلۈكتىن قىسىلىپ ھالسىراشقا، ئىرادىسى ۋە جەڭگىۋار-
لىقى سۇنۇپ ساراسىمىگە چۈشۈشكە باشلىدى. شۇ تاپتا پۈتكۈل
ساندىبىلنى تولىمۇ مۇدھىش بىر خىل ۋەھىمىلىك كەيپىيات قاپلاپ
تۇراتتى. ھەممە كىشى ئۇنى ئىچ ـ ئىچىدىن ھېس قىلاتتى، ھەممە

---

① بېلىق — 12 ـ ئاي.
② قۇزى — 1 ـ ئاي.
③ ئۇي — 2 ـ ئاي.
④ ئەرەندىز — 3 ـ ئاي.
⑤ قۇچىق — 4 ـ ئاي.

كىشىنىڭ نەپسى بوغۇلاتتى. بايلار ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ھەممىۋا نەرسىسىنى ئۇلەشتۇرۇۋېتىشكە ئالدىرايتتى...

باتۇر يارگاھتا، ئۆزىنىڭ يايلاقتەك چوڭ كۆك چېدىرىدا ئۆزى يالغۇز مۈڭلىنىپ ئولتۇراتتى. ھەمراھلىرى، تاپىغچىلار نېمە ئىشلار بىلەندۇر سىرتلارغا چىقىپ كېتىشكەن، چېدىر ئىچى تىنچ ھەم ئىسسىق ئىدى. ئۇ يەنە ئۆتكەن كۈنلىرىنى — ساندىبىلدا ئۆتكەن ئىككى يىللىق تۇرغاقلىق ھاياتىنى، توخرى خان ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى، ئالىپ بۇقا ۋە ئۇنىڭ قاراملىقىنى، بەجەچقان، خاس مەھرەملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ساپ دىل، ساداقىتىنى ... ئەسلەشكە، ياد ئېتىشكە باشلىدى. قولىقى چولاق، ياۋاش، رايىش خاس قۇلى بەجەچقان كۆز ئالدىغا كېلىش بىلەن تەڭ، ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئەلەملىك خۇرسىنىپ ئورنىدىن قىمىرلاپ قويدى. ئەجەب سەمىمىي، كۆيۈمچان، ئاق كۆڭۈل قۇل ئىدى، بەجەچقان. ئەيىبناق، دىلى سۇنۇق، مۇلايىم، قۇل بولغىنى بىلەن ئەقىللىق، ئۆتكۈر، ئۆزىنى بىلىدىغان غۇرۇرلۇق، ۋىجدانلىق، ماھارىتىمۇ، جاسارىتىمۇ بار، ساغلام، بەردەم، ياراملىق يىگىت ئىدى. ئىشقا ماھىر، ئايىغى چاققان، غىزاغا ئۇستا، قولىنىڭ ئەپچىل، چېۋەر، تاتلىقلىقچۇ تېخى. ئۇ ئەتكەن غىزا - تائاملارنىڭ تەم - مەززىسى ھېلىمۇ باتۇرنىڭ ئېغىزىدىن كەتكىنى يوق! ... ئۇ ھېلىمۇ ھاياتمىدۇر؟ ساندىبىلدا بارمىدۇر؟ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ھېچبىر ئىز - دېرىكى بولمىدى ئۇنىڭ. توخرى خان ئۇنى نېمە قىلىۋەتكەندۇر؟... ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقمىشقا، ھۆرلۈك بېرىشكە ۋەدە قىلغانىدى باتۇر. مانا كەلدى شۇ مەقسەتتە. بىراق... ئەگەر ئۇ ھاياتلا بولىدىكەن، باتۇر ئۇنى چوقۇم قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ، ھۆرلۈك بېرىدۇ. ئۇ خالىسا، يېنىدا ئېلىپ قېلىپ بىللە ئۆتىدۇ، ئاغا تۇتىدۇ، قايتىدىن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويىدۇ. يادنان بىلەن جانەرگىمۇ ئاغا كېرەك. كۆرگەن - بىلگىنى كۆپ، تەجرىبە - ساۋىقى مول، مەرد، جەسۇر، غۇرۇرلۇق، جىگەرلىك ئاغا كېرەك. بۇنىڭغا بەجەچقان ئەڭ مۇۋاپىق. ئۇ ئۇلارغا نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com

ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ. نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ، ئۆزىنى، باتۇرنى ئۈلگە قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ. باتۇرنىڭ يېڭى تۇغۇلغان، ئەمما يۈزىنى تېخى كۆرمىگەن ئوغلىغىمۇ شۇنداق قىلىدۇ... ئۇ ئۇلار بىلەن، باتۇر بىلەن بىللە بولسا، بىللە ئۆتسە، ھەممەيلەن بىللە ياشىسا نېمىدېگەن ياخشى، نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك، مەنىلىك!... باتۇر شېرىن ئارزۇ، ئىزگۈ ھېس - تۇيغۇلارغا بېرىلىپ ھاياجانلاندى، قەلبى ئۈمىد - ئىشەنچكە تولۇپ ئىپتىخارلاندى. بىراق بەزىبىر ئىشلار، غەم - تەشۋىشلەر ئۇنىڭ بۇ ئارزۇلىرىنى، ئۈمىد - ئىستەكلىرىنى يەنە ھە دېگەندە بوغۇپ - ئۈزۈپ تۇراتتى، كۆڭلىگە ئەندىشە ۋە ئەنسىزلىك سېلىپ جىددىيلەشتۈرەتتى. توخرى خان تۇيغۇن، قاقۋاش كىشى، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي قالمايدۇ. ئۇ بارىمتايىنى سەن قاچۇرۇۋەتتىڭ، دەپ بەجەچقانىنى تۇتتۇۋالغان، قاماپ قويغان، جازالاپ ئۆلۈمگە بۇيرۇغان بولسا!... ئۇۋال، ئۇۋال، مېنىڭ ئۇۋالىم!...

ئۇ نېمىگىدۇر غەزەپلىنىپ، نېمىگىدۇر ئالدىراپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، لېكىن دەماللىققا نېمە قىلىشىنى، قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ، چېدىر ئىچىدە ئۇياق - بۇياق مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ بىر پەسكىچە شۇنداق ماڭغاندىن كېيىن، يەنە ئىچى سىقىلىپ تالاغا چىقتى. تالادا ئەتىيازنىڭ ئەڭ ئۇزۇن كۈندۈزى ئاخىرلىشىپ كەچ كىرىۋاتاتتى. لەشكەرلەر ئوتۇن - ياغاچ يىغىپ گۈلخان يېقىشقا، قورام تاشلاردىن ئوچاق ياساپ مىس قازانلىرىنى ئېسىشقا، يېتىشقا، كۆزەتكە، قاراۋۇللۇققا چىقىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى. بەزىلەر ئاتلىق ھەم پىيادە قاياقلارغىدۇر چېپىشاتتى، يۈگۈرۈشەتتى... ساندىبىل ئاستا - ئاستا قاراڭغۇلۇق قوينىغا سىڭىپ كۆزدىن يىتتى. ئۇنىڭ ئورنىدا پەقەت سانسىزلىغان گۈلخان، ئوت يورۇقلىرىلا قالدى. توخرىلار ھېلىھەم تەن بەرمەيۋاتىدۇ، سەگەك، ھوشيار تۇرۇپ مۇداپىئە كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇلار ئاخىرقى نەپەسكىچە، بىر ئادىمى قالغۇچە ئېلىشماقچى، قارشىلىق قىلماقچى، بەجەچقان ئەنە شۇ قامال، مۇداپىئە ئىچىدىكى

شەھەردە، قاراڭغۇ تاش ئۆيگە سولىنىپ، مەھبۇس بولۇپ تۇرۇۋا-
تىدۇ. قۇل بولغانلىقى، ئەركىسىزلىكى، يالغۇزلۇقىمۇ يېتىپ ئا-
شاتتى ئۇ بىچارىنىڭ، مانا ئەمدى ئۇ تېخىمۇ ئېغىر كۈنگە قالدى.
ئەجەل قۇشى بېشى ئۈستىدىلا ئەگىپ، ھاياتى خەتەر ئىچىدە، قىل
ئۈستىدە قالدى. ئەگەر توخرى خان سەللا غەزەپلەنسە ياكى ئۈمىد-
سىزلەنسە، يېڭىلگىنىگە تەن بېرىپ، ساندىبىلنى تاشلاپ قاچماقچى
بولسا، ئۇنى ھەرگىز ساق قويمايدۇ، تىرىك تاشلاپ كەتمەيدۇ.
ئۇ ھازىر ھەقىقەتەنمۇ ياردەمگە، قۇتقۇزۇۋېلىشقا موھتاج، بىچا-
رە!... ئۇ باتۇرنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى
بىلگەنمىدۇر؟ شەھەر سىرتىدا، ئىلگىرى دائىم بىللە سەيلە قىلى-
دىغان كارۋان يولى ئۈستىدە، ئۆزىگە يېقىنلا يەردە بارگاھ قۇ-
رۇپ، پەيت - پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنىنى، ئالدىراپ، ئامال
ئىزدەپ تىت - تىت بولۇۋاتقىنىنى... بىلگەن بولسا ئۈمىدلەنگەن-
دۇر. خۇشال - خۇرسەن بولغاندۇر. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ
قۇچاقلىششقا ئالدىراپ، ئۇنىڭ يولىغا، قارىسىغا تەلمۈرۈپ، ئىن-
تىزار - بىتاقەت بولۇۋاتقاندۇر!... ياق، ئەمدى كۈتۈپ يېتىۋې-
رىشكە بولمايدۇ! ھەرقانچە تەس بولسىمۇ، ھەرقانچە چوڭ بەدەل
كەتسىمۇ ھۇجۇم قىلىش كېرەك ساندىبىلغا! ئۇنىڭ دەرۋازا -
قوۋۇقلىرىنى بۇزۇپ - ئۆرتەپ، سېپىل - تاملىرىنى ئۆرۈپ -
تۈزلەپ، يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، قىياندەك باستۇرۇپ كىرىش
كېرەك! بەجەچقاننى قۇتقۇزۇۋېلىش كېرەك. بولمىسا ئۆلگۈرمەي-
دۇ، كېچىكىدۇ!... يەنە توخرى خاننى، ئالىپ بۇقىنى تىرىك
تۇتۇش كېرەك. ئۇلار قېچىپ كېتىشمىسۇن، ئۆزلىرىنى ھالاك
قىلىۋېتىشمىسۇن. باتۇرنىڭ دەيدىغان گەپلىرى بار ئۇلارغا،
قانداق؟ ... دەپ!...

ئۇ مانا مۇشۇنداق ئويلاپ قەتئىي قارارغا كەلدى. ھېلىمۇ
يېرىم يىل بولاي دېدى، ئەمدى ساقلاپ، ئېھتىيات قىلىپ يېتىۋې-
رىشكە بولمايدۇ. مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە ئۈشتۈمتۇت،
چاقماقتەك، ھەل قىلغۇچ ھۇجۇم قوزغاش كېرەك!... دەل مۇشۇ

تۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەيتتە، بارگاھتىن بىر ئوقتام يىراقلىقتا، ئۇ يەر - بۇيەردە چاراسلاپ يېنىۋاتقان گۇلخانلار ئارىسىدا بىر يەرگە غۇژمەكلىشىپ قالغان، تۇرۇپ توختاپ، تۇرۇپ قوزغىلىپ بارگاھ تەرەپكە يېقىنلىشىۋاتقان بىر توپ كىشى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسىنىڭ قولىدا مەشئەلمۇ بار ئىدى. مەشئەل يورۇقىدا ئۇ تۇقىش ئوغلاننى، يانان، جانەرلەرنىمۇ تونۇۋالدى. ئۇلار كىمنىدۇر بىرىنى تارتقۇچلاپ سۆرىشىۋاتاتتى، يەنە نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ ھونچە ئۇنلۇك ۋارقىرىشاتتى. بىراق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرىنىڭ «مەن ئايغاقچى ئەمەس!...» دەپ توخرىچە ۋارقىرىغان ئاۋازى باتۇرنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. ئۇ دىققىتىنى يىغىپ ئۇلارغا سىنچىلاپ نەزەر سالدى، نېمىلەرنىدۇر ئويلىدى، كۆڭلى بىرنېمىنى تۇيغاندەك قىلدى... شۇ ئەسنادا خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا ئۇنىڭ يېنىدا تۇقىش ئوغلان پەيدا بولدى.

— ناتونۇش بىرىنى تۇتۇۋالدۇق، توخرى لەشكىرى ئىكەن. ئايغاقچىدەك قىلىدۇ. ھون تىلىنى بىلمەيدىكەن. ئەمما سىنىڭ ئىسمىڭنى ئاتاپ باش ئەگمەيۋاتىدۇ. سەن بىلەن كۆرۈشمەن دەۋاتامدىكىن، بىلەلمىدۇق. قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ.

«بەجەچقان بولۇپ قالمىسۇن يەنە!؟ قېچىپ چىققان بولسا... لېكىن ئۇ ھون تۇرسا، ھون تىلىنى بىلمىگىنى نېمىسى؟...» دەپ ئويلىدى باتۇر، ئاندىن:

— ئۇنى دەرھال بۇ يەرگە ئەكېلىڭلار، كۆرۈپ باقاي، — دېدى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

تۇقىش ئوغلان تۇتقۇننى باتۇرنىڭ ئالدىغا ئەكەلگىلى كەتتى. باتۇر كۇتۇپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. بىراق ئۇ نېمىگىدۇر ئالدىراپ تاقەت قىلالمىدى - دە، تۇقىش ئوغلاننىڭ كەينىدىن ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى.

— بارىمتاي، بارىمتاي! بۇ مەن... سېنى چوقۇم ھون قوشۇنى بىلەن بىللە دەپ ئويلىغانىدۇق!...

تۇتقۇن ئۇنى كۆرۈپلا تونۇۋېلىپ توخرى تىلىدا ئۆزىنى تونۇش-
تۇردى.
— سەن! ؟... — باتۇر ئۇنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ قالدى.
— ھەئە، مەن، تونۇمايۋاتامسەن؟ — دېدى تۇتقۇن لەشكەر-
لەرنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ، — مەن سېنىڭ خاس مەھرىمىڭ
ئەمەسمۇ!
— ھەئە، تونۇدۇم، — دېدى باتۇر توخرى تىلىدا، —
بىراق...
— مېنى خاس قۇلۇڭ ئەۋەتتى، بەجەچقان ... — دېدى تۇت-
قۇن.
— ھە! ئۇ تېخى ھاياتمۇ؟ ئۇ قەيەردە؟ ... قويۇۋېتىڭلار
ئۇنى، تۇتماڭلار، ئۇ ئايغاقچى ئەمەس! ... ھە، بۇ ياققا كەل،
قورقما، بارگاھقا بېرىپ دېمىڭنى ئېلىۋېلىپ ئاندىن سۆزلە. قاند-
داق كەلدىڭ؟ قېچىپ چىقتىڭمۇ؟ بەجەچقان قانداقراق؟...
باتۇر تۇتقۇننى بارگاھىغا ئەكىردى. ئۇ راستىنلا ئۇنىڭ
بارىمتاي بولۇپ تۇرغاقتا تۇرغان چاغلىرىدىكى خاس مەھرەملىرد-
نىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ سۇ بەردى. ئۇنىڭغىچە
تۇقىش ئوغلان، يانان، جانەرلەرمۇ كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار ئۇنى
چارلاش ئېلىپ بېرىۋېتىپ چاتقاللىقتىن مۆكۈنۈپ يۈرگەن يېرىدىن
تۇتۇۋېلىشقانىدى.
— مەن بىرنەچچە لەشكەر بىلەن ئايغاقچىلىق قىلىشقا چىق-
قان، ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىپ قالدىم... سېنىڭ قۇلۇڭ بەجەچقان
ھېلىمۇ ھايات، — دېدى تۇتقۇن باتۇر بەرگەن سۇنى ئىچكەندىن
كېيىن، — لېكىن ئۇ ھازىر خەتەر ئىچىدە، قاماقتا، سەن تۇرغان
تاش سارايىدا، خان ئۇنى قاماپ قويىدى...
ئۇ يەنە شەھەر ئىچىنىڭ پاتىپاراق بولۇپ كەتكەنلىكىنى،
توخرى خان بىلەن ئالىپ بۇقىنىڭ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقماقچى
بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ دېدى ... دېمەك، توخرى خان قاچماقچىكەن -
دە، ئۇ قاچسا بەجەچقاننى ھەرگىز ساق قويۇپ كەتمەيدۇ! ... ياق،

ئەمدى كەينىگە سۈرۈشكە بولمايدۇ، بىر ـ ئىككى كۈنمۇ. ئەتىلا، تاڭ سەھەردىلا ھۇجۇم قوزغاش كېرەك!… باتۇر جىددىيلىشىپ چېدىر ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغىلى تۇردى.
— تۇقىش ئوغلان! — دېدى ئۇ بىر پەستىن كېيىن مېڭىشتىن توختاپ قەتئىي تەلەپپۇزدا، — ئوڭ قول بىلگە خانغا، ئۇلۇغ سانغۇنلارغا يەتكۈز. قوشۇننى يىغىپ جەڭگە تەييارلانسۇن!
— خوپ!
— توختا، يەنە شۇنىمۇ يەتكۈز، ھەربىكەت مەخپىي، تىۋىشسىز بولسۇن. ياۋغا سەزدۈرۈپ قويمىسۇن. ئەتە تاڭ سەھەردە مۈڭگۈز بۇرغا ئاۋازى ياڭرىغان ھامان بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىمىز!
باتۇرنىڭ بۇيرۇقى ھايالسىزلا ھەرقايسى تۇپلارغا يېتىپ باردى. ھون لەشكەرلىرى تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ئۇلجىسىغا تۇيدۇرماي يېقىنلىشىۋاتقان بۆرىلەر توپىدەك شەپە ـ تىۋىشسىز ھەرىكەتكە كەلدى. بۇيرۇق بويىچە چېدىر، بارگاھلار، تۇغ ـ ئەلەملەر، يېنىپ تۇرغان گۈلخانلار… شۇ پېتى قالدۇرۇلدى.
چۈنكى توخرىلار سېپىل ـ قوۋۇقلاردىن، قوختا ـ ئۇكۇكلەردىن ئەنە شۇلارغا قاراپ ھون قوشۇنلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتەتتى… سۈبھى ئاقىرىپ تاڭدىن بەلگە بەردى. دەل مۇشۇ پەيتتە تەرەپ ـ تەرەپلەردىن مۈڭگۈز بۇرغىلارنىڭ دۇمباق ئاۋازىغا قوشۇلۇپ ياڭرىغان سادالىرى ئاڭلاندى. سېپىل تۈۋىلىرىگە، دەرۋازا ـ قوۋۇق ئەتراپلىرىغا يوشۇرۇنچە يېقىنلاپ، قورال ـ ياراغلىرىنى تەخلەپ تەييار بولۇپ تۇرغان ھون لەشكەرلىرى بىردىنلا چۇقان كۆتۈرۈپ، نەرە تارتىپ، يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سالغاندەك سۈر ـ ھەيۋە بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتتى. نەچچە ئون كىشى ئاران كۆتۈرىدىغان توم، ئۇزۇن، سالماقلىق قوچۇرا غوللىرى دەرۋازا ـ قوۋۇقلارغا ئۇرۇلۇپ، ئاسمان ئۆرۈلۈپ، يەر بىلەن سوقۇلغاندەك ھەيۋەتلىك، قورقۇنچلۇق گۈمبۈرلەشكە باشلىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە پۈتۈن ئەتراپتا مەشئەللەر يورۇپ،

ساندىبىل غايەت زور ئوت چەمبىرىكى ئىچىدە قالدى. يا ئوقلىرى، ئۇزۇن، ئىنچىكە ساپلىق نەيزىلەر تۈن بوشلۇقىنى يېرىپ ۋىشىلداپ ئۇچۇشاتتى. ئوت يالقۇنى نەيزىلەرنىڭ ئۇچلىرىدا قىلىچ - قالقان، دۇبۇلغا - ساۋۇتلاردا چاقنايتتى. كۆزلەردىمۇ يەنە شۇ ئوت يالقۇنى! ...

ھەممىدىن ئاۋۋال باتۇر باشچىلىقىدىكى قوشۇن ھۇجۇم قىلغان ساندىبىلنىڭ شەرقىي قوۋۇقى ئوتتا كۆيۈپ گۇلدۇر - قاراسلاپ ئۆرۈلدى. قوراللىق ھون چەۋەندازلىرى يار ئالغان كۆل سۈيىدەك شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. ئۇلار شەھەرگە كىرىپلا قىر - چاپنى باشلىۋېتىمىز دەپ ئويلاشقانىدى. ھالبۇكى، بۇ يەردە ئۇلارغا قارشى چىقىپ ئېلىشقۇدەك توخرى لەشكىرى چىقمىدى. تىركىشىۋاتقانلار، دەسسىلىپ - چەيلىنىپ جان تالىشىۋاتقانلار ساپ - سۇۋارى قېرى - ئاجىز، سالپا - ساياق لەشكەرلەر ۋە شەھەر پۇقرالىرى ئىدى. ئەجەبا، تولۇق قوراللانغان، نەچچە ئايدىن بېرى ھونلارنى توسۇپ شەھەرگە يېقىن يولاتمىغان توخرى لەشكەرلىرى، چەۋەندازلىرى قەيەرلەرگە كېتىشتىكىنە؟ ئۇلار ئەھۋالنى سېزىپ قېلىپ، ھونلارنىڭ باستۇرۇپ كىرىدىغىنىدىنى بىلىپ شەھەر ئىچىدە، كوچا - كويلاردا مۆكۈنۈپ تۇرۇۋشامدىكىن - يە؟ يا بولمىسا ...؟ باتۇر ئەنە شۇنداق ئويلاپ ئىككىلىنىپ قالدى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ ھازىر بۇنداق دەرگۇماندا ئىككىلىنىپ تۇرىدىغان ۋاقتى ئەمەس ئىدى. ئۇ دەرھال بارىمتاي سارىيىغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئورنىدا قامىلىپ ياتقان، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان بەجەچقاننى قۇتقۇزۇشى كېرەك! ... ئۇ تورۇق تۇلپارنىڭ بېشىنى بۇراپ خان ئوردىسى تەرەپكە، ئۆزى ئىلگىرى تۇرغان تاش سارايغا قاراپ چاپتى. يانان بىلەن جانەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئات سالدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ساندىبىلنىڭ غەربىي قوۋۇقىمۇ گۇلدۇرلەپ ئۆرۈلدى. ئوڭ قول بىلگە يانبېيقان باشچىلىقىدىكى ھون ئاتلىق قوشۇنى بۇ يەردىمۇ شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كىردى.

بىراق ئۇلار بۇ يەردە كۈتمىگەندە قاتتىق قارشىلىق ۋە زەربىگە ئۇچرىدى. چۈنكى توخرى خان مۇشۇ يەردىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئالىپ بۇقا باشچىلىقىدىكى ئاساسلىق، خىل قوشۇنىنى غەربىي قوۋۇققا يۆتكەپ تەييار تۇرغاندى... ھايال ئۆتمەي قانلىق جەڭ باشلىنىپ كەتتى. ساندىبىلنى قىيامەت قايىم دەھشىتى قاپلىدى. لەشكەرلەرنىڭ نەرە تارتىپ ھەملە قىلىشقان، ياربدارلارنىڭ نالە قىلىپ پەرياد ئۇرۇشقان، ئاتلارنىڭ كىشنىگەن، دۈپۈرلىگەن بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ جاراڭلىغان، تاملارنىڭ، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ، ئۆگزىلەرنىڭ كۆيگەن، ئۆرۈلگەن ئاۋازلىرى، كىشىلەرنىڭ داد - پەريادلىرى تاڭ سەھەر ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈردى.

باتۇر يانان بىلەن جانەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالدىغا يولۇققاننى ئېتى بىلەن ئۇرۇپ - دەسسىتىپ، قارشىلىق قىلغاننى قىلىچى بىلەن چېپىپ، تاڭ سۈزۈلگەندە بارىمتاي سارىيىغا يېتىپ باردى. تاش ساراي شۇ يېتى، ئەمما بىرمۇنچە قوراللىق سىپاھلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىدى، خۇددى باتۇر قاچماقچى بولغان بىرنەچچە ئاي بۇرۇنقى تاڭ سەھەردىكىدەك. دېمەك، بەجەچقان تېخى ھايات، ئۇ مۇشۇ سارايغا قاماقلىق. بولمىسا، ئۇلار قۇرۇق سارايىنى نازارەت قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟ قارىغاندا توخرى خان ئالدىراپ قالغان ئوخشايدۇ. قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ ئۇنى، ئەرزىمەس بىر كۆرۈمسىز قۇلنى يادىدىن چىقىرىپ قويغان ئوخشايدۇ... يانان بىلەن جانەر نازارەتچى سىپاھلارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. باتۇر ئېتىدىن چۈشۈپ، ھويلىنىڭ، ئۆيىنىڭ ئىشىكلىرىنى تېپىپ ئېچىپ، ئۆزى بۇرۇن ئىككى يىل سولىنىپ ياتقان ئۆيگە كىردى. ئۆي ئىچى گىرىمسەن ئىدى. ئۇ ئەتراپقا كۆز سېلىپ، بۇلۇڭ ئۈستىدە «ئېھ - ئېھ» قىلىپ يۇمىلىنىپ ياتقان بىر كىشىنى كۆردى. بەجەچقان! ... ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى باغلىنىپ، ئېغىزلىرىغا لاتا تىقىپ تاشلانغانىدى. باتۇر بۇلۇڭكە چىقىپ ئۇنى بوشاتتى.

— ھونزادە! ... بۇ سەنمۇ؟ ! ... — بەجەچقان باغلاقتىن بوشاپ-

لا باتۇرغا ئېسىلدى، — مەن شۇنداق بولۇشنى ئويلىغان، كۈتكەندىم. لېكىن راست بولۇپ چىقىشىغا ئىشەنمىگەن. تۇۋا… ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. بۇ چۈشۈم ئەمەستۇر ـ ھە؟!… بۇ راست سەن باتۇر!…

— ھەئە، مەن. كۆزلىرىڭگە ئىشەن، بەجەچقان. بۇ چۈشۈڭ ئەمەس!… — دېدى باتۇر ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ.

ئۇلار قولتۇقلىشىپ تالاغا چىقتى. بەجەچقان سارايىنىڭ ھويلىسىدا بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قۇلاقلىرىنى تىك قىلىپ قاراپ تۇرغان تورۇق تۇلپارنى كۆرۈپ باشقىدىن ھاياجانلاندى… ئاندىن ئۇلار ھويلىدىن چىقتى. بەجەچقان ئىشىك ئالدىدا قانغا مىلىنىپ ياتقان توخرى سىپاھلىرىدىن بىرىنىڭ قىلىچىنى، بىرىنىڭ قالقىنىنى قولىغا ئالدى، كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىگىسىز ئاتتىن بىرنى تۇتۇپ مىنىپ، باتۇرغا مۇراجىئەت قىلدى:

— قېنى، مەن تەييار بولدۇم، باتۇر، جەڭگە باشلا!…

ئۇلار ساندىبىل كوچىلىرىنىڭ بىرىدە جەڭ قىلىپ كېتىۋېتىپ، تۇقىش ئوغلان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇمۇ دەل باتۇرنى ئىزدەپ يۈرەتتى.

— توخرى خان بىر نەچچە مىڭ لەشكىرى بىلەن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كۈنپېتىشقا قاراپ قاچتى! — دېدى باتۇرغا جىددىي مەلۇمات بېرىپ، — قوغلاپ تۇتىمىزمۇ، يوق، بىرنېمە دە!

— ياق، بولدى، — دېدى باتۇر كەسكىن قىلىپ، — قاچقان بولسا قوغلاپ تۇتقىلى بولمايدۇ. كۈنپېتىش تەرەپ بەك خەتەرلىك ھەم بىزگە ناتونۇش، قوغلاپ يەتكەن بىلەنمۇ تۇتالىشىمىز ناتايىن، سەن بېرىپ ئوڭ قول بىلگە خانغا يەتكۈز، قوغلاشتىن توختىسۇن!

— خوپ!

تۇقىش ئوغلان چاپچىپ تۇرغان ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ غەربىي قوۋۇققا تۇتۇندەك چېپىپ كەتتى. باتۇر بەجەچقانغا قاراپ ئەلەملىك خۇرسىندى… ساندىبىلنى ئىشغال قىلىش جېڭى كۈن تىكلەنگۈچە داۋام قىلدى. بىراق تالان ـ تاراج قىلىش بىر ھەپتىگىچە داۋاملاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئالتىنچى باب

# سۇباشى

## 1

مانا، يەنە باھار كەلدى. قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرى، قاتتىق سوغۇق، ئاچچىق جۇدۇن ـ چاپقۇنلاردىن كېيىن ھون دىيارىدا يەنە باھار كەلدى! پەس، گىرىمسەن كۆك گۈمبىزنىڭ شەرقىدە يې- قىملىق، نۇرلۇق قۇياش كۆرۈندى. ئۇ پۈتكۈل ئالەمگە يورۇقلۇق، ھارارەت ۋە خۇشاللىق بېغىشلىدى. يەر يۈزىدىكى جىمىكى مەۋجۇ- داتقا كۈلۈپ بېقىپ ھاياتبەخش ئىللىق نۇرىنى چاچتى. قېلىن قار ئاستىدا ياتقان زېمىن — تاغ ـ ئېدىرلار، بوزقىرلار، تۈزلەڭلىك- لەر، ئۆيۈك ـ ئۆلەڭلەر... ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلدى. قىشچە قېتىپ جىمجىت ئۇخلىغان يەر ھەش ـ پەش دېگۈچە ئويغىنىپ، ئۇستىگە يېپىنغان ئاق تونىنى سېلىۋەتتى. داللاردا، بوزقىرلاردا يېشىل مايسىلار جىلۋە قىلدى. ئۆگۈز ـ ئېقىن بويلىرىدا دەل ـ دەرەخلەر، تال چىۋىقلار بىخ ئۇردى. جىرالاردا، ئوتلاقلاردا، ئې- تىز ـ ئېرىقلاردا شىلدىرلىشىپ تۇنجى سۇلار ئاقتى. ئۆگۈز سۇلىرى، كەلكۈن سۇلار... ھەننىۋاسى ئەلمىساقتىن بۇيان ئاققان يۆنىلىشىگە قاراپ، سېرىق ئۆگۈزنىڭ قۇچىقىغا ئىنتىلەتتى... ئۇلار قوشۇلۇپ ئۇلغىياتتى، ئۆركەشلەپ، دولقۇن ياساپ، شاۋقۇن سېلىپ ئالغا تاشلىناتتى. سېرىق ئۆگۈز يىراق ـ يېقىنلاردىن ئېقىپ كەلگەن باھار سۇلىرىنى، قار ـ مۇز پارچىلىرىنى قۇچىقىغا

ئېلىپ تېخىمۇ يىراقلارغا ئېقىتىپ كېتەتتى.

شۇنداق ... پۈتكۈل ئالەمدىكى ئۆگۈز - ئېقىن سۇلىرى مەڭگۇ تىنىق، تىنچ ھالەتتە بولمايدۇ. ئۇلار باھاردىمۇ، يازدىمۇ، كۈزدىمۇ، قىشتىمۇ تىنىم تاپماي ئېقىۋېرىدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ، ھايۋانلارنىڭ كىر - كىبسەللىكلىرىنى، قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى، قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى يۇيۇپ - تازىلاپ، ئۆزى بىلەن بىللە يىراق - يىراقلارغا ئەكېتىدۇ. قىغلارنى، يىرىك - مەرەزلەرنى پاكىزلاپ يوق قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ خاسىيىتىدىن يەر - زېمىن يىلمۇ يىل يېڭىلىنىپ، ياشىرىپ تۇرىدۇ.

يەر يېڭىلىنىدۇ، ياشىرىدۇ... ھاياتلىقمۇ ئەزىم سېرىق ئۆگۈزگە ئوخشاش كۈن - تۈن، ئاي - يىل توختىماي، تىنىم تاپماي ئېقىۋېرىدۇ.

باھار كەلدى، باھار! سېرىق ئۆگۈزگە — قۇياشقا، ئاي - يۇلتۇزلارغا قۇرداش ئەزىم، قەدىم سېرىق ئۆگۈزگە تەرەپ - تەرەپلەردىن — چىلان تاغلىرىدىن، ئالچى، قۇلان تاغلىرىدىن، بۆرە، چۇغاي تاغلىرىدىن، بىپايان سېرىق تۆپىلىك ئېگىز - لىكىدىكى تاغ - ئېدىر، جىلغا - جىراالاردىن، تۈزلەڭلىك، بوزقىرلاردىن ئالدىرىشىپ، شىلدىرلىشىپ سۇلار كەلدى. سۇلارنىڭ ئەكسىدە، شىلدىرلاشلىرىدا، ئۆركەش - دولقۇنلىرىدا ئالەمچە گۈزەللىك، خۇشاللىق ۋە قۇت - بەرىكەت! ...

تۇمەن تەڭرىقۇت يايلاقتەك چوڭ، ئودىكامدەك ھەشەمەتلىك كۆك چېدىردىن چىقىپ ئەتىگەنكى يېڭى چىققان قۇياشقا — ياشىق تەڭرىسىگە چوقۇندى. مۇقەددەس كۆك تەڭرى، يەر تەڭرىسىدىن بۇ يىلقى باھارنىڭ، يازنىڭ ھون تائىپىسى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشىنى، ئېلىنى، ئۇرۇقداشلىرىنى تالان - تاراج، ئاغرىق - سىلاقتىن ساقلىشىنى، مال - چارۋىلارنىڭ ئاۋۇشىنى، زىرائەتلەرنىڭ كۆكلىشىنى، ئوۋ - كېيىكلەرنىڭ ئاۋۇن، سېمىز بولۇشىنى، قوۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ، ئېلىنىڭ تىنچ - باياشات، سائادەتلىك بولۇشىنى تىلىدى. ئاندىن ئاستا قوزغىلىپ، چېدىرنىڭ سول

www.uyghurkitap.com

تەرىپى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى ـ دە، ئۇلانسۇ كۆلى[1] نىڭ
قىرغاقلىرىدىن باشلىنىپ كۆز يەتكۈسىز يىراقلارغىچە يېيىلغان
بىپايان، ياپيېشىل تۈزلەڭلىككە — ئۆگۈز ئەگمىسى ۋادىسىغا
نەزەر سالدى… ئۇ كۈتۈۋاتقان غالىب قوشۇن ئەنە شۇ تەرەپتىن
كېلەتتى.
ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا كۈنپېتىشتىن خۇش خەۋەر كەلدى.
خۇش خەۋەر قوش ئىدى. بارىمتاي باتۇر ساندىبىلدىكى تۇرغاقلىق-
تىن قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ! … توخرىلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان
قوشۇن باتۇر باشچىلىقىدا سوقۇشتا غەلىبە قازىنىپ زەپەر قۇچۇپ
قايتىپتۇ! … تۇمەن تەڭرىقۇت بۇ خۇش خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ جار
سېلىۋەتكىلى تاس قالدى، كۆك تەڭرىگە تېۋىنىپ شۈكۈر ـ سانا
ئېيتتى… ئاندىن غالىب قوشۇننى، باھادىر ئوغلىنى قارشى ئېلىش
ئۈچۈن پايتەخت تۇمەنبالىقتىكى بارلىق ھون ئېسىلزادىلىرىنى —
خان ـ بەگلەرنى، يابغۇلارنى، سانغۇنلارنى، ئۇرۇق ـ ئاقساقاللى-
رىنى، ئائىلىسىدىكى ئالچى، قۇنچۇي، كۈمۈشتېكىنلىرىنى ۋە
مىڭلىغان ئاتلىق قوشۇن، تاپىغچى ـ قىرناقلارنى ئېلىپ، سويۇل-
دىغان مال ـ ۋاران، سوۋغا قىلىنىدىغان مەي ـ شاراب، تون ـ
سەرۇپاي ۋە باشقا تارتىغلارنى[2] ئېلىپ بۇ يەرگە — تۇمەن يايلىقى-
نىڭ كۈنپېتىش چېتىدىكى ئۇلانسۇ كۆلى بويىغا كېلىپ بارگاھ
قۇردى… مانا بۈگۈن ئۇنىڭ ھەممىنى تەخ قىلىپ كۈتۈپ تۇرۇۋاتـ
قىنىغا بىر ھەپتە بولغانىدى.
قارشى ئالغۇچى قوشۇننىڭ بارگاھى كۆلنىڭ شىمال تەرىپىدى-
كى يايلاقتا ئانچە ئېگىز بولمىغان تەكشى ھەم كەڭرى بىر تۆپىلىك-
كە قۇرۇلغانىدى. بارگاھنىڭ ئالدى ئىشىكلىرى كۈنچىقىشقا قارى-
غان، ئۆگزىلىرى، تاملىرى رەڭدار تۇغ ـ ئەلەملەر ۋە قوتاز
قۇيرۇقى، قۇش پەيلىرى، بۆرە ئۈستىخانلىرى، مىس، تۆمۈر
پارچىلىرى، لاتا ـ پۇرۇچ، يۇڭ ـ چۇپۇر… دېگەندەك رەڭگارەڭ

① ئۇلانسۇ كۆلى — ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى خېستاۋ تۈزلەڭلىكىنىڭ
شەرقىدە.
② تارتىغ — سوۋغات. تارتۇق، مۇكاپات.

نەرسىلەر چىگىلگەن ئارغامچىلار بىلەن بېزەلگەن نۇرغۇنلىغان
چوڭ - كىچىك چېدىر - كەپىلەردىن تەركىب تاپقانىدى. چېدىر-
لارنىڭ ئەڭ چوڭى، كاتتا، ھەشەمەتلىك بېزەلگىنى بارگاھ ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئېگىز كەرىكلىك كۆك چېدىر بولۇپ، ئۇ تۇمەن تەڭرى-
قۇتنىڭ ۋاقىتلىق ئوردىسى ئىدى. بارگاھنى چۆرىدەپ يەنە سو-
قۇشقا كەتكەن تۇغقانلىرىنى قارشى ئېلىشقا چىققان قارابودۇنلارنىڭ
نۇرغۇن كىچىك چېدىر - كەپىلىرى تىكىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ
ھەممىسى قوشۇلۇپ يېڭى بەرپا قىلىنغان بىر چوڭ قونۇم ھاسىل
قىلغانىدى.

پۈتۈن بارگاھتا ئۆزگىچە بىر خۇشال، قىزغىن، تاقەتسىز
كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى. كىشىلەر ئارىسىدا «بارىمتاي باتۇر
توخرى خان ئوردىسىدىن قېچىپتۇ!... كۈنپېتىشقا يۈرۈش قىلغان
قوشۇن باتۇر باشچىلىقىدا توخرىلار ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىپ،
ئۇلارنى كۈنپېتىشقا تامان قوغلىۋېتىپتۇ. ئالچى، چىلان تاغلىرى
قايتۇرۇۋېلىنىپتۇ. سوقۇشتا تەلىم - تەسىم مال - يىلقا، ئەسىر
قول ۋە ئالتۇن، كۈمۈشلەر ئولجا ئېلىنىپتۇ!... بىز ئەمدى باي
بولۇپ كېتىدىغان بولدۇق!... غالىب قوشۇن بۆرە تېغىدىن ئۆتۈپ
بوپتۇمىش، بۈگۈن - ئەتە بۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈدەك!...» دېگەن-
دەك گەپ - سۆزلەر، خۇش خەۋەرلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا
كۆچۈپ يۈرەتتى ۋە ئۇندىڭغا يەنە يېڭىدىن - يېڭى مەزمۇنلار،
ئارزۇ - ئارمانلار قوشۇلۇپ، كىشىلەرنى تېخىمۇ ھاياجانغا
سالاتتى.

تۇمەن تەڭرىقۇت چېدىرىنىڭ كەينىدە غالىب قوشۇننىڭ، ئا-
لىپ چەۋەندازلىرىنىڭ يولىغا كۆزى تالغىنىچە قاراپ تۇردى، كۆڭ-
لىدە نۇرغۇن ئىشلارنى، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئويلىدى، ئاندىن يەنە
ئۈمىدىنى ئۈزۈپ چېدىرغا يېنىپ كىردى.

كۆك چېدىرنىڭ سول تەرىپىدىن ئەللىك قەدەمچە نېرىغا تى-
كىلگەن ئالتۇن رەڭلىك سېرىق چېدىرغا چوڭ ئالچى ئايقاغان
كېلىنى سۈجۈك ۋە ئونلىغان قىرقىن - قىرناقلىرى بىلەن ئورۇن-

لاشقانىدى. شۇ تاپتا ئۇلار قېينانا ـ كېلىن ئىككىسى ئازادە ھەم يورۇق چېدىر ئىچىدە جۇدالىق ۋە سېغىنىش، كۈتۈش ۋە تەقەززا-لىق ئىلكىدىكى ئىزتىراپلىق كەيپىيات ئىچىدە ھال ـ مۇڭ تۆكۈ-شۈپ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئەتىگەندىلا ئۆزلىرىدىن ئايرىلغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشقان باتۇر توغرىسىدا باشلىنىپ، كېيىن تۇمەن تەگرىقۇت ۋە ئۇنىڭ ئامراق كىچىك ئالچىسى جانئاي-قىن بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسى يانبېيقان، ئوغلى يۇيۇك ئۇستىگە كۆچ-كەن پاراڭى ھازىر يەنە ئەسلىي تېمىسىغا قايتىپ داۋاملاشماقتا ئىدى.

— ئۇنى كۆرسەم تونۇيالماي قېلىشىمدىن ئەنسىرەي-مەن!... — چوڭ ئالچى ئايقاغان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، باتۇرنىڭ چىراي ـ تۇرقىنى ئەسلەپ خىيالغا چۆمدى.

— مەنمۇ... — دېدى سۇجۇكمۇ مۇڭلۇق خىيالغا چۆكۈپ.

— ئۇنىڭ ھازىر چىراي ـ تۇرقى قانداقتۇر؟ بويى يەنە ئۆس-كەنمىدۇر؟ ... ياداپ، جۇدەپ كەتتىمىكىن!... ئىككى يىلدىن بېرى كۆپ ئۆزگىرىپ كەتتى ھەرقاچان. جاپانىمۇ يەتكۈچە تارتتى!...

— ئىككى يىل ئەمەس، ئۈچ يىل دېسىلە، ئالچى ئانا، — ئېرىدىن ئايرىلىپ جۇدالىقتا تەنها ئۆتكۈزگەن ئازابلىق كۈنلىرىنى كۆڭلىگە بۆرە ئوشۇقىنى تەسۋىدەك تىزىپ ساناپ كېلىۋاتقان ئالچى سۇجۇك قېينانىسىنىڭ سۆزىگە تۈزىتىش بەردى.

— شۇنداق، ئۈچ يىل... ھەش ـ پەش دېگۈچىلا ـ ھە!...— چوڭ ئالچى ئىختىيارسىز خۇرسىندى، — ئۇ بارىمتاي بولۇپ توخرى ئېلىگە ماڭغاندا تېخى بالا ئىدى. مانا ھازىر بوي ـ بەستى، ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ ئەر يەتكەن يىگىت بولۇپ قالغاندۇر!...

— بالا ئىدى دېگەنلىرى نېمىسى، ئالچى ئانا؟ ئۇ ئەينى چاغدىلا ئەر يەتكەن جەسۇر يىگىت ئەمەسمىدى، — ئالچى سۇجۇك ھاياجان بىلەن سۆزلىدى، — بەلكىم ھازىر توختالغان، قاتقان،

قامەتلىك، سالماق بىر ئاتا كىشىگە ئايلانغاندۇر!

— دۇرۇس ئېيتىسەن، قىزىم. شۇنداق، ئۇ بۇ يىل يىگىرمە تۆت ياشقا كىردى. ئۇ هازىر بالا ئەمەس، ھېسسىياتچان، قىزىققان ياش يىگىتمۇ ئەمەس، بەلكى يېتىشكەن، پىشقان، بېشىدىن نۇر-غۇن ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن سالماق، تەجرىبىلىك، ھىممەت - شىجائەتلىك بىر ئەر بولۇپ قالدى، ۋۇجۇدىدا كۈچ - قۇدرەت، غەيرەت - جاسارەت، قەلبىدە مەسئۇلىيەت ۋە مېھىر - مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرغان بىر ئاتا كىشىگە ئايلاندى!

— بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتا بولغىنىنى، ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان ئوماق، كەپسىز، يىغلاڭغۇ بىر ئوغلىنىڭ بارلىقىنى تېخى بىلمەيدۇ - دە.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، قىزىم. ئۇ بىلىدۇ. بىلمەي قالامدۇ؟... شۇ تاپتا سەن بىلەن مەندىن كۆرە ئوغلىنى بەكرەك كۆرگۈسى كېلىپ ئېتىغا توختىماي قامچا ئۇرۇۋاتقاندۇر ئۇ.

— ياق، ئۇ بىلمەيدۇ. ئۇ قانداق بىلىدۇ؟ ئۇ كەتكەندە بالى-مىز تېخى تۇغۇلمىغان تۇرسا...

— بالاڭلار تۇغۇلمىغىنى بىلەن بويۇڭدا بارلىقىنىغۇ بىلەر ئىدى؟

— بۇنىڭغا ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن. بەلكىم ... ئۇ ماڭى-دىغان چاغدا بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتكەن، كۆڭۈل - كەيپىياتى-مۇ تازا جايىدا ئەمەس ئىدى. قېيىدىغاندەك، مېنى تاشلاپ كەتكەنى-دەك، ھەممىدىن ۋاز كەچكەندەك تۇتۇلۇپ، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي كەتكەن. سىرداشقۇدەك، خوشلاشقۇدەك پۇرسەتمۇ بولمىغان...

— ئۇنداق دېمە، قىزىم، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. ئۇ بىزنى تاشلاپ، ھەممىدىن ۋاز كېچىپ كەتمىدى. قېيىداپمۇ ماڭمىدى. ئۇ بىزنى دەپ، ئاتىسىنى، ئەلكۈننى دەپ شۇنداق قىلدى. پەقەت ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، بەزى ئىشلار كاللىسىدىن ئۆتمەي ئازاب-لاندى، خالاس. ئۇ بىزنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئۇنتۇپمۇ كەتمەي-

www.uyghurkitap.com

دۇ... ئۇ بىلىدۇ، بالىسىنىڭ ئىككى ياشلارغا كىرىپ قالغىنىنى، تايتاڭلاپ ماڭغۇدەك، قوزىغا مىنىپ ئوينىغۇدەك بولۇپ قالغىنىنى، ئاتا كىشى بىلمەي قالامدۇ؟... ھېچبولمىغاندا يۇرۇشكە كەتكەن ئۆگەي بوۋىسى يانبېيىقاندىن يا بولمىسا تۇقىش ئوغلاندىن بولسىمۇ ئاڭلىغاندۇر... ئۇ شۇ تاپتا سىلەرنى تېزرەك كۆرسەم دەپ ئالدىراۋاتقاندۇر، سىلەرنى سېغىنىپ، خىيال قىلىپ، كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ قانات ياساپ ئۇچقۇسى كېلىۋاتقاندۇر!

— ئۇ قايتىپ كېلىپ ئوغلىمىزنى كۆرسە قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر ـ ھە!...

ئالچى سۇجۇك سېغىنىش، ئىنتىزارلىق ۋە چەكسىز بەختىيارلىق ئىلكىدە ئاجايىپ شېرىن ۋە ئىزتىراپلىق ھاياجانغا چۆمۈلدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يېنىدىكى يىلپىز تېرىسى ياپقۇتتا يېنىك پۇشۇلداپ تاتلىقىنا ئۇخلاۋاتقان بالىسىنى ئېگىلىپ، ئاۋايلاپ باغرىغا بېسىپ، سۆيۈپ ـ ھىدلاپ كەتتى. چوڭ ئالچى كېلىنىنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا قاراپ سۆيۈندى، زوقلاندى، ئوغلىنى ئەسلەپ، سېغىنىپ چوڭقۇر، ھاياجانلىق خىيالغا چۆمدى. ئېھتىمال ئوغلىمۇ ئۇنى شۇنداق سېغىنىۋاتقاندۇر. بەلكىم ئالچىسىنى، بالىسىنى بەكرەك سېغىنغاندۇر!... شۇنداق جاھان، شۇنداق ھايات بۇ. ئانىسى بالىسىغا كۆيىدىغان، بالىسى قوپۇپ يەنە بالىسىغا كۆيىدىغان، ئەجەبلەنمىگۈلۈك بۇنىڭغا.

— ئۇلار قاچانمۇ يېتىپ كېلەر؟ — دېدى سۇجۇك بىر پەستىن كېيىن يەنە مەيۈسلىنىپ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چوڭ ئالچى ئايقاغانمۇ ئېسىگە كەلدى، — بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە يېتىپ كېلىدىكەن دەپ ئاڭلاپ بۇ يەرگە ئالدىغا چىقىپ ساقلاۋاتقىنىمىزغىمۇ ھەپتە بولاي دېدى. لېكىن تا ھازىرغىچە قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ ئۇلارنىڭ، يول ئۈستىدە بىرەر ئىش بولۇپ قالمىغاندۇر ـ ھە؟

كېلىنىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى چوڭ ئالچىغا قاتتىق تەسىر قىلدى. «ئېغىزىڭغا تاش، شۇم ئېغىز!...» ئۇنىڭ بىردىنلا يۇرد-

كى ئېغىپ تارتىشقاندەك، پىژ قىلىپ ئېچىشقاندەك بولدى. بۇنداق
ئېھتىماللىقنى چەتكە قاققىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ تېخىمۇ
قورقتى. سەپەر دېگەننىڭ، كۆچ - كۆچنىڭ جاپاسى تولا،
خەۋپ - خەتىرى كۆپ. يول يىراق، ئېگىز - پەس. ئۇنىڭ
ئۇستىگە، دۈشمەنلىك، خەۋپ - خەتەر، سۇيىقەست، بالا - قازا
دېگەنلەر ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئەتراپىدىلا چۆرگىلەپ يۈرىدۇ. بۇنداق
ئەھۋالدا ئالىمادىن بىرەر ئىش بولمايدۇ دەپ كېسىپ ئېيتقىلىمۇ
بولمايدۇ!... لېكىن ئۇ كېلىنىنى ئەيىبلەپمۇ كەتمىدى. ئۇنىڭدىمۇ
نېمە گۇناھ؟ ئېرىنى، جانكۆيەرىنى، يۆلەنچۈك، باشپاناھىنى سې-
غىنىپ، ياد ئېتىپ، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، كۆرۈشكە تەقەززا بو-
لۇپ، يولىغا قاراپ يۈرىكى، كۆزىنىڭ قارىچۇقى ئېقىپ كېتەي
دېگەن تۇرسا، ھەر خىيالدا بولماي، ئەندىشە قىلماي تۇرالايتتىمۇ؟
ياش ئەمەسمۇ. ياشلار شۇنداق تاقەتسىز ھەمدەم خىيال. يەنە كې-
لىپ ئۇ بىر ئايال. ئايالالار ھامان ئىشنى يامان تەرەپكە جورۇشقا
كۆنۈك... ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ كۆڭلىدىكى داۋالغۇشنى، ئەنسىز
تەشۋىشلىرىنى كېلىنىگە بىلىندۈرمەسلىككە، ئۇنىڭ قومۇش ئىچىد-
دىكى نالدەك بولۇپ قالغان كۆڭلىگە بەرھەم بەرمەسلىككە تىرد-
شىپ، چاندۇرماي، تەمكىن ھالدا ئۇنىڭغا تەسەللى ۋە مەدەت
بەردى.

— ئەنسىرىمە، قىزىم، يامان خىياللاردا بولما. ئۇنىڭغا ھېچ
ئىش بولمايدۇ. ئۇ چوقۇم ئامان - ئېسەن قايتىپ كېلىدۇ.
كۆڭلۈڭنى توق تۇت، پۈتۈن تۇت. بىز ئۇزاققا قالماي خۇشال جەم
بولىمىز.

ئانا كېلىنىگە شۇنداق دەپ تەسەللى ۋە مەدەت بەرگىنى بىلەن
ئۆزى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر غەم - تەشۋىش، ئەنسىزلىك ۋە تاقەتسىز-
لىك ئىچىدە ئىزتىراپ چېكەتتى. «مۇقەددەس تەڭرىم، ئوغلۇم
باتۇرنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! ئۇلۇغ تۆز كۆك قۇرت!
ئوغلۇم باتۇرنى ئالدىمغا، باغرىمغا ئامان - ئېسەن قايتۇرۇپ ئە-
كەلگەيسەن!...» ئۇلار نېمىشقا شۇ چاغقىچە يېتىپ كەلمەيدىغاند-

دۇر؟ يول ئۇستىدە راستتىنلا بىرەر ئىش يۈز بەرگەنمىدۇر ـ يە؟! ... ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئوغلۇمنى ئاغرىق ـ سىلاقتىن، خەۋپ ـ خەتەردىن، سوۋىقەست، ئۆلۈمدىن پاختا ئىچىدە چوغ، تومۇز كۈنلىرى تاغ چوققىسىدا قار ساقلىغاندەك ئامان ساقلاپ قوت بەرگەن، تۇتقۇنلۇقتىن، مەھبۇسلۇقتىن قېچىپ قۇتۇلۇشىغا مەدەتكار بولغان تەڭرىم، ئۇلۇغ تۆز ھازىرمۇ ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلاۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا يول باشلاۋاتىدۇ. ئۇ ساق ـ سالامەت، بىخەتەر. ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمىدى. پەقەت يول يىراق، جاپالىق، كۆچ ـ كۆچ چوڭ، قوشۇن زور، يۈك ئېغىر، يۈرۈش ئاستا بولغىنى ئۈچۈنلا ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمەي ھايال بولۇپ قالدى، كېچىكتى، خالاس. بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. ئۇ ئۇزاققا قالماي يېتىپ كېلىدۇ. ھېلى، كەچ كۈن قىزىلدا ياكى ئەتە تاڭ سەھەردە ئۇشتۇمتۇت ئالدىمغا لوككىدە پەيدا بولىدۇ! ... ئۇ قانداقراق تۇرغاندۇر؟ ... ئۇ قايتىپ كېلىپ ئوغلى بولغانلىقىنى بىلسە، ئۇنى كۆرسە، قانداق خۇشال بولۇپ كېتەر! ھەيران قالارمۇ؟ خۇشال بولغىنىدىن يىغلارمۇ، كۈلەرمۇ؟...

ئۇ قايتىپ كېلىپ ئاتىسى بىلەن كۆرۈشسە، ئۇنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدىن، ۋاپاسىزلىقىدىن، ۋىجدانسىزلىقىدىن خەۋەر تاپسا، نېمە بولۇپ كېتىدۇ؟ قانداق قىلار؟ قانداق ئىشلار يۈز بېرەر؟ ... ئۇ ئىككى يىلدىن بېرى ئاشۇ ئاتىسىنى دەپ، ئاتىسىنىڭ تەختىنى، بەختىنى دەپ، ئەلكۈننى، ئەلنى دەپ، ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، خەۋپ ـ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىدىن، خوتۇن ـ بالىسىدىن، ئىسسىق ئۆيى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئاداش ـ ئۇرۇقداشلىرىدىن ئايرىلىپ، يات، يىراق ئەلدە يالغۇز ـ يېگانە، ھىماتسىز، يۆلەنچۈكسىز تۇرغاقتا تۇرۇپ، تۇتقۇندەك، مەھبۇستەك ياشىمىدىمۇ؟ تۇرمۇشتا، روھىي جەھەتتە قىينىلىپ، چۈشكۈنلىشىپ، ھاقارەتلىنىپ، خارلىنىپ، ئاز ئىزا، ئاز جاپا تارتتىمۇ؟ مانا ئەمدى ئاشۇ كاج تەقدىردىن،



www.uyghurkitap.com

كۇلپەتلىك قىسمەتتىن، ياتلارنىڭ قولىدىن، ئۆلۈم خەتىرى ئىچىدىن ئۆزى قېچىپ قۇتۇلۇپ، يەنە تېخى ئىنتىقام ئېلىپ ئار - نومۇسنى ئاقلاپ، سوقۇشتا زەپەر قۇچۇپ، ئەجىر - تۆھپە يارىتىپ، شېرىن ئارزۇ، يۈكسەك ئارمانلار بىلەن قايتىپ كېلىپ، ئۆز ساداقىتىنىڭ، ۋاپادارلىقىنىڭ، ئەجىر - تۆھپە، ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ ئۆز ئاتىسى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس بىر نەرسىدەك — يېڭى، ئىسسىق چېغىدا ئۆچىسىدىن سالماي كىيىپ پاناھلىنىپ، كونىرىغاندا، دولىسى ئاپتاپ كۆرگەندە، سېلىپ چۆرۈۋەتكەن ئەسكى چاپانىدەك تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى ئۇقسا، قانداق ئويلاردا بولار؟ ئىزا تارتماي، غەزەپلەنمەي تۇرالارمۇ؟ ئۇ بۇ ئىزا ئەلەمگە، غەزەپ - نەپرىتىگە بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ ھاي بېرەلەرمۇ؟ ئۇ تولىمۇ سەممىي، ۋاپادار، ۋىجدانلىق، تۈيغۇن، ئىچى كۆچلۈك، ئاچچىقى يامان بالا ئىدى. ئاچچىقى كەلسە، غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنسا، غەزەپلەنسە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالاتتى، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى، قەھر - غەزىپىگە، كۈچ - قۇدرىتىگە ھېچنېمە ئارا تۇرالمايتتى. ئۇ بۇ ئادالەتسىزلىككە، ناھەقچىلىك، ئۇۋالچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ ئۇ بۇ ئىشلارغا قانداق مۇئامىلە قىلار؟ ئاتىسىنىڭ نامەرد، ۋاپاسىز، ئاچ كۆزلۈكىنى، يۈزسىز، كۆيۈمسىز، باغرى تاشلىقىنى، شەخسىيەتچى، شۆھرەتپەرەس، نومۇسسىزلىقىنى مەردلىك، كەڭ قورساقلىق بىلەن ئەپۇ قىلارمۇ؟ ئەڭ بولمىغاندا سەۋر قىلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئاچچىقىنى، ئەلىمىنى، غەزەپ - نەپرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ سۈكۈت قىلارمۇ؟... ئۇ قايتىپ كېلىپ ئاچچىقىغا پايلىماي، غەزىپىنى باسالماي بىرەر ئىش تېرىپ قويمىسىلا بولاتتىغۇ!... «ئاھ تەڭرىم! ئۆزۈڭ بىر يولدا قويغايسەن! ساڭا تېۋىنىپ، سېنى ئۇلۇغلاپ، مۇقەددەس بىلىپ، خاسىيىتىڭگە، قۇدرىتىڭگە شەكسىز ئىشىنىپ، ساڭا سېغىنىپ تىلەيمەن، ئېھ تەڭرىم! سەن ھەممىگە قادىر، تەڭداشسىز، ئۇلۇغ ھەم بۈيۈكسەن. سەن بارچە گۈزەللىك ۋە سەلتەنەتنىڭ سۇلتانىدۇرسەن.

ھەممە سەندە مۇجەسسەم. سەن ئۆز ۋەسلىڭدىن زوقلانغۇچى، مۆ-جىزىكار، مۇقەددەس. سەن ئۇچۇن مەدھىيە ۋە ھەمدۇسانالار مەڭ-گۈ ئۈزۈلمەيدۇ!... ئوغلۇم باتۇرنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن. ئۇنىڭغا سەۋر - تاقەت، ئىنساپ - ديانەت ۋە سالماقلىق ئاتا قىلغايسەن. ئاچچىقىنى، غەزىپىنى يەڭگۈدەك، ئۆزىنى تۇتۇۋالغۇ-دەك ھەقىقىي جاسارەت، ھەقىقىي باتۇرلۇق ۋە ئەپۇچانلىق ئاتا قىلغايسەن، ئېھ مۇقەددەس كۆك تەڭرى، يەر تەڭرى! ئۇلۇغ تۆز كۆك قۇرت!...»

— ئانا... ئانا... ھى... ھى...!

نەۋرىسىنىڭ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئانىسىنى چاقىرىپ قىرقى-راپ يىغلىغان ئاۋازى چوڭ ئالچى ئايقاغانىڭ دىققىتىنى بۆلۈپ، تەشۋىشلىك خىياللىرىنى، ئۇنىسىز نىدالىرىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ ئاند-سى قۇچىقىغا ئېلىپ پەپىلەۋاتقان نەۋرىسىگە قاراپ چوڭقۇر ئۇھ-سىنىدى... بىر چاغلاردا ئۇمۇ ئوغلىنى شۇنداق پەپىلىگەندى. باغرى-غا بېسىپ، سۆيۈپ - ھىدلاپ ئەركىلەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئوغلى نەۋرىسىگە ئوخشاشمايتتى. ئۇ بىر قارىسا، ئۇلۇغ تۆز كۆك بۆرى-گە، بىر قارىسا، ئوماق، بۇدرۇق، تاتلىققىنا ئىنسان بالىسىغا ئوخشايتتى. ئۇنى ھەر قېتىم كۆرگەندە، ھەر قېتىم سۆيگەندە، ھەر قېتىم باغرىغا باسقاندا، ئۇ تەڭرىنىڭ سىيماسىنى كۆرگەن-دەك، تەڭرىگە يېقىنلاشقاندەك، تەڭرى بىلەن قۇچاقلاشقاندەك، ئاجايىپ، ئالەمچە، سىرلىق ھەم سېھىرلىك بىر تۇيغۇغا، بەخت - شادلىققا چۆمۈپ چەكسىز ھاياجانغا تولاتتى. ئەنە شۇ غەلىتە بوۋاق، ئەنە شۇ غارىپ ئوغلان ھازىرمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولماقتا، ئۇنى تەگسىز، سىرلىق ئوي - خىياللارغا، تاقەتسىز تەلپۈنۈش ۋە ھاياجانغا سالماقتا!... ئۇ ئوغلىنى سېغىناتت-تى. ئۇنى كۆرۈشكە، قۇچاقلاشقا ئالدىرايتتى. ئۇنىڭ دەردىدە، ئوت - پىراقىدا باغرى كاۋاپ ئىدى. ئۇ يەنە ئوغلىدىن ئەنسىرەيت-تى. ئۇنىڭ تەشۋىشىدە، ۋايىمىدە يۈرىكى سۇ ئىدى. بۇ سۇ بارغان-چە ئاۋۇيتتى، ئۇلغىياتتى، دولقۇنلاپ، شاۋقۇنلاپ كۆكرەك كۆلد-

گە، يۈرەك قاچىسىغا پاتماي ـ تاشاي دەپلا تۇراتتى. ئۇ پات ـ پات تالادىكى شەپە ـ تىۋىشلاردىن چۆچۈپ چېدىر ئىشىكىگە تەلمۈرەتتى. گويا ئوغلى شۇ لەھزىدە گۈرس ـ گۈرس دەسسەپ يەرنى تىترىتىپ، چېدىر ئىشىكىگە تاقىشىپ، يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ چېدىر ئىچىگە چۈشۈپ تۇرغان نۇرىنى، يورۇقلۇقىنى توسۇپ تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كېلىدىغاندەك ئۈمىدلىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بىلەن قانداق كۆرۈشۈشنى ئويلاپ، كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ھاياجانلىناتتى، تاقەتسىزلىنەتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ قانچە ئۇمىد قىلسىمۇ، قانچە ئالدىراپ تەقەززا بولسىمۇ ئوغلى ئىشىكتە كۆرۈنمەيتتى، تىۋىشمۇ ئاڭلانمايتتى. ئۇ نېمىشقا شۇ چاغقىچە يېتىپ كەلمەيدىغاندۇر؟… ئۇنىڭغا راستتىنلا بىرەر ئىش بولغانمىدۇر ـ يە؟… ئۇ قايتىپ كەلسە قانداق ئىشلار يۈز بېرەر؟… ئۇ توختىماي خورسىناتتى، ئۇھسىناتتى، ئەنسىرەپ، ۋايىم يەپ تېپىرلايتتى، تىنچلىنالمايتتى. ساقلاش، كۈتۈش، بولۇپمۇ ئەڭ قەدىرلىك كىشىسىنى كۈتۈش نېمىدېگەن تەس، ئازابلىق، نېمىدېگەن ئىزتىراپلىق ـ ھە!…

چوڭ ئالچى ئوغلىنىڭ دەردىدە ئەتىگەنلىك غىزانىمۇ تۈزۈك يېمىدى. قىرناقلار داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە مۇڭلۇق خىيالغا چۆكتى. دەل مۇشۇ پەيتتە، ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندىن بېرى يىغىسىدىن توختىماي تېقىمىغا سىيىپ خاپا قىلىۋاتقان بالىسىنى پەپىلەش، قۇرۇقداش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان سۈجۈك ئۇنىڭغا:

— ئالچى ئانا، بالا يىغىسىدىن توختىمايۋاتىدۇ. تالاغا چىققۇسى بارمىكىن. مەن چىقىپ ئۇنى ئوينىتىپ كىرەي، — دېدى.

بالا ئەمەس، ئۆزۈڭنىڭ چىققۇسى بار دېسەڭچۇ، دەپ ئويلىدى چوڭ ئالچى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەرھال چۈشىنىپ، ئاندىن:

— ھە، مەنمۇ بىللە چىقاي، — دېدى ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ.

ئۇلار تالاغا بىللە چىقتى. بىرنەچچە قىرقىن ئۇلارغا ئەگەش-

تى. ئۇلار چېدىردىن چىقسىلا باھار قوياشىنىڭ كۆزنى چاقنىتىپ ئاچۇرمايدىغان ئۆتكۈر نۇرىغا دۇچ كېلىپ، قوللىرىنى پېشانىسىگە ئېلىشتى. چوڭ ئالچى كۈن نۇرىنى توسۇپ تۇرۇپ بارگاھ ئىچىگە نەزەر سالدى. بارگاھ تىپتىنچ، ھەممە ئادەتتىكىدەك، ئۆز يېتى، كىشىلەرمۇ ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل… ئۇ سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ مېڭىپ، چېدىرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. غەرب تەرەپتىن — بىپايان خېتاۋ تۇزلەڭلىكىدىن سوقۇپ تۇرغان راھەتبەخش باھار شاملى ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلدى، ئاندا - ساندا ئاق ئارىلىغان چاچلىرىنى، ئۇچىسىدىكى پىنجەك ۋە يەپەك ئارتىغىنىڭ پەشلىرىنى پەلپۈتتى. ئۇ كېلىنى بىلەن بىر قاتار تۇرۇپ كۈنپېتىش تامان يىراقلارغا كۆز تىكتى. غالىب قوشۇن، ئالىپ ئوغلان ئەنە شۇ تەرەپتىن كېلەتتى. ئەپسۇسكى، يېشىللىق جىلۋىسى نامايان بولۇۋاتقان پايانسىز بېغىر كۆپمە دۆڭلۈك دالىدا ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار يەنە ئۈمىدسىزلەندى. باشلىرىنى سېلىپ، گەپ - سۆز قىلىشماي ئاستا قوزغىلىپ مېڭىپ كېتىشتى… قوۋچاقتىكى بالا تىنىمسىز تېپىرلاپ، يەرگە چۈشۈپ ماڭىمەن، ئوينايمەن، دەپ قەغىش قىلىپ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۆلەتتى. ئەنسىز، تەگسىز، مۇڭلۇق ئوي - خىياللىرىغا بەرھەم بېرەتتى.

كۈن تىكلىنىپ سايىلەر قىسقارغان پەيت، قىرقىنلىرىنى كەتكۈزۈۋېتىپ كېلىنى بىلەنلا قالغان چوڭ ئالچى بارگاھ چېتىدىكى شالاڭ بىر يۇمران چىمەنلىكتە كۈنپېتىشقا ئالدىنى قىلىپ، بىر پۇتىنى سۇنۇپ، بىر پۇتىنى پۈكلەپ قۇچاقلاپ، پۈكلەنگەن تىزىغا ئېڭىكىنى قويۇپ، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ پات - پات يېنىك چۆچۈپ ئېسىگە كېلەتتى - دە، قانداقتۇر بىر ئۈمىد بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا، يىراقلارغا نەزەر سالاتتى. كۈتكىنى، ئىزدىگىنى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن يەنە مەيۈسلىنىپ مۇڭلىناتتى - دە، خىيالنىڭ داۋامىغا بېرىلەتتى. ئالچى سۆجۈك كەپسىز بالىسىنىڭ تايتاڭلاپ

مېڭىپ، يىقىلىپ ـ قوپۇپ ئويناشلىرىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن ئاۋارە، ئۇ بالىسىنى دەپ چوڭ ئالچىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەندى. شۇ ئەسنادا ئەتىگەندىن بېرى كۆندىكىگە ئوخشاش ھايات قايناپ تۇرغان بارگاھ ئىچى بىردىنلا ئۇپۇر ـ توپۇر بولۇپ، كىشىلەر تالاغا چىقىپ ئۇياق ـ بۇياققا چېپىشقا، بىر ـ بىرىنى چاقىرىپ ۋارقىراشقا، نېمىلەرگىدۇر ئالدىرىشىپ، قاياقلارغىدۇر نەزەر سېلىشقا باشلىدى. تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ چوڭ كۆك چېدىرىغا كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلار ھەممىدىن كۆپ ھەم ئالدىراش ئىدى. ھايال ئۆتمەي بارگاھ ئىچى تېخىمۇ پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى قوللىرىغا گۈرجەك ۋە ئوتنغۇچلارنى ئېلىپ چېدىرلار ئارىسىدىكى بوش يەرلەرنى كولاپ ئوچاق ياساشقا، ئوتۇنلارنى تىزىپ گۈلخان يېقىشقا، چوڭ ـ چوڭ مىس، چويۇن قازانلارنى يۆتكەشكە، يەنە بىر قىسمى ئالدىن تەخلەپ قويۇلغان سېمىز ماللارنى ساغىرلاردىن ئاچىقىپ بوغۇزلاپ، تېرىسىنى سويۇپ گۆشلىرىنى تاراچلاشقا، لەشكەرلەر دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى كىيىپ، ياراغلىرىنى ئېلىپ، ئاتلىرىغا مىنىپ سەپراس بولۇپ تىزىلىشقا باشلىدى. چوڭ ئالچى دەسلەپتە ئۆز خىيالىغا بەك بېرىلىپ كەتكەچكە، بارگاھ ئىچىدە يۈز بېرىشكە باشلىغان بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ئانچە ئېرەن قىلمىدى. ئەمما ئۇ بىرئازدىن كېيىن بىردىنلا ئېسىگە كەلدى ـ دە، كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيۇپ جىددىيلىشىشكە، يۈرىكى ئىختىيارسىز ھالدا دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئېنىق ئاڭقىرىپ ئورنىدىن تۇرغۇچە، بالىسىنى كۆتۈرۈۋالغان ئالچى سۇجۇكمۇ ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

— ئالچى ئانا… تۇرسىلا، ئۇلار … — دېدى ئۇ ھاسىراپ دېمى كېسىلىپ، — ئۇلار… باتۇر … بابا ئۇقتۇم، يېقىنلا يەردە كېلىۋاتقۇدەك…

ئانا كېلىنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەھۋالنى چۈشەندى. ئۇنىڭ ئوغلى قايتىپ كەپتۇ، يېقىنلا يەردە كېلىۋاتقۇدەك!… ئۇ چەكسىز

www.uyghurkitap.com

هاياجان ۋە خۇشاللىقتا تولۇپ، قانداقتۇر بىر كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ
تۈرتكىسىدە ئورنىدىن ياش ـ چوكانلاردەك ئىرغىپ تۇردى ـ دە،
تەڭرىقۇتنىڭ كۆك چېدىرى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

## 2

غالىب قوشۇننىڭ يېتىپ كەلگەنلىك خۇش خەۋىرى بىر دەمـ
نىڭ ئىچىدىلا بارگاھنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە تارقالـ
دى. قارشى ئېلىشقا كەلگەن مىڭلىغان كىشىلەر چېدىر ـ چېدىرـ
لاردىن چىقىپ، تەرەپ ـ تەرەپلەردىن كېلىپ بارگاھنىڭ كۈنپېـ
تىش ئارقا تەرىپىگە توپلىنىشقا باشلىدى. كىشىلەر توپى بارغانچە
زورايماقتا، ئىككى يانغا كېڭىيىپ ئۇزارماقتا، تەرتىپ ساقلىغۇچى
نۆكەرلەر ئاتلىق ھەم پىيادە ئۇياق ـ بۇياققا چېپىپ يۈرۈپ كىشىـ
لەرنى تەرتىپ ساقلاشقا چاقىرماقتا. ئۇلارنى تەڭرىقۇت باشلىق
ھون ئېسىلزادىلىرى تۇرغان جاينى مەركەز قىلىپ، ئىككى يانغا
غاز قانىتى شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرماقتا... كىشىلەر بىر ـ بىرىنى
ئىتتىرىپ دەۋرىشەتتى، سەكرىشىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ،
قوللىرىنى پېشانىلىرىگە ئېلىپ غالىب قوشۇننىڭ يولىغا ئىنتىزارـ
لىق، تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرۈشەتتى. تۈرلۈك ـ تۈمەن شېۋىلەرـ
دە، ئېگىز ـ پەس، ئالىتاغىل ئاۋازلاردا ۋارقىرىشىپ، سوقۇشقا
كەتكەن تۇغقانلىرىنىڭ گېپىنى قىلىشاتتى، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ،
يىغلاش ـ كۈلۈش، ۋارقىراش ـ جارقىراشلار گۈمبۈرلىتىپ چېـ
لىنىشقا باشلىغان ناغرا ـ دۇمباق ۋە كاناي ـ سۇنايلارنىڭ ئاۋازلىـ
رىغا قوشۇلۇپ قۇلاق ـ مېڭىنى يەيتتى.

— يېتىپ كەلدى دېمىگەنمىدىڭ، قېنى ھوي ئۇلار؟ قارىسىمۇ
كۆرۈنمەيدىغۇ؟...

سوقۇشقا كەتكەن ئوغلى بىلەن كۆرۈشكىلى چىققان بىر چال
تاقەت قىلالماي يېنىدىكى ئالچىسىغا كايىدى.

— نېمىگە ئالدىرايسەن؟ چوڭ قوشۇن دېگەن ئۇنداق تېز

يۈرەلمەيدۇ...
— ئالدىغىلا بارساق بولماسمىدى، بۇ يەردە بۇنداق قىستىلىشىپ تۇرغۇچە.
— سەۋر ـ تاقەت قىل، ئاتىسى، ئالدىرىما. ئۇلار ھېلى يېتىپ كېلىدۇ، ئوغلۇڭ بىلەنمۇ كۆرۈشىسەن. ئۇنىڭ ئامانلىقىنى تىلە...
بىر ئايال توپنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەي ئاۋارە بولۇۋاتقان ئون ياشلاردىكى بىر ئۆسمۈر بالىغا چالۋاقىدى:
— نېمانداق قىستىلىۋېرىسەن، ئادەمنىڭ پۇتىغا دەسسەپ. بىردەم جىم تۇرساڭ بولمامدۇ!
— ھە، خاپا بولمىغىنا، ئاچا. مۇنداق تۇرغىنا، مەن ئالدىغا ئۆتۈۋالاي.
— ئالدىغا ئۆتۈپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ھەممە كىشىنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈسى بار بۇ يەردە. ۋۇ قۇلاق كەستى چاپتىكەش!...
ياش چوكان سەركە قويغا مىنىپ چاشقان ئوۋلىغۇدەك بولۇپ قالغان ئوغلىنى چاقىردى.
— بارس... بارسباي! قېنى سەن بالام؟ بۇ ياققا كېلىپ ماڭا ھاپاش بول، ئاتاڭنىڭ ئالدىغا ئاپىرىمەن!...
ئىككى ئايال توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىستىلىشىپ تۇرۇپ سوقۇشقا كەتكەن ئەرلىرىنىڭ پارىڭىنى قىلىشتى.
— مېنىڭ ئېرىم ئېسەنمىدۇر؟ كۆڭلۈم ئەجەب بىر قىسمىلا تۇرىدۇ.
— يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلمىساڭچۇ، كىشىنى ئەنسىرىتىپ. مەن دېدىمغۇ، ئەرلىرىمىز ئامان ـ ئېسەن دەپ. ئۇلار شۇ تاپتا ئەسىر ئالغان قۇللىرىغا توپ ـ توپ ماللارنى ھەيدەتكۈزۈپ كېلىۋاتقاندۇر.
— شۇنداق بولسىكەن ئىلاھىم!... بىراق سوقۇش دېگەننىڭ ئەن ـ چېنى يوق. يا ئوقى بىلەن قىلىچ كىشىنى ياخشى ـ يامان دەپ ئايرىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ كىشى بەكلا قارام ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالىمادىس بىرەر ئىش بولۇپ قالدىمىكىن دەپ...

— ئۇنداق شۇم ئىغىزلىق قىلمىغىنا بولدى، ئەنسىرىمە، خاتىرەڭنى جەم قىل... ئەرلىرىمىز قايتىپ كەلسە، باي بولۇپ كېتىمىز دېگىنە. ئۆيلىرىمىزدە قۇللىرىمىزمۇ بار بولىدۇ. ئۇ چاغدا ھېچنېمىدىن غەم قىلمايمىز، مانا شۇلارنى ئويلا... ھە راست، سەن ئىرىڭگە قانداق سوۋغا تەييارلىدىڭ؟ ئۇنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول چىقمىغانسەن ھەرقاچان؟

— ئەلۋەتتە، مانا قارا، مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈم توقۇغان يۇڭ رەختتە بىر تون تىكتىم.

— شۇغىنىسى، مېنىڭ قولۇم سىنىڭكىدەك چېۋەر ئەمەس، رەخت توقۇيالمايمەن. ئەمما مەنمۇ قۇرۇق قول چىقمىدىم. قارا، مەن ئۇنىڭغا بىر پارچە چورۇقنى بۇيرۇتۇپ تىككۈزدۈم. ئايغى يىرىك ئىدى ئۇ كىشىنىڭ...

ئۇلاردىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا تۇرغان، غاز بويۇن بىرى ئۇشتۇمتۇت «توغ!... غالىب قوشۇننىڭ توغى!...» دەپ ۋارقىرىدى.

— قېنى، كۆرۈنمەيدىغۇ، قايسى تەرەپتە؟... — دېيىشتى ئەتراپتىكىلەر دەۋرىشىپ.

— ئەنە، ئۇدۇلدىكى ئاۋۇ ئۆيۈكنىڭ كەينىگە قاراڭلار! — دېدى ئۇ قولى بىلەن ئالدى تەرەپتىكى بىر قىرنى كۆرسىتىپ، — ئەنە، ئۇچلىرى كۆرۈندى، ھېلى لەپىلدىگىنىنى كۆردىڭلار. غالىب قوشۇن ئەنە شۇ توغلارنىڭ ئاستىدا!...

— راست، مەن كۆردۈم! ئەنە!

— مەنمۇ كۆردۈم!...

— غالىب قوشۇن يېتىپ كەلدى!...

كېسەلچان ئانىسىنى يۆلەپ توپنىڭ كەينىدە تۇرۇپ قالغان ئون تۆت ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا كىشىلەرنىڭ بۇ سۆرەن - چۇقانلىرىنى ئاڭلاپ ئورنىدا تۇرالماي قالدى.

— ئانا، ئانا، غالىب قوشۇن يېتىپ كەپتۇ، ئاغام قايتىپ

كەپتۇ! — دېدى ئۇ ئانىسىغا، ئاندىن، — ئانا، قېنى مۇرەمگە چىق، مەن سېنى ئېگىز كۆتۈرەي. قايتىپ كەلگەنلەر ئىچىدە ئاغام بارمۇ، يوق، قاراپ باق، — دېدى ئۇنى ھاپاش قىلماقچى بولۇپ.

— بولدى قىل، بالام، ئاۋارە بولما، كۆتۈرۈشىڭغۇ كۆتۈرەرسەن. بىراق ئاغاڭ ئالدىمغا كەلمىگۈچە بەربىر تونۇيالمايمەن ئۇنى. كۆزۈم ئاجىز تۇرسا مېنىڭ.

— چىقىۋەر، ئانا، سېنىڭ كۆزۈڭ ئاجىز بولغىنى بىلەن ئاغامنىڭ كۆزى ئۆتكۈر. سەن ئۇنى كۆرەلمىسەڭمۇ ئۇ سېنى كۆرسە تونۇپ ئالدىمىزغا كېلىدۇ ئەمەسمۇ. قېنى چىق!...

چارساقال، قاۋۇل تۇمەن تەگرىقۇت قارشى ئالغۇچى ئېسىلزادىلەر توپىنىڭ ئالدا يېڭى تەگىن ئۆگەسى، سول قول بىلگە يۈيۈك بىلەن يىراقلارغا كۆز تىكىپ ئۆرە تۇراتتى. ئۇنىڭ راسا چارلاشقان ئۆسكىلەڭ چاچ - ساقاللىرى، ئۇچىسىدىكى ئۇزۇن زەرباب تونىنىڭ پەشلىرى ئۇدۇلىدىن سوقۇپ تۇرغان مەيىن شامالدا يېنىك يەلپۈنۈپ لەپىلدەپ تۇراتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىدىكى سۇرلۇك، تەمكىنلىك ۋە ئۇلۇغۋارلىقىنى ساقلاپ، سالماق، ئېغىر - بېسىق بولۇشقا تىرىشسىمۇ، قەلبىگە تولۇۋاتقان خۇشاللىق ھاياجىنى ۋە قانداقتۇر جىددىيلىكتىن بىر ئىزىدا تۇرالمايتتى... ئۇ تاقەتسىزلىنىپ ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم ماڭدى - دە، قولىنى چېكىسىگە ئېلىپ يەنە يىراقلارغا كۆز تىكتى...

— قارا!... — دېدى ئۇ بىر پەستىن كېيىن غالىب قوشۇنىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ يېنىدىكى ئوغلىغا، — ئۇلار يېتىپ كەلدى! ئالىپ چەۋەندازلىرىم!... نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك، نېمىدېگەن قۇدرەتلىك!...

— ھە!... كەلدى!...

ئۇنىڭ سول يان تەرەپ كەينىدىرەك تۇرغان يۈيۈك ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ ھاياجانلىنىشىنىڭ ئورنىغا نېمىشقىدۇر چۆچۈپ، ھودۇقۇپ، جىددىيلىشىپ كەتتى.

ئەمما تەگرىقۇت ئۇنىڭغا قارىمىدى، روھىي كەيپىياتىغىمۇ

دىققەت قىلمىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن قان قېچىشقا باشلىغانلىقىنى، هودۇقۇپ ئالاقزادە بولۇۋاتقانلىقىنى، ئاۋازىنىڭمۇ گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بوغۇلۇپ - تىترەپ چىققانلىقىنى كۆرمىدى، سەزمىدى... ھەممىنى قىلغان شۇ كىچىك ئالچى جانئايقىن. نېمە قىلىدۇ ئۇ ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىرگەن، ئاق - قارىنى تېخى تولۇق ئايرىپ بولالمىغان گۆدەك ئوغلىغا ئۆزى بىلەن باتۇر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ ئىشلارنىڭ گېپىنى قىلىپ ئاچچىقىنى، ئەلەمىنى، قورقۇنچىنى ئۆزىلا بىلسە بولمىدىمۇ، قىلغۇلۇقنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى قىلغاندىكىن. بىچارە بالىدا نېمە گۇناھ؟ ئۇ ئاكىسى باتۇرغا نېمە يامانلىق ئويلىغان؟ قانداق ئۆچمەنلىك، سۇيىقەست ئىشلەتكەن؟ ئۇنى ئۆزگە چېتىشۋېلىپ زىددىيەت قاينىمىغا سۆرەپ كىرگىنى، باتۇرنى قورقۇنچلۇق كۆرسىتىپ يۈرىكىگە، سەبىي كۆڭلىگە قورقۇنچ، ۋەھىمە ۋە ئۆچ - ئاداۋەت سالغىنى نېمىسى؟ مانا ئەمدى...

غالىب قوشۇننىڭ ئالدىنقى سېپى قارشى ئالغۇچىلار توپىدىن نەچچە ئوقتام يىراقلىقتا كېلىۋاتاتتى. ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ تۇغلىرى كۆرۈندى، ئاندىن قوياش نۇرىدا يالت - يۇلت قىلىپ پارقىرىغان ئۇزۇن ساپلىق نەيزىلىرى، كېيىن چەۋەندازلارنىڭ دۇبۇلغىلىق باشلىرى، ساۋۇتلۇق گەۋدىلىرى، ئاتلارنىڭ باشلىرى، پارقىراپ تۇرغان قىلىچ، قالقانلار... نامايان بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئۇدۇلدىكى قىر كەينىدىن خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىقىۋاتقان چاتقاللىقتەك توپ - توپى بىلەن ئۆرلەپ چىقاتتى - دە، ھەيۋەتلىك سېپىنى بۇزماي بارغانچە يېقىنلاپ كېلەتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ كىشىلەرنىڭ ئالقىش - تەنتەنىلىرى، سۈرەن - چۇقان، نەرە تارتىشلىرى، يىغلاش - كۈلۈشلىرى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇلار گۈمبۈرلىتىپ چېلىنىۋاتقان ناغرا - دۇمباق ئاۋازلىرىغا، بۇرغا - كاناي، باربىت، بورىيا سادالىرىغا قوشۇلۇپ، ئۇلانسۇ كۆلى بويىدىكى ئوتلاق ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈردى.

چوڭ ئالچى ئايقاغان ئوغلى باتۇرنى ھەممىدىن ئاۋۋال تونۇۋال-

ـدى. باتۇر سەپىنىڭ ئالدىدا، يۇرتۇغىنىڭ ھىمايىسىدە، لەپىلدەپ تۇرغان تۇغلار ئارىسىدا ئاق قاشقىلىق قىزىل تورۇق تۇلپارغا مىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بېشىدىن ئايىغىغىچە تۆمۈر كىيىمگە ئورال-غاندى. ساۋۇتى ئۈستىدىن يېپىنچاقلاپ چىگىۋالغان ئۇزۇن قى-زىل تونىنىڭ پەشلىرى ئېتىنىڭ ساغرا ۋە قورساقلىرىنى يېپىپ تۇراتتى. ئۇ توخرى خاندىن ئولجا ئالغان پۇتلىرى ئىنچىكە، بېلى ئۇزۇن، قورساقلىرى تار، بويى ئېگىز تەۋەررۈك تۇلپار ئۈستىدە چوغچام، غالىبانە قىياپەتتە بېشىنى تىك تۇتۇپ مەغرۇر ئولتۇراتتى... ئانىسى ئۇنىڭ ساغلام، بەقۇۋۋەت بەستى - قامىتى-گە، قويۇق تۇك - ساقال باسقان كۆكۈچ، سۇرلۇك چىرايىغا قاراپ خۇشاللىق ۋە پەخىر - ئىپتىخارغا تولدى.

— سۈجۈك، قارا! ... — دېدى ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، يېنىدا تۇرغان كېلىنىنىڭ بىلىكىنى سىقىپ، — ئۇ كېلىۋاتىدۇ. ئامان - ئېسەن، چوغچام! ...

— ھەئە... ئانا! ... — سۈجۈكمۇ ھاياجاندىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيۋاتاتتى.

— مەن دېمىگەنمىدىم، ئۇ ئەر يەتكەن بىر ئالىپ چەۋەنداز بولۇپ قالدى دەپ. قارا ئۇنىڭ قامىتىگە، ھەيۋىتىگە، نېمىدېگەن چوغچام! ... بويىمۇ ئۆسۈپتۇ! ...

— ھەئە... باتۇرۇم! ...

ئۇلار خۇشال بولغىنىدىن تاقەتسىز ھاياجانغا تولۇۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، سەپنىڭ ئالدىغا بارغانچە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ساق - تى-مەن، سۇر - ھەيۋەتلىك باتۇرنى تونۇشقا باشلىغان ھون ئېسىلزا-دىلىرى ئىچىدىكى بىرنەچچە كىشى ئۇلارنىڭ تامامەن ئەكسىچە، قانداقتۇر قورت - قوڭغۇزلار ئىچى - باغرىنى تاتىلاۋاتقاندەك، غاجىلاۋاتقاندەك ئارامسىزلىنىپ ئازابلىنىشقا، يەنە نېمىدىندۇر قورقۇپ خەۋپسىرەۋاتقاندەك ھودۇقۇپ تەمتىرەشكە، ئالاقزادە بو-لۇشقا، دەككە - دۈككە، ساراسىمىگە چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلار-نىڭ بىرى دەل تەڭرىقۇتنىڭ كىچىك ئالچىسى، باتۇرنىڭ ئۆگەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئانىسى جانئايقىن ئىدى. يەنە بىرى ئۇنىڭ ئوغلى، يېڭى تەگىن ئۆگە يۇيۇك، ئۇنىڭدىن قالسا تۇمەن تەگرىقۇتنىڭ ئۆزى ئىدى. تەگرىقۇت چوڭ ئوغلى باتۇرنىڭ ئامان - ئېسەن، زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ ھەم خۇشال بولۇپ ھاياجانلىنىۋاتاتتى ھەم ئېمىگىدۇر جىددىيلىشىپ، قانداقتۇر خىجىللىق، تەڭقىسلىق ھېس قىلىپ ئارامسىزلىناتتى. ئۇنىڭ سول يېنىدا تۇرغان يۇيۇكنىڭ بولسا چىرايى تاتىرىپ، پۇت - قوللىرى تىترەۋاتاتتى، ئۇ قانداقتۇر بىر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغاندەك ۋىجدان ئازابى تارتىپ ئارامسىزلانماقتا، ئانىسىنىڭ نەچچە كۈن ئاۋۋالقى باتۇر توغرۇلۇق ئېيتقان ئەلەملىك، ۋەھىملىك سۆزلىرىنى ئەسلەپ يۈرىكى سىقىلماقتا، ئۆزىگە قانداقتۇر بىر بالا - قازا يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك قورقۇپ، تىترەپ ئالاقزادە بولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى، كىچىك ئالچى جانئايقىن بولسا ئونلىغان قىرقىن - قىرناقلىرى ئارىسىدا ئۆكسۈلى ئۆچۈپ، ئاتىسى يانبېيقاننىمۇ ئۇنتۇپ، قوقاسقا دەسسەۋالغاندەك تېپىرلىماقتا، چايان چېقىۋالغاندەك ئازابلىنىپ، ياۋۇزغا دۇچ كېلىپ قالغاندەك ۋەھىمىگە پاتماقتا ئىدى. ئىچىدە بولسا بارغانچە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان باتۇرنى قارغاپ زەھەرلىك يىلاندەك كۈشۈلدىماقتا ئىدى… «بۇ بالاخور ياۋايى راستىنلا ئامان - ئېسەن قايتىپ كەپتۇ - دە. ئۇ قانداق بولۇپ ھايات قالغاندۇر؟… ئېتىگىدىن يىقىلىپ بوينۇڭ سۇنۇپ ئۆلسەڭچۇ شۇ تۇرقىدا!…»

غالىب قوشۇننىڭ ئالدىنقى سېپى قارشى ئالغۇچىلار توپىغا يۈز قەدەمچە قالغاندا يۈرۈشتىن توختىدى. ھەممىدىن ئاۋۋال باتۇر ئاتتىن چۈشتى، ئاندىن ئوڭ قول بىلگە يانبېيقان، ئوڭ - سول قول ئۇلۇغ سانغۇنلار، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھەرقايسى خان - بەگلەرنىڭ ياندىش سانغۇنلىرى، تۇمەنبېشى، مىڭبېشىلار… ئاتلىرىدىن چۈشتى. ئۇلارنى كۆرۈپ قارشى ئالغۇچىلار توپى دەۋرەپ چايقىلىشقا باشلىدى. كىشىلەر بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ، يار ئالغان توغان سۇيىدەك غالىب قوشۇننىڭ سېپىگە قاراپ يۈگۈرۈشتى. قوشۇندىكى لەشكەرلەرمۇ سەپنى بۇزدى. ئاتلىرىنى،

ياراغلىرىنى، دۇبۇلغىلىرىنى تاشلاپ ئاتا ـ ئانا، خوتۇن ـ بالا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى ... ئەتراپ قىيقاس ـ چۇقان، توۋلاش ـ چاقىرىش، يىغلاش، كۈلۈشلەردىن لەرزىگە كەلدى.

باتۇر قارشى ئالغۇچى ھون ئېسىلزادىلىرىنىڭ ئالدىدا ساقلىد-نى يەلپۈتۈپ غۇلاچلىرىنى كەڭ ئاچقىنىچە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋات-قان ئاتىسى تۈمەن تەڭرىقۇتنى كۆرۈپ قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى. ئۇ ئاۋۋال دۇبۇلغىسىنى ئېلىۋەتتى، ئاندىن يېپىنچىسىنى، ساۋۇتد-نى، قىلىچىنى تاشلىدى. ئەمما ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ، ئاتىسىنىڭ سول يېنىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىۋاتقان ئىنىسى يۈيۈكنى كۆ-رۈپ قالدى ـ دە، كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيۇپ چىرايى تاتاردى ۋە ئاياغلىرىدا ماغدۇر قالمىغاندەك قەدىمى ئاستىلاپ قالدى. چۈنكى يوسۇن ـ ئادەت بويىچە ھەرقانداق مۇراسىم ـ يىغىلىشلاردا تەڭرىقۇتنىڭ سول يېنىدا پەقەت ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى بولمىش تەگىن ئۆگەسىلا بىللە مېڭىش ياكى تۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ھەم سالا-ھىيەتلىك ئىدى. ۋەھالەنكى، باتۇرنىڭ كۆڭۈل غەشلىكى ئۇنچە ئۇزاق داۋام قىلمىدى. ئاتا ـ ئانا مېھرى، سېغىنىش ۋە تەلپۈ-نۈش، ۋىسال شادلىقى ئۇنىڭ دەرگۇمان ۋە غەشلىكلىرىنى ۋاقىتد-لىق بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇردى.

— تەڭرىقۇت ئاتا! ...

— ئوغلۇم! ...

باتۇر قوللىرىنى كەڭ ئېچىپ كەلگەن ئاتىسىنى قۇچاقلىدى. ئاندىن بويى ئۆسۈپ بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ، چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالغان ئىنىسى يۈيۈكنى، ئۇنىڭدىن كېيىن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆزىدىن ئۇچقان قەدىردان ئانىسى ئايقاغاننى قۇچاقلىدى.

— ئانا! ...

— ئوغلۇم! ... باتۇرۇم، يۈرەك پارەم! ...

ئانا ئوغلىنىڭ قارا بۇلغۇنىنىڭكىدەك كەڭ مۈرىلىرىگە ئېسىل-دى. ئۇنى قۇچاقلاپ، قويۇپ بەرگۈسى كەلمەي باغرىغا مەھكەم

باستى، خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆكۈچ يۇزلىرىنى، چاچلىرىنى سىلاپ، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىدىغان، شامالدا يېرىلغان چىرايىغا، ئولتۇرۇ-شۇپ تېخىمۇ يوغىناپ كەتكەن كۆزلىرىگە تويماي، ئىنتىزارلىق بىلەن تەلمۈردى. ئۇ تەلمۈرۈۋاتقان ئاشۇ ھال رەڭ كۆزلىرىدىنمۇ سۇزۇك ياش تامچىلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈپ تۇرات-تى. شۇ ئەسنادا، بۇ كۆزلەر يەنە يېقىنلا يەردە ئۆزىگە ئاھۇدەك تەلمۈرۈپ تۇرغان باشقا بىر جۈپ ئوتلۇق كۆزنىمۇ كۆرۈپ قالدى.

— سۇجۇك··· ئالچىم!

— باتۇرۇم!

ۋىسال تەشنالىقىدا تەقەززا ـ بىتاقەت بولۇپ تۇرغان سۇجۇك ئۆزىنى تۇتۇۋالماي باتۇرغا تاشلاندى. باتۇر ئۇنى ئانىسى بىلەن قوشۇپلا باغرىغا باستى. بىراق ئارىدا قانداقتۇر بىر نەرسە تاقى-شىپ، مىدىرلاپ، ئۇلارنى ئۇزاق قۇچاقلاشقىلى قويمىدى. بۇنىڭغا باشتا دىققەت قىلمىغان باتۇر سەل ئەجەبلىنىپ ئۆزىنى تارتتى ـ دە، ئالچىسى سۇجۇكنىڭ قۇچىقىدا تۇرغان بالىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— بۇ··· ؟!

— كۆكخان! ··· — دېدى سۇجۇك ھاياجان بىلەن.

— كۆكخان؟! ···

— ھەئە، سىنىڭ ئوغلۇڭ! ···

— مېنىڭ ئوغلۇم! ··· كۆكخان! مەن ئاتا بولدۇم-مۇ! ؟··· ئاھ تەڭرىم! ···

— شۇنداق، سەن ئاتا بولدۇڭ! — چوڭ ئالچى كېلىنىنىڭ قۇچىقىدىكى بالىنى ئېلىپ ئوغلىغا سۇندى، — مە، ئال، كۆرۈ-ۋال. ئۇ سىنىڭ ئوغلۇڭ، ئېتى كۆكخان. بۇ ئاتنى مەن قويغان ئۇنىڭغا، كۆكتەك بۈيۈك، كۆك قۇرتتەك سۇباتلىق ئوغلان بول-سۇن دەپ. ئۇ ئىككى ياشقا كىردى، ماڭالايدۇ، قوزىغا مىنىپ ئوينىيالايدۇ تېخى! ··· تۇۋا، سىنى تولىمۇ سېغىنغاندۇق. غېمىڭ-

نى يەپ باغرىمىز خۇن بولغان، يولۇڭغا تەلمۈرۈپ كۆز قارىچۇقد-
مىز ئېقىپ كېتەي دېگەن. مانا، تەڭرىلەر قۇت بېرىپ ئاخىر
دىدارلاشتۇق! ئېسەنمۇ سەن، ئوغلۇم، يۈرەك پارەم!...
— بىلىمەن، ئانا، مەن سىلەرنى كۆپ نادامەتتە قويدۇم...
مەنمۇ سىلەرنى بەك سېغىندىم!...
باتۇر بۇ قېتىم ئانىسى بىلەن ئالچىسىغا ئوغلىنىمۇ قوشۇپ
قۇچاقلىدى، سەل تۇرۇپ بۇ بۇدرۇق ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ
سۆيمەكچى، ھىدىنى پۇراپ باقماقچى بولۇۋىدى، بالا ئۇنىڭ
توك - ساقال باسقان سۈرلۈك، ناتونۇش چىرايىدىن قورقۇپ،
ئۆزىنى قاچۇرۇپ تېپىرلىغىنىچە چىررىدە يىغلىۋەتتى.
— ھوي... يىغلىۋەتتىغۇ بۇ... — دېدى باتۇر نېمە قىلىشنى،
نېمە دېيىشنى بىلەلمەي.
— سەندىن قورقۇپ بولمامدۇ، — دېدى چوڭ ئالچى بالىنى
تېزلا ئۇنىڭ قۇچىقىدىن ئېلىپ، — بۇ تۇرماق چوڭ بالىلار
كۆرسىمۇ قورقۇپ قاچىدىغان تۇرسا سەن كۆك قۇرتتىن. سۆيمەن
دەپ ئەجەبمۇ قورقۇقۇۋەتتىڭ ئۇنى... قورقما، بالام، يىغلىما،
ئۇ سېنىڭ ئاتاڭ...
— قارا بۇ شۇمتەكنى، ئاتىسىنى تونۇپ چاپلاشماقتا يوق،
ئۆزىنى قاچۇرۇپ يىغلىغىنىنى، — دېدى سۇجۇك بەختىيارلىق
ئىچىدە ئوغلىغا كايىپ.
— كىچىك بالا ئەمەسمۇ، — دېدى چوڭ ئالچى، — ئۇنىڭ
ئۇستىگە ئۇ تۇغۇلغاندا ئاتىسى نەدىكەن، ھازىرغىچە ئۇنى كۆرۈپ
باقمىغان تۇرسا ئۇ...
ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ ۋىسال شادلىقىنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتد-
قاندا، ئىچىگە لىق سۇچىك توشقۇزۇلغان ئالتۇن ئاياقنى كۆتۈرۈپ
تۇمەن تەڭرىقۇت باتۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھون ئادىتى بويىچە
سوقۇشتا غەلىبە قازىنىپ، زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەنلەرگە
ئالدى بىلەن بىر جام ئاچچىق شاراب ئىنئام قىلىناتتى.
— قېنى، باھادىر ئوغلۇم، بۇنى ئىچىۋەت! — دېدى تەڭرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇت ئاياقنى ئوغلىغا سۇنۇپ، — بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، مۇكاپاتىم. شۇنداقلا ئەلكۈننىڭ، پۈتكۈل ھوننىڭ كۆڭلى، ھۆرمىتى!

باتۇر ھاياجان ئىلكىدە ئاياقنى ھۆرمەت بىلەن قولىغا ئالدى. ئاتىسىغا، ئانىسىغا، ئالچىسىغا ۋە باشقا تۇغقانلىرىغا قاراپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئاچچىق شارابنى غۇرتۇلدىتىپ، ساقاللىرىغا تۆكۈپ، بىر تىنىقتىلا ئىچىۋەتتى، ئاندىن ئانىسى ئايىغان تۇتقان، ساچۇلۇق ئاق داستىخانغا ئورالغان بىر خون[1] ئەمبەكنى، ئالچىسى سۇجۇك تۇتقان، رەختىنى ئۆزى توقۇپ تىك. كەن كۆڭلەكنى ئالدى، باشقا تۇغقانلىرىنىڭ، ئېسىلزادىلەرنىڭ سوۋغاتلىرىنى، ياخشى تىلەك ـ قۇتلۇقلاشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، چەكسىز شادلىق ۋە پەخىرلىك ئىپتىخارغا تولدى.

قارشى ئېلىش ۋە كۆرۈشۈش تولىمۇ ھەيۋەتلىك، تەنتەنىلىك ھەم تەسىرلىك بولدى. پۈتكۈل يايلاقنى ئالقىش ـ تەنتەنە ساداـ رى، خۇشاللىق كۈلكىلىرى ۋە قايغۇ ـ ھەسرەت يىغىلىرى تەڭ قاپلىدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئوغلى بىلەن، خوتۇن ـ بالا ياكى ئېرى، ئاتىسى بىلەن، ئاكا ـ ئىنىسى ياكى تۇغقانلىرى بىلەن ئامان ـ ئېسەن كۆرۈشۈپ، خۇشال ـ خۇرام جەم بولۇشقىنىدىن چەكسىز شادلىق ۋە بەختىيارلىققا چۆمۈپ تەنـ تەنە قىلىشسا، يەنە نۇرغۇنلىغان ئاتا ـ ئانىلار ئوغۇللىرىنى، ئاياللار ۋە بالىلار، ئېرى، ئاتىسىنى تاپالماي، تاغدەك يۆلەنچۈكىدىن، ئائىلىسىنىڭ ئۈمىد ـ ئىشەنچى ۋە تۈلتىرىقىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قېلىشقىنىغا قايغۇرۇپ، ئۆكۈنۈپ، ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ ئاھ ئۇرماقتا، يىغلىماقتا، باشلىرىـ نى سېلىپ، بويۇنلىرىنى قىسىپ قېلىشماقتا ئىدى.

قارشى ئېلىش ۋە كۈتۈۋېلىش كەچ كۈن قىزىلغىچە داۋاملاشـ تى. ئاندىن بارگاھنىڭ ئىچى ـ تېشى، چېدىرلاردا، سورۇن ـ مەيدانلاردا غالىب قوشۇننىڭ غەلىبىسى، ئالىپ چەۋەندازلارنىڭ قەھرىمانلىقلىرى ۋە ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىشكەنلىرىگە ئاتاپ

[1] بىر خون — بىر دەستە.

تەڭرىلەرگە تېۋىنىش، ئەجدادلارغا سېغىنىش مۇراسىمى ۋە كۈتۈ-
ۋېلىش، هاردۇق سوراش، تارتۇقلاش زىياپەتلىرى باشلاندى. داس-
تىخانلار كەڭ سېلىنىپ، پىشۇرۇلغان گۆش - كاۋاپ، قۇرت
ئەمبەك، سۈت - قېتىق ۋە باشقا نازۇنېمەتلەر كەلتۈرۈلدى.
ئارغاتقۇ، سۈچىك، بوزا، قىمىزلار قاچىلانغان ساپال ئىدىش،
تېرە تۇلۇملارنىڭ ئېغىزلىرى ئېچىلدى. قامانلار ياغاچ گەردىش-
لىك، تۆمۈر هالقىلىق تۇمرۇكلىرىنى، نەغمىچىلەر باربىت، بو-
رىيا، چورا، قوبۇزلىرىنى قوللىرىغا ئالدى. هەرقايسى ئاۋۇل -
قىشلاقلاردىن ئالايىتەن مۇشۇ ئىش ئۈچۈن تاللاپ كېلىنگەن،
كۆكتىن چۈشكەن پەرىلەردەك ياسانغان ياش قامانلار، قىز - چو-
كانلار ئۇسسۇل - ساماغا چۈشتى. كەيىپ - ساپا، ئۇسسۇل - ساما
ۋە شادلىق تەنتەنىسى قايتىدىن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

## 3

باتۇر بارىمتايلىقتىن، نومۇس - هاقارەتتىن، خەۋپ - خەتەر-
لىك تەقدىر - قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلغىنىدىن، سوقۇشتا نۇس-
رەت قازىنىپ نومۇسنى ئاقلاپ يۇرتىغا ساق - سالامەت، زەپەر
قۇچۇپ قايتىپ كەلگىنىدىن، ئاتا - ئانىسى، تۇغقانلىرى، ئۇرۇق-
داشلىرى بىلەن ئامان - ئېسەن دىدارلىشىپ شاد - خۇرام جەم
بولغىنىدىن ئىنتايىن خۇشال هەم خۇرسەن بولدى. ئۆزگە
باشتىن - ئاخىر هەمراھ بولۇپ قۇت - مەدەت بەرگەن مۇقەددەس
تەڭرىلەرگە، يول باشلىغان ئۇلۇغ تۆزگە شۈكۈر - سانا ۋە
رەھمەت - تەشەككۇرلەرنى ئوقۇدى. بىراق ئۇنىڭ كۆڭلى هامان
بەزىبىر شۈبھە - گۇمان ۋە تەشۋىش - تەۋرىنىشلەردىن خالىي
ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە توخرى خان ئۇنىڭغا راست گەپلەرنى قىپتى-
كەن. سېنى نادامەتتە قويغان مەن ئەمەس، بەلكى ئاتاڭ... دەپ.
قارىغاندا ئاتىسى ئۇنىڭغا راستىنلا ۋاپاسىزلىق، يۈزسىزلىك،
باغرى تاشلىق قىپتۇ. ئۇنى كونا چاپاننى چۆرۈۋەتكەندەك چۆرۈپ

www.uyghurkitap.com

تاشلىۋېتىپتۇ، يات كىشىدەك ئۇنتۇپ كېتىپتۇ، ھەتتا ئوتقا ئىتتى-رىپ قويۇپ ئۆلۈش - تىرىلىشى بىلەنمۇ كارى بولماپتۇ. بۇ نېمىدېگەن ۋىجدانسىزلىق، نېمىدېگەن نومۇسسىزلىق!... لېكىن بۇ نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟... ئاتىسى ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن بۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟ ئۇ نېمىنى خاتا قىلدى؟ نېمىگە چېقىل-دى؟ تۇرقى - سىياقى غارىپ، سۆرۈن بولسا نېمە بوپتۇ؟ بۇ ئۇنىڭ سەۋەنلىكى بولمىسا، بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ ئىت - مۇشۇكنىمۇ ئەتىۋارلاپ باقىدىغۇ كىشى. ئۇ ئىت - مۇشۇكچىلىكمۇ بولالماپتۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىدا. كۆڭلىدە ئۇنىڭغا زەررىچە ھۆرمەت-سىزلىك، ۋاپاسىزلىق، بەتنىيەتلىك ئويلىمىغان تۇرسا. شۇنداق تۇرۇپ ئۇ نېمە ئۈچۈن يۈز ئۆرۈيدۇ ئوغلىدىن؟ ئۇنى نېمىشقا تاشلىۋېتىدۇ؟ ئۇنتۇپ كېتىدۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن نېمىشقا كارى بول-مايدۇ؟ ئۇ راستتىنلا ئوغلىنى ياقتۇرمامدۇ؟ ئېتىراپ قىلمامدۇ ياكى بۇنىڭ باشقا سەۋەبى بارمۇ؟...

تۈن نىسپىگىچە داۋاملاشقان سۈرجەكتىن كېيىن ئاتىسىنىڭ كۆك چېدىرىدا قونۇپ قالغان باتۇرنىڭ كاللىسىغا ئەنە شۇنداق جاۋابسىز سوئاللار، ئازابلىق خىياللار كىرىۋېلىپ زادىلا ئارام بەرمىدى. ئۇ كۆڭۈل غەشلىكىدە تۈننى بىدار تاڭ ئاتقۇزدى. ئەتى-سى ئەتىگەندە ئۇ قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ، خامۇش، گاراڭ ھالەتتە ئورنىدىن تۇردى. ئاتىسى بى-لەن بىللە چېدىردىن چىقىپ يېڭى بالقىغان قۇياشقا، كۆن تەگرى-سىگە چوقۇنغاندىن كېيىن، يەنە قايتىپ كىرىپ ئەتىگەنلىك غىزاغا ئولتۇردى. داستىخان مول مەئىشەتلىك ئىدى. بىراق ئۇنىڭ كۆڭ-لى ھېچنېمە تارتمايتتى، قۇلىقىغىمۇ گەپ خۇشياقمايتتى. ئۇ قايتىپ كېلىپلا بۇنداق كۆڭۈل غەشلىكىگە، ئىزا - ئەلەمگە قې-لىشنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدى... ئاتا - بالا ئىككىيلەن بىر - بىرىدىن تارتىنىشقاندەك، ئېھتىيات قىلىشقاندەك گەپ - سۆز قىلىشماي غىزا يەپ ئولتۇرغاندا، چېدىرغا چوڭ ئالچى ئايىغانىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرى بولغان قۇياندىلىق ئېلقۇساي توغرۇلبەگ

كىرىپ كەلدى.

— ئالچى بىكە سەن بىلەن كۆرۈشسەم دەيدۇ، ھونزادە، — دېدى ئۇ تەگرىقۇتقا تەزىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن باتۇرغا.

— قانداق ئىشكەن ئۇ، قاق سەھەردىلا؟ — دېدى تەگرىقۇت كەيپى ئۇچۇپ.

— بىلمىدىم، ئېيتىدىغان سۆزى بارمىكىن، — دېدى توغ-رۇلبەگ ھودۇقۇپ. ئاندىن ئۇ كۇتۇپ تۇرماي تەگرىقۇتقا تەزىم قىلدى - دە، غىپپىدە چىقىپ كەتتى.

توغرۇلبەگنىڭ «ھونزادە» دەپ ئاتىغىنى باتۇرغا ئار كېلىپ، كۆڭلىنى تېخىمۇ غەش قىلدى. مانا، ئۇ ئاللىقاچان ھونزادە دەرد-جىسىگە چۈشۈپ قاپتۇ. ئىلگىرىكى تەگىن ئۆگە، سول قول بىلگە دېگەن ئاتاقلىرى نەگە كەتتى؟... لېكىن ئۇ توغرۇلبەگدىن ئاغرىن-مىدى. ئۇنىڭدىنمۇ نېمە ئامال؟ ئۇنىڭچە بولسا يۈزى ئۇچۇن، كۆڭلى ئۇچۇن، ھۆرمىتىنى قىلىپ بولسىمۇ باتۇرنى ئەسلىي ئاتى-قى بويىچە ئاتىغان بولاتتى. ئەگ بولمىغاندىمۇ «ھونزادە» دېگەن نامى ئۇلۇغ، سۈپىرىسى قۇرۇق ئاتىقىنى بۇنچە تېز، تەرەپباللا تىلغا ئالمايتتى. لېكىن ئۇ تەگرىقۇتنىڭ، خوجايىنىنىڭ ئالدىدا راست گەپنى قىلمىسا بولمايدۇ - دە، ... باتۇر ئەنە شۇلارنى ئويلاپ ئورنىدىن تۇردى، ئاتىسىغا تەزىم قىلىپ كەينىگە داجىدى. جەھلى قېتىپ چىرايى تۇتۇلغان تەگرىقۇت ئۇنىڭ قولىنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى.

— توختا، ئولتۇر يېنىمدا! — دېدى ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزى بىلەن، — غىزادىن كېيىن بارساڭمۇ كېچىكمەيسەن!

— ئاتا، ماڭا ئىجازەت بەر. ئانام بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي، — دېدى باتۇر مۇلايىملىق بىلەن.

لېكىن تەگرىقۇت ئۇنىمىدى، تۇرقىدىن نارازى بولغانلىقى، ئاچچىقى كېلىپ غەزەپلىنىۋاتقانلىقى، يەنە قانداقتۇر جىددىيلىك، ئەنسىزلىك ئالامەتلىرى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. بىراق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باتۇرمۇ نىيىتىدىن يانمىدى.
— كۆك تەڭرى بىلەن يەر تەڭرى نامىدىن ئىجازەت سورايـ
مەن، ئۇلۇغ تەڭرىقۇت ئاتا! — دېدى ئۇ قەتئىي يوسۇندا، —
مەن بېرىپ كېلەي!
تەڭرىلەرنىڭ نامىنى ئاڭلاپ ۋە ئوغلىنىڭ كۆزلىرىدە ئىپادىـ
لىنىپ تۇرغان قەتئىيلىكنى كۆرۈپ تەڭرىقۇتمۇ ئېغىر سۈكۈتكە
چۆكتى. مانا بۇ ئىلاجسىزلىق، ماقۇللۇق ••• باتۇر ئالدىراپ چېـ
دىردىن چىققاندا، توغرۇلبەگ ئۇنى سىرتتا ساقلاپ تۇراتتى.
— ئۇ ئالتۇن چېدىردا سېنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇـ
رىدۇ، — دېدى توغرۇلبەگ ۋە ئۇنى ئايقاغاننىڭ چېدىرىغا باشلاپ
قويۇپ ئۆزى كېتىپ قالدى.
باتۇر ئانىسىنىڭ ئالتۇن چېدىرىغا ئىشىككە تاقىشىپ، يورۇقـ
لىرىنى توسۇپ، ئېيىقتەك پۇشۇلداپ كىرىپ كەلدى. چېدىر
ئىچىنى ئالچى ھىدى، ئىپار، زەپە، كۈجە پۇراقلىرى بىر ئالغانـ
دى. ئايقاغان چېدىرىنىڭ تۆرىدە، قات - قات كىگىز - گىلەم ۋە
تېرە - ياپغۇتلار سېلىنغان پاكار پەچكۈم ئۈستىدە، ئۆزىگە ھەمراھ
بولۇپ قارشى ئېلىشقا چىققان بىلگە خان، يابغۇ ئېلـىقۇساي،
قۇتقۇ مەلىكە ۋەزىرلىرى ئارىسىدا پەر ياستۇققا يۆلىنىپ پەرىشتە
سۈپەت ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن قۇنچۇي ۋە خاس كۈمۈشتېـ
كىنلىرى چېدىر دىۋارىدا ھالقا شەكىللەندۈرۈپ ئولتۇرغان بولۇپ،
قىرقىن - قىرناقلىرى بۇيرۇق كۈتۈپ ئۆرە تۇرۇشاتتى. چېدىرىـ
نىڭ ئوتتۇرىسىغا كىچىك گۈلخان يېقىلغانىدى. گۈلخانىنى چۆرىـ
دەپ قوللىرىدا كىچىك تومرۇك، نەي، قوبۇز، باربىت، بورىيالارـ
نى تۇتۇشقان ياش قاملار نەغمە قىلىپ مۇناجات ئوقۇۋاتاتتى••• بۇ
چوڭ ئالچى ئايقاغاننىڭ ئوغلى باتۇر بىلەن دىدارلىشىش شەرىپىگە
ئۇيۇشتۇرۇلغان تەڭرىگە تېۋىنىش مۇراسىمى ئىدى.
— كەلدىڭمۇ، ئوغلۇم، قەدىمىڭ قۇتلۇق بولسۇن! — دېدى
ئايقاغان ئوغلىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ.
— قۇتلۇق بولسۇن! — دېيىشتى باشقىلارمۇ قوڭغۇراقتەك

ئاۋازىنى جاراڭلىتىپ.

— باتۇرۇم! ...

ئىسىلزادە ئالچىلار قاتارىدا ئولتۇرغان سۇجۇك چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، باتۇرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى. ئۇ بۇگۇن تارىنىپ يارىشىملىق كىيىملىرىنى كىيىپ كېپىنەكتەك ياسانغانىدى.

— كەل، ئۇسسۇل ئوينايلى.

ئۇ ئېرىنى چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سەھنىگە، ئۇسسۇلچى قاملارنىڭ ئارىسىغا ئەكەلدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن شادلىق، بەختىيارلىق ۋە ئىشقى - مۇھەببەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى. باتۇر ئۇنىڭ رايىغا باقتى، تۆردىكى ئانىسىغا قىيا بېقىپ جىلمىيىپ قويدى - دە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى...

مۇراسىم كۈن تىكلەنگۈچە داۋام قىلدى. مۇراسىم تۈگىگەندىن كېيىن ئالتۇن چېدىردا ئايقاغان بىلەن باتۇر ئانا - بالا ئىككىسى يالغۇز قالدى. ئانا پەچكۈمىنىڭ لېۋىدە ئولتۇراتتى. باتۇر ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى.

— ئوغلۇم، جانجىگىرىم، يۈرەك پارەم! كۆزۈمدىن ئۇچتۇڭ، خويمۇ سېغىندىم سېنى! ...

چوڭ ئالچى قوللىرىنى ئوغلىغا سۇندى. باتۇر ئۇنىڭ قوللىرىنى سۆيۈپ ئالدىغا تىزلاندى.

— جۇدالىق دەردىدە باغرىم خۇن بولدى، — دېدى ئانا، — سېنى ياۋ قولىدا ئۆلۈپ كېتەرمۇ، قايتا كۆرۈشۈش نېسىپ بولماسمۇ دەپ كۆپ ئەنسىرىدىم، قورقتۇم. تەڭرىلەر شەپقەتلىك ئىكەن، قۇت بېرىپ سېنى ئامان ساقلىدى، قېچىپ قۇتۇلۇشۇڭغا مەدەتكار بولدى. ئۇلۇغ تۆز كۆك قۇرت ساڭا يول باشلىدى. يېنىمىغا ئامان - ئېسەن قايتۇرۇپ ئەكەلدى. شۇكرى! ... بىراق... ئاھ تەڭرىم! ...

ئايقاغان ھەم شادلىق ھەم ئەلەم - ھەسرەتلىك يىغلاپ تاشلىدى. بۇنىڭغا قاراپ باتۇر ئۇنىڭ گۇمان - تەشۋىشلىرى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئانىنىڭ ھەسرەتلىك ياشلىرىدا ۋە تەگرىنى تىلغا ئېلىپ قىلغان ئاخىرقى نالىسى ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر باغلىنىش بارلىقىنى ھېس قىلدى.

— يىغلىما، ئۇلۇغ ئانا، ئەلەمزادە بولما، — دېدى ئۇ ئانىسىنىڭ تىزلىرىغا بېشىنى قويۇپ، — مانا، تىنىچ - ئامان دىدارلاشتۇق، خۇشال - خۇرام جەم بولدۇق. ئالدىڭدا ئامان - ئېسەن، ساق - تىمەن تۇرۇپتىمەن. شادلان، خۇشاللان... بىراق مېنى چاقىرىپسەن. بىر گېپىڭ بار سېنىڭ. تويۇپ تۇرۇپتىمەن. ئاتام بىرەر شۇملۇق قىلدى بولغاي، تونۇگۈن يۈيۈكنى ئۇنىڭ يېنىدا كۆرۈپ سەزگەندىم. ماڭا دېگىن، ئانا، مەن كەتكەندىن كېيىن قانداق ئىشلار يۈز بەردى؟

— سەنمۇ بىلىسەن، ئوغلۇم، بىراق نېمىسىنى دەي؟... — دېدى ئايقاغان ئوغلىنىڭ بېشىنى قۇچاقلاپ ھەسرەت بىلەن ياش تۆكۈپ، — مەنمۇ ئاشۇ ئاتاڭنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا ئۆكۈنۈپ يىغلايمەن. سېنى چاقىرىپ دېمەكچى بولغانلىرىممۇ شۇ گەپلەر، ئاھ!...

ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بىر ھازا يىغلىغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى - دە، چېدىرنىڭ چاڭغىرىقىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆك ئاسمانغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سەن كۆك قۇرتنىڭ نەسلى، لەۋەنت ئۇرۇقىنىڭ پۇشتى. ھوننىڭ پەخرى، تەگرى قۇت بەرگەن ئۇلۇغ تۇمەنخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئىدىڭ. ئاتاڭ سېنى يەتتە ياش ۋاقتىڭدا تەختى ھوننىڭ تەگىن ئۆگەسى دەپ جاكارلاپ پۈتۈن ئەلگە يارلىق چۈشۈرگەن. بۇ تەگرىنىڭ ئىرادىسى، تەقدىرنىڭ يازمىشى، بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كەلگەن دەخلىسىز يوسۇن - ئادەت بويىچە بولغان ئىش ئىدى. لېكىن سەن توخرى ئېلىگە بارىمتاي بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئاتاڭ تەگرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن قارشىلىشىپ مۇقەددەس يوسۇننى بۇزدى. ساڭا، ماڭا ۋە ئەلكۈنگە قىلغان ۋەدىسىدە تۇرماي ۋاپاسىزلىق قىلدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى سەن بىلمەيسەن، ئوغلۇم.

ئەنە، چاڭغىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆك تەڭرى، نۇر چېچىپ
تۇرغان كۈن تەڭرى گۇۋاھ، بىزنى كۆتۈرۈپ تۇرغان يەر تەڭرىمۇ
شاھىت. بۇنىڭ ھەممىسى ئاشۇ جانئايقىن دېگەن ئازغۇننىڭ شۇم-
لۇقلىرى! ئۇ ھۆسن - جامالىغا تايىنىپ ئاتاڭنى ئۆزىگە رام
قىلىۋالدى، قۇۋلۇق - شۇملۇق ئىشلىتىپ ئۇنى ئەقلىدىن ئازدۇر-
دى. ئىشرەتكە، پاراغەتكە باشلاپ ئۇنى ئەل ئىشلىرىدىن بەزدۇر-
دى، يوسۇن - ئادەتنى بۇزۇپ، ئوردا قائىدىلىرىنى ئاستىن -
ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئاھ!... مەن بۇلارنى ساڭا قايسى يوسۇندا
ئىزھار قىلاي؟... يا تەڭرىم، ماڭا مەدەت بەر! ئوغلۇمغا
سەۋر - تاقەت، ئەقىل - جاسارەت ئاتا قىل!...

ئايقاغان ئوغلىنىڭ بېشىنى مەھكەم قۇچاقلاپ يەنە يىغلاپ
تاشلىدى. ئۇ ئېرى تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ خېلى بۇرۇنلا كىچىك
ئالچى جانئايقىنغا مەپتۇن بولۇپ خۇدىنى يوقاتقانلىقىنى، ئۇنى
ئەتىۋارلاپ، ئىختىيارىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، سىزغان سىزىقىغا
كىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان كىچىك
ئوغلى يۈيۈككىلا كۆڭۈل بۆلۈپ باشقىسىنى ئۇنتۇغانلىقىنى، ئۆزى
بىلەن كارى بولمىغانلىقىنى، ئوغلى باتۇر بارىمتاي بولۇپ توخرى
ئېلىگە كەتكەندىن كېيىن ئەھۋالىنىڭ تېخىمۇ يامانلاشقانلىقىنى،
تەڭرىقۇتنىڭ ئۆزىنىڭ چوڭ ئالچىلىق سالاھىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ
ۋە كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن قورقۇپ رەسمى-
يەت - يۈزىسىدىن ئايدا - يىلدا بىرەر قېتىم يېنىغا كېلىپ قاراپ
قويغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۈنلىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك كى-
چىك ئالچى جانئايقىننىڭ ھەرىمىدە ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى،
ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ، مېھىر - شەپقەتنى ئۇنتۇغانلىقىنى،
ئۆزىنى يادىدىن چىقىرىپ كۆزىدىن سېلىۋەتكەنلىكىنى، كۆيۈنۈش
ۋە نەسىھەتلىرىگە ئېرەن قىلمىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كۈنداشلىق ۋە
رەشك ئوتلىرىدا ئۆرتىنىپ ئىزا - ئەلەمگە قالغانلىقىنى، خارلانغان-
لىقىنى... يۈرەك پارىسىگە، ئەر يەتكەن ئوغلىغا قانداق تىل،
قانداق ئۇسۇل بىلەن ئىزھار قىلالىسۇن؟! ئۇ يىغىسىنى توختى-

www.uyghurkitap.com

ـتىپ پەقەت تۆۋەندىكى گەپلەرنىلا قىلالىدى:

— ئاتاڭ ئاخىر ئاشۇ ئازغۇن ئايالنىڭ كەينىگە كىرىپ ئىلگىرىكى يارلىقنى بىكار قىلدى. سېنى تەگىن ئۆگەلىكتىن قالدۇرۇپ، ئورنۇڭغا ئۇنىڭ ئوغلىنى تەگىن ئۆگە قىلىپ بېكىتىپ، سول قول بىلگە خانلىققا تەيىنلىدى. كېيىن يەنە ئاشۇ ئالۋاستىنىڭ ئاتىسى، نىيىتى قارا ئوڭ قول بىلگە يانبېيقاننىڭ ئازدۇرۇشى ۋە كۈشكۈرتۈشى بىلەن سېنىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشىڭگە پەرۋا قىلماي توخرى ئېلىگە لەشكەر تارتتى...

چوڭ ئالچى سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، پۈتلىرىنىڭ قاتتىق قىسىلىپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. چۈنكى، ئوغلى غەزەپتىن تىترەپ ئۇنىڭ پۈتلىرىنى مەھكەم قاماللىۋالغانىدى.

— ئاتاڭ ئازدى. تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقىپ، مۇقەددەس يوسۇننى بۇزۇپ ئېغىر گۇناھ قىلدى! — دېدى ئۇ ئوغلىغا تەسەللى ۋە مەدەت بېرىپ، — ئۇ بۇنىڭ جازاسىنى تارتماي قالمايدۇ. ھامىنى بىر كۈنى ئاچچىق پۇشايمان يەيدۇ. ئەمما ساڭا شۇنى ئېيتايكى، سەن ھازىرچە ئۇنى ئەيىبلىمە، ئۇنىڭغا غەزەپلەنمە. ئەكسىچە ئۇنىڭغا بويسۇن ۋە ئۇنى قەدىرلە، ھۆرمەتلە. ئۇ ھەرقانچە ئەقىلسىز، نادان، رەزىل ۋە پەسكەش بولسىمۇ شۇنداق قىل. شۇندىلا ئاندىن سەن بەھۇزۇر ئۇخلىيالايسەن... قانداق قىلىمىز، ئۇ ئۆزى مايماق پۇتلىرى بىلەن قىڭغىر - قىيسىق مېڭىشنى خوپ كۆرۈۋاتسا، بۇنىڭغا بىزدە نېمە ئامال؟ ھازىرنىڭ ئۆزىدە نەسىھەت بىلەن قارشىلىقنىڭ ھەر ئىككىسىدىن بىزگە پايدا يوق، ئوغلۇم. شۇڭا ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بەرگىنىمىز تۈزۈك. ئۇ ئۇزاققا بارمايلا ئۆزى يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئۇ ئەنە شۇ چاغدا ئاندىن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ھوشىغا كېلىدۇ. بىز ئەنە شۇ چاغدا ئاندىن ئۇنى يېڭىۋاشتىن يۆلىۋالىمىز. ئەنە شۇ چاغقا بارغاندا ئاندىن ئۇ سېنى تونۇيدۇ ۋە ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن سەن ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىپ سەۋر قىلىشىڭ كېرەك. سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن، ئوغلۇم. غەزەپتىن، ئاچچىقتىن پايدا چىقمايدۇ. يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس،

ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر. كىشى ئاچچىقىنى يېڭەلمىسە ئەسەبىيلىـ
شىدۇ، غالجىرلىشىدۇ. هايۋان غالجىرلاشسا ئىگىسىنى چىشلەيـ
دۇ. بىراق كىشى غالجىرلاشسا ئۆزىنى چىشلەيدۇ، ئۆزىنى نابۇت
قىلىدۇ. سەن هەرگىزمۇ ئۆزۈڭنى نابۇت قىلىدىغان ئىشنى قىلما.
سەۋر ـ تاقەت قىلىپ، تەڭرىنىڭ هۆكمىنى كۈت!

ئاندىن ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە،
چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ چاڭغىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان
كۆككە، تىكلەنگەن كۈنگە يۈزلىنىپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى:

«ئەي مۇقەددەس كۆك تەڭرى، خاسىيەتلىك كۈن تەڭرى،
ئەلكىنلىكتە نادامەت چەككەن، تۇتقۇنلۇقتا، مەهبۇسلۇقتا خارلانـ
غان، ئازاب چەككەن، خەۋپ ـ خەتەر ئىچىدە قالغان ئوغلۇمنى
قۇتقۇزۇپ قالدىڭلار، ئۇنى ئامان ساقلاپ، ماڭىمۇ، ئۇنىڭغىمۇ
قۇت بەردىڭلار. لېكىن سىلەردىن يەنە شۇنى ئىلتىجا قىلىمەن،
ئۇلۇغ هوننىڭ بۈيۈك سەلتەنىتىگە، تاج ـ تەختىگە ئەزەلدىن
تەڭرىقۇتنىڭ چوڭ ئوغلى ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن. بۇ ئەجدادلارـ
دىن قالغان بۇزۇلماس ئادەت، مۇقەددەس يوسۇن ئىدى. بىراق
تۇمەنخان بۇ مۇقەددەس يوسۇننى بۇزۇپ گۇناهكار بولدى. كىچىك
ئالچى جانئايىقىنىڭ ئاتىسى ئېسىل نەسەبلىك سۇبېندى ئۇرۇقىنىڭ
دانىشمىنى بولسىمۇ، ئانا تەرەپ جەمەتىنىڭ تېگى نائېنىق. ئۆزىمۇ
ئۇچىغا چىققان زەهەرخەندە، شەخسىيەتچى، شۆهرەتپەرەس. شۇڭا
ئۇنىڭ ئوغلى تۇمەنخاننىڭ تاج ـ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ هون
تائىپىسىگە تۇغ ـ تەڭرىقۇت بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس!… ئى
تەڭرىلىرىم، سىلەر بۇ گۇناهكارلارنى جازالاڭلار. ئۇلارنىڭ ئەلگە،
ئەلكۈنگە ئاپەت بولۇپ قېلىشىغا يول قويماڭلار. كىشىلەر ئارىسىدا
هەق ـ ئادالەتنى نامايان قىلىپ، هون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ تەخت
سەلتەنىتىنى ئوغلۇم باتۇردەك كۆك قۇرتىنىڭ نەسلىگە، ئېسىل
نەسەبلىك، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، قەيسەر، تۈيغۇن، باهادىر ئوغـ
لانغا ئېلىپ بېرىڭلار! ئۇ هون ئېلىگە پاسىبان بولۇپ هەق يولنى
تۇتسۇن. ئەلكۈننى ئاۋۇتۇپ ئاسايىشلىقتا، تىنچ ـ خاتىرجەملىككە

uyghurkitap.com

ئېرىشتۈرسۇن. ئۇلارنى بەختلىك ھەم قۇدرەتلىك قىلسۇن! ئۇنىڭ-
غا كۈچ - قۇدرەت بېرىڭلار، ھىممەت - شىجائەت ئاتا قىلىڭلار!
ئۇنى تاقەتكە ئۈندەڭلار. سەۋرلىك، ئۈمىدۋار بولسۇن. ھىدايەتكە
باشلاڭلار، ئىشەنچكە تولسۇن!»

باتۇر ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدىغان تەسىرلىك خىتابلى-
رىنى ئاڭلاپ قەھرلىك ھاياجانغا تولدى. ئۇنىڭ قاپقارا ئۇزۇن
چاچلىرى تىك تۇردى، كۆزلىرىدىن دەھشەتلىك ئوتلار ياندى.
كۆكۈچ يۈزى لىپىلداپ، يىلپىزنىڭكىدەك ھەيۋەتلىك مۇرىلىرى
تىترەپ، مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلدى. ئېيىقنىڭكىدەك كەڭ كۆكسى
دەممۇ دەم كۆتۈرۈلۈپ پەسىيەتتى. ۋۇجۇدىدا قەھرلىك غەزەپ -
نەپرەت، تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرەت قۇترايتتى. غارىپ، چوغچام،
سۇرلۇك قىياپىتىدىن كۆك بۆرىدەك ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان،
ھېچنېمىگە تىز پۈكمەيدىغان قايتماس روھ، جەسۇرلۇق نامايان
بولۇپ تۇراتتى. ئۇ تېز - تېز نەپەس ئېلىپ بۆرىدەك ھاسىرىغىنى-
چە ئانىسىنىڭ يېنىغا، چاڭغىراقنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى - دە،
بېشىنى كۆتۈرۈپ، چوغدەك يېنىشقا باشلىغان كۆزلىرىنى كۆككە
تىكىپ مۇقەددەس تەڭرىلەرنىڭ، ئۇلۇغ تۈزنىڭ نامـىـنى تىلغا
ئېلىپ ئۆزىگە قەسەمياد باشلىدى.

تۇمەن تەڭرىقۇت باشچىلىقىدىكى قارشى ئالغۇچىلار بىلەن
باتۇر باشچىلىقىدىكى غالىب قوشۇن ئۇلانسۇ كۆلى بويىدىكى ئوتلاق-
تا بىر ھەپتە تۇرۇپ غەلىبىنى تەبرىكلىگەندىن كېيىن، پايتەخت
تۇمەنبالىققا قايتىپ كەلدى. تۇمەنبالىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
ئاۋۇل - قىشلاقلار بايرام تۈسىگە كىرگەنىدى. كوچا - مەيدانلار،
ھويلا - ئاراملار، ئۆگزىلەر، كوچىلار رەڭدار تۇغ - ئەلەملەر،
رەڭگارەڭ نەرسىلەر چىگىلگەن ئارغامچىلار بىلەن بېزەلگەنىدى.
كىشىلەر بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ چىرايلىق ياسىنىشقان،
كۆتۈرەڭگۈ، روھلۇق، شاد - خۇرام ئىدى. ئۇلار قوللىرىدا گۈل
تۇتۇپ، مەيدان ئۆپچۆرىلىرىگە، سەينالارغا، كوچىلارنىڭ ئىككى

قاسنقغا توپلىنىپ تەنتەنە قىلىشاتتى. غىلاپ دۇمباق، ناغرا، مۇڭ بورىياسى، نەي، قوبۇز، باربىتلارنى چېلىپ ساما سېلىشات-تى.
تۇمەن تەڭرىقۇت باشچىلىقىدىكى هون ئېسىلزادىلىرى بىلەن باتۇر باشچىلىقىدىكى غالىب قوشۇن سەركەردىلىرى شەھەرگە كۆن قوۋۇقتىن كىردى. ئۇلار چارۋىچى قارا بودۇنلارنىڭ، كاسىپ - هۇنەرۋەنلەرنىڭ ئۆي - چېدىرلىرى جايلاشقان قايناق كوچا، رەستە - بازارلاردىن ئۆتۈپ شەهەر مەركىزىدىكى چىملىق مەيدانغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇلارنى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئالقىش - تەنتەنە قىلىپ قارشى ئېلىشتى. تۇمەن تەڭرىقۇت ۋە باتۇر ئۇلارنىڭ بۇ ئالقىش - تەنتەنىلىرىگە لايىقىدا جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن يەنە قوزغالدى. ئۇلار ئەمدى مەيدان بىلەن ئوردا ئارىلىقىدىكى ئالىي نەسەبلىك ئوردا ئەمەلدارلىرى، يۈز - ئابرۇيلۇق ئاقسۆڭەكلەر، چەت ئەللىك ئەلچى، سودىگەرلەرنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى، هەيۋەتلىك ئىبادەتخانا، قەسىر - سارايلار جايلاشقان چوڭ كوچىدىن ئۆتۈپ، ئوردىدىكى چوڭ ئودىكامغا كىرىشى كېرەك ئىدى... باتۇر توخرى خانىنىڭ ئوردا ئاتخانىسىدىن مىنىپ قاچقان تەۋەررۈك تۇلپار ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ پايتەخت ئاهالىسى ۋە پۈتكۈل هون تائىپىسى ئىچىدىكى هەرقايسى ئۇرۇق - قەبىلە كىشىلىرى ئارىسىدا دائىم بىر خىل ئەجەبلىنىش، ئەيمىنىش ۋە ئىپتىخارلىق هېسسىياتى بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان غارىپ، چوغچام، سۇرلۇك قەددى - قامىتى بۈگۈن تېخىمۇ مەغ-رۇر گىدەيگەنىدى. ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ، ئاقسۆڭەك ئېسىلزا-دىلەرنىڭ خوتۇن - بالىلىرى، باي - سودىگەرلەر، چەت ئەللىك-لەر، كاسىپ - هۇنەرۋەنلەر، قىسقىسى، هەممە كىشى ئۇ ئۇدۇل-غا كەلگەندە هەۋەس - هۆرمەت بىلەن قارىشىپ، قىلىۋاتقان ئىشىنى، مېڭىۋاتقان يولىنى توختىتىپ، «باتۇر كەلدى، ئەنە باتۇر!» دېيىشىپ، هۆرمەت - ئېهتىرام بىلەن ئىزهار قىلىشات-تى. ئۇنىڭغا گۈل ئېتىپ، قۇت تىلەپ، ئالقىش - تەنتەنە ياڭرى-

www.uyghurkitap.com

تاتتى. باتۇر ھەممىگە بىردەك كۈلۈمسىرەپ، ئوچۇق چىراي ئې-
چىپ باش لىڭشىتىپ، قول پۇلاڭلىتىپ جاۋاب قايتۇراتتى. تو-
رۇق تۇلپارنىڭ قۇلاقلىرى ئوتتۇرىسىغا بېكىتىلگەن قوتاز قۇيرۇقى
بەرجەم، ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن نوختا - يۈگەن،
باتۇرنىڭ ئۈستۈبېشىدىكى دۇبۇلغا - ساۋۇت، شاھانە لىباسلار ئۇنى
تېخىمۇ ھەيۋەتلىك، ئۇلۇغۋار قىلىپ كۆرسىتەتتى.

باتۇر لەپىلدەپ تۇرغان يىپەك تۇغلار ئارىسىدا كېتىۋېتىپ، چوڭ كوچىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقان بىر ئۆگۈزچە تاش سارايغا دىققەت قىلىپ قالدى. تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ پاكار قورشاۋ تاملىق ساراي ھويلىسىدىكى پېشايۋان ئاستىدا ئۆزىگە ھەۋەس - ئىنتىزارلىق بىلەن تەلمۈرۈپ، تۈۋرۈكنى قۇچاقلاپ بوينىنى قىسىپ تۇرغان بىر گۈزەل قىزغا ئۇنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى. سارايىنىڭ ئىشىكلىرى مەھكەم تاقالغان، نۆكەرلەر ياراغلىرىنى تۇتۇپ كۆزەتتە تۇراتتى. باتۇر بۇ سارايىنى، سارايدىكى قىزنى قاچانلاردۇر بىر يەردە كۆرگەندەك، تونۇغاندەك قىلدىيۇ، ئەمما ئېنىق ئەسلەپ ئېسىگە ئېلىشقا ئۈلگۈرمىدى. ئۇ كىم بولغىيدى؟... بۇ ساراي ئەجەب قورۇقدىلىۋېتىپتا؟... باتۇر ئاخىرىنى ئويلاپ يەتكۈچە سارايىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ تەنتەنە، چۇقان - سۈرەن سادالىرىمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدى. لېكىن ھېلىقى قورۇقدىلىۋاتقان سۈرلۈك ساراي، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ناتونۇش قىزنىڭ كۆكتىن چۈشكەن پەرىلەردەك گۈزەل سىيماسى، بوينىنى قىسىپ، قاپقانغا چۈشۈپ قالغان ئاھۇدەك تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرى، تولىمۇ گۈزەل، ئەمما بىچارە قىياپىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا نېرى كەتمىدى... يىراقتىن شۇنچە چىرايلىق، زىلۋا، لاتاپەتلىك كۆرۈندى. ئەگەر يېقىن بېرىپ قارىسا، قانچىلىك گۈزەلدۇر ئۇ قىز؟... ئۇ كىم بولغىيدى زادى؟ نېمىشقا نازارەت ئاستىدا، يالغۇز - يېگانە تەلمۈرۈپ تۇرىدىغاندۇر؟...

باتۇر شۇ كۈنى كەچتە ئوردىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان زىياپەتتىن قايتىپ ئانىسى ئايقاغاننىڭ يېنىغا باردى. ئۇ ئەتىگەندىن بېرى

خىيالىغا كىرىۋېلىپ كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمىگەن، ئەمما كىم، قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن ھېلىقى ناتونۇش قىز توغرىسىدا ئانىسىدىن سورىدى.

— ھە، ئۇما؟ — دېدى چوڭ ئالچى، — ئۇ ئاتاڭنى قورقۇتۇپ سېنى بارىمتايلىققا ئالغان، سېنى ئەلكىنلىك، تۇتقۇنلۇققا مەجبۇر قىلغان، سېنى ھاقارەتلەپ خارلىغان، نادامەتتە قويغان، ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا سەندىن ئەدىپىنى يەپ، يۇرتىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن توخرى خانىنىڭ تۇرغاقتىكى قىزى سۇلسۇلە.

ئانىسىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ باتۇر ھەممىنى چۈشەندى. ئۇ ئەسلىدە توخرى خانىنىڭ تۇرغاقتىكى مەلىكىسى ئىكەن ـ دە! بىر چاغلاردا توخرى خان ئۇنى باتۇرغا سايىمۇ قىلغان. لېكىن باتۇر ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇنچىلىك گۈزەل، يېقىملىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتمىگەن. ئۇ ھازىر تۇمەنبالىقتا ھايات، ئەمما نازارەت ئاستىدا تۇرۇۋېتىپتۇ. بارىمتاي دېگەن ئەسلىي ئىككى ئەل مۇناسىۋىتى بۇزۇلسىلا سۆزسىز ئۆلتۈرۈلەتتى. لېكىن تۇمەن تەڭرىقۇت نېمە مەقسەتتە چېقىلمىغاندۇر؟ ئەجەبا ئۇ ئۇنى يادىدىن چىقىرىپ قويغاندىمىدۇر ياكى كېيىنچە ئەسقېتىپ قالارمۇ دەپ كوزىر ئورنىدا ھايات قالدۇرغانمىدۇر؟ يا بولمىسا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ شۇنداق قىلدىمىكىن؟ ... ياق، ئۇ ئۆز ئوغلىغا ئىچ ئاغرىتمىغان، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغان، ۋاپا قىلمىغان يەردە، دۈشمىنىنىڭ قىزىغا ھەرگىزمۇ ئىچ ئاغرىتمايدۇ. ئۇنداقتا...؟

باتۇر ئەسلىي ھېلىقى ناتونۇش قىزنىڭ توخرى خانىنىڭ تۇرغاقتىكى مەلىكىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆچلۈك قىلىشى، نەپرەتلىنىشى، ئۇنى جازالاپ ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ بۇنىڭ تامامەن ئەكسىچە، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ ئىچ ئاغرىتىپ قالدى. توۋا، ئۇ ساندىبىلدىكى تۇرغاقلىق ھاياتىنى، تۇتقۇنلۇق، مەھبۇسلۇقتا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى، توخرى خانىنىڭ ئۆزىگە سالغان نادامەتلىرىنى، قىلغان

www.uyghurkitap.com

خىرىسلىرىنى شۇنچە تېز، پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ؟ تۇخرى خان ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا نېمىلەرنى قىلمىغان؟ ئەگەر ئۇ چىدام - غەيرەتلىك، ئېغىر - بېسىق بولمىغان بولسا، ئاخىرقى پەيتتە تۇيغۇن ھەم چاققان كېلىپ جېنىنى ئېلىپ قاچمىغان بولسا، تۇخرى خان ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتى... مانا ئەمدى ئۇنىڭ قىزى باتۇرنىڭ قولىدا. ئۇ ئۇنى ئاتامدۇ، چاپامدۇ، ھارۋا چاقىغا باستۇرامدۇ ياكى ئاتقا سۆرىتىپ تېنىنى پارچىلىۋېتەمدۇ، قانداق قىلسا، ئۆزىنىڭ ئىختىيارى. ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇتمۇ بۇنىڭغا ھېچنېمە دېمەيدۇ. بەلكىم ئۇ ئالىقاچان شۇنداق قىلىشنى، ئوغلىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئۆچىنى ئېلىشنى ئويلاپمۇ قويغاندۇر... لېكىن باتۇرنىڭ نېمىشقىدۇر بۇنداق قىلغۇسى كەلمەدى. بۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ئۇ قىزنىڭ ئۆزى بىلەن تەقدىرداش ئىكەنلىكى بولسا كېرەك. ئۇ ناتىۋان قىزدا نېمە گۇناھ؟ باتۇر ئۆزىمۇ نېمە گۇناھ قىلغان؟ ئۇ ھېچنېمە قىلمىغان، لېكىن بارىمتاي بولۇپ ئىككى يىل تۇرغاقتا تۇردى، يەتكۈچە جاپا - مۇشەققەت، ئازاب - ئوقۇبەت چەكتى، ئىززىتى، غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنىپ خارلاندى، ھەتتا كىشى قولىدا بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قالدى. دۇرۇس، بۇ ئۇلارنىڭ خاتالىقى، گۇناھى، تەقدىر - قىسمىتى ئەمەس. بۇ كۆلپەتلىك تەقدىرنى، ئەلكىنلىك، مەھبۇسلۇقلىرىنى ئۇلارغا باشقىلار تاڭغان. شۇڭا بارىمتاي قىز سۇلسۇلە گۇناھسىز، ئۇنى ھەرگىزمۇ جازالاشقا، ئۆلتۈرۈشكە، ھەتتا كۆڭلىگە ئازار بېرىشكە بولمايدۇ!

## 4

باتۇر ئەتىسى چۈشلۈك غىزانى ئوردىدا يېگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بارىمتاي قىز سۇلسۇلە توغرىسىدا ئاتىسىغا ئېغىز ئاچتى.

— ئۇنى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسەن، تەڭرىقۇت ئاتا؟

— بۇ ئېنىقلا گەپقۇ، — دېدى تەڭرىقۇت ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ.

ئەمما ئۇ شۇئان يەنە ئوغلىنىڭ بۇ ھەقتە تەرەپباللا ئېغىز ئېچىشىنىڭ چوقۇم بىرەر سەۋەبى بارلىقىنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭدىن سورىدى.

— سېنىڭچىچۇ؟ سەن قانداق ئويلىدىڭ؟… مېنىڭ ئۇنى ھايات قالدۇرغۇم يوق. بەلكى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆز قولۇم بىلەن قەتلى قىلسام دەيمەن. چۈنكى ئۇ توخرى خانىنىڭ قىزى. توخرى بىزگە نېمىلەرنى قىلمىدى!…

— راست… بىراق، ھازىر بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى باتۇر ئېغىر - بېسىق ھالدا.

ئاندىن ئۇ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاتىسىغا رەسمىي يو-سۇندا كۆڭلىدىكى گەپنى قىلدى:

— سەندىن شۇنى ئىلتىماس قىلىمەن، تەڭرى قۇت بەرگەن ئاتا. ئۇنى مېنىڭ ئىختىيارىمغا تاپشۇرساڭ.

— بولىدۇ… بىراق ئۇنى سەن قانداق قىلماقچى؟ — دېدى تەڭرىقۇت ئوغلىنى سىنچى كۆزلىرى بىلەن كۆزىتىپ، — ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتمايدىغانسەن؟ كۆزۈڭ چۈشۈپ قالمىغاندۇر - ھە؟ يا قىرقىن قىلىۋالاي دەمسەن؟

— ياق، مەن بۇنداق ئويلاردا بولغىنىم يوق.

— ئەمىسە؟…

— ئۇنى تۇرغاقلىقتىن بوشىتىپ يۇرتىغا قايتۇرۇۋەتسەك-مىكىن.

— ئەجەبا؟ …— دېدى تەڭرىقۇت چوڭقۇر تەئەججۈپ بىلەن، — سەن راستىنلا شۇنداق ئويلىدىڭمۇ؟

— شۇنداق ئويلىدىم، تەڭرىقۇت ئاتا، — دېدى باتۇر ئىشەنچ بىلەن ئەستايىدىل گەپ قىلىپ، — چۈنكى ئۇ گۇناھسىز. ئۇ بىزگە ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغان، كۆڭلىدىمۇ ھېچقانداق بەد-نەتلىك، يامان غەرەز ئويلىمىغان. ئۇ بىزگە بارىمتاي بولۇپ

كەلگەندىن كېيىنمۇ بىزگە ھېچقانداق خەۋپ ـ خەتەر ئەكەلمىدى، بىرەر زىيان ـ زەخمەتمۇ يەتكۈزمىدى. ئەكسىچە كاچ تەقدىرىگە تەن بېرىپ، يوسۇنىمىزغا بويسۇنۇپ تىنچقىنا تۇرغاقتا تۇردى، خالاس. ئۇ بىر شورپېشانە، بەختسىز قىز. بايلىق ۋە گادايلىقىنىڭ، كۈچلۈك ۋە ئاجىزلىقنىڭ، ئاچ كۆزلۈك، سۈيىقەست، ھىيلە ـ مىكىر، ئۆچ ـ ئاداۋەتنىڭ، تەڭسىزلىكنىڭ تىرىك قۇربانى. ئۇنى مۇشۇ كۈنگە، مۇشۇ ھالغا قويغان، ئۆيىدىن، تۇغقانلىرىدىن، يۇرتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلغان، ئەلكىنىلىك، تۇتقۇنلۇقتا ھەسرەت ـ نادامەتكە سالغان ئاشۇ چىنلىقلارنىڭ، توخرىلارنىڭ ئىشى. چىنلىقلار بىزگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرمىغان بولسا، توخرى خان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نىيىتى بۇزۇلمىغان، بىزگە خىرىس قىلمىغان بولسا، مەن ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلمايتتىم... دەپ ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولدىيۇ، ئەمما ھازىر بۇلارنى دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆكتى.

— بوپتۇ، — دېدى ئۇ بىر پەستىن كېيىن ئېغىر خۇرسىنىپ، — بۇ ئىش سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن. ئۇنى قانداق قىلىشنى خالىساڭ شۇنداق قىل.

— شاپائىتىڭگە بارىمتاي قىز نامىدىن رەھمەت، كەرەملىك تەڭرىقۇت ئاتا، — دېدى باتۇر خۇشال بولۇپ، — چىقىشىمغا ئىجازەت بەر. مەن ھازىرلا بارىمتاي سارىيىغا بېرىپ ئۇنىڭغا خۇش خەۋەر يەتكۈزەي. بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق قەپەستىن چىقسۇن ئۇ بىچارە باچكا.

باتۇر ئاتىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ ئۆزىنىڭ يېڭى كۆچكەن قەسرىگە كەلدى. ئۇ باشقىچە بىر خۇشال كەيپىياتقا تولغان بولۇپ، ئۆزىنى قۇشتەك يەڭگىل، كۆڭلىنى كۆكتەك ئازادە ھەم يورۇق ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە، خۇشاللىقىغا جور بولغاندەك قەسىر ئىچىنىمۇ ئۆزگىچە بىر قىزغىن كەيپىيات قاپلىغانىدى. ئالچى سۈجۈك چۇشلۇك غىزاغا تۇتۇش قىلىۋاتاتتى.

يارەنلەردىن ئەرقىلبەگ، تۇقىش ئوغلان، يانان، جانەرلەر ئۇنىڭ ئوغلىنى ماڭدۇرۇپ ئەركىلىتىپ ئوينىتىۋاتاتتى. بەجەچقان بولسا يەنە ئوچاق بېشىغا بېرىۋالغانىدى... باتۇر ئۇلارنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇشال بولدى.

— پاھ، ھەممىڭلار بار ئىكەنسىلەر! — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا دوستلىرىغا كۈلۈمسىرەپ، قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ.

— ۋىيەي، نېمە بولدۇڭ، كېيىك ئوۋلىغان كۆك قۇرتتەك يايراپ كېتىپسەنغۇ؟ — دېدى ئالچى سۇجۇك توخرى ئېلىدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى چىرايىدا كۈلكە ـ شادلىق كۆرۈپ باقمىغان ئېرىگە دىققەت قىلىپ ھەم سۆيۈنۈپ.

— ھە، ھېچنېمە، ئۆزۈمچىلا... نېمە ئەتتىڭ قورساققا؟ — باتۇر ئالچىسىغىمۇ باشقىچە بىر خۇشخۇيلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلدى.

— ھەرقاچان بىرەر مۇھىم ئىشنى كۆڭلۈڭدىكىدەك پۈتتۈرگەن بولماي، — دېدى ئەرقىل ئۇنىڭغا سەپسېلىپ.

— سەندىنغۇ بىرەر ئىشنى سىر تۇتۇپ يوشۇرغىلى بولمايدۇ، ئەرقىلبەگ، — دېدى باتۇر ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن چاقچاق قىلىپ.

ئاندىن ئۇ تۇقىش ئوغلانغا يۈزلىنىپ، بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا مۇنداق دېدى:

— تۇقىش ئوغلان، ھازىرلا توخرى خانىنىڭ بارىمتاي قىزى تۇرغان سارايغا بېرىپ ئۇنىڭغا يەتكۈز. ئۇ ھازىردىن باشلاپ تۇرغاقلىقتىن ئازاد قىلىنىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن بىر مەھەل تاڭ قېلىشتى، ئەمما بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنىلا بىر چوڭ خۇش خەۋەر ئىدى. شۇڭا بىرئازدىن كېيىن ئۇلار باتۇرنىڭ مەردلىكىگە قايىل بولۇپ، بىر ـ بىرىگە قاراپ مەمنۇنىيەت بىلەن جىلمىيىشتى. تۇقىش ئوغلانمۇ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— توختا، يەنە بار، — دېدى باتۇر، — سەن يەنە ئۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com

ئىشەنچلىك تاپىغچى ـ قىرناق ۋە مۇھاپىزەتچى لەشكەرلەرنى تەييار-
لەپ، ئات ـ ئۇلاغ، سوۋغا ـ سالام تەييارلاپ بەر، ئۇ قاچان
كېتىشنى خالىسا، شۇ چاغدا يولغا چىقسۇن. بەجەچقان، سەنمۇ
بېرىپ تۇقىش ئوغلانغا ياردەملەش.

— پاھ، پاھ، پاھ، ماۋۇ ئاقىلانە تەدبىرنى، — دېدى ئەرقىل
چاقچاق باشلاپ، — توخرى مەلىكىسىنى بۇلاپ قاچمىسۇن دەپ
تۇقىش ئوغلانغا كىشى قوشقىنىڭمۇ بۇ، باتۇر؟

بۇ گەپ ھەممەيلەننى كۇلدۇرۇۋەتتى.

— بۇ قېرى بويتاقنى ئۇنداق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ،
خوتۇنسىراپ تۇرغاندا، — دېدى باتۇرمۇ ئەرقىلگە ماسلىشىپ.

— ھەي، ھەي، مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىلەر؟ — تۇقىش
ئوغلانمۇ بوش كەلمەي چاقچاقنى بەجەچقانغا ئىتتەردى، —
بارىمتاينى بۇلاپ قاچىدىغىنى مەن ئەمەس، مانا ماۋۇ مەندىنمۇ
قېرى بويتاق. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈك، توخرى
مەلىكىسى بىلەنمۇ بۇرۇندىنلا تونۇش.

— ھا... ھا... ھا... دۇرۇس ئېيتتىسەن، تۇقىش ئوغ-
لان، — دېدى باتۇر كۇلۇپ تۇرۇپ، — راست دەيسەن. ئۇ بۇنداق
ئىشلارغا كۆنۈك. ئۇنداقتا سەن بۇ كونا بارىمتاي ئوغرىسىغا
كۆز ـ قۇلاق بولماسلىق بولغۇدەك.

— ئاپلا، بۇ تەدبىر ئاقىلانە بولماپتۇ، باتۇر، — ئەرقىل يەنە
چاقچاقنى ئەۋجىگە كۆتۈردى، — بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى خەتەر-
لىككەن ئەمەسمۇ. بىر ياۋاش قوزىنىڭ يېنىغا ئىككى چىلبۆرىنى
ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئال دېسەڭ قانداق بولىدۇ؟ ئۇلار
ئۇنى تالىشىپ ئالەمنى مالەم قىلىۋەتمەمدۇ؟

— ئەمىسە سىلەر بارساڭلار بولغۇدەك، شۇبۇ يىگىتلى-
رى، — دېدى باتۇر ئەرقىلگە ماسلىشىپ، چاقچاقنى يانان بىلەن
جانەرگە يۆتكەپ.

— ھوي، بۇ نېمە دېگىنىڭ ئەمدى؟ ئۇ بۆرە كۇچۇكلىرىنىمۇ
سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ جۇمۇ، — دېدى ئەرقىل، — ئۇلارمۇ

قوزا گۆشنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغان بولسا...

— ئۇنداقتا سەن بىلەن مەنلا ئىشەنچلىك ئىكەنمىز ـ دە، ئەرقىل، ها... ها... ها...!

باتۇر خېلىغىچە تېلىقىپ ـ تېلىقىپ كۈلدى. ئۇنىڭ بۇنچىلىك ئېچىلىپ، خۇشال بولۇپ باقمىغىنىدىغا ئۇزۇن يىللار بولغانىدى.

— بىز ماڭايلى ئەمىسە، — دېدى تۇقىش ئوغلان مېڭىشقا تەمشىلىپ، ئاندىن ئۇ ئۆزىگە ئەگىشىپ ماڭغان بەجەچقانغا يەنە چاقچاق قىلدى، — قوتانغا بېرىپ قوزىنى كۆرگەندە ئالدىراپ چىڭ سالما ـ ھە. بولمىسا يەنە بىر قۇلىقىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالىسەن.

— سەنمۇ ئۆزۈڭنى تۇتۇپ تۇرارسەن، — دېدى بەجەچقانمۇ بوش كەلمەي، — بولمىسا يەنە تالىنىپ يۇزۇڭنىڭ ساق يېرى قالمايدۇ.

بۇ ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ چىراي ـ تۇرقىدىكى نۇقسانلارنى سەممىيلىك بىلەن كەلتۈرۈپ قىلىشقان چاقچىقى ھەممىدىن قىزىق بولدى. قەسىر ئىچىدە يەنە بىر ھازاغىچە كۈلكە ياڭرىدى.

باتۇر چۇشلۇك غىزانى ئاتىسىنىڭ يېنىدا يېگىنىگە قارىماي يەنە دوستلىرى بىلەنمۇ يېدى. ئۇلار بىلەن ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلارنى دېيىشىپ ئوچۇق ـ يورۇق پاراڭلاشتى. دەرۋەقە، ئۇ بۇگۈن باشقىچە روھلىنىپ ئەسلىگە قايتقاندەك بولۇپ قالغانىدى. بۇنى كۆرۈپ ئالچىسى ۋە دوستلىرىمۇ خۇرسەن بولۇشتى. بىراق ئۇلارنىڭ بۇ خۇشال كەيپىياتى ئۇزاققا بارماي ھەيرانلىق ۋە تەئەججۈپ قوينىغا سىڭىپ يوقالدى. بۇنىڭغا بىر پەس ئۆتكەندىن كېيىن قەسىرگە قايتىپ كېلىشكەن تۇقىش ئوغلان بىلەن بەجەچقاننىڭ مۇنۇ گەپلىرى سەۋەب بولدى.

— ئۇ كېتىشنى خالىمايدىكەن، — دېدى تۇقىش ئوغلان ئىشكتىن كىرىپلا.

— نېمە! ... — باتۇر ھەيران بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

كەتتى.

— شۇنداق، ئۇ ئۆزى شۇنداق دېدى، — دېدى بەجەچقانمۇ.

— ئۇنىڭغا ئوچۇق ئېيتمىدىڭلارمۇ تۇرغاقلىقتىن ئازاد قىلىنغىنىنى؟

— ئېيتتۇق، ئوچۇق ئېيتتۇق...

— ئۇنداقتا ئۇ سىلەرنىڭ گېپىڭلارغا ئىشەنمەپتۇ-دە.

— ياق، ئىشەندى. ئۇ يەنە سېنىڭ مەردلىك قىلىپ ئۆزىنى قويۇۋېتىدىغانلىقىڭنى بىلىدىغانلىقىنىمۇ دېدى. لېكىن ئۇ كېتىشنى خالىمايدىكەن. مۇشۇ يەردە قالىمەن، سىلەر بىلەن بىرگە ياشايمەن. مېنىڭ ئەمدى بۇ يەردىن باشقا يېرىم يوق، دەيدۇ.

— بۇ...؟ — باتۇر نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ تۇرۇپ قالدى.

— ئۇ قىز يالغۇزچىلىقتا زېرىكىپ خۇدىنى يوقىتىپ قويمىغاندۇر-ھە؟ — دېدى ئەقىللىق ئەرقىلمۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاڭقىرالماي.

— ئەجەبا ئۇ... — باتۇر يەنە نېمىلەرنىدۇر پەرەز قىلدىيۇ، ئەمما ئېغىزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپلەرنى دېمەي يۇتۇۋەتتى، — بولمىسا، ئۆزۈم بېرىپ سۆزلىشىپ كۆرەي.

ئۇ دوستلىرىنى قەسىرىدە قالدۇرۇپ ئۆزى يالغۇز بارمىتاي سارىيىغا باردى. تاش ساراي قاتتىق نازارەت ئاستىدا ئىدى. قاراۋۇل نۆكەرلەر ئىشىك ئالدىدا ياراغلىرىنى قۇچاقلاپ جىددىي ھالەتتە تۇرۇشاتتى. ئۇلار باتۇرنى كۆرۈپ ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشتى. بارمىتاي قىز سۇلسۇلە ساراي ھويلىسىدىكى پېشايۋاننىڭ پەچكۇمىدا تۇۋرۇككە يۆلىنىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ باتۇرنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئاخىر كەلدىڭ، ھونزادە ... — دېدى ئۇ تەمكىن ھالدا ھەم پەرىشان، ھەم ئىنتىزارلىق بىلەن باتۇرغا دادىل تىكىلىپ.

ئۇ راستتىنلا تەڭداشسىز گۈزەل ئىكەن ئەمەسمۇ، كۆكتىن چۈشكەن پەرىدەك! توخرى قىزلىرى ئىچىدە بۇنچىلىك چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ باقمىغان باتۇر. ھون قىزلىرى ئىچىدىمۇ كەم

ئۇچرايدۇ بۇنداق كۇمۇش تەنلىك، زىلۋا بوي، گۇل چىراي قىز-
لار!… پاھ، ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى! بەئەينى قىرغاق سۆيۈپ
ئېقىۋاتقان سۇپسۇزۇك ئۆگۈز سۈيىگە ساڭگىلىغان مەجنۇنتالنىڭ
ئۆزى! قاشلىرى يېڭى بىخ سۇرگەن قىياق مايسىسى، تۆكۇلۇپ
تۇرغان كىرپىكلىرى جان ئالغۇچى يا ئوقلىرى. كۆزلىرى مىسالى
بىر مۇھەببەت بۇلىقى، بۇرنى، قاڭشىرى ئېقىپ چۈشكەندەكلا.
ئېغىزىنىڭ، لەۋلىرىنىڭ ئوماقلىقىچۇ تېخى، بەئەينى تاڭ سەھەردە
شەبنەم سۆيۈپ قانمىغان قىزىلگۇل غۇنچىسى! پاھ، ئۇ نېمىدېگەن
سۇزۇك، لاتاپەتلىك، نېمىدېگەن گۇزەل، يېقىملىق، يۇزىمۇ
گۇل، بويىمۇ گۇل، ھىدىمۇ گۇل، تۇرغان - پۇتكىنى، ھەممە
يېرى، ھەممە نېمىسى گۇل!… ئەپسۇس، ئۇ باتۇرغا تەۋە گۇلزار-
لىقنىڭ گۇلى ئەمەس، باشقا يەرنىڭ ياۋا گۇلى. شۇڭا ئۇ بۇ يەردە
يەرلىشەلمەيدۇ. يەرلەشسىمۇ پۇراق چاچالمايدۇ، ئېچىلالمايدۇ. بۇ
يەرنىڭ جۇدۇن - چاپقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ھېلىمۇ ئۇ
بۇ يەردە مۇشۇ كەمگىچە توزۇپ كەتمەپتۇ. قانداق چىداپ، بەرداش-
لىق بېرىپ كەلگەندۇر بىچارە… ئەمما ئۇ بۇ يەردە ئەمدى ئۇزاق
تۇرسا بولمايدۇ. ئۇ ئۆز گۇلشەنىگە كېتىشى كېرەك. ئۇ يەرنىڭ
بۇلبۇللىرى ئۇنىڭغا ئىنتىزار. ئۇلار مۇڭ - زار بىلەن نالە قىلىپ
سايرىشىۋاتقىلى ئۇزاق بولدى!… ئاياللارغا ئانچە قىلىپ كەتمەيدى-
غان باتۇر ئەنە شۇنداق ئىزگۇ خىياللار بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا
سۇلسۇلەگە تىكىلىپ زۇۋان سۇرمەي تۇرۇپ قالدى.
— كەل، باتۇر يىگىت. بۇ يەرگە كېلىپ يېنىمدا ئولتۇر.
باتۇر مانا شۇ چاغدا ئاندىن ئېسىگە كەلدى ۋە سەل ئوڭايسىز-
لىنىپ پەچكۇمىنىڭ لېۋىگە بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ ھېلىدىن - ھېلى-
غا سۇلسۇلەنىڭ رۇخسارىدىن، ھىدىدىن مەست - بىھوش بولۇپ
خۇدىنى يوقىتىپ قويۇۋاتاتتى.
— مېنى قوغلىماقچى بولۇۋاتامسەن؟
سۇلسۇلە يەنە ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى. باتۇر ئۇنىڭ دادىل،
مەردانە ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— سەن تۇرغاقلىقتىن ئازاد قىلىندىڭ، بارىمتاي، — دېدى باتۇر بىر ئازدىن كېيىن ھوشىنى يىغىپ، — سەن بۇنىڭدىن خۇشال بولساڭ بولىدۇ.

— شۇنداقمۇ ... — ئەمما سۇلسۇلە ئۇنىڭ گېپىگە ئانچە ئېرەن قىلمىدى.

— شۇنداق ... — دېدى باتۇر سەل ھودۇقۇپ، — سەن ئەمدى يۇرتۇڭغا قايتىپ كەتسەڭ بولىدۇ.

— يۇرتۇڭغا؟ ! — سۇلسۇلە بىردىنلا غەزەپلەندى، — قايسى يۇرتقا؟ مېنىڭ يۇرتۇم قەيەردە؟ ئۇنى سەن ئالللىقاچان ۋەيران قىلىۋەتكەن تۇرساڭ، مەن يەنە قايسى يۇرتقا قايتىمەن؟ !

— سېنىڭ ئاتاڭ تېخى ھايات، — دېدى باتۇر سەل ئوڭايسىز-لىنىپ، — بەلكىم تۇغقانلىرىڭ، ئۇرۇقداشلىرىڭمۇ ھايات بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار سېنىڭ قايتىپ بېرىشىڭغا ئىنتىزار، سەن ئۇلارنى تاپالايسەن...

— مەن ئۇلارنى قەيەردىن تاپىمەن؟ سەن ئۇلارنى قاياققا قوغلىۋەتتىڭ؟... ياق! ماڭا ئۇلار كېرەك ئەمەس. مەن كەتمەي-مەن. مۇشۇ يەردە قالىمەن!

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟...

— ھېچنېمە... — سۇلسۇلە بىردىنلا پەسكويغا چۈشۈپ مە-يۈسلىنىپ يىغلىۋەتتى، — ئۇلار مېنى تاشلىۋەتكەن تۇرسا...

— ياق، سۇلسۇلە، — دېدى باتۇر ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، تەسەللى ۋە مەدەت بەرمەكچى بولۇپ، — بۇ ئاتاڭنىڭ خاتالىقى ئەمەس...

— ئەمىسە كىمنىڭ خاتالىقى؟ — دېدى سۇلسۇلە يەنە يىغىد-ۋاشتىن ئەزۋەيلەپ، — مېنى بارىمتايلىققا ئۇ ئەۋەتكەن. ئۇ يەنە ئىككى ئەل دۈشمەنلەشسە، مېنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغىنىمنىمۇ بىلەت-تى. شۇنداق تۇرۇپ ئۇ نېمىشقا يەنە سىلەر بىلەن سوقۇشىدۇ؟

— دۇرۇس. لېكىن بۇ...

— بولدى قىل، ھونزادە، ماڭا چۈشەندۈرمەن دەپ ئاۋارە

بولما. مەن كىچىك بالا ئەمەس. مېنىڭ بۇنچىلىك ئىشلارنى چۈ-
شەنگۈچىلىكىم بار. لېكىن ساڭا شۇنى دەپ قوياي، مېنى قوغلاي-
مەن دەپمۇ ئاۋارە بولما. مەن بەرىبىر كەتمەيمەن!

— نېمە ئۈچۈن؟ سەن نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ نەچچە
ۋاقىتتىن بېرى چەككەن نادامەتلىرىڭ، تارتقان ئازابلىرىڭ يەتمىدى-
مۇ سېنىڭ؟ سەن يا ماڭا قېيىداۋاتامسەن؟ ... مەندىمۇ نېمە ئامال؟
مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا ۋاپاسىزلىقنىڭ، ئاچ كۆزلۈكنىڭ، يامان
نىيەت، ئۆچ - ئاداۋەتنىڭ قۇربانى بولغان ئوغلانغۇ. مېنىڭ چەك-
كەن نادامەتلىرىم، تارتقان ئىزا - ئاھانەتلىرىم سېنىڭكىدىن نەچچە
ھەسسە كۆپ، ئەھۋالىممۇ سېنىڭكىدىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىق،
خەتەرلىك ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ماڭا ئىچ ئاغرىتىدىغان، مېنى قانات
ئاستىغا ئالىدىغان بىرمۇ كىشى چىقمىغان. مەن ئۇ كۆلپەتلىك،
خەتەرلىك تەقدىردىن ئۆزۈم قېچىپ قۇتۇلدۇم. ھەممىدە ئۆزۈمگە
تاياندىم. بىراق ھازىرقى كۈن - جايىمنىمۇ ئۇنچە ياخشى دېيەلمەي-
مەن. مەن ئۆزۈمنى يەنىلا تاشلىۋېتىلگەن ئوغۇل ھېسابلايمەن.
بىر ھېسابتا مەنمۇ ھازىر ساڭا ئوخشاش ھېسسىياتتا... شۇڭا ساڭا
ئىچ ئاغرىتتىم، بارىمتاي. ئۇۋال بولمىسۇن دېدىم. سەن بولساڭمۇ
شەپقەتكە ئېرىش، بەختىڭنى تاپ...

— بىلىمەن، مەن سېنى ۋە كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن... مەن
ساڭا قېيىدىمىدىم. سەن ھەقلىق ئىدىڭ، ھەق ئىشنى قىلدىڭ.
يەنە مەردلىك قىلىپ مېنى تۇرغاقلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئەركىنلىك-
كە ئېرىشتۈرمەكچى بولۇۋاتىسەن. لېكىن مېنىڭ ئەھۋالىم سې-
نىڭكىگە ئوخشاشمايدۇ. ئۆزۈممۇ ساڭا ئوخشاشمايمەن. مېنىڭ بۇ
يەردىن كەتكۈم يوق، كەتسەممۇ، قايتىپ بېرىپ ئاتا - ئانامنى،
تۇغقانلىرىمنى، ئۇرۇقداشلىرىمنى تاپساممۇ، ئۇلار مېنى قوينىغا
ئېلىپ ھەرقانچە ياخشى مۇئامىلە قىلسىمۇ، مەن يەنىلا بەختلىك
بولالىشىم ناتايىن. بەلكىم مەن قايتىپ كەتسەم ساڭا ئوخشاشمايدى-
غان، سېنىڭدىنمۇ ئېغىر ئەھۋالغا قېلىشىم مۇمكىن. ئۇنىڭدىن
كۆرە كەتمىگىنىم، مۇشۇ يەردە تۇرغىنىم ياخشى. چۈنكى مېنىڭ

بەختىم، خۇشاللىقىم مۇشۇ يەردە، سىنىڭ قېشىڭدا.

— مەن سىنىڭ گەپلىرىڭنى ئاڭقىرالمايلا قالدىمغۇ، بارىمتاي. ئىنىقراق ئېيتقىنا، سەن بۇ يەردە قىلىپ نىمىگە ئېرىشمەكچى؟ سىنىڭ بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتىڭ زادى نىمە؟

— مۇھەببەت!

— مۇھەببەت؟ !… بۇ نىمە دىگىنىڭ ئەمدى؟ سەن كىمنى ياقتۇرۇپ قالدىڭ بۇ يەردە؟

— سىنى… ئىلگىرىكى بارىمتاي، هازىرقى هونزادە، ئىتى ئالەمگە مەشھۇر باتۇرنى.

— بۇ… بۇ … قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ ! مەن يا سىنى…

— سىنى تونۇمىسام، ئىلگىرى كۆرۈشمىگەن تۇرساق دىمەكچىمۇ سەن؟ ياق، سەن خاتالاشتىڭ. بىز ئىلگىرى كۆرۈشكەن. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا، كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرىدە، يول ئۈستىدە… بىراق سەن مىنى ئۇنتۇپ كېتىپسەن. ئەمما مەن ئۇنداق قىلالمىدىم. سىنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدىم… بىلسەڭ، مەن تا بۈگۈنگىچە سىنى ئاتا ـ ئاناڭدىن، تۇغقانلىرىڭدىن، ئۇرۇقداشلىرىڭدىن، چوقۇنغۇچىلىرىڭدىنمۇ بەكرەك سېغىنىپ، ياد ئېتىپ كەلدىم. كۆك تەڭرىدىن سىنىڭ ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىشىڭنى تىلىدىم.

— سەن كۆك تەڭرىگە ئىشىنەمسەن؟

— ئىشىنىمەن، ئىشەندىم. چۈنكى سەن ئۇنىڭغا ئىشىنىسەن، چوقۇنىسەن. مەن بولسام ساڭا… شۇڭا ئۇ هازىر مىنىڭمۇ تەڭرىم. مەن ئۇنىڭدىن مۇرادىمغا يەتكۈزۈشنى تىلەۋاتىمەن. ئۇ ماڭا قۇت ـ بۇيان ئاتا قىلىدۇ.

— سەن… بارىمتاي، ئالجىپ قالمىغانسەن ـ هە؟

— ياق، مەن ئالجىمىدىم، هېچنىمە بولمىدىم. ساق مەن. ئەقىل ـ هوشۇممۇ جايىدا، بەلكى هەرقانداق چاغدىكىدىن، سەندىنمۇ سەگەك. مەن ساڭا كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى دەۋاتىمەن.

— لېكىن بۇ… يا تەڭرىم!…

— نىمە، مىنى ياراتمايۋاتامسەن؟ هون قىزلىرىدىن نەرىم

سەتكەن مېنىڭ؟ قارىغىنا، بېشىڭنى كۆتۈرۈپ قاراپ باققىنا...
— ياق، مەن سېنى سەت دېمىدىم...
— ئۇنداقتا نېمىگە ئىككىلىنىسەن؟ ھودۇقىسەن؟ نېمىگە شۈكلەپ كېتىسەن؟ نېمىدىن قورقىسەن؟ ... مەن سەت ئەمەس، يارامسىزمۇ ئەمەس. مەن كۆك تەگرىگىمۇ ئىشىنىمەن. يوسۇنۇڭلارمۇ يات ئۇرۇقنىڭ، يات تائىپىنىڭ قىزلىرىنى چەتكە قاقمايدۇ. مانا بۇلار يەتمەمدۇ؟ ... ھەممىدىن مۇھىمى مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، باتۇر. سېنى سۆيىمەن، ساڭا چوقۇنىمەن. سەن ئۈچۈن مەن ھەممىدىن — ئاتا - ئانامدىن، يۇرتۇم، ئۇرۇقۇم، ھەتتا ئۆتمۈشۈمدىن، ھەننىۋا نەرسەمدىن ۋاز كېچىشكە رازى. مەن ساڭا ياخشى ئالچى بولالايمەن...
— ......

باتۇر ئاخىر دەيدىغان گەپ تاپالماي جىمىپ قالدى. مانا، ھەممە ئىش ئايدىڭ بولدى. بۇ ھەم ئەجەبلەنگۈدەك ئىش ئەمەس، ھەيران قالغۇدەك، ئەقىلگە سىغمىغۇدەك ھېچ يېرى يوق. گۈزەل بىر توخرى قىزنىڭ باتۇر ھون يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى تەبىئىي ئىش. بۇنداق ئىش ئىلگىرى مۇشۇ پېتى كۆرۈلۈپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىشلار نۇرغۇن قېتىم، قۇياش يورۇتقان ھەممىلا يەردە كۆرۈلگەن، ئۇلارنىڭ ۋىسال تېپىش، بىللە ياشاش، بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈش شەرتلىرى ۋە باشقا سۇئىي شەرتلەرمۇ تولۇق ھازىرلىنىپتۇ. بۇ جەھەتتە بارىمتاي قىز سۇلسۇلەنىڭ دېگەنلىرى تامامەن توغرا. ئۇ ھون دىيارىدا قېلىشنى، ھون تائىپىسى ئىچىدە ياشاشنى خالايدۇ. ئۇلار ئېتىقاد قىلغان كۆك تەگرىگىمۇ ئىشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ يوسۇن - ئادەتلىرىگىمۇ بويسۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ يوسۇن - ئادەتلىرىدىمۇ ھون يىگىتلىرى يات ئۇرۇق، يات تائىپىنىڭ قىزلىرىغا ئۆيلەنسە بولمايدۇ، بىر ئەر بىرنەچچە خوتۇن ئالسا بولمايدۇ، دەيدىغان چەكلىمە يوق. ئەكسىچە ھون يوسۇنى بۇنى قوللايدۇ، قۇۋۋەتلەيدۇ. ھونلارلا ئەمەس، پۈتكۈل بوزقىر قوۋملىرىنىڭ ھەممىسى شۇنداق. چۈن-

تۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كى بۇ ئۇرۇق ئەزالىرىنى كۆپەيتىشكە، ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا، قۇدرەت تاپقۇزۇشقا پايدىلىق… ئەڭ مۇھىمى سۇلسۇلە ئېيتقاندەك، ئۇ باتۇرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنى چىن دىلىدىن، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن سۆيىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە نېمىسىدىن ۋاز كېچىشكە، ھەتتا ئۆلۈشكىمۇ رازى. يەنە كېلىپ ئۇ سەت ئەمەس، بەلكى ھەر قانداق ئەركەك زاتىنى قايىل قىلغۇدەك، ئۆزىگە مەپتۇن ـ مەھلىيا قىلىپ ئەقلىدىن ئازدۇرغۇدەك دەرىجىدە گۈزەل ھەم يېقىملىق. بىرمۇ كۆرۈمسىز، يارامسىز يېرى يوق ئۇنىڭ… شۇنداق بولغاندىن كېيىن بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك، ئەجەبلەنگۇدەك، ئارىسالدى، دىلىغۇل بولغۇدەك، قورققۇدەك نەرى بار؟ ئەمدى باتۇرچۇ؟… دۇرۇس، بىر قولدىن چاۋاك چىقمايدۇ. قۇياش نۇر چاچمىسا سايە چۈشمەيدۇ. شامال سوقۇپ تۇرمىسا، دەل ـ دەرەخ، مايسىلار لىڭشىمايدۇ، يەلپۈنۈپ ئۇسسۇلغا چۈشمەيدۇ. سۇلسۇلە ياخشى كۆرگەن، سۆيگەن بىلەن باتۇر ئۇنى ياقتۇرمىسا، بۇ ئىشمۇ ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. باتۇر ئۇنى ياقتۇرمايدۇ؟… ياق، ئۇنىڭدا بۇنىڭغا ھېچقانداق ئاساس يوق. ئۇنداقتا… ئۇ پەقەت بۇنداق بولۇشنى، بۇنداق تېز، ئۇشتۇمتۇت بولۇشنى ئويلاپ باقمىغان. كاللىسىدا، كۆڭلىدە ھېچقانداق تەييارلىقى بولمىغاچقا، تاسادىپىيلىق ھېس قىلىپ جىمىپ قالدى، خالاس.

باتۇر يەنە نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ ھەم ھاياجانلىنىپ، ھەم دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. دەيدىغانلىنىڭ ھەممىسىنى دەپ ئىچىنى بوشاتقان سۇلسۇلە ئاستا كېلىپ ئالدىدا ئولتۇرۇپ تارتىنماستىن قوللىرىنى تۇتقاندىلا، ئاندىن ئۇ ئۆزىگە كەلدى.

— ماڭا ۋاقىت بەر، ئويلىنىۋالاي، — دېدى ئۇ قىزنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىگە تىكىلىپ.

— شۇنداق دەيدىغىنىڭنى بىلەتتىم. ئويلان… — دېدى سۇلسۇلە ئۇنىڭ دۇمبىسىنى، تۇك باسقان ئېيىقنىڭكىدەك كەڭ ئالقانلىرىنى گۈل بەرگىدەك سۇزۇك ھەم يۇمران مەڭزىلىرىگە يېقىپ پىچىرلاپ تۇرۇپ، — لېكىن مېنىڭ ئۇمىد ـ ئىشەنچىمنى يەردە

قويما. چۈنكى مەن ئۆزۈمنى ساڭا ئاللىقاچان ئاتىۋەتكەن. ئەگەر بولمىغاندىمۇ مېنى بۈگۈنكىدەك قوغلىما. مەن ساڭا ھەرگىز يۈك بولۇپ قالمايمەن، ئىشلىرىڭغىمۇ كاشىلا قىلمايمەن. مەن پەقەت مۇشۇ يەردە ياشىسام، سېنىڭ يېنىڭدا بولسام، سېنى كۆرۈپ تۇرسام بولدى. مەن ساڭا ئاشىق، باتۇر!...

— بىراق ماڭا ئېرىشمەك، مەن بىلەن چىقىشىپ بىللە ياشىماق ئۇنداق ئاسان ئەمەس، سۇلسۇلە. چۈنكى، مەيلى قايسى جەھەتتىن بولمىسۇن، مەن ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاشمايمەن. مەن تۇغۇلۇشۇمدىن، يارىلىشىمدىنلا شۇنداق، تۇرقۇممۇ، خۇي - پەيلىممۇ، ھەتتا ئوي - خىيالىممۇ ھەم شۇنداق. بۇنى بىر ئۆزۈم، ئانام ئايقاغان ۋە تەڭرىلا بىلىدۇ. شۇڭا ۋاقتى كەلگەندە مەندىن رەنجىپ، ئۈمىدسىزلىنىپ داغدا قالارسەنمىكىن دەيمەن. ئوچۇقىنى دېسەم، مەن بۇ ئىشتا سەندىن كۆرە ئۆزۈمدىن ئەنسىرەيمەن.

— ھەممىسى ماڭا بەرىبىر! — دېدى سۇلسۇلە چەكسىز شادلىققا تولۇپ، باتۇرنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇ قەسەمياد قىلغاندەك يەنە مۇنداق دېدى، — داغدا قېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆلۈپ كەتسەممۇ، ھەتتا سەن ئۆزۈڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ ئارمىنىم يوق، ساڭا نائىل بولسام!

## 5

بارىمتاي قىز سۇلسۇلەنىڭ ئىشى باتۇرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتتى. بۇنىڭغا باشقىلارمۇ — ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇتمۇ، ئانىسى ئايقاغانمۇ، ئالچىسى سۇجۇك ۋە دوست - بۇرادەرلىرىمۇ، ھەتتا پۈتكۈل ھونمۇ باشقىچە قاراش ۋە پىكىردە بولمىدى. ئۇلار پەقەت بىر ئاز تاسادىپىيلىق، غەلىتىلىك ۋە ھەيرانلىق ھېس قىلىشتى، خالاس. چۈنكى بۇنداق ئىش ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىپ باقمىغان - دە. يەنە كېلىپ بۇ ھون ئادىتىگىمۇ خىلاپ ئەمەس. يوشۇرغۇدەك، نومۇس قىلغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس، بەلكى بۇنىڭ ئەكسىچە. شۇڭا

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ كۆپى تېخى باتۇرنىڭ بۇ رەھىمدىللىكىگە، مەردلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنىڭغا قۇت - بۇيان تىلەشتى.

باتۇر شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ خاس قەسرى بىلەن بارىمتاي سارىيى ئارىلىقىدا تەڭداشسىز گۈزەل مەھبۇبىلىرى ئالچى سۇجۇك ۋە مەلىكە سۇلسۇلە بىلەن ياشلىق، مۇھەببەت ۋىسالىنىڭ پەيزىنى سۈردى. ئۇنىڭ كۆڭلىرى ھەر ھالدا تىنچ - خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام ئۆتمەكتە ئىدى. بىراق ئاتىسىنىڭ ۋاپاسىزلىقى، ئانىسى ئايقاغاننىڭ بۇ ھەقتە ياش تۆكۈپ تۇرۇپ قىلغان ئەلەم - ھەسرەتلىك شىكايەت ۋە غەزەپلىك، يالقۇنلۇق خىتابلىرى ھامان ئۇنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ قەلبىنى ئازابلايتتى. ھەر چاغ، ھەر يەردە كالللىسىغا كىرىۋېلىپ، كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ دەرد - ئەلىمىنى، غەزەپ - نەپرىتىنى كۈچەيتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزى قىلغان قەسەمىيادىنى يادىغا ئېلىپ قايتا زىكىر قىلاتتى...

بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ تاج كىيىپ تەختتە ئولتۇرۇش، پۈتكۈل ھونغا تۇغ - تەڭرىقۇت بولۇش، تەڭرىقۇتلۇق سەلتەنىتى، شان - شۆھرىتى بىلەن ئۇزۇن يىللار دەۋران سۈرۈش ئىستىكى ۋە ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچىيەتتى. يۈرىكى غەلىبە - نۇسرەت، شان - شۆھرەت يالقۇنلىرىدا تاۋلىنىپ، ۋۇجۇدى ئىستىلاچىلىق، غالىبىيەتنىڭ دەبدەبىسى، ھۇزۇرى، لەززىتىدىن مەست بولاتتى. شۇڭا ئۇ ھەر كۈنى تاڭ يورۇماستا ئورنىدىن تۇرۇپ جانبازلىق، قىلىچۋازلىق مەشقى قىلىپ، بەدىنىنى چىنىقتۇراتتى. ئوغلى كۆكخانىنى يېتىلەپ، ئانىسى ئايقاغان بىلەن بىللە پايتەختتىكى ئىلاھىي تەڭرىلىككە بېرىپ ئىبادەت قىلاتتى، ئەجدادلىرىغا سېغىنىپ قۇربانلىق، نەزىر - چىراغ قىلاتتى. سەدىقە - ساخاۋەت قىلىپ، ئەۋلىيا سۈپەت قېرى قامانىنىڭ دۇئاسىنى ئالاتتى. ئۇنىڭ تەڭرىلەر توغرىسىدىكى، ئۇلۇغ تۆز كۆك بۆرە توغرىسىدىكى، ئىنسانىنىڭ يارالمىشى ۋە ئۇنىڭ ھايات ھەرىكىتى توغرىسىدىكى، كىشىلەر ئارىسىدىكى ياخشىلىق بىلەن ساختىلىق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈك، ساداقەت بىلەن مۇناپىقلىق،

مېھىر ـ ۋاپا بىلەن جەبىر ـ جاپا ۋە ئەقىل ـ ئىتىقاد،
ئىنساپ ـ دىيانەت، دوستلۇق، مەردلىك، باتۇرلۇق توغرىسىدىكى
دەرس ـ مۇكالىملىرىغا، ئۆگۈتلىرىگە قۇلاق سالاتتى. ئۇلۇغ ئەج-
دادلىرى توغرىسىدىكى شانلىق، ھېكمەتلىك ھېكايىلەرنى ئاڭلايتتى
ۋە ئۇنىڭدىن ئىلھام ئالاتتى. تەڭرىلەردىن، ئەجدادلىرىنىڭ روھى-
دىن ئوتلۇق ئىلتىجالىرىنى پاتراق ئىجابەت قىلىپ ئارزۇ ـ ئارمى-
نىغا، يۈكسەك غايىسىگە تېزرەك يەتكۈزۈشنى تىلەيتتى. زېرىك-
كەن ـ تېرىككەن، يۈرىكى سىقىلىپ ئىچى پۇشقان چاغلىرىدا
بولسا، ئۆزىگە ئىشەنگەن ۋە قوللاپ مەدەت بەرگەن، بېشىغا كۈن
چۈشكەندە ئەسقاتقان، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا يول كۆرسەتكەن،
يارىدەم قىلغان ئاق كۆڭۈل، سەممىمىي ـ سادىق، ۋاپا ـ ۋىجدانلىق،
مەرد، باتۇر، قەيسەر، ئىرادىلىك دوستلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ
سىردىشاتتى ياكى كۆيۈمچان ئانىسى ئايقاغاننىڭ ھەرىمىگە كىرىپ،
ئۇ يەردىكى ساز چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناشقا ماھىر قۇنچۇي، كۈ-
مۈشتېكىنلەرنىڭ، قاملارنىڭ قىزىقارلىق سۆھبەتلىرىگە داخىل
بولۇپ، نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ قوشاقلىرىنى ئاڭلايتتى. بۆلارنىڭ
ئىچىدە ياش ئايال قامانلارنىڭ گۈلخانىنى ئايلىنىپ، تورۇسقا چى-
گىلگەن ئارغامچىغا ئېسىلىپ، تۈمرۈك سادالىرىغا تەڭگەش قى-
لىپ، سۇ قايىنىمىدەك چۆرگىلەپ ساما سېلىپ پېرە ئويناشلىرى
ھەممىدىن قىزىق ھەم مەنىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ غەم ـ قايغۇسىنى،
ئەلەم ـ ھەسرىتىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇپ، غەزەپ ـ
نەپرىتىنى باساتتى.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، ئىچى پۇشۇپ يۈرىكى سىقىلغانسېرى،
دەرد ـ ئەلىمى كۆپەيگەنسېرى ئۇ دوستلىرىغا تېخىمۇ موھتاج،
يېقىن ھەم ئىجىل بولۇپ كەتتى. چۈنكى بۇنداق چاغدا كىشىنىڭ
دوستلىرىغا تېخىمۇ ھاجىتى چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ يارىدىمىگە، تەسەل-
لى ۋە مەدەتكە موھتاج بولىدۇ. ئۇلار بىلەن سىردىشىپ، بىللە
بولۇپ، ئۆزىنى تىنچلاندۇرغۇسى كېلىدۇ. ئۇ دوستلىرىنى كۆر-
سە، ئۇلار بىلەن بىللە بولسا، سىرداشسا، ئەنە شۇنداق تىنچلى-

www.uyghurkitap.com

نىپ، ئارام تېپىپ قالاتتى. دەرد ـ ئەلەمدىن قۇتۇلۇپ، شادلىققا ئېرىشكەندەك ئۆزىنى يەڭگىل، ئازادە، خۇشال ھېس قىلاتتى.

يانان بىلەن جانەر ھازىر بارىمتاي سارىيىدا توخرى مەلىكىسى بىلەن بىللە تۇراتتى. باتۇر ئۇلارنى سۇلسۇلەنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا، ئۇنى قوغداشقا قويغانىدى. ئۇ ئەسلىي بۇ شاپائەتچىلىرىنى ئوبدان تارتۇقلاپ، مۇكاپاتلاپ رازى قىلغاندىن كېيىن، يوللۇق، سوۋغا ـ سالاملار بىلەن قۇلان تېغىغا ئۇزىتىپ قويماقچى بولغانىدى. چۈنكى شۇبۇلار كىچىك قەبىلە ئەمەس، يەنە كېلىپ چېگرىغا ئولتۇراقلاشقان. ئاقساقال بولسا ياشىنىپ قالغان، ئائىلىسىنىڭ، قەبىلىسىنىڭ ئىشلىرىغا يېتىشىپ بولالمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار قايتىپ بېرىپ ياشانغان ئاتىسىغا ياردەملەشمىسە، ھەمدەمدە بولمىسا، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئىزىنى باسمىسا بولمايدۇ ـ دە. لېكىن ئۇ پايتەختكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نېمىشقىدۇر بۇ نىيەت ـ ئارزۇسىنى ئەمەلدە كۆرسەتمىدى. بۇنىڭغا نېمىنىڭ، قانداق ئىشنىڭ سەۋەب بولغانلىقى نائېنىق. بەلكىم ئۇلارنىڭ تولىمۇ يېقىملىق، ئوچۇق ـ يورۇق، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ـ سادىق، ئۆتكۈر، چېچەن، باتۇر، چەبدەس، مەرگەن، ئىشقا يارامىلىق، جاپاغا چىدامىلىق ئىكەنلىكى، توخرىلار بىلەن بولغان سوقۇشتا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى، ئىشەنچلىك، ئىستىقباللىق ئىكەنلىكى سەۋەب بولغاندۇر. چۈنكى باتۇرغا ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىن مانا مۇشۇنداق كىشىلەر لازىم ياكى بولمىسا باتۇر ئۇلارنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئۆز ئىنىلىرىدەك كۆرۈپ ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندۇر ۋە ياكى ئۇنىڭ ئۇلار توغرىسىدا باشقىچە پىلان، ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى، نىيەت ـ مەقسەتلىرى باردۇر. ئىشقىلىپ، نېمىلا بولمىسۇن، باتۇرنىڭ ئۇلاردىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى.

قۇلىقى چولاق قۇل بەجەچقان باتۇرنىڭ خاس قەسرىدە، ئالچى سۇجۇكىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇ ھەم ئۇلارغا ئاغا، ھۆرمەتلىك مېھمان، ھەم مالاي، قۇل ئىدى. بۇنى ئۇ ئۆزى خالىغان، ئۆزى

تەلەپ قىلغان. باتۇرنىڭ ئەسلىي ئۇنىمۇ ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇۋې-
تىش، ئەينى چاغدىكى ۋەدىسى بويىچە ئۇنىڭغا ھەقىقىي ھۆرلۈك،
ئەركىنلىك بېرىش، يەر، سۇ، مال ـ ۋاران ئىنئام قىلىپ،
ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ، شەپقىتىگە ھەسسىلەپ جاۋاب قايتۇ-
رۇش ئويى بار ئىدى. بىراق ئۇ كۆڭلىدىكىنى ئىزھار قىلىپ،
مەقسىتىنى ئاشكارىلاپ بولغۇچە، چىچەن بەجەچقان ھەممىنى چۈ-
شىنىپ ئۇنى قەتئىي رەت قىلدى. «ئىككى يىل خىزمىتىڭنى
قىپتىمەن. جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ، ئىسسىقتىمۇ، سوغۇقتىمۇ
سەن بىلەن بىللە بولۇپ، ھەممىنى تەڭ كۆرۈپتىمەن. ساڭا كۆنۈپ
قاپتىمەن. مېنىڭ سەندىن باشقا تۇغقىنىم، يېقىن كىشىم، باشپا-
ناھىم يوق. مەن سەندىن ئايرىلىپ ياشاشنى خالىمايمەن. مېنى
ئەمدى قوغلىما!...» دەپ تۇرۇۋالدى. باتۇر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى
ئاڭلاپ، ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ قاتتىق تەسىرلەندى، ئەسلىي
ئويىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنى يېنىدا ئېلىپ قېلىش قارارىغا
كەلدى... بەجەچقانمۇ ئۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇرسەن ھەم مىننەتدار
بولدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈر بويى بىرگە ئۆتۈش، ئۆلۈم ـ كۆرۈمە-
نى تەڭ كۆرۈش نىيىتىگە كەلدى. ئۇنىڭ ھازىرقى بىردىنبىر
مۇھىم ۋەزىپىسى، ئارزۇسى باتۇرغا ياخشى قاراش، ئۇنىڭغا كۆيۈ-
نۈش، ئۇنى تىنچلاندۇرۇش، ئىچ پۇشۇقىنى، دەرد ـ ئەلىمىنى
يېنىكلىتىش، ئۇنى سەۋر ـ تاقەتكە، شۈكۈر ـ قانائەتكە دەۋەت
قىلىپ، غەزىپىگە پايلىماي بىرەر ئىش چىقىرىپ قويۇشتىن تو-
سۇش؛ ئۇنىڭغا كۆپرەك غىزا يېگۈزۈپ، ئۇنى ياخشى ئارام ئالدۇ-
رۇپ، سالامەتلىكىنى ئاسراش ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ ئالچى
سۇجۇك ۋە چوڭ ئالچى ئايقاغان بىلەن تىلى بىر ئىدى. چۈنكى
ئۇ باتۇرنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالىنى، ھازىرقى ئەھۋالى
ۋە روھىي كەيپىياتىنى ھەممىدىن بەك ئوبدان چۈشىنەتتى.

ئەرقىل ئاتىسىنىڭ يېنىدا ئىدى. باتۇرنىڭ خاس قەسرىگە،
سىڭلىسى سۇجۇك ۋە جىيەن ئوغلى كۆكخانىنىڭ يېنىغا دائىم كې-
لىپ تۇراتتى. ئۇ ھازىر ئىلاھىي تەڭرىلىكتە، ئاتىسى ئىنچۇنقان

www.uyghurkitap.com

ئاچارىنىڭ تەربىيىسىدە ئىلىم - ھېكمەت تەھسىل قىلىۋاتاتتى. ئاتىسىدىن پېرىخونلۇقنى، ئەم - ئىرىمچىلىكنى، يۇرت سوراش، ئەلنى ئىدارە قىلىش، ئابىتلارنى ئېتىقادقا، ئەخلاققا يېتەكلەپ، تەڭرىلەرگە قانداق ئىبادەت قىلىش، تەڭرىقۇتنى ھەرۋاقىت ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنى ئەدلى - ئادالەتكە، رەھىم - شەپقەتكە، ئارىق بولۇشقا دالالەت قىلىپ، ئۇنىڭغا قانداق ياخشى مەسلىھەت بېرىش، يول كۆرسىتىش، قانداق ياخشى يابغۇ، ياردەمچى بولۇشنى ئۆگىنىۋاتاتتى. ئۇ مەيلى قايسى جەھەتتىن بولسۇن، ئاتىسىغا بارغانچە پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كېتىۋاتاتتى، ئاقىل - دانىشلىقى، ئۆتكۈر، تۈيغۇن، تەدبىرلىكلىكى، سالماق، سوغۇق قان، ئارىفلىقى، مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە بايقاشتىكى تېز، توغرا ئىنكاسى ھەمدە ئۇنى بىرتەرەپ قىلىشتىكى ئىقتىدار - ماھارىتى، ھەتتا بويىنىڭ خادىدەك ئېگىز، ئورۇقلۇقى، ساقال - بۇرۇتلىرىنىڭ شالاڭلىقى، ئاۋازىنىڭ بوم، كۈچلۈك، سۆزلىرىنىڭ ئوچۇق، ئۇرغۇلۇقلۇقى قاتارلىق تەرەپلىرىدىنمۇ پۈتۈنلەي ئاتىسىنى دورىغان، ئۇنىڭ خۇي - پەيلى، ئۆدۈم - ئادەتلىرىنى ئۆز ئەينى ئالغانىدى. ئۇ يەنە ماھىر چەۋەنداز، مەرگەن ئوۋچى، باتۇر، قەيسەر سەركەردە، ناتىق، قىزىقچى، موللا تاپقاق ئىدى. باتۇر ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن قايىل بولاتتى، ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. خىياللىرىدا، ئىستەكلىرىدە ئۆزىنى ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئورنىدا قويۇپ باقسا، ئۇنى باش قامان، يابغۇ ئىنچۇنقاننىڭ ئورنىدا قويۇپ ھېس قىلاتتى ھەمدە كۆڭلىنىڭ بىرىدە بۇ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

تۇقىش ئوغلان باتۇردىن ئايرىلمايتتى. ئۇنىڭغا خۇددى سايىدەك ئەگىشىپ يۈرەتتى، كەينىدە كۆزى، ئالدىدا قولى ئىدى. ئۇ كەم سۆز، تۈرگۈن، سۈرلۈك ئىدى، ئوشۇقچە ئىشلارغا ئارىلاشمايتتى. كۆزلىرى ھامان بۈركۈتنىڭكىدەك يېنىپ، ھەممىگە تىكىلىپ، ھەممە يەرنى، ھەرقانداق نەرسىنى كۆزىتىپ تۇراتتى.

ئۇ تۇيغۇن ھەم ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان، ئەستايىدىل ئىدى، ھەرقانداق ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ، ئوبدان ئويلىنىپ، تۇجۇپىلەپ قىلاتتى. ھەرگىزمۇ بىخۇدلۇق، بىپەرۋالىق قىلمايتتى. ئۇنىڭ بىرمۇ تۇغقىنى، يېقىن كىشىسى يوق. تىكەندەك يالغۇز، يېتىمدەك تەنھا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئوۋ - سوقۇشلاردا خەۋپ - خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشتىن، ئوت دېڭىزىغا كىرىشتىن، تىك قىياغا يامىشىپ، چوڭقۇر ھاڭلارغا سەكرەشتىن، ئۆزىنى ئوۋغا، ياۋغا ياۋۇزدەك ئۇرۇشتىن يانمايتتى. ھالبۇكى، بۇلار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قارامىلىق، قاراقورساقلىق سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى بىر خىل قورقۇمسىز، باتۇر، ھەم قەھرىمانلىق سۈپىتىدە نامايان بولاتتى. ئۇ باتۇرنى شاپائەتچىم، بىردىنبىر تۇغقىنىم ۋە باشپاناھىم دەپ بىلەتتى. ئۇنىڭغا چەكسىز سادىق ھەم ئىخلاسمەن ئىدى. ئەمما ئۆزى سانغۇن بولۇشنى، باتۇرغا ئەگىشىپ ئۇلۇغۋار يۈرۈشلەرگە ئاتلىنىشنى، دەھشەتلىك جەڭلەرگە كىرىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىشنى، بۇ ئارقىلىق باتۇرغا بولغان ۋاپا - ساداقىتىنى بىلدۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. باتۇر بولسا ئۇنىڭغا ئۆزىدىنمۇ بەكرەك ئىشىنەتتى ۋە ئۇنى سانغۇن ئەمەس، سۈباشى بولۇشقا مۇناسىپ دەپ قارايتتى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىغا يەنە بىر يېڭى دوست، كۈچ، ئالىپ چەۋەندازمۇ قوشۇلغانىدى. ئۇ بولسىمۇ مەرھۇم ئۈيسۈن كۈنبېي[1] ناندۇبېينىڭ ئوغلى زاغۇمى ئىدى. زاغۇمى ئاتىسىدىن كىچىك قالغان. بۇ ئىشلار بۇنىڭدىن ئون سەككىز يىللار بۇرۇن بولغان. ئەينى چاغلاردا توخرىلار ئۆزلىرىنىڭ غەربىدە، يەنى چىلان تېغى بىلەن دۇخان ئارىلىقىدا ياشايدىغان ئۈيسۈنلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ كۈنبېيىسى ناندۇبېينى ئۆلتۈرۈپ، ئوت، سۇ، مال - ۋارانلىرىنى تارتىۋالدى. شۇ قېتىمقى چوڭ قىرغىنچىلىقتا ناندۇبېينىڭ يابغۇسى بۇجۇشبەگ يىراقنى كۆزلەپ، ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئۇنىڭ يېڭى تۇغۇلغان

---

[1] كۈنبېي — ئاقساقال، ئاتامان.

www.uyghurkitap.com

ئوغلى زاغۇمىنى يوشۇرۇن ئېلىپ قاچتى. ئەمما ئۇ پاناھلانغۇدەك
جاي تاپالماي ئوتلاقتا مۆكۈنۈپ ـ يوشۇرۇنۇپ يۈردى. ئۇ ھەر
قېتىم كىچىك زاغۇمىنى ئوتلاقتا قويۇپ، ئۇنىڭغا ۋە ئۆزىگە يېمەك-
لىك ئىزدەپ كەتكەندە، بىر قاراقار ئېغىزىدا گۆش چىشلەپ ئۇنىڭ
بېشىدا ئۇچۇپ ـ ئەگىپ يۈرەتتى... بۇجۇشبەگ بۇنى كۆرۈپ
قاتتىق ھەيران قالدى ۋە كىچىك كۈنبېينى ھەرقانداق قىلىپ
بولسىمۇ ئامان ساقلاپ قېلىپ، بېقىپ چوڭ قىلىش نىيىتىگە
كەلدى. كېيىن ئۇ ئامان قالغان، پىتىراپ كەتكەن ئۇرۇقداشلىرى-
غا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان جاپا ـ مۇشەققەت ۋە سەرسانچىلىقلارنى
بېشىدىن كەچۈرۈپ، شەرققە سۈرۈلۈپ ئىرسىن ۋادىسىغا كەلدى
ۋە بۇ يەردىن ھونلار ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلاردىن باشپاناھلىق تى-
لەپ، كىچىك كۈنبېي زاغۇمىنى تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ ھامىيلىقىغا
تاپشۇردى. زاغۇمى ھون ئوردىسىدا، تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ تەربىيە-
سىدە باتۇر ۋە باشقا قۇرداشلىرى بىلەن بىللە ئويناپ، بىخەتەر ھەم
ساغلام چوڭ بولدى... ئۇ ھازىر ئون سەككىز ياشقا كىرگەنىدى.
باتۇرنى ئاغام، تۇمەن تەڭرىقۇتنى ئاتام دەپ بىلەتتى. ئۇ تولىمۇ
ئۆتكۈر، چەبدەس، كۈچلۈك ھەم قورقۇمسىز، باتۇر ئىدى. باتۇر-
مۇ ئۇنى ئۆز ئىنىسىدەك كۆرەتتى ۋە كۈنلەرنىڭ بىرىدە، توخرىلار-
نى تولۇق تارمار كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنى ھونلارنىڭ ئارىسىدا،
ئۇلارنىڭ ھامىيلىقىدا ياشاۋاتقان ئۇيسۇن ئەلكۈنىگە باش قىلىپ ئۆز
يۇرتىغا قايتۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

باتۇر دائىم ئۇلار بىلەن بىللە چىقىپ، ئاۋۇل ـ قىشلاقلارنى
ئارىلاپ، بوزقىرلاردا ئات چاپتۇراتتى، تاغ ـ ئورمانلىق، چاتقال-
لىقلاردا ئوۋ ئوۋلايتتى، بەسلىشىپ، مۇسابىقىلىشىپ، ئېلىشىپ
بەدىنىنى چېنىقتۇراتتى، كۈچ ـ ماھارىتىنى ئاشۇراتتى، جەڭ
تاكتىكىسىنى ئۆگىنەتتى، ئىرادىسىنى سىنايتتى، تاۋلايتتى.

بىر كۈنى ئۇلار بىرلىكتە تۇمەنبالىقنىڭ كۈنچىقىش يۇقىرى
تەرىپىدىكى تاغ ـ ئورمانلىقتا ئوۋ ئوۋلاۋېتىپ، بىر كۆك ياللىق،
كۆك سىرتلىق ئەركەك بۆرىنى ئۇچرىتىپ قالدى. بۆرە تولىمۇ

يوغان ھەم سۇرلۇك ئىدى. قۇياش نۇرىدا سىرتلىرى پارقىراپ، كۆزلىرى ۋىل ـ ۋىل ياناتتى. ئۇنىڭ ياللىرىدىن، بېلىدىن، پۇتلىرىدىن يېتىلگەن، كۈچىگە تولغان؛ كۆزىدىن، ئالدىدىن ھېچقانداق ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان كۈچلۈك، ئالغۇر بۆرە ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئوۋچىلارنى كۆرۈپمۇ قورقمىدى، قاچمىدى يا ئۇلارغا خىرىس قىلمىدى. ئۇ ئەتراپىدا ئېگىز ـ ئېگىز ئوتلار ئۆسكەن چوڭ بىر قورام تاش تۆپىسىدە قۇلاقلىرىنى تىكلەپ، قۇيرۇقىنى سېلىپ، ئوۋچىلارغا تىكىلىپ خىرامان، ھەيۋەتلىك، ئۇلۇغۋار قىياپەتتە ئۆرە تۇراتتى. باتۇر ئۇنى كۆرۈپ سىرلىق ھاياجانغا تولدى، ھەيۋىتىدىن، سۇرىدىن چۆچۈدى. ئۇنى ساندىبىلدىكى چېغىدا چۈشىگە كىرگەن، ئۇ يەردىن قاچقاندا ئالدىغا چۈشۈپ يول باشلىغان ھېلىقى خىسلەتلىك كۆك بۆرىگە ئوخشاتتى... ئەمما ئۇنىڭ تۇرۇپلا ئۇنى ئوۋلىغۇسى كېلىپ قالدى. گەرچە بۆرىنى ئوۋلاش، ئۆلتۈرۈش چەكلەنگەن، گۇناھلىق ئىش بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بۇ نىيىتىدىن يانمىدى. چۈنكى ئۇ بۆرە ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ئوغلى كۆكخانغا لازىم ئىدى. كۆكخان ئۇ يوق چاغدا تۇغۇلدى، ئاتىسىنى كۆرمەي، ئاتا مېھرىگە قانماي چوڭ بولدى. ئۇ ئەسلىي تۇغۇلۇشى بىلەنلا بۆرە تېرىسىگە ئېلىنىشى، بۆرە ئېغىزىدىن كىرىپ چىقىشى كېرەك ئىدى. بىراق ئاتىسى يوق، بۇ ئىشلار تا ھازىرغىچە ئورۇندالماي كەلدى. بۇ كۆك بۆرە ئەنە شۇنىڭغا لازىم. ئۇنىڭ قېنى كۆكخاننىڭ قېنى بىلەن قوشۇلۇشى، ئۇنىڭ روھى كۆكخاننىڭ جىسمىغا كۆچۈشى كېرەك!...

بۆرە ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇمۇ بۆرىگە تىكىلگەنىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، بۆرە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى سېزىپ قالدى بولغاي، ئۇشتۇمتۇت بېشىنى بۇراپلا قۇيرۇقىنى سېلىپ قاچتى. باتۇر ئوقياسىنى بەتلەپ ئۇنى قارىغا ئالدىيۇ، ئەمما تەگكۈزەلمەسلىكىنى پەملەپ ئېتىشنى دېيىشتى ـ دە، ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. يارەنلىرى، ھەمراھلىرى ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا ھەيران بولۇپ كەينىدىن

ئەگەشتى. كۆك بۆرە تاشتىن تاشقا سەكرەپ، ئوق يىلاندەك سۇرۇلۇپ، سويلاپ يۈگۈرەيتتى. باتۇر ئۇنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ قارىغا ئالاتتى. بۆرە پۈتۈن كۈچىنى بىلىگە، پۇتلىرىغا يىغىپ يۈگۈرەيتتى، قاچاتتى... شۇ تەرزدە باتۇر بۆرىنى قوغلاپ ھەمراھلىرىدىن ئىلگىرىلەپ، خېلىلا ئۇزاپ كەتتى. ھەتتا قويۇق ئوت ـ چۆپ ۋە چاتقاللار قاپلىغان بىر قىر كەينىدە كۆزدىن غايىبمۇ بولدى. ھەمراھلىرى ئۇنى قوغلاپ كەينىدىن يەتكەندە، ئىزدەپ تاپقاندا بولسا، ئۇ ئالدى پۇتلىرىنىڭ يوتىسىغا، كۆكرىكىگە، يۈرىكىنىڭ ئاستىغا يا ئوقى سانجىلىپ، قىپقىزىل قانغا مىلىنىپ، غىڭشىپ سوزۇلۇپ ياتقان كۆك بۆرىنىڭ يېنىدا قاتتىق قايغۇغا چۆمۈپ تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپ، بۆرىگە قاراپ ھەمراھلىرىمۇ چۆچۈپ كېتىشتى. يۈرەكلىرى ئۆرۈلۈپ، قانداقتۇر سىرلىق ۋەھىمىگە چۆكۈپ، ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىشتى.

— ئۇنى مەن ئاتمىدىم، يىقىتمىدىم ... — دېدى باتۇر قايغۇلۇق ئاھاڭدا، — ئۇنى تەگرىدىن تەۋرىمەيدىغان، ئىنساپ ـ دىيانەتنى بىلمەيدىغان نىيىتى قارا ۋاپاسىز مۇناپىقلار ئاتتى، يىقىتتى!

ئۇ يالغان ئېيتىۋاتاتتى. ئەمما بۆرىنى ئوۋلىغاندا ئادەت بويىچە شۇنداق دېيىش كېرەك ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆلۈغ تۆزگە بولغان ھۆرمىتى، ئۇنىڭدىن ئەپۇ ـ كەچۈرۈم سورىغىنى، گۇناھىنى تىلىگىنى ئىدى... ئۇنىڭ بۇ گېپى باشقىلارغىمۇ تەسەللى ۋە مەدەت بولدى. ئۇلارمۇ سىرلىق ۋەھىمە ۋە قورقۇنچتىن خالاس بولۇپ، چوڭقۇر قايغۇغا چۆمۈشتى.

شۇ كۈنى كەچتە باتۇر ئۆزىنىڭ خاس قەسرىدە نەزىر ئۆتكۈزدى. ئۆلتۈرۈلۈپ تېرىسى سويۇۋېلىنغان، چىشلىرى، ئوشۇقلىرى چىقىرىۋېلىنىپ، جەستى قايغۇ ـ ماتەم بىلەن دەپنە قىلىنغان كۆك بۆرىگە ئاتاپ قوي ـ كالا قۇربانلىق قىلدى. ئۇ ئوغلى كۆكخاننى ھېلىقى بۆرە تېرىسىگە ئېلىپ، چەمبەرسىمان ئويۇپ كېسىۋېلىنغان بۆرە ئېغىزىدىن ئۇنى ئۈچ قېتىم ئۆتكۈزدى، ئاندىن

ئانىسى ئايقاغان، ئالچىلىرى سوجۇك، سۇلىسۇلە ۋە باشقا دوست - يارەن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىكتە تەڭرىگە تېۋىنىپ، ئەجدادلىرىغا سېغىنىپ، ئوغلى كۆكخانغا ئۇزۇن ئۆمۈر، سالامەتلىك ۋە قۇت - بۇيان تىلىدى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ، ھون دىيارىدا يەنە كۈز كىردى. ئوت - چۆپلەر پىشىپ - بۇلۇقلىشىپ، تۆللەر يېتىلىپ، مال - چارۋىلار سەمرىدى. كۈزدىكى كاتتا يىغىنلىش — ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي بايرىمى بولىدىغان پەيتمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ يىلقى كۈز ھون دىيارىدا باشقا يىللاردىكىگە ئوخشاشمايتتى. ئۇ ئۆزگىچە بىر تىنچ - خاتىرجەم، شاد - خۇرام كەيپىيياتقا، مول ھوسۇل ۋە ئاسايىشلىققا تولغانىدى. تۇمەن تەڭرىقۇت مانا شۇنى تەبرىكلەپ، بايرامدىن، قۇرۇلتايدىن كېيىن ئوردىسىدا كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزدى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا يەنە ئۆزىنىڭ مۇھىم قارارلىرىنىمۇ جاكارلايتتى. زىياپەتكە پايتەختتىكى ئوردا ئەئيانلىرى، يابغۇلار، ئېلقۇساي، قۇتقۇلار تولۇق قاتناشقاندىن سىرت، جايلاردىكى ھەرقايسى ھون خان - بەگلىرى، سانغۇنلار، ئۇرۇق - قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە تەڭرىقۇت ئائىلىسىدىكىلەرمۇ قاتناشقانىدى.

باتۇرمۇ بۇ زىياپەتكە ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. ئەمما ئۇ بۇ قېتىم تۆردىن ئورۇن ئالالمىدى. ئۇ ئودىكامىنىڭ تۆرىدە، چۆرىسى نېپىز يىپەك پەردىلەر بىلەن چۈمكەلگەن ھەشەمەتلىك بېزەلگەن توققۇز پەشتاقلىق پەچكۇم ئۈستىدىكى ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان ئاتىسىنى ۋە ئۇنىڭ سول يېنىدىكى شاھانە ئورۇنغا چىقىۋالغان ئىنىسى يۈيۈكنى كۆرۈپ قاتتىق ئىزا تارتتى، قەلب يارىلىرى قايتىدىن قاناپ، غەزەپ - نەپرىتى يېڭىۋاشتىن قوزغالدى، چىشلىرى ئىختىيارسىز كىرىشىپ، كۆكۈچ، تۈكلۈك يۈزى لىپىلداپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلانسۇ كۆلى بويىدا، ئانىسى ئايقاغانىنىڭ ئالتۇن چېدىرىدا تەڭرىلەرنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرغان قەسىمىنى يادىغا ئالدى - دە، ئۇنى ئىچىدە قايتا

زىكرى قىلدى… دەل مۇشۇ پەيتتە، تۇمەن تەڭرىقۇت لىق سۇچىك
قۇيۇلغان ئالتۇن ئاياقنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئاڭۇت ئەھلىنى
جىملەپ، ئالتۇن تەختىدىن تۇرۇپ، پەچكۇمدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ
ئالدىغا كەلدى.

— بۇنى ساڭا تۇتىمەن، ئوغلۇم! — دېدى ئۇ ئاياقنى باتۇرغا
سۇنۇپ، — بۇ مېنىڭ كۆڭلۇم، ساڭا بولغان ھۆرمىتىم، شۇنداقلا
پۈتكۈل ھونىڭمۇ ھۆرمىتى ۋە ئۈمىد ـ ئىشەنچى!

باتۇر ئۇندىمەستىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاياقنى قولىغا ئالدى،
ئاندىن ئاتىسىغا تىكىلىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ تېگىدىن نېمىلەر-
نىدۇر ئاختۇرۇپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سۇچىكنى بىر
كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋەتتى.

— يارايسەن، ئوغلۇم! — دېدى تۇمەن تەڭرىقۇت سالماق
كۈلۈپ.

— باركاللا، باركاللا! — دېيىشتى ئاڭۇت ئەھلىمۇ.

ئاندىن ئۇ پەچكۇم ئۈستىگە چىقىپ، ئۆرە تۇرغان پېتى
ئاڭـۇت ئەھلى ئالدىدا، ئۇلـۇغ ئاتلىغ ھون خان ـ بەگلىرى،
پۈتكۈل ئەل ـ يۇرت ئالدىدا ئوغلى باتۇرغا قارىتىپ مەدھىيە
ياغدۇردى. ئۇنىڭ تۇغۇلغاندا سىرلىق، خىسلەتلىك تۇغۇلغانلىقى،
كىچىكىدىن تارتىپلا جەسۇر، قورقۇمسىز، قەيسەر، باتۇر چوڭ
بولغانلىقى، لەشكىرىي مەھەرەملەر ۋە تاكتىكىلارنى پىششىق ئىگە-
لىگەنلىكى، ياۋۇز تائىيۇلەر قەبىلىسىنى بىر ئۆزى بويسۇندۇرۇپ،
چىنلىقلار بىلەن قەھرىمانلارچە ئېلىشىپ، زور ئەجىر ـ تۆھپە
كۆرسەتكەنلىكى، كېيىن ئۆزىنى، ئەلكۈننى دەپ، ئېغىر مەسئۇ-
لىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، توخرىلار ئېلىگە بارىمتاي بولۇپ تۇرغان-
لىقى ۋە ئۇ يەردىن، توخرىلارنىڭ قولىدىن ھالقىلىق پەيتتە پەم
بىلەن قېچىپ قۇتۇلغانلىقى، ئاجايىپ تۈيغۇن ۋە باتۇر ئىكەنلىكى،
كېيىن يەنە توخرىلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان قوشۇنغا باشچىلىق
قىلىپ، سوقۇشتا نۇسرەت قازىنىپ، قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى
قايتۇرۇۋالغانلىقى… قاتارلىق بىر تالاي شانلىق، ئۇلۇغۋار ئىش

ئىزلىرىنى، ئەجىر - تۆھپىلىرىنى، قەھرىمانلىقلىرىنى بىر - بىرلەپ تىلغا ئېلىپ، ئۇنى كۆپ ماختىدى. باتۇر بىلەتتىكى، ئاتىسى ئۆزىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى ئاقلاپ مەسئۇلىيەتتىن قېچىشقا، ئاجىز، ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىنى يېپىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئاخىرقى جاكارى ئويلىمىغان، كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ، باتۇرنى ھەيران قالدۇردى.

— قىسقىسى، — دېدى تەڭرىقۇت ئاخىرىدا تەنتەنە بىلەن، — ئوغلۇم باتۇر تۇيغۇن، پاراسەتلىك، قەيسەر، باتۇر يىگىت. شۇڭا ئۇ بۈگۈندىن باشلاپ ئىلكىمدىكى بارلىق ھون قوشۇنلىرىغا سۇباشى بولسۇن. قوشۇننى زورايتىپ، لەشكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇپ، سوقۇشقا تەييارلانسۇن!

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يەتتىنچى باب

# بۈيۈك مەقسەت يولىدا

## 1

باتۇر بۈگۈن تۇقىش ئوغلان بىلەن بىللە قۇرۇلغۇسى چوڭ لەشكەرگاھقا مۇۋاپىق جاي ئىزدەپ، پۈتۈن بىر كۈن تۈمەن يايلىقىنى ئالا قويماي كېزىپ، ئاۋۇل - قىشلاقلارنى ئارىلاپ، كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن ئۆزىنىڭ خاس سارىيىغا قايتىپ كەلدى. بىراق، ئۇ ھېرىپ - ئېچىپ قايتىپ كەلگەندە، سارايدا ئۇنى كۈتۈۋالىدىغان بىرمۇ كىشى يوق بولۇپ چىقتى. ئەجەبا، ئۇلار قەيەرگە كېتىشتىكىنە؟... ئۇ تۇقىش ئوغلاننى سارايدا قالدۇرۇپ، ئۆزى بارىمتاي سارىيىغا سۇلسۇلەنى ئىزدەپ باردى. ئەپسۇسكى، بۇ يەرمۇ ئوخشاشلا قۇپقۇرۇق بولۇپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ بىرمۇ قالماي قەيەرگىدۇر كېتىشكەنىدى. ئۇلار ئوردا ھەرىمىگە، چوڭ ئالچى ئايقاغاننىڭ قېشىغا كېتىشكەن بولمىسۇن يەنە؟... باتۇر شۇنداق ئويغا كېلىپ ھەرەمگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ خاتا پەرەز قىلمىغانىدى. چوڭ ئالچى ئايقاغان بۈگۈنمۇ يەنە تەكرىقۇت جەمەتىدىكى باللار ۋە ياشلارنى يېنىغا يىغىۋېلىپ، ئۇلارغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى ئەرمىكى ۋە مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چوڭ ئالچى ئايقاغاننىڭ بوۋىسى، قۇيانىدى ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلى ناھايىتى سۆزمەن، بىلگە - دانىش

كىشى ئىكەنمىش. ئانىسى ئۇنى كۆرگەن بىلەن باتۇر كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئانىسىنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا ئەل ئارىسىدا ئالىپ ئاتىلىپ شۆھرەت قازانغان، بارغان - كەلگەن يەرلىرى، كۆرگەن - بىلگەن ئىشلىرى كۆپ، بىلگە دانىش، مەرد، باتۇر، ئۇلۇغ ئاتلىق كىشى ئىكەن. ئۇ يەنە ھېكايە ئېيتىش-قا، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەشكە بەكمۇ ماھىر، سۆز-مەن، قىزىقچى كىشى بولۇپ، ئاخشام - كېچىلەردە ئۆز بالىلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا، كىشىلەر توپلانغان جايلاردا، كۆپچىلىك-كە قىزىقارلىق ئىشلارنى، ھېكايىلەرنى، قەدىمكى ئەپسانە - رىۋا-يەتلەرنى سۆزلەپ بېرىپ ۋەزخانلىق قىلىدىكەن. قامانلار بىلەن، تۇغ - دانىشلار بىلەن، ئۆتمۈش ۋەقەلىرى توغرىسىدا قىز-غىن بەس - مۇنازىرىلەر قىلىشىدىكەن، بولۇپمۇ ئۇ ئۆز ئۇ-رۇق - تائىپىسى بولغان ھونلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئۇرۇق تارىخى، ئۇلۇس - ئىلەتلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى، ئۇلۇغ ئەجدادلى-رىنىڭ شانلىق ئىش ئىزلىرى توغرىسىدىكى ھېكمەتلىك ھېكايى-لەرنى سۆزلەشكە ھەممىدىن بەك ئۇستا بولۇپ، ئۇنى خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغاندەك جانلىق، ئوبراز-لىق، قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ، تىڭشىغۇچىلارنى پۈتۈنلەي ئۆ-زىگە رام قىلىۋالىدىكەن. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى باشقا نۇرغۇن كى-شىلەر بىلىسىمۇ ياكى ئاڭلاپ ئېسىدە تۇتۇۋالسىمۇ، ئەمما سۆزلەش-كە كەلگەندە يەنىلا ئۇنىڭدەك ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بېرەل-مەيدىكەن... باتۇر ئۇلۇغ بوۋىسى توغرىسىدىكى بۇ تەرىپلەرنى ئاند-سى ئايقاغاننىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىغان. ئانىسى ئىلگىرى، ئۇ كى-چىك ۋاقىتلاردا بۇ ئىشلارنى، بوۋىسىدىن ئاڭلىغان ھېكايە - رىۋايەتلەرنى بىرنىمۇ قالدۇرماي ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەنىدى.

چوڭ ئالچى ئايقاغانمۇ بوۋىسىدىن ئۇدۇم ئالغان ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەنىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا قارلىغاچ تىللىق قىز بو-لۇپ، بوۋىسىدىن كېيىن بالىلىرىغا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا تېخىمۇ جانلىق، تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ

www.uyghurkitap.com

بېرىپ كەلدى. ئۇ باتۇردىن كېيىن تۇمەن تەگرىقۇتتىن يەنە بالا تۇغدى. بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىز بولۇپ، بىرى كىچىكىدە ئەي بولماي ئۆلۈپ كەتتى. يەنە بىرى ئون ياشلارغا كەلگەندە ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قازا قىلدى. قالغان ئىككىسى ھايات بولۇپ، چوڭى چەچەك ئون توققۇز ياشتا، كىچىكى ئاپئاق ئون تۆت ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى تىڭشىغۇچىلىرى ئىچىدە بۇ ئىككى قىزى، كېلىنلىرى سوجۇك بىلەن سولسولە، ئارزۇلۇق نەۋرىسى كۆكخان، ئوغلى باتۇرنىڭ يارەنلىرىدىن يانان، جانەر ۋە قۇلىقى چولاق بەجەچقاندىن بۆلەك يەنە ئىككى بالىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تەڭ دېمەتلىك ئوغۇللار بولۇپ، تۇمەن تەگرىقۇتنىڭ باشقا - باشقا قۇنچۇيلىرىدىن تۇغۇلغان، باتۇردىن بىرنەچچە ياشلا پەرقلىق ئىدى، ئەر يېتىلىپ قالغان يىگىتلەر ئىدى. ئۇلاردىن باشقا يەنە تۇمەن تەگرىقۇتنىڭ باشقا قۇنچۇي، كۇمۇشتېكىن، قىر-قىنلىرىدىن تۇغۇلغان بالىلار ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرى-مۇ بار بولۇپ، چوڭ ئالچى ئۇلارنى ئوخشاش كۆرۈپ، تاللىماي قانات ئاستىغا ئالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت كىچىك ئالچى جانئايىقىندىن تۇغۇلغان بالىلار — باتۇرنىڭ چوڭ ئىنىسى يۇيۇك بىلەن ئۇنىڭ بىر ئىنى، بىر سىڭلىسىلا يوق ئىدى. ئۇلارنى چوڭ ئالچى قارشى ئالمايدۇ ئەمەس، ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ھېكايە ئاڭلاشنى، باشقا تۇغقانلىرى بىلەن بىرگە ئويناشنى خالى-مايدۇ ئەمەس، بەلكى، ئانىسى — كىچىك ئالچى جانئايىقىن ئۇلارنى بۇ يەرگە ئەۋەتمەيتتى. بۇنىڭدىن چوڭ ئالچى ئايىغانمۇ ئە-جەبلىنىپ، ئاچچىقلىنىپ كەتمەيتتى.

شۇ تاپتا ئۇ ھەرىمىدىكى تاشقىرىقى چوڭ خانىدا بۇ بالىلار ۋە ياشلارنى قۇچاقلىرىدا، ئېتەكلىرىدە، ئۆپچۆرىسىدە ئۆزىگە تەل-مۈرتۈپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇلارغا ھونلارنىڭ ئۇرۇق تارىخى توغرى-سىدىكى قەدىمكى رىۋايەتنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

— شۇنداق قىلىپ... — دېدى ئۇ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىدىن بىرنەچچىسىنىڭ مۇبارەك نامىنى ھۆرمەت بىلەن ئاتاپ ئۆتكەندىن

كېيىن سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ھون تەڭرىقۇتىنىڭ ئالچى بىكە-
سى ئىككى قىز تۇغۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى كۆن، بىرى ئاي ئىكەن.
ئۇلار چوڭ بولغاندا تېخىمۇ ۋايىغا يېتىپ، گۈزەللىكتە تەڭدىشى
يوق قىزلارغا ئايلىنىپتۇ. ئەلكۆن ئۇلارنى قانداق تىل، قانداق
سۆز بىلەن تەرىپلەشنى بىلمەي «بىر جۈپ پەرىزات» دېيىشىدى-
كەن. ئاتىسى تەڭرىقۇتمۇ ئۇلاردىن ۋە ئەلكۆنىنىڭ ماختاشلىرىدىن
چەكسىز سۆيۈنۈپ، پەخىر - ئىپتىخار ھېس قىلىدىكەن. ئۇ بىر
كۈنى رەسىدە بولغان بۇ ئىككى قىزنىڭ كېيىنكى تەقدىر ئۈستىدە
باش قاتۇرۇپ: «مېنىڭ پەرىزاتلىرىم قانداق كىشىلەر بىلەن جورا
بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇلار تەڭرىنىڭ ئۆزى بىلەن جورىلاشسا بولى-
دۇ» دەپتۇ ۋە ئۆزى تۇرۇۋاتقان يەرنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى كىشى
ئاياغ باسمىغان بىر خىلۋەت، پاك - مۇقەددەس جايغا تاملىرى
ناھايىتى ئېگىز ھەم مۇستەھكەم قىلىپ بىر تۇر سالدۇرۇپ،
قىزلىرىنى ئاشۇ تۇر ئىچىگە بىنا قىلىنغان ئېگىز مۇنار ئۈستىگە
ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، ئاندىن تەڭرىگە تېۋىنىپ: «قىزلىرىمنى ئۆ-
زۈڭ كېلىپ ئەكەتكەيسەن» دەپ تىلەك تىلەپ قايتىپ كېتىپتۇ.
شۇ تەرزدە ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. پەرى قىزلار تۇر ئىچىدىكى
مۇناردا تەڭرىنىڭ كېلىپ ئۆزلىرىنى ئەكېتىشىنى كۈتۈپ يېتىپتۇ.
بىراق تەڭرى كەلمەپتۇ. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئانىسى بىكەنىڭ
ئۇلارنى كۆرگۈسى كېلىپ، تەڭرىقۇتقا ئىلتىماس قىپتۇ. بىراق
تەڭرىقۇت «ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقىسى ئۈ-
زۈلگەن» دەپ ئالچىسىنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىپتۇ. شۇنداق
قىلىپ ئارىدىن يەنە بىر يىل ئۆتۈپتۇ. ئەمما تەڭرى يەنىلا كەلمەي-
تۇ. لېكىن بىر يىلدىن كېيىن بۇ يەرگە بىر كۆك ياللىق، كۆك
سىرتلىق ئەركەك بۆرە پەيدا بولۇپ، تۇرنىڭ تېمىنى ياقىلاپ ھۇۋ-
لاشقا باشلاپتۇ. تۇر ئىچىدىكى قىزلار بۆرىنى كۆرۈپ ھەيران
بوپتۇ. ھۇۋلاشلىرىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ بۇ يەردىن
كېتىشىنى تىلەپتۇ. بىراق بۆرە كەتمەپتۇ. بەلكى تۇر تېمىنىڭ
تۈۋىنى كولاپ ئۇۋا ياساپ ماكانلىشىپتۇ. ئۇ ھامان تۇر تېشىدا

تۇرۇپ مۇنار ئىچىگە قاراپ ھۇۋلايدىكەن. پەرى سۇپەت قىزلارمۇ ئۇنى كۆرۈپ، ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرىدىكەن. كېيىنچە ئۇلار بۇ بۆرىگە ۋە ئۇنىڭ ھۇۋلاشلىرىغىمۇ كۆنۈپ قاپتۇ. بەلكى تېخى ئۇنىڭغا مېھرى چۈشۈپ، ئۇۋغا كەتسە سېغىنىدىغان، قايتىپ كەلمىسە ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قېلىشىپتۇ. بىر كۈنى چېچەن سىڭىل ئاتا ـ ئانىسىنى، ئۇرۇقداشلىرىنى ۋە ئاتىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سۆزلىرىنى ئەسلەپ، ئويلاپ ئولتۇرۇپ ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ ـ دە، ئاچىسىغا: «ئاتىمىز بىزنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويغاندا تەڭرى كېلىپ سىلەرنى ئەكېتىدۇ، دېگەن. بىراق، ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ يەرگە تەڭرى ئەمەس، بەلكى بىر كۆك بۆرە كەلدى. مەن ئۇنىڭ تۇرقى ـ سىياقىدىن، ھۇۋلاشلىرىدىن قانداقتۇر بىر نەرسىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. مېنىڭچە، ئۇ بىر خىسلەتلىك ئىلاھىي مەخلۇق ياكى بولمىسا كۆك بۆرە سىياقىدىكى تەڭرىنىڭ ئۆزى. شۇڭا مەن تۇردىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا جورا بولىمەن» دەپتۇ. ئاچىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپتۇ ۋە سىڭلىسىغا: «بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن، ئۇ بىر ياۋايى، يىرتقۇچ ھايۋان تۇرسا. ئۇنىڭغا جورا بولۇش تولىمۇ خەتەرلىك ھەم ئاتا ـ ئانىمىزغا قىلىنغان ھاقارەت ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ. «ياق، مەن ئۇنداق قارىمايمەن» دەپتۇ سىڭلىسى ۋە كۆك بۆرىنى تەڭرى دەپ تونۇپ، تۇردىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا جورا بوپتۇ. ئۇ ئۇلۇغ تۆز كۆك قۇرتنى تەڭرىنىڭ يەر يۈزىدىكى سىيماسى، مەۋجۇتلۇقى، دەپ قاراپ خاتالاشمىغانىكەن. تەڭرىنىڭ قۇدرەت ـ كامالى بىلەن ئۇ كۆك بۆرىدىن ھامىلىدار بولۇپ ئوماقىنا بىر ئىنسان بالىسى تۇغۇپتۇ. بۇ بالا چوڭ بولۇپ يەنە ئەۋلاد قالدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى كېيىنچە تېخىمۇ كۆپىيىپ، ئۇلاردىن چوڭ بىر ئۇرۇق ـ تائىپە ھاسىل بوپتۇ. ئۇلار ناخشا ـ قوشاق ئوقۇشقا ماھىر بولۇپ، بۆرىگە ئوخشاش ئۇزۇن ھەم ياڭراق ئاۋاز چىقىرالايدىكەن...

چوڭ ئالچى سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تىڭشىغۇچىلار

چوڭقۇر ھەم سىرلىق ھاياجانغا تولۇپ، سەلكىن تەگكەن مايسىلار-دەك يېنىك چايقىلىپ، پەس شاۋقۇن سېلىشتى.

— يەنە بىر رىۋايەتتە، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى چوڭ ئالچى سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — پەرى سۈپەت قىزلارنىڭ چوڭىمۇ سىڭلىسىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇردىن چىقىپ كۆك بۆرىگە جورا بوپتۇ. تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى كۆك بۆرىدىن ھامىلدار بولۇپ، ئۆزلىـ-رىگە ئوخشاش چىرايلىق، قىنىق - قىنىم ئىككى ئىنسان بالىسى تۇغۇپتۇ. ئۇلار چوڭ بولغاندىن كېيىن يەنە ئەۋلاد قالدۇرۇ-تۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كېيىنچە تېخىمۇ كۆپىيىپ ئىككى ئۇرۇق - تائىپە بولۇپ شەكىللىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى بىز ھونلارنىڭ ئەۋلادى، يەنە بىرى بولسا تۇغقان تائىپىمىز تۇرالارنىڭ ئەۋلادى ئىكەن...

رىۋايەتنىڭ داۋامى تىڭشىغۇچىلارنى تېخىمۇ قاتتىق ھاياجانغا سالدى... باتۇر ھەرەمگە كىرگەندە، ئانىسى ئايقاغان ھېكايىسىنى تېخى يېڭىلا باشلىغان، تىڭشىغۇچىلار بولسا پۈتۈن دىققەت - ئېتىـ-بارى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى تىڭشاۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ باتۇر تاشقىرىقى خانىنىڭ ئىشىكىدىلا قولاق سېلىپ تۇردى. مانا ھازىر ئۇمۇ تۇغقانلىرىغا ئوخشاشلا سىرلىق ھاياجانغا تولۇپ، كۆزلىرىنى قاراڭغۇلۇقتا تىككىنىچە چوڭقۇر خىياللارغا بېرىلدى...

ئۇنىڭ بۇنداق سىرلىق ھاياجانغا تولۇپ، چوڭقۇر خىياللارغا بېرىلىشى تۇنجى قېتىم ئەمەس. چۈنكى ئۇ بۇ رىۋايەتنى ئىلگىرىمۇ ئاڭلىغان، نەچچە قېتىم، نەچچە ئون قېتىم، ئانىسى ئايقاغاندىن ۋە باشقىلاردىن ئاڭلىغاندۇر، بەلكىم. ئەمما ئۇ ھەر قېتىم ئاڭلىـ-غاندا ھازىرقىدەك، تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلەت-تى ۋە ھاياجانغا تولاتتى.

بۇ رىۋايەتنى ئۇ تۇنجى قېتىم، يەتتە ياش ۋاقتىدا، ئانىسى ئايقاغاننىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇنداق مەزمۇندىكى رىۋايەتلەرنى، قىزىقارلىق، تەسىرلىك چۆچەكلەرنى،

بولۇپمۇ ھونلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى، ئۇلۇغ ئەجداد-لىرىنىڭ شانلىق، ھېكمەتلىك ئىش ئىزلىرى توغرىسىدىكى ھېكا-يىلەرنى باشقا كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىنمۇ ئاڭلىدى ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈن-لەي مەپتۇن بولۇپ قالدى. «بوۋامنىڭ بوۋىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى بىزگە بېرىشچە» دەپ ھېكايىسىنى باشلايتتى ئانىسى ئۇ كىچىك ۋاقتىدا. باتۇر بولسا ئانىسىنىڭ ئېتىكىدە، ئۇنىڭ تىزىغا باش قويۇپ يېتىپ ياكى ئالدىدا، كۆزلىرىگە تىكىلىپ، ئېغىزلىرى-نى يۆلەپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى پۈتۈن دىققىتى، ئىش-تىياقى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلايتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەللەي ناخشىسى ئاھاڭىغا سېلىپ ئېيتىدىغان «كۆك ئەركەك، يەر چىشى. ھونلار كۆكتىن تېمىپ، يەردىن ئۈنۈپ ئاپىرىدە بولغان، كۈندىن ئوزۇق ئېلىپ يېتىلگەن. ئىلاھ سۈپەت ئۇلۇغ تۆز كۆك بۆرە بىلەن پەرى سۈپەت ئايال ئىنساندىن تۆرىلىپ بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ۋە ئاۋۇپ ئۇزارغان...» دېگەن ئىنچام، تەسىرلىك ھېكايىسى ۋە بۇ ھەقتىكى بۆرە ـ ئىنسان رىۋايىتى ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە تولىمۇ چوڭقۇر ۋە سىرلىق تەسىراتلارنى پەيدا قىلىپ، ئۇنى مەۋھۇم، مۇئەللەق، سىرلىق ھەم سېھىرلىك بىر دۇنياغا ئەكېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ، ئاشۇ تەڭداشسىز باتۇر ئۇلۇغ تۆز كۆك بۆرە بىلەن پەرى سۈپەت ئايال ھونلارنىڭ ئۇلۇغ ئانىسىنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق ئىشلارنى ئۆزىنىڭ گۆدەك قەلبى، سەبىيلەرچە خىياللىرى بىلەن ئۆزى خالىغانچە تەسەۋۋۇر قىلاتتى. كېيىنچە ئۇ ئەللەي ناخشىلىرى، ھېكايە ـ رىۋايەتلەر ۋە بۇ ھەقتىكى تەسەۋۋۇرلار ئۇنىڭ قەلبىگە گۈزەل كۈي، گۈل نەقىشى، يۈكسەك غايە، ئارزۇ ـ ئارمان بولۇپ چېكىلدى.

ئۇ چوڭ بولۇپ توققۇز ياشقا كىرگەن يىلىنىڭ بېشىدا، ئانىسى ئۇنىڭغا ئىككىنچى سىڭلىسى ئاپئاقنى تۇغۇپ بەردى. شۇ چاغدا ئۇ چوڭ سىڭلىسى چەچەك بىلەن ئاپئاقنىڭ ۋۇجۇدىغىمۇ ئۇلۇغ تۆز كۆك بۆرە بىلەن پەرى سۈپەت ئۇلۇغ ئانىنىڭ قېنى سىڭگەنمى-دۇر؟ دېگەننى كۆپ ئويلىدى. كۆك بۆرە بىلەن ئۇلۇغ ئانىنىڭ

قىنى قېرىنداش ئاكا ـ ئىنىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قېرىنداش بولمىسىمۇ، بىر ئاتىدىن بولغان ئاكا ـ ئىنىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغىمۇ سىڭگەنلىكىگە شۇبھە قىلمىغان باتۇر ئۆز سىڭىللىرى چەچەك بىلەن ئاپئاقنىڭ ۋۇجۇدىغىمۇ سىڭگەن، دېگەن-نى پەقەتلا ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كاللىسىدا شۇ چاغلاردا قىز ـ ئاياللار توغرىسىدا بۇرۇنقىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە بىر قاراش پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئويىچە، قىز ـ ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىغا پەرى سۈپەت ئۇلۇغ ئانىنىڭ قېنى سىڭىشكە تېگىشلىك، ئەمما تەڭداشسىز باتۇر، خىسلەتلىك ئۇلۇغ تۆز كۆك بۆرىنىڭ قېنىنىڭ سىڭىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىر كۈنى ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولۇپ ئانىسىدىن سورىدى.
— ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرق بولاتتى؟ هون قىز ـ ئاياللىرى بىلەن ئەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاشلا ئۇلۇغ ئەجدادلىرىنىڭ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قېنى سىڭگەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئايقاغان.
ئەمما بۇ جاۋاب ئۇنى قانائەتلەندۈرەلمىدى. چۈنكى ئۇ قىز ـ ئاياللارنى ئايىسىمۇ، ھۆرمەت قىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى يەنىلا ئا-جىز، دەپ قارايتتى. ئاجىزلار ئۇنىڭ نەزىرىدە ھېچنېمە ئەمەس ئىدى. ئۇ، بۇ دۇنيا پەقەت كۈچلۈكلەر ئۈچۈنلا يارىتىلغان، ئۇنىڭ-دا پەقەت كۈچلۈكلەر، باتۇرلار ياشاپ ئۆزىرايدۇ ۋە يۈكسەك، مەڭگۈ قۇدرەتلىك، ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاجىزلار، چاناچ-لار شاللىنىپ يوقىلىدۇ ياكى كۈچلۈكلەرنىڭ قۇلى سۈپىتىدە مەۋ-جۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئات چاپتۇرۇپ، قىلىچ جەۋلان قىلىپ، جەڭ ـ سوقۇشلارغا كىرەلمەيدىغان ئاجىز، چاناچ كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا كۈچلۈكلەرنىڭ، باتۇر، غالىبلارنىڭ پەخرى بولغان ئۇلۇغ تۆز كۆك بۆرىنىڭ قېنى سىڭمىگەن، دەپ قارايتتى ياكى ئۇنداقلارنىڭ ۋۇجۇدىغا كۆك بۆرىنىڭ قېنى سىڭگەن، دېيىشنى نومۇس بىلەتتى. بۇ ئۇنىڭ قەلبىگە ئەينى چاغدىن باشلاپ ئورناش-قان بىر خىسلەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ بۇنىڭدىن ئۈچ يىل

بۇرۇن، يەنى هونلار چىنلىقلاردىن يېڭىلىپ، شىمالغا سۇرۇلۇپ، ئاردىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇت چاقىرغان، تۇڭگۇسلار بىلەن توخرىلارنىڭ قايسىبىرىگە هۇجۇم قىلىش - قىلماسلىق ياكى ئۇلارنىڭ ئالدىغا تىنچلىق تىلەپ بېرىش - بارماسلىق توغرىسىدىكى كېڭەشتە بولۇنغان گەپلەر، چىقىرىلغان قارارلار غۇرۇرىغا قاتتىق تېگىپ، پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتكەن...

بۇ ئىشلار، ئانىسىنىڭ ئاشۇ ئەللەي ناخشىلىرى، تەسىرلىك هېكايە - چۆچەكلىرى هازىرمۇ ئۇنىڭ يادىدا. ئۇ گەرچە بۇلارنى تولۇق، ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئېسىدە تۇتۇپ بولالمىغان بولسىمۇ، ئۇنى ئانىسى ئايقاغاندەك جانلىق، تەسىرلىك، راۋان، تولۇق سۆزلەپ بېرەلمىسىمۇ، ئەمما مەنۋى تايانچ، روهىي كۈچ - قۇدرەت سۈپىتىدە قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ساقلاپ هەم ئاسراپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا پەقەت ئايالالار توغرىسىدىكى قاراشتا ئۆزگىرىش، چۈشىنىش بولغان، خالاس...

— ئۇرۇق - ئەۋلادىمىز كۆكتىن تېمىپ، يەردىن ئۈنۈپ ئاپىرىدە بولغان، كۈندىن ئوزۇق ئېلىپ يېتىلگەن ۋە ئاۋۇپ ئۇزارغان. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنى «كۈن بالىلىرى، كۈن جەمەتىدىكىلەر، كۈن ئۇرۇقى، كۈنلەر» دەپ ئاتىغان. هازىرقى ئۇلۇغ ئاتىقىمىز «هون» دېگەن سۆزمۇ قەدىمكى ئەنە شۇ «كۈن» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن...

ئايقاغان ئەمدى هېكايىسىنى باشقا بىر مەزمۇنغا يۆتكەپ، تارىخنىڭ شانلىق سەهىپىلىرىنى ۋاراقلاشقا باشلىدى.

— چىنلىقلار، ئىلگىرىكى خۋاشيا ئۇرۇقلىرىنىڭ قەدىمكى ئەۋلادلىرى، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، — بىز هونلارنى رۇڭ - دىلار، دەپ ئاتىغانىكەن. بۇ يەردىكى «رۇڭ» دېگىنى بىز هونلارنى، «دى» دېگىنى هازىر چۆللۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە ياشاۋاتقان تۇغقان تائىپىمىز تۇرالارنىڭ قەدىمكى ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدىكەن. قەدىمدىن تارتىپ مۇشۇ زېمىندا ئۆزئارا ئارىلىشىپ،

بىر ـ بىرىمىزگە قىز بېرىپ، قىز ئېلىپ، بىللە ياشاپ كەلگەندىكەنمىز. شۇڭا چىنلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى بىزنى بەزىدە ئارىلاشتۇرۇپ، بەزىدە پەرقلەندۇرۇپ رۇڭ ـ دىلار دەپ ئاتىغانىكەن... بۇ، بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار مۇقەددەم زاماندىكى ئىشلار، بالىلىرىم. لېكىن شۇ ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئەنە شۇ چاغلاردىمۇ بىز هون، تۇرالار مانا مۇشۇ مۇقەددەس زېمىندا، كۈن ۋە ئاي ـ يۇلتۇزلارغا قۇرداش ئەزىم سېرىق ئۆگۈز بويلىرىدا، ئۇنى پاسىل قىلغان يۇقىرى ئىقلىمدىكى كەڭ قىر ـ دالىلاردا مال ـ چارۋا بېقىپ، ئات چاپتۇرۇپ، قىلىچ ئوينىتىپ ياشىغاندىكەنمىز... كېيىن، بەلكى ئىككى مىڭ يىللار بۇرۇندۇر، ئەنە شۇ دەۋرلەردىن باشلاپ، چىنلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى بىز هونلارنى چۇنۋېيلار، شيەنيۇنلەر، دەپ؛ تۇرالارنى بولسا دى، ئاق دى، قىزىل دى، ئېگىز دى، گۇيفاڭ، دىڭلىڭ، يەنى تۇغلۇقلار دەپ ئاتاپتۇ. بەزىدە هون، تۇرالارنى ئارىلاشتۇرۇپ گۇيلار، گۇيفاڭلار، دەپ ئاتاپتۇ.

— لەۋەنت، سۇلېندى، سۇبېندى، — ئايقاغان يەنە بىر يېڭى مەزمۇنغا كۆچتى، — چيۇلىن، قۇياندى، شۇبۇ، رۇ، هونگىر، چۇشۇر، شىنلى، تانيۆ، لان، بايانشاد، ئالۇبانشاد، قارا بۆرە، قۇلان، چورپىن، ئاشىنا... هونلارنىڭ يىگىرمە تۆت ئۇرۇق ـ قەبىلىسى بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆز نام ـ ئاتىقى، ئۇرۇق بەلگىسى ۋە ئاقساقىلى، ئۆز ئالدىغا ئوت ـ سۇيى ۋە مال ـ چارۋىسى بولۇپ، بەزىدە بىرلىشىپ، بەزىدە قۇمدەك چېچىلىپ، تارقاق هالەتتە ياشايدىكەن... كېيىن ئۇلار بىرلىشىپ، بىر تۇغ ئاستىغا جەم بولۇپ، هون قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنى تەشكىللەپتۇ. بۇنى ئەڭ دەسلەپتە لەۋەنت ئۇرۇقىدىكىلەر ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئىشقا ئاشۇرغانىكەن. هازىرغا كەلگەندە لەۋەنتلەرنىڭ ئالىي نەسەبلىك ئېسىل ئۇرۇق سانىلىپ، تۇغ ـ باش بولۇشى، تەڭرىقۇتلارنىڭمۇ مۇشۇ ئۇرۇقتىن چىقىشى مانا مۇشۇ ۋەجىدىن...

چوڭ ئالچى ئايقاغان ئەمدى تارىخنىڭ يېقىنقى سەھىپىلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ سېيماسىنى، ئىش ئىزلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. كېيىنكى ئەۋلادلار، ئەل ئارىسىدا نامى چىققان باتۇرلار، ئۇلۇغ ئاتلىغ بىلگە - دانىشلار، تۇغ - تەڭرىقۇتلار ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى بىر تۈندە سۆزلەپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدا يەنىلا قۇياندى ئۇرۇقىدىنىڭ بىلگە - دانىش، سۆزمەن ئاقساقىلىغا، ئۇنىڭ نەۋرىسى بولغان، ئۇنىڭ ئۇدۇمىنى ئالغان ئايقاغانغا ئوخشاش ئالاھىدە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ ۋەزخانلىقىغا مۇراجىئەت قىلماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى... كۆپچىلىك ئۇنىڭ سۆز باشلىشىنى كۈتۈپ تاقەتسىز سۇ- كۈتكە چۆمگەندە، ئۇنىڭ ئاندا - ساندا قورۇق چۈشكەن چىرايىدا بىر خىل مەمنۇنىيەت تەبەسسۇمى جىلۋە قىلدى. ئۇ ئازراق ئۇس- سۇزلۇق ئىچىپ، ئىڭىزىنى نەمدىۋالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ روھ- لىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

بىراق ئايقاغاننىڭ كېيىنكى ھېكايىسى باتۇرنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. چۈنكى ئۇ، ئۇنىڭ بايىقى سۆزلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇلاھىزىلىك خىياللارغا بېرىلىپ، ئىشىككە يۆلىنىپ ئۆرە تۇر- غان پېتى ئۆزى بىلەن ئۆزى سىردىشىشقا، مۇنازىرىلىشىشكە باشلىغانىدى.

باتۇر كۆزلىرىنى قاراڭغۇلۇققا تىككىنىچە، ئۆزىنىڭ ئىلگە- رىكى، يەنى ئۇلانسۇ كۆلى بويىدىكى قەسىمىنى يادىغا ئالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ يولىدا مېڭىش كېرەك، يەنە باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىش، ئۆرنەك قىلىش لازىم. چىنلىقلار ۋە چىن خاقانى بۇنىڭ ئۈلگىسى. ئالدى بىلەن چىن خاقانىغا ئوخشاش زورلۇق كۈچ بەرپا قىلىش، ئاندىن ئۇنىڭغا تايىنىپ باش كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىقىش، ئۇنىڭغا تايىنىپ ئاجىزلارنى، چاناچلارنى يوقىتىش، بۇ ئارقىلىق ئاردىكى تالاش - تارتىشلارنى، تەپرىقىچىلىكنى تۈگىتىش كېرەك. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال مۇۋاپىق بىر جاينى تېپىپ لەشكەرگاھ بەرپا قىلىش زۆرۈر. ئاندىن ئۇ يەردە كۈچ توپلاپ،

مۇنتىزىم بىر لەشكىرىي قوشۇن تەشكىللەش، قوشۇننى، لەشكەرنى ئۇرۇق - قەبىلە ئايرىمايدىغان، پەقەت بىرلا جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ قوشۇنغا، بۇ كۈچكە تايىنىپ تۇرۇپ چېچىلاڭغۇ، باشباشتاق ئۇرۇق - قەبىلىلەرنى ھەم ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن، ھەم مەجبۇرىي ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىر تۇغ ئاستىغا جەم قىلىش كېرەك. ئۇلارنىڭ تار، كىچىك، تارقاق مەنپەئىتىنى، شەخسىيىتىنى يوقىتىپ ياكى بىر يەرگە يىغىپ، ئورتاق، ئۇلۇغۋار، زور مەنپەئەت ۋە يۈكسەك غايە ئۈستىگە يېڭىدىن بىر كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، مۇستەھكەم ئىتتىپاق قۇرۇپ چىقىش كېرەك!

باتۇر ئەنە شۇلارنى ئويلىدى. شۇنداق ئويلاپ، راستىنىلا چىقىش يولى تاپقاندەك قاتتىق ھاياجانلاندى. ئاھ تەڭرىم!… بىراق، ئۇ كېيىن يەنە بەزىبىر ئىشلارنى ئويلاپ، باشقىدىن خىيالغا چۆمدى…

خوش، ئىشلار باتۇرنىڭ ئويلىغىنىدەكمۇ بولسۇن. ئۇ ھازىرقى سۇباشىلىق ھوقۇقىغا، ئەل ئارىسىدىكى نام - ئاتىقى ۋە نوپۇزىغا تايىنىپ بۇ ئىشلارنى ۋۇجۇدقىمۇ كەلتۈرسۇن. بىراق ئاخىرقى ھېسابتا بۇنىڭغا كىم ئىگە بولىدۇ؟ كىم ۋارىسلىق قىلىدۇ؟ قۇرۇلغۇسى ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتلۇقىغا كىم تۇغ - تەڭرىقۇت بولىدۇ؟ ئاتىسى تۈمەن تەڭرىقۇتمۇ؟ ئىنىسى يۈيۈكمۇ؟ ياكى ئۆزىمۇ؟… ئۇنىڭ ھازىر بۇنداق سالاھىيىتى يوق. چۈنكى ئاتىسى ئۇنى ئاللىقاچان تەگىن ئۆگەلىكتىن قالدۇرۇۋەتكەن. ئۇنداقتا ئۇ يەنىلا ئاشۇ ۋاپاسىز، بېلى بوش ئاتىسى ياكى گۆدەك، دىتسىز ئىنىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلامدۇ؟ ئۇلار ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىغا ئەرزىمدۇ؟… ئەگەر ئۇ ئۇنداق قىلمىسىچۇ؟ ئەكسىچە يول تۇتسىچۇ؟ بۇنى تەڭرى راۋا كۆرەمدۇ؟ ئەۋلادلارنىڭ يوسۇنى يول قويامدۇ؟ ئۇرۇقداشلار، ئەلكۈن نېمە دەيدۇ؟…

باتۇرنىڭ بىردىنلا ئوي - پىكرى چېچىلىپ بېشى ئاغرىغاندەك، كۆز ئالدى تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ

تۈنىۋر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ يورۇقلۇقىغا، تىنچلىقىغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. دۇرۇس، بۇ ئىشلارغا ئالدىرىغان بىلەن بولمايدۇ. سالماق، سوغۇق قان بولغۇلۇق. تىنچ، جىمجىت ئولتۇرۇپ، تېخىمۇ تەگلەپ، يىراقلاپ، ياخشى ئويلانغۇلۇق، شۇندىلا ئاندىن چىقىش يولى تاپقىلى، يورۇقلۇقنى كۆرگىلى بولىدۇ...

ئۇ ئانىسى بىلەن، يەنە باشقىلار بىلەنمۇ كۆرۈشۈشتىن ۋاز كېچىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ، ھەرەمدىن ئاستاغىنا چىقتى ـ دە، ئۆزىنىڭ خاس سارىيىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 2

باتۇر كېچىچە كىرپىك قاقماي تۈننى تاڭغا ئۇلىدى. ئۇنىڭ بۈيۈك مەقسەت، ئۇلۇغۋار ئىستەكلەر توغرىسىدا باش قاتۇرىدىغان ئۇيقۇسىز كېچىلىرى ئەمدى باشلانغانىدى. ئۇ قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرى قىزارغان ھالەتتە ئورنىدىن تۇردى. ئۆزىمۇ گاراڭ، ھارغىن ئىدى. ئۆيدە ئۇنى كۈتكۈدەك ھېچكىم يوق ئىدى. ئالچى سۈجۈك بىلەن ئوغلى كۆكخان چوڭ ئالچى ئايىقاغاننىڭ يېنىدا قونۇپ قالغانىدى. ئۇ تالاغا چىقىپ مۇزدەك سۇ بىلەن يۈزىنى يۇغاندىن كېيىن بىرئاز تېتىكلەشتى. شۇ چاغدا تۇقىش ئوغلان خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

— بۈگۈنمۇ سەھەر تۇرۇپ كېتىپسەن، — دېدى تۇقىش ئوغلاق تىنچلىق سوراپ.

— ھە...— دېدى باتۇر ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ.

— كېچىدىن يەنە ئۇخلىماپسەن ـ دە؟ — دېدى تۇقىش ئوغلان ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ.

— شۇ قۇرۇلغۇسى لەشكەرگاھنىڭ ئىشلىرىغا باش قاتۇرۇپ بولالمىدۇق، — دېدى باتۇر ئەسنەپ كېرىلگەچ.

— ئۇ ئىشلارغا بۇنچىۋالا باش قاتۇرۇپ نېمە كەپتۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ. بۇنداق كېتىۋې-

رىپ ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويما يەنە.
— نېمىسىنى دەيسەن. بۇ ئىشلار مېنىڭ تىنچلىقىمنى بۇز-
دى. مەن ئۇنى بىر باشقا ئاچىقمىغۇچە مۇشۇنداق ئۇخلىيالمايدىغان
ئوخشايمەن.

تۇقىش ئوغلان باشقا گەپ قىلمىدى. چۈنكى ئۇ باتۇرنى، ئۇ
باش قاتۇرۇۋاتقان ئىشلارنى ئوبدان چۈشىنەتتى. باتۇر ھەممىنى
ئۇنتۇپ، كېچىلىرى بىدار باش قاتۇرۇۋاتقان ئىشلار ھەقىقەتەنمۇ
ئاز، ئاددىي، كىچىك ئىشلار ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر چوڭ لەشكەر-
گاھ، لەشكىرىي قۇنۇم بەرپا قىلماقچىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى
بىلەن بىر مۇۋاپىق جاي ئىزدەپ تېپىش كېرەك. ئۇ جاي كەڭ،
ئوت - سۇيى مول، ئوۋ - كېيىكى كۆپ، شارائىتى ئەۋزەل،
خىلۋەت ھەم قولاي بولۇشى لازىم. نەچچە كۈندىن بېرى باتۇر
تۇمەن يايلىقىدىن، چوغاي تېغى ئېتەكلىرىدىن ئاشۇنداق جاينى
ئىزدەپ ئاز باش قاتۇرمىدى، ئاز جاپا تارتمىدى. لېكىن ئۇ ئويلى-
غاندەك، ئۇنىڭ كۆڭلىگە خوپ كەلگۈدەك بىر مۇۋاپىق جاي ھېلى-
غىچە تېپىلمىدى. ئۇنداق جايغۇ ھامان تېپىلىدۇ. ھېچبول-
مىغاندىمۇ لەشكەرگاھ دېگەننى خالىغان بىر جايغا — تاغ باغرىغا،
ئورمانلىقنىڭ ياقىسىغا، ئۆگۈز - ئېقىن بويىغا، ئېدىرلىق، جىل-
غا، تۆپىلىك، يايلاق دېگەندەك يەرلەرگە قۇرسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.
بىراق، نېمىلا دېگەنبىلەن، ئۇنىڭغا ئەڭ مۇۋاپىق، مۇداپىئە كۆ-
رۈشكە، ئاتلىنىپ چىقىشقا ئەپلىك، ئەۋزەل بىر جاي بولمىسا
بولمايدۇ.

ئۇ جايغا ئالدى بىلەن سۇباشى باتۇر ئالىپ ۋە ئۇنىڭ قول
ئاستىدىكىلەرگە ئاتاپ چوڭ بارگاھ تىكىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ھەر-
قايسى ئۇرۇق - قەبىلىلەردىن نۇرغۇنلىغان چەۋەندازلار چاقىرىلى-
دۇ. ئۇلار تەرەپ - تەرەپلەردىن كېلىپ بۇ جايغا توپلىنىدۇ. ئۇلار
بۇ يەرگە باتۇر بىلەن كۆرۈشۈپ كەتكىلى ياكى ئۇنىڭ يېنىدا
ۋاقىتلىق قونغىلى ۋە ياكى بۇ يەرگە توپلىنىپ جەم بولۇپ، بىرەر
يۇرۇش - سوقۇشقا ئاتلانغىلى كېلىشمەيدۇ، بەلكى بۇ يەردە ئۇزۇن

www.uyghurkitap.com

مۇددەت تۇرۇپ، مۇنتىزىم لەشكىرىي مەشىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كېلىشىدۇ. ئۇلار كەلگەندە، ھەممىسى توپلانغاندا بارگاھقا سىغىشماي قالىدۇ. ئىشلار مانا شۇنىڭدىن كېيىن باشلىنىدۇ.

ئاۋۋال ئۇلارنىڭ تۇرۇشىغا نۇرغۇنلىغان كىگىز ئۆيلەرنى، چېدىر - بارگاھلارنى، يەنە ئاتخانا، ئامبارلارنى قۇرۇپ يېڭى قونۇم بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ياغاچ - تاش، كىگىز - كېچەك لازىم بولىدۇ. ياغاچ - تاشلار تەل ئەمەس. كىگىز - كېچەك ئېتىشكە يۇڭ كېتىدۇ. بۇلارنى تېپىپ تەييارلاشقا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر — ئۇستا ياغاچچىلار، كىگىزچىلەر، ھاشارچىلار كېرەك. ئۇلار چەۋەندازلار توپلىنىشتىن بۇرۇن كېلىپ چېدىر - بارگاھلارنى تىكمىسە، ئۇنىڭ ئۈستىنى يېپىپ، تېگىگە كىگىز سېلىپ، ئىچىنى سەرەمجانلاشتۇرمىسا بولمايدۇ.

ئەمدى لەشكەرگاھ بىنا قىلىشتىن مەقسەت، ئۇ يەرگە لەشكەرىي كۈچ توپلاپ، ساۋۇتلۇق چەۋەندازلار قوشۇنى قۇرۇش، قوشۇندىكىلەرنى تەربىيىلەپ، مەشىق قىلدۇرۇپ، چېنىقتۇرۇپ، جەڭگە تەييارلاش، قىسقىسى، سوقۇش تەييارلىقى قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنداق ئىكەن، ئۇ يەرگە نەچچە مىڭ، ھەتتا نەچچە تۈمەن ئاتلىق چەۋەنداز كېلىپ توپلىنىشى مۇمكىن. شۇڭا ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ۋە جەڭ ئاتلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك، يەم - خەشەك مەسىلىسىنى ھەل قىلماي بولمايدۇ. ئاندىن ئۇلارغا يەنە كىيىم - كېچەك، قورال - ياراغ، ئاتلىرىغا ئېگەر - نوختا، يۈگەن، تاقا - ئۈزەڭگە لازىم بولىدۇ. بۇمۇ ئۇنداق ئاسان ھەل قىلغىلى، تېز يۇرۇشلەشتۈرگىلى، قىلىپ ئۈلگۈرتكىلى بولىدىغان ئىشلار ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن لەشكەرگاھ ئەتراپىدىكى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن جايلاردىكى ئوت - سۇيى مول كەڭ يايلاقلارنى توپ - توپ قوي، كالا سۈرۈگلىرى، يىلقىلار بىلەن تولدۇرۇشقا؛ ئۇلارنى بېقىشقا، سۈتلىرىنى سېغىشقا، يۇڭلىرىنى قىرقىشقا، ئۆكۈشلىرىنى كۆندۈرۈشكە؛ ھەر كۈنى نەچچە يۈز مال - ۋاران سويۇپ، گۆشلىرىنى تاراچلاپ غىزا تەييارلاشقا... توغرا كېلىدۇ.

ئەلۋەتتە، لەشكەرلەرنى مال بېقىشقا قويغىلى بولمايدۇ. زۆ-رۈر تېپىلمىسا باشقا ئىشلارغا سېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇلار پەقەت لەشكىرىي مەشىق بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، جەڭ تەييارلىقى قىلىشى كېرەك. شۇڭا مال بېقىشقا كۆچىدىن قالغان، ساۋۇتلۇق چەۋەنداز بولۇشقا مۇناسىپ كەلمەيدىغان قېرى - ئاجىزلارنى، رەخت تو-قۇش، كىيىم تىكىش ۋە باشقا ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىلىشقا قولى چېۋەر، ئىشچان - ئاياللارنى، كۆن - خۇرۇم، نوختا ياساشقا سىراشلارنى، تاقا - ئۈزەڭگە، قورال - ياراغ سو-قۇشقا تۆمۈرچىلەرنى، كېسەل داۋالاشقا، ئىبادەت ئورۇنلىرىنى، دىنىي مۇراسىملارنى باشقۇرۇشقا ئەم - ئېرەمچى قامانلارنى... كەلتۈرۈش كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىنمۇ لەشكەرلەرنىڭ ئات - ئۇلاغ، قورال - ياراغ ئىشلىرى بەك مۇھىم. چۈنكى ئات يۈگۈرۈك، چىدامىلىق، ياراغ پۇختا، ئۆتكۈر بولمىسا، قوشۇن ھەرقانچە باتۇر، چەبدەس بولغىنى بىلەنمۇ بىكار. بۇ چوڭ لەشكەرگاھقا نۇرغۇنلىغان ئالىپ چەۋەنداز-لار كېلىپ توپلىنىدۇ.

مانا مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا نۇرغۇنلىغان مەلى-كىلىك كىشىلەر، ھاشارچىلار ۋە چىدامىلىق ئات - ئۇلاغلار كېتىدۇ.

يەنە كېلىپ، باتۇر بەرپا قىلماقچى بولغان لەشكەرگاھ، تەش-كىللىمەكچى بولغان لەشكىرىي قوشۇن بۇرۇنقىسىغا، باشقىلارنىڭ-كىگە زادىلا ئوخشاشمايدۇ. ئۇ ئاتا - بوۋىلىرى قۇرۇپ باقمىغان، پۈتكۈل بوزقىر قوۋملىرى تېخى كۆرۈپ باقمىغان بىر چوڭ، مۇكەممەل لەشكىرىي قۇنۇم بەرپا قىلماقچى. ئۇ يەرگە باتۇر ھون چەۋەندازلىرىنىڭ ئەڭ سەر خىللىرىنى توپلاپ، ئۇلاردىن بىر مۇن-تىزىم، ئىنتىزامى چىڭ، قورال - ياراغلىرى خىل، پۈتۈنلەي ئاتلىق، جەڭگىۋار، ساۋۇتلۇق چەۋەندازلار قوشۇنى تەشكىللىمەك-چى، ئۇنى قاتتىق تەربىيىلەپ، مەشىق قىلدۇرۇپ، كەلگۈسى ئۇلۇغۋار يۈرۈشلىرىگە ئاتلاندۇرماقچى، قانلىق جەڭ - سوقۇشلارغا

www.uyghurkitap.com

باشلاپ كىرمەكچى! ... مانا مۇشۇلار ئۇچۇن، ئۇ ئەتراپلىق، ئەستايىدىل ئويلاشمىسا، ھەممىنى پۇختا، مۇكەممەل قىلمىسا بولمايدۇ. قىسقىسى، ئۇ ئىستىگەن ئۇلۇغۋار ئىستەك، كۆزلىگەن بۈيۈك مەقسەت مەنزىلىنىڭ مۇساپىسى تولىمۇ ئۇزۇن، ئەگرى - توقاي ھەم جاپالىق، بۇلارنى يېڭىپ مەقسەتكە يېتىش ئۇچۇن، ئۇ مانا مۇشۇنداق كېچىلىرى بىدار باش قاتۇرمىسا، كۈندۈزلىرى توختىماي قاتراپ، تىنىم تاپماي ئىشلىمىسە بولمايدۇ...

تۇقىش ئوغلان باتۇر توغرىسىدا، ئۇ باش قاتۇرۇۋاتقان ئىشلار توغرىسىدا ئەنە ئاشۇلارنى ئويلىدى. بەلكىم ئۇ تېخى باتۇر ئويلىغاننىڭ ئويلاپ يەتمىگەندۇر. بىراق، نېمىلا بولمىسۇن، بۈيۈك مەقسەتنى كۆزلىگەن، ئۇلۇغۋار ئىستەكلەرنى دىلىغا پۈككەنكەن، ئۇنىڭغا ئىنتىلىش، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن ھارماي، قايتىماي كۈرەش قىلىش كېرەك. دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار، قۇياش ۋە يامغۇرغا تەلپۈنىدۇ. كىشىلىك ھايات بولسا غايە ۋە كەسپكە تەلپۈنىدۇ. ھەقىقەتكە ئىنتىلىش — سادىقلىق، كەسپكە ئىنتىلىش — دانالىق، تۇرمۇشقا ئىنتىلىش — ياخشى كۆرۈش، مۇھەببەتكە ئىنتىلىش — ئىخلاسمەنلىكتۇر.

— قانداقراق؟ — سورىدى تۇقىش ئوغلان بىر پەستىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت.

— ھېچ... ھېچقانداق، — دېدى باتۇر سەل گاڭگىراپ.

— بىرەر ئىش قىلىشقا ھەپىلەڭ باردۇر؟

— بار...

— بۈگۈن يەنە ئاۋۇل ئارىلاپ ئوتلاق كەزگىلى چىقمىزمۇ؟

— چىقمىز.

— ئۇنداق بولسا مەن سىېنى بىر يەرگە باشلاپ باراي.

— نەگە؟

— تۆر ئاۋۇلغا.

— تۆر ئاۋۇل؟

— شۇنداق.

— ئۇ قانداق يەر؟
— بېرىپ كۆرگەندە بىلىسەن.
— ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە قىلىمىز؟
— بۇنىمۇ شۇ چاغدا بىلىسەن.
— ......
— ئىشقىلىپ، مەن سېنى ئۇ يەرگە بىكارغا ئېلىپ بارمايـ
مەن. قانداق، بارامسەن؟
— ... باراي.
— ئۇنداق بولسا تېز كىيىن، سەپەرگە تەييارلان.
— هازىرلا يولغا چىقامىزمۇ؟
— شۇنداق، هازىرلا. ئۇ يەر تۇمەنبالىقتىن ئۈچ يۈز چاقىـ
رىمچە يىراقلىقتا.
— يېقىن ئەمەس ئىكەن.
— يېقىن ئەمەس... قالغان گەپلەرنى يول ئۈستىدە دېيىشەيـ
لى، هە راست. بىر نەچچە كۈن يەتكۈدەك ئوزۇقمۇ ئېلىۋالايلى.
ئۇ يەردە ئۆي، ئادەم يوق. لېكىن سۇدىن غەم قىلمىساقمۇ بولىدۇ.
ئۇ يەردە ئۆگۈز - ئېقىنلار كۆپ.

ئۇلار شۇنداق كېلىشىپ سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئۇلار ئالدى بىلەن ئوردا ئاتخانىسىغا بېرىپ، ئۆزلىرىگە يىراققا يۈرەلەيدىغان بىردىن يورغا ئات تاللىۋېلىشتى. بىرنەچچە كۈن يەتكۈدەك پىششىق گۆش، قۇرت، تالقان ۋە قىمىز قاچىلانغان تېرە تۇلۇمنى ئاتلارغا غانجۇغىلاشتى. ئاندىن قۇياش ئارغامچا بويى ئۆرلەپ يەر - جاهاننى قىزىتىشقا باشلىغاندا، تۇمەنبالىقنىڭ كۈن قوۋۇقىدىن چىقىپ، شەرققە قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى.

باش كۈز پەسلى، هاۋا ئوچۇق ئىدى. چۈش مەزگىلىدىكى قۇياشنىڭ قىزىق تەپتىنى هېسابقا ئالمىغاندا، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەر سەپەر قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى ئىدى. ئۇلار هېلى كەڭ دالىدا، هېلى ئېگىز - پەس قىرلاردا، هېلى چاتقاللىق ئورمان ياقىسىدا، هېلى جىلغا، ئۆگۈز - ئېقىن بويلىرىدا ئىزلارنى قالدۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇپ ماڭاتتى. سول تەرەپتە ھەيۋەتلىك چوغاي تاغلىرى ھېلى يېقىنلاپ ھېلى يىراقلاپ، ئۇلارنىڭ يولى بىلەن تەڭ ئۇزىراپ باراتتى. تاغلارنى بوككىدە ئورمان قاپلىغان، يايلاقلاردا، قىرلاردا ئوت - چۆپلەر پىشىپ ۋايىغا يەتكەنىدى. ئۇلار شۇ تەرزدە ئىككى كۈن يول يۈردى. كىشىلەر: «سەپەر سۆزگە زورلايدۇ، مۇھەببەت كۆزگە» دېيىشكەن. بۇ گەپنىڭمۇ ئاساسى بار، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇلار بۇ ئىككى كۈنلۈك سەپەر جەريانىدا ئادەتتىكى زۆرۈر گەپلەردىن باشقا تۈزۈك پاراڭ سېلىشمىدى. تۇقىش ئوغلانغۇ ئەزەلدىنلا كەم سۆز، جىمغۇر. بىرەرى سۆزگە زورلىمىسا، قېلىن لەۋلىرىنى يىرىپ ئەسنەپمۇ قويمايدۇ. شۇ تەرزدە ئۇلار ئۈچىنچى كۈنى ئاشۋاقتى بولغاندا، تۇمەنبالىقتىن ئۈچ يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىكى تۆر ئاۋۇلغا يېتىپ باردى.

— مانا بۇ مەن ساڭا دېگەن جاي، تۆر ئاۋۇل ، — دېدى تۇقىش ئوغلان كىشىسىز، مال - يىلقىسىز، ئوت - چۆپلىرى بەلدىن ئاشىدىغان، چەت - چۆرىسى ئۇپۇققا تۇتاشقان كەڭ، ياپيېشىل يايلاقنىڭ چېتىدە توختاپ.

— بۇ جاي سېنىڭ ئانا يۇرتۇڭ، كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن ئاۋۇلۇڭ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى باتۇر نەزىرىنى يىراقلارغا تاشلاپ.

— شۇنداق!… مەن مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، — دېدى تۇقىش ئوغلان چوڭقۇر ئەلەم ۋە سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئۆتكەن ئىشلارنى يادىغا ئېلىپ، — ئاتا - ئانام، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم ھەممىمىز مۇشۇ يەردە تۇراتتۇق. ئۇنى تۆر ئاۋۇل دەپ ئاتايتتۇق. ئۇ ئەزەلدىن مۇشۇنداق گۈزەل، قويىنى كەڭ، مېھرى ئىسسىق ئىدى. بىراق… ياۋۇز ياۋايى تانيۆلەر بۇ يەرنى چەيلەپ، ئۇرۇقىمىزنى قۇرۇتۇۋەتكىلىمۇ تاس قالدى. خاتالاشمىسام، ئۆيدىمىزدە، بەلكى پۈتكۈل ئاۋۇلدا ھايات قالغان كىشى پەقەت مەن بىرلا.

— شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىپ باقماپسەن - دە؟

— ھەئە، كەلمىدىم، كەلگۈم كەلمىدى. كەلسەممۇ نېمە

بولماقچىدى؟ قەلب يارىلىرىم قانايدۇ. ئاتا ـ ئانام، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم ۋە ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى يادىمغا يېتىپ، كۆز ئالدىمغا كېلىپ تىنچلىقىم بۇزۇلىدۇ، پىغانىم ئۆرلەيدۇ شۇ. مەن بۇ قايغۇ ـ ھەسرەتتىن، دەرد ـ ئەلەمدىن بەكمۇ تەستە قۇتۇلدۇم.

— بىلىمەن، سىنى چۈشىنىمەن، ساڭا قايىلمەن، تۇقىش ئوغلان. سەن چىداملىق، قەيسەر يىگىت. پۈشانىما، بۇنداق ئىش، بۇنداق تەقدىر ـ قىسمەت ئۆز ۋاقتىدا بىر سىنىڭ بېشىڭغىلا كەلمىگەن. ياۋۇز تانيۆلەر بىزنى ئاز پاراكەندە قىلمىغان. مەنمۇ تاس قالغان شۇ چاغدا ئەزىز جېنىمدىن ئايرىلغىلى.

— شۇنداق!… — تۇقىش ئوغلان چوڭقۇر نەپەس ئالدى، — بىراق مەن سىنى بۇ يەرگە ئۇ ئىشلارنى دېيىشكىلى، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەشكىلى ئەكەلمىدىم…

— بۇنىمۇ بىلىمەن…

باتۇر تۇقىش ئوغلاننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر مېھرى بىلەن تىكىلدى. تۇقىش ئوغلانمۇ كۆزلىرىدە لىغىرلىغان ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىردى. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئەنە شۇنداق بىلىۋېلىشتى. يول ئۈستىدىمۇ تۇقىش ئوغلان ئانا يۇرتىنى، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ جىمىپ كەتكەن، باتۇرنىڭ ئارامىغا، خىياللىرىغا بەرھەم بېرىشنى خالىمىغانىدى. باتۇر بولسا ئۇنىڭ كۆڭۈل يارىسىغا تېگىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ، پەرۋاسىز قىياپەتكە كىرىۋالغان، ئۆز خىيالى بىلەن بولغانىدى…

— قارا… — دېدى تۇقىش ئوغلان كۆز ئالدىدا يېيىلىپ ياتقان بىپايان يايلاقنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — مانا بۇ تۆر ئاۋۇل. بۇ يەردە ئىككى يۈزچە كىشى بار ئىدى. ئەمما ئەتراپى بولسا مانا مۇشۇنداق كەڭ، گۈزەل ھەم كۆركەم. ئۇنىڭدا تۇمەنلەپ مال ـ يىلقا باققىلى بولىدۇ. سول تەرەپتە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاۋۇ تاغ ـ ئورمانلىقمۇ قاتمۇ قات، چەكسىز. ھەممىسى قۇچۇرا بىلەن قاپلانغان. ئۇ يا ئوقى ياسىغىلى، نەيزە ساپلىغىلى بولىدىغان ئەڭ

www.uyghurkitap.com

ياخشى ياغاچ. ئۇ يەردە ئوۋ ـ كېيىكمۇ تەلىم ـ تەسىم، بۇغا ـ جەرەن، تۈلكە ـ توشقان، بۆرە ـ قاۋان، يىلپىز ـ قاپلان دەمسەن، ھەممىسى بار. ئوۋلاپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇدۇلىمىز ۋە ئوڭ تەرەپ بولسا، چەكسىز يايلاق. ھەممىلا يېرىدە ئېقىن سۇلار بار. ئوت ـ چۆپلىرىمۇ قويۇق ھەم بۇلۇق. ئۇ يەردە يەنە تۈزلەڭلىك، جىلغا ـ جىرالار بار. ئۇنىڭ تۆۋىنى بولسا ئېدىرلىق، قاتمۇقات تاغ ـ ئورمانلىق. مەن ئۇ يەرلەرگىمۇ بېرىپ باققان، ھەممىسىنى كۆرگەن. ئۇ يەرلەر چىنلىقلارنىڭ يېرىگە تۇتىشىدۇ… بۇ ئەتراپ چېدىر ـ بارگاھلارنى تىكىپ لەشكەرگاھ قۇرۇشقا، ئات چاپتۇرۇپ مەشىق قىلىشقا، ئوۋ ئوۋلاشقا، لەشكەرلەر ئۈچۈن تۈمەنلەپ مال ـ يىلقا بېقىشقا، يەنە يۇرۇشكە چىقىپ ھۇجۇم قىلىشقا، چېكىنىپ مۇداپىئە كۆرۈشكە ئەڭ مۇۋاپىق.

— دېگەنلىرىڭىز ئورۇنلۇق، تۇقىش ئوغلان. كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن.

— ئۇنداقتا… بىر قارارغا كەپسەن ـ دە؟

— چۇغاي ئېتەكلىرىدە لەشكەرگاھ قۇرۇشقا بۇنىڭدىمۇ گۈزەل، كۆركەم ۋە قولاي، ئەۋزەل جاي تېپىلمايدۇ.

— ئۇدۇلىمىزدا، كۆز ئالدىمىزدىكى ماۋۇ پايانسىز يايلاقنىڭ ئۇ چېتىدە ئارىلىق يەر بار. ئۇنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە قۇياندىلار ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ سول تەرەپ يۇقىرىسىدا، ھىنگان ئېتەكلىرىدە سۇلبىندىلەر، ئوڭ تەرەپ تۆۋىنىدە بولسا چيۇلىنىڭ ياشايدۇ. ئۇلارنىڭمۇ ئۇ تەرىپىدە، يىراق كۈنچىقىشتا…

— چورپىن، قارا بۆرە ئۇرۇقلىرى بار. سىرىق ئۆگۈز بويلىرىدا بايانشاد، ئالۇبانشادلار ياشايدۇ. ئۇلار ئوڭ تەرەپتە تۇتاش كەتكەن تاغ ـ ئېدىرلار ئارقىلىق چىنلىقلارغا، يىراق كۈنچىقىش تەرەپتە بولسا تۇڭگۇسلارنىڭ زېمىنىغا تۇتىشىدۇ…

— شۇنداق، ئۇ يەرلەرگە بىز بارغان، سەن سول قول بىلگە خان بولۇپ تۇرغان چاغلاردا!…

— بۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل ئىكەن!…

— ئۇنداقتا، قۇرۇلغۇسى لەشكەرگاھنى مۇشۇ تۆر ئاۋۇلغا بىنا قىلىمىزمۇ؟

— مۇشۇ يەرگە بىنا قىلىمىز.

— قاچان ئىش باشلايمىز؟

— كۈز كېتىپ قىش كىرگۈچە.

— مەن سېنى بۇ يەرنى كۆرسە چوقۇم ياقتۇرۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى تۇقىش ئوغلان قايتىدىن ھاياجانغا تولۇپ.

— بۇ دەل مەن ئىزدەپ يۈرگەن جاي ئىكەن، — دېدى باتۇرمۇ ئەتراپقا تولۇپ تاشقان ئۈمىد ـ ئىشەنچ بىلەن نەزەر تاشلاپ.

— شۇنداق!... — دېدى تۇقىش ئوغلان، — سېنىڭ بارگاھىڭ ئاۋۇ تەرەپتە كونا ئاۋۇل ئۈستىدە بولسۇن. ئۇ يەر تاغقا يېقىن، ئورنىمۇ ئېگىز، ئەپلىك.

— توغرا دېدىڭ، — دېدى باتۇر، — بىراق كېيىنچە بىز تۇرغان بۇ يەرلەرمۇ بوش قالمايدۇ.

— قۇرۇلغۇسى لەشكەرگاھ شۇنداق چوڭ بولامدۇ؟

— سەن ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن. پەرىزىمچە، ئۇ بىز ئويلىغاندىنمۇ چوڭ، مۇكەممەل بىر لەشكىرىي قونۇمغا ئايلىنىدۇ...

ئۇلار بىر دۆڭگە چىقىپ، ئەتراپنى كۆزەتكەچ پارىڭنى داۋاملاشتۇردى.

— بىز بۇ يەرگە قاچان كېلىمىز؟ — دېدى تۇقىش ئوغلان، — مېنىڭ بۇ يەردىن پەقەت كەتكۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

— شۇنداقمۇ، ئۇنداق بولسا بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونۇپ قالايلى. ئەتە ئەتراپنى ئايلىنىپ تەپسىلىي كۆزىتىپ، ئويلىغانلىرىمىزنى ئېيتىپ مەسلىھەت قىلىشايلى، ئاندىن قايتىپ بېرىپ ئاتامغا ئىلتىماس سۇناي، — دېدى باتۇر.

— ئۇ سېنى سۈباشى قىلىپ تەيىنلىگەن تۇرسا، يەنە نېمىگە ئىلتىماس سۇنىسەن؟ — دېدى تۇقىش ئوغلان ئويلانمايلا.

— شۈنىمۇ بىلمەمسەن. ھەي··· بەزى چاغلاردا كىچىك بالىدەكلا گەپ قىلىسەن. تولىمۇ ساددا - دە سەن، — دېدى باتۇرمۇ ئۇدۇللا.

تۇقىش ئوغلان بىردىنلا ئاتىسىنىڭ ئالدىدا خاتا گەپ قىلىپ سالغان بالىدەك ئوڭايسىزلىنىپ، نېمە دېيىشنى بىلمەي جىمىپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ باتۇرمۇ ئۇنىڭغا قوپال تەگكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— ئۇ مېنى ئىلكىدىكى پۈتكۈل ھون قوشۇنىغا سۇباشى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلارنى جەڭگە تەييارلاشنى بۇيرۇغان بىلەن، ئۇلارنى قاچان، قەيەردە، قانداق جەڭگە تەييارلاشنى دېمىدى ھەم ئۇ قوشۇننى تېخى ماڭا تاپشۇرمىدى. مانا بۇ ئۇنىڭ مەندىن ئەقىللىق ھەم تەجرىبىلىك ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، — دېدى باتۇر چۈشەندۈرۈپ، — لېكىن مەنمۇ ئۇنچىۋالا دۆت، ھاماقەت ئەمەس. ئۇ ماڭا مۇشۇنداق قىلىشنى بۇيرۇغانىكەن، پۈتكۈل ئەلگە يارلىق چۈشۈرۈپ، بۇ ئىشقا كېتىدىغان ھەممە نەرسىنى تەل ھەم ھەل قىلىپ بېرىشى كېرەك ياكى ماڭا تېخىمۇ چوڭ، ئەمەلىي ھوقۇق بېرىپ، ئىشلارنى ئۆزۈم چاغلاپ قىلىشقا يول قويۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى لەشكەرگاھ قۇرۇش، لەشكىرىي قوشۇن تەشكىللەش ئىشلىرى سەن - مەن قىلىپ كەتكىلى، ئاسان بىر باشقا ئاچىقىلى بولىدىغان ئىشلار ئەمەس. ئۇنىڭغا ھەممە كىشى، ھەممە ئۇرۇق - قەبىلە تەڭ كۈچ چىقىرىشى كېرەك. ئۇلار مېنىڭكىدىن كۆرە، ئاتامنىڭ سۆزىنى ئوبدان ئاڭلايدۇ. مەن ئاتامغا مانا مۇشۇ توغرۇلۇق ئىلتىماس سۇناماقچى.

— توغرا دەيسەن، باتۇر. مەن بۇ تەرىپىنى ئويلاپ يەتمەپتىمەن، — دېدى تۇقىش ئوغلان، — بىراق ئۇ سېنىڭ بۇ ئىلتىماسىڭغا قوشۇلارمۇ؟

— قوشۇلىدۇ، قوشۇلمايمۇ ئىلاجى يوق، — دېدى باتۇر، — چۈنكى بۇ ئىشلارنى ئۇ ئۆزى يالغۇز، ئۆز ئالدىغا قىلالمايدۇ. كۈچىمۇ ھەممىگە يەتمەيدۇ. ئۇ ھوننى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ

تۇرىمەن، روناق تاپقۇزىمەن دەيدىكەن، ماڭا ئىشىنىشى، ماڭا تايىنىشى كېرەك. ئۇ بۇنى ئاللىقاچان تونۇپ يەتتى. ئۇ ماڭا ئىشەنسە، ھوقۇق بەرسىلا بولدى. قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم بىر باشقا ئاچىقىمەن.

— يەنە مەنمۇ بار، — دېدى تۇقىش ئوغلان چاقچاق قىلىپ.

— توغرا، سەنمۇ بار. يەنە ئەرقىل، بەجەچقان، يانان، جانەر، ئىچۇر، شىنزىر، زاغۇمىلار. سىلەر مېنىڭ قول - قانىتىم، ئىشەنگەن تاغلىرىم. مەن بۇ ئىشتا سىلەرگە تايىنىمەن. سىلەرگە موھتاجمەن، — دېدى باتۇر ئۇنىڭ قوللىرىنى سىقىپ، — بايا رەنجىتىپ قويدۇم. كۆڭلۈڭگە ئالما، تۇقىش ئوغلان.

— ئالمايمەن، ئۆزۈمدىن كەتتى. مەنمۇ بەزىدە كاللا ئىشلەتمەيمەن. كۈچۈمگىلا ئىشىنىمەن.

— دۇرۇس ئېيتتىڭ، ھەرقانداق ئىشتا كاللا ئىشلىتىش كېرەك. چۈنكى كۈچ بىلەن ئەقىل بىرلەشسە، ئۇ تەڭداشسىز بىر قۇدرەتكە ئايلىنىدۇ.

ئۇلار قايتىدىن قول سىقىشىپ، ئاندىن مەھكەم قۇچاقلاشتى.

## 3

قىسقىغىنا بىرنەچچە ئاي ئىچىدە تۆر ئاۋۇل تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ، تۈمەنبالىقتىن قېلىشمىغۇدەك چوڭ، ئاۋات، قايناق بىر قونۇمغا ئايلاندى. بۇ يەرگە تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ يارلىقى، سۇباشى باتۇرنىڭ چاقىرىقىغا ئاساسەن تەرەپ - تەرەپلەردىن — جۇۋانغاردىكى بۆرە، قۇلان، ئالچى تاغلىرىدىن، ئېرسىن، ئوردۇس يايلاقلىرىدىن، چۇغاي تېغى ئېتەكلىرى ۋە ئۆگۈز ئەگمىسى ۋادىسىدىن، بىرانغاردىكى قاتمۇقات، تاغ - جىلغا، ئۆگۈز - ئېقىن بويلىرى ۋە يىراق كۈنچىقىشتىكى نۇرۇلغۇ تېغى ئېتەكلىرىدىن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر — يۈرىكىدە ئوت يالقۇنلاپ،

جىسمىدا كۈچ قۇتراپ تۇرغان ياش، قاۋۇل، باتۇر چەۋەندازلار، ئۆز كەسپىدە كامالەتكە يەتكەن ھۈنەرۋەن ـ كاسپلار، قولى گۈل، ئىشچان ئايالالار، تەجرىبىلىك يىلقىچىلار، پادىچىلار، تۈمەنلىگەن ھاشارچىلار... كېلىپ توپلانغان ۋە توپلىنىۋاتاتتى. ئۇلار بىلەن بىرگە توپ ـ توپ قوي، كالا، قوتاز سۈرۈگلىرى، يىلقىلار ۋە تۆگە، قېچىر قاتارلىق يۈك ئۇلاغلىرى ھەيدەپ كېلىنگەنىدى. ئوزۇق ـ تۈلۈك، يۈك ـ تېرە، ياغاچ ـ تاش، مەدەن ـ مېتال ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر ئۇزۇلدۇرمەي توشۇلۇۋاتاتتى.

تۆر ئاۋۇلنىڭ كەڭ قوينى ھېسابسىز كۆپ چېدىر ـ بارگاھلار بىلەن تولغانىدى. ئېگىزدە تۇرۇپ قارىسا، بۇ چېدىر ـ بارگاھلار خۇددى كۆكتىكى يۇلتۇزلار تۆر ئاۋۇلغا كۆچكەندەك كۆرۈنەتتى. بارگاھلارنىڭ ئەڭ چوڭى، مۇداپىئەسى كۈچلۈك، ھەيۋەت ـ ھەشەمەتلىكى سۇباشى باتۇر ئالپىنىڭ چوڭ كۆك چېدىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئالدى ئىشىكلىرى كۈنچىقىشقا قارىغان چوڭ ـ كىچىك يۈز نەچچە چېدىردىن تەركىب تاپقان يۇرتۇغ بارگاھ ئىدى. بۇ ھەيۋەتلىك بارگاھ لەشكەرگاھنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، تۆت ئەتراپى ياغاچ تۇۋرۇك، بالداق ۋە قىل ئارغامچىلار بىلەن ئىھاتە قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ كىرىش ـ چىقىش ئېغىزلىرىدا، ئەتراپىدا قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەر كېچە ـ كۈندۈز كۆزەتچىلىك قىلىپ قاراۋۇللۇقتا تۇراتتى.

يۇرتۇغ بارگاھىنىڭ سول تەرەپ يۇقىرىسىغا، تاغ باغرىدىكى ئورمان بويلىرى، ئوتلاق، جىلغا، جىرا، قىيالىقلار تۈۋىگە يەنە نۇرغۇنلىغان ئاق كىگىز ئۆيلەر، چوڭ ـ چوڭ گەمە ـ لاپاسلار، ئامبارلار... قۇرۇلغان بولۇپ، بۇلار تۆمۈرچىلەرنىڭ تۆمۈر تاۋلاش ۋە قورال ـ ياراغ سوقۇش ئورۇنلىرى، ياغاچچى، كىگىزچى، توقۇمچى، تىككۈچى ئايالالارنىڭ تۇرالغۇلىرى؛ ئاش ـ ئوزۇق، يۈك ـ تېرە، جابدۇق ـ سايمان، قورال ـ ياراغ ئامبارلىرى ئىدى. ئۇ يەردە نەچچە مىڭ ئۇستا ـ شاگىرت، ھاشارچىلار ۋە ئايالالار خۇددى چۈمۈلىدەك ئۇ تۆشۈكتىن چىقىپ، بۇ تۆشۈككە

كىرىپ، تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى.
مەركىزىي بارگاھنىڭ ئوڭ تەرەپ تۆۋىنىدىكى كەڭرى كەتكەن تۇزلەڭلىككە يەنە نەچچە ئون بارگاھ، نەچچە يۈز چوڭ - كىچىك چېدىر ۋە ئاتخانا، ساغىرلار جايلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئون نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىچە سوزۇلغانىدى. بۇ بارگاھ ۋە چېدىرلاردا تۈمەنلىگەن ئاتلىق چەۋەنداز ۋە پىيادە لەشكەرلەر تۇراتتى. ئاتخانا - ساغىرلارغا بولسا خىللانغان، ئېگەرلەنگەن جەڭ ئاتلىرى ۋە سېمىز مال - ۋارانلار سولانغانىدى. چەۋەندازلار، لەشكەرلەر، مال - يىلقىلار يەنە ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆپىيىپ، ئاۋۇپ تۇراتتى ۋە ئۇلار ئۈچۈن چېدىر - بارگاھلار، ئاتخانا - ساغىرلار كېڭەيتىلىپ، يېڭىدىن قۇرۇلۇپ تۇراتتى.
شىمالدىن جەنۇبقا غاز قانىتى شەكلىدە يېيىلىپ ئورۇنلاشقان، ئالدى كۈنچىقىشقا قارىغان بۇ چوڭ لەشكەرگاھتا، پۈتكۈل لەشكىرىي قۇنۇمدا ھاياتلىق قايناۋاتتى. تاغ باغرىدىكى ئورمان ياقىلىرىدا، يېقىن ئەتراپتىكى بېغىر كۆچمە يايلاقلاردا قويرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ، باشلىرىنى ئىرغىتىپ، بىر - بىرى بىلەن سۈركىلىپ ياكى تېپىشىپ، ئويناقلاپ چېپىپ ناز تارتىشىپ، ھېسابسىز يىلقا ۋە قوي، كالا، قوتاز سۈرۈگلىرى يايلىشاتتى. يول - ئۆتەڭ، دەرۋازا - قوۋۇقلاردا، چېدىر - بارگاھلار ئارىسى ۋە ئالدى - كەينىدە، لەشكەرگاھنىڭ، پۈتكۈل لەشكىرىي قۇنۇمنىڭ تەرتىپى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، قاراۋۇللار كۆزەتتە تۇراتتى. چېدىرلار ئالدىدىكى ئوچاقلاردا، مەيدانلاردا كۈنۇ تۈن گۈلخان ئۆچمەيتتى. لەشكەرگاھتىن، پۈتكۈل لەشكىرىي قۇنۇمىدىن كىشىلەرنىڭ ۋارقىراش - جارقىراش، كۈلكە - چاقچاق، ناخشا - قوشاق، دۇئا - ئىبادەت قىلغان ئاۋازلىرى، ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشكەن، كىشنىگەن، پۇشقۇرتۇشقان ئاۋازلىرى، بولقا - بازغانلارنىڭ سەندەللەرگە، پالتا - كەكىلەرنىڭ ياغاچلارغا، قىلىچ - قالقانلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان، ياغاچلارنىڭ قاراسلاپ سۇنغان ئاۋازلىرى، ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرى، توخۇلارنىڭ چىللاشلىرى، قوي -

كالىلارنىڭ مەرەش ـ مۆرەشلىرى، يەنە قەيەرلەردىندۇر بۆرىلەر.
نىڭ سوزۇپ ـ سوزۇپ ھۇۋلاشلىرى··· قوشۇلۇپ، دەريا ـ ئېقىن.
لار دېڭىز ـ ئوكيانلاردا قۇيۇلغان چاغدىكى گۇلدۇرلىگەن ئاۋازدەك
ھەيۋەتلىك شاۋقۇن ـ سادا ھاسىل قىلىپ، كېچە ـ كۈندۈز ئۈزۈل.
مەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چېدىرلارنىڭ چوققىلىرىدا، بارگاھلار
ئالدىغا تىكلەنگەن مومىلاردا، دەرۋازا ـ قوۋۇقلاردا رەڭدار
تۇغ ـ ئەلەملەر لەپىلدەيتتى.

سۇباشى باتۇرنىڭ مىڭ كىشى سىغىدىغان چوڭ كۆك چېدىرى
يۇرتۇغ بارگاھىنىڭ تۆرىدە ئىدى. ئۇ ناھايىتى چوڭ، ھەيۋەتلىك
بولۇپ، چوققىسىغا بەرجەم قادالغان، ئالدىدىكى قاتار قىلىپ تىك.
لەنگەن توققۇز مومىدا كۆك بۆرىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن
توققۇز تۇغ لەپىلدەپ تۇراتتى.

چېدىرنىڭ ئىچى ئىككىگە بۆلۈنەتتى، ئىشىكتىن كىرىشتىكى
ئوڭ تەرەپ كىچىكرەك بۆلىكى باتۇرنىڭ ئالچى، قۇنچۇي، كۈمۈش.
تېكىنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قىرقىن ـ قىرناقلىرىغا، سول تەرەپتىكى
چوڭ بۆلىكى بولسا ئۇنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئىدى.

ئەڭ بۇرۇن ئۇ ئۆزىگە بىۋاستە قاراشلىق يۇرتۇغ قوشۇنى
تەشكىللەش بويىرۇقىنىمۇ مانا مۇشۇ يەردە چۈشۈرگەنىدى. ئۇ ئەس.
لىدە يۇرتۇغ قوشۇنىنى ئەل ئىچىدە ئالىپ ئاتالغان جەسۇر چەۋەن.
دازلاردىن، لەشكەرگاھقا توپلانغان ئاتىم، چەبدەس يىگىتلەردىن
ۋە ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، سەمىمىي ـ سادىق يارەنلىرىدىن
تەشكىل قىلماقچى بولغانىدى. بىراق، كېيىن ئۇ بۇنداق قىلىشنى
تازا مۇۋاپىق كۆرمەي، ئاتىسىنىڭ، ئانىسىنىڭ تۇغقانلىرى ۋە
ئۇلارنىڭ يېتىلگەن باللىرىدىن، تۇمەنباللىقتىكى ئۇلۇغ ئاتلىغ
ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ، ھەرقايسى ھون خان ـ بەگلىرى، يابغۇ.
لار، سانغۇنلار ۋە ئۇرۇق ـ ئاقساقاللىرىنىڭ تۇغقانلىرى ھەم
باللىرىدىن، ئاندىن ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى ھەم ئىشەنچلىك دوست.
لىرىدىن تەشكىل قىلدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدا بىرنەچچە سە.
ۋەب بار ئىدى. بىرى، ئۇ بۇ كىشىلەرنى يېنىغا توپلاپ، ئۇلارغا

مۇھىم ئەمەللەرنى بېرىپ، ئىغىر ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرماقچى، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىپ، ئىشەنچى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشىش بىلەن بىرگە، ۋەزىپە مەسئۇلىيىتىنى ئىغىرلاشتۇرۇپ، پۇت - قولىنى چۇشىمەكچى. ئۇلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە تەسىرى چوڭ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ قوللىشى ۋە ھىمايىسىنى، ياردىمىنى قولغا كەلتۈرمەكچى، ئاندىن قالسا، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنى ئۆز يېنىدا، قولى، نازارىتى ئاستىدا، بارىمتاي ئورنىدا تۇتۇپ تۇرۇپ باشقۇرۇپ، ئاشۇ مۇتەئەسسىپ، باشباشتاق، شەخسىيەتچى ھون خان - بەگلەرگە كۆرۈنمەس نوختا سالماقچى، ئاندىن ئۇنىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، مەھكەم تۇتۇپ، ئۇلارنى كونترول قىلماقچى، ئۇلارنى ئۆزىدىن ھېيىقىدىغان، تەپ تارتىدىغان، قورقىدىغان، قۇلىقى يۇمشاق كىشىلەرگە ئايلاندۇرماقچىدى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ بۇ ئويىنى، مەقسىتىنى بىر تەڭرى ۋە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى.

«يۇرتۇغ قوشۇنىدىكىلەر بەش مىڭ كىشى ئىدى. ئۇلار ئەل ئىچىدە، لەشكەرگاھتا مەلۇم تەسىر ۋە نوپۇزغا ئىگە، قول - ئىلكىدە بار، ئالىپ ئاتالغان ئابرۇيلۇق كىشىلەر، يەنە كېلىپ ئات مىنىشكە ماھىر، مەرگەن، ساغلام، كۈچلۈك، باتۇر، قەيسەر چەۋەندازلار ئىدى. باتۇر ئۇلارنى يېنىغا توپلاپ، ئۆزىگە بىۋاستە قاراشلىق قوشۇن قىلىپ تەشكىللەپ، سانىنى بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسى، قوراللىنىشى توغرىسىدىكى قارارىنى جاكارلىدى ۋە ئۇلارغا باش سانغۇن، مىڭبېشىلارنى تەيىنلىدى. ئۇ مانا مۇشۇ چاغدا ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەسلىي مەقسىتى بويىچە ئىش كۆردى:

«يۇرتۇغ قوشۇنىدىكىلەر ئىچكى جەھەتتىن ئوقياچى چەۋەندازلار ۋە مۇھاپىزەتچى چەۋەندازلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. يۇرتۇغقا تۇقىش ئوغلان باش سانغۇن، ئوقياچى چەۋەندازلارغا يانان، مۇھاپىزەتچى چەۋەندازلارغا شىنزىر باش بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدـ

www.uyghurkitap.com
تۇغۇمز كىتاب تورى

دا يەنە بەش نەپەر مىڭبېشى، ئەللىك نەپەر يۈزبېشى، بەش يۈز نەپەر ئونبېشى بولىدۇ. مىڭبېشىلار ئاقسۆڭەك ئېسىلزادىلەردىن، يۈزبېشى ۋە ئونبېشىلار باتۇر چەۋەندازلاردىن تەيىنلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۇرتتۇغ سانغۇنى تۇقىش ئوغلانغا قارايدۇ. تۇقىش ئوغلان بولسا بىۋاستە سۇباشىغا بويسۇنىدۇ!...»

«يۇرتتۇغ سەركەردىلىرى، لەشكەرلىرى پۈتۈنلەي خىللانغان جەڭ ئاتلىرىغا مىنىپ، ئۈستۈپىشىغا تۆمۈر تەڭگىلىك دۇبۇلغا - ساۋۇتلارنى كىيىدۇ. خىل، ئۆتكۈر، پۇختا، ئەپلىك ياراغلار بىلەن قوراللىنىدۇ!...»

ئاندىن باتۇر يەنە ئۇلارنىڭ كونكرېت ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتلىـ رىنى ئېلان قىلدى:

يۇرتتۇغ چەۋەندازلىرى بارگاھنىڭ، پۈتكۈل لەشكەرگاھنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىگە مەسئۇل! ئۇلار بۇ يەرنىڭ، پۈتكۈل قوشۇنـ نىڭ تەرتىپ ۋە ئامانلىقىنى قوغدايدۇ. يول - ئۆتكەللەردە، قاپاغـ لاردا، بارگاھلارنىڭ ئىچى - تېشى ۋە ئارىلىقلىرىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرۇپ، كېچە - كۈندۈز كۆزەتچىلىك قىلىدۇ.

«يۇرتتۇغ سەركەردىلىرى، چەۋەندازلىرى پۈتۈن لەشكەرگاھـ تىكى لەشكىري مەشىق ۋە ئوۋ - شىكارلارنى تەشكىللەيدۇ ھەم باشقۇرىدۇ. لەشكىري ئىنتىزامنى، تەرتىپ - قائىدىلەرنى ئىجرا ۋە نازارەت قىلىدۇ... ئۇلار مەشىقلىرىدە، ئوۋ - شىكار، يۈرۈش - سوقۇشلاردا سۇباشىنىڭ يېنىدا بولىدۇ. ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئامانلىقىنى قوغدايدۇ. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوۋ قىلىدۇ ۋە جەڭگە ئاتلىنىدۇ!...

كۈن پاتقاندىن كېيىن، يۇرتتۇغ بارگاھنىڭ ئەتراپىدا قاتراپ، مارىلاپ يۈرگۈچىلەر سېزىلسە، دەرھال تۇتقۇن قىلىنىدۇ ۋە قامىـ لىپ، قاتتىق بىرتەرەپ قىلىنىدۇ! قاراۋۇللار، كۆزەتچىلەر نۆـ ۋەت ئالماشقاندا، چوقۇم ئىسمىنى ئېيتىپ، بەلگىنى تاپشۇرۇۋېلىـ شى ۋە تاپشۇرۇپ بېرىپ ئاندىن ئۆز ئورنىغا قايتىشى كېرەك! قاراۋۇللار، كۆزەتچىلەر ھەر چاغ بارگاھ ئىچىنى چارلاپ تۇرىدۇ.

كېچىلىرى بارگاھقا يېقىنلاشقانلار ياكى بارگاھقا كىرىمەن دەپ ئۆكتەملىك قىلغۇچىلار كۆرۈلسە، ئۇلار ئۇنى توسۇشقا ۋە شۇ يەردىلا چېپىپ تاشلاشقا ھوقۇقلۇق!...

يۇرتۇغ سەركەردىلىرى تۇرغان يەردە باشقىلارنىڭ تۇرۇشى، قونۇشى مەنئى قىلىنىدۇ! ئەتراپتا ئەگىپ يۇرگەنلەر تۇتقۇن قىلىنىدۇ. ناتونۇش، يات ـ يوچۇن كىشىلەرنىڭ بارگاھتىكى ئىشلارنى، لەشكەرگاھنىڭ ئەھۋالىنى تىڭتىڭلىشى، لەشكەرلەرنىڭ سانىنى، مەشىق، ئوۋ مەيدانلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشى مەنئى قىلىنىدۇ!...»

قىسقىسى، باتۇر يۇرتۇغ قوشۇنىنى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى، مەسئۇلىيەت ـ مەجبۇرىيەتلىرىنى، تەرتىپ ـ ئىنتىزامىنى بېكىتىپ چىقىشقا خېلى كۆپ ۋاقىت ئاجراتقان ۋە باش قاتۇرغانىدى.

تەشكىللىنىۋاتقان ھون قوشۇنىنىڭ يېڭى قۇرۇلمىسىغا، تەرتىپ ـ ئىنتىزامىغا، لەشكەرگاھنىڭ، پۇتكۇل لەشكىري قۇنۇمىنىڭ مۇلكىي ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك قارار، يارلىقلارنىمۇ ئۇ ئۆزى جاكارلىدى:

«قۇرۇلغۇسى ھون ئاتلىق قوشۇنى پۇتۇنلەي ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ساۋۇتلۇق چەۋەندازلاردىن تەشكىللىنىدۇ» سانى چەكلەنمەيدۇ، پۇتكۇل قوشۇن جەڭ ئاتلىرىنىڭ رەڭگى بويىچە تۆت چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئاندىن تۇمەنلەرگە، مىڭلارغا ئايرىلىدۇ. شۇڭا لەشكەرگاھقا كەلتۈرۈلىدىغان جەڭ ئاتلىرى ئاساسەن ئاق، كۆك، قارا، تورۇق ـ تۆت خىل رەڭدە بولۇشى شەرت! باشقا ئاتلار بىردەك جەڭ ئاتلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ، ئۇلاغ، ئوزۇق قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ!...

ھون ئاتلىق قوشۇنىنىڭ باش سانغۇنلىرى، تۇمەنبېشى، مىڭبېشىلىرى يۇرتۇغ سەركەردىلىرى ئىچىدىن تەيىنلىنىدۇ. ياىداش سانغۇنلار، يۇزبېشى، ئونبېشىلار بولسا ئۆز ئىچىدىكى ئالىپ چەۋەندازلاردىن تاللاپ تەيىنلىنىدۇ!...

www.uyghurkitap.com

پۈتكۈل قوشۇن مۇشۇ لەشكەرگاھتا مۇقىم تۇرۇپ، مۇنتىزىم لەشكىرىي مەشىق ئېلىپ باردۇ! ئەتراپتىكى ئوۋ مەيدانلىرىدا تەشكىللىك، ئوپچە ئوۋ قىلىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە لەشكىرىي يۈرۈش ۋە سوقۇشلارغا ئاتلىنىدۇ!...

لەشكىرىي مەشقلەردە، ئوۋ ـ شىكار، يۈرۈش ـ سوقۇشلاردا ئۆزىنى ھون ئاتلىق قوشۇنىنىڭ بىر جەڭچىسى، ساۋۇتلۇق چەۋەندازىمەن، دەپ تونۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بۇيرۇققا — مىنىڭ ـ سۇباشىنىڭ بۇيرۇقىغا مۇتلەق بويسۇنۇشى شەرت! بويۇنتاۋلىق، خىلاپلىق قىلغۇچىلار بىردەك چېپىپ تاشلىنىدۇ!...»

باتۇر ئۆز چېدىرىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى ئالچىلىرى سۇجۇك بىلەن سۇلسۇلەگە تاپشۇردى. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا يەنە بىرنەچچە قۇنچۇي، كۈمۈشتېكىنلەر، ئونلاپ قىرقىن ـ قىرناق ۋە تاپىغچى، مۇلازىملار بار ئىدى. ئۇلار چوڭ كۆك چېدىرنىڭ ئىچىدە مېھمان كۈتۈش ۋە ئۇزىتىپ قويۇش، غىزا ـ تائام تەييارلاش، كېگىشىش، زىياپەت، مۇراسىملارغا سورۇن ھازىرلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

بەجەچقاننىڭ ئەسلىدىنلا ئەمەل تۇتۇش خىيالى يوق ئىدى ھەمدە ئەمەل ـ مەنسەپ دېگەنلەرگە قىزىقمايتتى. شۇڭا ئۇ لەشكەرگاھقا كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا باتۇرغا ۋە ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىغا ھەمراھ بولۇپ، چوڭ كۆك چېدىردىن چىقماي يۈردى. بىراق، كېيىن ئۇ تەبىئىي ھالدا بۇ چوڭ چېدىرنىڭ غوجىدارىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تەبىئىيلا يۇرتۇغ بارگاھىنىڭمۇ غوجىدارى بولۇپ قالدى. ئۇنى بۇ ئىشقا باتۇر ياكى باشقا بىرەرى قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزى بۇ ئىشلارنى ناھايىتى مۇھىم دەپ قارايتتى ۋە ئىنچىكە، ئەستايىدىل، ئىجتىلىق بىجىرەتتى. ئۇ ھەتتا كىشىلەر ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدىغان ئۇششاق ئىشلارغىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايتتى. ھەرقايسى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر لەشكىرىي ھازىرلىق ئۈچۈن ئەۋەتكەن مال ـ ۋاران، ئات ـ

ئۇلاغ، ئاش ـ ئوزۇق، رەخت، يـۇڭ ـ تېـرە، بېـزەك ـ جابدۇق، ئالتۇن ـ كۈمۈش دېگەندەك نەرسە ۋە سوۋغا ـ سالاملارنى تىزىملاپ تاپشۇرۇۋېلىش، ئۇلارنى ئەكەلگۈچىلەرنى لايىقىدا كۈتۈ-ۋېلىش ۋە باتۇرغا ۋاكالىتەن رەھمەت ئېيتىپ ئۇزىتىپ قويۇش، مال ـ يىلقىلارنى ئوتلاقلارغا مۇۋاپىق ساندا بۆلۈپ، ئۇلارنى بې-قىشقا مالچىلارنى قويۇش، سوۋغا ـ سالام ۋە باشقا مال ـ مۈلۈك-لەرنى ئېھتىلاپ خەزىنىگە كىرىم قىلىپ ساقلاش ۋە يولىدا چىقىم قىلىپ ئىشلىتىش، ھەتتا سورۇن تۈزۈش، غىزا ـ تائاملارنى تەييارلاش، زىياپەت ـ مۇراسىملارنى، كېڭەشلەرنى، ئويۇن ـ تاماشىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاخشام ـ كەچلەردە، مەرىكە ـ مۇراسىم، زىياپەت ـ يىغىلىشلاردا چېدىر ـ بارگاھلارغا، ئامبار-لارغا يېقىن يەرگە گۇلخان ياقماسلىق، يېقىلغان بولسا ئىش تۈگى-گەن ھامان سۇ تۆكۈپ ياكى توپىدا كۆمۈپ ئۆچۈرۈۋېتىش، قارا-ۋۇللار مۈگدەپ قالسا ئويغىتىۋېتىش... دېگەندەك چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئارىلىشاتتى ۋە كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇڭا باتۇر كېيىن ئۇنى پۈتكۈل لەشكەرگاھنىڭ باش خىزمەتچىسى ۋە داستىد-خانبېگى قىلىپ تەيىنلەپ، مۈلكىي ئىشلارغا مەسئۇل قىلدى.

چېدىر ـ بارگاھ قۇرۇلۇشى، قورال ـ ياراغ سوقۇش ۋە ياساش، جابدۇق تەييارلاش ئىشلىرىغا باتۇر ئانىسى ئايقاغاننىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى، قۇياندىلىق تاغىسى يۇتچۇچاننى مەسئۇل قىلدى. يۇتچۇچان قىرىق ياشتىن ھالقىغان، ئېگىز بوي، قاۋۇل، كۈچ-تۈڭگۈر، قارا ساقال، سۇرلۇك كىشى ئىدى، قىش ـ ياز مەيدە-سىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ باتۇرنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىدىن بولغاچقا، ئۇنى ناھايىتى چوڭ بىلىپ ھۆرمەت-لەيتتى ۋە ئۇنىڭغا چەكسىز سادىق ئىدى. ئۇ بارلىق ھۈنەر-ۋەن ـ كاسىپلارنى، توقۇمىچى، تىككۈچى ئاياللارنى، قورال ـ ياراغ، جابدۇق ـ ئامبارلىرىنى باشقۇراتتى، يەنە مىڭلى-غان ھاشارچىلارنى ياغاچ كېسىپ يۆتكەش، چېدىر ـ بارگاھ تىكىپ يېڭى تۈزۈم بەرپا قىلىش، ئېغىل ـ قوتان سېلىش ئىشلىرىغا

www.uyghurkitap.com

سالاتتى، تۇمەنلىگەن جەڭ ئاتلىرىنى تاقىلايتتى ۋە ئېگەرلەپ، يوپۇق يېپىپ جابدۇيتتى.

باتۇر كۆڭلىگە پۈككەن، ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئۇلۇغ-ۋار ئىشلار بىر ھېسابتا تېخى ئەمدىلا باشلاندى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار بولسا باشتىكى چاچتىنمۇ تولا ئىدى. دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك، ئارپا نېنىدىن قىل سۇغۇرغاندەك، سېرىق ئوتنىڭ يىلتىزنى ئىزدىگەندەك، ئۆكۈش تايىنى كۆندۈرگەندەك، قىئاتنى بويسۇندۇرغاندەك تەس ۋە مۇشكۈل ئىدى. بولۇپمۇ قۇرۇلغۇسى ھون ئاتلىق قوشۇنىنى تەشكىللەش، ئۇنىڭ تەپسىلىي قۇرۇلمىسىنى، لەشكەر سانى ۋە سۈپىتىنى، تەرتىپ - ئىنتىزامىنى بېكىتىپ چىقىش، جەڭ ئاتلىرىنى تاللاش، چەۋەندازلارنى مەشىق قىلدۇرۇش، چېنىقتۇرۇپ تەربىيىلەش، ئوۋ - شىكارغا تەشكىللەپ سىناپ كۆرۈش، يۈرۈش - سوقۇشلارغا ئاتلاندۇرۇپ جەڭگە سېلىش، غەلىبىلىك جەڭ قىلىش... ئىشلىرى ناھايىتى مۇھىم ۋە ئىنتايىن مۇشكۈل بولغاچقا، باتۇر مۇشۇ ئىشلار توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتاتتى.

ھون چەۋەندازلىرىمۇ چاققان، چەبدەس، باتۇر، قەيسەر ئىدى، قىيىنچىلىق ئالدىدا باش ئېگىمىپ، جاپا - مۇشەققەتكە ۋايسىمايتتى، سوقۇشتا، تالان - تاراجدا ئۆزىگە پايدىلىق بولسىلا قاپلاندەك ئېتىلىپ، قارا بوراندەك شىددەت بىلەن باستۇرۇپ بارىدۇ. ئۆزىگە پايدىسىز بولسا دەرھال چېكىنىپ تۇتۇندەك، تۇماندەك شەپىسىز، ئىز - دېرەكسىز تارقىلىپ كېتىدۇ. ياۋ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن كۆرە قېچىشنى، كۆچۈشنى ئەر كۆرمەيدۇ، ھەتتا يارىلانغان، ئۆلۈپ كەتكەن ئۇرۇقداشلىرىنىمۇ جەڭگاھقا، ياۋ قولىغا تاشلاپ كەتمەيدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ تەشكىلى مۇكەممەل ئەمەس، تەرتىپ - ئىنتىزامى بوش، باشباشتاق، چېچىلاڭغۇ، بۇيرۇققا، باشقۇرۇشقا بويسۇنۇپ كەتمەيدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزى، ئۆز ئۇرۇقى ئۈچۈن، ئۆز ئالدىغا، قارىملىق بىلەن ئىش كۆرىدۇ، جەڭ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇقىم نىشانى، يۈكسەك غايىسى يوق.

پەقەت ئوت ـ سۇ، مال ـ چارۋا، ئەسىر قۇللار ئۈچۈنلا كۈرەش قىلىدۇ، باي ـ باياشات، ئازادە ياشاشنىلا ئويلايدۇ. مانا بۇ ئۇلار- دىكى ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىق.

شۇڭلاشقا، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئېشىلگەن قامچىدەك، چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتتەك ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك. بۇيرۇققا مۇتلەق بويسۇنىدىغان، چوڭ تۈغ قاياققا ماڭسا، لەپىلدىسە، شۇ تەرەپكە تاشلىنىدىغان، چاپىدىغان، مەقسىتى بىر، ئىنتىزامى چىڭ، جەڭگىۋار ئالىپ چەۋەندازلاردىن قىلىپ تەربىيە- لەپ چىقىش كېرەك.

شۇ تاپتا، باتۇر كۆك چېدىرنىڭ تۆرىدە چوڭقۇر ئويغا پېتىپ، مۇشۇ ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى.

— غىزانى يېمەيسەنغۇ سوۋۇتۇپ، ئېغىزىڭغا تېتىمىدىمۇ ـ يا؟ — سۈجۈك پەچكۈمدىكى داستىخاندا شۇ پېتى سوۋۇپ ـ قېتىپ تۇرغان غىزانى كۆرۈپ كايىپ.

— ھە... — دېدى باتۇر خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ.

— تېتىمىغان بولسا... باشقىدىن...

— ھە... ياق، بولدى. مۇشۇنى يەي.

باتۇر كۈن چۈش بولاي دېگەندە ئەتىگەنلىك غىزاغا تۇتۇش قىلدى. ئۇ مانا شۇ چاغدا قورسىقىنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي ئولتۇرغىنىنى ھېس قىلدى. ئۇ داستىخاندىكى پىششىق گۆشنى، ئەمبەكنى چوڭ ـ چوڭ چىشلەپ، يالماپ ـ يالماپ يۇتۇپ يېدى، سۈتنى، قىمىزنى ساقال ـ بۇرۇتلىرىغا، مەيدىسىگە تۆ- كۈپ، غورتۇلدىتىپ ئىچتى. سۈجۈك ئۇنىڭ يېيىشلىرىگە، ئى- چىشلىرىگە ھەيرانلىق، ھەۋەس بىلەن قاراپ ئولتۇردى. تازىمۇ بىر... شۇنچىۋالا ئېچىرقاپ كەتسىمۇ... نېمىگە بۇنچە قىلىپ كېتە- دىغاندۇر؟...

دەل مۇشۇ پەيتتە چېدىر ئىشىكىدىن بەجەچقان، يۇتچۇچان، ئەرقىللەر كىرىپ كېلىشتى. باتۇر ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ، ئولتۇرۇشقا ئورۇن كۆرسىتىپ تۇرۇشىغا، يەنە تۇقىش ئوغلان،

www.uyghurkitap.com
تۇيغۇر كىتاب تورى

يانان، جانەر، شىنزىر، ئىچۇر، زاغۇمىلارمۇ كىرىپ كەلدى. باتۇر ئۇلارنىمۇ ئىللىق چىراي كۇتۇۋالدى ۋە تىنچلىق سوراپ ئولتۇرۇشقا ئورۇن كۆرسەتتى. مېھمانلار پەستىكى پەگاھقا، باتۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار قانداقتۇر مۇھىم ئىشلار بىلەن كېلىشكەندەك قىلاتتى. بىراق باتۇرنىڭ غىزالىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ گەپ قىلماي ئولتۇرۇشتى.

— قارىسام بىرەر جىددىي ئىش بىلەن كەلگەندەك قىلدىڭلار، — دېدى باتۇر ئۇلارنىڭ جىددىي، ئەستايىدىل قىياپەتلىرىگە قاراپ، — قېنى ئېيتىڭلار، قانداق ئىش بىلەن كەلدىڭلار؟

— غىزالىنىۋېتىپسەن، — دېدى بەجەچقان، — ئاۋۋال قورسىقىڭ تويسۇن، ئاندىن...

— مەن يەپ بولدۇم، — دېدى باتۇر داستىخاننى بىر چەتكە قايرىپ، — قېنى سۆزلەڭلار. قۇلىقىم سىلەردە.

— بۈگۈن چورپىن قەبىلىسىدىكىلەر ئەۋەتكەن بەش مىڭ ئاتنى تاپشۇرۇۋالدۇق، — دېدى بەجەچقان يەنە ھەممىدىن بۇرۇن ئېغىز ئېچىپ.

— بەش مىڭ؟! — دېدى باتۇر ئىشەنمىگەندەك ھەم ھاياجانلىنىپ.

— شۇنداق، بەش مىڭ. بىرىمۇ كەم ئەمەس، — دېدى بەجەچقان.

— قانداقراق ئاتلارنى ئەۋەتىپتۇ؟

— ھەممىسى ياش، تىمەن، يارامىلىق ئاتلار ئىكەن.

— ئوبدان، ئوبدان، چورپىنلار يارايدۇ!

توباتۇر خۇشال بولۇپ ھاياجانلاندى، ئاندىن تۇقىش ئوغلانغا يۈزلىنىپ:

— لەشكەرگاھنىڭ ئىشلىرىچۇ؟ توپلانغان چەۋەندازلار قانچىگە يەتتى؟ — دەپ سورىدى.

— ئىشلار جايىدا، — دېدى تۇقىش ئوغلان، — توپلانغان چەۋەندازلار تۆت تۇمەن كىشىدىن ئاشتى.

— تۆت تۇمەن؟! — دېدى باتۇر يەنە ئىشەنمىگەندەك.
— شۇنداق، تۆت تۇمەن. ھەممىسى ئاتلىق، ياش، ساغلام، چوغچام يىگىتلەر، ئەكەلگەن ياراغلىرىمۇ خىل.
— ئويلىغىنىمدەك بوپتۇ!...
باتۇر يەنە ھاياجانلاندى. دېمىسىمۇ ئىشلار ئۇ ئويلىغاندەك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ تېز، ياخشى يۈرۈشۈۋاتاتتى. ئەگەر ئىشلار مۇشۇ پېتى داۋاملاشسا، ئۇ ئۇزاققا قالماي كۆزلىگەن مەقسەت مەنزىلىنى كۆرەلەيدۇ، كۆڭلىگە پۈككەن ئۇلۇغوار ئارزۇلىرىنى ئورۇنداشلىق، تېز روياپقا چىقىرالايدۇ.
— مەن ماۋزۇ بوكتانى ئەكەلدىم، — دېدى يۇتچۇچان، — سېنى كۆرۈپ باقسۇن دەپ يېڭىدىن سوقۇپ چىقتۇق.
ئۇ بىسى ئۆتكۈر قىلىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ باتۇر-نىڭ ئالدىغا قويدى. باتۇر ئۇنى قولىغا ئېلىپ، ئېغىرلىقىنى دەڭ-سەپ، تىغىنى، بىسىنى تۇتۇپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈپ چىقتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ شىلتىپ باقتى.
— مەن ئۇنى سىناپ كۆردۈم. بىلەكتەك بادرىنى تۇپتۇز كېسىۋەتتى، — دېدى تاغىسى.
— شۇنداقمۇ؟ — دېدى باتۇر كۆزىنى قىلىچتىن ئۈز-مەي، — بىراق سەل يېنىكتەك قىلامدۇ نېمە؟
— يېنىك دەمسەن؟ — دېدى تاغىسى خاتىرجەم ھالدا، — ساڭا شۇنداق بىلىنگەندۇر. لېكىن باشقىلارغا ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى ئۇلار سەندەك قاۋۇل، كۈچلۈك ئەمەس - دە.
— يا ئوقلىرىچۇ؟ — دېدى باتۇر جىددىي تۇستە.
— ياسىلىۋاتىدۇ، — دېدى تاغىسى، — سانى ئىككى تۇمەن تالدىن ئاشتى.
— ئىككى تۇمەن؟
— شۇنداق... باشاقلىرىنى بېكىتسەكلا...
— ياغاچ - تاش، تۆمۈر، ھۇنەرۋەن، ھاشارچىلار كەم ئەمەستۇر؟

— كەم ئەمەس...

— ئۇنداقتا ياسالغان ئوقلار نېمانداق ئاز، ئىش سۈرئىتى ئاستىمۇ؟

— بۇ... بۇ مۇنداق ئىش، سۇباشى، ئىشلار ئەمدىلا باشلاندى، ئىزىغا چۈشتى. لازىمەتلىكلەرمۇ تەل بولدى، مەن ئۇزاققا قالماي سەن تاپشۇرغان ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنداپ بولىمەن. يىگىرمە بەش تۈمەن تال يا ئوقىنى...

— ھۆددە قىلالامسەن؟!

— بېشىم بىلەن! — دېدى يۈت-چۈچان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — سەن تۈنجى ئوۋنى باشلاشتىن بۇرۇن بۇ يەرگە توپلانغان چەۋەندازلارنى تولۇق يارىغلاندۇرۇپ، ھەربىرىگە بەش تالدىن يا ئوقى تارقىتىپ بېرىشكە، جەڭ ئاتلىرىنى تولۇق تاقىلاپ، ئېگەر ـ جابدۇقلىرىنى ھازىرلاپ بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىمەن!

— قېنى كۆرەرمىز، — دېدى باتۇر تاغىسىنىڭ ئىشلىرىدىن سەل نارازى بولۇپ كەيپى ئۇچقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ.

ئاندىن ئۇ يەنە تۇقىش ئوغلان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى يانان، شىنزىرلارغا يۈزلەندى.

— سىلەرچۇ؟ سىلەر نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ لەشكەرلەر نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— ئات مىنىش، چاپتۇرۇش مەشىقى بىلەن...

— ئات چاپتۇرۇپ، يەپ ـ ئىچىپ، ئويۇن ـ تاماشا قىلىۋاتىدىسىلەر، شۇنداقمۇ؟!

— ياق، ئۇنداقمۇ ئەمەس...

— مېنى بىلمەيدۇ دەپ تىلداغلىق قىلىۋاتامسەن، تۇقىش ئوغلان؟

— ياق...

— شىنزىر، يانان، سىلەرگىمۇ شۇنى ئېيتىپ قوياي. مەن سىلەرنى، شۇنچىۋالا كۆپ كىشىنى بۇ يەرگە ئات چاپتۇرۇپ ئوينىد-

سۇن، يەپ - ئىچىپ ئارام ئالسۇن دەپ چاقىرمىدىم. بەلكى قاتتىق مەشىق قىلىپ چېنىقسۇن، قۇدرەتلىك، جەڭگىۋار كۈچ بولۇپ ئۆيۈشسۇن، يۈكسەك، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈ-رۈپ ئۆزلىرىگە تىنچلىق ۋە قۇت - بۇيان ياراتسۇن، دەپ چاقىر-دىم. بۇنى بىلىدىغانسىلەر؟!

— بىلىمىز...

— ئۇنداق بولسا ئويۇن - تاماشىنى ئەمدى يىغىشتۇرۇڭلار! هازىردىن باشلاپ لەشكىرىي مەشىقلەرگە كىرىشىڭلار! چەۋەنداز-لارنى ئات مىنىش، نەيزە شىلتىش، قىلىچۋازلىق، كاماندازلىق، جانبازلىق، سالغا تاشلاش... ھەممىسىگە سىپلىڭلار! كېچە - كۈندۈز، جاپالىق، قاتتىق مەشىق قىلىڭلار! چىدىمىغانلارنى، چاناچلارنى قوغلىۋېتىڭلار بۇ يەردىن. بېرىپ مېلىنى باقسۇن، ئۇنداقلارنى كۆزۈم كۆرمىسۇن!

— خوپ!

— يەنە بار. ھەممىدىن مۇھىمى لەشكىرىي ئىنتىزام! سىلەر ئۇلارنى چىڭ تۇگۈلگەن مۇشتتەك، پىششىق ئىشلىگەن قامچىدەك قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشىڭلار كېرەك! يەنە شۇنىمۇ دەپ قوياي، لەشكىرىي بۇيرۇقنا، مېنىڭ، سىلەرنىڭ بۇيرۇقۇڭلارغا بويسۇن-مىغۇچىلار چىقسا، شۇ يەردىلا چېپىپ تاشلانسۇن، باشقىلارنىڭ كۆزى ئالدىدىلا!

— خوپ!

— يەنە دەيدىغانلىرىڭلار بارمۇ؟

— يوق...

— بار!

— ھە بەجەچقان، سەن يەنە نېمە دېمەكچى؟

— مەن... يېقىندىن بېرى بىر ئىشنى ئويلاپ قېلىۋاتىد-مەن، — دېدى بەجەچقان دەماللىققا گېپىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك سەل دۇدۇقلاپ، ئاندىن ئورنىدىن قىمىرلاپ، باشقىلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، چولاق قۇلىقىنىڭ كۆرۈنۈپ

قىلىۋاتقىنىغا پەرۋا قىلماي تەلپىكىنى قايرىپ، بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — لەشكەرگاھ بەكمۇ چوڭ. لەشكەر ۋە باشقا كىشىلەرمۇ كۆپ. ئۇلار يەنە كۆپىيىشى مۇمكىن. دېمەك. چى بولغىنىم، ئۇلار يەيدۇ، ئىچىدۇ، كىيىدۇ، ئىشلىتىدۇ. بىراق يېتىپ يېسە تاغمۇ توشمايدۇ - دە مەن شۇ… كېيىنچە لەشكىرىي تەمىناتنىڭ ئۈكسۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

— دۇرۇس ئېيتىسەن، بەجەچقان، — دېدى باتۇر قايىللىق بىلەن يېنىك باش لىڭشىتىپ، — دېگەنلىرىڭ ئورۇنلۇق. بىراق، بۇ ئىش سەن ئەنسىرىگەندەك ئۇنداق ئېغىرلىشىپ كەتمەيدۇ. چۈن. كى بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇزاققا قالماي ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغان بولىدۇ ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك. بولمىسا ئۇلارغا سەن دېگەندەك تاغمۇ توشمايدۇ. مەن ئاۋۋال ئۇلارنى قاتتىق مەشىق قىلدۇرۇپ چېنىقتۇرىمەن، ئاندىن ئوۋ - شىكارغا تەشكىللەپ سىناپ كۆرىمەن. ئاخىردا يۈرۈش - سوقۇشلارغا ئاتلاندۇرىمەن. جەڭدە ئالغان ئولجا - غەنىيمەتلەرنى ئۆزلىرىگە تالىق قىلىپ بېرىمەن!

— ئۇنداق بولسىغۇ ياخشى بولاتتى.

— سەن مۇشۇ يەردە يەپ - ئىچىپ، كۆككە مۇشت - پەشۋا ئېتىپ، ھاۋاغا قىلىچ چېپىپ، ئوق ئۈزۈپ ياتارمىزمىكىن دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟

— ياق، ئەمدى…

— بىز ئاۋۋال مەشىق قىلىپ كۈچ - ماھارىتىمىزنى ئاشۇرى. مىز. ئوۋ قىلىپ ئۆزىمىزنى دەڭسەپ كۆرىمىز، ئاندىن يۈرۈشكە ئاتلىنىپ، قايناق جەڭلەرگە كىرىمىز!…

— چىنلىقلار ئۈستىگىمۇ؟! — دېدى چېدىرغا كىرگەندىن بېرى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، بولۇنغان سۆھبەتلەرنى سالماق. لىق بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرغان ئەرقىل نېمىدىندۇر چۆچۈگەندەك، ئەنسىرىگەندەك ئورنىدىن ئىختىيارسىز قوزغىلىپ.

— قانداق، بولمامدىكەن، ئەرقىلبەگ؟ — دېدى باتۇر ئۇنى

مەسخىرە قىلغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ، ئاندىن ئۆزىگە ئىشەنگەن هالدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — چىنلىقلارنىڭ يېرى كەڭ، ئوت - سۈيى مول، بايلىقى كۆپ. بىزگە كېرىكى، بىز ئېهتىياجلىق بولۇۋاتقان نەرسىلەر مانا شۇ. بىز ئۇزاققا قالماي سېرىق ئۆگۈزدىن ئۆتۈپ، سەددىچىندىن هالقىيمىز. چىنلىقلار ئۇستىگە شىددەت بىلەن باستۇرۇپ بارىمىز. خۇددى ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا بىزنىڭ ئۇستىمىزگە باستۇرۇپ كەلگەندەك، ئاندىن ئۇلار بىلەن ئېلىشىمىز. يېڭى ئوتلاقلارنى ئىگىلەيمىز. ئۇ يەردە يىلقىلىرىمىزنى خىرامان يايلىتىمىز!

— بىراق بۇ… ئۇلار…

ئەرقىل باتۇرنىڭ يەنە ئويناشقاندەك گەپ قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى. «ئويناپ سۆزلىسىمۇ، ئويلاپ سۆزلىشى كېرەك - دە، ئۇ قۇرۇق داۋراڭ، يوقىلاڭ ئارمانلارغا نېمە كېلىدۇ؟ ئەجەبا، ئەينى ۋاقىتتىكى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتىمىكىن؟… ئۇ ئۆزىنى چاغلىماي چوڭ گەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئېتىپ ئابرۇيىغا نۇقسان يەتكۈزۈۋاتىدۇ…» ئۇ ئەنە شۇنداق ئويلىدى.

— بىلىمەن، — دېدى باتۇرمۇ دەررۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى سېزىۋالغاندەكلا، — ئۇلار چوڭ، كۈچلۈك ئەل، چېقىلغىلى، تەڭ تۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەهۋالدا ئۇلارغا قانداقمۇ كۆز ئالايتىپ خىرىس قىلغىلى بولسۇن؟… دېمەكچىغۇسەن، شۇنداقمۇ؟

— بۇ هەممىمىزگە ئايانغۇ! — دېدى ئەرقىل تېخىمۇ تىت - تىت بولۇپ،

— دۇرۇس، — دېدى باتۇر سالماقلىق بىلەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئويلاپ يەتكەنلىرىنى كۆپچىلىككە تۇنجى قېتىم ئاشكارىلاپ، — چىنلىقلار چوڭ، كۈچلۈك ئەل، لەشكىرىي كۈچىمۇ بىزنىڭكىدىن نەچچە هەسسە كۆپ هەم قۇدرەتلىك. بىراق بۇ بۇرۇنقى ئىشلار. هازىر بولسا ئەهۋال باشقىچە، هونلار ئارىسىدا ياشاش ئارام، دەپ بىز تەرەپكە ئارقا - ئارقىدىن قېچىپ كېلىۋاتقان

چىنلىقلار بىلەن ئوبدانراق سىردىشىپ باقساقلا بۇنى بايقىماق تەس ئەمەس. ئۇلار نېمىشقا بىز تەرەپكە قېچىپ كېلىشىدۇ؟ ئۆز يۇرتىنى، بالا - چاقىسىنى تاشلاپ، خاقانىدىن يۈز ئۆرۈپ، تەرەپ - تەرەپلەرگە قېچىشىدۇ؟ ئۇلار نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ سەن بۇ توغرۇلۇق ئويلىنىپ باقتىڭمۇ، ئەرقىلبەگ؟

——......

— ئۇلار ئىلگىرى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان تۈگىمەس جەڭگى - جېدەللىرىدىن جاق تويۇپ ۋەيران بولۇپ قېچىشقان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە پاسىبانىدىن، ئۆز خاقانىدىن قورقۇپ، خەۋپسىرەپ قېچىشىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەرنى يوقىتىپ، ئۇلارنى بىر تۇغ ئاستىغا جەم قىلغان چىن خاقانى هازىر ئاينىدى، زالىملىقتا چېكىگە يېتىپ ئۆز كىشىلىرىگە ۋاپا قىلمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ خەلقى قاچماقتا، پىتىرىماقتا، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەكتە، چېگرا مۇداپىئەسىدىكى سەركەردە - سەرۋازلارمۇ، سىپىل سوقۇۋاتقان هاشارچىلارمۇ، ئەمەلدار - تۆرىلەرمۇ شۇنداق. ئۇ تەرەپتە هازىر قىر - چاپ، قاچ - قاچ باشلىنىپ كەتتى. قېپقالغىنى پەقەت مىڭ تيەن سانغۇن. لېكىن ئۇنىڭمۇ كۈن - جايى ئاخىرلاشماقتا، ئامالسىز قېلىپ بېشى قاتماقتا. ئۇ ئۇزاققا بارماي تەپرىقچىلىكنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ. ئۆز قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. خوپ بولسۇن، هونلارغا چېقىلسۇن دەپ كىم قويۇپتىكەن ئۇنىڭغا؟... بۈيۈك چىن خاقانلىقىنىڭ هازىر قۇرۇق هەيۋىسى، يامان ئاتىقىلا قالدى. مانا بۇ بىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت، تۇغقانلار. ئۇرۇقداشلار! بىز بۇ پۇرسەتنى كۆرۈپ يېتىشىمىز، غەنىيمەت بىلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۈن - تىنسىز باش كۆتۈرۈشىمىز كېرەك.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئەرقىل ۋە باشقا يارەنلەر باتۇرنىڭ ئېغىزىغا قاراپلا قېلىشتى. توۋا، بۇ ئىشلارنى، بۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئۇ قاچان، قەيەرلەردە يۈرۈپ بىلگەندۇر؟ قانداق ئويلاپ يەتكەندۇر؟... ئۇ يەنە نېمىلەرنى بىلىدىغاندۇر؟ نېمىلەرنى قىلماق-

چىدۇر؟… ئاجايىپ!… ئاجايىپ بىر كىشى - دە ئۇ!
بىر خىسلەت بار ئۇنىڭدا. بۇنى پەقەت ئۇ ئۆزى ۋە بىر تەڭرىلا بىلىدۇ! ئۇ چوقۇم ئىنسان بالىلىرىنىڭ يادىدىن مەڭگۈ چىقمايدىغان ئۇلۇغۋار، بۈيۈك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. كەلگۈسى ئەۋلادلار ياد ئېتىدىغان، پەخىرلىنىدىغان، باتۇر نامى تىللاردا داستان بولۇپ، شانلىق ئىش ئىزلىرى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان ئۇ-لۇغ، بۈيۈك كىشىگە ئايلىنىدۇ! تارىخ ئۇنىڭغا ئۆز قويىنىدىن يۈكسەك، مەڭگۈلۈك ئورۇن بېرىدۇ. ئۇنى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ، ئۇنى ئۆرنەك قىلىپ داۋاملىشىدۇ!… باتۇر ئۇلارغا باشقىچە بىر كىشى — تۈيغۇن، پاراسەتلىك، جەسۇر، ئالىپ چەۋەنداز، ھىممەت - شىجائەتلىك قابىل پاسىبان، تەبىئىي تالانت ۋە تەدبىر ساھىبى، بۈيۈك، ئۇلۇغ ئىنسان بولۇپ كۆرۈندى. ئۇلار ئۇنىڭ سۆزلىرىگە، ئۆزىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ، چەكسىز پەخىر - ئىپتىخار ۋە ھۆرمەت ھېسسىياتىغا چۆمۈشتى.
— شۇڭا، — دېدى باتۇر سۆزىنى داۋام قىلىپ، — مەن سىلەردىن سەگەك، ھوشيار بولۇشۇڭلارنى، ھەر ۋاقىت جەڭگە تەييار تۇرۇشۇڭلارنى تەلەپ قىلىمەن. بىز چوقۇم كۆزلىگەن مەق-سىتىمىزگە يېتەلەيمىز!
— ئېيتقىنىڭ كەلسۇن!
— بارىكاللا!
— ئاپىرىن!
— باي بول، باتۇر ئوغلان.
كۆپچىلىك چەكسىز ھاياجانغا تولۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئال-قىش ياڭرىتىشتى. ئەقلىدە ئەزەلدىن باتۇرغا ئۇتتۇرۇپ باقمىغان ئەرقىلمۇ ئۇنى باشقىدىن تونۇپ ھەپپىدە قىزاردى.
— مەن ئەتىدىن باشلاپ لەشكىرىي بارگاھلارنى ئارىلاپ، مەشق ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرىمەن! — دېدى باتۇر ئاخىرىدا جىددىي ۋە كەسكىن قىلىپ، — يەنە سىلەرنى، چەۋەندازلىرىمنى سىنايمەن. بەلكىم ئاراڭلاردىكى بەزىلەر سىنىقىمدىن ئۆتەلمەي

باشقىلارنىڭ ئالدىدا كۆلكىگە قېلىشى، قوغلىنىشى، ھەتتا كالىلىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن. مەن ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن، يېنىمدىكى ماۋۇ بوكتايىم بىلەن چېپىپ تاشلايمەن! شۇڭا سىلەرگە بۇيرۇق قىلىمەن. ھازىردىن باشلاپ پۈتكۈل لەشكەرگاھ، بارلىق لەشكىري قوشۇن جىددىي ھالەتكە ئۆتۈپ، رەسمىي جەڭ مەشقىنى باشلىسۇن!

## 4

باتۇر تاڭ يورۇپ كۈن چىقاي دېگەندە ئورنىدىن تۇردى. كۆڭلىگە پۈككەن ئىشلىرى ئۇخۇشلۇق يۈرۈشۈپ، كۆزلىگەن مەقسەت مەنزىلىگە يېتەي دەپ قالغاچقا، يەنە تېخى تۈنۈگۈن يېڭى ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى، يېڭىدىن ئويلاپ يەتكەنلىرىنى، كۆزلىگەنلىرىنى، كۆڭلىدىكى مەخپىي سىرلىرىنى تۇغقانلىرىغا، يارەنلىرىگە ئاشكارىلاپ، ئۇلار بىلەن ئورتاقلىشىپ، ئۇلارنىڭ چۈشىنىشىگە، قوللىشىغا ئېرىشكەچكە، كېچىدىن تىنچ يېتىپ قېنىپ ئۇخلىغاچقا، كەيپىياتىمۇ كۆتۈرەڭگۈ، روھلۇق ئىدى. ئۇ يۈز - قولىنى مۇزدەك سۇ بىلەن يۇغاندىن كېيىن، ئالچىلىرى سۈجۈك بىلەن سۇلسۇلەنى، چوڭ كۆك چېدىرنىڭ غوجىدارى بەجەچقاننى قەۋەتلا سۆيۈندۈرۈپ، ئەتىگەنلىك غىزانىمۇ ئىشتىھا بىلەن يېدى. ئالچى سۈجۈك ئۇنى غىزالاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بەجەچقان بىللە ئۇنىڭ كىيىنىپ جابدۇنۇشىغا ياردەملەشتى. باتۇر بۈگۈن يېڭىدىن قۇرۇلغان ھون ئاتلىق قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى — سۈباشى بولۇش سۈپىتى بىلەن رەسمىي يوسۇندا لەشكەرگاھنى، لەشكىري مەشىق ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىقماقچى بولغاچقا، ئوبدان جابدۇنۇشى، قوراللىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئۇچىسىغا تېرە كىيىم، پۇتىغا قونچلۇق كۆن ئۆتۈك كىيدى. ئۈستىگە تەڭگە قاسىراقلىق تۆمۈر ساۋۇتىنى، بېشىغا قوش قۇببىلىك چويۇن دۇبۇلغىنى كىيىپ، بېلىنى كەڭ تاسما سىدىرىم بىلەن

باغلىدى. سىدىرىمىغا تاغىسى تۇيچۇچان تۇنۇگۇن سوۋغا قىلغان، هون تۆمۇرچىلىرى مۇشۇ لەشكەرگاھتا سوقۇپ چىققان غىلاپلىق بوكتانى ئاستى. ئۇنىڭ چوغچام تۇرقى، سالاپىتىدىن باھادىر- لىق، جۇشقۇن روھى قىياپىتىدىن ھىممەت - شىجائەت ئۇر- غۇپ تۇراتتى.

تالادا، چوڭ كۆك چېدىر ئالدىدىكى كەڭرى مەيداندا تۇقىش ئوغلان باشلىق ئاتمىشقا يېقىن چەۋەنداز ئۇنىڭ چېدىرىدىن چىقى- شىنى كۇتۇپ تۇراتتى. ئۇلار باشتىن - ئاياغ تۆمۇر كىيىملەرگە ئورىنىپ، تولۇق قوراللانغانىدى. ئەتىگەنكى قۇياش نۇرىدا ئۇلار- نىڭ، ئاتلىرىنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن قويۇق، قىزغۇچ هور ئۆرلەيتتى.

باتۇر جابدۇنۇپ، قورالىنىپ تەخ بولغاندىن كېيىن، گۇرس - گۇرس دەسسەپ چېدىر ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، چېدىرىنىڭ ياندىكى كىچىك بۆلمىسىدىن ئۇستۋېشىغا دۇبۇلغا - ساۋۇت، پۇتىغا قونچلۇق ئۆتۇك كىيىپ، بېلىنى كەڭ تاسما سىدىرىم بىلەن باغلاپ، قىلىچ ئېسىۋالغان، بوي - بەستى، چىراي - تۇرقىدىن بۇرۇتى خەت تارتمىغان ياش يىگىتكە ئوخشى- شىپ قالغان ئالچى سۇلسۇلە چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇدى.

— سەن... نېمە قىلىۋاتىسەن؟!...— دېدى باتۇر ئۇنىڭ تۇرقىغا ھەيرانلىق بىلەن سەپسېلىپ.

— شۇنداق، بۇ مەن، — دېدى سۇلسۇلە ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى يىگىتلەردەك كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، — لەشكەرگاھنى كۆزدىن كەچۇرۇشكە سەن بىلەن بىللە چىقىمەن.

— بولدى، — دېدى باتۇر مېڭىشقا تەمشىلىپ، — ئەرلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما.

— شۇ تۇرقۇمدا مېنى كىم ئايال كىشى دەيدۇ؟ — دېدى سۇلسۇلە ئۆزىنى تېخىمۇ رۇسلاپ، قىلىچىنىڭ سېپىنى مەھكەم تۇتقىنىچە يىگىتلەردەك مەزمۇت دەسسەپ تىك تۇرۇپ.

باتۇر يا كۇلۇشنى، يا قولىنى شىلتىپ ئۇنى رەت قىلىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەلمەي، چوڭ ئالچىسى سۆجۈككە قارىدى.
— ئۇنى ئېلىۋال، باتۇرۇم، — دېدى سۆجۈك سۇلسۇلەگە
يان بېسىپ، — ئۇ ساڭا يۈك بولۇپ قالمايدۇ، ئەكسىچە ھەمراھ
بولىدۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى چېدىردىن چىقماي غېرىبسىنىپ،
تۈگمەس ئۆي ئىشلىرى بىلەن بولۇپ ھېرىپ ـ چارچىدى، زېرىك-
تى ئۇ. كۆرۈپ كەلسۇن، كۆڭلى ئېچىلسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە،
ئۇ يېنىڭدا بولسا مەنمۇ خاتىرجەم بولىمەن.
باتۇر ئالچىلىرىنىڭ ئىناقلىقىدىن، بولۇپمۇ چوڭ ئالچىسى
سۆجۈكنىڭ كەڭ قورساق، كۆيۈمچانلىقىدىن ئىنتايىن سۆيۈندى.
بىراق، سۇلسۇلەنى بىرگە ئېلىۋېلىشنى ئانچە مۇۋاپىق تاپمىدىمۇ،
يا «ھە» ، يا «ياق» دېمەي بۇرۇلۇپلا ئىشىككە قاراپ ماڭدى. بۇنى
كۆرۈپ ئورنىدا قوزۇقتەك تۇرۇپ قالغان سۇلسۇلە قانداق قىلىشى-
نى بىلمەي ئالچى سۆجۈك بىلەن بەجەچقانغا قاراپ ئۈمچەيدى.
«نېمىگە قاراپ تۇرسەن، ئۇ قوشۇلدى. كەينىدىن چىق» دېگەن
مەنىدە كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئىشارە قىلدى سۆجۈك ئۇنىڭغا. سۇل-
سۇلە ۋىللىدە ئېچىلىپ، باتۇرنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.
— سەن راستىنلا ئۇنىڭ باتۇر بىلەن بىللە بولۇشىنى خالام-
سەن؟ — دېدى بەجەچقان سۇلسۇلە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن
سۆجۈككە سىنچى كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ.
— قانداق، گۇمانلىنىۋاتامسەن؟ — دېدى سۆجۈكمۇ تەمكىن
ھالدا ئۇنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ.
— ياق، ئەمدى…
— ئىككىڭلار كۈنداش تۇرۇپ ئاچا ـ سىڭىللاردەك بولۇپ
كېتىپسىلەر دەپ ھەيران قېلىۋاتىسەن ـ ھە.
—… …
— بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نەرى بار؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە باتۇر-
مۇ شۇنى خالايدۇ، شۇنىڭغا موھتاج. نېمىلا دېگەنبىلەن، ھەر
ئىككىمىز ئۇنىڭ ئالچىسىغۇ. مۇشۇنداق چاغلاردا بىرىمىز ئۇنىڭ
يېنىدا بولساق تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟

بەجەچقان ئويلىماي سۆزلەپ قويۇپ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. «تازىمۇ بىر... مېنىڭ ئېغىزىمزە. قاملاشمىغان گەپنى قىلىپ... مانا ئەمدى، ئۇ نېمىدەپ ئويلاپ قالار...» ئۇ سۇجۇكنىڭ گەپلىرىدىن ھەم تەسىرلەندى، سۆيۈندى، ھەم ئىنتايىن خىجىللىق ئىچىدە قالدى. بەجەچقان ھودۇقۇپ بېشىنى قاشلىۋىدى، تەلپىكى بىر يانغا قىيسىيىپ، چولاق قۇلىقىمۇ كۆرۈنۈپ قالدى. سۇجۇك ئۇنىڭ ئانىسى ئالدىدا خاتا ئىش قىلىپ قويۇپ تۇتۇلۇپ قالغان بالىنىڭكىدەك ئوسال ئەھۋالغا ۋە چولاق قۇلىقىغا قاراپ كۈلۈۋېتىشكە تاس قالدى.

— بولدى، خىجىل بولما، بەجەچقان، — دېدى ئۇ، ئاندىن ئېغىزىنى قولى بىلەن توسۇپ، ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە ئۆزىنىڭ خانىسىغا كىرىپ كەتتى.

باتۇر چېدىردىن چىقىپلا يېڭى چىققان قۇياشقا يۈزلەندى، تىزلىنىپ قوللىرىنى كەڭ ئېچىپ كۈن تەڭرىسىگە چوقۇندى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇرتۇغ بارگاھىنىڭ باش يىلقىچىسى ئېگەرلەپ، جابدۇپ قوشۇپ تۇرغان توروق تۇلپارنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئالدى.

— ئاتتىن يەنە بىرنى ئېگەرلە! — دېدى ئۇ باش يىلقىچىغا بۇيرۇق قىلىپ.

— ئېگەرلەپ قويغان، سۇباشى، — دېدى يىلقىچى چېدىرنىڭ سول يېنىدىكى تۈۋرۈككە باغلاقلىق ئاق ئايغىرنى كۆرسىتىپ.

باتۇر دەررۇ چېدىر ئىشىكى ئالدىدا ئۆرە تۇرغان سۇلسۇلەگە قارىدى. سۇلسۇلە يىگىتلەردەك تۈز تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تاتلىققىنا جىلۋە قىلدى. «ئەسلىدە ھەممىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ بوپتىكەن - دە بۇلار» دېدى باتۇر كۆڭلىدە، ئاندىن ئېتىغا مىنىپ، مەيداندا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان چەۋەندازلارغا بۇيرۇق قىلدى.

— تەييارلان!

چەۋەندازلار ئاتلىرىغا مىنىپ سەپ تۈزۈشتى. باتۇر چاپچىپ تۇرغان توروق تۇلپارنىڭ بېشىنى بۇراپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتتى.

ئاندىن ھەممەيلەن قوزغىلىپ ماڭدى. بارگاھتىن چىققۇچە ئۇلار سەپلىرىنى بۇزماي، ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئاستا مېڭىشتى. بارگاھتىن چىقىپ ئوڭغا بۇرۇلغاندىن كېيىن، تىزگىننى قويۇۋېتىپ چېپىپ كېتىشتى.

سۇباشى باتۇر ئالپىنىڭ تۇنۇگۈنكى بۇيرۇقى ھەرقايسى بارگاھلارغا دەخلىسىز ھەم ھايالسىز يېتىپ بارغاچقا، تۆر ئاۋۇل باشقىدىن جانلىنىپ، پۈتكۈل لەشكەرگاھ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يايلاقلارنى چەۋەندازلارنىڭ ئات چاپتۇرۇپ چۇقان سېلىشقان، بىر - بىرىگە ھەيۋە قىلىپ نەرە تارتىشقان، قىلىچ - قالقانلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ جاراڭلىغان، يا ئوقلىرىنىڭ، سالغا تاشلىرىنىڭ ھاۋانى يېرىپ ۋىشىلدىغان، ئاتلارنىڭ، ئات تۇپلىرىنىڭ يەر - زېمىننى تىترىتىپ دۈپۈرلىگەن، كۆكنى لەرزىگە سېلىپ كىشنەشكەن... ئاۋازلىرى قاپلىغانىدى.

ھەرقايسى بارگاھلارنى ئارىلاپ، مەشىق مەيدانلىرىنى كېزىپ، لەشكىرىي مەشىق ئەھۋالىنى بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشقا ئۈچ كۈن ۋاقىت كەتتى. باتۇر يۇرتۇغ سانغۇنلىرىنى، سىپاھلىرىنى، تۈمەنبېشى، مىڭبېشىلارنى ئەگەشتۈرۈپ ھەربىر بارگاھقا، مەشىق مەيدانىغا يېتىپ بارغاندا، بۇ بارگاھ، مەشىق مەيدانى ئاللىقاچان جىددىي ھالەتكە ئۆتۈپ بولاتتى. لەشكەرلەر ئاتلىرىغا مىنىپ، دۈبۈلغا - ساۋۇتلىرىنى كىيىپ، قىلىچ - قالقانلىرىنى ئېلىپ جەڭ مەشىقىگە كىرىشىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياش ۋە ئوتتۇرا ياش بەردەم ئەرلەر، ئالىپ چەۋەندازلار بولۇپ، ۋۇجۇدىدىن تەلۋە كۈچ - قۇدرەت ۋە يۇكسەك جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇلار باتۇرنى كۆرگەندە باشقىدىن روھلىنىپ، قۇتراپ، ئۇنىڭ ئالدىدا كۈچ - ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، باتۇرلۇقىنى نامايان قىلىشقا تىرىشاتتى.

باتۇر تۆر ئاۋۇلغا توپلانغان ھون چەۋەندازلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ۋە ياراغلىرىنى، مەشىق ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ خېلى مەمنۇن بولدى. بىراق ئۇلاردا يەنە قانداقتۇر بىر نەرسىلەرنىڭ كەملىكىنى، بەزى نەرسىلەرنىڭ، ئىشلارنىڭ تازا مۇكەممەل،

ئۆزى ئويلىغانداك ئەمەسلىكىنىمۇ ھېس قىلدى. دۇرۇس، تۆر
ئاۋۇلغا قىسقىغىنا بىرنەچچە ئاي ئىچىدە تۆت تۇمەندىن ئارتۇق ھون
چەۋەندازى توپلاندى. ئۇلار ياش، ساغلام، قاۋۇل، جەسۇر كۆك
بۆرىلەر. يەنە كېلىپ ھەممىسى ئاتلىق، ئاتلىرى، ياراغلىرى
خىل. جەڭ مەشىقلىرىمۇ خېلى جايىدا، كىشىنىڭ زوقىنى، قايىل-
لىقىنى قوزغايدۇ. بىراق ئۇلاردا بىرلىك يوق، يەنىلا باشباشتاق،
چېچىلاڭغۇ. مانا بۇ ئۇلاردىكى كەمچىلىك، ئاجىزلىق. ئۇلار ھەر-
قانچە كۆپ، باتۇر، ئاتلىرى يۈگۈرۈك، ياراغلىرى ئۆتكۈر بولسى-
مۇ، بىر نىيەتكە كەلمىسە، ئۇيۇشمىسا يەنىلا بىكار. ئۇنداقتا،
ئۇلارنى ئەنە شۇنداق جەڭگىۋار، قۇدرەتلىك بىر قوشۇن قىلىپ
قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يەنە نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟ قوشۇن
زور، بارگاھلار كۆپ، مەشىق، ئوۋ مەيدانلىرى تارقاق. بۇنداق
ئەھۋالدا باتۇر ھەممىنى باشقۇرۇپ، ھەممىگە يېتىشىپ بولالمايدۇ.
ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭ-
لاشقا... ئالدى بىلەن لەشكىري ئىنتىزامنى چىڭىتىش، كۈچەي-
تىش كېرەك. باتۇرنىڭ — سۇباشىنىڭ بۇيرۇقى، ئىرادىسى،
ھەربىر ئېغىز سۆزى قاتلامۇ قاتلام، ئاخىرىدا ھەربىر كىشىگىچە
دەخلىسىز ھەم ھايالسىز يېتىپ بارىدىغان، دەخلىسىز ھەم تولۇق
ئىجرا بولىدىغان بولۇشى كېرەك. باتۇر قاياققا ماڭسا، ھەممە
ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان، تۇغ قاياققا لەپىلدىسە، ھەممە شۇ ياققا ئات
سالىدىغان، باتۇر نېمىگە قارىتىپ ئوق ئۈزسە، ھەممە ئۇنىڭغا ئوق
ياغدۇرىدىغان، قورقمايدىغان بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن
ئەڭ ئاۋۋال ئورۇق - تۇغقانلارنى، يارەنلىرىنى، سەركەردە -
سانغۇنلارنى، ئاتىم، باتۇر چەۋەندازلارنى يېنىغا تارتىپ، توپلاپ،
ئۇلارغا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى، ئىشەنچلىك ۋەدىلەرنى بېرىپ،
مېھىر - شەپقەت ۋە ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىش كېرەك. ئۇلارنى
ئۆزى بىۋاستە، قاتتىق باشقۇرۇپ، جاپالىق مەشىق قىلدۇرۇپ،
يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش، ئاندىن ئۇلارنى باشقىلارنى،
تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى، پۈتكۈل ھون قوشۇنىنى باشقۇرۇشقا
قويۇش، مەشىق قىلدۇرۇشقا سېلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلسا،

ئىشلار ئۇ ئويلىغاندەك يۈرۈشمىدۇ، ھېچبولمىغاندا بۇرۇنقىدىن پەرقلىق، ياخشى بولار بەلكىم...

باتۇر لەشكىرىي بارگاھلارنى، لەشكىرىي مەشىق ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ يۇرتۇغ بارگاھىدىكى كۆك چېدىرىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تۆردىكى پەچكۇم — ۋاقىتلىق تەختى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئەنە شۇنداق ئويلىدى. ئۇ يەنە بۇ ئوي - پىكىرلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىجتىھات قىلىشنىڭ، يېڭى چارە - ئاماللارنى، ئوۋ قىلىش، جەڭ قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئويلاپ تېپىشنىڭ، يېڭىچە قورال - ياراغلارنى ئىختىرا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ ھېس قىلدى. «ئەگەر... ئەگەردە... مەن ئاتقان يا ئوقىدىن ئاۋاز چىقسا، بۇ ئاۋازنى ھەممە ئاڭلىسا، مېنىڭ نېمىنى نىشانلاپ، كىمگە قارىتىپ ئاتقىنىمنى بىلسە، ئاندىن ماڭا ئەگەشسە، بويسۇنسا... مەن ئۇلارنى ئۇلۇغ يۈرۈشلەرگە، قايناق جەڭلەرگە باشلىسام!... يا ئوقىنى ئاۋازلىق قىلىپ ياسىغىلى بولماسمۇ...»

ئۇ تۇرۇپلا ئاۋازلىق ئوقيا ياساشنى ئويلاپ قالدى ھەم شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بۇنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ساراڭ بولدى. تاغىسى يۇتقۇچانغا بىر قۇچاق يا ئوقى ئەكەلدۇرۇپ، چېدىرىغا بېكىنىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلەشكىلى تۇردى. بۇ ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن ئۇ غىزادىنمۇ قالدى، كىشىلەر بىلەنمۇ ئارىلاشمىدى، ھەتتا ئالچىلىرىنى، تاپىغچى، مۇلازىملىرىنىمۇ يېقىن يولاتماي، ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئاۋازلىق ئوقيا كەشىپ قىلىش بىلەن بولۇپ كەتتى. بىر قېتىم بۇرۇندىقى خاس مەھرىمى، نىجاتكارى، ھازىرقى غوجىدارى بەجەچقان مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئامالسىزلىقتىن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ قېلىۋىدى، ئۇ ئۇنى: «دىققىتىمنى چېچىۋەتتىڭ، ماڭ چىق، كۆزۈمدىن يوقال! ئىشىك ئالدىدىكى نۆكەرلەرگە دەپ قوي، چېدىرىغا ھېچكىمنى كىرگۈزمىسۇن. ئۇسۇپ كىرگۈچىلەرنى چېپىپ تاشلىسۇن» دەپ تىللاپ، غەزەپ قىلىپ چىقىرىۋەتتى. يېنىدا، چېدىر ئىچىدە ئۇنى - بۇنى قىلىپ، ئۇياق - بۇياق ئۆتۈپ تۇرغان ئالچىلىرىنىمۇ: «مېنىڭ يېنىمغا كىرمەڭلار. ئۇنلۇك يۆتىلىپ،

تاراق ـ تۇرۇق قىلماڭلار، ماڭا دەخلى قىلغۇچى بولماڭلار» دەپ،
چوڭ چېدىرنىڭ كىچىك بۆلمىسىگە سولاپ قويدى. «ئىجتىھات
قىلىش، ئىختىرا قىلىش ئەجەب تەس ئىشكىنا. قەھرىمان بولماق-
مۇ بۇنىڭدىن ئاسان» دەپ ئويلايتتى ئۇ بىرەر ئىشقا ئەقلى يەتمەي
بېشى ئاغرىپ كەتكەن چاغلاردا قاتتىق تىت ـ تىت بولۇپ.

شۇ تەرزدە ئاردىن ھەپتە ـ ئون كۈن ئۆتۈپ كەتتى. چوڭ
كۆك چېدىردىكىلەر، يۇرتۇغ بارگاھىدىكىلەر «باتۇرغا نېمە بولغان-
دۇر؟ ئۇنىڭغا بىرنېمە بولۇپ قالمىغىيدى» دەپ ئەنسىرىشىپ
يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ بىر تال ئوق بىلەن ياسىنى كۆتۈ-
رۈپ ئاخىر چېدىردىن چىقتى، ئاندىن ئوقنى ياغا بەتلەپ، بىر
ئوقتام نېرىدىكى باشقا بىر چېدىرنىڭ ئالدىدا باغلاقلىق تۇرغان بىر
ئاتنى قارىغا ئېلىپ ئاتتى. «ۋىڭ، ۋىڭ، ۋىڭ...» ئاۋاز چىقىرىپ
بېرىپ ھېلىقى ئاتنىڭ كۆكسىگە سانجىلدى. ئات قاتتىق كىشنەپ،
ئالدى ئىككى پۇتىنى كۆتۈرۈپ بىر چاپچىپ گۈپپىدە يىقىلدى.
باتۇر بولسا خۇشاللىقتىن سەكرەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەر
«ۋىڭ، ۋىڭ، ۋىڭ» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئاتنىڭ يىقىلغىنى-
نى، باتۇرنىڭ سەكرەپ ۋارقىرىغىنىنى كۆردى. بىراق بۇنىڭ
قانداق ئىشلىقىنى، ۋىڭىلداپ ئاۋاز چىقارغان نەرسىنىڭ نېمىلىكى-
نى بىلەلمىدى.

باتۇر سىرتنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قېنىپ ـ قېنىپ سۈمۈرگەن-
دىن كېيىن، خۇشال ھالدا چېدىرىغا قايتىپ كىردى. ئۇنىڭ
قۇلاق تۈۋىدە بايىقى يا ئوقىنىڭ «ۋىڭ، ۋىڭ» قىلغان ئاۋازى
ياڭرايتتى. ئۇ يەنە ئوقلارنىڭ يېنىغا باردى، بايىقىدەك ئوقتىن
يەنە ئىككىنى ياسىدى، ئاندىن ئۇنى ئاچقىپ يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن
نەرسىگە ئاتتى. «ۋىڭ، ۋىڭ، ۋىڭ!...» «بۇ ئاۋاز بەك ئىنچ-
كە، ئاجىزمۇ نېمە؟ ئۇنى تېخىمۇ كۈچەيتكىلى، ياڭراتقىلى
بولماسمۇ؟...» ئۇ چېدىرىغا قايتىپ كىرىپ يەنە ئوقلار بىلەن
ھەپىلەشكىلى تۇردى. ئۇ يا ئوقىنىڭ ئۇچىغا، ئۇچلانغان ياغاچ
بىلەن تۆمۈر باشاق ئارىلىقىغا ئوغلاقنىڭ، قوزىنىڭ، بۆرىنىڭ
پايخۇن سۆڭىكىنى بېكىتىپ، ئاندىن سۆڭەكنىڭ تەبىئىي نەيچىسىد-

گە قوشقاچىنىڭ كۆزىدەك تۆشۈك ئاچقانىدى. ئوق ئېتىلغاندا چىق-
قان ئاۋاز ئەنە شۇ سۆڭەكنىڭ تۆشۈكىدىن چىقاتتى. بۇنداق قىلىش-
تا، ئاۋازلىق ئوقيانى كەشىپ قىلىشتا، ئۇ قەدىمكى هون چالغۇلى-
رىدىن بىرى بولغان يالغۇزەكتىن ئىلھام ئالغانىدى. «ئەگەر تۆ-
شۈكچىسىنى چوڭايتسام ياكى كۆپەيتسەم، ئاۋاز تېخىمۇ كۈچلۈك،
تېخىمۇ ياڭراق چىقماسمۇ؟ ئوقنى تېخىمۇ كۈچ بىلەن ئاتسام،
ئۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ كۈچىيىشى مۇمكىن...» ئۇ تۆشۈكنى كەپ-
تەرنىڭ كۆزىدەك چوڭايتتى. ئاستىغا كىچىكرەك تۆشۈكتىن يەنە
بىرنى ئاچتى. ئاندىن يېڭى ئوقنى ئاچىقىپ، كۆككە قارىتىپ
ئۇزدى. «ۋىڭ، ۋىڭ، ۋىڭ...» بۇ قېتىم ئوقنىڭ ئاۋازى تۆر
ئاۋۇل ئاسمىنىدا تېخىمۇ كۈچلۈك، ئۇزاققىچە ياڭرىدى.
قىش پەسلى كىرىپ، قېلىن قارمۇ ياغدى. پۇتكۇل زېمىن
ئاپئاق لىباسقا پۇركەندى. مانا بۇ ئوۋ قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى
ئىدى. بىر كۈنى سۇباشى باتۇر ئالىپ يۇرتۇغ سانغۇنى تۇقىش
ئوغلاننى چاقىرىپ، قوشۇننى يىغىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.
يۇرتۇغ قوشۇنىدىكىلەر بەش مىڭ كىشى ئىدى. ئۇلار يېڭىدىن
تەشكىللەنگەن هون ئاتلىق قوشۇنى ئىچىدىكى ئونبېشىدىن يۇقىرى
لەشكىرىي ئاتامانلار، ئاتىم، باتۇر چەۋەندازلار بولۇپ، باتۇرنىڭ
ئاساسلىق تايانچ كۈچى، ئىشەنگەن تېغى ئىدى. باتۇر ئۇلارنى
يىغىپ تولۇق قوراللاندۇردى، ئاندىن ئاتلاندۇرۇپ، چۇغاي تېغى
ئېتىكىدىكى ئورمان بويىغا ئېلىپ باردى.
— بۈگۈن تۇنجى ئوۋنى باشلايمىز! كۈچ ماھارىتىمىزنى سى-
ناپ كۆرىمىز! — دېدى ئۇ ئۇلارغا ئورماندىكى شىردەك ھۆركى-
رەپ تۇرۇپ، — بۇ بىز هون چەۋەندازلىرى ئۈچۈن ئوۋ
قىلىش — جەڭ قىلىش دېمەكتۇر. شۇڭا ئالدىنئالا نىشاننى بېكى-
تىپ، دائىرىنى بەلگىلەپ بىر تۇتاش، تەرتىپلىك ئاتلىنىمىز.
ئاتلانغاندا، ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا بىردەك قەتئىي
بويسۇنسىلەر! خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتتىق جازالىنىدۇ!...
ئاندىن ئۇ يېڭىدىن ئىختىرا قىلغان چوڭ ئاق كېرىچلىق يا
بىلەن ئۈچىغا تۆشۈكلۈك پايخۇن سۆڭەك بېكىتىلىپ، تۇمۇر باشاق



www.uyghurkitap.com

كىيدۇرۇلگەن، قۇيرۇقىغا لاچىن پېيى قىستۇرۇلغان ئاۋازلىق ئوقنى قولىغا ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ يەنە ۋارقىرىدى:

— مانا بۇ مەن يېڭىدىن ياساپ چىققان يا بىلەن ئاۋازلىق ئوق. بۇنىڭدىن كېيىن ئوۋ - سوقۇشلاردا مەن سىلەرگە مانا مۇشۇ ئاۋازلىق ئوقيا بىلەن بۇيرۇق قىلىمەن. مەن ئۇنى قەيەرگە، نېمىگە قارىتىپ ئاتسام، سىلەرمۇ شۇ يەرگە، شۇ نەرسىگە قارىتىپ ئوق ئۈزىسىلەر. قىلچە تېڭىرقىمايسىلەر، توختاپ قالمايسىلەر! بۇ هون ئاتلىق قوشۇنىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوۋ قىلىش — جەڭ قىلىش ئۇسۇلى! ئەگەر كىمكى بۇ بۇيرۇققا بويسۇنمىسا، هەتتا مەن ئوق ئاتقاندا ئاززاقلا ئارقىدا قېلىپ، سەۋەنلىك سادىر قىلىپ، مەن ئاتقان نىشانغا ۋاقتىدا ئوق ئۈزۈپ ئۈلگۈرمىسە، شۇنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ. شۇنداق قىلغۇچىلارنى، چاناچىلارنى، ئاڭقاۋالارنى قولۇمدىكى مۇنۇ بوكتا بىلەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن، رەهىم قىلماستىن بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن!

باتۇرنىڭ ياڭراق خىتابى، كۆك بۆرىنىڭكىدەك دەهشەتلىك ئاۋازى هون چەۋەندازلىرىنى سۈرلۈك ۋەهىمىگە سېلىپ، بىر پەس سۈكۈتكە چۆمدۈردى. ئۇ بۇيرۇقنى جاكارلاپ بولغاندىن كېيىن، نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقى هەققىدە ئۇلارغا يەنە چۈشەنچە بەردى:

— مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم هەرگىزمۇ ئەجىر - تۆهپىنى، ئوۋ ئولجىلىرىنى، سوقۇش غەنىيمەتلىرىنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىش، ئۆزۈم ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سىلەرنى بىر نىيەت، بىر مەقسەتكە كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن؛ جەڭگىۋارلىقىڭلارنى، باتۇرلۇقۇڭلارنى قوزغاپ، كۈچ - هەيۋەڭلارنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن؛ ئوۋ - سوقۇشلاردا قايتماس روھ بىلەن ئېلىشىپ، غەلىبە قازىنىشىڭلار ئۈچۈن؛ ئولجا - غەنىيمەتلەرنى تېخىمۇ كۆپ ئېلىپ باي بولۇشۇڭلار ئۈچۈن!...

— بۇنىڭدىن كېيىن يۈرۈشكە ئاتلانغاندا، ئوۋ - سوقۇشقا كىرگەندە ئارقا سەپ قوشۇن بولمايدۇ. ئوزۇق - تۈلۈك، يەم -

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

خەشەك ئېلىنمايدۇ. پۇتكۇل قوشۇن ئۆزىنى ئۆزى باقىدۇ، بىرلىكتە جەڭ قىلىدۇ! قورۇق قول، يالاڭ تۆش بېرىپ، بايلىق تونلاپ، سەمرىپ قايتىدۇ!... جەڭدە ياۋدىن بىرىنى ئۆلتۈرگەنلەرگە بىر جام شاراب ئىنئام قىلىنىدۇ. ئالغان ئولجا ـ غەنيىمەتلىرى، تۇتقۇنلار ئۆزىگە بېرىلىدۇ! جەڭدە سەپدىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ جەسىتىنى تاشلىۋەتمەي ئەكەلگۈچىلەر ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالا ۋە چېدىر ـ چارپاي، يەر ـ سۇلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ!...

باتۇر سۆزىنى تۈگىتىپ، قوشۇنغا ئاتلىنىش بۇيرۇقى بەردى. بەش مىڭ كىشىلىك يۇرتۇغ قوشۇنى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۇنجى ئوۋنى باشلىدى. ئوۋ جەريانىدا ئۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدى، ئاۋازلىق ئوقياسىنى زادىلا قولىدىن چۈشۈرمىدى، نىشانىنى كۆرگەن ھامان ئۇنى بەتلەپ ئوق ئۈزۈپ تۇردى. ئۇ ئاتقان ئوق ھەممە كىشى ئاڭلىغۇدەك ياڭراق ئاۋاز چىقىرىپ ئۇچاتتى ـ دە، چەنلىگەن نىشانغا دەل تېگەتتى. ئاندىن بۇ نىشان ھايالسىزلا يەنە نۇرغۇنلىغان يا ئوقلىرىغا كۆمۈلۈپ كېتەتتى. باتۇر دەسلەپتە بۇغا ـ جەرەن، ئارقار، قوتاز، توڭگۇز، قۇلان (ياۋا ئات)، تۈلكە، توشقان، سۆسەرلەرنى ئاتتى. بەزىدە كۆكتە ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارغىمۇ ئوق ئۈزدى. يۇرتۇغ چەۋەندازلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇ ئاتقان نىشانلارغا ئوق ياغدۇردى. بىراق باتۇر بۇنىڭدىن رازى بولۇپ كەتمىدى، قانائەت ھاسىل قىلمىدى. چۈنكى ئۇ قارىغا ئالغان، باشقىلار ئەگىشىپ ئاتقان نىشانلار ئادەتتىكى ئوۋ ـ كېيىكلەر، قۇشلار ئىدى. باتۇر ئەمدى ئۇلارنى باشقا نىشانلار ئارقىلىق سىناپ باقماقچى بولدى.

قوشۇن ئىلگىرىلىمەكتە، ئوۋ داۋاملاشماقتا، باتۇر ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىپ بارماقتا ئىدى. ئۇ تورۇق تۈلپارنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، بىردىنلا ئوقياسىنى بەتلىدى ـ دە، سول ياندىن بىر ئوقتام نېرىدا قار ئاستىدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان بىر قورام تاشقا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. ئوق «ۋىڭ، ۋىڭ، ۋىڭ» ئاۋاز ياڭرىتىپ قورام تاشقا تەگكۈچە، ئۇ ئېتىنى توختىتىپ،

چەۋەندازلىرىغا نەزەر تاشلاپ ئۆلگۈردى. ئۇ ئويلىغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى. چەۋەندازلاردىن مۇتلەق كۆپچىلىكى ھېلىقى قورام تاشقا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. لېكىن بەزىلەر «بۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى، ئوقنى زايە قىلىپ» دەپ قارىدىمۇ، ئوق ئۈزمىدى. يەنە بەزىلەر بولسا ھوشيارلىقىنى يوقىتىپ قويغاچقا، ھودۇقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. باتۇر تورۇق تۇلپارنى چاپتۇرۇپ، بوكتاسىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەنە شۇلارغا قاراپ ئېتىلدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۇلاردىن ئون نەچچىنى چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ غەزەپتىن ھۆركىرەيتتى، قۇترايتتى، بوغۇلۇپ، خارقىراپ نەپەس ئالاتتى. شۇ تۇرقى بەئەينى غەزەپلەنگەن كۆك بۆرىگە ئوخشايتتى.

قوشۇن سەل پاتىپاراق بولۇپ يۈرۈشتىن توختىدى، ئارقىدىن يەنە بىردىنلا بېسىقىپ ئېغىر سۈكۈتكە چۆكتى. بىر پەستىن كېيىن باتۇر قان ساقىپ تۇرغان قىلىچىنى شىلتىپ تۇرۇپ جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— مەن سىلەرگە ئاۋازلىق ئوقيا بىلەن بۇيرۇق قىلىمەن دېگەنىدىم، شۇنداق قىلدىم. لېكىن ئاراڭلاردىكى بەزىلەر ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالمىدى. قۇلاق سالسىمۇ ئېرەن قىلمىدى. شۇڭا مەن ئۇلارنى چېپىپ تاشلىدىم. مەن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىمەن، تاكى سىلەر ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغۇچە! ئاڭلىدىڭلارمۇ؟!

— خوپ!!!...

— ئاتلىنىڭلار!

بۇنداق پاجىئە تۇنجى ئوۋدا ئىككىنچى قېتىممۇ يۈز بەردى. باتۇر ئوۋ ئوۋلاپ كېتىۋېتىپ، ئورماندىكى بىر كۆك بۆرىگە قارىتىپ ئوق ئۈزۈۋىدى، ئوق ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ بېرىپ ئۇنىڭ كۆكسىگە سانجىلدى. ئارقىدىن يەنە نۇرغۇن ئوقلار ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى كۆمۈۋەتتى. لېكىن بەزىلەر ئېتىقاد تۈپەيلى كۆك بۆرىگە ئوق ئۈزەلمەي جېنىدىن ئايرىلدى. باتۇر بۇ قېتىم كاللىسىنى ئالغانلار ئالدىنقى قېتىمقىدىن بىر ھەسسە كۆپ بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 5

تۇنجى قېتىملىق ئوۋ ـ شىكاردىن كېيىن، ئاۋازلىق ئوقيا كۆپلەپ ياسىلىپ، يۇرتۇغ چەۋەندازلىرى ئىچىدە ئومۇملاشتۇرۇلدى. ئاندىن ھەرقايسى بارگاھ ۋە قوشۇنلارغا ئېلىپ بېرىلىپ بۇيرۇق قىلىندى. بۇ سۇباشى باتۇر ئالىپنىڭ نوپۇز ـ ئىمتىيازى ۋە ئىرادە ـ تەسىرىنىڭ پۈتكۈل ھون ئاتلىق قوشۇنى ئىچىدە كۈچەيگەنلىكى ۋە كېڭەيگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

يۇرتۇغ سەركەردىلىرى ئاۋازلىق ئوقيانى ئۆز توپى ۋە قوشۇنىغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، تۇغ ۋە بۇيرۇق سۈپىتىدە مەشىق ۋە ئوۋدا ئىشلەتتى. باتۇرنىڭ بۇيرۇقىنى ئۆز ئەينى يەتكۈزۈپ ۋە تەكىتلەپ، قول ئاستىدىكىلەرنى شۇ بويىچە باشقۇرۇپ، مەشىق قىلدۇرۇشقا باشلىدى. بەزى سەركەردىلەر — تۈمەنبېشى، مىڭبېشى، يۈزبېشىلار باتۇرنى دوراپ، لەشكەرلىرىنى، نۆكەرلىرىنى سىنىدى ۋە سىناقتىن ئۆتەلمىگەنلەرنى نەق مەيداندا جازالاپ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ، يېڭى لەشكىري ياساق پۈتكۈل ھون قوشۇنىدا ناھايىتى تېز ئىزچىللاشتى.

باتۇر بۇنىڭدىن مەمنۇنىيەت ھېس قىلىپ، ئەجىر ـ ئىختىرالىرىدىن پەخىرلىنىپ، ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، بۇلار تېخى يېتەرلىك ئەمەس، ھون چەۋەندازلىرى تېخى پىشىپ يېتىلمىدى، دەپ قاراپ، قانائەت ھاسىل قىلالمايتتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى يۇرتۇغ چەۋەندازلىرىغىمۇ ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيتتى. «مەن قۇرۇپ چىققان ساۋۇتلۇق چەۋەندازلار قوشۇنىغا، — دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، — ئۇلۇغۋار يۇرۇشلەرگە ئاتلىنىپ، قانلىق جەڭلەرنى قىلىدىغان، ئات چاپتۇرۇپ، قىلىچ جەۋلان قىلىدىغان ھون قوشۇنلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇلار تېخى كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇلار تېخىمۇ قاتتىق، جاپالىق مەشىق قىلىشى، تاۋلىنىشى، پىشىپ

يېتىلىشى كېرەك. شۇندىلا ئاندىن ھونلار پۇتكۇل بوزقىر قوۋملى-رى ئىچىدىن باش كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىقالايدۇ. ياۋدىن، رەقىب-لىرىدىن قانلىق قىساس ئېلىپ، ئار - نومۇسىنى ئاقلىيالايدۇ. بوز قىرلاردا ئات چاپتۇرۇپ، قىلىچ ئوينىتىپ، ياپلاقىنىڭ خوجى-سىغا ئايلىنالايدۇ!...» ئۇ كۆڭلىگە يەنە يېڭىدىن يېڭى ئارزۇ - ئىستەكلەرنى پۈكەتتى. قانداق قىلىپ ھون ئاتلىق قوشۇننى پۈت-كۇل ياپلاقتا ئەڭ سەرخىل، جەڭگىۋار، يېڭىلمەس بىر غالىب، ئالىپ قوشۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا باش قاتۇراتتى.

بىر كۈنى ئۇ چوڭ كۆك چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوچاقنىڭ يېنىدا ئوتىسىنىپ ئولتۇرۇپ، قول ئاستىدىكىلەرنى، يۇرتۇغ چە-ۋەندازلىرىنى نۆۋەتتە قانداق مەشىق قىلدۇرۇش، ئۇلارنىڭ چىدام - غەيرىتىنى، ئىرادىسىنى، جاسارىتىنى، ھوشيارلىقىنى قانداق سىناش توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋېتىپ بىردىنلا كىشىنىڭ ئەقلىگە زادىلا سىغمايدىغان، ئۇقسا، ئاڭلىسا، قورققۇسى كېلىدى-غان ئىككى ئىشنى كۆڭلىگە كەلتۈردىيۇ، شۇئان ئۆزىمۇ چۆچۈپ، يۈرىكى مۇجۇلغاندەك، تارتىشقاندەك، ئېچىشقاندەك ئاغرىپ، رو-ھى چىقىپ كەتكەندەك بوشىشىپ، سوغۇق تەرلەپ شۈركۈنۈپ كەتتى. «ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس! يا تەڭرىم!...— بىراق ئۇ بىر پەستىن كېيىن، ئاخىرىدا يەنە شۇنداق قىلىش قارارىغا كەل-دى، — باشقا ئامال يوق، بۇ زۆرۈرىيەت ۋە ھاجەت، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىنى قايىل قىلىشقا تىرىشىپ، — جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ. يېڭى چىققان قۇياشنىڭ جامالىنى كۆ-رۈش ئۈچۈن ئەتىگەنكى شېرىن ئۇيقۇدىن ۋاز كېچىپ، سەھەر تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مانا مۇشۇنچىلىكلا بىر ئىش. بىردەم-لىك شېرىن ئۇيقۇ نېمىتى؟ كېيىن، كەلگۈسىدە تىنچ ئۇخلاش ئۈچۈن ئۇ ھېچنېمە، ھېچقانچە بىرنېمە ئەمەس!...»

قىش ئوتتۇرىسىدا، سوغۇق كۈچىيىپ، جۇت - شىۋىرغان قۇترىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، باتۇر يۇرتۇغ چەۋەندازلىرىنى ئىك-كىنچى قېتىملىق ئوۋ - شىكارغا تەشكىللىدى. ۋەھالەنكى، ئۇ

www.uyghurkitap.com

بۇ قېتىم ئۇلارنى ئۇۇ ـ كېيىكى كۆپ، شارائىتى ئەۋزەل، بىخەتەر چۇغاي ئېتەكلىرىگە ئەمەس، بەلكى تۆۋەن تەرەپ — سېرىق ئۆگۈز بويلىرىدىكى ئېدىرلىقلارغا ئېلىپ باردى. بۇ يەرلەر ئىنتايىن خىلۋەت، شارائىتى ناچار، قاقاس جايلار بولۇپ، هون چەۋەندازلىرىغا نىسبەتەن باشقا بىر دۇنيا، يېڭى بىر سىناق ئىدى. بۇ يەرلەردە ئوۋ قىلىش تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، كىشىلەر بىلەن تەبىئەتنىڭ ئېلىشىشى هېسابلىناتتى. راست دېگەندەك، هون چەۋەندازلىرى ئۇ تەرەپلەردە هەرخىل يېڭى، خەتەرلىك سىناقلارغا دۇچ كەلدى. قەهرىتان سوغۇق، قۇم ـ شېغىللىق جۇدۇن ـ چاپقۇن، ئەگرى ـ توقاي يوللار، قاتمۇقات تاغلار، هېرىپ ـ چارچاش، ئاچ ـ ئۇسسۇزلۇق ئۇلارنى يەتكۈچە قىيناپ، باشتىن ئادەم قىلدى. ۋەهالەنكى، ئۇلار بۇنىڭدىمۇ چوڭ، خەتەرلىك بىر سىناقنىڭ — ئىرادە، هوشيارلىق سىنىقىنىڭ ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى، بۇ سىناقتىن كىملەرنىڭ ئۆتۈپ هايات قالىدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتى.

جۇدۇنلۇق بوران چىقىۋاتقان بىر كۈنى باتۇر قوشۇننى باشلاپ بىر يارداڭلىق جىلغىدا بىر تۈلكىنى قوغلاپ كېتىۋاتاتتى. باتۇر تۈلكىنى قوغلا ـ قوغلا قوشۇندىن ئۈزۈلۈپ كەتتى، ئاندىن بارا ـ بارا يىراقلاپ، تۈلكە بىلەن تەڭ كۆزدىن يىتتى. قوشۇن ئۇنى قوغلاپ يەتكەندە، ئۇ جىلغىنىڭ ئايىغىدىكى بىر ئاياغ شەكىللىك چوڭ ئويمانلىقتا ئاتسىز، ئۆرە تۇراتتى. قوشۇن ئويمانلىق ئىچىگە كىرىپ، ئۇنىڭ يېنىغا توپلانغاندىن كېيىن، بىر پەس ئۆتۈپ، جۇدۇنلۇق بوران سەل پەسەيگەندە، ئۇنىڭ ئامراق ئېتى — تورۇق تۈلپىرىنىڭ ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوتلاپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ هەيران قىلىشتى. تۈلپار پۈتى چۇشەلگەن بولسا كېرەك، ئانچە يىراققا ماڭالمايتتى. هالبۇكى، هېچكىم ئېغىز يېرىپ بۇنىڭ قانداق ئىشلىقىنى سوراشقا پېتىنالمىدى. ئۇ ئاۋازلىق ئوقيانى قولىدا تۇتقىنىچە، بورانغا يۈزلىنىپ يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ تۇراتتى.

قوشۇندىكىلەرنىڭ هەممىسى ئويمانلىق ئىچىگە كىرىپ،

ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى. بەزىلەر ئارام ئالىدىغان ئوخشايمىز، دەپ ئاتلىرىدىن چۈشتى. ئۇنىڭغىچە ئارقىدا قالغانلارمۇ يېتىپ كېلىشتى. باتۇر مانا شۇ چاغدا، تۇيۇقسىز، قوشۇنغا بۇيرۇق قىلدى:

— يارىغلان!

ئويمانلىق ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئەكس سادا قايتۇردى. پۈتۈن قوشۇن ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ جىددىي ھالەتكە ئۆتتى. ئۇ ئاۋاز-لىق ئوقياسىنى بەتلىدى. ئەتراپىدا تۇرغان تۇقىش ئوغلان، ئەر-قىل، يانان، جانەر، ئىچۇر، شىنزىر، زاغۇمىلار قاتتىق چۆچۈپ، ئالمان - تالمان يالىرىغا ئوق سالدى. ئۇ ئەمدى بۇ ئوقنى نېمىگە قارىتىپ ئاتاركىن؟ بۇ ئويمانلىقتا قارىغا ئالغۇدەك ھېچنېمە يوق يا بىر تۇپ دەرەخ، يا بىر قورام تاش. ئويمانلىق ئاياغ تەرىپىدە پەقەت قىرلار بار. ئۇ ئوقنى ئاشۇ قىرلارغا ياكى كۆككە ۋە ياكى بورانغا قارىتىپ ئاتسا كېرەك...

دەل مۇشۇ پەيتتە، بىر ئاتنىڭ ئويمانلىقنى لەرزىگە سېلىپ، ئېچىنىشلىق كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەممەيلەن ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ، ئۇنىڭ باتۇرنىڭ ئەتىۋارلىق ئېتى — تورۇق تۇلپار ئىكەنلىكىنى كۆردى. ھايۋانلار، جان - جانىۋارلار ئالدىن نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرىدۇ، دېگىنى بىكار ئەمەس ئى-كەن. ئۇ ئۆزىگە كەلگەن خەۋپ - خەتەرنى سېزىپتۇ!... باتۇر ئاۋازلىق ئوقىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى.

تورۇق تۇلپار — توخرى خانىنىڭ تەۋەررۇك تۇلپىرى. ئۇ ئاجايىپ بىر ئات، چىرايلىق، يۈگۈرۈك، چىداملىق، ياش ھەم قاۋۇل، يايلاقتا يېگانە. ئۇ يېنىپ تۇرغان چوغ، شەپەق نۇرىدا قىزارغان بۇلۇت، تۇندە چاقنىغان يۇلتۇز، يادىن ئۇزۇلگەن ئوق، ئۇنى ھەرقانداق بىر يايلاق باتۇرىنىڭ، ئەركەك زاتىنىڭ كۆرگۈ-سى، تۇتۇپ باققۇسى، سىلىغۇسى، سۆيگۈسى، مىنگۈسى كېلىدۇ. باتۇرمۇ شۇ ۋەجىدىن، ئۇنى توخرى خانىنىڭ ئوردا ئاتخانىسىدىن بۇلاپ قاچقان. ئۇنىڭ بىلەن مەھكۇملۇقتىن نىجاتلىقا، تۇتقۇنلۇق-

www.uyghurkitap.com

تىن ئەركىنلىككە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ بىلەن ئۆز ھاياتىنى، ئىز-
زەت - غۇرۇرىنى ساقلاپ قالغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ شۇبۇ ئاۋۇلدا
ئۆلۈم بىلەن ئېلىشىپ ھوشسىز ياتقاندا، باشقا بىرىنى — ئانىسى
ئايقاغاننى، ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇتنى، سۆيگىنى سۇجۇكنى...
ئەمەس، بەلكى تورۇق تۇلپارنى تىلغا ئېلىپ جۆيلۈگەن. ئۇنى
چاقىرىپ ھوشىغا كەلگەن، ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ھالىغا،
ماغدۇرىغا باقماي، ئەڭ ئاۋۋال ئۇنى ئىزدىگەن. ئۇنىڭ ھايات
تۇرغىنىنى كۆرگەندە، ئۆزىنى تۇتالماي بويىنىغا ئېسىلىپ، بېشىنى
قۇچاقلاپ، ياللىرىنى تاراپ، ئۇچىسىنى سىلاپ ھۆكرەپ يىغلى-
غان. ئۇ ئۆمرىدە بىرەرىگە تەلپۈنۈپ، بىرەرىگە مېھرى چۈشۈپ،
شۇ قېتىمقىدەك ھەسرەت - نادامەت، ئەلەم - ئۆكۈنۈش بىلەن،
چەكسىز خۇشاللىق ۋە بەخت - شادلىق بىلەن يىغلاپ باقمىغان،
قەلب دۇنياسى شۇ قېتىمقىدەك قاتتىق داۋالغۇپ لەرزىگە كەل-
مىگەن بولسا كېرەك! ئۇ ئۇنى ئۇنتۇيالمايدۇ، ئۇنىڭدىن
ئايرىلالمايدۇ!... ياق، باتۇر ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. جېنىدىن
ئەزىز كۆرىدىغان، ئەتىۋارلىق ئېتىنى ئاتمايدۇ. ئۇنى قۇربان قى-
لىش بەدىلىگە ئۆز ئىرادىسىنى باشقىلارغا تاڭمايدۇ. ياق، بۇ
مۇمكىن ئەمەس!...

تورۇقى - سىياقى غەلىتە، كۆك بۆرىگە ئوخشىشىدىغان، ئۆزد-
گە پۈتۈنلەي ناتونۇش، يوچۇن بولغان باتۇرنى چۆل - جەزىرىدىكى
قومۇشلۇق ئارىسىدىن بايقاپ، ئاۋۇلغا ئاپىرىپ قۇتقۇزۇۋېلىپ،
ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، يىراق
قۇلان تېغى ئېتىكىدىن تۇمەنبالىققا كەلگەن، تەقدىرىنى ئۇنىڭغا
تاپشۇرۇپ، بارلىقىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىغان جانەر ئەنە شۇلارنى
ئويلاپ، تورۇق تۇلپارنى ئېتىشقا پېتىنالمىدى. تورۇق تۇلپار
قاتتىق كىشنەپ، ئېچىنىشلىق چىرقىراپ، ئىككى پۇتىنى كۆتۈ-
رۈپ كۆك تەڭرىگە تېۋىنغاندەك بولۇپ، گۇپپىدە يەرگە يىقىلغاندا،
ئاندىن ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ كەلگەن سانسىزلىغان ئوق ئاستىدا قېلىپ
كۆزدىن يىتكەندە، ئۇ جېنى چىقىپ كەتكەندەك بوشىشىپ، ئولتۇ-

روۋپ قالدى.

— جانەر! ... هاي جانەر! ... نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ نېمىشقا ئاتمايسەن؟ تېز ئورنۇڭدىن تۇر، چاپسان بول! ...

ھەممەيلەن توروۇق تۇلپارنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ، ئىچى سىيرىلىپ تۇرغاندا، جانەر قوشۇلدى. ئاكىسى يانان ئۇنىڭ ئوقياسىدىن ئوق ئۈزەلمەي ئولتۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، قاتتىق قورقۇپ كەتتى. «ياق! بۇ مۇمكىن ئەمەس! باتۇر ئۇنداق قىلماس، ھەرقانچە بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغان شاپائىتىنى، كۆرسەتكەن ساداقىتىنى، يەتكۈزگەن دوستلۇقىنى ئۇنتۇپ قالماس، ئاتامنىڭ، شۇبۇ ئاقساقىلىنىڭ ئۈمىدىنى، ئىشەنچىنى يەردە قويماس. ئۇنىڭ يۈرىكىنى خۇن قىلماس. ئۇ ئۇنچىۋالا رەھىمسىز، تاش يۈرەك ئەمەس. بولمىسا ئەينى ۋاقىتتا توروۇق تۇلپار ئۇچۇن، بىر ئات، چارپىپاي ئۇچۇن شۇنچىۋالا نادامەت چېكىپ يىغلامتى؟ ئۇ ئىككىمىزنى ئۆز ئىنىسىدەك كۆرىدۇ. بولۇپمۇ جانەرگە بەك ئامراق. ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئىنىم جانەرنى، يۈرەك پارەمنى ئۆلتۈرمەس! ...»

جانەر تولىمۇ كېلىشكەن، قامەتلىك، ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، سەمىمىي، كۆيۈمچان يىگىت ئىدى. ئاتىم، باتۇر، چەبدەس، تۇيغۇنلۇقىچۇ تېخى. ئۇ ئاشۇ پەزىلەت ۋە ماھارەتلىرى بىلەن يۇرتۇغ چەۋەندازلىرى ئىچىدە، پۈتكۈل ھون قوشۇنىدا خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان، ئالىپ ئاتىلىپ شۆھرەت قازانغان، سانغۇن بولۇپ نوپۇز تىكلىگەن. باتۇرمۇ ئۇنىڭدىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتەتتى... بىراق ئۇ ئۇنى قىلچە ئىككىلەنمەي، ئازراقمۇ رەھىم قىلماي، ياساق بويىچە چېپىپ تاشلىدى.

بۇ قېتىمقى ئوۋ ـ شىكار بىر ئاي داۋاملاشتى. بىر ئايدىن كېيىن، يۇرتۇغ قوشۇنى تۆر ئاۋۇلغا توروۇق تۇلپارنىڭ گۆشىنى يەپ، جانەر سانغۇننىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ، ئولجا ـ غەنىيمەتسىز، قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى. تۆر ئاۋۇلدىكىلەر ئۇلار تۆۋەن تەرەپكە كېتىپ بىر ئايغىچە قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن، «چىند-

لىقلارغا يولۇقۇپ قالدىمىكىن» دەپ ئەنسىرەپ قىلىشقانىدى. مانا ئەمدى خەۋىرى كېلىشۈدى، ھەممىسى خۇشال بولۇپ، قارشى ئېلىپ كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقتى. ئەنە ئۇلارنىڭ تۇغلىرى، نەيزىلىرى، ئەنە ئۇلار!... ئۇلار بەكمۇ ئاستا، سوقۇشتا يېڭىلىپ قايتقان قوشۇندەك سولىشىپ، سالپىيىشىپ كېلىشەتتى. نېمە بولغاندۇر ئۇلارغا؟ باتۇرغا بىر ئىش بولدىمىكىنە؟!... سۆجۈك بىلەن سۇلسۇلەنىڭ يۈرىكى شۇررىدە قىلىپ ئېغىپ كەتتى. بولۇپمۇ سۇلسۇلە ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تۇرالماي قالدى. ئۇ باتۇرنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنى تەڭداشسىز باتۇرۇم، تاغدەك يۆلەنچۈكۈم، كۆكتەك باشپاناھىم دەپ بىلەتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىلسا، ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇم قالسا، دۇنيادا يەككە ـ يېگانە، يېتىمدەك، تىكەندەك قالاتتى. «يا تەڭرىم! ئۇ بۇنداق كۈننى ھەرگىز كۆرمىسۇن!...» ئۇ چىدىماي، ئاق ئېتىنى چاپتۇرۇپ، توپتىن ئايرىلىپ قوشۇننىڭ، باتۇرنىڭ ئالدىغا ماڭدى.

باتۇرنىڭ كۆڭلى يېرىم، پاراكەندە ئىدى. قوشۇننىڭ ئالدىدا چوڭقۇر ئويغا پېتىپ، ئېزىلىپ، مۈڭلىنىپ كېلىۋاتاتتى. بەلكىم ئۇ تورۇق تۇلپارنى، جانەرنى ئۆلتۈرگىنىدىن، بۇيرۇقنى، لەشكەرىي ئىنتىزامنى دەپ ئەڭ ئامراق، ۋاپادار ئىككى ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قالغىنىدىن ئۆكۈنۈپ، ھەسرەت چېكىۋاتقاندۇر. بەلكىم باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئىلگىرىكىدەك ئۆكۈش، ياۋۇز، كاللا كېسەر دەپ ئەيىبلىشىدىن قورقۇپ ياۋاشلاپ قالغاندۇر... ئۇ كەينىدىن كېلىۋاتقانلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىدىن ئېسەنگىرەپ ئېسىگە كەلدى.

— بىرى كېلىۋاتىدۇ! نېمە ئىش بولغاندۇر؟...

باتۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر ئاق ئاتلىقنى كۆردى. سۇلسۇلە!...

باتۇر ئون مېتىر نېرىدىن ئۇنى تونۇۋالدى. ئۇ نېمىدەپ كەلگەندۇر؟ باشقىلارچۇ؟... ئۇ بىردىنلا سەگەكلەشتى، جىددىيلەشتى، يۈرىكى ئىختىيارسىز تارتىشىپ، چېكىسىدە سوغۇق تەر



www.uyghurkitap.com

تەپچىرىدى، كۆكۈچ كۆزلىرى يېنىپ، يېرىم يۇمۇلۇپ، تۈكلۈك
كۆكۈچ يۈزى لىپىلدىدى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئېتىنى — تورۇق تۇلپار
ئۆلگەندىن كېيىن مىنىۋالغان جانەرنىڭ ئايغىرىنى مېڭىشتىن توخ-
تىتىپ، ئۈزەڭگىگە دەسسەپ، ئات ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ، ئۈنلۈك
ئاۋازدا قوشۇنغا بۇيرۇق قىلدى:

— يارىغلان!

ئارقىدىن ئۇ ئاۋازلىق ئوقياسىنى بەتلىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ
بەش مىڭ چەۋەندازمۇ ئوقياسىغا ئوق سېلىپ ئېتىشقا تەييارلاندى.
ئاق ئاتلىق سۇلسۇلە بارغانچە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئىككى
يۈز قەدەم... يۈز قەدەم... ئەللىك قەدەم... ئۇنىڭ ئايدەك جامالى
ئېنىق كۆرۈندى. «ئاھ!...» لېكىن بۇ نۆۋەت ھېچكىم باتۇرنىڭ
ئۇنى چەنلەپ ئاتىدىغانلىقىدىن، ئېتىشقا كۆزى قىيىدىغانلىقىدىن
قىلچە گۇمان قىلمىدى.

— ئات!

«ۋىڭ، ۋىڭ، ۋىڭ!...» باتۇر ئاتقان ئاۋازلىق ئوق بوشلۇقنى
يېرىپ ئۇچۇپ بېرىپ سۇلسۇلەنىڭ نازۇك، بىغۇبار، ناتىۋان يۈرە-
كىگە سانجىلدى. ئۇ: «باتۇر... باتۇرۇم!...» دەپ ئىڭراپ ئاتتىن
يىقىلدى.

باتۇر بۇ نۆۋەت ئاۋازلىق ئوقياسىدىن شىرەدەك ھۆركىرەپ،
بۆرىدەك ھۇۋلاپ تۇرۇپ ئوق ئۈزگەنىدى. ئۈزۈپ بولغاندىن كې-
يىنمۇ ئۇ ھۆركىرەشتىن، ھۇۋلاشتىن توختىمىدى، ئۇنىڭ ھۆر-
كىرىشى، ھۇۋلىشى يا خاپىلىق، قايغۇ ـ ھەسرەتتىنمۇ، يا خۇشال-
لىق، بەخت ـ شادلىقتىنمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

## 6

بۇ قېتىمقى ئوۋدا تارتقان ھەرەجلىرىدىن، يۈز بەرگەن ئىككى
قېتىملىق پاجىئەدىن كېيىن، يۇرتۇغ چەۋەندازلىرى باتۇرنى ئۇزاق-
قىچە چېدىردىن چىقماي ياتىدۇ، دەپ ئويلاشقانىدى. بىراق باتۇر

www.uyghurkitap.com

ئۇنداق قىلمىدى. ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆز ئىشىغا مېڭىۋەردى.
ئۇ تېخىمۇ قەتئىي ئىرادە ۋە كەسكىنلىك بىلەن ئىش كۆرۈپ،
پۈتكۈل قوشۇننى قايتىدىن تەرتىپكە سالدى. ھەرقايسى بارگاھلارغا
ئۇرۇق ـ قەبىلە ئايرىمىسى بويىچە ئورۇنلاشقان ھون چەۋەندازلى-
رىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ھەم ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن يەنە قايتى-
دىن توپ ـ تارماقلارغا بۆلۈپ جايلاشتۇردى. ئۇلارنىڭ سەر-
كەردە ـ سانغۇنلىرىنى، مىڭبېشى، يۈزبېشىلىرىنى قايتىدىن تە-
يىنلىدى، قورال ـ ياراغلارنى، ئات ـ ئۇلاغلارنى، چارپايلارنى
قايتىدىن تەقسىملىدى. بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن ئاۋۋالقىدەكلا
لەشكىرىي مەشقنى داۋاملاشتۇردى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا پايتەخت تۇمەنبالىقتىكى
ھون ئوردىسىدىن كىشى كەلدى. ئۇ، تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ يابغۇ-
سى، ئوردىنىڭ ئەم ـ ئېرەمچىسى ئاتاساغۇنى، پايتەختتىكى ئىلا-
ھىي تەڭرىلىكنىڭ باش قامانى ئىنچۇنقان ئاچارىنىڭ قېرىپ، كې-
سەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىدەك شۇم خەۋەرنى ئەكەلگەنىدى.
باتۇر بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ قايغۇردى ۋە جىددىيلەشتى. دوستى
ئەرقىلبەگكە قانداق يەتكۈزۈشنى بىلەلمەي قالدى.

— سەن تۇمەنبالىققا بىر بېرىپ كەلمىسەڭ بولمىغۇدەك، —
دېدى ئۇ ئەرقىلنى چېدىرغا چاقىرتىپ.

— نېمە ئىش بىلەن بارىمەن؟ — دېدى ئەرقىل ھېچنېمىنى
چۈشەنمەي، ماڭا بىرەر ئىش تاپشۇرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ
ئويلاپ.

— قامان ئاتاڭ ئاغرىپ قاپتۇ، — دېدى باتۇر، — بېرىپ
كۆرۈپ كەل.

— ئۇ ياشىنىپ قالغان ھەم كېسەلچان ئىدى، — دېدى
ئەرقىل چۆچۈشنىڭ ئورنىغا قاتتىق قايغۇرۇپ، — كۆك تەڭرى
ئۇنى يېنىغا چاقىرىۋاتسا كېرەك.

— ئۇنداق دېمە، ئۇ شىپاھ تاپقاي ئىلاھىم، — باتۇر ئۇنىڭغا
چاندۇرماي تەسەللى بەردى.

— ئېيتقىنىڭ كەلسۇن. مەن ماڭاي ئەمىسە، — دېدى ئەرقىل.
— بارغىن، — باتۇر چوڭقۇر خۇرسىندى.
— تاپىلايدىغان ئىشلىرىڭ يوقمۇ؟ بولسا ئېيتقىن، — دېدى ئەرقىل مېڭىش ئالدىدا ئۇنىڭدىن سەل شۇبھىلىنىپ.
ئەرقىلنىڭ بۇ سۆزى باتۇرنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۇرۇپ قويدى. دېمىسىمۇ ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى ئەرقىلنى مۇھىم بىر ئىش بىلەن تۇمەنبالىققا ئەۋەتىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئاتىسى قازا قىپتۇ. بىر ئىش شۇنىڭ بىلەن سۇغا چىلىشارمۇ؟...
— بۇنداق چاغدا ساڭا بىر ئىشلارنى تاپىلاشقا قانداقمۇ كۆڭلۈم بارسۇن، — دېدى ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، — ئەمەلىيەتتە باشقا ئىشمۇ يوق.
— ھېچ ۋەقەسى يوق، باتۇر، تاپىلاۋەر.
— ئۇنداق بولسا... ئۇلۇغ ئانام ئايقاغاننىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنى يوقلىغاچ كەل. ئۇنىڭغا مەندىن سالام ئېيت. ئوغلۇڭ ئامان - ئېسەن دېگىن.
— بۇنى سەن دېمىسەڭمۇ قىلارمەن.
— بولدى، ماڭغىن...
— باتۇر... بىر گېپىڭ بار سېنىڭ، ئىككىلىنىپ، كۆڭلۈمنى ئاياپ ئېيتالمايۋاتىسەن.
ئەرقىلنىڭ بۇ گېپى باتۇرنى كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر قىلدى.
— شۇنداق!...— دېدى ئۇ يەنە خۇرسىنىپ، — بىراق بۇ گەپنى كېيىن دېسەممۇ كېچىكمەيمەن. سەن ئاۋۋال تۇمەنبالىققا بېرىپ كەلگىن.
— ياق، دەۋەرگىن. مەن بىلىمەن. ئۇ مۇھىم گەپ، كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. ھەرنېمە بولسىمۇ، ئاتام كېسەلدىن ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتسىمۇ، مەن ئۇنى چوقۇم بەجا كەلتۈرىمەن.

www.uyghurkitap.com

— دۇرۇس ئېيتىسەن، ئەرقىل. سەن ھامان كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالىسەن.
— قېنى ئېيتقىن.
— ئۇنداق بولسا، سەن تۇمەنبالىققا بارغاندىن كېيىن، مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرسۇن، ئوردىغا كىرىپ ئاتام تۇمەن تەگرىقۇت بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۇنتۇما، ئۇنىڭغا مېنى تىنچ - ئامان، لەشكەرىي ئىشلار بىلەن ئالدىراش يۈرۈۋاتىدۇ، چىنلىقلاردىن ئۆچ ئېلىشنى ئويلاپ يۈرىدۇ، دېگىن. ئاندىن... ئۇنى بۇ يەرگە — تۆر ئاۋۇلغا مېنىڭ نامىمدىن تەكلىپ قىل. ئۇ كېلىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئوۋ - شىكار قىلىپ قايتسۇن.
— ئۇقتۇم.
— بولدى، گېپىم شۇ، ئەمدى ماڭغىن.

ئەرقىل كەتكەندىن كېيىن باتۇر ئۇنىڭ يولىغا زارىقتى. مانا ھەش - پەش دېگۈچە قىش كېتىپ، نورۇز پەسلىمۇ كىرىپ كەلدى. بىراق ئەرقىلدىن ھېچبىر خەۋەر يوق. ئۇ شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. ھەرنېمە بولسىمۇ، ئۇ ئۆزى كەلمىسىمۇ، بىرەر كىشى ئەۋەتىپ گەپ ئېيتىپ بېرىشى كېرەك ئىدىغۇ... كېيىن ئۇ ئەرقىلنىڭ ئاتىسى تۇمەن تەگرىقۇت تەرىپىدىن مەرھۇم ئاتىسى ئىنچۇنقان ئاچارىنىڭ ئورنىغا پايتەختتىكى ئىلاھىي تەگرىلىككە باش قامان، ئوردىغا يانجۇ قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكىنى ئۇقتى. ئەسلىدە مۇنداقكەن - دە!... لېكىن ئۇ باش قامان، يانجۇ بولۇۋېلىپلا مېنى، بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتمىگەندۇر؟... ياق، ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇ مېنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. كۆڭلۈمدىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ چوقۇم مەن تاپشۇرغان ئىشنىڭ كويىدا، تۆر ئاۋۇلنىڭ ئويىدا. ئۇ ئۇزاققا قالماي كىشى ئەۋەتىدۇ!...

راست دېگەندەك، يېڭى يىلنىڭ بېشىدا ئۇنىڭغا خەۋەرچى كەلدى. بىراق خەۋەرچى ئەرقىلدىن ئەمەس، ئاتىسى تۇمەن تەگرىد-

قۇتتىن كەلدى. تۇمەن تەڭرىقۇت نورۇز يىغىلىشىدىن كېيىن، پايتەختكە جەم بولغان ھەرقايسى ھون خان ـ بەگلىرىنى، ئوردىدى‑
كى يانجۇ، ئېلقۇساي، قۇتقۇلارنى، تۇمەنبالىقتىكى ھون ئېسىلزا‑
دىلىرىنى ئېلىپ تۆر ئاۋۇلغا يېڭى قۇرۇلغان لەشكەرگاھنى، يېڭى ساۋۇتلۇق چەۋەندازلار قوشۇنىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلگۈدەك. يەنە چۈغاي تاغلىرىدا ئوۋ ـ شىكار قىلغۇدەك... بۇ خەۋەر باتۇرنى ھەم جىددىيلەشتۈردى، ھەم خۇشال قىلدى. «يا تەڭرىم، مەن كۈتكەن پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى!»

شۇ كۈنى باتۇر يۇرتۇغ سانغۇنى تۇقىش ئوغلاننى، چەۋەنداز سانغۇنلىرى يانان، شىنزىر، ئىچۇر، زاغۇمىلارنى، باش غوجىدار بەجەچقاننى، تاغىسى يۇتچۇچان ۋە ئالچىسى سۇجۇكنى كۆك چېدىر‑
غا چاقىرتىپ، جىددىي كېڭەش ئۆتكۈزدى.

— ئاتام تۇمەن تەڭرىقۇت تۆر ئاۋۇلغا كەلگۈدەك، — دېدى ئۇ گەپ باشلاپ، — ئۇنى لايىقىدا كۈتۈۋالمىساق بولماس. شۇڭا مەسلىھەت قىلىشايلى دەپ سىلەرنى چاقىرتتىم.

— تەڭرىقۇت كېلەمدىكەن! — دېدى سۇجۇك خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، — ئەجەب ياخشى بولدى!

— ئۇ بۇرۇنلا كېلىشى كېرەك ئىدى، — دېدى ئىچۇر ئاتىسىد‑
دىن قېيىداپ.

— ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇر، سۇباشى، — دېدى تۇقىش ئوغلان، — بىز بەجا كەلتۈرىمىز!

— ئۇ يالغۇز كەلمەيدۇ، — دېدى باتۇر سۆزىنى داۋام قى‑
لىپ، — پايتەختتىكى نورۇز يىغىلىشىغا جەم بولغان ھەرقايسى خان ـ بەگلەرنى، ئوردىدىكى يانجۇ، ئېلقۇساي، قۇتقۇلارنى، پاي‑
تەختتىكى ھون ئېسىلزادىلىرىنى بىللە باشلاپ كېلىدۇ. يەنە ئور‑
دىدىكى نەچچە مىڭ يۇرتۇغ سىپاھلىرىنىمۇ ئەگەشتۈرۈپ كېلىشى مۇمكىن. ئۇلار بۇ يەرگە يەنە ئوۋ ـ شىكار قىلىدىكەن.

— ئۇۋنى قەيەردە قىلىدىكەن؟

— ئۇنى بىز بەلگىلەيدىكەنمىز.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق بولسا ئۆزۈڭ ئورۇنلاشتۇر. بىز بويسۇنىمىز.
— ئەمىسە سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار، بۇ ھەم بۇيرۇق!
كېچەش ئەھلى سەگەكلىشىپ ئۆزلىرىنى رۇسلىدى، دىققەت بىلەن باتۇرنىڭ بۇيرۇقىغا قۇلاق سالدى.
— بەجەچقان، سەن ئاتام كەلگەندىن كېيىن ئۇنى ۋە كىشىلە-رىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا، بارگاھتا مېھمان قىلىپ كۈتۈۋېلىشقا مەسئۇل. چېدىرلارنىڭ، سويۇلىدىغان مال - ۋاراننىڭ، ئاش - سۇنىڭ غېمىنى ئۆزۈڭ قىلىسەن.
— خوپ!
— تۇمەن چەۋەنداز سانغۇنلىرى يانان، شىنزىر، سىلەر ئۇۋنى تەشكىللەشكە مەسئۇل. ئۇۋ چۇغاي تېغىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە-كى ئورمانلىقتا بولىدۇ!
— خوپ!
— تۇمەن چەۋەنداز سانغۇنلىرى ئىچۇر، زاغۇمى، سىلەر لەشكەرگاھنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل.
— بىلدۇق!
— مەن نېمە ئىش قىلىمەن؟ — يۇتچۇچان ئۆزىگە كەلگەندە ۋەزىپە تاپشۇرۇلمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — مېنى ياشانغان كۆرۈپ تاشلاپ قويماقچى بولۇۋاتامسەن؟
— ياق، ئاناغا، ساڭا تېخىمۇ مۇھىم ۋەزىپە بار، — دېدى باتۇر، — ئاتام بۇ يەردىن كەتكۈچە سەن ئارىمىزدا خەۋەرچىلىك قىلىسەن.
— يارارمەنمۇ؟
— يارايسەن ھەم ئىشەنچلىكسەن.
ئاندىن ئۇ ئىشلارنى تېخىمۇ تەپسىلىي، ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىدى.
— ئۇۋدا مەن ئاتامنىڭ يېنىدا بولىمەن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوۋ ئوۋلايمەن. شىنزىر، سەن مۇھاپىزەتچى چەۋەندازلىرىڭ بىلەن ئاتامنى ۋە مېنى قوغدايسەن. مېنىڭ يېنىمدىن بىر قەدەممۇ ئايرىل-

مايسەن!

— خوپ!

— يانان، سەن بىر تۈمەن كىشىلىك ئوقياچى چەۋەندازلىرىڭ-نى باشلاپ، ئورمانىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى ئوچۇق يايلاقتا بىزنىڭ ئورمانلىقتىن ئوۋ قوغلاپ چىقىشىمىزنى كۈتۈپ تەييار ھەم ھوشيار تۇرىسەن!

— خوپ!

— ئىچۇر، زاغۇمى، سىلەر قول ئاستىڭلاردىكى ئىككى تۈمەن چەۋەنداز بىلەن لەشكەرگاھتا قالىسىلەر. كېچە - كۈندۈز ھوشيار ھەم تەييار ھالەتتە مېنىڭ بۆرىۋۇقۇمنى كۈتۈپ تۇرىسىلەر. ئېسىڭ-لاردا بولسۇن، مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرسۇن، مېنىڭ بۆرىۋۇقۇم-سىز يۆتكەلمەيسىلەر. بۆرىۋۇقۇم يېتىپ كەلگەندىن كېيىن شۇ بويىچە ئىش كۆرىسىلەر، قىلچە ئىككىلەنمەيسىلەر، ئۆز بې-شىمچىلىق قىلمايسىلەر! بۆرىۋۇقۇمغا بويسۇنمىغۇچىلار قاتتىق جازالىنىدۇ!

— خوپ!

— بۆرىۋۇقۇمنى ئاناغام يۇتچۇچان ئۆز ئېغىزى بىلەن سىلەرگە يەتكۈزىدۇ!

— بىلدۇق!

— ئاناغا، بەجەچقان، سۇجۇك، سىلەر ئوۋدىن كېيىنكى لەشكەرگاھنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل.

— ئۇقتۇق!

— خوش، مېنىڭ دەيدىغانلىرىم تۈگىدى. ئەمدى سىلەردىن سۆز ئاڭلاي. قېنى، قانداق پىكىر - تەكلىپلىرىڭلار بار؟

— سۆزۈڭنىڭ ئورانىدىن قارىغاندا، — دېدى بەجەچقان باتۇر-نىڭ دېگەندەك جىددىيلىشىپ ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىۋات-قىنىنى كۆرۈپ، — بۇ قېتىمقى ئوۋ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشمامدۇ نېمە؟

— دۇرۇس ئېيتتىڭ، بەجەچقان، — دېدى باتۇر، — بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قېتىمقى ئۈۋ ئىلگىرىكى ھەرقانداق بىر چاغدىكىگە ئوخشاشمايدۇ.
ئۇ چوڭ كۆلەملىك بىر ئۈۋ بولىدۇ. چوڭ جەڭگە ئوخشىشىدۇ.
شۇڭا ئۈۋ جەريانىدا ھەرقانداق بىر ئىش يۈز بېرىشى مۇمكىن.
بىراق مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرسۇن، سىلەر چوقۇم ئۆز
ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىڭلارغا سادىق بولۇشۇڭلار، قىلچە بىخەستە-
لىك قىلماسلىقىڭلار، ئۆز ئالدىڭلارغا ئىش كۆرمەسلىكىڭلار،
ھەممە ئىشنى بۇيرۇق بويىچە قىلىشىڭلار كېرەك. بۇ ھەم سىلەر
ئۈچۈن مۇھىم بىر سىناق!
كېچەش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. سۇباشى باتۇر ۋە ئۇنىڭ
قول ئاستىدىكىلەر شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىن باشلاپ، پات ـ يېقىندا
تۇمەنبالىقتىن يېتىپ كېلىدىغان مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشنىڭ تەي-
يارلىقىغا كىرىشتى.

باھار كەلدى. پەس، گىرىمسەن كۆك گۈمبىزىدە يېقىملىق
قۇياش كۆرۈندى. ئۇ پۈتكۈل ئالەمگە يورۇقلۇق ۋە خۇشاللىق
بېغىشلىدى. يەر يۈزىدىكى بارلىق مەۋجۇداتقا كۆز قىسىپ ئىللىق
نۇرىنى چاچتى. يەر ـ زېمىن — قېلىن قار ئاستىدا ياتقان تۇزلەڭ-
لىكلەر، ئېدىرلار، ئورمانلار، ئويمان ـ دۆڭلەر··· ئېغىر يۈكتىن
قۇتۇلدى. قىشچە جىم ياتقان يەر ھەش ـ پەش دېگۈچە يېپيېشىلچاقلىد-
غان ئاق تونىنى سېلىۋەتتى. دالىلاردا يېشىل مايسىلار جىلۋە قىلى-
دى. ئېقىن بويلىرىدا دەل ـ دەرەخلەر بىخ سۈردى. ھايۋانلار،
ھاشاراتلار جانلىنىپ ئىنىدىن چىقتى. ئۆگۈز ـ ئېقىنلارغا شىلد-
دىرلىشىپ سۇلار كەلدى··· باتۇر بۇ يىلقى باھارنىڭ ياخشى باشلى-
نىش بولۇشىنى، پۈتۈن يىلنىڭ خەيرلىك، ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى
كۆك تەڭرىدىن تىلىدى. ئۇ كۈتكەن پەيت يېتىپ كەلمەكتە ئىدى.
«يا تەڭرىم، ئۆزۈڭ مەدەت قىلغايسەن!···»
پايتەخت تۇمەنبالىقتا ئۆتكۈزۈلگەن نورۇز يىغىلىشىدىن كې-
يىن، تۇمەن تەڭرىقۇت ئىككىنچى ئوغلى، تەگىن ئۆگەسى يۇيۇك-
نى، قېيناتىسى — ئوڭ قول بىلگە يانبېيقاننى، يېڭى باش قامان،

يانجۇ ئەرقىلىبەگنى، يىغىلىشقا كەلگەن ھەرقايسى ھون خان ـ
بەگلىرىنى، ئوردىدىكى يانجۇ، ئىلقۇساي، قۇتقۇلارنى، تۇمەنبالىق-
تىكى ئونلىغان ھون ئىسىلزادىلىرىنى باشلاپ، بۆرىبەگ باشچىلى-
قىدىكى ئوردىنىڭ يۇرتۇغ قوشۇنىنى ئەگەشتۈرۈپ تۆر ئاۋۇلغا
يېتىپ كەلدى. سۇباشى باتۇر ئالىپ قىرىق بەش مىڭ كىشىلىك
ساۋۇتلۇق چەۋەندازلار قوشۇنى بىلەن ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئال-
دى. تۇمەن تەڭرىقۇت يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ تۆر ئاۋۇل بايرام
تۈسىگە كىردى. بۇ يىلقى نورۇز بايرىمىنىڭ داۋامى تۆر ئاۋۇلدا
باشلاندى. ئالدى بىلەن تەڭرىقۇتتىن تارتىپ ئاددىي مال باققۇچى-
لارغىچە ھەممەيلەن تەڭرىگە تېۋىنىپ، ۋاقىتلىق ياسالغان تەڭرى-
لىكلەردە ئىبادەت قىلدى. پۈتۈن لەشكەرگاھتا ھەرقايسى قەبىلە،
لەشكىرىي توپلار بويىچە قازانلار ئېسىلىپ، مال ـ ۋارانلار سويۇ-
لۇپ، نەزىر ئېشى پىشۇرۇلدى. سورۇنلار قۇرۇلۇپ، توپ ـ توپ
قامانلار نەي، تۇمرۇكلىرىنى چېلىشىپ پىرە ئويناپ، نورۇز بايرى-
مىنىڭ شەنىگە، تەڭرىقۇتقا ئاتالغان قەسىدىلەرنى ئوقۇدى. قاملار
سورۇنغا چۇشۇپ ئۇسسۇل ـ ساما سېلىشتى، ئاندىن باتۇر تەربىيە-
لەپ چېنىقتۇرغان ساۋۇتلۇق ھون چەۋەندازلىرى ئات چاپتۇرۇپ،
قىلىچ جەۋلان قىلىپ، نەيزە تاشلاپ، ئوقيا ئېتىپ، لەشكىرىي
ماھارەت كۆرسەتتى. پالۋانلار چېلىشىپ، ئېلىشىپ، بۇقا كۆتۈ-
رۈپ مۇسابىقىلەشتى. بايرام ئىنتايىن قىزغىن كەيپىيات ۋە داغدۇ-
غا بىلەن بىرنەچچە كۈن داۋاملاشتى.

تۇمەن تەڭرىقۇت يېڭى قۇرۇلغان لەشكەرگاھنى، بۇ يەرگە
توپلانغان ھون چەۋەندازلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەشىق ـ ماھارەتلىرى-
نى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. چوڭ ئوغلى
باتۇرنىڭ بۇ ئەجىر ـ تۆھپىلىرىنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ماختاپ:
«يارايسەن، قولۇڭدىن ئىش كېلىدىكەن، سەن بىر ئۇلۇغ ئاتلىق
لەشكىرىي ئاتامان بولۇشقا مۇناسىپ. سەن چوقۇم چوڭ ئىشلارنى
ۋۇجۇدقا چىقىرالايسەن. ئولۇغۋار يۇرۇشلەرنى قوزغاپ، شانلىق
غەلىبىلەرنى قازىنالايسەن!» دېدى ۋە بۇ يىل كۈزدە چىنلىقلارغا

www.uyghurkitap.com

قوشۇن تارتىپ، ھونلارنىڭ قىساسىنى ئېلىپ، ئار ـ نومۇسىنى ئاقلاشنى، قولىدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىشنى بۇيرۇدى.

بايرام ئاخىرلىشاي دېگەندە، تۇمەن تەڭرىقۇت كۆنگە ۋە ئايغا قاراپ، قۇتلۇق كۈننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، بۇ ئوۋ ئوۋلاشنىڭ ياخشى پەيتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە چوڭ ئوغلى، سۇباشى باتۇر ئالپقا ئوۋنى باشلاش تەكلىپىنى بەردى. باتۇر پىلان بويىچە قول ئاستىدىكى قىرىق بەش مىڭ ھون چەۋەندازىنىڭ يىگىرمە مىڭىنى لەشكەرگاھتا قالدۇرۇپ، يىگىرمە بەش مىڭىنى چۇغاي تېغىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە ئاتلاندۇردى. بۇلاردىن ئون مىڭ كىشى ئوۋ بولىدىغان ئورمانلىقنى قورشاپ مۇھاسىرىگە ئالدى. بىر مىڭ ئوقياچى چەۋەنداز ئورمانلىقنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى ئو-چۇق يايلاقتا ئوقيالىرىنى بەتلەپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى. قالغان بەش مىڭ چەۋەنداز باتۇرغا ئەگىشىپ، تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ كىشى-لىرى بىلەن بىللە ئوۋغا ئاتلاندى.

باتۇرنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن تۇمەن تەڭرىقۇت ناھايىتى خۇرسەن بولدى، كەيپى چاغ، خۇشال، خاتىرجەم ھالدا ھەرقايسى ھون خان ـ بەگلىرىنى، يابغۇلىرىنى، يۇرتۇغ سىپاھلىرىنى ئە-گەشتۈرۈپ ئوۋغا ئاتلاندى.

— تەڭرىقۇت ئاتا، — دېدى باتۇر ئوۋ مەيدانىغا كېتىۋېتىپ، ئاتىسىغا ياندىشىپ مېڭىپ، — ئوۋدا نېمە ئوۋلىغۇڭ بار؟

— بۇنىڭدا ئوۋغا قارايمەن ـ دە، — دېدى تەڭرىقۇت.

— بۇ ئورمانلىقتا ئوۋ ـ كېيىك ناھايىتى كۆپ. قۇ-لان، بۇغا ـ جەرەن، تۈلكە، سۆسەر، يەنە ئاق بۆرە، ئاق شۇڭقار-مۇ بار.

— شۇنداقمۇ؟! — تۇمەن تەڭرىقۇت خۇشال بولۇپ ھاياجىلان-دى، — ئۇنداق بولسا مەن ئاق بۆرە بىلەن ئاق شۇڭقار ئوۋلايمەن!

— چوقۇم ئوۋلىيالايسەن، تەڭرىقۇت ئاتا، — دېدى باتۇر ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلىشىپ.

ئاندىن ئۇ ئېتىنى سەل ئاستىلىتىپ، تەگرىقۇتنىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقان ئەرقىلگە يانداشتى.

— سىنىڭچۇ، سىنىڭ نېمە ئۇۋلىغۇڭ بار، ئەرقىل؟ — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا.

— مەن ساڭا قارايمەن، — دېدى ئەرقىل مەنىلىك ھەم كەسكىن قىلىپ.

ئاندىن ئۇلار كۆز بېقىشىپ، كۆڭۈل سىرلىرىنى ئىزھار قىلىشقاندىن كېيىن يۈرۈپ كېتىشتى.

مانا، ئوۋمۇ باشلاندى. ئورمانلىقتا ئوۋ - كېيىكلەر كۆپ ئىدى. تۇمەن تەگرىقۇت ئورمانلىقنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىن كىرىپ، ئوۋلىيالىغانلىرىنى ئوۋلاپ، ئوۋلىيالمىغانلىرىنى قوغلاپ، كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئەنە ئاق بۆرىمۇ يولۇقتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق ھەم چەبدەس ئىدى. تۇمەن تەگرىقۇت ئۇنى ئوۋلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئەمدى ئاق شۇڭقار ئۇچرىسا، ئۇنى ئوۋلىسا، بولسا تىرىك، زەخىم يەتكۈزمەي تۇتۇۋالسا. ئۇ ئاز ئۇچرايدىغان، ناھايىتى چىرايلىق، ئەتىۋارلىق قۇش. ئۇنى ئوۋلاش چەكسىز خۇشاللىق، ئابرۇي - ئىناۋەت، شان - شەرەپ! ...

باتۇر ئوۋ قوغلاپ كېتىۋېتىپ، ئورمانلىقنىڭ شەرقىي چېتىگە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەنە شۇ چاغدا ئاتىسى تۇمەن تەگرىقۇتقا بۆلۈنۈپ ئاق شۇڭقار ئىزدەش تەكلىپىنى بەردى. تەگرىقۇت قوشۇلدى. ئوۋ قوشۇنى ئىككىگە بۆلۈندى. باتۇر ئىنىسى، تۇمەن چەۋەنداز سانغۇنى شىنزىرنى ئېلىپ توپتىن ئايرىلدى.

ئورمانلىقنىڭ شەرقىي چېتى، ئوچۇق، تۈپتۈز يايلاق ئىدى. تۇمەن چەۋەنداز سانغۇنى يانان بۇ يەردە ئون مىڭ كىشىلىك ئوقياچى چەۋەندازلىرىنى ياي شەكلىدە سەپكە تىزىپ، سۇباشى باتۇر ئالىپىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئەنە باتۇرمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئەگەشتۈرۈپ توپقا قوشۇلدى.

— ھوشيار ھەم تەييار تۇرۇڭلار، ئوۋ ئوۋلاش باشلىنىدۇ! — دېدى ئۇ قوشۇنغا جىددىي بۇيرۇق قىلىپ.

ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قان تولۇپ قىزارغان، چىرايى سۇرلۇك ھەم قورقۇنچلۇق ئىدى. بەئەينى توپ ئىچىدە خوجايىنلىق تالىشىپ، رەقىبىگە خىزمەت قىلىۋاتقان كۆك بۆرىگە ئوخشايتتى. ئۇ ياي شەكىللىك ئوقياچى چەۋەندازلار سېپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چاقىرىم يىراقلىقتا قارىيىپ تۇرغان ئورمانلىقنىڭ چېتىنى كۆزدىتىپ تۇراتتى. دەل مۇشۇ پەيتتە، ئورمانلىقتىن بىر ئاق شۇڭقار ئۇچۇپ چىقىپ، ئۇ تۇرغان تەرەپكە قاراپ پەرۋاز قىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن نۇرغۇنلىغان قۇلان، بۇغا - جەرەن، تۈلكە، سۆسەرلەر ئۈركۈپ يۈگۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن تۇمەن تەڭرىقۇت، تەگىن ئۆگە يۈيۈك، ئوڭ قول بىلگە يانبېيقان، ئوڭ - سول قول ئۇلۇغ سانغۇنلار، ئوڭ - سول قول يانجۇ، ئېلقۇساي، قۇتقۇلار، سانغۇن بۆرىبەگ... ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كەلدى.

— يارىغلان!

باتۇر كۆك بۆرىدەك ھۇۋلاپ، ئوقياچى چەۋەندازلارغا بۇيرۇق قىلدى. بىر يېرىم تۇمەن ئوقياچى چەۋەنداز يالىرىغا ئوق سېلىپ تەييار بولدى. باتۇر ئاۋازلىق ئوقياسىنى بەتلەپ، كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان ئاق شۇڭقارنى قارىغا ئالدى.

— ئات!

تۇمەنلىگەن يا ئوقى «ۋىژ - ۋىژ» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ، كۆككە قاراپ ئۇچتى. ئاق شۇڭقارنىڭ بەدىنىگە نەچچە تال ئوق سانجىلىپ پالاقلاپ يەرگە چۈشتى. ئوۋچىلار ئوۋ قوغلاپ ئورمانلىقتىن چىقتى. باتۇرنىڭ قوشۇنى توسۇپ مۇھاسىرىگە ئالدى، ئوۋ قاياققا قېچىشنى بىلمەي قۇتراۋاتقان ئۆلجىنى ئوۋلاش بىلەن تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. دەل مۇشۇ چاغدا باتۇر شىردەك ھۆركىرەپ، بۆرىدەك ھۇۋلاپ، قوشۇنغا بۇيرۇق قىلدى.

— يارىغلان!

چەۋەندازلار يەنە يالىرىغا ئوق سالدى. باتۇرمۇ ئاۋازلىق ئوقيا-



www.uyghurkitap.com

سىنى بەتلىدى. بۇ نۆۋەت ئۇ ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇتنى قارىغا ئالدى.

— ئات!

ئاندىن ئۇ ئىنىسى يۈيۈكنى، ئوڭ قول بىلگە يانبېيقاننى، ئوڭ - سول قول ئۇلۇغ سانغۇنلارنى، ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇت تەرەپتىكى هون - خان بەگلىرىنى قارىغا ئېلىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئاۋازلىق ئوق ئۈزدى. ئوقلار يۈرەكلىرىگە بەدىنىگە سانجىلىپ ئاتلىرىدىن غۇلاشتى. بۇنى كۆرۈپ، تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ يۈرتۈغ قوشۇنى سانغۇن بۆرىبەگ باشچىلىقىدا باتۇرنىڭ قوشۇنىغا قاراپ ئېتىلدى. قايناق ئوۋ قانلىق جەڭگە ئايلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. باتۇر يېنىدا تۇرغان تاغىسى يۈتچۈچاننى چاقىردى.

— بۇ يەردىكى ئىشلارغا مەن بار، ئاناغا! — دېدى ئۇ، — سەن تېزدىن تۆر ئاۋۇلغا بېرىپ، ئىچۈر بىلەن زاغۇمىغا بۇيرۇقۇمـ نى يەتكۈز. ئۇلار دەرهال ئاتلىنىپ تۇمەنبالىققا يۈرۈش قىلسۇن!

— خوپ!

تاغىسى كەتكەندىن كېيىن، باتۇر تۇمەن چەۋەنداز سانغۇنلىرى يانان بىلەن شىنزىرغا بۇيرۇق قىلدى.

— هۇجۇمغا ئۆتۇڭلار! قارشىلىق قىلغانلارنى قىرىپ تاشلاڭـ لار، ئەل بولغانلار ئامان قالسۇن!

چۈغاي تېغى ئېتىكىدىكى قانلىق جەڭ ئىككى كۈن داۋام قىلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، نۇسرەت قۇياشى باتۇرنىڭ بېشىدا پارلىدى، ئۇ جەسەتلەرگە تولغان مۇدھىش جەڭ مەيدانىغا قاراپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. شۇ چاغدا، بۇ جەڭدە ئالاهىدە خىزمەت كۆرسەتكەن قۇياندىلىق ئوتتۇرا ياش بىر هون چەۋەندازى باتۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا دانىشمەنلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

ئاۋۇن تۈنى - كۈندۈزى يەلكىن كەچەر،
كىمنى قالى ساتغا ساكۈچىن كەۋەر.

(زاماننىڭ كۈن - تۈنى يولۇچىلاردەك ئۆتىدۇ. ئۇ كىمنى چەيلىسە شۇنىڭ كۈنى ئاخىرلىشىدۇ.)

— دۇرۇس، — دېدى باتۇر يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ، — پەلەك چاقى ئاتامنى دەسسىدى. ئۇنىڭ كۈنى ئەمدى ئاخىرلاشتى!

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209 - يىلى تۈنجى ئەۋلاد هون تەڭرىقۇتى تۈمەنخاننىڭ چوڭ ئوغلى باتۇرخان ئاتىسى تۈمەن تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ، هون تەختىنى تارتىۋالدى. ئۇ باتۇر هون چەۋەندازلىرى ۋە ئەلكۈنى تەرىپىدىن «ئالىپ باتۇر، باتۇر تەڭرىقۇت» دەپ ئاتالدى ۋە مۇشۇ نام بىلەن سەلتەنەتلىك تارىخ بېتىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى.

2005 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

قاراقاش

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# باتۇر تەخرىقۇت

(رومان)

---

**ئاپتورى:** ئادىل ئابدۇللا بەگيار
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** زىلەيخا ئەزىز
**مەسئۇل كوررېكتورى:** مېھرىگۇل ئوبۇلقاسىم
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مىرادىل ئابىت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 17.25
**نەشرى:** 2007 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2007 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1—6100
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978—7—228—09821—7
**باھاسى:** 33.00 يۈەن

---